


ئوبۇلقاسىم مەتنىياز يورۇڭقاش          قەييۇم ئىسمائىل



# ئىل ئوغلانى

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى





# ئىل سۇغالانسى

( ئەدەبىي ئاخباراتلار )

ئاپتورلىرى: ئوبۇلقاسىم مەتنىياز يۇرۇڭقاش
قەييۇم ئىسمائىل

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: **تۇردى قۇربان يامغۇر**
مەسئۇل كوررېكتورى: **قەمبەرگۇل ئوسمان**

# ئەل ئوغلانى

(ئەدەبىي ئاخباراتلار)

ئاپتورلىرى: **ئوبۇلقاسىم مەتنىياز يۈرۈگقاش**
**قەييۇم ئىسمائىل**

---

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(قەشقەر شەھىرى تاربوغۇز يولى 14 ـ قورۇ، پوچتا نومۇرى: 844000)
جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا سېتىلىدۇ
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 880×1230 م م 32 / 1
باسما تاۋىقى:13 قىستۇرما ۋارىقى: 8
2012 ـ يىلى 10 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2012 ـ يىلى 10 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 3500 — 1

---

ISBN 978 — 7 — 5373 — 2023 — 8
باھاسى: 35.00 يۈەن
سۇپەتتە مەسىلە كۆرۈلسە ئالماشتۇرۇپ بېرىلىدۇ
تېلېفون: 2653927 — 0998



ئابدۇراخمان قۇربان خىزمەت ئۈستىدە



ئابدۇراخمان قۇربان خوتەن ۋىلايىتىنىڭ سۇ ئىلىكتىر خىزمىتىنى
مەركەز ۋە ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىگە تونۇشتۇرماقتا



ئابدۇراخمان قۇربان كېرىيە ناھىيەسىدە قۇرۇلۇۋاتقان
«بەخت ئاتا» سۇ ئامبىرى قۇرۇلۇشىغا يېتەكچىلىك قىلماقتا



ئابدۇراخمان قۇربان سۇ سىڭمەسلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشىغا يېتەكچىلىك قىلماقتا



ئابدۇراخمان قۇربان، پەن جيەنفۇلار توغراق سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسىدا



ئابدۇراخمان قۇرباننىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى بىلەن كېرىيە ناھىيەسىنىڭ سۇ قىيىنچىلىقى ئېغىر بولغان بەش توغراق، يەتتە دۆڭ كەنتلىرىگە كېرىيە دەرياسىدىن ھالقىتىپ سۇ كۆچۈرمىسى ياسالدى



1998- يىلى 6- ئايدا گۇما ناھىيەسىنىڭ مۇجى يېزىسىدا يەر تەۋرەپ خەلقنىڭ مال- مۈلۈكى زىيانغا ئۇچرىغاندا، ئابدۇراخمان قۇربان كېچىلەپ نەق مەيدانغا يېتىپ كېلىپ، ئاساسىي قاتلامدىكى كادىرلار بىلەن ئاممىنى ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ئىشلىرىغا تەشكىللىدى



ئابدۇراخمان قۇربان توخۇلا يېزىسىنىڭ تاشكەنتىدە نامرات ئائىلىلەرنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈرمەكتە



ئابدۇراخمان قۇربان كېسەل دېھقانلارنى يوقلىماقتا



ئابدۇراخمان قۇربان دېھقانلار ئارىسىدا



بەختى كۆلگەن دېھقان ئابدۇراخمان
قۇربانغا مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرمەكتە



دېھقانلار ئابدۇراخمان قۇربانغا كۆڭلىنى ئىزھار قىلماقتا



ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ ياردىمىدە نامراتلىقتىن
قۇتۇلغان ئابدۇللا غازى مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرمەكتە



ئابدۇراخمان قۇربان ھېيتتا ئاممىغا گۆش تارقاتماقتا



ئابدۇراخمان قۇربان يېتىم بالىلارنى يوقلىماقتا



ئابدۇراخمان قۇربان توخۇلا يېزىسىنىڭ تاشكەنتىنى ياڭاقلىق
كەنتكە ئۆزگەرتىپ بولغاندىن كېيىن، كۆيا يېزىسىنىڭ ئۈجمىلىك
كەنتىنىمۇ تاشكەنت يولىدا مېڭىشقا يېتەكلىمەكتە



ئابدۇراخمان قۇربان يېتىملار پاراۋانلىق ئورنىدىكى تىككۈچىلىك
كەسپىدىكىلەرنىڭ ھۈنەر ئۆگىنىش ئەھۋالىنى ئىگىلىمەكتە



ئابدۇراخمان قۇربان يېتىم بالىلارغا ھېيتلىق تارقىتىپ بەرمەكتە



ئابدۇراخمان قۇربانىڭ دادىسى مەتقۇربان ھاجىم باشلامچىلىق
بىلەن يېتىملار پاراۋانلىق ئورنى قۇرۇلۇشىغا پۇل ئىئانە قىلماقتا



ئابدۇراخمان قۇربان ئاپتورلار بىلەن بىللە



ئابدۇراخمان قۇربان 1996 - يىلى قۇربان ھېيتتا دادىسى مەتقۇربان ھاجىم،
ھاممىسى بۇسارىخان، ئۆگەي ئانىسى بۇئايشىخان، ئايالى تۇرسۇنخان ئىمىن
بىلەن مەتقۇربان ھاجىمنىڭ تۇرالغۇسى ئالدىدا



ئابدۇراخمان قۇربان چوڭ ئانىسى سەلىمخان، ئايالى تۇرسۇنخان
ئىمىن، قىزلىرى رابىيەم ۋە ئاينۇرلار بىلەن بىرگە (1975- يىلى)



ئابدۇراخمان قۇرباننىڭ قېيىنئانىسى مەرەمخان،
قېيىنئىنىسى مەتسەيدى ئاخۇن ۋە قىزى رابىيەم



ئابدۇراخمان قۇرباننىڭ چوڭ ئانىسى سەلىمخان ۋە قىزى رابىيەم



ئابدۇراخمان قۇربان ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بىلەن بىرگە



ئابدۇراخمان قۇربان يۇرتدىشى ئوبۇلھاشىم، ئايالى
تۇرسۇنخان ئىمىن ۋە پەرزەنتلىرى بىلەن بىرگە



ئابدۇراخمان قۇربان دادىسى مەتقۇربان ھاجىم، قېيىنئاتىسى
ئىمىن ھاجىم، ئايالى تۇرسۇنخان ئىمىن بىلەن بىرگە



1980 ـ يىللاردىكى كېرىيە ناھىيەلىك پارتكوم خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ شۇجىسى مەتتوختى جامال بىلەن ھاكىمى ئابدۇراخمان قۇربان ئائىلىسىدىكىلەر



ئابدۇراخمان قۇربان ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن تيەنئەنمېن مەيدانىدا



ئابدۇراخمان قۇربان ۋە سابىق ۋالىي جۇرئەت مەتتىمىن ئەدىپلەر بىلەن بىللە



كېرىيەدە خىزمەت قىلغان بەش ھاكىم
ئوڭدىن سولغا: روزىباقى روزى، مەتسەيدى خۇدابەردى،
ئابدۇراخمان قۇربان، مەتنىياز رەجەپ، ئابدۇللا قۇربان



ئابدۇراخمان قۇربان 2005 ـ يىلى ئاپتونوم
رايوننىڭ خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللەر ئۆمىكى
تەركىپىدە فىنلاندىيە، ئىتالىيە، ۋاتىكان،
شۋېتسىيە، گېرمانىيە، گوللاندىيە، بېلگىيە،
لىيۇكسومبۇرگ، فىرانسىيەلەردە زىيارەتتە بولدى



2000 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ئابدۇراخمان قۇربان جۇڭگو ۋەكىللەر ئۆمىكى تەركىپىدە كانادانىڭ ۋانكوۋېر، ئوتتاۋا، كۇبېك، تورونتو شەھەرلىرىدە، ئامېرىكىنىڭ نيۇ ـ يورك، فىلادېلفىيە، ۋاشىنگتون، كالىفورنىيە قاتارلىق جايلىرىدا زىيارەتتە بولدى



ئابدۇراخمان قۇربان 2010 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا جۇڭگو ۋەكىللەر ئۆمىكى تەركىپىدە لىۋىيەگە بېرىپ تىرىپولى شەھىرىدە جۇڭگو ـ ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ 3 ـ قېتىملىق يىغىنىغا قاتناشتى ھەمدە ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىنىڭ دۇبەي، سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ رىياد، مەدىنە، مەككە قاتارلىق شەھەرلىرىدە زىيارەتتە بولدى

## مۇندەرىجە


**ئۇنتۇلماس ئىزلار** ........................1
مۇقەددىمە ........................1
«پولات ھاكىم» ئېيتقان ھېكايە ........................4
توغراق ۋە سۆكتىكى يېڭى رىۋايەت ........................12
تويۇنۇش يولىدا قالغان ئىزلار ........................32
تارىمنىڭ يۈرىكىدە بالقىغان گۈلخان ........................46
قۇدرەت نۇسرەتتىن كېلىدۇ ........................56
شەپقەت بۆشۈكىدىكى بەخت كۈلكىسى ........................69
نامراتلىق چىقىش يولى ئەمەس ........................84
ئالتۇن ئۆزۈككە ياقۇت كۆز ........................96
خاتىمە ........................109
**ھايات گۈلشىنىدىن تەرمىلەر** ........................114
**تاشكەنتتىكى ئابىدە** ........................275
يېڭى مەنزىلدىكى گۈلخان ........................277
سۇ ۋە بىنەم كۆپەيتىش يولىدىكى شانلىق ئىزلار ........................294
موھتاجلىقتىن قۇتۇلۇش يولىدا........................313
تاشكەنتنى زالالەتتىن قۇتقۇزۇش يولىدا ........................322
تاشكەنت كەنتى «تاپتىن چىقتى» ........................379
**ئاخىرقى سۆز** ........................398

# ئۇنتۇلماس ئىزلار

## مۇقەددىمە

1991 - يىلى كۈز شاملى تەكلىماكان گىرۋىكىدىكى قەدىمىي ماكان — كېرىيەنى ئۆز ئىلكىگە ئالغان بولۇپ، تەبىئەت مول كۈز سۈرەتلىرى بىلەن بېزەلگەنىدى.

كېرىيەلىكلەر تۇرمۇشىنىڭ بىر تالاي ئالدىراشچىلىقى بىلەن مەشغۇل بولۇپ ئۆتكەن كۈنلەرگە سېلىشتۇرغاندا خېلىلا ئالدىراش بولۇپ كېتىشكەنىدى.

ئاشۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بۇ يۇرتتىكى كىشىلەر ئۈچۈن تولىمۇ يېقىمسىز بولغان بىر خەۋەر ھەش-پەش دېگۈچە ناھىيە مەركىزىدىن يېزىلارغا، يېزىلاردىن مەھەللىلەرگە، مەھەللىلەردىن ئائىلىلەرگە چاقماق تېزلىكىدە تارقىلىپ كىشىلەرنى ئۆزىگە قاتتىق جەلپ قىلدى. كوچا-رەستىلەرگە توپلىشىپ ئاشۇ خەۋەر ئۈستىدە غۇلغۇلا قىلىشىۋاتقانلار ھەمدە بۇ خەۋەرنى ئۇچۇر - بۇجۇرغىچە بىلىش ئىستىكىدە ئۇيان - بۇيان مېڭىپ يۈرگەنلەر يۈز - كۆزلىرىگە نەشتەردەك ئۇرۇلۇۋاتقان شامالغا پىسەنت قىلمايتتى. ئۇلارنىڭ قەلب تەكتىگە ئاشۇ خەۋەر ئارقىلىق ئۇرۇلغان سوغۇق ھەممىدىن ئۈستۈن كەلگەنىدى.

شاپتۇل، پاختا ماكانى ئۇيتوغراق، ئاشلىق ماكانى كۆكيار، ئۈزۈم ماكانى لەڭگەر، پاختا ماكانى قارقى، شىۋولدىن باشلاپ يېڭىباغ، ئاتچان، جاي، تەكلىماكان باغرىدىكى تەنھا ماكان دەريا بويى يېزىسىغىچە بولغان كەڭ دائىرىدىكى دېھقانلار، كېرىيەنىڭ ھاياتلىق كاپالىتى بولغان سۇ ئىنشائاتى ساھەسىدە ئۇزۇن مۇددەت ئىشلىگەن مېھنەتكەشلەر غۇلغۇلا قىلىشاتتى. ناھىيە مەركىزىدىكى سودا-

سانائەتچىلەر، كادىر، ئىشچى-خىزمەتچىلەر، ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلار غۇلغۇلا قىلىشاتتى. تۈگمەن كوچىسى، ھېيتگاھ، تاناي بېشىدىكى قولى گۈل ئۇستىلار، بەش قارلۇقتىكى قايماقچى، قېتىقچى ئاياللار غۇلغۇلا قىلىشاتتى. قىسقىسى، پۈتۈن كېرىيەلىكلەر غۇلغۇلا قىلىشاتتى.

— ئاڭلىدىڭلارمۇ؟ ئابدۇراخمان ھاكىم ۋىلايەتكە كېتىدىكەن.

— ئۇنداق ئەمەستۇ!

— راست كېتىدىكەن، يۇقىرىدىن ئۇقتۇرۇش كەپتۇ.

— شۇم گەپ قىلمىساڭچۇ، ئۇكام، خۇدا بىز دېھقان خەقنى ئۇنىڭدەك ئەل سۆيەر رەھبەردىن ئايرىمىسۇن!

— ئۇنداق دېگىنىڭىز بىلەن تامغا بېسىلغان قىزىل باشلىق ئۇقتۇرۇش بوش نەرسە ئەمەس.

— ۋاي ئىست، يەنە بەش يىل تۇرغان بولسا كاشكى.

— شۇنى دېگىنە، بەلكى بۇ خەۋەر يالغان بولۇشى مۇمكىن.

— ئەجەب بەلەن خەلقپەرۋەر، دىلى يورۇق ھاكىم ئىدى. «ياخشى ئىشقا پۈتلاش تولا» دېگەندەك، بىرەر پېشكەلچىلىك يۈز بەردىمۇ - قانداق؟

— ھاي - ھاي، ئېغىزىڭلارغا كەلگەننى دەۋەرمەڭلار، ۋىلايەتكە بارسا ئەمىلى ئۆستى دېگەن گەپ. ئاڭلىشىمچە ھاكىمنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش ۋاقتى توشۇپتۇ، شۇڭا......

— شۇمۇ گەپ بولدىمۇ ئەمدى. دېھقانىنىڭ دەردىگە دەرمان بولىدىغان مۇشۇنداق كۆيۈمچان ھاكىمنىڭ مۇددىتى توشتى دېسە كىمنىڭ ئەقلىگە سىغىدۇ بۇ گەپ! قۇرۇلتاي ئېچىپ يەنە سايلىسا بولمامدۇ!

— قۇرۇلتاي دېگەن سېنىڭ خالىغان چاغدا ئېچىدىغان ئاللايارەي ناخشاڭ ئەمەس.

توغرا، خەلق قۇرۇلتىيى دۆلىتىمىزنىڭ ئەڭ ئالىي ھوقۇقلۇق ئورگىنى. ئۇ باشتىن - ئاخىر خەلقنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ، قانۇنى ئورنىنى قوغدايدۇ. بىراق، تۈزۈم دېگەن تۈزۈم - دە! سادىدا كىشىلىرىمىزنىڭ ئارىسىدا تارقالغان مىش - مىش

گەپلەر ئاخىر رېئاللىققا ئايلاندى. 1991 - يىلى 10 - ئاينىڭ 24 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن ئابدۇراخمان قۇربان ناھىيەدە ئېچىلغان كادىرلار يىغىنىدا ئىنتايىن تەسىرلىك سۆز قىلىپ، كېرىيە خەلقى بىلەن خوشلاشتى. چۈشتىن كېيىن يەنە كېرىيەدىكى پېشقەدەم كادىرلار، كېرىيەنىڭ ئىگىلىك تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپە قوشقان كادىر، زىيالىي، ئىشچى، دېھقانلار، كېرىيەنىڭ سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشلىرى ئۈچۈن يۈرەك قېنىنى تۆككەن پىداكار تۆھپىكارلاردىن تۇپلانغان جامائەت ناھىيەلىك مەدەنىيەت يۇرتىدىكى بىر زالغا جەم بولۇپ ئۆزلىرى ئۈچۈن ھەم كۆڭۈلسىز، ھەم ئەڭ قىممەتلىك بولغان بىر قېتىملىق چايغا داخىل بولۇشتى، بۇ پائالىيەت ئابدۇراخمان قۇرباننىڭ ئۆزى خىراجەت چىقىرىپ ئۇيۇشتۇرغان، ئۆزىنى تەربىيەلىگەن، ئۆزى بىلەن 20 نەچچە يىل بىر سەپتە كۈرەش قىلغان، ئۆزىنى زور كۈچ بىلەن قوللىغانلارنىڭ ۋەكىللىرى قاتناشقان خوشلىشىش پائالىيىتى ئىدى.

ئۇ شۇ كۈنى ئۆزى بىلەن بىرگە كېرىيە ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن پېشقەدەملەرنىڭ قوللىرىنى سىقىپ تۇرۇپ ئۇلارغا چىن دىلىدىن رەھمەت ئېيتتى. ئۆزىگە ھەمنەپەس بولغان، خىزمىتىنى قوللىغان ھەر ساھە كىشىلىرى بىلەن كۆڭۈل سىرلىرىنى تۆكۈشتى. جەم بولغانلارمۇ ئۇنىڭدىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيماي ياش تۆكۈشتى. ئابدۇراخمان قۇربان كېرىيە خەلقىنىڭ ۋەكىللىرى يۈرەك ساداسىنى ئىپادىلەپ ئۆزىگە تەقدىم قىلغان گۈللەرنى پېشقەدەملەرگە تەقدىم قىلدى ھەم يەنە ئۇلارغا مېھرىگىياھ ۋە باشقا خاتىرە بۇيۇملىرىنى سوۋغا قىلىپ، كۆڭۈل ئىزھار قىلدى. ھەممەيلەننىڭ كۆڭلى ئۆرتىنەتتى، ھەممەيلەننىڭ كۆز چاناقلىرى نەمدەلگەنىدى. شۇ كۈنى كەچلىك تاماقتا يەنە يېتىم - يېسىرلار پاراۋانلىق ئورنىدىكى يېتىملار، مەركىزىي ساناتورىيەدىكى پېشقەدەملەر بىلەن بىرگە بولۇپ، ئۇلار بىلەن خوشلاشتى. كېرىيە ناھىيەلىك يېتىم-يېسىرلار پاراۋانلىق ئورنىدىكى 72 نەپەر ئۆسمۈر ئابدۇراخمان قۇرباننىڭ چەكسىز ئاتىلىق مېھرىگە مۇيەسسەر بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى ئارىغا ئېلىۋېلىپ ھۆكرەپ يىغلاپ كېتىشتى. ئەمدىلا تۆت ياشنى تۇلۇقتىكەن ئابدۇغوپۇر ئۇنىڭ قۇچىقىدا ئولتۇرۇپ:

ــ ھاكىم دادا، ئەمدى بىزنى كىم باقىدۇ، سىز كەتمەڭ،ــ دېۋىدى، ئەتراپتىكى يېتىم باللار بىردەك يىغلاشقىنىچە:
ــ ھاكىم دادا، كەتمەڭ، كەتمەڭ،ــ دېيىشتى. خوشلىشىدىغان چاغدا دەرۋازا ئالدىدا باللار ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ پەشلىرىگە ئېسىلىۋېلىپ، ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ، بولدۇقلاپ يىغلاشتى. ئابدۇراخمان قۇربانمۇ يىغلىدى. لېكىن ئۇلار «كەتمەڭ» دېگەنىبىلەن كەتمەي بولاتتىمۇ، ئۇ كەتتى. كادىرلار، ئىشچىلار، شەھەر ئاھالىلىرى ئۆزلۈكىدىن ناھىيەلىك ھۆكۈمەت دەرۋازىسى ئالدىغا يىغىلىپ، قول پۇلاڭلىتىپ، كۆز ياشلىرىنى تۆكۈشتى. ئابدۇراخمان قۇربان بىلەن ئۆتكەن مىنۇتلار خۇددى كىنو لېنتىسىدەك ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا پەيدا بولاتتى.
شەنبەبازار، توغرىغاز يېزىلىرىدىكى دېھقانلار يول ئۈستىگە چىقىپ ئۇنى توسۇپ قالماقچىمۇ بولۇشتى. بىراق، يۇقىرىنىڭ قارارىنى توسۇپ قالغىلى بولاتتىمۇ، ئۇ كەتتى، بىراق كېرىيەدە، كېرىيە خەلقىنىڭ قەلبىدە مەزمۇت خاتىرە مۇنارىنى تىكلەپ، مەڭگۈلۈك ئابىدىلەرنى قالدۇرۇپ كەتتى. ئۇنى ھاياتىنىڭ قايسى مەنزىللىرى كۈتۈپ تۇرغاندۇ؟ ئىلگىرى ئۇ......

## «پولات ھاكىم» ئىبتقان ھېكايە

يىللار بىر - بىرى بىلەن قوغلىشىپ شۇنچە تېز ئۆتۈپ كەتتى. ئەمگەكچان كېرىيە خەلقى ھۆرلۈك قۇياشىنىڭ ئىللىق نۇرى ئاستىدا كېرىيەنىڭ ئەبەدىيلىك تارىخىنى ياراتتى. بىز بۈگۈنكى كۈنلەردە ئەۋلادلىرىمىزغا سۆزلەپ بېرىدىغان ئاجايىپ - غارايىپ ھېكايىلەرنىڭ ئىگىسى بولۇپ قالدۇق. قىزىقارلىقى بىزنىڭ پىغانلىق ئۇھسىنىشلار، ھەسرەت ۋە ھاياجان ئارىلىشىپ كەتكەن ھېسسىياتىنى ئۇلتۇرۇپ سۆزلەپ بەرگەنلىرىمىز پەرزەنتلىرىمىز ئۈچۈن قىزىقارلىق ئەپسانە - رىۋايەت بولۇپ تۇيۇلىدۇ. ئەپسۇس، ھەممىگە قۇياشلا ئەمەس، بەلكى خەلق گۇۋاھ. تارىخ يىللار قوينىدا ئەپسانىگە ئايلىنىپ كەتسىمۇ ئۇ ھامان

زىرەك ئەۋلادلىرىمىزنىڭ سەمىگە ئەسلىي قىياپىتى بىلەن ئايان بولىدۇ. راست، ئاجايىپ يىللارنى چەت، نامرات كىرىيەمۇ ئۆز بىشىدىن ئۆتكۈزدى. ئازادلىق تىڭىدىن يىگى قۇدرەت تېپىپ ئەمدىلا بىلىنى رۇسلاۋاتقان بۇ قەدىمىي ماكان باشقىلارغا ئوخشاشلا ئاپەتلىك يىللار قوينىدا قاتتىق سىلكىندى. نامراتلىق پاتقىقىغا چوڭقۇر پېتىپ كەتكەن خەلقنىڭ نالە - پەريادى ئەسىرلەردىن بېرى تىنچ ياتقان تەكلىماكاننىڭ، بۈيۈك قاراقۇرۇم تاغلىرىنىڭ يۈرىكىنى جىغىلداتتى. نامراتلىق، ئاچلىق، تەشنالىق خەلقنىڭ ۋۇجۇدىنى زەھەرلىك يىلاندەك چىرمىۋالدى. داش قازاندا قايناۋاتقان ئۇماچقا چاك - چاك يىرىلغان قوللار سوزۇلدى، ئاغرىق - سىلاق، بىھۇدە ئۆلۈم خەلقنىڭ قەلبىنى يەتكۈچە ئۆرتىدى. كىرىيەلىكلەر ئاخىر ئۆز بىشىدىكى شور تەقدىرنى ئۆزگەرتىش كۈرىشىنى باشلىۋەتتى. بۇ كۈرەش كىرىيە ئۈچۈن ئەڭ زۆرۈر بولغان سۇ، توك، ئاشلىقنى چۆرىدىگەن هالدا ئۇدا 20 يىلغا يىقىن داۋام قىلدى.

نۇرمەمەت توسمىسى، توغراق، سۇك توسمىسى، ئوتتۇرا توسما قاتارلىق سۇ ئىنشائاتى تۈگۈنلىرىنى مەركەز قىلىپ داۋاملاشقان بۇ جەڭگىۋار كۈرەش كىرىيە ئەۋلادلىرى ئۈچۈن مەڭگۈ يادلىنىدىغان تەسىرلىك داستانلارنى پۈتتى.

بەلكىم بىزنىڭ هازىرقى پىشقەدەملىرىمىز هەم ئوتتۇرا ياشلىق كىشىلىرىمىز 70 - يىللارنى پات - پات خىيالىغا كەلتۈرۈپ تۇرىدۇ. بىزمۇ بۇ يەردە تارىخ بەتلىرىنى ۋاراقلىماي تۇرالمايمىز. 1971 - يىلى كۈزدە كىرىيە ناهىيەلىك پارتكومنىڭ بىر قەۋەتلىك كونا بىناسىنىڭ ئالدىغا 20 ياشلار چامىسىدىكى ئىگىز بوي، كەڭ گەۋدىلىك، چىرايى ئاقپىشماق، تۇرقىدىن بىر خىل تەمكىنلىك ۋە زىرەكلىك چىقىپ تۇرىدىغان بىر يىگىت پەيدا بولدى. ئورگان ئىشچى - خىزمەتچىلىرى بۇ يىگىت ئۈستىدە تالاش - تارتىش قىلىشتى.

— بۇ يىگىت كىمكىنا؟

— ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى بولمامدۇ. تەرجىمانلىق كەسپىدە ئوقۇپ كەلگەنمىش.

— ۋايناگەي، بۇ ياشنىڭ كۆڭلى قانداق بولاركىن.

— شۇنى دەڭە.

ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپلا كىشىلەر بۇ يىگىتنى ناھىيەلىك پارتكومنىڭ يېزا ئىگىلىك، سۇ ئىشلىرى خىزمىتىگە مەسئۇل مۇئاۋىن شۇجىسى پەن جەنيۇنىڭ يېنىدا كۆرۈشتى.

پەن جەنيۇ ئۆز ۋاقتىدا «پولات ھاكىم» دەپ شەرەپلىك نام ئالغان، مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى ھەم كىرىيەنىڭ يېزا ئىگىلىك، سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى ئىشلىرىغا زور تۆھپە قوشقان مۇنەۋۋەر رەھبىرىي كادىر بولۇپ، ئاساسىي قاتلامدا دېھقانلار بىلەن بىرگە كىرىيەنى قۇرۇش كۈرىشى بىلەن مەشغۇل ئىدى ھەم ئەمەلىي نەتىجىلىرى بىلەن كەڭ خەلقنىڭ چوڭقۇر ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغانىدى. ئەسلىدە ئۇ ئالدىنقى سەپتىكى خىزمەتلەرنى بىمالال يۈرۈشلەشتۈرۈشكە ياردىمى بولسۇن ئۈچۈن ھېلىقى ياش ـ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىنى ئۆزىنىڭ ياردەمچىسى، تەرجىمانى ھەم چېنىقتۇرۇش ئوبيېكتى قىلىۋالغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىن پەن شۇجى ياش تەرجىمانىنى ئەگەشتۈرۈپ گاھىدا پىيادە، گاھىدا ئات ـ ئېشەك مىنىپ ئاساسىي قاتلامدا يېزا ئىگىلىك خىزمەتلىرىگە يېتەكچىلىك قىلدى.

قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە ئۇلار كىرىيەدىكى ئۆستەڭ، توسمىلار، سالا ئېتىزلار، يايلاقلار ۋە سۇ قۇرۇلۇش ئورۇنلىرىدا ئىز قالدۇردى. يېرىم يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە پەن شۇجى كەينىدىن ئەگىشىپ يۈرىدىغان بۇ ياش يىگىتنىڭ ئۆزىگە ئوخشاش خىزمەتنى ئەمەلىي ئىشلەيدىغان، جاپا ـ مۇشەققەتتىن يالتايمايدىغان، دېھقانلار بىلەن بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك ئىچقويۇن ـ تاشقويۇن بولىدىغان زېرەك، قابىل، سەممىي ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدى ـ دە، ئەمدى ئۇنىڭغا قىيىن، مۇرەككەپ ۋەزىپىلەرنى تاپشۇرۇپ چېنىقتۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللاندى. ياش يىگىت ئۇنىڭ كۈتكەن يېرىدىن چىقتى. ئاساسىي قاتلاملارغا بارغاندا جاپالىق ئەمگەك قوينىغا ئۆزىنى ئاتتى. قوللىرى قاداق بىلەن تولدى. چىرايىدىكى ياشلىق ئۇچقۇنلىرى بارا ـ بارا مۇشەققەتلىك ئەمگەك، خىزمەت سەپەرلىرىدە ئۆچۈپ، ئۇنىڭ ئورنىنى پولاتتەك خىسلەت، ئالغا ئىلگىرىلەش شىجائىتى ئىگىلىدى. ئۇنىڭ بۇ خىل روھى ئۆزى كۈندە

كۆرۈپ كېلىۋاتقان دېھقانلار تۇرمۇشى، نامراتلىق، قالاقلىق، بۇرۇقتۇرمىلىق، ھەممىدىن ئېغىرى ئاچارچىلىقتىن ئىبارەت كىشىنىڭ يۈرىكىنى ئېزىدىغان تۇرمۇش كارتىنىلىرى ئىچىدە بارغانسېرى پىششىپ تاۋلاندى.

ئۇ يېزىلاردا جۇل - جۇل كىيىم ئىچىدە تىترەپ تۇرغان بەدەنلەرنى، ئاچارچىلىق دەستىدىن ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلەرنى، بىرەر تۇپ جىگدە تۈۋىدە توپلىشىپ جىگدە تالىشىپ چۇقان - سۈرەن سېلىشىۋاتقان بىتەلەي ئۆسمۈرلەرنى، ئامبار ئالدىدا خالتىسىنى بېقىنىغا قىستۇرۇپ كەنت كادىرلىرىغا زار - زار يىغلاۋاتقان بىچارە بەندىلەرنى، قۇربان ھېيتتىمۇ بىر قازان سۇ قايناتسىپ، بىرنەچچە زاغرا بىلەن ھېيت ئۆتكۈزگەنلەرنى كۆرگەندە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا شۇنچە تىرىشسىمۇ يۈرىكى مۇجۇلدى، كۆز چاناقلىرى نەملەندى. ئۆز - ئۆزىگە تەكرار سوئال قويۇپ، «ياق، بۇ ھالەتنى چوقۇم ئۆزگەرتىش كېرەك» دەپ خىتاب قىلدى. ئۇ ئاشۇ ئۈمىد، ئارزۇسى بىلەن ئىشلىدى. كۈچىنى ئۆز قېرىنداشلىرىنى ئاچارچىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشقا بېغىشلىدى. ئېتىزغا بارسىلا دېھقانىنىڭ قولىدىن كەتمەننى ئېلىپ ئۇرغۇپ تۇرغان كۈچىنى تۆكتى. يانچۇقىغا سېلىۋالغان ناننى قىر بېشىدا «ئانا، نان!» دەپ پەرياد چەككەن باللارغا بەردى. قىش كۈنلىرى ئۆزى يېلىڭ يۈرسىمۇ پاختىلىق كىيىملىرىنى سوغۇق دەستىدە تىلى سۆزگە كەلمەيۋاتقان دېھقانلارغا كىيدۈردى. ئەپسۇس، ئۇنىڭ كۆڭلى يەنىلا ئارامىغا چۈشمىدى. ئەمەلىيەتتىمۇ بۇ خىل ئۇسۇل بىلەن ئۇنىڭ قەلبىنى ئۆرتەۋاتقان ئىشلارنى ھەل قىلىپ كەتكىلى بولمايتتى، ئۇنىڭ دىلى سۇندى، مەيۈسلۈك ۋۇجۇدىنى ئەسىر قىلىۋالدى.

ئەنە شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ يەن شۇجى بىلەن لەڭگەرگە دېھقانلارنىڭ يازنىڭ ئۈچ ئىشىغا ۋە كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈپ، يۇرتنى مۇھاپىزەت قىلىشقا يېتەكچىلىك قىلىش خىزمىتىگە كەلدى. لەڭگەر سىرتىدىكى پىژغىرىم ئىسسىقتا تاۋلانغان ياش يىگىت يېزىغا كېلىپلا دېھقانلار بىلەن ئىشقا كىرىشىپ كەتتى. يەن شۇجى قىر بېشىدا تۇرۇپ ئۇنىڭغا مەنىلىك قاراپ قويدى ھەم رازىمەنلىك بىلەن بېشىنى

لىگىشتتى. ئۇنى بىلىدۇ، ئۆزىگە كىچە-كۈندۈز ئەگىشىپ يۈرگەن بۇ ياش ساياتلا مەھەللىسىدىكى قولى گۈل دېھقان مەتقۇربان ئاكىنىڭ ئوغلى ئابدۇراخمان ئىدى.

مەتقۇربان ئاكا ئەجدادىدىن باشلاپ دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق قاتارلىق ئاتا مىراس كەسىپنىڭ ۋارىسى، باغرى يۇمشاق، ئاجىزلارغا خەير- ساخاۋەت قىلىشنى ھەرگىزمۇ قازا قىلمايدىغان مۆلايىم دېھقان بولۇپ، كىچىكىدىن باشلاپ يەرنى گۈل، باغنى بېھىش قىلىشتا، ئەل- ئاۋامنىڭ شادلىقىنى ئۆزىگە شادلىق، قايغۇسىنى ئۆزىگە قايغۇ قىلىپ يۈرت ئىچىدە مۆتىۋەر سانىلىپ كېلىۋاتقان كىشى. كەنت ئىچىدە ئۇنىڭ ساخاۋىتىگە داخىل بولمىغان كىشى ئاز تېپىلىدۇ. ئۇ ئۆز ئۆمرىدە نەچچە ئون بويتاقنى ئۆيلۈك - ئوچاقلىق قىلىپ قاتارغا قوشقان. نەچچە ئون ئاجىز - ئورۇقنا ياردەم قولىنى سۇنۇپ، ئۇلارنى ئېغىر قىسمەت ئازىسىدىن قۇتقۇزۇۋالغانىدى. ئابدۇراخمان قۇربان ئەنە شۇنداق ئائىلىدە 1950 - يىلى دۇنياغا كۆز ئاچقان. ئاشۇ خىل ئائىلىۋى مۇھىت ئۇنىڭ گۆدەك ۋاقتىدىن باشلاپ قەلبىدە چوڭقۇر ئورۇن ئالغان. ئەمەلىيەتتە بىر ئادەمنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدە ئائىلە تەربىيەسى ھەم ئائىلە مۇھىتى ئاساسلىق رول ئوينايدۇ. مەتقۇربان ئاكا ئوغلىنى كىچىكىدىن باشلاپ يۇرت سۆيەر، ئەمگەك، خەلق سۆيەر قىلىپ تەربىيەلەشكە ئەھمىيەت بېرىپ، بۇ جەھەتتىكى ئارزۇسىغا يەتتى، دېمىسىمۇ ئوغلى ئابدۇراخمان قۇربان كىچىكىدىن باشلاپ دىلى يۇمشاق، مېھرى ئىسسىق، ئەل بەختىنى ئۆز بەختى دەپ بىلىدىغان ئوغۇل بولۇپ قاتارغا قوشۇلدى.

مەن ئەدەبىي ئاخباراتقا ماتېرىيال توپلاۋاتقان ۋاقتىمدا ساياتلىق بىر نەچچە دېھقان بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. ئۇلار ماڭا ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ كىچىكىدىن باشلاپ باشقىلارغا ياردەم قولىنى سۇنۇشنى ئادەت قىلغان ھاتەم سۈپەت كىشى ئىكەنلىكىنى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق، باغۋەنچىلىك قاتارلىق كەسىپلەرگە پىشقەدەم دېھقانلارغا ئوخشاشلا پىششىق ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى، كېرىيە ناھىيەلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ سابىق مۇدىرى ئەيسا ئىبراھىم: «ئابدۇراخمان قۇربان ماڭا ئوخشاش پىشقەدەملەرنىڭ ئارىسىدا

ئۆسۈپ يېتىلدى. مەن ئۇنىڭ كىچىكىدىن خەلقپەرۋەرلىك ئىدىيەسىگە ئىگە بولۇپ چوڭ بولغانلىقىدىن بەكمۇ سۆيۈنىمەن» دېدى. توغرا، ئىنسان پەقەت ئۆزىنى ئۆزىدىن ئېلىپ خەلق ئارىسىغا تاشلىغاندىلا، خەلق بىلەن تەقدىرداش بولغاندىلا ھەقىقىي ئادەم بولالايدۇ.

خوش، پەن شۇجى شۇ كۈنى دېھقانلارنىڭ كەنجى قوناق پەرۋىشىنى تەلەپكە لايىق ئىشلىمىگەنلىكىگە خاپا بولۇپ، دېھقانلارنى جەم قىلىپ ئۈلگە كۆرسەتتى. بىر قاتار ئۇسۇللارنى تونۇشتۇردى. يېزا-كەنت مەسئۇللىرىنى نەق مەيدانغا يىغىپ مەجلىس ئېچىپ، مەسىلىنى ۋاقتىدا ھەل قىلدى. كۈن غەربكە قىيسايدى، ھەممىسىنىڭ قورساقلىرى ئاچتى. مەجلىس تۈگەپ پەن شۇجى ئابدۇراخمان قۇربان بىلەن بىر دېھقانىنىڭ ئۆيىدە مەززىلىك ئېتىلگەن سىقماق ئاش بىلەن چالا-بۇلا غىزالاندى-دە، يەنە ئاتلىرىغا مىنىشىپ غەربىي كەلكۈن ئۆستىڭىنى بويلاپ، توغراق زاكۇ تەرەپكە قاراپ ئۆستەڭ قېشىدىن يۈرۈپ كېتىشتى. تومۇز ئىسسىق يەر-جاھاننى تونۇرغا ئوخشاش قىزىتىۋەتكەنىدى. يۈز-كۆزلەردىن تەر تامچىلىرى توختىماي ئېقىپ تۇراتتى. پەن شۇجى ئۆزىگە سوڭدىشىپ كېتىۋاتقان ئابدۇراخمان قۇربانغا لاپپىدە قاراپ، ئۇنىڭ چىرايىدىكى بىر خىل سولغۇنلۇقنى كۆرۈپ قالدى-دە، ئۇنىڭغا مەنىلىك قاراپ:

—ئابدۇراخمان، ئېتىڭنى تېز ھەيدە، مەن ساڭا ئىنقىلابقا قاتناشقان ۋاقتىمدىكى بىر جەڭنى سۆزلەپ بېرەي، —دېدى. ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ خىيالىدىن ئىنقىلابىي قۇربان لېۇ خۇلەنىنىڭ يۇرتىدىشى ۋە سەپدىشى بولغان پەن شۇجىنىڭ ياپونغا قارشى ئۇرۇشقا قاتناشقان جەڭگىۋار ھايات ئىگىسى ئىكەنلىكى «يالت» قىلىپ ئۆتتى. ئېتىنى تېز ھەيدەپ پەن شۇجىغا يېتىشىۋالدى. پەن شۇجى كۆز ئالدىدا يېيىلىپ ياتقان دالىغا بىر پەس تىكىلگەندىن كېيىن ھېكايىسىنى باشلىدى. ئۇنىڭ ئاتىنىڭ تىزگىنىنى تۇتۇپ تۇرغان كۈچلۈك قوللىرى بەئەينى جەڭ قىلغان ۋاقتىدىكىدەك كۈچكە تولۇپ، كۆزلىرى دۈشمەنگە بولغان كۈچلۈك غەزەپتىن چاقناپ كېتىۋاتاتتى. ئابدۇراخمان قۇربان ھېكايىنى پۈتۈن زېھنى بىلەن ئاڭلىدى. ئۆزىنى لەڭگەردىكى شېغىللىق

يولدا ئەمەس، ئەينى ۋاقىتتىكى گۇمبۇرلەپ ئۆرۈش بولۇۋاتقان جەڭگاھقا كىرىپ قالغاندەك ھېس قىلماقتا ئىدى. پەن شۇجىغا ئارىلاپ قاراپ قوياتتى. كۆز ئالدىدا پەن شۇجى ئېيتقان ھېكايىنىڭ جەريانى بىر-بىرلەپ نامايان بولماقتا. ئەنە 1942-يىلى ئارمىيەمىزنىڭ مەلۇم قىسمى دۈشمەن مۇھاسىرىسىدىكى يوڭچېڭ شەھىرىنى ئازاد قىلىش جىڭىگە ئاتلاندى. جەڭ سىگنالى پۈتۈن شەھەرنى لەرزىگە سالدى. پەن جەنپۇ سەپداشلىرى بىلەن بىللە يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان دۈشمەنگە قارىتىپ قەھرى بىلەن ئوق ئۈزمەكتە. غالجىرلاشقان دۈشمەن مەغلۇبىيىتىگە تەن بەرمەي جاھىللىق بىلەن قارشىلىق كۆرسەتمەكتە، دۈشمەننىڭ يوشۇرۇن ئىستىھكاملىرىدىن ئۈزۈلگەن ئوق يامغۇردەك ياغماقتا. ئەپسۇس، غەلىبە سىگنالى ياڭراپ دۈشمەن مەغلۇپ بولغاندا پەن جەنپۇ ۋە ئۇنىڭ ئىككى ھەمراھى بىر تۈەن ئەسكەرنىڭ شاھىتى بولۇپ، جەسەتلەر ئارىسىدىن قەد كۆتۈرۈپ چىقماقتا. بەدىنىگە تەگكەن ئوق ئۇنى ئازابلىماقتا. باشقا قىسمدىن كەلگەن جەڭچىلەر بىلەن كەڭ مەيدانغا تىزىپ قويۇلغان سەپداشلىرىنىڭ جەسىتى ئالدىدا ماتەم مۇراسىمىغا قاتناشماقتا.

ئابدۇراخمان قۇربانىڭ قۇلاق تۈۋىدە ياڭراۋاتقان زەمبىرەك ئاۋازلىرى بارا-بارا پەسىيىپ ئۇنىڭ ئورنىنى ئاتنىڭ تۇياق ئاۋازى ئىگىلىدى. پەن شۇجى ئاتنى چاپتۇرۇپ شۇ يىللىرىدىكىدەك تېتىك، جۇشقۇن ھالدا ئالغا ئىلگىرىلەپ كەتتى. ئابدۇراخمان قۇربان خىيالغا پاتتى. بىر چاغدا ئۇنىڭ كۆز ئالدى نۇرلىنىپ گۈزەل ئىقبالنىڭ يولى كۆرۈنگەندەك بولدى-دە، ئۆز-ئۆزىگە پىچىرلىدى:«پەن شۇجى قانلىق ئىنقىلابقا قاتنىشىپ شۇنچە جەڭگىۋار ھاياتنى ئۆتكۈزۈپ، ياشانغان بولسىمۇ، جان كۆيدۈرۈپ خىزمەت قىلىپ خەلققە بەخت يارىتىدىغان ئىشلارنى قىلىۋاتىدۇ. بىراق، مەن ئۇنىڭچىلىك بولالىدىمۇ، ئۇمۇ ئادەمغۇ...... بايا تاماق يېگۈچە ئۇنىڭمۇ قورسىقى ئاچقاندۇ..... ياق، قەتئىي بوشاشماي ئالغا بېسىش كېرەك. گۈزەل ئىستىقبال جاسارەتلىك كىشىلەرگە مەنسۇپ.» ئابدۇراخمان قۇربان ھاياجان ئىچىدە ئېتىنى چاپتۇرۇپ ئۆزىدىن خېلىلا ئىلگىرىلەپ كەتكەن پەن

شوٓجىغا يېتىشىۋالدى. پەن شوٓجى ئۆزىنىڭ چىرايىدىكى ئىشەنچكە تولغان مەغرۇر ئىپادىگە، كۆزلىرىدىن چاقناۋاتقان نۇرغا قاراپ رازىمەنلىك بىلەن كۈلۈمسىرەپ قويدى.

يىللار بىر-بىرىنى قوغلىشىپ ئۆتتۈۋەردى. گۈزەل ئالىي مەكتەپ قويىندا پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن ئۆگىنىپ، ئىلىم-مەرىپەت كۆكىدە ئەركە قۇشتەك ئۇچۇپ يۈرگەن دېھقان ئوغلى ئابدۇراخمان قۇربان بىر تەرەپتىن ئىشلەشنى، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆگىنىشنى بوشاشتۇرمىدى. ئۇ كۈندۈزلىرى سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشلىرىدا قوللىرى چاك-چاك يېرىلغان ھالدا دېھقانلار بىلەن بىرگە ئىشلىسە، ئازغىنە دەم ئېلىش ۋاقىتلىرىدا سىياسىي، پەن - مەدەنىيەت، كەسپىي بىلىملەرنى قېتىرقىنىپ ئۆگەندى. كىشىلەرنىڭ نەزەرىگە ئۇ ئادەتتىكى بىر تەرجىمان ئەمەس، بەلكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، باغۋەنچىلىك، ئورمانچىلىق، سۇ قۇرۇلۇشى ئىشلىرىدا قول سېلىپ ئىشلىگۈچى ھەم تەشكىللىگۈچى، ھەم يول كۆرسەتكۈچى سۈپىتىدە ئالاھىدە چېلىقىشقا باشلىدى. پەن شوٓجى ناھىيەگە ياكى باشقا ئورۇنلارغا يىغىنغا ۋە ياكى خىزمەتكە كېتىپ قالسا، ئۇ پەن شوٓجىنىڭ ئورنىدا خىزمەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلدى، دېھقانلار ئۆزلىرى بىلەن دائىم بىرگە بولىدىغان بۇ يىگىتكە كۆنۈپ قېلىشتى. باشقىلار رازىمەنلىك بىلەن ئۇنىڭ يول كۆرسىتىشىگە، مەسلىھەت بېرىشىگە موھتاج بولدى. ئۇ قىش كۈنلىرى دېھقانلار بىلەن سۇ قۇرۇلۇش ئورنىدىكى تاش ئۆيلەردە، ساتمىلاردا، گەمىلەردە، ياز كۈنلىرى خامانلاردا قونۇپ ئەمەلىي تەجرىبىلەرگە ئېرىشتى. ئۇ ھەر قېتىم پەن شوٓجى ئېيتىپ بەرگەن يۈكسەك جېڭگە ئوخشاش ئىنقىلابىي ھېكايىلەرنى خىيالىغا كەلتۈرسە يېڭىدىن كۈچكە تولاتتى ھەمدە ئاشۇ ھېكايىنى پات - پات ئەسلەپ قوياتتى.

بۇ مەزگىل ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەمەلىي تەجرىبە توپلىغان، ئانا ماكانىنى تەتقىق قىلغان ئەڭ قىممەتلىك مەزگىل بولدى. ئۇنىڭ يوقاتقانلىرى قانچە كۆپ بولسا، ئېگە بولغانلىرىمۇ شۇنچە كۆپ بولدى. ئۇ ئېگە بولغان ئەڭ قەدىرلىك نەرسە «ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىش، ھەممىدە ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىش، جاپادىن قورقماسلىق، يول ئېچىپ

ئىلگىرىلەش، ھەر قاچان، ھەر يەردە خەلق بىلەن بىرگە بولۇش، خەلقنىڭ دەردىگە يېتىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش» دېگەن يەكۈن بولدى. 20 نەچچە ياشلىق ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ئەنە شۇ خىل ئىرادە بىلەن ئىشلەپ ئاشۇ يىللاردا دادىسى مەتقۇربان ئاكا بىلەن ناھىيەدىكى ئۈچ دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنىنىڭ قەھرىمان ـ نەمۇنىچىلەرنى تەقدىرلەش ـ مۇكاپاتلاش سەھنىسىدە بىرقانچە قېتىم ئۇچراشتى. مەتقۇربان ئاكا دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك تۈرلىرى بىلەن نەمۇنىچى دېھقان بولۇپ سەھنىنىڭ بىر تەرىپىدىن چىقسا، ئابدۇراخمان قۇربان ئىلغار خىزمەتچى بولۇپ سەھنىنىڭ يەنە بىر تەرىپىدىن چىقتى. كىشىلەر ئۇلارغا «ئاتا ـ بالا نەمۇنىچىلار» دەپ ئات قويۇشتى. ئابدۇراخمان قۇربان ئاشۇ جاپالىق يىللارنى ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ:

ــ جاپا ـ مۇشەققەت ئادەمنى تاۋلاپ مۇستەھكەم ھالغا كەلتۈرىدىكەن. گەرچە شۇ يىللاردا كۆپ جاپا ـ مۇشەققەت تارتقان بولساممۇ، دېھقانلار بىلەن قان قېرىنداش بولۇش ئىستىلىنى يېتىلـ ـدۈرگەنلىكىمدىن خۇشالمەن. مۇبادا ئاشۇ يىللاردىكى بىر قاتار خىزمەتـ ـلەردە مېنىڭ بىر كىشىلىك تۆھپەم بار دېيىشكە توغرا كەلسە، بۇ تۆھپە ئالدى بىلەن مېنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرگەن پارتىيە، ھۆكۈمەتكە، يەن شۇجى، ئەيسا ئىبراھىم، مەتتوختى جامال قاتارلىق پېشقەدەم يولداشلارغا مەنسۇپ.

توغرا، بىزنىڭ خەلق قەلبىدىكى رەھبەرلىرىمىز ئەنە شۇنداق خەلق ئارىسىدا، ئەنە شۇنداق مۇشەققەتلىك سىناقلاردا تاۋلىنىپ چىققان، بىز ئۇلاردىن پەخىرلىنىشكە ھەقلىق. ئەلۋەتتە، ئۇ 20 نەچچە يېشىدىلا مۇشەققەتلىك سىناقلارغا، تۇرمۇش ۋە ھاياتنىڭ ئۆركەشلەپ تۇرغان قاينىمىغا ئاشۇ ئىرادە بىلەن ئۆزىنى ئاتتى. ئۇنى نېمىلەر كۈتۈپ تۇرىدىكىن؟

## توغراق ۋە سۆگەتنىكى يېڭى رىۋايەت

گەپنى يەنە نامراتلىقتىن، ئاچارچىلىقتىن باشلىساق، بۇ

سۆزلىرىمىز ياشلارغا ئەپسانە بولۇپ تۇيۇلار. ئەپسۇس، بۇ چۆچەك ھەم ئەپسانە ئەمەس، ھەم توقۇلما بايانلارمۇ ئەمەس، بەلكى 20 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىدىكى كېرىيە خەلقىنىڭ ھەقىقىي ھالىتى.

دۇنيادا نامراتلىقتىن ئىبارەت كۈلپەتنى بېشىدىن ئۆتكۈزمىگەن ئادەم نامراتلىقنىڭ چوڭقۇر ئازابىنى ھەم بۇ خىل ئېغىر ئەلەمنى چوڭقۇر ھېس قىلالمايدۇ. نامراتلىقنىڭ بەختسىزلىك بولۇپلا قالماستىن، يەنە نادانلىقنىڭ ئۈلى بولىدىغانلىقى كىشىلەرگە ئايان. سەن نامرات بولساڭ دىلىڭ سۇنۇق بولىدۇ، چىرايىڭدا ئېغىر ئازاب ئىزنالىرى ھۆكۈم سۈرىدۇ، يولۇڭ تار بولىدۇ، ئەڭ ئاددىيسى غەم ـ غۇسسەدىن خالىي بولالمايسەن. نامراتلىق ماھىيەتتە ئاچارچىلىق، ئاغرىق ـ سىلاق، بەختسىزلىكنىڭ ئانىسى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئىنسانغا نۇرغۇن كۈلپەتنى، قىسمەتنى، ھەتتا ھاياتىدىن مەھرۇم قىلىدىغان ئەجەلنىمۇ تۇغۇلۇپ بېرەلەيدۇ. سەن بۇ زەھەرلىك يىلاندىن قۇتۇلماي تۇرۇپ ھاياتتىكى مەقسىتىمگە يېتىمەن دېسەڭ، خاتالاشقان بولىسەن. ئۇ سېنىڭ ئارزۇيىڭغا، ئۈمىدىڭگە، نالە ـ پەريادىڭغا، مۇناجاتقا، ھەمدۇ سانالىرىڭغا قىلچە پىسەنت قىلمايدۇ. سەن يوقسۇزلۇق، موھتاجلىق پاتقىقىغا پاتقانسېرى بۇ زەھەرلىك يىلان سېنى شۇنچە چىرمايدۇ، شۇنچە ۋەھشىي چاقىدۇ. بۇ زەھەرلىك يىلانغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ يولى پەقەت بىرلا، يەنى سەن نىمجان ھالىتىڭگە خاتىمە بېرىپ، ئاھۇپىغان ئىلكىدە تولغىنىپ ياتقان يېرىڭدىن دەس تۇرۇپ، ئۇنىڭغا قارشى جەڭ ئېلان قىلىشقا جۈرئەت قىلالىساڭلا، بۇ زەھەرلىك يىلاننىڭ قورشاۋىدىن قۇتۇلالايسەن.

20 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرى كېرىيەنىڭ تارىخىدا ئەنە شۇ خىل زەھەرلىك يىلانغا بوغۇلغان مەزگىل بولدى. يەرلىك خەلق ھازىرقى ئات ـ ئۇلاغنىڭ بوغۇزىغا، نورمىسىغا تەڭلەشمەيدىغان ئەڭ ئاددىي ئېھتىياجىنىڭ ھەلەكچىلىكىدە تىپىرلىدى، پىغانلىق نالە قىلدى. بىرنەچچە جىلىڭ قوناق، ئارپا ئۈچۈن جېنىغا تەڭلىشىدىغان بەدەللەرنى تۆلەشكە مەجبۇر بولدى. جىمى ئاۋامدا نامراتلىق ھۆكۈم سۈرۈپ، مەسۇم

باللار، ئاجىز، ئورۇقلار، ھەتتا قىران كىشىلەرمۇ «نان» دەپ زارلاندى. ئاتىلار بىر ناننى پوتىسىغا تۇگۇپ بالىلىرى ئۇچۇن بىرنەچچە كۇن يېنىدا ساقلىدى. ئانىلار تېجەشلىك تاماق ئېتىپ ھاردى. چوپچىلە كەنتىدىكى جۇمە ئاخۇن ئىسىملىك دېھقان بىرىنىڭ بىر چاڭگال جىگدىسىنى يەپ قويۇپ قاتتىق تاياق يېدى. داش قازاندىكى ئۇماچ تەقسىم قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن، داش قازاننىڭ قىرمىقى شۇ كۇنلۇك ئەمگەكتە جاپالىق ئىشلىگەنلەرگە سىزىق سىزىپ ئايرىپ بېرىلدى. بۇغداي ئۇنىدىن گەپ ئېچىش مۇمكىن بولمىدى. كېرىيەلىكلەر بۇ مەزگىلدىكى تۇرمۇشنى:

ئىشلىشىمىز نۇرمەمەت زاكۇ،
يېيىشىمىز قاراۋاش پوكو.

دېگەن قوشاقلار ئارقىلىق ئەكس ئەتتۇرەتتى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە يەرلىكنى ھەربىي ئىدارە قىلىش يولغا قويۇلغاندا، باشقا جەڭچى-ئوفىتسېرلار بىلەن بىرگە ۋاڭ جىڭتاڭ ئىسىملىك بىر تۇەنجاڭ كېرىيەگە كېلىپ ناھىيەلىك ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ مۇدىرى بولۇپ، كېرىيەنىڭ خىزمەتلىرىگە يېتەكچىلىك قىلغان مەزگىلدە، كېرىيەلىكلەر يەنىلا ئاچارچىلىق ئىچىدە ئۇنىمۇ:

باشلىقىمىز ۋاڭ جىڭتاڭ،
يېيىشىمىز خاڭجىڭتاڭ.

دەپ قوشاققا قوشۇۋالدى. يۇقىرى دەرىجىلىك پارتىيە-ھوكۇمەت تارماقلىرى كېرىيەلىكلەرنىڭ پىغانىغا قۇلاق سالدى. بۇ مەزگىلدە مەركەز خوتەن خەلقىگە، جۇملىدىن كېرىيە خەلقىگە كوكۇل بولۇپ، ئايروپىلان بىلەن ئاشلىق ۋە باشقا ماددىي بۇيۇم يوتكەپ بەردى.

ۋىلايەتمۇ يۇقىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە كېرىيەلىكلەرگە بار ئىمكانىيەت بىلەن ياردەم بېرىشنى باشلىدى. شۇنداق قىلىپ، كېرىيەگە قېرىنداش ناھىيە، ۋىلايەتلەردىن ياردەم ئاشلىقى كېلىشكە باشلىدى.

كېرىيەلىكلەر ئالەمچە شادلىق ئىچىدە ياردەم ئۈچۈن كەلگەن ئاشلىق تاغارلىرىنى ئىسكىلاتلارغا توشۇپ تۇرۇپ ئىزا ـ ئاھانەت ئىلكىدە كۆز يېشى قىلىشتى. ئەسلىدە چىرا ناھىيەسىدىن ئەكەلگەن ئاشلىق تاغارلىرىنىڭ ئىچىدىن كەتمەن سىپى چىققانىدى. ئۇلار ئۆزئارا بۇ ئىش ئۈستىدە غۇلغۇلا قىلىشتى. كۆزلىرىدىن تۆكۈلگەن ياش شۇنچە ئاۋۇدى. نېمىشقا ئۇلار بۇ ئاشلىقنىڭ ئىچىگە كەتمەن سىپىنى تىقىپ قويغاندۇ؟ بۇنىڭ سەۋەبى ھەم جاۋابى ناھايىتى ئاددىي ئىدى. ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا تۇرغان نەچچە ئون كەتمەن سىپى جەزبىلىك ئاۋازدا شۇنداق دېيىشىۋاتاتتى:

ھەي ھۆرۈنلار، ئىلكىڭلاردا شۇنچە مۇنبەت زېمىن تۇرۇپتۇ. دەريالىرىڭلاردا زىلال سۇ ئېقىپ تۇرۇپتۇ، نېمىشقا ئاچارچىلىق ئازابىنى تارتىسىلەر؟ بۇنىڭ بىلەن كەتمىنىڭلارنى مۇستەھكەم دەستىلەپ مېھنەت بىلەن ئىشلەڭلار، ئەنە شۇ چاغدىلا قورسىقىڭلار تويىدۇ، كىيىمڭلار پۈتۈن بولىدۇ.

پاھ، كەتمەن سىپى كېرىيەلىكلەرگە ئاجايىپ چوڭقۇر مەنىلىك بېشارەتنى ئېلىپ كەپتۇ ئەمەسمۇ! راست، ئەجىر قىلىپ ئىشلەش كېرەك، كونىلارمۇ «باشقىلارنىڭ مىننەتلىك گىردىسىدىن ئۆزۈڭنىڭ مىننەتسىز جىگدىسى ياخشى» دەپ توغرا ئېيتقانغۇ. كېرىيەدە مۇنبەت زېمىن بار، ئۇ خۇددى ئالتۇن جامغا ئوخشايدۇ. بىراق، ئالتۇن جامنى كۆتۈرۈپ يۈرۈپ تىلەمچىلىك قىلىش زادى نېمىگە ئوخشايدۇ؟ ئۆكسۈپ تۇرغان قەلبلەرگە جىددىي سوئاللار قويۇلدى. ھەممەيلەن نومۇس ئىلكىدە ئۆزىنى قويىدىغان جاي تاپالماي قېلىشتى. بىراق، شۇنىمۇ مۇئەييەنلەشتۈرۈش زۆرۈركى، كېرىيەلىكلەر ئەزەلدىن ھورۇنلۇق، بوشاڭلىق قىلىپ باقمىغان. تارىختىن بۇيان مېھنەتكەشلىكى بىلەن ئاۋام ئارىسىدا ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇپ كەلگەن. ئۇنداقتا بۇ ئېچىنىشلىق ھالغا چۈشۈپ قېلىشنىڭ سەۋەبى زادى نەدە؟ ئاقىل كىشىلەر ئاخىر بۇ مۇرەككەپ سوئالنىڭ جاۋابىنى تېپىپ چىقتى. كېرىيەنى مۇشۇ ھالغا چۈشۈرۈپ قويغان نەرسە تەبىئىي شارائىت نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا سۇ، ئېنېرگىيە مەسىلىسى ئىدى. سۇنى پۈتۈن ئىنسانىيەت ھايات بىلەن

تەڭ ئورۇنغا قويىدۇ، دېمىسمۇ ئۇ ھاياتلىقنىڭ كاپالىتى. بۇ يەرگە كەلگەندە بەزىلەر ئەجەبلىنىشى مۇمكىن. چۈنكى، كېرىيەدە خوتەن ۋىلايىتى بويىچە ئۈچىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان كېرىيە دەرياسى بار. ئۇ قاراقۇرۇم تېغىدىكى مەشھۇر ئىبراھىم كۆلىدىن باشلىنىپ كوراپ دەرياسىدىكى ساناقسىز تاراملاردىن ھالقىپ ئۆتۈپ تەكلىماكان چۆلىگە قۇيۇلىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا كېرىيەنىڭ يەر ئاستى سۈيىنىڭ زاپىسى 270 مىليون كۇب مېتىردىن ئاشىدۇ، تەبىئىي كۆللەرمۇ كۆپ. پەقەت كېرىيە دەرياسىنىڭ سۈيى بىلەنلا كېرىيەدىكى 80% تىن ئارتۇق تېرىلغۇ يەرنى سۇغارغىلى بولىدۇ. ھالبۇكى، سۇدىن گەپ ئاچماي تۇرۇپ ئېلېكتىر ئېنېرگىيەسىدىن سۆز ئېچىش بۇ يۇرت ئۈچۈن ئىنتايىن قىيىن. يەر، سۇ بار بولسىمۇ نامراتلىققا يەم بولۇشنىڭ يەنە بىر ئاساسىي سەۋەبى كېرىيە دەرياسىنىڭ سۈيىنىڭ يۈگەنسىز ئاتتەك گاھ سەكرەپ، گاھ ئويناقلاپ غايىب بولۇپ كېتىدىغان ئادىتىدىن بولغان. جۈملىدىن كېرىيە دەرياسى شۇ مەزگىللەردە كېرىيەلىكلەرگە بەخت ئېلىپ كېلىش بىلەن تەڭ، يەنە ئاپەتمۇ ئېلىپ كەلگەن. ئۇ ھېلىھەم قەھرى بار ھەم مېھرى بار دەريا ئىدى. ئۇنىڭ قەھرىنى يوقىتىپ مېھرىنى ساقلاپ قېلىش كېرىيەنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئاساسى ئىدى. كېرىيەلىكلەر ئاخىرى بۇ ئىلمىي خۇلاسىنى يەكۈنلەپ چىقتى.

كېرىيە دەرياسىنىڭ كەلكۈن مەزگىلى ئاساسەن 6-ئايدىن 8-ئايغىچە بولۇپ، بۇ چاغدا كەلكۈن ئاپىتى يۈز بېرىدۇ. يېزا ئىگىلىكىگە سۇ جىددىي زۆرۈر بولغاندا دەريانىڭ سۈيى ئازىيىپ كېتىدۇ. بۇ تەتۈر تاناسىپلىق ھالەتنى ئۆزگەرتمەي تۇرۇپ كېرىيەنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولمايدۇ. دېمەك، كېرىيە دەرياسىغا يۈگەن سېلىش بىلەن سۇ ئامبىرى ياساپ سۇ كۆپ كەلگەندە ئامبارغا قاچىلاپ ئېھتىياجغا ئاساسەن تەقسىملەپ ئىشلىتىش كېرىيەلىكلەرنىڭ كۆز ئالدىدىكى جىددىي ۋەزىپە بولۇپ قالدى. 1976-يىلى كۈزدە نەچچە مىڭ كېرىيە دېھقانلىرى يۈك-تاقلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ سۇ كېتە لايىھەلەنگەن «شەرق قىزاردى» سۇ ئامبىرىنىڭ ئىش ئورنىغا جەم

بولدى. ئىش ئورنىغا چىدىر تىكىلىپ تەرەپ-تەرەپكە بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراق قادالغانىدى.

ھەر دەرىجىلىك ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى ئارىسىدا، دېھقانلار ئارىسىدا ۋە تېخنىك خادىملار ئارىسىدا تەشۋىقات، ئۆلچەش خىزمەتلىرى بىلەن تەرەپ - تەرەپكە چېپىپ يۈرگەن تەرجىمان يىگىت ئابدۇراخمان قۇربان ھەممىدىن بەك خۇشال كۆرۈنەتتى. ئۇ بەش يىللىق ئەمەلىي خىزمەت جەريانىدا قەلبىنى كېچە-كۈندۈز ئۆرتەپ كېلىۋتقان ھېلىقى ئازابتىن قۇتۇلۇشتا بۇ سۇ ئامبىرىنىڭ ئاساسلىق رول ئوينايدىغانلىقىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ يەتكەچكە، ئىش ئورنىدا كىشىلەرگە بۇ سۇ ئامبىرىنىڭ كەلگۈسىدىكى رولىنى زېرىكمەي تەپسىلىي چۈشەندۈرەتتى. ئۇ سۇ ئامبىرى قۇرۇلۇشىنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرى ئىشلەنگەن ۋاقىتتىلا مەركىزىي قۇرۇلۇشقا قوماندانلىق قىلىش ئورنىنىڭ ئالدىنقى مۇئاۋىن قوماندانلىقىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ، باش قوماندان پەن شۈجى بىلەن مۇشەققەتلىك كۈرەشكە ئاتلانغانىدى. ئۇ ئۆز ئارزۇسى بويىچە جاپانىڭ ئالدىدا مېڭىپ ئىشلىدى. توپا-چاڭ، لاي-پاتقاق ئۇنى شۇنچە كۆرۈمسىز ھالغا كەلتۈرۈۋەتتى. پېشقەدەم سۇ كادىرى سوپى كېرەم ھەم سەيدىئاخۇن ئاكىلار شۇ چاغدىكى ئەھۋاللارنى ئەسلەپ:

— بىز «شەرق قىزاردى» سۇ ئامبىرىنىڭ ئىش باشلىغان كۈنىدىن تاكى ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەن كۈنىگىچە ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ ناھايىتى كۆپ مۇشەققەت تارتقانلىقىنى كۆرگەن. ئۇ ھېلىلا توغان ئۈستىدە قوماندانلىق قىلسا، بىر دەمدىن كېيىن تۆۋەنگە چۈشۈپ دېھقانلار بىلەن ئىشلەيتتى. ئۇ بۇ مەزگىلدە ھەم دېھقان، ھەم قوماندان، ھەم لايىھەلىگۈچى، ھەم دېھقانلارغا مەدەت بەرگۈچى بولغانىدى. ئۇنىڭ سۇ ئامبار توغىنىدىكى ھەربىر تاشتا قول ئىزى بار دېيىلسە ئارتۇق كەتمەيدۇ، — دەيدۇ. سەيدىئاخۇن ئاكا يەنە:

— مەن ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ ئالقانلىرىنىڭ چاك-چاك يېرىلىپ قان تېمىپ تۇرسىمۇ بىرەر نەرسە بىلەن تېڭىۋېلىشقىمۇ ئۇلگۈرمەي ئىشلەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، كۆز يېشى قىلغانىدىم. ھازىر ئەسلىسەم يەنە

كۆزۈمگە ياش كېلىدۇ، — دېسە، سوپى كېرەم ئاكا:
— مەن ئۇنىڭدەك ئۆز بەستىگە مۇناسىپ كۈچلۈك، جاسارەتلىك، كۆيۈمچان ئادەمنى ئاز كۆرگەن. خۇدا ئۇنىڭغا شۇنچە كۈچ ئاتا قىلغان چېغى. شۇنچە چوڭ قورام تاشلارنى ئۇ دەس كۆتۈرۈپ توغان ئۈستىگە ئېلىپ چىقاتتى. بىز مۇئاۋىن قوماندانىنىڭ جان كۆيدۈرۈپ ئىشلىگەنلىكىنى كۆرۈپ، يېڭىدىن غەيرەتكە كېلىپ، بار كۈچىمىز بىلەن ئىشلەپ كېتەتتۇق. ئۇ بۇ جەڭدە ئىشلەپچىقىرىشقا باشتىن - ئاخىر قوماندانلىق قىلىش بىلەن بىرگە، دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشىغىمۇ ھەر ۋاقىت كۆيۈنەتتى. ئاچارچىلىق مەزگىلى بولسىمۇ بار ئىمكانىيەت بىلەن دېھقانلارنىڭ ئوزۇقلۇقىنى تولۇقلاشقا ئادەم ئورۇنلاشتۇرۇپ سورۇشتۇرۇپ تۇراتتى، — دەيدۇ.
ئۇ ھەقىقەتەن ئۆز ئارزۇسى بويىچە ئىش قىلدى. ئۇنىڭ ئارزۇسى نامراتلىق ئازگىلىدا تىرمىشىۋاتقان كېرىيەلىكلەرنىڭ ئورتاق ئارزۇسى ئىدى. بۇ مەزگىلدە پەن شۇجى ناھىيەنىڭ باشقا خىزمەتلىرىگە ھەم يىغىنلارغا قاتنىشىپ تۇراتتى. ئابدۇراخمان قۇربان ئىش ئورنىدا نەچچە مىڭ دېھقانغا قوماندان بولاتتى، بىر كۈنى بىرنەچچە دېھقان ئىش ئورنىدا ھاردۇق يېتىپ ئۆزلىرىنى قاشقا تاشلاپ يېتىشتى. دېمىسىمۇ ئېغىر ئەمگەك ئۇلارنى ماجالىدىن كەتكۈزەي دېگەنىدى. بۇ خىل ئەھۋالدا دېھقانلارنىڭ روھىنى ئۇرغۇتۇشتىن باشقا ئامال يوق ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە پىلانلانغان مۇددەت ئىچىدە سۇ ئامبارنىڭ قۇرۇلۇش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىماي بولمايتتى. ئابدۇراخمان قۇربان شۇ كۈنى چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدىكى ئازغىنە پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، دېھقانلارنىڭ روھىنى ئۇرغۇتۇش ئۈچۈن پۈتۈش ئالدىدا تۇرغان قاشنىڭ ئۈستىگە چىقىپ سۆزلەشكە باشلىدى:
— يولداشلار، جاپا - مۇشەققەت تارتماي ھالاۋەت كۆرمەيمىز. بۇ قائىدىنى ھەممىڭلار مەندىن ياخشى بىلىسىلەر. ئويلاپ كۆردۈڭلارمۇ، بىز قاچانغىچە زاغرا غاجاپ ھەم شۇ زاغرىنىمۇ تاپالماي يۈرىمىز! سۇ ئامبىرى پۈتۈپ سۇ قاچىلانسا ئۇ بىزنىڭ ئۆيىمىزدىكى چېلەككە ئوخشاشلا بىزگە قولايلىق شارائىت ھازىرلاپ بېرىدۇ. بىز قاچان سۇغا موھتاج بولساق، بۇ

چوڭ چېلەكتىن سۇنى ئېلىپ ئىشلىتىمىز، ئەڭ ياخشىسى بىز يەرلىرىمىزگە بوغداي تېرىپ تويغۇچە ئاق نان يېيەلەيدىغان بولىمىز. شال تېرىپ مەززىلىك پولۇ يېيەلەيمىز، مېۋىلىك باغ بەرپا قىلىپ، مېۋە-چېۋىلەرنى يېيەلەيمىز، ئوت-چۆپ ئۆستۈرۈپ چارۋا بېقىپ گۆش چاينايمىز، كېيىمىز تېرىساق خەجلەيدىغان پۇلمۇ بولىدۇ، كەلگۈسىدە ئەۋلادلىرىمىز بىزنىڭ بۇ ئەمگىكىمىزدىن چوقۇم رازى بولۇپ، بىزگە رەھمەت ئېيتىدۇ، بىزمۇ ئۇلارغا يۈز كېلەلەيمىز!

ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ سۆزى ئۇزۇلمەي تۇرۇپ، دېھقانلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ ئەمگەككە چۈشۈپ كېتىشتى. ئۇلار جاسارەت بىلەن ئىشلىگەچ، سۇ ئامبارنىڭ ئەھمىيىتى ئۈستىدە سۆزلىشەتتى.

— مەتقۇربان ئاكامنىڭ بۇ ئوغلىزە، ئاجايىپ ئەقىللىك بالا بوپتۇ. قاراڭلار، ئۇنىڭ تۆت ئېغىز گەپ بىلەن ھەممە كىشىنى دەس تۇرغۇزۇۋەتكەنلىكىنى.

— دېمىسىمۇ ئۇنىڭ دېگەنلىرى راست. قورساق ئاق نانغا تويىدىغان ئىش بولسا مەن مەيلى مۇشۇ يەردە نەچچە يىل ئىشلەي.

— مەن ئەمدى چۈشەندىم. ئۇنىڭ بوغداينى كۆپ تېرىيالايمىز دېگىنى ناھايىتى بەلەن گەپ بولدى. بوغدايلىرىمىز سۇغا ئېھتىياجلىق بولغاندا بىز بۇرۇنقىدەك دەرياغا قاراپ نالە قىلمايمىز. چوڭ چېلەكنىڭ سۈيىنى خالىغان چاغدا ئېلىپ ئىشلىتەلەيمىز.

— بالدۇر قوناقنى ئاز تېرىپ بوغداي كۆلىمىنى ئاشۇرساق، بوغداي ئورنىغا كەنجى قوناق تېرىساق...... ھاي! ھاي! قاراڭلار ماۋۇ ئەپچىل چارىنى. ئابدۇراخمان قۇربان مۇشۇ ئۇسۇلنى كۆزلەپ ھېلى شۇنداق دەپتۇ - دە! مەن ئەمدى چۈشەندىم.

راست، ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ قىسقا سۆزىنىڭ ئەسلىي مەنىسى مۇشۇ ئىدى. كېيىنكىلەر سۇنىڭ بوغدايغا ئېھتىياجلىق مەزگىلىدە تۇتۇلۇپ قېلىشىدەك قاملاشماسلىقنىڭ تەسىرىدىن شۇنچە كۆپ بىنەم يەرلەرنى بالدۇر قوناق تېرىشقا قالدۇرۇپ، ئازغىنە يازغى بوغداي تېرىيتتى. پاختىنىغا ھەم باشقا ئىقتىسادىي زىرائەتلەرگە قالدۇرۇلىدىغان يەرنىڭ كۆلىمىنى ئاشۇرۇش ئىشى سۇنىڭ پەسىل خاراكتېرلىك

قىيىنچىلىقى تۈپەيلىدىن ئەمەلگە ئاشمايتتى. دېمەك، «شەرق قىزاردى» سۇ ئامبىرى كېرىيە دەرياسىغا سېلىنغان مۇستەھكەم يۈگەن ھەم ئۇنىڭ قەھرىنى يوقىتىپ، مېھرىنى ساقلاپ قېلىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى ئىدى. ئەنە شۇ كۈندىن باشلاپ ئابدۇراخمان قۇربان ئەمەلىيەتچىل، ئالدى بىلەن ئۆزى قول سېلىپ ئىشلەشتەك مىجەزى بىلەن دېھقانلارنىڭ تەشەببۇسكارلىقىنى نەچچە ھەسسە يۇقىرى كۆتۈردى. ئۇ ئىش مەيدانىدىن بىر مىنۇتمۇ ئايرىلمىدى. تاماقنىمۇ ئىش ئورنىدا يېدى. دېھقانلار ئۇنىڭ بىلەن خىل روھىدىن تولىمۇ تەسىرلەندى. قاتتىق شۇئىرغان ھۇۋلاپ يۈز-كۆزلەرگە نەشتەردەك ئۇرۇلسىمۇ، ئاچارچىلىق ھەر مىنۇت ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىپ تۇرسىمۇ، ئەمگەكچان كېرىيە خەلقى كېرىيە تەرەققىياتىنىڭ بىرىنچى ئۇلى بولغان ھەم ناھايىتى يىراق ئىستىقبالغا ئىگە بولغان زور قۇرۇلۇش «شەرق قىزاردى» سۇ ئامبىرىنى قۇرۇپ چىقتى. كەتمەن، گۈرجەك، تاغار قاتارلىق ئەڭ ئاددىي ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىغا تايىنىپ ئۇزۇنلۇقى 2000 مېتىر، ئېگىزلىكى 20 مېتىر كېلىدىغان تۇغاننىڭ قورشاۋىدا «شەرق قىزاردى» سۇ ئامبىرى دۇنياغا كەلدى. بۇ كېرىيەنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى ئەڭ ئەھمىيەتلىك، ئەڭ جاپالىق قۇرۇلۇش بولۇپ قالدى.

سۇ ئامبىرىغا تەنتەنىلىك ھالدا سۇ قاچىلاندى. نەچچە مىڭ دېھقان كۆز ياشلىرىنى ئاقتۇرۇپ ئالقىش ياڭراتتى. ئەپسۇس، كېرىيەلىكلەر شۇنچە بەدەل تۆلەپ ئىگە بولغان خۇشاللىق كۈتۈلمىگەندە ۋەھىمىگە ئايلاندى. ھەممە كىشى داڭ قېتىپ قالدى. ئەسلىدە سۇ ئامبىرىغا قاچىلانغان سۇ 4 مېتىرچە ئېگىزلىگەندە غەربىي تۇغان ئۇشتۇمتۇت تېشىلىپ، سۇ ئۆتۈشكە باشلىدى. تۇغان ئۈستىدە ھاياجان بىلەن تۆكۈپ تۇرغان ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ كۆزلىرى چوڭ ئېچىلىپ، قوشۇملىرى تۈرۈلدى. ۋۇجۇدى ياپراقتەك تىترەپ كەتتى - دە، ئۆزىنى تۇغاننىڭ تېشىلىپ كەتكەن ئورنىغا ئاتتى. ئۇنىڭ كەينىدىن ئەمدىلا 16 ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان كۈچتۈڭگۈر يىگىت ئىبراھىم ھاپىز، سۇ ئىشلىرى بىلەن بىر ئۆمۈر كۈرەش قىلىپ كېلىۋاتقان سوپى كېرەم ھەم نەچچە ئون دېھقان ئۆزىنى تۆۋەنگە ئاتتى. ھەش-پەش دېگۈچە

ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ پۈتۈن جىسمى پاتقاققا مىلەندى.

خەلقىنىڭ شۇنچە كۆپ ئەجرىنىڭ نابۇت بولۇشىنى كىممۇ خالىسۇن، شۇنداقتىمۇ بۇ يەردىكى كۈرەشتە ئابدۇراخمان قۇربان ئۆزىنىڭ قاۋۇل بەدىنى بىلەن سۇنى توسۇپ، تۇغاننى قوغداپ قالماقچى بولدى. شۇ ئەسنادا ئۇنىڭ خىيالىدىن بىر خىل ئوي چاقماق تېزلىكىدە ئۆتتى. پاتقاق ئارىسىدىن چىقىپ، سۇ ئامبىرىغا كىرىۋاتقان سۇنىڭ بېشىنى توختىتىشقا ئادەم ئورۇنلاشتۇرۇپ، مۇناسىۋەتلىك يولداشلار ۋە تېخنىك خادىملارنى قوماندانلىق ئىشتابىغا جەم قىلىپ، بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئىلمىي ئۇسۇلى ئۈستىدە پىكىرلەشتى. ئاخىرىدا ئۇ ئوتتۇرىغا چۈشكەن پىكىرلەرنى خۇلاسىلەپ مۇنداق دېدى:

— يولداشلار، مەغلۇبىيەت ئۆز نۆۋىتىدە غەلىبىنىڭ ئاساسى. روھىمىزنى چۈشۈرمەيلى، بۇ ئەھۋال ۋاقىتدا يۈز بېرىپ، ياخشى قىلدى. سۇ ئامبارنىڭ كەلگۈسىدىن ئېيتقاندا ئۇنى مۇستەھكەم قۇرۇپ ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشتىن باشقا يولىمىز يوق. بۇ ئىشنى كەلگۈسى ئەۋلادلارغا قالدۇرمايلى. دېمىسىمۇ بىز شۇنچە كۆپ تۇغاننى تاش ۋە شېغىل، قۇمساڭغۇ توپا بىلەن ياساپ چىقتۇق. ئەمدى بىز تۇغاننى لايىلتىپ تېگىدىن باشلاپ چىڭداپ چىقايلى.

قوماندانلىق ئىشتابىغا جەم بولغانلار بىردەك بۇ ئۇسۇلنى قوللىدى. ئۆز ئارا كېڭىشىش ئارقىلىق تۇغاننى مۇستەھكەملەش پىلانى پۈتتى. زىمىستان قىش ئاخىرلىشىپ باش باھارنىڭ ئىللىق شامىلى ئەتراپنى سەيلە قىلىشقا باشلىدى. كىشىلەر غەربىي تەرەپتىكى دۆڭلۈكنى سۇ كۆچى ئارقىلىق ئامبارنىڭ تۇغان ئۈستىگە ئېقىتىشقا باشلىدى. جاپالىق مىنۇتلار يەنە باشلىنىپ ئەمگەك ساداسى پۈتۈن سۈك تەۋەسىنى لەرزىگە كەلتۈردى. ئىلمىي ئۇسۇل ئاجايىپ قۇدرەتلىك مۆجىزىنى ياراتتى. دېگەندەك «شەرق قىزاردى» سۇ ئامبىرىنىڭ غەربىي تۇغىنى ھەم باشقا قىسىملىرى لاي ئېقىتىش ئۇسۇلى بىلەن مەڭگۈلۈك مۇستەھكەملەندى. نەچچە ئون مىليون كۇب مېتىر سۇ سىغدۇرىدىغان تارىخىي ئەھمىيەتلىك «شەرق قىزاردى» سۇ ئامبىرى ئەنە شۇنداق مەيدانغا كەلدى.

مانا مۇشۇ جەڭگاھتا ئەمدىلا ھاياتنى چۈشىنىۋاتقان ياش يىگىت

ئابدۇراخمان قۇربان ئىككى يىلنى بىر كۈندەك ئۆزاتتى. بۇ جايدا ئۆتكەن ئىككى يىل ئىچىدە ئۇنىڭ ھاياتىدا غايەت زور ئۆزگىرىشلەر بولدى. ئۇ ئالدى بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە ئەزا بولۇپ كىردى. ئەنە شۇ يىللار قوينىدا ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدە چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن مېھرىبان چوڭ ئانىسى سېلىمىخاندىن ئايرىلىپ قالدى. ئەڭ ئېچىنىشلىقى ئۇ 1978 - يىلى 8 - ئاينىڭ 16 - كۈنى سۇ ئامبارنىڭ شەرقىي تۇغىنىغا ئىشلەۋاتقاندا، ناھىيە بويىچە نەچچە ئون مىڭ دېھقانغا يېتەكچىلىك قىلىش تۇپەيلىدىن ئۆزىنى شۇنچە كۆپ جاپا - مۇشەققەتلەرنى تارتىپ بېقىپ چوڭ قىلغان، ئوقۇتقان مېھرىبان چوڭ ئانىسىنىڭ سەكراتتا يېتىپ ئۆزىگە قالدۇرىدىغان قىممەتلىك ۋەسىيەتلىرىنى، ئارزۇ - ئۈمىدلىرىنى ئاڭلىيالمىدى. ئۇنىڭ مېھنەت ئاستىدا تارشىدەك قېتىپ كەتكەن قوللىرىنى سىلاپ تۇرۇپ قەلبىدىكى بىر تالاي تەشەككۈرنى ئېيتالمىدى. ئۇنىڭغا روھىي تەسەللى بېرەلمىدى...... نامىزىغا قاتنىشىپ ئۇنى قارا تۇپراق قوينىغا دۇئا بىلەن ئۇزىتىپ قويالمىدى. تولىمۇ ھەسرەتلىنىكلىكى يىل ئىچىدە ئۇنى يوقلاپ كېلىشكە چولىسى تەگمەي ئىشلىگەن «شەرق قىزاردى» سۇ ئامبىرىنىڭ كېرىيە خەلقىگە ئېلىپ كېلىدىغان بەخت - سائادىتى توغرىسىدا سۆزلەپ بىرىپ، ئۇنىڭ چېھرىدە رازىمەنلىك كۈلكىسىنى پەيدا قىلالمىدى.

ۋادەرىخا، بىزنىڭ سېلىمىخان ئانىغا ئوخشاش نۇرغۇن ئانىلىرىمىز «شەرق قىزاردى» سۇ ئامبىرىنىڭ بەخت - سائادىتىنى كۆرۈشكە ئۈلگۈرمەيلا، جاپالىق يىللار قوينىدا بۇ ئالەم بىلەن خوشلاشتى. مۇبادا ئۇلار كۆرۈشكە ئۈلگۈرگەن بولسا ئىدى، بىر ئۆمۈر تارتقان جاپا - مۇشەققەتلىرىنى ئۇنتۇپ ئابدۇراخمان قۇربانغا ئوخشاش ئەمگەك سۆيەر ئوغلانلارغا دۇئا قىلغان بولاتتى، بىراق خەلق ئۇلارغا ھەر دائىم رەھمەت ئېيتىدۇ. ئۇلارنىڭ روھىدىن روھلىنىدۇ.

ئۆز ئائىلىسىگە «شەپقەتسىز» ئەر ئابدۇراخمان قۇربان بۇ مەزگىلدە ئائىلىنىڭ بارلىق ئېغىرچىلىقىنى ئىتائەتمەنلىك بىلەن ئۆز ئۈستىگە ئالغان ئايالى تۇرسۇنخانىمغا قالدۇردى ھەم يېڭىدىن دۇنياغا كۆز ئاچقان

سۆيۈملۈك پەرزەنتلىرىنى ھېيت - بايراملاردىمۇ يوقلاپ كېلىشكە ۋاقىت ئاجرىتالمىدى. ئۇ 10 يىل ئىچىدە 9 قېتىملىق قۇربان ھېيتنى سۇ قۇرۇلۇش رايونلىرىدا دېھقانلار بىلەن بىرگە ئۆتكۈزدى. بالىلار ئانىسىنىڭ سۈتىگە قانمايلا ئۇرۇق - تۇغقانلارغا بېرىۋېتىلدى. كونىلار «شەرەپ قۇچقان ئەرنىڭ كەينىدە ھامان ئۇنىڭغا بارلىقىنى بېغىشلىغان بىر ئايال بولىدۇ» دەپ ناھايىتى توغرا ئېيتقان. تۇرسۇنخانىم خىزمەت ھەم تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىدە پىتىراپ يۈرسىمۇ بىر تەرەپتىن ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ ئالدىنقى سەپتە خاتىرجەم ئىشلىشىگە ئىلھام بەردى. ئۇنى قوللىدى. «شەرق قىزاردى» سۇ ئامبىرى پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەندىن كېيىن ئابدۇراخمان قۇربان سۈكتىكى قوماندانلىق ئىشتابىنى توغراقتىكى توغراق سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسىنىڭ ئىش ئورنىغا يۆتكىدى.

ئۇ يەنىلا ئائىلىسىگە قايتمىدى. توغراق سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسى تۈزلەڭ ئورۇنىدا سۈنئىي يانتۇلۇق ھاسىل قىلىپ، كارىز شەكلىدە ئىشلىنىدىغان، دۆلەت 7 مىليون يۈەن ياردەم قىلىپ، ئاساسلىقى كېرىيە خەلقى ئۆزى ئىشلەيدىغان، ئاپتونوم رايوننىڭ نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرىگە كىرگۈزۈلگەن، ئۈچ گېنېراتوردىن 3750 كىلوۋات توك ھاسىل قىلىنىدىغان، كېرىيە ناھىيەسىنىڭ ئىگىلىك تەرەققىياتىنى ۋە خەلق تۇرمۇشىنى ئەڭ ئاساسلىق ئېنېرگىيە مەنبەسى بىلەن تەمىن ئېتىدىغان زور قۇرۇلۇش ئىدى. ئۇ كېرىيەلىكلەرنىڭ غۇرۇرى ھەم ئىپتىخارى ھېسابلىناتتى. مۇشەققەتلىك جىددىي ئەمگەك يەنە باشلاندى.

ئەزەلدىن ئۆزىنى جاپالىق خىزمەت شارائىتىدا چېنىقتۇرۇشنى ئادەت قىلىپ كەلگەن ئابدۇراخمان قۇربان «شەرق قىزاردى» سۇ ئامبىرىدا تىللاردا داستان بولغۇدەك مېھنەت قىلغانغا ئوخشاشلا بۇ ئورۇندىمۇ بارلىقىنى تەقدىم قىلىشقا ھەر ۋاقىت تەييار تۇردى. بىراق، سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسىنىڭ قۇرۇلۇشى سۇ ئامبار قۇرۇلۇشىدىن نەچچە ھەسسە مۇرەككەپ، نەچچە ھەسسە قىيىن ئىدى. بۇ خىل ھالەتنى ئەلۋەتتە بۇ قۇرۇلۇشنىڭ مۇرەككەپلىكى، مەملىكەت ۋە شىنجاڭ بويىچە تۇنجى قېتىم سىناق قىلىنىشى ھەم تېخنىكا تەلىپىنىڭ ناھايىتى يۇقىرىلىقى بەلگىلىگەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ

ئاددىيلىقىمۇ كىشىلەرگە زور قىيىنچىلىق ئېلىپ كېلەتتى. ئابدۇراخمان قۇربان بۇرۇنقىدىن نەچچە ھەسسە جىددىيلىك بىلەن ئىشلىدى. ئۇ نەچچە ئايلاپ ئۆيگە قايتماي، ئىش ئورنىدا داۋاملىق تۇردە تەشكىللىگۈچى، يېتەكچى، ئەمەلىي ئىشلىگۈچى بولۇپ قېلىۋەردى، بولۇپمۇ ئۇ بۇ قۇرۇلۇشنىڭ تېخنىكا تەلىپىگە باشتىن - ئاخىر ئىنچىكە قاراپ، زور مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئىشلىدى. قۇرۇلۇش جەريانىدا ھەربىر ئىش ھالقىسىنى چىڭ تۇتتى. ئۇ دائىم «قۇرۇلۇشنىڭ سۈپىتى 1 - ئورۇندا تۇرىدۇ» دەپ تەكىتلەپ كەلدى.

قۇرۇلۇش سۈرئىتىنى تېزلىتىپ، ۋاقىتنى تەتۈر ھېسابلاش ئۇسۇلى ئاساسىدا كۈنلەر بويىچە قۇرۇلۇش قىلىش پىلانىنى تۈزۈپ چىقتى ۋە يېزا - بازار، كەسپىي ئورۇنلارغىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، قۇرۇلۇشنىڭ ۋاقتىدا ئىشلىنىپ بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلدى. بەزى كۈنلىرى 300 — 400 كۇبالاپ بېتون قۇيۇپ، ئىش ئورنىدىن ئايرىلماي، كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ ئىشلىدى. 1979 - يىلىنىڭ قىش كۈنلىرى يېتىپ كەلدى. ئىستانسىنىڭ قۇرۇلۇش ئورنى جاپالىق ئەمگەك قاينىمىغا ئايلاندى. بۇ قۇرۇلۇشقا نەچچە مىڭ دېھقان سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈلگەندىن باشقا ناھىيە تەۋەسىدىكى ئىدارە - جەمئىيەت كادىرلىرى ھەم ئاساسىي قاتلاملاردىكى ھەر دەرىجىلىك كادىرلار كۇرس ئېچىش شەكلى بويىچە كېچىسى ئۆگىنىش قىلىپ، كۈندۈزى ئىشلەشكە سەپەرۋەر قىلىندى. ئابدۇراخمان قۇربان بۇ يەتتە قارار كۇرسىنىڭ ئاساسلىق تەشكىللىگۈچىسى بولدى.

گۇڭشې، باشقۇرۇش رايونى، دادۈي، ئەترەت باشلىقلىرى كۇرسى ئېچىلدى. پارتىيە ئەزالىرى، ئىنتىپاق ئەزالىرىمۇ نۆۋەت بويىچە كۇرسقا قاتناشتى. بۇ خىل كۇرس پارتىيەنىڭ سىياسەت - فاڭجېنلىرىنى ئۆگىنىش بىلەن بىرگە، ئەمەلىي مەيداندا قۇرۇلۇشقا ئىشلەشتىن ئىبارەت شەكىلدە قانات يايدۇرۇلدى، ئۆگىنىلدى. ئارقىدىن ئۇنى ئەمەلىيەتتە ئىسپاتلىدى. بۇ خىل كۇرسقا باشتىن - ئاخىر ئابدۇراخمان قۇربان رىياسەتچىلىك قىلدى. يەتتە قارار كۇرس جەريانىدا كۇرسقا قاتناشقانلار ئىستانسا ئورنىنىڭ ئۇلىنى، يەنى چوڭ كۆلنى كولاپ چىقتى. پارتلاش

ئاۋازلىرى، توڭ چاناش ئاۋازلىرى ئىش ئورنىنى زىلزىلىگە كەلتۈردى. بۇ خىل ئۇسۇل دېھقانلارنىڭ ئەمگەك قىزغىنلىقىغا زور تەسىر كۆرسەتتى. كېيىم-كېچەكنىڭ يېلىڭلىقى، ئوزۇقلۇقنىڭ ئازلىقى ئىش مەيدانىدا چۈمۈلىدەك پىتىراپ يۈرگەن كىشىلەرگە ھەر ۋاقىت تەھدىت سالاتتى. ئابدۇراخمان قۇربان بىر تەرەپتىن قۇرۇلۇش مەيدانىنىڭ ئومۇمىي ئىشلىرىغا قوماندانلىق قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشىنى بار ئىمكانىيەت بىلەن ياخشىلاشقا تىرىشتى، ئىش قانچە جاپالىق بولسا، ئۇ خەلق تۇرمۇشىغا شۇنچە كۆڭۈل بۆلدى. ھېيت-بايراملاردا ناھىيەلىك يېمەكلىك شىركىتىدىن گۆش، يېزىلاردىن ئاق ئۇن، گۈرۈچ قاتارلىق لازىمەتلىكلەرنى ئاچىقتۇرۇپ، دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشى ئورۇنلاشتۇردى. قىشلىقى تۇرمۇشى قىيىن دېھقانلارغا خەلق ئىشلىرى ئورۇنلىرى ئارقىلىق يوتقان، كىگىز، ئاياغ ئەكەلدۈرۈپ تارقىتىپ بەردى.

ئىش ئورنىدا شىپاخانا قۇرۇپ، دېھقانلارنى داۋالىنىش شارائىتىغا ئىگە قىلدى. كىشىلەر ئۇنى ھېلىلا كولىنىۋاتقان چوڭقۇر كۆل ئىچىدە كۆرسە، بىردەمدىن كېيىن چوڭقۇرلۇقى 40 مېتىرغا يېقىن تەشمە ئاستىدا كۆرۈشەتتى. يەنە بىر پەستىن كېيىن تېخنىك خادىملار بىلەن بىرگە قۇرۇلۇش خەرىتىسىنى يېيىپ قويۇپ قايسىدۇر بىر مەسىلە ئۈستىدە پىكىرلىشىۋاتقان، بىردەمدىن كېيىن كادىرلار بىلەن يىغىن ئېچىۋاتقان ھالەتتە كۆرۈشەتتى. ئۇ باشتىن - ئاخىر ئىشنى پۇختا، پىلانلىق قىلىشنى، ئەقىل ئىشلىتىپ، پەم - پاراسەتكە تايىنىپ ئاسان ئۇسۇللار بىلەن قىيىن ئىشلارنى بويسۇندۇرۇشنى ئورۇنلاشتۇراتتى. ئىستانىسىنىڭ ئۇل قىسمى بارغانسېرى چوڭقۇرلاشماقتا. دېھقانلارنىڭ دوللىرى تاغار ئاستىدا يانجىلىپ جاراھەت بولماقتا. «ياق، ئىشنى ئاسانلاشتۇرۇش كېرەك. دېھقانلار ئىش ئورنىدىن قايتسا يەنىلا ئېتىزغا چىقىپ ئىشلەيدۇ» . ئابدۇراخمان قۇربان شۇلارنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى. شۇئان مۇناسىۋەتلىك يولداشلار بىلەن پىلان تۈزۈپ، ئېنېرگىيە كۈچى ئارقىلىق دېھقانلارنىڭ دولىسىدىكى ئېغىرچىلىقنى يېنىكلەشتۈرۈشكە تۇتۇش قىلدى. ئىستانسا ئۇلىدىن، يەنى چوڭ كۆلدىن باشلاپ توپا

قويۇلىدىغان ئورۇنغىچە پولات ئارغامچا تارتىلىپ، ئېنېرگىيە كۈچى بىلەن ئايلاندۇرۇلدى. نەچچە ئون هارۋا بۇ ئارغامچىغا چېتىلدى. شۇنچە ئۇزاق ئورۇنغا تاغاردا توپا يۆدۈپ هالىدىن كېتەي دېگەن دېھقانلارغا بۇ ئەپلىك چارە تازا ئەسقاتتى. ئابدۇراخمان قۇربانىڭ كۆڭلى بىرئاز ئارام تاپتى.

كۆپ ئادەم توپلىشىپ ئىشلەيدىغان بۇ قۇرۇلۇشتا بىخەتەرلىك ناهايىتى مۇهىم ئورۇندا تۇرىدۇ، ئەلۋەتتە. قورام تاشلار نەچچە گەز ئېگىزلىكتە ساڭگا ۋەهىمە سېلىپ ساڭگىلاپ تۇرىدۇ. يەر ئۈستىدە كەتمەن، گۈرجەك، جوتۇ، قاتارلىق قوراللار قولاقنى يارغۇدەك ئاۋاز چىقىرىدۇ. ئابدۇراخمان قۇربان ئەسلىھەلەرنى قەرەلىدە تەكشۈرۈپ تولۇقلاپ تۇراتتى. بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنى باشتىن - ئاخىر تەلەپ قىلاتتى. شۇنداقتىمۇ بىر كۈنى كۆتۈلمىگەن ئەھۋال يۈز بەردى. بىر نەپەر خەنزۇ ئىشچى 12 مېتىر ئېگىزلىكتىن چۈشۈپ كېتىپ هاياتى خەۋپ ئىچىدە قالدى. ئابدۇراخمان قۇربان دەرھال ئورۇنلاشتۇرۇپ، تېزلىك بىلەن ئۇنى داۋالاش ئورنىغا ئاپاردى. جىددىي قۇتقۇزۇش ئۈنۈم بېرىپ ئۇ هايات قالدى...... بۇ ئىش يۈز بېرىپ كۆپ ئۆتمەي 40 مېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى كارىز شەكىللىك سۇ يولىدا هادىسە يۈز بەردى. ئۇ كۈنى ئابدۇراخمان قۇربان كارىز ئىچىگە قويۇلۇۋاتقان بېتون قۇرۇلمىغا چىڭداش ماشىنىسى سېلىۋاتاتتى. بىر چاغدا ئىبراھىم هاپىزنىڭ ۋەهىملىك ئاۋازى پۈتۈن لەخمە ئىچىنى لەرزىگە كەلتۈرۈۋەتتى.

—ئابدۇراخمان ئاكا! تېز كېلىڭ، تېخنىك ۋاڭ دۇڭخۇنى توك تۇتۇۋالدى!

شۇ ئان نەق مەيدانغا ئابدۇراخمان قۇربان يېتىپ كەلدى. ھەقىقەتەن ۋاڭ دۇڭخۇنى توك سىمى قورشىۋالغانىدى. نەچچە ئون كىشى ئۇنى قۇتقۇزۇشقا ئاتلانغان بولسىمۇ ئامال بولماي قالدى. ئابدۇراخمان قۇربان ئۆزىنى توختىتىپ ئالدى بىلەن توك مەنبەسىنى ئۈزۈپ تاشلىدى. ۋاڭ دۇڭخۇنى سۇنئىي نەپەس ئالدۇردى. ئۇ كېيىن هوشىغا كېلىپ، ئابدۇراخمان قۇربانىڭ قولىنى سىقىپ كۆز يېشى قىلدى.

1979 ـ يىلى 5 ـ ئايدا چوڭ كۆل (ئىستانسا ئۇلى) دا جىددىي بىتون قۇيۇلۇۋاتاتتى. ئابدۇراخمان قۇربان سېمونت، قۇم ـ شېغىل سۈپىتىگە دىققەت قىلغاچ، دېھقانلار بىلەن بىرگە سېمونت لاي توشۇۋاتاتتى. «بوك» قىلغان ئاۋاز ئۇنى چۆچۈتىۋەتتى. بۇ چاغدا دىياۋگۇا پارتلاپ تۆت دېھقاننى يارىلاندۇرغانىدى. ئابدۇراخمان قۇربان ئىش ئورنىدىكى ئىشلارنى تېز ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپلا يارىلانغانلارنى ئۆزى كېچىچە ناھىيەلىك دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىپ داۋالاتقۇزدى. دوختۇر، سېستىرالارنىڭ كۆڭۈل قويۇپ داۋالىشى بىلەن ئىككى كىشى ساقىيىپ ئىش ئورنىغا قايتىپ كەلدى. لېكىن، ئىككى نەپەر ياش دېھقاننىڭ پۇت سۆڭىكى ئېغىر زەخىملەنگەنلىكتىن، مېيىپ بولۇپ قالدى. ئابدۇراخمان قۇربان ئۇلارنىڭ كەنتلىرىگىچە بېرىپ تۇرمۇشىنى ئېلېكتىر ئېنېرگىيە شىركىتى، خەلق ئىشلار ئىدارىسى قاتارلىق ئورۇنلار ئارقىلىق ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇردى.

ۋاقىت نۇر تېزلىكىدە ئۆتۈپ، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە 1980 ـ يىلى 10 ـ ئاي يېتىپ كەلدى. تۇغراق سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسى ئاساسىي جەھەتتىن پۈتۈپ، تېخنىكلارنىڭ قۇراشتۇرۇشىغا، ئىنچىكە قۇرۇلمىلارنى ئىشلىشىگە تاپشۇرۇپ بېرىلدى. بۇ جەرياندا قوماندانلىق ئىشتابىنىڭ ئىشخانىسى ئۆستەڭ بويىغا سېلىنغان بىر ئېغىزلىق تاش ئۆيگە يۆتكىلىپ نۇرغۇن مۇرەككەپ ئىشلارنىڭ پىلانى ئاشۇ تار بىر ئېغىزلىق تاش ئۆيدە تۈزۈلدى. ئاشۇ ئۆيدە پەن جەنپو، ئابدۇراخمان قۇربان ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرى نۇرغۇن چىگىش مەسىلىلەرنى ھەل قىلدى. ئۇلار ئەسلىدىكى قۇم بارخانلىرى بىلەن قورشالغان بۇ چۆللۈككە مەڭگۈلۈك ئابىدە تىكلەپ، ھەربىر قۇرۇلما، ھەربىر بىتون تاختا، ھەربىر جاھازلاردا، ھەتتا تاش ـ شېغىللاردىمۇ قول ئىزىنى قالدۇردى. كېيىنكى كۈنلەردە ئابدۇراخمان قۇربان يەنە باش بولۇپ، تۇغراق سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسىنىڭ توكىنى ناھىيەگە ۋە يېزىلارغا يەتكۈزۈش سەپىرىگە ئاتلاندى. كېرىيە شەھەر ئىچى يورۇدى، بىر قىسىم يېزىلارغا توك تارتىلدى، دېھقانلار جىنچىراغ بىلەن خوشلاشتى...... ئەمدى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا زامانىۋى قۇدۇق كولاپ، سۇ مەنبە ئورنى قۇرۇپ توك

ئارقىلىق يەر ئاستى سۈيىنى تارتىپ يەر سۇغىرىش ۋەزىپىسى تۇراتتى. بۇ ۋەزىپىمۇ ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى ئەڭ يۈكسەك ئارزۇ ئىدى.

1981 - يىلىدىن 1984 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا كېرىيەدە يەنە بىر ئەھمىيەتلىك قۇرۇلۇش باشلاندى. ئۇ بولسىمۇ «بوستان» ۋە «ئويتوغراق سۇ مەنبە رايونى» قۇرۇلۇشى ئىدى. ئابدۇراخمان قۇربان يەنىلا تەشەببۇسكارلىق بىلەن بۇ قۇرۇلۇشلارغا قاتنىشىپ باشلامچىلىق رول ئوينىدى. ئىككى سۇ مەنبە رايونىدا 71 قۇدۇق قېزىلىپ، ئاپتوماتىك ھالدا ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. ئېلېكتىر چىرىغىنىڭ يورۇقى كۆزلەرنى قاماشتۇرۇپ چاقنىدى. شور دەستىدە چاڭقىغان زېمىن سۇغا تويۇندى. كېرىيە ئابدۇراخمان قۇربانغا ئوخشاش ئوغلانلىرىنىڭ تىنىمسىز ھىممەتلىرى، باتۇر خەلقىنىڭ بىر يەگدىن قول چىقىرىپ، مۇرىنى مۇرىگە تىرەپ ئىشلىشى، «شەرق قىزاردى سۇ ئامبىرى»، «توغراق ئېلېكتىر ئىستانسىسى» ۋە ئىككى ئورۇندىكى سۇ مەنبە ئورنىنىڭ پۈتۈشى بىلەن تەرەققىيات كۆكىگە ئۇچۇش ئۈچۈن قۇدرەتلىك ھەم مۇستەھكەم قاناتقا ئىگە بولدى.

1996 - يىلى 11 - ئايدا مەن كېرىيە تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىنى يارىتىۋاتقان «شەرق قىزاردى» سۇ ئامبىرى، «توغراق ئېلېكتىر ئىستانسىسى» ھەم ئىككى ئورۇندىكى سۇ مەنبە ئورنىدا ئاشۇ يىللىرى بۇ قۇرۇلۇشلارغا يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلغان يۇرت سۆيەر ئوغلانلارنىڭ ئىزىنى ئىزلاپ، خاتىرە يېزىش پۇرسىتىگە مۇيەسسەر بولدۇم. كۆلمى شۇنچە چوڭ «شەرق قىزاردى » سۇ ئامبىرى مۇستەھكەم توغانلارنىڭ مۇھاسىرىسىدە بەئەينى سەددىچىن سېپىلىدەك قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇپتۇ. ئۇ ھازىرغا قەدەر بىرەر قېتىممۇ باغرىدىكى سۇنىڭ دولقۇنىغا باش ئېگىپ خەلققە جاپا سالماپتۇ. ئەتراپىدىكى ئىھاتە ئورمانلار ئۇنى چارباغنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى زۇمرەت كۆلگىلا ئوخشىتىپ قويۇپتۇ. مەن ئېگىزلىكى 20 مېتىرچە كېلىدىغان ھەيۋەتلىك توغاننىڭ ئۈستىگە چىقىپ، ئەتراپقا نەزەر سېلىۋاتقان ۋاقتىمدا ماڭا ھەمراھ بولۇپ كەلگەن كوئىنلۇن ئېلىش بېشى قۇرۇلۇشىنىڭ باشلىقى، ئاشۇ يىللاردىكى كۈچتۈڭگۈر يىگىت ئىبراھىم ھاپىز تۆۋەندىكى ئىما قىلىپ:

— ئەنە مۇشۇ ئورۇندا ئابدۇراخمان قۇربان پاتقاقتا ملىنىپ يىقىلغاندا مەن ئۇنى تارتىۋالغان، — دېدى. شۇ ئان قۇلاق تۈۋىمدە ئاشۇ يىللاردىكى شاۋقۇن-سۈرەنلەر، ئابدۇراخمان قۇرباننىڭ «غەيرەت! غەيرەت قىلايلى! » دىگەن جەزىبىلىك ئاۋازى ئاڭلانغاندەك بولدى. كېيىن توغراق سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسىغا كەلگەن ۋاقتىمدا ئۆزۈمنى ئەپسانىلەردىكى غايىۋى دۇنياغا كېلىپ قالغاندەك ھېس قىلدىم. ياپيېشىل دەرەخزارلىق ئارىسىغا يوشۇرۇنغان ئىستانسا ھەم ئۇنىڭ مەشغۇلات ئورنى يېڭىدىن بەرپا قىلىنغان كۆركەم شەھەرگىلا ئوخشايتتى.

— بۇ دەل - دەرەخلەردە ئابدۇراخمان قۇرباننىڭ قول ئىزى بار ئۇكام. ئۇ ھەر بىر تۈپ دەرەخنى بىرنەچچە قېتىم تۈتۈپ پەرۋىش قىلغان. چۆلنى بوستان قىلىش دىگەن مۇشۇ ئەمەسمۇ، — دېدى مېنىڭ كۆككە بوي سوزغان رەتلىك تېرەكلەرگە زوقلىنىۋاتقانلىقىمغا دىققەت قىلغان سەيدىئاخۇن ئاكا ھاياجان ئىچىدە. «بىرىنچى تەشمە» دەپ ئاتىلىدىغان لەخمە يېنىغا كەلگەن ۋاقتىمدا ئىبراھىم ھاپىز لەخمىنى كۆرۈپ بېقىشىمنى ئېيتتى. بىراق، مەن بىرنەچچە مېتىر چوڭقۇرلۇققا كىرىپلا يەنە تۈۋەنگە چۈشۈشكە جۈرئەت قىلالمىدىم. شۇ ئەسنادا ئىبراھىم ھاپىزنىڭ چوڭ كۆزلىرىدە ياش لىغىرلاپ قالدى. ئۇ تىترەك ئاۋازدا:

— بۇ لەخمە 40 مېتىر چوڭقۇرلۇققا چۈشكەندىن كېيىن توغرىسىغا داۋام قىلىپ، توغراق زاكوغىچە بولغان بىر يېرىم كىلومېتىر دائىرىگىچە داۋام قىلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ئابدۇراخمان قۇرباننىڭ قولىدىن ئاققان قانلارنىڭ دېغى بار، — دېدى. ئۆز قۇلىقىمغا ئىشەنمەيلا قالدىم. 40 مېتىر چوڭقۇرلۇققا چۈشۈپ يەنە بىر يېرىم كىلومېتىرغىچە سوزۇلغان بۇ لەخمىنى كېرىيەلىكلەرنىڭ پەقەت گۈرجەك، تاغار، كەتمەن، ھارۋىغا تايىنىپ كولاپ چىققانلىقىغا زادى ئىشەنگۈم كەلمىدى. ئەپسۇس، رېئاللىق كۆز ئالدىمدا تۇرۇپتۇ.

دەرۋەقە «شەرق قىزاردى» سۇ ئامبىرى بىلەن «توغراق ئېلېكتىر ئىستانسىسى» ۋە ئىككى ئورۇندىكى سۇ مەنبە ئورنى قۇرۇلۇپ ئىشقا

كېرىشتۇرۇلگەندىن كېيىن، كېرىيە ناھىيەسىنىڭ يېزا ئىگىلىك، سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىدا، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىدا ۋە خەلق تۇرمۇشىدا غايەت زور تەرەققىيات ۋە ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى. «شەرق قىزاردى» سۇ ئامبىرىغا پەسىللىك كەلكۈن سۈيى قويۇلۇپ، سۇ مىقدارى نەچچە 10 مىليون كۇب مېتىر كۆپەيگەنلىكى ۋە ئىككى سۇ مەنبە ئۇرنىنىڭ سۇغىرىش كۆلىمىلا 30 مىڭ مودىن ئېشىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئەتىياز پەسلىدىكى سۇ جىدديلىكى پەسەيتىلىپ، بۇغداي سۇغىرىش كۆلىمى زور دەرىجىدە كۆپەيدى. شۇنىڭدىن كېيىن، بۇغداينىڭ بىرلىك ھوسۇلى يىلىغا 8.7% بويىچە ئېشىپ باردى.

كېرىيە ناھىيەلىك سۇ ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى مەمتىمىن ھاشىم ماڭا «شەرق قىزاردى» سۇ ئامبىرى ۋە «توغراق سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسى» نىڭ ھازىرقى كېرىيەنىڭ ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىش باھار شامىلى ئاستىدىكى رولىنى تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— «شەرق قىزاردى» سۇ ئامبىرى قۇرۇلغاندىن تارتىپ ھازىرغا قەدەر مەسىلە كۆرۈلمىدى. بۇ ئۇنىڭ ئۆز ۋاقتىدا مۇستەھكەم قۇرۇلغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. بۇرۇن ناھىيە بويىچە ئازغىنە تېرىلىدىغان بۇغدايغا ئاران بىر-ئىككى قېتىم سۇ قويۇلاتتى. ھازىر تۆت - بەش قېتىم سۇ قويۇلىدۇ. شۇڭا، تونىلىق ئېتىز بەرپا قىلىشتا قىلچە غەم قىلمايمىز. ئىلگىرى 25 مىڭ مو ئەتراپىدا كېۋەز تېرىلاتتى. ھازىر 120 مىڭ مو ئەتراپىدا كېۋەز تېرىيمىز. بۇغداي 20 مىڭ مودىن كۆپىيىپ 130 نەچچە مىڭ موغا يەتتى. ئويتوغراق خەلقى بۇرۇن كۈزلۈك ئۇسا قىلىنغان يەرلەرنىڭ ھۆل توپىسىنى ئېلىپ ئورەككە تۆكۈپ، شۇنىڭغا قوناق تىكەتتى. توغراق سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسغا تايىنىپ قۇرۇلغان سۇ مەنبە ئۇرنىنىڭ رولىدىن پايدىلىنىپ ھازىر 10 مىڭ مودىن ئارتۇق بۇغداي، 15 مىڭ مودىن ئارتۇق كېۋەز تېرىلىپ، تارىختىي يۈكسىلىش بارلىققا كەلدى. ئويتوغراقتا بۇغداي تېرىلماسلىق مەڭگۈ كەلمەسكە كەتتى. ناھىيەمىزدە يەنە 30 مىڭدىن ئارتۇق ئائىلە ئېلېكتىر چىرىغى ياندۇرۇپ، جىنچىراغقا خاتىمە بەردى.

مەن گەرچە ناھىيەمىزنىڭ بۇ زور قۇرۇلۇشلىرىغا ئۆز ۋاقتىدا ئوقۇش

ۋە باشقا خىزمەتلەر تۈپەيلىدىن باشتىن - ئاخىر قاتناشمىغان بولسامۇ، ھازىر ئۆزۈم مەسئۇل بولۇۋاتقان بۇ ساھەدىكى خىزمەتلەر ئۆز ۋاقتىدا ھەقىقەتەنمۇ ئىلمىي، ئىراقنى كۆرەرلىك بىلەن ئىشلەنگەنلىكىدىن ھەر ۋاقىت سۆيۈنىمەن، بولۇپمۇ يولداش ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ بىۋاستە يېتەكچىلىكىدە كېرىيە دەرياسى بويلىرىدىكى ئەسلىدە خەلقتە جاپا سىلىپ كەلگەن 14 كەلكۈن مۇداپىئە نۇقتىلىرىنىڭ ئۆز ۋاقتىدا سېمونت ۋە تاش بىلەن پۇختا ياسىلىپ، ھازىرقى ۋاقىتتا دېھقانلارنىڭ زىممىسىدىكى نۇرغۇن يۈكنى يېنىكلەشتۈرۈپ كەلگەنلىكىدىن مەنلا ئەمەس، بارلىق كېرىيەلىكلەر رازى بولۇپ كەلمەكتە. يۇقىرىقى ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ خەلقپەرۋەرلىك، يۇرت سۆيەر خىسلەتلىرى چاقناپ تۇرماقتا. ئۇ بىزنىڭ روھىمىزغا ھەر ۋاقىت كۈچلۈك مەدەت بېرىپ ئۈلگە بولماقتا......

توغرا، دۇنيادا ئۆز ۋەتىنىنى، ئۆز خەلقىنى سۆيۈشتىن ئۆزگە بەخت ئىنسانغا يار بولمايدۇ. بىر ئادەم ئۆزىنى خەلق باغرىغا ئاتالىسلا ئۇ ئەبەدىيلىك بەخت تاپقان بولىدۇ. شاۋقۇنلۇق، جاراھەتلىك يىللار قوينىدا ئاجايىپ قىممەتلىك روھ ئابىدە بولۇپ قالدى. يېڭى جۇمھۇرىيىتىمىزنىڭ يېشى بىلەن تەڭ بولغان 20 نەچچە ياشلىق دېھقان ئوغلى ئابدۇراخمان قۇربان بۈنىڭدىن 20 نەچچە يىل مۇقەددەم بولغان ئاشۇ يىللاردا كېرىيەدىن ئىبارەت چوڭ پويىزنى سۆرەپ كېلىۋاتقان «شەرق قىزاردى» سۇ ئامبىرى، «توغراق سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسى» قاتارلىق ئورۇنلاردا ساپ مېھنەت تەرى بىلەن ئۆچمەس ئىز قالدۇردى. ئۇنى ھەم قەھرى بار، ھەم مېھرى بار سۆيۈملۈك كېرىيە دەرياسى تولىمۇ تونۇيدۇ. توغراق سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسىنىڭ ھەربىر بېتون قۇرۇلمىلىرى ئۇنىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى كۈچلۈك بىلەكلىرىنى ھەر ۋاقىت ئۇنتۇمايدۇ. ئاچارچىلىق، مۇشكۇلات ئۇنى تولىمۇ ئۆچ كۆرىدۇ. «پولات ھاكىم» نىڭ ئىزىنى بېسىپ خەلققە نۇرغۇن ياخشى ئىش قىلىپ بەرگەن بۇ يىگىت جاپا - مۇشەققەت قوينىدا تاۋلانغان ئىرادە بىلەن 80 - يىللارغا قاراپ كېتىپ قالدى. ئۇنى ئەمدى قايسى ئىشلار كۈتۈپ تۇرىدىكىن، توغراق ۋە

سۆكتىكى يېڭى ئەپسانىلەردىن بىرگە تېگىشلىكى ناھايىتى كۆپ بولسىمۇ، بىراق بىز مۇشۇ يەردە چەكلەندۇق.

## تويۇنۇش يولىدا قالغان ئىزلار

80 - يىللار خەلقىمىز ئۈچۈن ئاجايىپ مۆلچەرلىگۈسىز يېڭىلىنىش بولغان دەۋر بولدى. جۇملىدىن كىرىيەلىكلەرمۇ موھتاجلىق، بۇرۇقتۇرمىلىق، نامراتلىق، بېكىنمىچىلىك ئىچىدىن يۇلقۇنۇپ چىقىپ ئۆزىنى ئىزدەشكە باشلىدى. ھەربىر كىشى شۇنچە يىللاردىن بېرى ئوبيېكتىپ ۋە سوبيېكتىپ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن نامراتلىق پاتقىقىدا ئۆمىلەپ سەرسانلىقتا يۈرلىنىپ قالغانلىقىدىن قاتتىق ئۆكۈنۈشكە باشلىدى. ئادەم ئۈچۈن بۇ دۇنيادا ئۆزىنى تونۇماسلىقتىن ئارتۇق بەختسىزلىك بولمايدۇ، جۇملىدىن كىرىيەلىكلەر ئۆزىنى تونۇشقا باشلىغان ئاشۇ يىللاردا روھىي سولغۇنلۇقتىن خالىي بولالمىدى. مۇنبەت تۇپراق شۇنچە يىللاردىن بۇيان تەلۋىلىك ئىلكىدە ئۇنۇمنى يوقىتىش گىردابىغا بېرىپ قالغاچقا، نادانلىق ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىپ كەلگەچكە، خەلقنىڭ يېمەك - ئىچمەككە بولغان ئېھتىياجى بارلىق ئېھتىياجىدىن ئۈستۈن ئىدى. ئەمەلىيەتتىمۇ ئادەمنىڭ ئوزۇقلىنىشى ئىشلەش ئۈچۈن بولىدۇ. ئىشلەش ئۈچۈن قورساق توق بولۇش كېرەك. قەد كۆتۈرۈش ئۈچۈن جاسارەت كېرەك. روھىي سولغۇنلۇقنىڭ ئاساسى باشقىلارنىڭ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، خېلىلا ئىلگىرىلەپ كەتكەنلىكىدىن بولدى. بىز نېمىشقا ئىلگىرىلىمەيمىز، پاراۋوز ئاللىقاچان تەييار بولغانغۇ؟!

كىرىيەلىك ئويغاندى. ئۇلار ئەسلىدە ياخشى سىياسەتكە، روھىي ئىلھامغا، ئىشەنچ ھەم ئۈمىدكە موھتاج ئىدى. پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى زىچ ھەمكارلىشىپ ئالدى بىلەن كىرىيەنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى ئاساس، چارۋىچىلىق ۋە باشقا كەسىپلەرنى قوشۇمچە قىلىدىغان جۇغراپىيەلىك ئالاھىدىلىكىنى ئاساس قىلىپ، ئاساسىي مەۋقەنى يېزا ئىگىلىكىگە قاراتتى. بىر ئەۋلاد كىرىيەلىك بار ئىمكانىيەتنى يېزا

ئىگىلىكىنى ئۆنۈپرسال تەرەققىي قىلدۇرۇشقا قارىتىپ، ئۆزلىرىنىڭ كۆمۈلۈپ قالغان ئىقتىدارىنى كۆرسىتىشكە باشلىدى. مانا مۇشۇ كۈرەش باشلانغان كۈنلەردە، يەنى 1980 ـ يىلى «پولات ھاكىم» نىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ يۈرىدىغان ياش تەرجىمان يىگىتمۇ 30 ياشقا قەدەم قويۇپ، ھاياتلىقنىڭ نۇرغۇن ئىسسىق ـ سوغۇقلىرىنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ پىشىپ يېتىلدى. رەھبەرلىك ئۇنىڭ سىياسىي جەھەتتە پىشىپ يېتىلگەنلىكى، خىزمەتنى ئەستايىدىل ئىشلىگەنلىكى، ئەمەلىي نەتىجىسى، تەشەببۇسكارلىقى، ئەمەلىيەتچانلىقىنى نەزەرگە ئېلىپ، ئۇنى ناھىيەلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىق ۋەزىپىسىگە قويدى. دېھقان ئوغلى ئابدۇراخمان قۇربان ئەنە شۇ كۈندىن باشلاپ ھەم مۇشكۈل، ھەم ئىنچىكە، ھەم ئىقتىدار تەلەپ قىلىدىغان رەھبەرلىك خىزمىتىگە قەدەم باستى.

كېرىيەلىكلەر جىگدە دەرىخىنى ياخشى كۆرىدۇ. جىگدە دەرىخى باشقا دەرەخلەرگە ئوخشاش غايەت زور ئىقتىسادىي ئۈنۈم ھاسىل قىلالمىسىمۇ، ئەڭ قەدىرلىكلىكى ئۇ ئانا يۇرت قويىنىدىكى ھەر قانداق تۇپراقتا يىلتىز تارتىپ تەبىئەتكە يېشىللىق ئاتا قىلىدۇ. جۇت، بوران، شۇرغانغا باش ئەگمەيدۇ. مۇبادا ھەربىر كىشى ئانا ۋەتەنىنىڭ قەيىرىگە بارسۇن ھامان ئۆمۈمىنىڭ مەنپەئەتىنى بىرىنچى ئورۇندا قويۇپ ئاشۇ جىگدە دەرىخىدەك يىلتىز تارتالىسا، ئۇنىڭدىن ھەممە كىشى سۆيۈنىدۇ، ئۇنى قەدىرلەيدۇ. توغراق ۋە سۆكتىكى جاسارەت ھەم ئەل سۆيەرلىك ئابدۇراخمان قۇرباننىڭ سەممىيلىكى، خەلقچىللىقى بىلەن مەسئۇل كادىر بولۇپ ئىشلىگەندىمۇ مەۋجۇتلۇقىنى يوقاتمىدى، بەلكى تېخىمۇ ۋايىغا يەتتى. كادىرلارنى تەكشۈرۈپ سىناش، چۈشىنىشتىن يېرا دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرىنى سەپلەش، ئاساسىي قاتلاملارغا چوڭقۇر چۆكۈپ، پارتىيەنىڭ «ئۈچ يىغىن، بىر دەرس» تۈزۈمىنى تۇرغۇزۇش، پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش جەھەتلەردە ئۈلگە تىكلەپ، كادىرلار ۋە پارتىيە ئەزالىرىنىڭ باشلامچىلىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ نامرات ئائىلىلەرگە يار ـ يۆلەك بولۇش تەشەببۇسكارلىقىنى كۈچەيتتى.

بۇ نەتىجىلىك ۋە ئەھمىيەتلىك خىزمەتلەر پۈتۈن ناھىيەدە باخشى تەسىر پەيدا قىلىپ، كىرىيەلىكلەرنىڭ ئالقىشىغا مۇيەسسەر بولدى. ۋىلايەت، ئاپتونوم رايوندىكى پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە، تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى. ئۇ تەشكىلات خىزمىتىدە ياراتقان نۇرغۇن ئەمەلىي تەجرىبىلەر باشقا جايلارغا كېڭەيتىلىپ، مول مېۋىلەرنى بەردى. كىرىيەنىڭ نامرات، قالاق ھالىتى ئۇنىڭ قەلبىنى كىچىكىدىن باشلاپ ئۆرتەپ كەلگەچكە، ئۇ تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ ئۆز فۇنكسىيەسىنى تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ ھەربىر خىزمىتىنى كىرىيەنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ، قەددىنى كۆتۈرۈشتەك زور كۈرەش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئىشلىدى. خەلق ئادىل باھالىغۇچى، 1984-يىلى 3-ئايدا ئابدۇراخمان قۇربان كىرىيە ناھىيەلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھاكىملىقىغا تەيىنلەندى. گەرچە ئۇنىڭ ھاياتىدا زور بۇرۇلۇش ھاسىل بولغان بولسىمۇ قەلبىدىكى ئەل-يۇرت سۆيگۈسى ئۇنى يەنىلا باشلامچى بولۇش، ئەمەلىي ئىشلەش، ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىش، ھەر دائىم خەلقنىڭ تىنچ-ئامانلىقىنى، بەخت - سائادىتىنى ئويلاش، دەردىگە دەرمان بولۇشتەك ياخشى ئىستىل بىلەن يۇرت ئىچىدە ھەممە سۆيۈندىغان، ھەممە رازى بولىدىغان رەھبىرىي كادىر قىلىپ يېتىشتۈردى.

ھوقۇق بىر ئادەمنىڭ ئۆمرىدىكى بەخت-تەلەينىڭ بىشارىتى ئەمەس، شۇنداقلا ئۆزىنى سەمرىتىشنىڭ، باشقىلار ئالدىدىكى ئابرۇيىنى جاكارلاشنىڭ ۋاستىسىمۇ ئەمەس، ئۇ پەقەت خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى پۇرستى. شۇڭا، ھەممىدە چوقۇم خەلقنى رازى قىلىشنى چىقىش قىلىش كېرەك. يولداش ئابدۇراخمان قۇربان مانا بۇ ھەقىقەتنى باشتىن - ئاخىر ئۆزىنىڭ خىسلەت رىسالىسى قىلىپ ئىشلىگەچكە، خەلق ئۇنى قوللىدى. كىرىيە كۈندىن - كۈنگە يېگىلىنىشقا، دېھقانلارنىڭ قورسىقى تويۇنۇشقا، كىيىمى پۈتۈنلىنىشكە قاراپ يۈزلەندى. بەزىلەر ئۇنى «ئەمدى ئۇ قولىدا ئەمەلىي ھوقۇق بولغاندىكىن قول ئاستىدىكىلەرگە ئوبدان جېكىلەپ قويۇپ ھاردۇقىنى چىقارسا بولاتتى. ئۇنىڭ ھازىرغىچە كىرىيەدىكى ھەربىر بۇلۇڭ -

پۇچقاقتا ئاياغ ئىزى، ھەربىر قۇرۇلۇشتا قول ئىزى تۇرسا» دېيىشتى.
ئەپسۇس، ئۇلارنىڭ بۇخىل كۆيۈملۈك سۆزلىرى ئابدۇراخمان قۇربان ئۈچۈن خاتا ئىدى. دەرۋەقە، ئۇ ئۆز ئارزۇسى ئالدىدا بۇنداق قىلىشنى دۇرۇس ھېسابلىمىدى، بەلكى قەلبىدىكى ئارزۇ - ئارمانلىرىنى تېزرەك ئىشقا ئاشۇرالماسلىق ئۇنى كېچە - كۈندۈز ئازابلاپ باردى.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن جۇڭگونىڭ 20-ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىكى قىياپىتىنى ئۆزگەرتىش يولىدا غايەت زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىشتىن ئىبارەت شانلىق يولنى بەرپا قىلدى. يېرىم ئەسىرگە يېقىن بۇرۇقتۇرمىلىققا چۆمگەن خەلقنى بۇ يولغا باشلاش ئۇنچىمۇ ئوڭاي ئەمەس. ئالدى بىلەن رەھبەرلىك ئىستىلىنى ياخشىلاش كېرەك. ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ دېھقانلارنى ئىشەنچ ھەم جاسارەت بىلەن تولۇق تەمىنلەش كېرەك. ئابدۇراخمان قۇربان ئەنە شۇ خىيال ئىچىدە ناھىيەلىك پارتكوم شۇجىسى مەتتوختى جامال بىلەن بىرگە ناھىيەنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەتقىق قىلىپ بىر قاتار ئىلمىي يوللارنى بەرپا قىلىشقا باشلىدى.

ئالدى بىلەن خەلقنىڭ تويۇنۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، يېزا ئىگىلىكىنى ئۇنىۋېرسال تەرەققىي قىلدۇرۇش، يېزا ئىگىلىك كەسپىي قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش، دېھقانچىلىق بىلەن چارۋىچىلىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى ھەل قىلىپ، ئۇنى بىر-بىرىگە خىزمەت قىلدۇرۇش، يەنى ئاشلىق مەھسۇلاتىنى ئۇدا، مۇقىم ئاشۇرۇش ئۈچۈن دېھقانچىلىق بىلەن چارۋىچىلىقنى بىرلەشتۈرۈش، دېھقانچىلىق ئارقىلىق چارۋىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، چارۋىنى تاغلىق رايونلاردا كۆپەيتىپ، كەنتتە بېدە، ئوت-چۆپ تېرىش كۆلىمىنى كېڭەيتىش، تۈزلەڭ رايونلاردا بورداش ئارقىلىق تاغلىق رايونلاردىكى ئوت-چۆپ يېتىشمەسلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ھەمدە دېھقانچىلىق رايونلىرىدىكى ئائىلىۋى ئوغۇت يېتىشمەسلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن بىر مو ئاق يەرگە تۆت تۇياق چارۋا توغرا كېلىش، يەنە شال تېرىش، تالنى ئاساس قىلغان باغۋەنچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئۈچ- بەش يىلغىچە تىرىشىش ئارقىلىق كېرىيە ناھىيەسىدە ئاشلىقتا

ئۆزىنى تەمىنلىگەندىن سىرت «تۆت 60 مىڭ مولۇق بازا» قۇرۇپ چىقىش، يەنى 60 مىڭ مو تال سېلىش، 60 مىڭ مو شال تېرىش، 60 مىڭ مو بېدە تېرىش، 60 مىڭ مو كېۋەز تېرىش قاتارلىق تەدبىرنى تۈزۈپ چىقىپ يولغا قويۇشقا باشلىدى.

ئىلمىي نەزەرىيە ئىلمىي ھەقىقەتنىڭ ئاساسى. كېرىيەنىڭ ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىپ يولغا قويۇلغان بۇ ئۇسۇلنىڭ ئۈنۈمى ناھايىتى يۇقىرى بولدى. شۇ مەزگىللەردە تال 40 مىڭ موغا، شال 36 مىڭ موغا، بېدە 70 مىڭ موغا، كېۋەز 60 مىڭ موغا يېتىپ، خەلقنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشتا كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر بارلىققا كەلدى. دېھقانچىلىق سېلىنمىسى يىلمۇيىل ئاشۇرۇلۇپ، ئىلمىي ئۇسۇلدا دېھقانچىلىق قىلىش، ئېتىز - ئېرىق ئاساسىي قۇرۇلۇشىنى زامانغا، ئېھتىياجغا ماس ھالدا يۈكسەلدۈرۈش كۈرىشى كېرىيەنىڭ يېزا ئىگىلىك قىياپىتىگە يېڭى تۈس بەخش ئەتتى. دېھقانلارنىڭ چىرايىدىكى سېرىقلىق بارغانسېرى يوقىلىپ، ئىشلەپچىقىرىشتىكى تەشەببۇسكارلىق يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

ناھىيەلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى مەمتىمىن مەتسىدىق سۆيۈنۈش ئىچىدە مۇنداق دەيدۇ:

— ھاكىم ئابدۇراخمان قۇربان ھۆكۈمەتنىڭ ئومۇمىي خىزمەتلىرى بىلەن ئاساسىي قاتلام خىزمەتلىرىنى ماسلاشتۇرۇپ، تەرتىپلىك ئىشلەشتە بىرگە ئالاھىدە ئۈلگە تىكلەپ بەردى. ئۇ ۋاقىتقا بەكمۇ ئەھمىيەت بېرەتتى. ئۇنىڭ كۈندىلىك خىزمەت تەرتىپى ھەم ھەپتىلىك خىزمەت تەرتىپى بار ئىدى. سەككىز سائەتلىك خىزمەت ۋاقتىدىن سىرتقى ۋاقىتلاردىمۇ خەلقنىڭ دەردىنى، پىكرىنى ئاڭلايتتى. بىر كۈنى مەن سەھەردە ئۇنىڭ خەلق ھۆكۈمىتى بىناسىنىڭ ئالدىدا ئايلىنىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ «بىرەر زۆرۈر ئىش بولسا كىرەك،» دەپ ئويلاپ يېنىغا كەلسەم، ئۇ ماڭا كۈلۈمسىرەپ قاراپ:

«باشقا ئالدىراش ئىش يوق. ماڭا پىكىر-تەلىپى بار دېھقانلار، كادىرلار ئەتىگەندە ئىزدەپ كېلىدىكەن، بەزىلىرى ئۆيگە كىرىشتىن خىجىل بولۇپ مۇشۇ يەرلەردە كۈتۈپ تۇرىدىكەن، شۇڭا ھەر كۈنى سەھەر تۇرۇپ، خىزمەتكە چۈشۈپ بولغۇچە ئۇلارنىڭ پىكىر-تەلەپلىرىنى

ئاڭلاپ بىر تەرەپ قىلىش ئادىتىنى يېتىلدۈردۈم» دېدى. مەن كېيىنكى يىللاردا ئۇنىڭ ئاشۇ خىل ئۇسۇل بىلەن نۇرغۇنلىغان دېھقانلارنىڭ پىكىر - تەلەپلىرىنى بىر تەرەپ قىلىپ، زور ئۇنۇم ھاسىل قىلغانلىقىنى كۆردۈم. يەنە ئۇنىڭ ئاددىي سەرەمجانلاشتۇرۇلغان مېھمان كۈتۈش ئۆيى دېھقانلارنىڭ، كادىرلارنىڭ، ئاجىز - ئورۇق، يېتىملارنىڭ ئازادە ئولتۇرۇپ ئەھۋال ئېيتىدىغان خانىسى بولۇپ كەلدى. ئۇلارنىڭ نۇرغۇن قىيىنچىلىقلىرى مۇشۇ يەردە ھەل بولغانىدى. مەن كۆپ ھاللاردا ئۇنىڭ دەم ئېلىش ۋاقىتلىرىدا ئۆيگە كەلگەن پېشقەدەم دېھقانلار بىلەن دېھقانچىلىق ھەققىدە سەمىمىي مەسلىھەتلىشىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرەتتىم. ئۇنىڭ ئاساسىي قاتلاملارغا بېرىپ نەق مەيداندا خىزمەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان ۋاقتى بىلەن ئىشخانىدا ئىش بېجىرىدىغان ۋاقتى بىرگە ئوخشاش كادىرلارغىلا ئەمەس، چەت، يىراق يېزا - قىشلاقلاردىكى دېھقانلارغىمۇ ئېنىق ئىدى. ئۇ خۇددى ھەسەل ھەرىسى گۈل - گىياھلاردىن گۈل شىرنىسى يىغىپ كەلگەنگە ئوخشاش، يېزىلارغا، دېھقانلار ئارىسىغا بېرىپ ناھىيەمىزنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى يۈكسەلدۈرۈشنىڭ ئىلمىي يوللىرىنى تېپىپ كېلەتتى.

ھەقىقەت پەقەت ئەمەلىيەت ئارقىلىقلا ئىسپاتلىنىدۇ. ئابدۇراخمان قۇربان كېرىيەنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى يۈكسەلدۈرۈشتە بۇ ئىسىل ئىدىيەۋى قورالدىن ئۈنۈملۈك پايدىلاندى. ئۇ كىچىكىدىن باشلاپ دېھقانلار بىلەن قان قېرىنداش بولۇپ، كېرىيەنى ھەم كېرىيەدىكى يېزا ئىگىلىكىگە پايدىلىق بولغان بارلىق تۈرلەرنى پىششىق بىلگەچكە، ئۇنىڭ يېزا ئىگىلىكىگە قاراتقان بىرنەچچە خىل كۆرسەتمىلىرى ئۆز قەرەلىدە ئۈنۈم بەردى. ئۇ باشتىن - ئاخىر مەركەزنىڭ يېزىلارغا قاراتقان تۈرلۈك ئىقتىسادىي سىياسەتلىرىنى مەركەز قىلغان، شۇنداقلا يەرلىكنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكىنى تولۇق نەزەرگە ئالغان ئاساستا ئەنئەنىۋى دېھقانچىلىق رامكىسىنى يۈرەكلىك ھالدا بۇزۇپ تاشلاپ، ئاشلىق تېرىلغۇ كۆلىمىنى مۇۋاپىق قىسقارتىپ، بىرلىك ھوسۇلنى ئاشۇرۇش، ئىقتىسادىي زىرائەت ۋە باغۋەنچىلىكنى زور كۈچ بىلەن يۈكسەلدۈرۈش، كۆپ خىل ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ، يېزا - بازار كارخانىلىرىنى زور كۈچ بىلەن

يۈكسەلدۈرۈش، دېھقان-چارۋىچىلارنىڭ كىرىمىنى يىلمۇيىل ئاشۇرۇش يۈنىلىشى بويىچە خىزمەتلەرنى قانات يايدۇردى.

كېرىيە ئاتالغۇسى تارىخىي مەلۇماتلاردا «قىرىيار» دېگەن سۆزنىڭ بۇزۇلۇپ تەلەپپۇز قىلىنىشى بولۇپ، كېرىيەنىڭ تارىختا يارلىق، ئېگىز-پەسلىك كۆپ ماكان ئىكەنلىكىنى ئىزاھلاپ بېرىدۇ. دېمىسىمۇ كېرىيەنىڭ دېھقانچىلىقنى زامانغا ماس ھالدا يۈكسەلدۈرۈپ، ئىلمىي ئۇسۇلدا تېرىقچىلىق قىلىشتا دۇچ كېلىدىغان مەسىلە تولىمۇ ئۇنۇمدارلىقنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشى، قۇملىشىش ھەم شورلىشىش ئاپەتلىرىنىڭ كۆپ بولۇشىلا ئەمەس، بەلكى يەر شەكلىنىڭ ئېگىز-پەسلىكى بولۇپ، بۇ قولايسىزلىق ئىلمىي ئاساستا سۇغىرىپ، سۇنى تېجەپ ئىشلىتىشكە ۋە يەرنىڭ ئۇنۇمدارلىقىغا تەسىر كۆرسىتىپ كەلگەنىدى. 1985-يىلىدىن كېيىن ئابدۇراخمان قۇربان ناھىيەلىك پارتكوم رەھبەرلىرى بىلەن بىرگە «60 مىڭ مولۇق تۈت بازا» قۇرۇلۇشى، سالالاشقان تونىنىلىق ئېتىز بەرپا قىلىش پىلانىنى تۈزۈپ چىقىپ، يەرلەرنى پىلانلىق لايىھەلەش، يول، بەلباغ ئورمان، ئۆستەڭ، سۇغىرىش ئېرىقى قاتارلىق دېھقانچىلىق ئاساسلىرىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئەمەلىيەتكە، يىراق كەلگۈسىگە ماس ھالدا پىلانلاپ، مەسلىھەتلىشىش، ئۆزئارا كېڭىشىش ئۇسۇلى بىلەن تېرىلغۇ يەرلەرنى ئومۇميۈزلۈك تەرتىپكە سالدى. ئېگىز-پەس يەرلەر تۈپتۈز سالا ئېتىزلارغا ئايلاندى. تانابتەك يوللار، ئېرىق-ئۆستەڭلەر ۋە ئورمان بەلباغلىرى كىشىنىڭ مەسلىكىنى كەلتۈردى. يەرلەرنىڭ تۈزلىنىشى يېزا ئىگىلىكىدىن ئۇدا مول ھوسۇل ئېلىشتا مۇھىم رول ئوينىدى. بۇ خىل پىلاننى ئورۇنداشتا دېھقانلارنىڭ مەنپەئەتىنى چىقىش قىلىپ، بىھۇدە ئاۋارىچىلىكنىڭ ھەم زىيان-زەخمەتنىڭ ئالدىنى ئالدى.

كېرىيەلىك ھەربىر دېھقان بۇ خىل توغرا، ئەمەلىي يېتەكچىلىكنىڭ تۈرتكىسى بىلەن قەددىنى كۆتۈردى. 1984-يىلى پۈتۈن ناھىيەنىڭ ئاشلىق ھوسۇلى 56 مىڭ 63 تونىنا بولغان بولسا، 1991-يىلى 85 مىڭ 795 تونىنغا يېتىپ، يىللىق ئوتتۇرىچە ئېشىش سۈرئىتى 8.1% بولدى. كېۋەز كۆلىمى 1984-يىلدىكى 37 مىڭ مودىن يىلمۇيىل ئاشۇرۇلۇپ،

1991 ـ يىلىغا كەلگەندە 63 مىڭ موغا، هوسۇلى 1984 ـ يىلىدىكى 898 تونىدىن 1991 ـ يىلىغا كەلگەندە 4 مىڭ 866 تونىغا يەتتى. يېزا ئىگىلىك، سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 1984 ـ يىلىدىكى 63 مىليون 800 مىڭ يۈەندىن 1991 ـ يىلىغا كەلگەندە 132 مىليون 420 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 78 مىليون 620 مىڭ يۈەن ئاشۇرۇلدى. 1984 ـ يىلى كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە كىرىم 154 يۈەن بولغان بولسا، 1991 ـ يىلى 433.30 يۈەن بولدى.

ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ كېرىيەنىڭ ئەمەلىيىتىگە ماس هالدا ئوتتۇرىغا قويغان يېزا ئىگىلىكىنى يۈكسەلدۈرۈش پىلانىمۇ يۇقىرىقى سانلىق سىلىشتۇرما ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن زور نەتىجىگە ئوخشاشلا، يەنە بىر يۈكسىلىشكە تۈرتكە بولدى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ كېرىيەدىكى چارۋا نەسلىنى ياخشىلاشتا ئىشلىگەن بىر قاتار خىزمەتلىرى ھەقىقەتەن كىشىنى قايىل قىلىدۇ. ناھىيەلىك چارۋىچىلىق ئىدارىسىنىڭ سابىق باشلىقى باقى تۇردى ماڭا ئۆز ۋاقتىدىكى كېرىيە ناھىيەسىنىڭ چارۋىچىلىق تەرەققىيات ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— ھاكىم ئابدۇراخمان قۇربان 1985 ـ يىلىدىن كېيىن ناھىيەمىزنىڭ چارۋىچىلىق ئىشلىرىغا باشقا خىزمەتلەرگە ئوخشاشلا ئەتراپلىق يېتەكچىلىك قىلىپ، ئىلگىرىكى يىللاردىكى بىر ئىزدا توختاپ قېلىش ئەھۋالىغا خاتىمە بەردى. ناھىيەمىزنىڭ قوي نەسلىنى ياخشىلاشتا ئۆزى باش بولۇپ، «مېرىنوس نەسىللىك قوي فېرمىسى» دىن 14 تۇياق لىنكىن قوچقىرىنى كىرگۈزۈپ، ئالدى بىلەن دۆلەت ئىگىلىكىدىكى قوي خوجىلىق ئورنىنى مەركەز قىلىپ سىناق قىلدى. ئۇنىڭ كۆرۈلگەندىن كېيىن، پۈتۈن ناھىيە مىقياسىدا قوي نەسلىنى كېڭەيتىش چاقىرىقىنى يولغا قويۇپ، 100 ئورۇندا نەسىللەندۈرۈش پونكىتى قۇرۇپ ۋە يېتەرلىك تېخنىك خادىملارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ناھىيەمىزنىڭ 200 مىڭ تۇياققا يېقىن يەرلىك قويىغا %40 يېڭى شالغۇت قان تىپى كىرگۈزۈشنى ئىشقا ئاشۇردى. نەتىجىدە، ناھىيەمىز قويلىرىنىڭ جۇغى چوڭ، گۆش، يۇڭ مىقدارى كۆپ بولۇشتەك ۋەزىيەت شەكىللەندى. بۇ جەرياندا ئۇ چارۋىچىلىق مەركەزلەشكەن دەريا بويى،

ئاتچان يېزىلىرىنى ئۆزى نۇقتا قىلىپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، چارۋىلاردا كۆپ كۆرۈلىدىغان پارازىت قۇرت، چىچەك، كۆيدۈرگە قاتارلىق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا يەنىلا ئۆزى باشلامچىلىق رولىنى ئوينىدى. ناھىيەمىز شۇنىڭ بىلەن چارۋىچىلىقتا يۈكسىلىش ھاسىل قىلىپ ئىقتىسادىي ئۈنۈم يىلمۇيىل ئاشتى. دېھقان-چارۋىچىلارمۇ چارۋىچىلىقنىڭ ئەمەلىي ئۈنۈمىنى كۆردى. چارۋا كېرىيە دېھقانلىرىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىدىكى مۇھىم تۈۋرۈككە ئايلاندى.

مەن كېرىيە ناھىيەلىك ئىستاتىستىكا ئىدارىسىنىڭ كادىرى ئابلىكىمنىڭ خاتىرىسىدىن مۇنداق سانلىق نىسبەتلەرنى كۆچۈرۈۋالدىم: «ناھىيەمىزنىڭ 1984-يىلىدىكى چارۋىسى 453 مىڭ 816 تۇياق بولۇپ، 1991-يىلىغا كەلگەندە 521 مىڭ 732 تۇياققا يەتكەن، تاۋار چارۋا 1984-يىلىدىكى ‹0› دىن 1991-يىلى 130 مىڭ تۇياققا يەتكەن». مانا بۇ سانلىق مەلۇماتلار يېزا ئىگىلىك بىلەن چارۋىچىلىق ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلۈپ كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلىنغان ياخشى بىر ۋەزىيەتنى نامايان قىلىدۇ. يولداش ئابدۇراخمان قۇربان بىر تەرەپتىن ئىجادچانلىق روھىنى ئۇرغۇتۇپ دېھقانلار ۋە چارۋىچىلارنى ئىلمىي ئۇسۇل ۋە ئىلغار تېخنىكا يولىغا باشلىسا، يەنە بىر تەرەپتىن سىناق ئارقىلىق ئەمەلىي تەجرىبىنى كەڭ تۈردە قانات يايدۇرۇپ نەق مەيداندا ئۈنۈمىنى ئىسپاتلاپ، مەجبۇرلاشتىن قايىل قىلىش باسقۇچىغا ئۆتۈپ، دېھقان-چارۋىچىلارنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى قوزغىدى. دېھقان-چارۋىچىلارغا قەرەللىك، پىلانلىق يەن-تېخنىكا ئۆگىنىش كۇرسلىرىنى ئېچىپ، ئىشلەپچىقىرىشنى نورمال قانات يايدۇرۇپ، يېزا ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى ھەم مۇناسىۋەتلىك تېخنىكا كادىرلىرىنىڭ يېتەكچىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇردى. ھەربىر تۈردىكى باشلامچىلارغا، تېخنىكىلارغا يول ئېچىپ بەردى. ئىختىساسلىقلارنى ھۆرمەتلىدى ۋە ئۇلارغا ئۆز ئىقتىدارىنى كۆرسىتىشكە مەيدان ھازىرلاپ بەردى.

كېرىيە يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ گۈرۈچ ماكانى بولغانلىقىدىن پەخىرلىنىدۇ. كېرىيە گۈرۈچىنىڭ داڭقى يىراقلارغىچە تارقالغان بولۇپ، گۈرۈچكە ئېھتىياجلىق كىشىلەر ئۆزۈن مەنزىللەرنى بېسىپ كېرىيەگە

كېلىشىدۇ. 1985 ـ يىلىدىن كېيىن كېرىيە ناھىيەسىنىڭ ھەر ساھە خىزمەتلىرى يۈكسىلىپ يېڭى ۋەزىيەت بەرپا بولۇۋاتقان كۈنلەردە بۇ ناھىيەدىكى كەلگۈسى تەرەققىيات پىلانىغا كىرگۈزۈلگەن «بوستان» شالچىلىق رايونىمۇ ئۆيقۇسىدىن ئويغىنىپ كەتتى. 30 مىڭ مودىن ئارتۇق بۇ شالچىلىق رايونىدا دېھقانلارنىڭ بەس ـ بەس بىلەن ئىلمىي يول ئۈستىدە ئىزدىنىش ھالىتىنى كۆرگىلى بولىدىغان بولدى. ئەلۋەتتە، بۇغداي، قوناق بولغان يەردە ئىقتىسادىي قىممىتى يۇقىرى بولغان گۈرۈچ بولۇشى كېرەك.

ئون نەچچە يىلدىن بېرى بۇرۇقتۇرمىلىق پاتقىقىغا پېتىپ سۈكۈت ئىچىدە ياتقان بۇ گۆھەر زېمىن بەئەينى مېھنەت قىلغانىدىلا ھالاۋەت كۆرۈشنى بىلىدىغان دېھقانىنىڭ كۆڭلىگە ئوخشايدۇ. بۇ كۆڭۈلگە سەن قانچىلىك شەپقەت قىلساڭ ئۇ سېنىڭ شەپقىتىڭگە ئۆز قەرەلىدە ئۆزىنىڭ ھالاۋىتى بىلەن جاۋاب قايتۇرىدۇ. ئابدۇراخمان قۇربان بالىلىق دەۋرىدىن باشلاپ مېھرىنى تۆكۈپ كەلگەن بۇ زېمىن ھەققىدە يىراق ئىستىقبالغا ئىگە بولۇپ، كېرىيە ئىگىلىكىنى يۈكسەلدۈرۈشتە يەنە بىر قانات ئىدى. ئۇ بۇرۇن شاللىقتا بوز يەر ئاچقان مەزگىللەردە دادىسى مەتقۇربان ئاخۇن ئاكىغا ئەگىشىپ كېلىپ بۇ يەردىكى پاتقاقلارغا مىلەنگەن، ياشلىق ناخشىلىرىنى ئېيتقان. ئۇ مەسئۇل كادىر بولۇپ كېرىيە ئۈچۈن ئۆز تالانتىنى بەخش ئېتىشكە باشلىغاندىن كېيىن، بۇ زېمىننى ئويغىتىش پىلانىنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، باسقۇچلۇق، سىستېمىلىق خىزمەتلەرنى قانات يايدۇردى.

ئالدى بىلەن ئەينى ۋاقىتتىكى پارتكوم شۇجىسى مەتتوختى جامال بىلەن بىرلىكتە مەسلىھەتلىشىپ، شاللىق رايونىنىڭ باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىدە چوڭ قازاننى چېقىپ تاشلاپ، يەرنى ئائىلىلەرگىچە ھۆددە بېرىشنى ئەمەلىيلەشتۈردى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ بۇ زېمىندىكى يىللارنىڭ بوران ـ چاپقۇنلىرىدا تاشلىنىپ سازلىققا ئايلىنىپ كەتكەن نەچچە ئون مىڭ مو يەرنى ئۆزگەرتىپ، كۆلەمنى ئاشۇرۇش ئىشىنى نۇقتىلىق تۇتتى. بۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن يەر قۇتقۇزۇلۇپ، يېشىللىققا تولغان سالا ئېتىزلار بارلىققا كەلدى. ئۇ تېرىلىپ كەلگەن يەرلەرگە

قوشۇلۇپ كۆز يەتكۈسىز شاللىق رايونغا ئۆزگەردى ۋە دېھقانلارنىڭ كىرىمىنىڭ ئېشىشى، تۇرمۇشىنىڭ ياخشىلىنىشىدا مۇھىم رول ئوينىدى. نەتىجە نۆۋىتىدە يوشۇرۇنۇۋالغان يېتەرسىزلىكلەرنى ئاشكارىلايدۇ. گەرچە «بوستان» شالچىلىق رايونىدىكى كۆلەم ئاشۇرۇلۇپ، يەر قۇتقۇزۇۋېلىنغان ۋە يىلمۇ يىل مول ھوسۇل ئېلىنىپ، خەلق خۇشال بولۇۋاتقان بولسىمۇ، شاللىقنىڭ شال ئۇرۇقىنى ئالماشتۇرۇش جەريانىدا بىر قاتار مەسىلىلەر يۈز بەردى.

1988 - يىلىدىن باشلاپ كېڭەيتىلىشكە باشلىغان «781» شال سورتى باشقا قېرىنداش ناھىيەلەردە زور ھوسۇل بېرىپ، ئالقىشلىنىپ كەلگەن بولسىمۇ، «بوستان» شالچىلىق رايونىدا ئەھۋال ئۇنداق بولمىدى. «ئىشەنگەن تاغدا كېيىك ياتماپتۇ» دېگەندەك، ھەممە كۆز تىككەن بۇ سورت نېمىشقىدۇر «بوستان» شالچىلىق رايونىنىڭ ھەممىلا يېرىگە ماسلاشمىدى. شۇ يىللاردا بىر قىسىم دېھقانلار شاللىقتىن زور زىيان تارتتى. ئۇدا ئىككى يىل پۈتۈن شالچىلىق رايونىدا ئۈچ - تۆت مىڭ مو يەر ئاق قالدى. بۇ ئەھۋال ئابدۇراخمان قۇربانىنى قاتتىق ئويغا سالدى. مەغلۇبىيەت غەلىبىنىڭ ئاساسى. مۇستەھكەم ئىرادە بولغاندىلا ھەرقانداق ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولىدۇ. ئابدۇراخمان قۇربان ئۇدا ئۈچ ئايغا يېقىن «بوستان» شالچىلىق رايونى قوماندانلىق ئىشتابىدىكى ھەم ناھىيەلىك تېخنىكا كېڭەيتىش پونكىتىدىكى مۇتەخەسسىسلەرنى تەشكىللەپ، شاللىق رايونغا بېرىپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. پېشقەدەم شالچىلارنى بۇ مەسىلە ئۈستىدە ئىزدىنىپ كۆرۈشكە چاقىردى. ئاخىر ھەممە بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە كۈرەش قىلىش ئارقىلىق مەغلۇبىيەتنىڭ سەۋەبى ئۆزىنى ئاشكارا قىلدى. ئەسلىدە كېرىيە «بوستان» شالچىلىق رايونىدىكى يەرلەرنىڭ كۆپ قىسمى بۇلاق سۈيى چىققىدىغان پاتقاق يەرلەر ۋە شورلۇق يەرلەر بولۇپ، «781» دىن ئىبارەت قاتتىق تۇپراققا ماسلىشىدىغان سورت بۇ يەرگە ماسلاشمىغانىدى.

ئابدۇراخمان قۇربان تېخنىكلار بىلەن جاپالىق تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، بۇ خۇلاسىنى يەكۈنلەپ چىققاندىن كېيىن، تۇپراق ئۆزگەرتىش پىلانىنى جىددىي تۈزۈپ، دېھقانلار، كادىرلارنى بۇ

پائالىيەتكە ئورتاق سەپەرۋەر قىلدى. ئابدۇراخمان قۇربان بۇ مەسىلىنى ئىنچىكە تەھلىل قىلىپ، يەنىلا ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىش كېرەك، قاراپ تۇرۇپ دېھقانلارغا زىيان سېلىشقا بولمايدۇ ھەم كېرىيەنىڭ شالىلىقىنىڭ ئەمەلىيىتىنى ئاساس قىلىش، ھەم تۇپراق ئۆزگەرتىپ باشقا ئەلا سورتلارنى كېڭەيتىشنى تېزلىتىش كېرەك. كېرىيە شالىلىقىغا قانداق ئورۇق باب كەلسە، قايسىسىدىن ھوسۇل كۆپ چىقسا شۇنى تېرىش كېرەك دېگەن يۈنىلىشتە چىڭ تۇرۇپ، ھەر دەرىجىلىك كادىرلارغا قائىدە سۆزلەپ ماسلاشتۇرۇپ، ئەمەلىي پاكىت ۋە پەن-تېخنىكىنىڭ قۇدرىتىنى تەشۋىق قىلىپ بېرىپ، بىرنەچچە قارار شالچىلىق ئىشلەپچىقىرىش كۇرسىغا ئۆزى بىۋاسىتە رىياسەتچىلىك قىلىپ، پۈتۈن ناھىيە خەلقىنىڭ دىققەت مەركىزى بولۇپ كېلىۋاتقان بۇ مەسىلىنى ھەل قىلدى. ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ ھەممىدە ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىش روھى بويىچە «ئۆزگەرتىلگەن قاتتىق تۇپراققا ‹781› سورتىنى تېرىش، ئۆزگەرتىلىش ئالدىدا تۇرغان تۇپراققا باشقا سورتلارنى تېرىش، شالىلىقتا قايسى خىل ئورۇق ئوبدان بولسا شۇنى تېرىپ، دېھقانلارنى ئارزۇسىغا قاراپ يېتەكلەش، تۇپراققا قاراپ ئورۇق سورتىنى بەلگىلەش» دېگەن كۆرسەتمىسى كەڭ دېھقان، كادىرلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى.

كېرىيە ناھىيەلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ سابىق مۇدىرى ئەيسا ئىبراھىم ئاشۇ قېتىمقى ئىشلارنى ئەسلەپ ماڭا مۇنداق دېدى:

— مەن 30 نەچچە يىل يېزىلاردا، ناھىيەدە رەھبەرلىك خىزمىتىنى ئىشلىدىم. راستىنى ئېيتسام شۇ قېتىمقى «بوستان» شالچىلىق رايونىنىڭ ئەلا سورتلارنى ئومۇملاشتۇرۇش بىلەن ھەممىدە ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىش ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەش ھەممە كىشىنى جەلپ قىلدى. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ئابدۇراخمان قۇربان يېتەكچىلىك قىلىش بىلەن تەربىيەلەشنى تەڭ تۇتۇپ، سەممىي چۈشەندۈرۈش ئارقىلىق بۇ مەسىلىنى ھەل قىلدى. مەن ئۇنىڭ بۇ خىل ئەمەلىيەتچىل روھىدىن تەسىرلەندىم. ئىسلاھاتتا يول ئېچىپ ئىلگىرىلەش، دېگەن مۇشۇ .

جاي يېزىسىدىكى شالچىلىق كەسپىي ئائىلىسى مەتتوختى ئاخۇن سەيپۇڭ، ئەخمەتتوختى ئاخۇنلار، شەنبە بازىرىدىكى ئىككىنچى ئەۋلاد

شالچىلىق كەسپىي ئائىلىسى بارات ماموتلار ئۆزلىرىنىڭ ئون نەچچە يىللىق شال ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتى جەريانىنى تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېيىشتى:

— ئىلگىرى بىز رادىيو ۋە تېلېۋىزورلاردىن پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ ئىلمىي ئۇسۇلدا تېرىقچىلىق قىلغاندا مول ھوسۇل ئالغىلى بولىدىغانلىقىنى كۆپ ئاڭلىغان بولساقمۇ، ئەنئەنىۋى تېرىقچىلىق ئۇسۇلى ئۇزۇن مۇددەت پۇتىمىزنى چۇشەپ كەلگەچكە، يېڭىلىققا كۆچۈشتە جاھىل بولۇپ كەلگەنىدۇق. ئابدۇراخمان قۇربان ھاكىم بۇنىڭدىن بىرنەچچە يىل ئىلگىرى شاللىق رايونىدا بىزگە ئىلمىي ئۇسۇلدا ئەلا سورتلارنى كېڭەيتىش ھەم كېرىيە شاللىقىنىڭ ئەمەلىيىتىنى ئاساس قىلىپ ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىشنى بىرنەچچە قېتىم تەكىتلىگەنىدى. بىز ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە ئىشلىدۇق. مانا ئارىدىن ئون نەچچە يىل ئۆتۈپ كەتتى، شالدىن ھەر يىلى مول ھوسۇل ئالدۇق، ئۆيلىرىمىزنى يېڭىلاپ سېلىۋالدۇق، بانكىدا بەش - ئالتە مىڭ يۈەندىن ئامانەت قويدۇق. ئۇ ۋاقىتتا بىز شاللىق رايونىدىن قايتىپ چىقىپ باشقا كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللىنىشنى ئويلىغان. ھازىر بىزنى بىر كىم بۇ يەردىن كەت دېسىمۇ ھەرگىز ئۇنىمايمىز. ھازىرمۇ بىز ئابدۇراخمان قۇربان ھاكىمنىڭ شۇ چاغدىكى كۆرسەتمىسى بويىچە بىر تەرەپتىن تۇپراق ئۆزگەرتىپ، بىر تەرەپتىن ئەلا سورتلارنى ماسلاشتۇرۇپ تېرىۋاتىمىز......

شۇ ۋاقىتلاردا ئابدۇراخمان قۇربان شاللىق رايونىغا بولغان رەھبەرلىكنى قاتلامۇ قاتلام كۈچەيتىپ بىر قاتار ھەل قىلغۇچ خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. «بوستان» سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسىنىڭ سۇ ئامبىرى ئۇزاقتىن بۇيان شاللىق رايونىنىڭ شورلىشىپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولۇپ كەلگەنىدى. «جاندىن كەچمىگۈچە جانانغا يەتكىلى بولماس» دېگەنىدەك، 1988 - يىلى بۇ سۇ ئامبىرىنىڭ تۇغىنى قويۇپ بېرىلدى. بۇ ئۇسۇلنىڭ ئۈنۈمى مۆلچەرلىگەندىنمۇ ياخشى بولدى. ئابدۇراخمان قۇربان يەنە شالچىلىق رايونىنىڭ يول، توسما، ئۆستەڭ قاتارلىق قۇرۇلۇشلىرىغا 600 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ ئاجرىتىپ

شاللىق رايوننى ئومۇميۈزلۈك راۋانلاشتۇردى. مېھنەتنىڭ ھالاۋىتى بولدۇ. 1984 - يىلى شاللىق رايونىدىكى تېرىلغۇ كۆلەم 28 مىڭ 100مو بولۇپ، 1991 - يىلىغا كەلگەندە 31 مىڭ موغا كۆپەيدى. مو بېشى ھوسۇلى 1984 - يىلى 224 كىلوگىرام بولغان بولسا، 1991 - يىلى 350 كىلوگىرامغا يەتتى. يىللىق ئوتتۇرىچە ئېشىش سۈرئىتى 5.2% بولدى. ئومۇمىي ھوسۇلى 1984 - يىلى 6864.5 توننا بولغان بولسا، 1991 - يىلى 3.7 نىسبەت بىلەن ئېشىپ 8899 توننىغا يەتتى.

ئابدۇراخمان قۇربان كېرىيەنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى ئۇنىۋېرسال تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئاشلىقنىڭ ئومۇمىي ھوسۇلى بىلەن بىرلىك ھوسۇلنى مۇقىم ئاشۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، يەنە بىر تەرەپتىن دېھقانلارنى ئىقتىسادىي زىرائەت ۋە قوشۇمچە ئىشلەپچىقىرىش بىلەن كەڭ دائىرىدە شۇغۇللىنىشقا يېتەكلەپ، باغۇەنچىلىك، باقمىچىلىق، ھويلا - ئاران ئىگىلىكى قاتارلىق قوشۇمچە ئىگىلىك يولىنى كەڭ دائىرىدە ئاچتى. شەنبە بازار، لەڭگەر، كۆكيار، ئارىش قاتارلىق باغۇەنچىلىك ئالاھىدىلىكىگە ئىگە يېزىلاردا سىناق قىلىپ ئىشلەپ، ئۇنى پۈتۈن ناھىيەگە كېڭەيتتى. ناھىيە بويىچە ئۆزۈمنى ئاساس قىلغان باغۇەنچىلىك ئىنتايىن تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىپ بۇنىڭ بىلەن دېھقانلارنىڭ كىرىمى يىلدىن - يىلغا ئېشىپ ئاكتىپچانلىقى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. كېۋەز كۆلىمى 1984 - يىلىدىكى 37 مىڭ مودىن بىر قاتلىنىپ 63 مىڭ موغا كېڭەيتىلدى. بىرلىك ھوسۇلى 24 كىلوگىرامدىن 77كىلوگىرامغا يەتتى، ئومۇمىي ھوسۇلى 27.3 ئوتتۇرىچە نىسبەت بىلەن ئېشىپ، 898 توننىدىن 4866 توننىغا يەتتى.

70 - يىللاردىكى كىشىنىڭ باغرىنى خۇن قىلىدىغان موھتاجلىق بارغانسېرى كېرىيەدىن چېكىنىشكە باشلىدى. قانداقلا بولمىسۇن كېرىيەلىك ئاق نانغا تويۇنۇشقا، ئاچارچىلىق ئىلكىدە مۆلدۈرلەپ تۇرغان كۆزلەر نۇرلىنىشقا باشلىدى. 80 - يىللارنى كېرىيە خەلقى كېرىيەنىڭ ئالتۇن دەۋرى دەپ ئاتاشتى، مانا ئەمدى بۇ گەۋدىلەردىن زامانغا خاس يېڭى تەلەپلەرنى، ئۈمىدلەرنى كۈتكىلى بولىدۇ. مانا ئەمدى سۆكتىكى جاسارەتنىڭ تەمىنى، توغراقتىكى مۇشكۇلاتنىڭ بەختىنى سۈرگىلى

بولىدۇ. ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ قىسقىغىنە كۈنلەردە ھاياتتا مەڭگۈلۈك روھ قالدۇرۇش ئىستىلى ھازىرقى كۈنلەردە كىرىيەلىكلەر ئۈچۈن ئۈلگە بولۇپ قالدى. 20 نەچچە يىلدا سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىدا ئۆز كارامىتىنى كۆرسەتكەن يىگىتنىڭ دىگەن - ئەتكەنلىرىنىڭ كىرىيەنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئۇيغۇن ئىكەنلىكى ئەمەلىيەت ئارقىلىق ئىسپاتلاندى. ئۇنىڭغا بىرەر غايىۋى روھ مەدەت بەرگەنمۇ - قانداق؟

## تارىمنىڭ يۈرىكىدە بالقىغان گۈلخان

1989 - يىلى «شىنجاڭ ياشلىرى»ژۇرنىلىدا ئاجايىپ قىزىقارلىق بىر پارچە ماقالە ئېلان قىلىندى. مەزكۇر ماقالىدە بايان قىلىنغان ۋەقە ھازىرقى دەۋر كىشىلىرىنى خېلى يىللاردىن بېرى ئەجەبلەندۈرۈپ كېلىۋاتقان «ئۇچار تەخسە» ، «تاشقى پىلانېت ئادىمى» ، يەر شارى نۇقتىسىدىن ئالغاندا ئافرىقىنىڭ ئىپتىدائىي ئورمانلىقىدا بايقالغان «ياۋايى ئادەم» قاتارلىق سىرلىق مۆجىزاتلارغا بولغان قىزىقىشقا تەڭلىشىپ قالغاندى. بۇ ماقالىنى كىشىلەر قولدىن - قولغا ئۆتكۈزۈپ تەكرار ئوقۇشتى، ئۆزئارا غولغۇلا قىلىشتى. ماقالىدە مۇخبىرنىڭ دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ ئاچقۇچىنى باغرىغا بېسىپ ياتقان تەكلىماكان چۆلىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا ھازىرقى زامان پەن - تېخنىكىسىدىن ھەمدە مەنىۋى ئاڭدىن قىلچە خەۋىرى بولمىغان بىر توپ «ياۋايى» ئادەملەرنى ئۇچراتقانلىقى، بۇ «ياۋايى» ئادەملەر گەرچە فىزىئولوگىيەلىك ئالاھىدىلىك جەھەتتىن ھازىرقى زامان ئادەملىرىگە پۈتۈنلەي ئوخشىسىمۇ، ئاڭ، مەدەنىيەت، ئۆرپ - ئادەت جەھەتتىن خېلىلا پەرقلىق ئىكەنلىكى يېزىلغانىدى، بولۇپمۇ ئەڭ قىزىقارلىقى بۇ كىشىلەرنىڭ «ھۆكۈمەت» ، «تەشكىل» دىگەنلەردىن ئازراقمۇ خەۋىرى بولماسلىقى ئىدى. بۇ خەۋەر بىزنىڭ ئەمدىلا ئىلىم - پەننىڭ يۈكسەك قۇدرىتىنى سېزىش باسقۇچىغا كەلگەن كىشىلىرىمىز ئۈچۈن تولىمۇ قىزىقارلىق تۇيۇلدى. تەكلىماكان چۆلىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تەبىئىي توغراقزار قويندا ئالەمدىن بىخەۋەر بۇ «ياۋايى» ئادەملەرنى «تۇنجى»

قېتىم بايقاپ يوقىرىقى ماقالىنى يازغان ئاپتور كىشىلىرىمىزنىڭ ساددا ئېڭىدا بونىڭدىن نەچچە يۈز يىل ئىلگىرى دۇنيانى كېزىش سەپىرىنى باشتىن كەچۈرگەن سەيياھ ماركوپولودەك ھەم ئامېرىكا قىتئەسىنى تاپقان كولومبودەك يۈكسەكلىكتە كۆرۈلدى.

تولىمۇ ئەپسۇس، ساددا ئاڭ كىشىلىرىمىزنىڭ كۆزىنى ئورىۋالدى. شۇڭا، ئۇلار بۇ جاينىڭ ھەم بۇ «ياۋايى» ئادەملەرنىڭ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تېررىتورىيەسى، يەنى كېرىيە ناھىيە جاي يېزىسىغا قاراشلىق (ئۆز ۋاقتىدىكى قاچون گوڭشې) زېمىن ھەم پۇقرالار ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالمىدى. دەرۋەقە بۇ ئورۇن ھەقىقەتەن مەركەز بويىچە ھېسابلىغاندا كېرىيە ناھىيەسىدىن 270 كىلو مېتىر يىراقلىقتىكى، يەنى تەكلىماكان چۆلىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى تەبىئىي توغراقزار قوينىدىكى گۈزەل ماكان — دەريا بويى ئىدى. بۇ يەردىكى كىشىلەر ئاق كۆڭۈل، قىزغىن، ئىنتايىن مېھماندوست ئىدى، شۇنىڭغا تەن بېرىش لازىمكى، بىز بۇ يەردە ھېلىقى مۇخبىرنىڭ بايانىدىكى «ياۋايى»، «ھۆكۈمەتسىز» دېگەندەك سۆزلەرنى ئېلىپ تاشلىۋەتسەك، قالغان قىسمى دەريا بويى كەنتىنىڭ دەل ئۆزى ئىدى، يەنى نامراتلىق، بۇرۇقتۇرمىلىق، جىمجىت قىياپىتى تەكلىماكاننىڭ سىرلىقلىقىغا ئوخشايتتى. بەلكىم تەكلىماكان ئەسىرلەر قوينىدا يېتىشكەن بۇ ئادىتىنى ئۆز باغرىدىكى بۇ زۇمرەت ماكانغا تارتۇق قىلغاندۇر.

مۇئەللىپ بۇ يەردە دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى نۇرغۇن ئالىم، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ دىققەت مەركىزىگە ئايلىنىپ كېلىۋاتقان بۇ خىلۋەت ماكاننى يۈزە بولسىمۇ دوستلارغا تونۇشتۇرۇشنى زۆرۈر دەپ بىلدى.

دەريا بويى كەنتى — ئاپتونوم رايون بويىچە ناھىيە مەركىزىدىن ئەڭ يىراق، زېمىنى ئەڭ كۆپ، ئولتۇراقلىشىشى تارقاق، ئەڭ خىلۋەت بولۇشتەك نۇرغۇنلىغان ئالاھىدىلىكى بىلەن تارىم گىرۋىكىدىكى بوستانلىقلاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇ باشقا يۇرتلارغا ئوخشاشلا يىراق تارىخقا، گۈزەل ئەپسانە، رىۋايەتلەرگە، رېئال تارىخىي ھادىسىلەرگە، شۇنداقلا ئوتتۇرا ئەسىر تارىم مەدەنىيىتىگە ئىگە ماكان بولسىمۇ، دۇنيادا ئېغىر جىنايەت ھېسابلىنىدىغان نامراتلىق ئۆزاقتىن

بۇيان دەۋر سۈرۈپ كەلگەچكە، بۇ ماكان بىزدىن، بىزنىڭ ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىمىزدىن شۇنچە يىراقلىشىپ، كىشىلەرگە ئىپتىدائىي دەۋرنى ئەسكە سالىدىغان دەرىجىگە بېرىپ يەتكەن. بۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ ھازىرقى زامان پەن - تېخنىكىسىدىن خەۋەرسىز قېلىشى تەكلىماكاننىڭ سىرلىقلىقىدىن ئەمەس، بەلكى جۇغراپىيەلىك شارائىت تۈپەيلىدىن بولغان، خالاس.

تارىخىي مەلۇماتلاردا بۇ جاي 500 يىللار ئىلگىرى كېرىيەنىڭ جاي يېزىسى تۆۋەنجاي كەنتىدىكى باراق جەمەتى بىلەن قارلۇق كەنتى تەكتى جەمەتلىرىدىكى چارۋىچىلارنىڭ يايلاق ئىزدەش سەپىرىدە بايقالغان دەپ بايان قىلىنىدۇ. ئۇ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر تارىختىن بۇيان كېرىيەلىكلەرنىڭ ئۆيىنىڭ تۆرىدىكى قازىنقى بولۇش سۈپىتى بىلەن مەۋجۇت بولۇپ كەلمەكتە. بۇ جاي يوغانتوغراقنىڭ شىمالىدىكى كېرىيە دەرياسىنىڭ تەكلىماكانغا قويۇلىدىغان دائىرىسىدە دەريانىڭ ئىككى قىرغىقىنى ھەم ئاقما چۆكۈندە تۈزلەڭلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلىدۇ. يەر كۆلىمى 21 مىڭ 428 كىۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، كېرىيە ناھىيەسىنىڭ يەر كۆلىمىنىڭ 54% ىنى تەشكىل قىلىدۇ. 1984 - يىلى دەريا بويى كەنتى سابىق قاچۇن گۇڭشېسىغا قاراشلىق دادۈي بولۇشتىن جاي يېزىسىغا قاراشلىق كەنت بولۇشقا ئۆزگەرگەن. بۇ مەزگىلدە بەش مەھەللە گورۇپپا، 174 ئائىلە، 706 نوپۇس بار بولۇپ، چارۋىچىلىققا تايىنىپ ھايات كەچۈرۈپ كەلگەن ھەمدە شۇ مەزگىلدە 23 مىڭ 300 تۇياق چارۋىغا، 2 مىليون 217 مىڭ مو يايلاققا، 23 مىڭ 400 مو يۇلغۇن - چاتقاللىققا ئىگە ئىدى. ئەپسۇس دېمەي ئامال يوق، شۇنچە كەڭ زېمىن، شۇنچە زور تەبىئىي يايلاق دەريا بويى خەلقىگە بەخت ئېلىپ كەلمىسە بولاتتى.

جۇڭگو زېمىنىنى گۈل - گۈلىستانغا ئورىغان پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىنكى ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىشنىڭ باھار شامىلى بۇ خىلۋەت ماكانغا يېتىپ كەلگەن بولسىمۇ، تارىختىن بۇيان ھۆكۈم سۈرۈپ كېلىۋاتقان بىكىنمىچىلىك غالىب كېلىۋەردى. 1987 - يىلىغا كەلگەندىمۇ كىشى بېشىغا توغرا

كېلىدىغان كىرىم 120 يۈەن ئەتراپىدا بولدى. مەنىۋى مەدەنىيەتتىن سۆز ئېچىش يەنىلا مۇمكىن بولمىدى. مائارىپ، سەھىيە دېگەنلەرمۇ ئۇلار ئۈچۈن يات ئىدى. ئۇلارنىمۇ پارتىيەنىڭ مېھىر-شەپقىتىدىن بەھرىمەن قىلىش كېرەك! بۇ، ھاكىم ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ ئۆزىگە قىلغان خىتابى ئىدى.

«دەريا بويى» دېگەن ئىسىم ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە گۈلدۈرمامىدەك دەھشەتلىك ئاۋاز چىقىرىپ، ۋۇجۇدى ئۆكۈنۈش ئىچىدە تولغاندى، كۆز ئالدىدىن ئاشۇ سىرلىق ماكاندىن كېسەل داۋالىتىش ئۈچۈن ناھىيە مەركىزىگە تۆگە، ئېشەككە مىنىپ 15 ــ 20 كۈندىن ئارتۇق قوم كېچىپ، يول ئۈستىدىلا بۇ گۈزەل دۇنيا بىلەن خوشلاشقان نەچچە ئون ئادەم، داۋالاش ئىمكانىيىتى يوق ئۆلۈپ كېتىۋاتقان نۇرغۇن چارۋا، ناھىيە مەركىزىدىن ئاشلىق يۆتكەپ كېلىش ئۈچۈن 20 كۈندىن ئارتۇق يول يۈرۈپ، دەشت چۆلدە ھالىدىن كەتكەن خەلق، مەكتەپ قارىسىنى كۆرمەي ئوقۇشسىز قالغان نەچچە ئون ئۆسمۈر ئۈچۈن ئابدۇراخمان قۇربان دەريا بويى خەلقىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش، مائارىپ، سەھىيە، قاتناش قاتارلىق جەھەتلەردىكى قىيىنچىلىقلىرىنى تېزدىن ھەل قىلىش پىلانلىرىنى كۆڭلىگە پۈكتى ۋە ئادەم باشلاپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ دەردىگە يېتىش قارارىغا كەلدى. ئالدى بىلەن پېشقەدەم كادىرلار، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ رەھبىرىي كادىرلىرى ھەم خەلق ۋەكىللىرى بىلەن ئايرىم-ئايرىم ھالدا دەريا بويى مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ ئىلمىي يولى ئۈستىدە پىكىرلەشتى. ئاخىر ئۇ تايىنىپ كېلىۋاتقان «ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىش، نەق مەيداندا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، مەسىلە ھەل قىلىش» تىن ئىبارەت خىزمەت ئىستىلى ئۇنىڭغا يول باشلىدى.

1988-يىلى كۈز كېرىيە بوستانلىقى قۇياشنىڭ ئىسسىق مېھرىگە چۆمۈلۈپ، كائىنات گۈزەل تۈسكە كىرگەنىدى. بىر كۈنى كېرىيە ناھىيەلىك خەلق ھۆكۈمىتى بىناسىنىڭ ئالدىدىكى كەڭ سەينادىن يەتتە-سەككىز كىچىك ماشىنا 30 نەپەردىن ئارتۇق كىشىنى ئېلىپ ئورۇنلىرىدىن قوزغالغاندا ئەتراپقا توپلانغان كادىر، ئىشچى-خىزمەتچىلەر

ھاياجان ئىچىدە قول پۇلاڭلىتىپ قالدى. ماشىنىلار شەھەر رايونىدىن چىقىپ كېرىيە دەرياسىنىڭ تۈۋەن ئېقىنىنى بويلاپ شىمالغا قاراپ بىرنەچچە سائەت ماڭغاندىن كېيىن كېرىيە بوستانلىقى بىلەن خوشلىشىپ ئاخىرقى چېكى ئۈپۈققىچە سوزۇلغان دەشتى قۇملۇققا قاراپ ئىلگىرىلەشكە باشلىدى. ماشىنىلارنى قۇم ئۈستىدە ئىلگىرىلىدى دېگەندىن كۆرە ئۈمىلىدى، دېگەن تۈزۈكرەك، ئەلۋەتتە. دەريا بويى كەنتىنىڭ مەسئۇللىرى ۋە بىر قىسىم خەلق ۋەكىللىرى نۇرغۇن يول يۈرۈپ، «مازار» دېگەن يەرگە كېلىپ، تارىختىن بۇيان ئۆزلىرىنى تۇنجى قېتىم يوقلاپ كەلگەن ناھىيە مەسئۇللىرى ۋە ئۇلارنىڭ ھەمراھلىرىنى قىزغىن قارشى ئېلىشتى.

سەپەر داۋاملاشتى، ئېگىز-ئېگىز قۇم بارخانلىرى، ئويمانلار ماشىنىلارنىڭ شۇنچە ئاستا سۈرئىتىنىمۇ چەكلەيتتى. ماشىنا ئىچىدە ئولتۇرغانلار بىر پەستىن كېيىنلا ماشىنىدىن چۈشۈپ ھە-ھۇ دېيىشىپ ماشىنىلارنى ئىتتىرەتتى. ماشىنىلار بىرنەچچە مېتىر ئىلگىرىلەپ يەنە قۇمغا پاتاتتى، يەنە ئىتتىرىش باشلىناتتى. بۇ خىل تەكرارلىق بىر كۈندىن ئارتۇق داۋام قىلدى. ئىككىنچى كۈنى ماشىنىلار سۈرئەتنى بىرئاز تېزلىتىپ ئالغا ئىلگىرىلەشكە باشلىدى. ماشىنىدا ئولتۇرغانلار بىر-بىرىگە مەنىلىك قاراپ قويۇشاتتى. دېمىسىمۇ ئۇلارنىڭ ئالدى دەرىجىلىك يۈز يۇيۇش سوپۇنىنىڭ تەسىرىدىنمۇ ياكى جۇت - بورانغا كۆپ ئۇچرىغانلىقىدىنمۇ، ئەيتاۋۇر، پارقىراپ تۇرىدىغان چىرايى قارىداپ بىرلا تۇسكە، لەۋلىرى يېرىلىپ كېزىك بولغان ئادەمنىڭ لېۋىگە ئوخشاپ قالغانىدى. ئالدىدا كېتىۋاتقان ماشىنىدىكى ئېگىز بويلۇق، قامەتلىك كىشىنىڭ ئويچان كۆزلىرى بەزىدە ياشلىنىپ قالاتتى. ئۇ گاھ ئۇھسىناتتى، گاھ چوڭقۇر خىيالغا پاتاتتى. بۇ كىشى ھاكىم ئابدۇراخمان قۇربان ئىدى. ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ كېلىۋاتقان ماشىنىلاردىكى كىشىلەر ناھىيەگە قاراشلىق مۇناسىۋەتلىك ئىدارە-جەمئىيەتلەرنىڭ مەسئۇللىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ بۇ يولدا تۇنجى قېتىم مېڭىشى ئىدى.

ھاكىم ئابدۇراخمان قۇربان كۆز ئالدىدا يېيىلىپ ياتقان قومۇشلۇق دالىغا نەزەر تاشلاپ دەريا بويى خەلقىنىڭ تارىختىن بۇيان مۇشۇ يولدا

ئىشەك، تۆگە يېتىلەپ مېڭىپ ھاياتلىقىنىڭ كاپالىتى بولغان ئاشلىقنى ناھىيە مەركىزىدىن يۆتكەپ كەلگۈچە تارتقان سەپەر ئازابىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى. «بىز ماشىنا بىلەن مېڭىپ شۇنچە جاپا تارتتۇق، دەريا بويى خەلقى قانچىلىك جاپا تارتقاندۇ؟!» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزەتتى. ئىككىنچى كۈنى كەچتە ماشىنىلار بۈككىدە توغراقزارلىق ئارىسىدىكى بىرنەچچە ئائىلە كىشىلىرى ئولتۇراقلاشقان كىچىككىنە بىر مەھەللىگە كېلىپ توختىدى. بۇ مەھەللە دەريا بويى كەنتىنىڭ مەركىزى ئىدى. ھەممەيلەن ئۆزىنى يۇمشاق توپا ئۈستىگە تاشلاشتى. ئۇلارغا ھەددىدىن ئارتۇق ھاردۇق يەتكەنىدى.

ئەتىسى تاڭ سۈزۈلۈش بىلەن تەڭ ھاكىم ئابدۇراخمان قۇربان باشقىلاردىن بۇرۇن ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆي كەينىدىكى يېقىنلا كۆزگە تاشلىنىپ تۇرغان ئېگىز بارخان ئۈستىگە چىقىپ ئەتراپقا زەن سالدى. گىرەلىشىپ ئۆسكەن تەبىئىي توغراقزار، قومۇش، يۇلغۇنلار بىلەن قوشۇلۇپ گۈزەل مەنزىرە ھاسىل قىلغانىدى. قۇشلارنىڭ يېقىملىق سايراشلىرى، كىمدۇر بىرىنىڭ يىراقلاردا ئېيتقان ناخشىسى قۇلاققا يېقىملىق كۈي بولۇپ ئاڭلىناتتى. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي ئۇنىڭ يېنىغا بىرنەچچە يەرلىك كىشىلەر پەيدا بولۇشقا باشلىدى ۋە ئاستا پىچىرلىشىپ:

— ئاجايىپ ئېگىز، بەستلىك كىشىكىنە بۇ!

— توشقانزەدىكى ئالدىغان سودىگەر بولۇشى مۇمكىن.

— يوق - تېرە سودىگىرى ئوخشايدۇ.

— ياق، ئىشقىلىپ كادىر ئوخشايدۇ.

ئۇلار ھاكىم ئابدۇراخمان قۇربان ئۈستىدە ئەنە شۇنداق پەرەزلەرنى قىلىپ ئۈلگۈردى. شۇ ئەسنادا ھاكىمنىڭ ھەمراھلىرى كېلىپ ئۇنى تونۇشتۇردى.

— نېمە، ھاكىم؟

— راست، بۇ كىشى ناھىيەمىزنىڭ ھاكىمى ئابدۇراخمان قۇربانمۇ؟

— راست، مەن شۇ، سىلەرنى يوقلاپ، سىلەرگە قەرز قايتۇرغىلى كەلدىم. سىلەر ھەقىقەتەن جاپا تارتتىڭلار، سىلەرگە بەرگىنىمىز ئاز،

سىلەردىن تەلەپ قىلغىنىمىز كۆپ بولدى. سىلەرنى يوقلاشقا ھەم يەنە...... — ھاكىمنىڭ لەۋلىرى تىترەپ كۆزلىرىدە ياش لىغىرلاپ قالدى. تىلى گەپتىن توختاپ بىردەم سۈكۈت قىلدى.

— تۇرقىدىن ھاكىملىقى چىقىپ تۇرىدىكەن، ئەممازە، ھاكىم دېگەن ئىشخانىسىدا ئولتۇرماي جاپا تارتىپ بۇ يەرگە كېلەمدۇ؟ مەن مۇشۇ يېشىمغا كەلگۈچە بۇ يەرگە ھاكىمنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلىمىغان، ھەتتا ھازىرغىچە يېزا مەسئۇللىرىمۇ كېلىپ باقمىغان، ھەر يىلى بىر - ئىككى كادىر باج ئېلىش ۋە قوي، يۇڭ - تېرە سېتىۋېلىشقا كېلەتتى. چوڭ دادامدىنمۇ ھاكىم كەلگەنلىكىنى ئاڭلىمىغان، — دەپ كۇسۇرلىدى بىرى يېنىدىكى ھەمراھىنىڭ قۇلىقىغا.

توغرا، ھاكىم ئابدۇراخمان قۇربان دەريا بويى يېزىسىغا كەلگەن تۇنجى ھاكىم ئىدى. كىشىلەر كۆز يېشى قىلىپ ئۇنىڭ قولىنى چىڭ سىقىشتى. يۇرتداشلىق، قېرىنداشلىق ياشلىرىنى تۆكۈشتى. شۇ كۈندىن باشلاپ ھاكىم ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ مەسئۇللۇقىدا تەشكىللەنگەن بۇ گۇرۇپپا ئۆز پىلانى بويىچە بىرنەچچە كۈن ئىچىدە دەريا بويىنىڭ ھەممە كەنتلىرىگە بېرىپ، ئائىلىمۇ ئائىلە يوقلاپ بىرىنچى قول ماتېرىيالغا ئېرىشتى. دەريا بويىنىڭ 90-يىللاردىكى تەرەققىياتى شۇ قېتىمقى نەق مەيداندا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، ئىلمىي لايىھە تۈزۈش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۇسۇللىرى، يوللىرى ئۈستىدە ئازادە كېڭىشىش ئارقىلىق بەلگىلەندى. دەريا بويى كەنتىدىكى خەلققە جىددىي كېرەكلىك بولغان ئاشلىق، دوختۇرخانا، مەدەنىيەت ئەسلىھەلىرى، مەكتەپ، مال دوختۇرى، قاتناش، ئالاقىلىشىش تورلىرى ۋە ئىچىدىغان سۇ ئۈستىدە ئەمەلىي ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ بېرىلدى. بۇ جەرياندا گۇرۇپپا ئەزالىرى ھاكىم ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ يېتەكچىلىكىدە دەريا بويى خەلقىدىن ھال سورىدى. قېرى، ئاجىزلارنى يوقلىدى. ئاخشاملىرى يۇمشاق قۇم ئۈستىدە گۈلخان يېقىلىپ نۇرغۇنلىغان مەسىلىلەر مۇھاكىمە قىلىندى. گۈلخان ئەتراپىدا دەريا بويىنى بارغانسېرى چۆكۈپ كېتىۋاتقان ئىپتىدائىي ھالەت قويىنىدىن قايتۇرۇپ كېلىشنىڭ ئىلمىي نەزەرىيەسى يارىتىلدى، گۈلخان ئەتراپىدا دەريا بويى خەلقى تۇنجى قېتىم پارتىيە ۋە

ھۆكۈمەتكە بولغان چوڭقۇر سۆيگۈسىنى ئىزھار قىلىپ ياش تۆكۈشتى. شادلىق ئىچىدە تۈنجى قېتىم ئۇسسۇل ئويناپ نەغمە - ناۋا قىلدى. ئۆزلىرىنى تۈنجى قېتىم يوقلاپ كەلگەن ئەزىز مېھمانلىرىنى ئادىتى بويىچە قوقاسقا كۆمەچ كۆمۈپ مېھمان قىلدى.

گورۇپپا ئەزالىرى دەريا بويى بىلەن خوشلىشىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ھاكىم ئابدۇراخمان قۇربان دەريا بويىنى تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى سابىق ۋالىي غوپۇر ئابدۇللاغا دوكلات قىلدى. غوپۇر ۋالىي ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن، مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ دەريا بويىنىڭ زور قىيىنچىلىقىنى تىزدىن ھەل قىلىشنى ئورۇنلاشتۇردى ھەمدە 1989 - يىلى قىش ئايلىرىدا مۇناسىۋەتلىك سەككىز باشقارمىنىڭ باشلىقلىرىنى جەم قىلىپ ھاكىم ئابدۇراخمان قۇربان ھەم كېرىيەدىكى مۇناسىۋەتلىك يولداشلار بىلەن دەريا بويى كەنتىگە كەلدى. يەرلىك خەلق ئۆزلىرىنىڭ غەمگۇزار رەھبەرلىرىنى كۆرۈپ چەكسىز سۆيۈنۈپ كېتىشتى ھەمدە ئۆزلىرى گەرچە قېرىنداشلىرىدىن شۇنچە يىراق خىلۋەت ماكاندا ھايات كۆچۈرۈپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ ھەرگىز يېتىم ئەمەسلىكىنى، ھەرگىزمۇ ئۇنتۇلغان «ياۋايى ئادەملەر» بولۇپ قالمايدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ، شادلىق ياشلىرىنى تۆكۈشتى. غوپۇر ۋالىينىڭ، ئابدۇراخمان ھاكىمنىڭ قىزغىن غەمخورلۇقى، خەلق قەلبىدىكى رەھبەرلەرگە خاس سەممىي مۇئامىلىسى ئەزەلدىن كەنت مەسئۇللىرىدىن باشقا رەھبەرلەرنى كۆرۈپ باقمىغان دەريا بويى خەلقىنىڭ قەلبىگە يېڭى زامانغا خاس ئۈمىد، ئىشەنچنى، يېڭى زامانغا خاس جاسارەت ۋە قۇدرەتنى بەخش ئەتتى.

ئىككىنچى قېتىم تۇغراقزار باغرىغا گۈلخان يېقىلدى. رەھبەرلەر يەرلىك ئامما بىلەن كەڭ - كۇشادە مۇڭداشتى. پىكىر - تەلەپلەرنى رەتلەپ چىقتى. دەريا بويى خەلقىنىڭ دۇنيادىن، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىن بىخەۋەر قېلىشىدەك بەخىسىزلىكىگە خاتىمە بېرىلدى. ئۇلارنىڭ سۇغا بولغان تەشنالىقى، مائارىپ، مەدەنىيەت، پەن - تېخنىكا، سەھىيە - ساقلىقنى ساقلاش ئىشلىرىغا بولغان جىددىي تەقەززاسى رەھبەرلەرنىڭ ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن قاندۇرۇلدى. بۇ قېتىممۇ رەھبەرلەر دەريا بويىنىڭ ئەڭ ئاخىرىدىكى كەنتىدىكى ئائىلىلەرگىچە

بىرىپ ھال سورىدى. شۇ يەردە ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ «بىز خەلق ئۈچۈن كۆپلەپ ياخشى ئىش قىلىپ بېرىپ، بىر خاتىرە مۇنارىنى خەلق قەلبىگە مەڭگۈلۈك قىلىپ ئورنىتىشىمىز كېرەك» دېگەن سۆزىنى غوپۇر ۋالىي مەمنۇنلۇق بىلەن قۇۋۋەتلىدى.

ھاكىم ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ قەلبىنى خىلىدىن بىرى ئۆرتەپ كېلىۋاتقان بىر خىل ئازاب پەسكويغا چۈشۈشكە باشلىدى. ئۇ شۇ قېتىمقى جەم بولۇشتىن كېيىن ناھىيەدە «دەريا بويىنى گۈللەندۈرۈش قوماندانلىق ئىشتابى» تەسىس قىلىپ، قوماندانلىقنى ئۆزى ئۈستىگە ئالدى. تەييارلىق خىزمەتلىرى پۇختا ئىشلەندى. باقى تۇردى (ئەسلىدىكى چارۋىچىلىق ئىدارىسىنىڭ باشلىقى) قاتارلىق بىرنەچچە يارامىلىق كادىرلار ئالدىنقى سەپكە ئاجرىتىلىپ، دەريا بويى كەنتىدە نامراتلىقتىن، بۇرۇقتۇرمىلىقتىن، بىكىنمىچىلىكتىن قۇتۇلۇشنىڭ دەسلەپكى مارشى ياڭرىتىلدى. تەكلىماكان چۆلىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان زۇمرەت ماكان ئەسىرلەر داۋامىدىكى غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپ ئەتراپقا نەزەر تاشلىدى.

1989-يىلى ئەتىيازدىن باشلاپ بۇ يەردە تۇنجى قېتىم پىششىق خىشتا ئىشلەنگەن ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئىمارەتلەر قەد كۆتۈرۈشكە باشلىدى. ياتاقلىق مەكتەپ، دوختۇرخانا، ئورمان باشقۇرۇش پونكىتى، چارۋا مال دوختۇرلۇق پونكىتى، ئاشلىق، ماي بىلەن تەمىنلەش پونكىتى، مەدەنىيەت پونكىتى، ئامانەت-قەرز كوپېراتىپى قاتارلىق ئورۇنلار ئارقا-ئارقىدىن بارلىققا كەلدى ۋە دەريا بويى خەلقى ئۈچۈن بىۋاستە خىزمەت قىلىشقا باشلىدى. بۇنىڭ بىلەن دەريا بويىدىكىلەر كېسەل بولۇپ قالسا ئۆز دوختۇرخانىسىدا داۋالىنالايدىغان، ئەرزان باھالىق ئاشلىقنى سېتىۋېلىپ يېيەلەيدىغان، پەرزەنتلىرىنى ئازادە، يورۇق سىنىپلاردا ئوقۇتالايدىغان بولدى. يەنە دەريا بويىغا بىر چوڭ قۇدۇق كولاپ دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك ئاساسى كۈچەيتىلدى. ھەممە ئائىلىلەرگە باسما قۇدۇق كولاپ بېرىلىپ، زەي سۇ ئىچىش تارىخىغا خاتىمە بېرىلدى، 1989-يىلى 9-ئايدا تۆمۈر داۋامەت، يۈسۈپ مۇھەممىدى قاتارلىق ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرى غوپۇر ئابدۇللا،

ئابدۇراخمان قۇربان قاتارلىق ۋىلايەت، ناھىيە مەسئۇللىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا دەريا بويى كەنتىگە كېلىپ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى. نەق مەيداندا ئىش بېجىرىپ دەريا بويىنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتىنى كاپالەتكە ئىگە قىلدى ھەمدە دەريا بويى كەنتىنى يېزا قىلىپ ئۆزگەرتىش، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئوبيېكتى قىلىپ ياردەم بېرىشنى بەلگىلىدى. ئۈچىنچى قېتىم دەريا بويى كەنتىدە گۈلخان يېقىلدى. شادلىق ئۈستىگە شادلىق قوشۇلدى.

ھاكىم ئابدۇراخمان قۇربان بۇ خاسىيەتلىك كۈندىن ئالغان تەسىراتلىرىنى گۈلخان يورۇقىدا ئولتۇرۇپ خاتىرىلىۋالدى. يۇقىرى دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىنىڭ دەريا بويى كەنتىگە قىلغان ئالاھىدە غەمخورلۇقىغا تەكرار رەھمەت ئېيتتى. ئۇ ھەم دەريا بويى كەنتىدىكى خەلق ئۈچۈن 1989-يىلى 12-ئاينىڭ 23-كۈنى مەڭگۈ ئۇنتۇلماس كۈن بولۇپ قەلبلەر تۆرىدىن ئەبەدىيلىك ئورۇن ئالدى. بۇ كۈنى يەنە غوپۇر ئابدۇللا، ئابدۇراخمان قۇربان قاتارلىق ۋىلايەت، ناھىيە مەسئۇللىرى ھەم دەريا بويى خەلقى دەريا بويى كەنتىدە كاتتا مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ داقا-دۇمباق، ناغرا-سۇنايلار ساداسى ئىچىدە ئۇسسۇل، مەشرەپ ئويناپ، دەريا بويى كەنتىنىڭ يېزا بولۇپ قۇرۇلغانلىقىنى چەكسىز ھاياجان، چوڭقۇر شادلىق ئىلكىدە تەبرىكلىدى. تەكلىماكان باغرىدىكى خىلۋەت ماكان دەريا بويىنىڭ ئاسمىنىدا بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراق جەۋلان قىلىپ ھاكىمىيەتنىڭ قۇدرەتلىك مارشى ياڭرىدى.

يىللار ئاققان سۇدەك تېز ئۆتۈپ كەتتى. دەريا بويى يېزىسى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ چەكسىز غەمخورلۇقى ئاستىدا، ئۇزاق مۇددەت داۋام قىلغان بېكىنمىچىلىك، بۇرۇقتۇرمىلىققا خاتىمە بېرىپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ ئالەمشۇمۇل قۇدرىتى بىلەن تەرەققىيات مەنزىلىگە قاراپ كاراپىتەك ئۈزۈشكە باشلىدى. پەن-تېخنىكىدىن شۇنچە يىراقلىشىپ كەتكەن بۇ ماكان ئەمدىلىكتە چارۋىچىلىقتا ئىلمىي ئۇسۇل قوللانغاچقا چارۋىلارنىڭ كۆپىيىشى تېز، سۈپىتى ياخشى بولدى. كېرىيە ناھىيەلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى دەريا بويىغا قاراتقان ياردەمنى ئادەتتىكە

ئايلاندۇرۇپ، داۋاملىق ئىجرا قىلىپ كەلگەچكە بۇ يېزىنىڭ ئىگىلىك تەرەققىياتى تارىختا كۆرۈلمىگەن گۈللىنىش دەۋرىگە كىردى. ھازىر بۇ يېزىدىكى خەلق ھېلىقى مۇخبىرنىڭ باياننامىغا قارشى ھالدا بەخت-سائادەتلىك تۇرمۇش ئۆتكۈزمەكتە. ئاشۇ تىمتاس ماكاندا ئۇقۇپ يېتىشىپ چىققان ئىختىساس ئىگىلىرى بىر-بىرلەپ ئىشقا چۈشۈپ ئۆز ماكانى ئۈچۈن تەر تۆكمەكتە.

بۇ ماكاننى قانداقمۇ ئىپتىدائىي ماكان دېگىلى بولسۇن!

## قۇدرەت نۇسرەتتىن كېلىدۇ

دۇنيادا ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ تەرەققىياتى مائارىپتىن ئايرىلالمايدۇ. مائارىپقا ئېتىبار بەرمىگەن مىللەت بەختسىز مىللەت بولۇپ، ئۇ كەلگۈسى ئەۋلادلىرى ئۈچۈن تۆلەپ بولۇش مۇمكىن بولمايدىغان قەرزگە بوغۇلغان بولىدۇ. ئىنساننىڭ تۇرلۇك - تۇمەن بەختسىزلىككە يولۇقۇشى ھەم تۇرلۇك - تۇمەن جىنايەت پاتقىقىغا پېتىپ نالە-پەرياد چېكىشى ئەنە شۇ مائارىپنىڭ سىرتىدا قالغانلىقىنىڭ كاساپىتىدىن بولىدۇ. مائارىپنىڭ ئادەم ئېڭىدا ئېپادىلىنىشى ئادىمىيلىك خىسلەت ھەم مەنىۋى بايلىقى بولغان مەدەنىيەت يەنە بىر تولۇقلىمىسى بولۇپ، ئۇ ئۆز نۆۋىتىدە ئادەملەرنىڭ بىر-بىرىنى سۆيۈشى، ئەڭ مۇھىمى ئۆزىنى سۆيۈشتىن ئىبارەت يۈكسەك مەجبۇرىيىتىنىڭ جەۋھىرى ھېسابلىنىدۇ. دېمەك، مەدەنىيەت ۋە مائارىپ بىر-بىرىنى شەرت قىلىپ ئادەملەرگە ياشاش ئۈچۈن قۇدرەت بېرىدىغان بىر جۈپ ئەگىزلەشتۈرۈلمەكتە.

مەدەنىيەتتىن سۆز ئېچىشتىن ئىلگىرى مائارىپ ئۈستىدە سۆز ئېچىشقا ھەقلىقمىز.

80-يىللار دۆلىتىمىزدە مائارىپنىڭ بىر پۈتۈن تەرەققىيات يۆنىلىشىدىكى ھەربىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن يىللار بولدى. كىشىلەر ئاستا-ئاستا مائارىپنى چۈشەندى. بىراق، خېلى ئۇزۇن داۋام قىلغان قاتماللىق، خەلقىمىز ئارىسىدىكى ساۋاتسىزلىق نىسبىتىنىڭ يۇقىرى بولۇشى بۇ يولدىكى كۈرەشنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسىنى

ئاشۇرۇۋەتتى. دېمەك، بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا ئوقۇش يېشىدىكى ئەۋلادلارنىلا ئەمەس، ئۇلارنى بېقىپ كېلىۋاتقان ئاتا-ئانىلارنىمۇ مائارىپ ئارقىلىق تەربىيەلەش ۋەزىپىسى بار بولدى. جۈملىدىن كېرىيە ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ساۋاتسىزلىق نىسبىتى ئەڭ يۇقىرى ناھىيە بولۇپ، ئۇنىڭ بۇ مەزگىللەردىكى مائارىپ خىزمىتىنىڭ سالمىقى خېلىلا يۇقىرى ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاپەتلىك يىللارنىڭ مائارىپقا قالدۇرغان داغلىرى پاكىز يۇيۇلماي تۇراتتى. بۇ ھال ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ كېرىيە ئىگىلىكىنى تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارزۇسىغا چەك قويماي قالمىدى. ئۇ رەھبەرلىك خىزمىتىگە ئاتلانغاندىن كېيىن كېرىيەنىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى ئەمەلىيىتى ھەم تارىخىي ساۋاقلىرى، شۇنداقلا كەلگۈسى نىشانىنى ئاساس قىلىپ تۈزگەن پىلانىدا كېرىيەنىڭ مائارىپ، مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى باشقا تۈرلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئەڭ يادرولۇق ئاساسى قىلدى.

1985-يىلىنىڭ ئاخىرىدا چاقىرىلغان مائارىپ خىزمەت يىغىنىدا ئابدۇراخمان قۇربان: «كېرىيەنىڭ ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىش دەۋرىدىكى تەرەققىياتى مائارىپتىن ئايرىلالمايدۇ، مائارىپنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرمەي تۇرۇپ ناھىيەمىزنى ئىگىلىكى يۈكسەلگەن قىرىنداش ناھىيەلەرگە يەتكۈزىمىز دېسەك ئەخمەقلىق قىلغان بولىمىز، پۈتۈن ئاما، پۈتۈن جەمئىيەت بىر يەگدىن قول چىقىرىپ، ناھىيەمىزنىڭ مائارىپىنى يۈكسەلدۈرۈش كۈرىشىگە ئاتلىنىشىمىز لازىم» دەپ تەنتەنىلىك جاكارلىدى. شۇ قېتىمقى يىغىندا كېرىيە مائارىپىنى قەدەم-باسقۇچلۇق ھالدا يۈكسەلدۈرۈشنىڭ ئىجادىي يوللىرى، نەزەرىيەۋى ئاساسلىرى بارلىقىدى. ۋەزىپە-كۆرسەتكۈچلەر مائارىپ تارماقلىرى، ئىدارە-جەمئىيەت، مەكتەپلەر، ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىغىچە ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىلدى.

سەھنىدە توختام تۈزۈش، قارار ماقۇللاش، چاقىرىق قىلىش ئانچە قىيىن ئەمەس، ئەڭ قىيىنى ئۇنى ئەمەلىيەت جەريانىدا ئىسپاتلاش. ئابدۇراخمان قۇربان سەھنىدە چاقىرىق قىلىپ بولدى قىلمىدى. مائارىپنى بىۋاسىتە ئۆزى تۇتۇپ يىغىن سەھنىسىدىن ئەمەلىيەت

سەھنىسگە كۆچتى. ئالدى بىلەن مائارىپ تارماقلىرىدىكى مۇناسىۋەتلىك يولداشلارنى تەشكىللەپ، يېزا-قىشلاقلاردىكى مەكتەپلەرنى تەپسىلىي تەكشۈردى. كېرىيە ناھىيەلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ سابىق باشلىقى مەتتۇرسۇن ئەزىز ماڭا ئەينى ۋاقىتتىكى كېرىيەنىڭ مائارىپ ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— مەن كېرىيە ناھىيەلىك مائارىپ ئىدارىسىدە ئون نەچچە يىل مەسئۇللۇق خىزمىتىنى ئىشلىدىم. ھېس قىلىشىمچە، ناھىيەمىزنىڭ مائارىپ ئاساسى 80-يىللاردىن 90-يىللارغىچە بولغان ئارىلىقتا مۇستەھكەم تۇرغۇزۇلۇپ، نۇرغۇنلىغان ئىجادىي يوللار ئېچىلدى. مانا شۇ يوللارنىڭ ھەممىسىدە ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ ئىزى بار. ئۇ ئۆز ۋاقتىدا ناھىيەمىزنىڭ بىر پۈتۈن خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىپ، خىزمىتى ئىنتايىن ئالدىراش ئۆتكەن بولسىمۇ ھەر ۋاقىت مائارىپ ئىشلىرى ئۈنىڭ نەزەرىدىن ساقىت بولمىدى. ئۇ يېزىلارغا بارغاندا ئالدى بىلەن مەكتەپلەرنى يوقلىدى. مەكتەپلەرنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلدى. بىر قېتىم ئۇ ماڭا مەنىلىك قىلىپ «كۈندە بىر مەكتەپنىڭ خىزمىتى ئۈستىدە ئىزدەنسەك ئۆزىمىزنىڭ شۇ كۈنلۈك خىزمىتىمىزدىن رازى بولالايمىز» دېگەنىدى. ماڭا بۇ سۆزنىڭ تەسىرى ناھايىتى چوڭ بولدى. ئۇ شۇنچە ئالدىراش تۇرۇپ يەنىلا مەكتەپلەرنى ئويلايدىكەن، بىز چوقۇم ئۆز خىزمىتىمىزنى ئۈنۈملۈك ئىشلىشىمىز لازىم، دەپ ئويلىدىم. دېگەندەك، ئۇ ناھىيەمىز تەۋەسىدىكى %80 كە يېقىن مەكتەپلەرنى ئۆزى تەكشۈردى. سىز بىلىسىز كېرەك، ناھىيەمىزدىكى مەكتەپلەرنىڭ جايلىشىشى ناھايىتى تارقاق. كۈئىنلۇن باغرىدىكى ئاتچان يېزىسىدىن تەكلىماكان ئوتتۇرىسىدىكى دەريا بويىغىچە سوزۇلىدۇ. مۇشۇنداق كەڭ زېمىندا بىر ھاكىمنىڭ ۋاقىت چىقىرىپ شۇنچە كۆپ مەكتەپلەرنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشى ئاسانغا چۈشمەيدۇ، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئوقۇتقۇچىلارنى ھۆرمەتلەش ۋە ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈشى كىشىنى سۆيۈندۈرىدۇ. ئۇ ناھىيەمىز مائارىپى ئۈچۈن ئەجىر سىڭدۈرۈپ دەم ئېلىشقا چىققان 300 دىن ئارتۇق پېشقەدەم ئوقۇتقۇچىنى قەرەللىك يوقلاپ، ئۇلارنىڭ قەلبىنى ھاياجانغا چۆمدۈردى. ھەر يىلى يىل ئاخىرىدا مائارىپ خىزمەت يىغىنىغا

ئۆزى بىۋاستە يېتەكچىلىك قىلىپ، مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچىلارنىڭ روھىغا ئىلھام بېرىپ، ناھىيەمىز مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تېز سۈرئەتتە راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى. گەرچە بىز مائارىپنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى رولىنى ناھايىتى كېچىكىپ ھېس قىلغان بولساقمۇ، ئۆتكەن بىرنەچچە يىللىق خىزمەتلىرىمىزدىن سۆيۈنۈشكە ھەقلىقمىز. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مائارىپنى دۇنياغا، كەلگۈسىگە يۈزلەندۈرۈشتىن ئىبارەت ئىستراتېگىيەلىك نىشانى مائارىپ سېپىمىزدا توڭلىغان مۇزنى ئېرىتىپ، مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئىمكانىيىتىنى يارىتىپ بەردى. جۈملىدىن ئابدۇراخمان قۇربان كېرىيەنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنى يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ تەلىپىنى ئاساس قىلىپ، ئالدى بىلەن مائارىپ ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنىڭ ساپاسىنى ئۆزلۈكسىز ئۆستۈرۈش، مەكتەپ شارائىتىنى ياخشىلاپ ھەممە كىشى مائارىپنى سۆيۈش، مائارىپنى قوللاش، ئالدى بىلەن ئېتىبار ۋە مالىيەنى مائارىپقا قارىتىش قاتارلىق تەرتىپلەر بويىچە كېرىيەنىڭ مائارىپنى يۇقىرى بىر بالداققا كۆتۈردى. ئازادلىق ھارپىسىدا كېرىيەدە ئاران مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ قارىمىقىدا ئون ئورۇندىلا مەكتەپ بار بولۇپ، 500 نەپەرگە يېقىن ئوقۇغۇچى ئوقۇيتتى، گەرچە كېيىنكى 20 نەچچە يىللىق جەرياندا مەكتەپلەر يېڭىدىن بارلىققا كېلىپ سوتسىيالىستىك مائارىپنىڭ خۇش پۇراق گۈللىرى تەرەپ - تەرەپتە ئېچىلىشقا باشلىغان بولسىمۇ بۇ گۈللىنىش دەۋرى ئۇزاق داۋام قىلالمىدى. ئاپەتلىك يىللار بۇ گۈللەرنى بەرگىدىلا قۇرۇتۇشقا باشلىدى. بىر قىسىم تەلۋىلەرنىڭ «بىلىم ئەسقاتمايدۇ» نەزەرىيەسى كېرىيە مائارىپىنىمۇ پالەچ ھالغا كەلتۈرۈپ قويغانىدى. ھازىر بولسا 120مەكتەپتە 1771 نەپەر ئوقۇتقۇچى، 30 مىڭ 240 نەپەر ئوقۇغۇچى كېرىيە مائارىپىنىڭ گۈزەل گۈلىستانىنى يېڭىلاپ قۇرماقتا. 1985 - يىلىدىن 1991 - يىلىغىچە 22 مىليون 152 مىڭ 749 يۈەن مەبلەغ ئاجرىتىلىپ، 21 مىڭ كىۋادرات مېتىر خەتەرلىك مەكتەپلەر يېڭىلاپ سېلىندى. 4000 دىن ئارتۇق ئۈستەل - ئورۇندۇق يېڭىدىن سەپلەندى. مەكتەپلەرنىڭ قىشلىق ئىسسىنىشى ئۈچۈن 822 مىڭ 220

كىلوگىرام ئوتۇن ھەل قىلىپ بېرىلدى. ئوتتۇرا مەكتەپلەرگە 20 مودىن، باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە 15 مودىن يەر بېرىلىپ، مەكتەپلەرنىڭ قوشۇمچە كىرىم يولى ئېچىپ بېرىلدى. ئىككى خىل مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇشتا ئابدۇراخمان قۇربان باشتىن-ئاخىر تەشەببۇسكار ئورۇندا تۇرۇپ، ئۆزى قول سېلىپ ئىشلەپ، بۇ خىزمەتكە مەسئۇل ئوقۇتقۇچىلارغا ئۈلگە تىكلىدى. ئاساسىي قاتلام خىزمەتلىرىگە يېتەكچىلىك قىلىشتا بىر قولدا مائارىپنى، يەنە بىر قولدا ئىقتىسادنى قورۇلۇشنى تۇتۇپ، دېھقان، كادىر، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئىككى خىل مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇشقا بولغان تونۇشىنى قەدەممۇ قەدەم ئۆستۈردى. ھەر خىل يىغىنلاردا مائارىپقا كۆڭۈل بۆلگەن دېھقان-چارۋىچىلار، كادىر، ئىشچى-خىزمەتچىلەرگە كۆچلۈك مەدەت بەردى. بۇنىڭ بىلەن كېرىيەدە ئىككى خىل مائارىپنىڭ ئومۇملىشىش سۈرئىتى تېز، سۈپىتى يۇقىرى بولۇپ، كىشىلەر ئاساسىنىڭ ئاساسى مائارىپ، دېگەن يەكۈننى قوبۇل قىلىشقا يۈزلەندى. ئابدۇراخمان قۇربان مائارىپ خىزمىتىنى تۇتقان مەزگىللەردە كېرىيەنىڭ باشلانغۇچ مائارىپىنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى 96%، يىللىق تۇراقلىشىش نىسبىتى97%، لاياقەتلىك ئوقۇش پۈتكۈزۈش نىسبىتى96%، 16— 40 ياشقىچە بولغان دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ساۋاتلىق بولۇش نىسبىتى 95% بولدى. تولۇقسىز، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش سۈپىتى ئۈزۈكسىز ئۆستۈرۈلۈپ، مۇشۇ مەزگىل ئىچىدىلا كېرىيەدىن 425 نەپەر ئوقۇغۇچى ئالىي ۋە ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرىگە ئوقۇشقا كىردى. بۇ زور نەتىجە ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتىنىڭ ۋە مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتتى.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى «مائارىپ تۈزۈلمە ئىسلاھاتى توغرىسىدا قارار» ماقۇللاپ تۆۋەننىڭ ئىجرا قىلىشىغا تاپشۇرغاندىن كېيىن ئابدۇراخمان قۇربان«قارار» نى ئەمەلىيەت ئارقىلىق ئىسپاتلاش روھى بىلەن كېرىيەدە كەسپىي تېخنىكا تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپى قۇرۇپ، كېرىيەنىڭ خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتى ئۈچۈن ئىختىساس ئىگىلىرىنى كۆپلەپ يېتىشتۈرۈش نىشانى بويىچە كەسپىي

تېخنىكا مائارىپىدىن ئىبارەت يېڭى بىر گۈلشەننى بەرپا قىلىشقا ئاتلاندى. كونىلار «بۇرۇن دۇنيادا يول يوق ئىدى، ئادەملەر مېڭىپ يول ئاچقان» دېگەن سۆزنى ناھايىتى توغرا ئېيتقان. يول ئېچىپ ئىلگىرىلەش ئەلۋەتتە جاسارەتلىك كىشىلەرگە مەنسۇپ، دەرۋەقە كەسپىي تېخنىكا مائارىپى 1985 - يىللىرى ئاپتونوم رايونىمىزدا سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلغان بولۇپ، بۇ خىل يېڭى شەيئىنىڭ تېخى مۇئەييەن قەدەم - باسقۇچلىرى، نەزەرىيەۋى ئاساسلىرى تەجرىبە ئۈستىدە ئىدى. بىراق، ئۇنىڭ ئىجتىمائىي رولى ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ ئىزدىنىش روھىغا تولىمۇ تونۇش بولۇپ، ئۇنىڭ كېرىيە ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش جەريانىدىكى ئىختىساس ئىگىلىرىگە تەشنا قەلبىگە كۈچلۈك مەدەت بەردى. ئۇ ئالدى بىلەن ئادىتى بويىچە پېشقەدەم كادىرلار، مائارىپچىلار ۋە خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى بىلەن تەكرار كېڭىشىش ئارقىلىق بۇ يېڭى شەيئىنى كۈتۈۋېلىشنىڭ يولىنى تاپتى.

كېرىيە ناھىيەلىك كەسپىي تېخنىكا تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ سابىق مۇدىرى غوجىئەخمەت ئىبراھىم بۇ مەكتەپنىڭ قۇرۇلۇش جەريانىنى مۇنداق ئىزاھلايدۇ:

— كەسپىي تېخنىكا مائارىپى ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىش باھار شاملىنىڭ شانلىق نەتىجىسى بولۇپ، ئۇ يەرلىكنىڭ ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلغان ھالدا ئىختىساس ئىگىلىرىنى نىشانلىق تەربىيەلەپ يېتىشتۈرىدىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە. 1985 - يىلى يىل بېشىدا ئابدۇراخمان قۇربان مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرىنى بۇ خىل مائارىپنى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى قارار - نىزاملارنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش، ئالدى بىلەن ئىدىيەدە بىرلىككە كېلىپ مەكتەپ قۇرۇش تەييارلىق خىزمەتلىرىنى پۇختا ئىشلەش، كېرىيە ئۈچۈن جىددىي ئېھتىياجلىق بولغان كەسپلەرنى تاللاپ جەمئىيەتكە كەسپىي مائارىپنىڭ رولىنى ياخشى تەشۋىق قىلىش قاتارلىق خىزمەتلەرگە ئورۇنلاشتۇردى. بىر قاتار تەييارلىق خىزمەتلىرى ئاخىرلىشىپ، 1985 - يىلى 9 - ئايدا كېرىيە كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپى قۇرۇلۇپ ئوقۇش باشلاندى. بۇ جەرياندا ئابدۇراخمان قۇربان بار ئىمكانىيەت بىلەن تىرىشىپ 100مىڭ يۈەن

ئەتراپىدا مەبلەغ ئاجرىتىپ بەردى. 25 مو يەر ، 336 كىۋادرات مېتىر ئۆي-ئىمارەت ھەل قىلىپ بەردى. ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ كۈچلۈك مەدەت بېرىشى، مەكتەپ خىزمەتلىرىنى ماسلاشتۇرۇپ قوزغىتىشى بىلەن ھەر يىللىق ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش پىلانى 98% كە يەتتى، بولۇپمۇ ئو ناھىيەمىزدىكى كەسپىي مائارىپنى سۆيىدىغان، مۇئەييەن ئوقۇتۇش سەۋىيەسى ھەم كەسپىي ئالاھىدىلىكى بولغان تېخنىك ئۇستىلارنى، ياراملىق ئوقۇتقۇچىلارنى كەسپىي مەكتەپنىڭ خىزمىتىگە يۆتكەپ، مەكتەپنىڭ تەشكىلىي ئاپپاراتىنى تەشكىللىدى. ناھىيەمىزنىڭ ئىختىساس ئىگىلىرىگە بولغان ئېھتىياجىنى نەزەرگە ئېلىپ، ئۆزى بىۋاستە كەسپىي مەكتەپنىڭ 2000-يىللارغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئىختىساسلىقلارنى تەربىيەلەش پىلانىنى تۈزۈپ چىقتى. ئوقۇش پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشتا «ئاۋۋال تەربىيەلەش، ئاندىن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش» فاڭجېنى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، ئۈچ تەرەپ بىرلىشىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقتىن بىناكارلىق، مال دوختۇرلۇق، رېمونتچىلىق، باغۋەنچىلىك، مالىيە-بوغالتىرلىق، سېستىرالىق قاتارلىق جەمئىيەت ئۈچۈن زۆرۈر بولغان كەسپلەردە ئوقۇش پۈتكۈزگەن ئوقوغۇچىلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشى 66% كە يەتتى.

دەرۋەقە كېرىيە كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپى قۇرۇلۇپ ئوقۇش باشلاپ ئىككى يىل ئۆتكەندىن كېيىن بۇ مەكتەپنىڭ باشقۇرۇش تەجرىبىسى ۋە ئوقۇتۇش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش تەجرىبىلىرى ۋىلايەت ۋە ئاپتونوم رايوندىكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغاپ، تەجرىبە ئالماشتۇرۇش ھەم ئېكسكۇرسىيە قىلىش ئۆمەكلىرىنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى، بولۇپمۇ ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ شۇ مەزگىلدە پۈتۈن كۈچى بىلەن بۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش نىشانىنى ئىسلاھ قىلىپ خاس كەسپىي تايانچلارنى تەربىيەلەش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، كېرىيەدىكى نەچچە يۈز نامرات ئائىلە پەرزەنتلىرىنىڭ كەلگۈسى تۇرمۇشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش مەقسىتىدە ياغاچچىلىق، ساتىراشلىق، تىككۈچىلىك، موزدۇزلۇق، ئاشپەزلىك قاتارلىق كەسپلەر بويىچە نامرات ئائىلە پەرزەنتلىرىنى كەسپلەشتۈرۈش چاقىرىقى پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ

قىزغىن ئالقىشقا مۇيەسسەر بولدى ھەم بۇ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش چارىسى ۋىلايەت، شىنجاڭ بويىچە ئومۇملاشتۇرۇلدى. بۇ مەكتەپ قۇرۇلغان 10 يىلدىن بۇيان 13 كەسىپ بويىچە 1070 نەپەر كەسىپي تايانچ تەربىيەلەندى. 1988 ـ يىلى بۇ مەكتەپنىڭ مەسئۇلى غوجىئەخمەت ئىبراھىم مەركەز چاقىرغان كەسپىي مائارىپ بويىچە تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنىدا تەجرىبە تونۇشتۇردى. بۇ مەكتەپ ئىككى قېتىم ئاپتونوم رايون بويىچە ئىلغار مەكتەپ، ئاپتونوم رايون بويىچە «10ياخشى مەكتەپ» نىڭ بىرى بولۇپ مۇكاپاتلىنىپ، مەكتەپ باشقۇرۇش تەجرىبىسى ئاپتونوم رايون بويىچە كېڭەيتىلدى.

قەدىمي يۇرت كېرىيە ئۆزىگە خاس مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ئىگە بولۇپ، بىر پۈتۈن ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە مەنسۇپ بولغان گۈزەل سەنئەت، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، ناخشا ـ مۇزىكا، مەشرەپ، ئەلنەغمە، دارۋازلىق تارىختىن بۇيان كېرىيەلىكلەرنىڭ مەدەنىيەت بايلىقى سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن بولسىمۇ، بۇرۇقتۇرمىلىق، بېكىنمىچىلىك ۋاباسى بۇ مۇھىم ساھەنىمۇ ئۆز چاڭگىلىغا ئېلىۋالغاچقا، كىشىلەرنىڭ مەدەنىيەتكە بولغان تونۇشى بىر ئىزدا توختاپ قالغانىدى. ئابدۇراخمان قۇربان كېرىيەنىڭ ھەر ساھە خىزمەتلىرىدە يۈكسىلىش ھاسىل قىلىش جەريانىدا يەنە بىر تەرەپتىن ناھىيەنىڭ مەدەنىيەت خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى ئىزچىل كۈچەيتتى. مەدەنىيەت بولمىغان ئەلدە بەرىكەت بولمايدۇ، غەيرەت ۋە شىجائەتنىڭ بولۇشى تېخىمۇ قىيىن، بولۇپمۇ ماددىي ئېھتىياجنىڭ قەدەممۇ قەدەم تويۇنۇشى كىشىلەرنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجىنى ئاشۇرۇپ، تۇرلۇك مەنىۋى پائالىيەتلەرنىڭ بولۇشى مۇھىم ئورۇنغا ئۆتىدۇ.

كېرىيەلىكلەر قورسىقى تويۇنۇشقا يۈزلەنگەندىن كېيىن تەدرىجىي ھالدا مەدەنىيەتكە، ئۆزلىرىنىڭ يىراقلاردا قالغان مەدەنىيەت بايلىقلىرىغا تەلپۈنۈشكە باشلىدى. داش قازاننىڭ چېقىلىشى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىپ، كېرىيەلىكلەرنىمۇ مۇئەييەن مەدەنىيەتكە باغلىدى. بۇ خىل زۆرۈرىيەت ئالدىدا ئابدۇراخمان قۇربان ئالدى بىلەن ناھىيەدىن يېزىلارغىچە بولغان مەدەنىيەت پونكىتلىرىنى يېڭىدىن

تەرتىپكە سېلىپ، مەدەنىيەت ئەسلىھەلىرىنى تولۇقلاش خىزمىتىنى ئىشلىدى. 1987 ـ يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ ناھىيەلەرنىڭ خەلق ئىجىتىمائىي ئەدەبىياتىنىڭ ئۈچ تۈپلام خىزمىتىنى ئىشلەش توغرىسىدىكى ئورۇنلاشتۇرۇشى كېرىيەگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن ئابدۇراخمان قۇربان ئابدۇقادىر تۇرسۇن، ئابدۇقادىر مەتقۇربان، مەمەتئەيسا قۇربان قاتارلىق ئىقتىدارلىق تەتقىقاتچىلارنى جەم قىلىپ بۇ خىزمەتكە ماددىي جەھەتتىن ياردەم بېرىپ، تۈپلام خىزمىتىنى ھەر جەھەتتىن قوللىدى. كېيىن ۋىلايەت بويىچە تۇنجى قېتىم ئۈچ تۈپلام نەشر قىلىنىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدا مۇئەييەن شۆھرەت قازاندى. بۇ يىللار كېرىيە سەنئەت ئۆمىكىنىڭ گۈللەنگەن دەۋرى بولدى. پېشقەدەم سەنئەتكار مەريەم خانىم ھاياجان ئىچىدە شۇنداق دەيدۇ:

ــ ئابدۇراخمان قۇرباننى سەنئەت ساھەسىدىكى كەسپىي رېژىسسور دېسمۇ بولىدۇ. ئۇ بىزنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى شۆھرىتىمىزگە كۈچلۈك ئاساس سېلىپ بەرگەن، سەنئەت ئۆمىكىمىزنىڭ ھەر خىل لازىمەتلىكلىرىنى ئۆز ۋاقتىدا تولۇقلاپ بەرگەندىن باشقا ئارتىسلارنىڭ تۇرمۇشى، ئىجادىيەت ئەھۋالى، ھەتتا سالامەتلىك ئەھۋاللىرىغىچە كۆڭۈل بۆلۈپ بىزنى كەسپىي جەھەتتە يېتەكلىدى. ھېلىمۇ ئېسىمدە، 1986 ـ يىلى ئابدۇراخمان قۇربان يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قالغان كېرىيە سەنئەت ئۆمىكىنى قايتا تەشكىللەپ، 18 نەپەر ئارتىسنى تولۇقلاپ، كەسپىي كۇرسلارغا ئۆگىنىشكە ئەۋەتتى. ئارتىسلارنىڭ ئۆي مەسىلىسىنى ھەل قىلىش بىلەن بىرگە، مەشىق زالىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈپ، ئىشتىن سىرتقى 10نەپەر ئارتىسقا ئىشتات ھەل قىلىپ بېرىپ، ئارتىسلارنىڭ روھىغا مەدەت بەردى. قاتناش ۋە يېتەرلىك مەبلەغ ھەل بولغاچقا، بىز شۇ يىللا ۋىلايەت بويىچە ئىككىنچى ئورۇندىكى سەنئەت ئۆمىكىگە ئۆزگەردۇق. ئابدۇراخمان قۇربان بىزنىڭ ھەر قېتىم تەييارلىغان نومۇرلىرىمىزنى ئۆزى بىۋاستە كۆرۈپ پىكىر بېرىپ تۇردى.

ھەقىقەتەن كېرىيە سەنئەت ئۆمىكىدىكى ھەربىر ئارتىس ئابدۇراخمان قۇرباننى كۆيۈنگۈچى رېژىسسور سۈپىتىدە بىلىدۇ. 1987 ـ يىلى كېرىيە سەنئەت ئۆمىكى ۋىلايەتتە ئۆتكۈزۈلىدىغان كۆرەككە نومۇر

تەييارلاۋاتاتتى. بىر كۈنى كەچلىكى ئابدۇراخمان قۇربان سەنئەت ئۆمىكىنىڭ مەشىق زالىغا كەلدى. ئۇ ئارتىسلارنىڭ بۇ قىتىمقى كۆرەككە تەييارلاۋاتقان نومۇرلىرىنى تەپسىلىي كۆرۈپ «كىرىيە خەلق مەشرىپى» دېگەن نومۇر ئۈستىدە ئىنچىكە توختىلىپ:

— مەشرەپ خەلقىنىڭ سەنئەت مەكتىپى، ئۇ يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇشتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن باشقا سەنئەت تۈرلىرىدىن پەرقلىنىدۇ. شۇغىنىسى سىلەرنىڭ بۇ نومۇرۇڭلاردا كىرىيە ئاياللىرىنىڭ پەرەنجىسى، كىچىك تەلپىكى، ئەرلىرىنىڭ بەلبېغى كەم بولۇپ قاپتۇ، مانا مۇشۇلارغا ئېتىبار بەرسەڭلار گۈلى-گۈلىگە كەلگەن بولىدۇ. بۇ قېتىم سىلەر بىرىنچىلىكنى ئېلىپ كەلسەڭلار چوڭ زالدا كاتتا يىغىن ئۆتكۈزۈپ 10 مىڭ يۈەن پۇل بىلەن مۇكاپاتلىنىسىلەر، ئىككىنچى بولۇپ كەلسەڭلەر ھۆكۈمەت مەجلىسخانىسىدا ئىدارە-جەمئىيەت مەسئۇللىرىنى جەم قىلىپ ئاددىي مۇكاپاتلىنىسىلەر، مۇبادا ئۈچىنچى بولۇپ كەلسەڭلار ھۆكۈمەتنىڭ كىچىك مەجلىسخانىسىدا ئۇبدان سۆزلىشىمىز، — دېدى.

ئارتىسلار ھاياجان ئىچىدە چاۋاك چالدى. مەدەت بىلەن ئىلھامنىڭ رولى تارىختىن بۇيان چوڭ بولۇپ كەلگەن، كىرىيە سەنئەت ئۆمىكى شۇ قېتىمقى كۆرەكتە ھەقىقەتەن بىرىنچىلىكنى ئېلىپ قايتىپ كەلدى. ئابدۇراخمان قۇربان ئۆز ۋەدىسىگە ئاساسەن ناھىيەنىڭ كىنو-تىياتىرخانىسىدا كاتتا تەبرىكلەش يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، سەنئەت ئۆمىكىنى مۇكاپاتلىدى. ئۇنىڭ بۇ ئۇسۇلى كىرىيە سەنئەت ئۆمىكىنىڭ كېيىنكى يىللاردىكى زور ئۇتۇقلىرىغا كۈچلۈك مەدەت بولدى، كېيىن ئۇلار ۋىلايەت ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك كۆرەكلەردە تارىختىن بۇيان قولغا كەلتۈرەلمىگەن مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى. ئۇلارنىڭ نەتىجىلىرى مەركىزىي خەلق رادىيو ئىستانسىسى، شىنجاڭ خەلق رادىيو ئىستانسىسى، «شىنجاڭ گېزىتى» دە تونۇشتۇرۇلدى. ئاپتونوم رايون مەسئۇللىرىدىن قەييۇم باۋۇدۇن، غوپۇر ئابدۇللا، مىجىت ناسىر قاتارلىق رەھبەرلەر بۇ ئۆمەكتىن رازى بولۇپ، ئۇلارنىڭ روھىغا مەدەت بەردى.

1985-يىلدىن باشلاپ ئابدۇراخمان قۇربان يېزىلارنىڭ مەدەنىيەت خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، رادىيوئۇزېلى، كىنوخانا،

مەدەنىيەت پونكىتىنى ئاساس قىلغان مەدەنىيەت بازىسىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئۆزى بىۋاستە يېتەكچىلىك قىلىپ، تۇسالغۇلارنى ئېچىپ، مەدەنىيەت بازارلىرىنىڭ ساغلاملىقىنى ھەر ۋاقىت تەكشۈرۈپ، قايىنام تاشقىنلىق مەنزىرە ھاسىل قىلدى. ناھىيەلىك مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ باشلىقى رەجەپ ھاشىم مۇنداق دەيدۇ:

ــ مەدەنىيەت خىزمىتى ئىقتىسادىي خىزمەتكە ئوخشاشلا مۇھىم خىزمەت، ئۇ جەمئىيەتكە بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ مەدەنىيەت خىزمىتىدە كادىرلارنىڭ كەسپىي ساپاسىغا ئەھمىيەت بېرىش ئۇستىلى ھەممە كىشىنى قايىل قىلىدۇ. مەدەنىيەت خىزمىتى كەسپىي خىزمەتلەرنىڭ ئەڭ نازۇكى ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن چوقۇم كەسپىي ئىقتىدار يېتەرلىك بولۇشى كېرەك. ئابدۇراخمان قۇربان بۇ جەھەتتە كېرىيەنىڭ مەدەنىيەت خىزمىتىنى يۇقىرىنىڭ تەلىپى بويىچە ئۆز ئىزىغا سالدى.

ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ كېرىيەنىڭ مەدەنىيەت، مائارىپ خىزمەتلىرىدىكى ئەمەلىيەتچانلىق روھى بۇ ناھىيەنىڭ پىلانلىق تۇغۇت، سەھىيە، ساقلىقنى ساقلاش ساھەلىرىدىمۇ تەرەققىيات مەنزىرىسىنى ھاسىل قىلدى. ئۇ دېھقانلارنىڭ داۋالىنىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا ئالدى بىلەن يېزا ـ قىشلاقلاردىكى خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ رولىنى كۈچەيتىشتىن باشلاپ بۇ قوشۇندىكى كەسپىي خادىملارغا بولغان باشقۇرۇش تەربىيەسىنى كۈچەيتتى، بولۇپمۇ ئاتچان يېزىسىنىڭ لوش، ئويتوغراق يېزىسىنىڭ تومياغا ئوخشاش يىراق، چەت جايلىرىغا ئۆزى بىۋاستە بېرىپ يەرلىكتىن 30 نەپەر دوختۇر تەربىيەلەپ، كىم خەلقنىڭ جانىجان مەنپەئەتىنى كۆزلىسە، ئىقتىدار ۋە سىياسىي جەھەتتە يۇقىرىنىڭ ئۆلچىمىگە يەتسە ئۇنى ئۆز كەسپىنىڭ مەسئۇللۇقىغا قويۇشتەك ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈردى. دوختۇر ـ سېسترالارنىڭ كەسپىي ئەخلاقىغا رىئايە قىلىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن كېرىيە خەلقىنىڭ ساغلاملىقى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى تەلەپ قىلدى. دوختۇرخانىلارنىڭ قۇرۇلۇشىدىن تارتىپ ئۈسكۈنىلەرنىڭ داۋالىنىشىغا قەدەر كۆڭۈل بۆلدى. ناھىيەلىك دوختۇرخانىنى باغۋارانلاشتۇرۇشنى ئۆزى بىۋاستە

ئورۇنلاشتۇردى.

كېرىيە ناھىيەلىك سەھىيە ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئوبۇل مۇنداق دەيدۇ:

ــ 1988 - يىلى كۈزدە موغاللا بازىرىدىن بىر ئايالنىڭ بالىياتقۇ راكىغا گىرىپتار بولغانلىقنى ئاڭلىغان ئابدۇراخمان قۇربان مېنى ئىشخانىسىغا چاقىرتىپ، بۇ ئايالنىڭ پۇلى بار-يوقلۇقى بىلەن ھېسابلاشماي، بار ئىمكانىيەت بىلەن ئۇنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قېلىش توغرىسىدا كۆرسەتمە بەردى. بىز ئۇ ئايالنى داۋالاشقا كىرىشكەندىن كېيىن ئابدۇراخمان قۇربان دائىم ئۇنى يوقلاپ تۇردى ۋە ئۇنىڭغا روھىي جەھەتتىن ئىلھام بېرىپ، ئۇزۇنىراق ئۆمۈر كۆرۈشىگە مەدەت بەردى. يەنە بىر دېھقان ئايالمۇ مۇشۇ خىل كېسەللىك بىلەن ئۇرۇمچىگە داۋالىنىشقا ماڭغاندا، ئابدۇراخمان قۇربان مېنى كېسەل كىشىنى ئېلىپ ئۇرۇمچىگە بېرىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، بىمارنىڭ نامرات ئائىلە ئىكەنلىكىنى مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرگە ئېيتىپ، داۋالىنىشنى كاپالەتلەندۈرۈشۈمنى تاپىلىدى. ئۇ يەنە ئارىش يېزىسىدىن بىر نامرات دېھقاننىڭ كېسەل بولۇپ دوختۇرخانىدا يېتىپ قالغانلىقنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ داۋالىنىشىنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇپلا قالماي، يەنە كېچىلەپ ئارىش يېزىسىنىڭ مەسئۇللىرىغا تېلېفون قىلىپ، ئۇ دېھقاننىڭ قورسىقىنى بېقىش، بوغدىيىنى تېرىش، پاختىسىنى تېرىپ سېتىش قاتارلىق ئىشلىرىنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇشنى تاپىلىدى. بۇنى ئاڭلىغان دېھقان يىغلاپ تۇرۇپ ھاكىمغا بىرقانچە قېتىم رەھمەت ئېيتتى، بۇنداق مىساللار ناھايىتى كۆپ. راست، ئابدۇراخمان قۇربان دېھقان-چارۋىچىلارنى ئىشلىتىشنىلا بىلىپ ئۇلارنىڭ تۇرمۇش، سالامەتلىك ئەھۋالىغا كۆيۈنمەيدىغان ئادەتتىن ساقلاندى. يېزا-قىشلاقلارغا بارغاندا بىرەر دېھقاننىڭ ئېغىر كېسەل بولۇپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغانلىقنى ئاڭلىسا يوقلاپ ئۆتۈشنى ئۇنتۇمىدى. ئۇزۇن مۇددەت ياقا لەڭگەر كەنتىنىڭ سېكرېتارى بولۇپ كېيىنكى ئۆمرىدە ئېغىر كېسەللىك ئازابى تارتقان مۇسا ئاخۇن ئاكا ۋە داۋالىنىش شارائىتى قىيىن بولۇپ ئۇنىڭ بىۋاستە غەمخورلۇقىغا ئېرىشىپ كېسەللىك ئازابىدىن قۇتۇلغان ئاتچان، دەريا

بويى يېزىلىرى ۋە ھەرقايسى يېزا-بازارلاردىكى دېھقان-چارۋىچىلار ئۇنىڭ بۇ خىل ئالىيجاناپ روھىدىن تەسىرلىنىپ كۆز يېشى قىلىشىدۇ.

1987-يىلى كېرىيەدە يۇقۇملۇق جىگەر كېسەللىكى تارقالدى. نۇرغۇن كىشىلەر ھايات - ماماتى ئارىسىدا قالدى. ئابدۇراخمان قۇربان ئۇدا يېرىم يىلغىچە ئالدىنقى سەپكە ئاتلىنىپ يېڭىدىن تەسىس قىلىنغان داۋالاش ئورۇنلىرىدا كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ ئىشلىدى. ئۇنىڭ بەجانىدىل ئىشلەش روھى سەھىيە خادىملىرىنىڭ روھىغا كۈچلۈك مەدەت بېرىپ، ھەممە ئۇنىڭغا ئەگەشتى. بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە ئېلىپ بېرىلغان جاپالىق كۈرەش ئاخىرى بۇ كېسەللىكنىڭ يولىنى مۇستەھكەم توستى. خەلق تىنچ - ئامانلىققا ئېرىشتى. ئابدۇراخمان قۇربان ۋابا يامرىغان بۇ خىل ئەھۋاللاردىلا ئەمەس، تەبىئەتنىڭ تۈرلۈك كارامەتلىرى يۈز بەرگەن ۋاقىتلاردىمۇ دېھقانلارنى ئويلىدى.

1989-يىلى يازنىڭ بىر كېچىسى تۈن نىسپى بولغاندا ئۇ شارقىرىغان ئاۋاز بىلەن ھارغىنلىق ئىچىدىكى ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپ كەتتى. ھويلىغا چىقىپ، «دەھشەتلىك ياغقان يامغۇرنىڭ ھويلىنى پاتقاق قىلىۋەتكەنلىكىنى كۆردى- دە، داستىخان چوڭلۇقتىكى يالتىراقنى بېشىغا ئارتىپ ئالدىراپ يۈرۈپ كەتتى. ئۇ خەلق ھۆكۈمىتى ئىشخانىسىدىكىلەرگە پۈتۈن ناھىيە بويىچە ئۇقتۇرۇش قىلىپ ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا تەشكىللەشنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولۇپلا، شۇ يامغۇرلۇق كېچىدە كاتىپى بىلەن جاي يېزىلىق پارتكومنىڭ سابىق شۇجىسى ئەيسا ئىبراھىمنى ئەگەشتۈرۈپ، دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ، نامرات دېھقانلارنىڭ ئۆگزىلىرىنى كۆمۈپ، ئۆيلىرىگە جۈغلاشقان يامغۇر سۇلىرىنى سىرتقا ئېلىپ چىققاندا، چۆپچىلىدىكى بىر موماي تەسىرلىنىپ كۆز يېشى قىلدى. يامغۇردىن كېيىن كېرىيە دەرياسىغا دەھشەتلىك كەلكۈن كېلىپ، توغراق سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسى ۋە لەڭگەر، شەنبە بازار، سىيەك، توغرىغاز يېزىلىرى ھەم «شەرق قىزاردى» سۇ ئامبىرى خەۋپ ئىچىدە قالغاندا، ئۇ دەرھال دېھقانلار ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى تەشكىللەپ، كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش جېڭىگە

قومانـدانلىق قىلىپ، خەلقنىڭ ھاياتى ۋە دۆلەتنىڭ مال - مۈلكىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىدى. يەتتە كىچە - كۈندۈزلۈك مۇشەققەتلىك كۈرەشتە ئۇنىڭغا «ئۇھ» دېگۈچىلىك پۇرسەت بولمىدى.

ئۇ ھەر قېتىم سەلنىڭ يۈنىلىشىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن كىشىلەر قايىنامغا كىرىشكە ھازىرلانغاندا:

— توختاڭلار، سىلەرنىڭ بويۇڭلار پاكار، سۇدا تونجۇقۇپ قالىسىلەر، مېنىڭ بويۇم ئېگىز، سىلەر ماڭا ياردەملىشىڭلار، مەن كىرەي، — دېگىنىچە قايىنامغا ئۆزىنى ئاتاتتى. 70 - يىللاردا بۇ يەردىكى كۈرەشتە باشلامچىلىق رول ئوينىغان يىگىتنىڭ ھاكىملىق مەنسىپىگە ئولتۇرغاندىن كېيىنمۇ يەنىلا ئەڭ جاپالىق ئورۇنغا ئۆزىنى ئاتىغانلىقىنى كۆرگەن دېھقانلار تەسىرلىنىپ كەتتى. جاپانىڭ چوقۇم ھالاۋىتى بار، توغراق سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسى ۋە «شەرق قىزاردى» سۇ ئامبىرى قۇتقۇزۇپ قېلىندى. بىرقانچە يېزا - بازاردىكى خەلقنىڭ ھاياتى ۋە مال - مۈلكى قۇتقۇزۇپ قېلىندى. قىسقىسى، كىرىيە خەلقىنىڭ جاپالىق ئەجرى قۇتقۇزۇپ قېلىندى. ئۇ، خەلق مەنپەئەتى يولىدا ئەنە شۇنداق تىنىم تاپماس ئادەم.

## شەپقەت بۇشۇكىدىكى بەخت كۈلكىسى

بەخت نەدە؟ بىر ئېغىز سۆز بىلەن ئېيتقاندا، بەخت پېشانىدىن ئاققان تەردە. ئەپسۇس، جاھان ئىشلىرىنىڭ رەپتارى بىزنى گاھىدا تاڭ قالدۇرىدۇ. ئۆزىمىزنى پەلەكنىڭ شۇملۇقىدىن ئېلىپ قاچقان ۋاقتىمىزدىلا بەختنىڭ قەدرىگە يەتكەن بولىمىز. ئىنسانىيەتنىڭ قەدەم ئىزلىرى يەرشارىدىن ھالقىپ ئاي ۋە مارسقا يەتكەن بولسىمۇ، بىراق ئۆلۈمدىن ئىبارەت ئەجەل سىرتمىقىدىن قۇتۇلۇشقا ئامال قىلالماي كەلدى.

جاھان باقىي ئەمەس، لوقمان چېغىدا تاپمىدى دەرمان،
مىسالدۇر رۇمى ئىسكەندەر ۋە ھەتتا ئەركە چىڭگىزخان،

كېلىپ ـ كەتمەك بىلەن مەشغۇل جاھانغا بىھېساب كارۋان،
ئۆتەر دۇنيا، كېچەر دۇنيا پەقەت خەلقلا سۈرەر دەۋران،
ئۆمۈر مەنزىلىدىن تاپتىم ناھايەت شۇ ھەقىقەتنى.

ئاتاقلىق ئەدىب ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ بۇ شېئىرىدا شۇنداق بىر ھەقىقەت نۇرى چاقناپ تۇرۇپتۇكى، ئەجەل گەرچە شۇنچە رەھىمسىز بولسىمۇ، خەلق ھامان دەۋر سۈرۈپ قالىدۇ. ئەنە شۇ دەۋر ئىچىدىمۇ كىشىنىڭ قەلبىنى سەكپارە قىلىدىغان يېتىملىك، نامراتلىق ھۆكۈم سۈرۈپ، ئىنسانىي بۇرچىمىزغا نۇرغۇنلىغان سوئاللارنى قويىدۇ. ھېلىلا ئانىسىنىڭ ئىللىق قۇچىقىدا ئەركىلەپ ئولتۇرغان سەبىي بالا ئارىدىن بىر پەس ئۆتۈپلا ئاشۇ مېھىر ـ شەپقەت ئىگىسىدىن ئايرىلىپ يېتىم بولۇپ قالسا، ئەڭ ئېچىنىشلىقى ئۇ ئەمدىلا ئاتا ـ ئانا مېھرىگە قېنىشقا باشلاپ مۇشۇ بەختتىن مەھرۇم بولۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىشقا ئۈلگۈرمەيلا ئەتراپقا ئۇماق كۆزلىرىنى چاقنىتىپ قارىسا، ئۇ ھايات قاينىمىدا ئېقىپ يۈرۈپ چوڭ بولسا، ئەڭ ئېچىنىشلىقى ئۇ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆز ھاياتىدىكى رولىنى چۈشىنىپ يەتكەن ۋاقىتتا ئاتا ـ ئانىغا شۇنچە موھتاج بولۇپ ئاسمانغا تىكىلىپ«ئانا»، «دادا» دەپ نالە قىلسا، بىزنىڭ قەلبىمىز چاك ـ چېكىدىن يېرىلماي قالارمۇ؟ ھاياتلىقتا قىلچە سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈشكە ياكى ئۆزىگە تېگىشلىك بەختنىڭ بىر تامچىسىنىمۇ تېتىشقا ئۈلگۈرمەيلا ئاتا ـ ئانىسىدىن ئايرىلىپ قالغان مەسۇم باللارنى قانداقمۇ «بىتەلەي» دەپ ئاتاشقا تىلىمىز بارسۇن! چۈنكى، ئۇلار مۇشۇ بەختلىك ھاياتلىق ئالدىدا «بىتەلەي» بولۇپ قېلىشقا سەۋەب بولىدىغان ھېچقانداق سەۋەنلىك ئۆتكۈزمىگەندۇر. ئۆز ـ ئۆزىمىزگە شۇنداق كايىساقمۇ بىراق تەقدىرنىڭ ئاشۇ بىر تالاي مەسۇملەرگە كەلتۈرگەن ئېغىر قىسمەتلىرىگە ئېچىنماي قالمايمىز.

ئاتىسى يوق يېتىم ئۆزىنىڭ يېتىم ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ تەڭتۇشلىرى بىلەن يايراپ يۈرگەن ۋاقىتتا تەڭتۇشىنىڭ ئاتىسى خىزمەتتىن ياكى ئەمگەك قويىنىدىن، بازاردىكى سودا ـ سېتىق ئىشلىرىدىن قايتىپ كېلىپ ئۆز بالىسىغا قاراپ: «يېنىمغا كەل قوزام، قارا، مەن ساڭا نېمە ئېلىپ

كەلدىم» دېگىنىچە سومكىسىدىن تاتلىق - تۈرۈملارنى چىقارغان چاغدا ئاتىسىز يېتىمنىڭ بويۇن قىسىپ «مېنىڭمۇ دادام بولغان بولسىچۇ» دەپ يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا يىغلىغىنىچە ئۆيىگە يۈگۈرۈپ كىرىپ، جىمى دەرد - ئەلىمىنى يالغۇز تارتىپ كېلىۋاتقان ئىمجان ئانىنىڭ باغرىغا ئۆزىنى ئېتىپ، ھۆكىرەپ يىغلىشى، ئانىسىز يېتىمنىڭ كىيىملىرى يىرتىلىپ، كىرلىشىپ كەتكەن ۋاقىتتا ياكى ئۇ كېچىلىرى چۈشىدىن قورقۇپ - ئۆرىدەپ ئويغىنىپ كەتكەن چاغدا يېنىدا كۆيۈمچان ئانىسىنىڭ يوقلۇقىنى ئويلاپ، بولۇپمۇ مەڭگۈ قايتىپ كەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ يىغلىۋەتكەندە، ئاتا - ئانىسىدىن بىراقلا ئايرىلىپ قالغان يېتىملارنى...... ئاھ، بىز ئۇلارنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرەيلى. قۇچىقىمىزدا ئەركىلەپ بىزنىڭ بولغانلىقىمىزدىن پەخىرلىنىپ خۇشال - خۇرام مەكتەپكە ماڭغان پەرزەنتلىرىمىزنىڭ بېشىغا بۇ كۈن كەلگەندە ئۇلارمۇ بىزنىڭ قەلبىمىزنى ئۆرتىگەن يۇقىرىقى تەسەۋۋۇرىمىزدىكى بىچارىلەرنىڭ ئۆزى بولۇپ قالىدۇ. ئىنسان بالىسىغا يېتىملىك، غېرىبلىقتىن ئارتۇق ئازاب بولماس. ئۇيغۇر خەلقى قەدىمدىن تارتىپ ئاتىنى تاغ، ئانىنى باغ؛ ئاتىنى ئوڭ قانات، ئانىنى سول قانات؛ ئاتىنى ئۆينىڭ تۈۋرۈكى، ئانىنى ئۆينىڭ چىرىغى ھېسابلاپ، ئاتا - ئانا مېھرىنىڭ ئوكيانىدىنمۇ چوڭقۇر ئىكەنلىكىنى ئىزاھلاپ كەلگەن. قېنى ئويلاپ كۆرەيلى! ئۈستىگە چىقىپ يىراقلارنى كۆرەلەيدىغان تېغى، شېرىن - شەربەتلىك مېۋىلەرگە تولغان بېغى بار ئادەمنىڭ شادلىقى قانچىلىك؟ ئوڭ ۋە سول قانىتى بار ئادەمنىڭ كۆك قەرىدىكى پەرۋازى قانچىلىك؟ ئۆينىڭ تۈۋرۈكى، يورۇقلۇق بەخش ئېتىدىغان چىرىغى بار ئادەمنىڭ شادلىقى قانچىلىك؟

1988 - يىلى 10 - ئاينىڭ 24 - كۈنى كەچ كۈز شاملى كائىناتنى بىر خىل يېقىمسىز ھالغا كەلتۈرۈپ، تەبىئەت قوچىقى دېھقانلارنىڭ كۈزلۈك يىغىم - تېرىم جېڭىنىڭ ئالدىراشلىقى بىلەن تولغانىدى. ئابدۇراخمان قۇربان كۆكيار يېزىسىدىكى دېھقانلارنىڭ كۈزگى بوغداي تېرىش ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ بولۇپ، ئارىش يېزىسىغا قاراپ يولغا چىقتى. يول بويى ئۇنىڭ خىيالىغا بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى كەچتە

قارلۇق ئۈستەك بويىدىكى ناۋايخانا ئالدىدا ئۇچراتقان كىيىم - كېچەكلىرى جۇل - جۇل، چىرايىدىن بىر خىل مىسكىنلىك چىقىپ تۇرىدىغان سەككىز ياشلاردىكى بىر ئوغۇل بالىنىڭ سىيماسى كىرىپ بىلىپ بەكمۇ پەرىشان قىلدى. بۇ بالا يېتىم قېلىپ بازار، كوچىلاردا، ئاشخانا، ناۋايخانىلاردا تىلەمچىلىك بىلەن كۈن ئۆتكۈزۈپ يۈرگەندە، ئۇنىڭغا ئۇچراپ قالغانىدى. ئۇ ئارىش يېزىسىغا كەلگۈچە يېتىمچىلىكنىڭ ئازابى ھەققىدە خىيال سۈرۈپ كەلدى.

ئارىش يېزىسىدىكى پىلانلىغان خىزمەت ئاخىرلىشىپ قايتىش ئالدىدا، ئابدۇراخمان قۇربان نامرات ئائىلىلەردىن بىرنەچچىنى تەكشۈرۈپ كۆرمەكچى بولۇپ، كەنت كومتېت كادىرلىرى بىلەن ھاشىم ئاخۇننىڭ ئۆيىگە كەلدى. ئۇنىڭ كۆزى سۇپىدا ئۆزىگە تەلمۈرۈپ قاراپ تۇرغان ئۈچ ياشلاردىكى ئوغۇل بالىغا چۈشتى. يەنە ئىككى نەپەر مەسۇم قىزغا ھەم ئۆي ئىچىدىكى سەرەمجانلارغا، ئاندىن يۈتىلىپ ياتقان، چاچلىرى ئۇچەتەك ئاقارغان ئاجىز ئايالغا قاراپ كۆڭلى بىردىنلا بۇزۇلدى. ئۆي ئىچىدىكى بۇ مەسۇم باللارنىڭ كېسەللىك ئازابىدا ياتقان قېرى ئايالنىڭ باللىرى بولۇشى ئەقىلگە سىغمايتتى.

ئابدۇراخمان قۇربان يېنىدا تۇرغان كەنت كومتېت كادىرىغا قاراپ:

— بۇ باللار...... — دېۋىدى، ئۇ ئابدۇراخمان قۇرباننىڭ سۆزىنىڭ ئاخىرىنى كۈتمەيلا چۈشەندۈردى:

— بۇ باللار سارىخان ئاچامنىڭ نەۋرىلىرى بولىدۇ. باللارنىڭ ئاتا-ئانىسى ئارقا - ئارقىدىن قازا قىلدى.

— باللار...... ئاتا - ئانىسى يوق يېتىم باللار دەڭ، — ئابدۇراخمان قۇرباننىڭ يۈرىكى گويا ئامبۇردا قىسقاندەك بىر خىل ئازاب ئىچىدە سىلكىندى. كېيىن ئۇ تىترەپ تۇرغان قوللىرىنى سوزۇپ، سۇپىدا ئولتۇرغان ئوغۇل بالىنى قۇچىقىغا ئالدى. مەسۇم ئوغۇل ئۇنىڭغا سەپسېلىپ قارايتتى. كۆڭلىدە ئۇ نېمىلەرنى ئويلىدىكىن ياكى «بۇ كىمدۇ، مېنىڭ دادام مۇشۇمىدۇ، ئۇنى ئوبدان قۇچاقلاي» دېگەنلەرنى ئويلىدىمىكىن، بېشىنى ئابدۇراخمان قۇرباننىڭ كەڭ

كۆكسىگە قويدى. شۇئان ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ پۈتۈن جىسمىغا بىر ئوتلۇق قىزىق ئېقىم تاراپ، ۋۇجۇدى ياپراقتەك تىترەپ كەتتى، كۆزلىرىدىن تاراملاپ تۆكۈلگەن ياشلار بالىنىڭ مەڭزىنى ھۆللىدى.

— بۇ بالىنىڭ ئىسمى نېمە؟

يېنىدىكىلەردىن بىرى جاۋاب بەردى:

— ئىسمى ئابدۇغوپۇر، بۇ يىل ئۈچ ياشقا كىردى. بۇ قىزنىڭ ئىسمى سارىخان، بۇنىڭ ئىسمى زەينەپخان، ئۇلار ئابدۇغوپۇرنىڭ ئاچىلىرى.

ئابدۇراخمان قۇربان شۇ كۈنى مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرگە بۇ يېتىم بالىلارنىڭ تۇرمۇشىنى ئوبدان ئورۇنلاشتۇرۇش توغرىسىدا كۆرسەتمە بېرىپ قايتىپ كەلگەن بولسىمۇ، كۆڭلى پەقەت ئارامىغا چۈشمىدى. ئاخشىمى ئۆز يېنىدا ئويناپ يۈرگەن بالىلىرىنى يېتىم ھالەتتە تەسەۋۋۇر قىلىپ باقتى. ياق! يېتىم بالىلار يېتىملىك دەردىنى تارتمىسۇن، ئۇلارنىڭ كەلگۈسىمۇ چوقۇم بەختلىك بولۇشى كېرەك. ئۇ ئۆز-ئۆزىگە شۇنداق مۇراجىئەت قىلدى-دە، سىرتقا چىقتى. يۇلتۇزلار جىمىرلاپ تۇرغان ئاسمانغا بىر پەس تىكىلدى. شۇئان بىر يۇلتۇز ئۇنىڭ كۆزىگە ئارىش يېزىسىدىكى مەسۇم يېتىم ئوغۇل ئابدۇغوپۇر بولۇپ كۆرۈندى. ئۇنىڭ يېنىدا ئاجىز پارلاۋاتقان يۇلتۇزلار چىرايىدىن سولغۇنلۇق يېغىپ تۇرىدىغان زەينەپخان، سارىخان بولۇپ كۆرۈنۈپ، ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي، كۆزىگە ياش كەلدى. كېرىيەدە يەنە قانچىلىك يېتىم بالىلار شۇ ھالدا تۇرمۇش ئۆتكۈزۈۋاتقاندۇ. يەنە قانچىلىك؟ ئۇنىڭ خىيالى شۇنچە تېز كېرىيەنىڭ بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىنى كېزىپ ئۈلگۈردى. «مەن نېمىشقا بۇ ئىشنى بۇرۇنراق ئويلىمىدىم» دېگەن سوئال قەلبىنى چىرمىۋالدى. بىر چاغدا ئۇ ئۆزىنى زۇلمەت قاراڭغۇلۇقىغا چۆمگەن قارلۇق ئۆستەڭ بويىدا سەزدى. ئۇ ئەسلىدە تونۇر بېشىدا يېتىۋاتقان يېتىملارنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقۇش ئۈچۈن ئاتىخانا، ناۋايخانا زىچ ئورۇنلاشقان بۇ جايغا كېلىپ قالغانىدى. بىر چاغدا ياندىكى تونۇر بېشىدا بىر كىمنىڭ يۆتەلگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. شۇ ئان ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا مۇشۇ يەردە ئۇچراتقان ھېلىقى بىچارە بالا كەلدى. ئۇ ئاستا تونۇر بېشىغا كېلىپ قارىۋىدى،

يۇرىكى ئاشۇ تونۇردىكى قوقاسقا چۈشۈپ كەتكەندەك بولدى. تونۇر بېشىدا ئۈچ بالا تۈگۈلۈپ ياتاتتى.

— بېشىڭلارنى كۆتۈرۈڭلار بالىلار، بۇ يەردە ياتقۇچە ئۆيۈڭلەردە ياتساڭلار بولمامدۇ؟

— ئۆيىمىز بولمىسا، مۇشۇ يەردە ياتماي قانداق قىلىمىز ئاكا. بىزگە ئىچىڭىز ئاغرىغان بولسا ئۆيىقۇمىزنى قاچۇرماي، بىرئاز سەدىقە بېرىپ يولىڭىزغا ماڭمامسىز؟

— مېنىڭ ئاتا-ئانام بوۋاق ۋاقتىمدا ئۆلۈپ كېتىپتىكەن. چوڭ دادام باققانىدى. ئۇمۇ ئۆلۈپ كەتتى.

— سىزنىڭچۇ؟

— ئانام ئۆلۈپ كەتكەن، دادام خوتۇن ئېلىۋالدى. ئۆگەي ئانام مېنى ئۆيگە پاتقۇزمىدى.

— بولدى، سۆزلىمەڭلار، مەن چۈشەندىم!

ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ بۇ يەردە يەنە تۇرۇشقا تاقىتى قالمىدى. ئۇلارنى ناھىيەلىك ھۆكۈمەت مېھمانخانىسىغا ئەكىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇپ ۋە خەجلىگە پۇل بېرىپ ئىشخانىسىغا قايتتى. شۇ كۈنى كېچىسى ئۇ تاڭ يورۇغىچە كىرپىك قاقماي خىيال سۈرۈپ چىقتى. «تۇغرا، مۇبادا سارىخان، زەينەپخان، ئابدۇغوپۇرلار چوڭ ئانىسى قازا قىلىپ كەتسە تونۇر بېشىدا ياتقان ئاشۇ بالىلارنىڭ سېپىگە قوشۇلمامدۇ؟» ئۇنىڭ خىيالى تاڭ ئاتقۇچە ئۈزۈلمىدى.

ناھىيەلىك خەلق ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى تۇرسۇن توختى ۋە مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى مەتتۇرسۇن ئەزىزلار تېلېفون تۇرۇپكىسىنى قويۇپلا ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ ئىشخانىسىغا كەلدى. ئۇلار ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ چىرايىغا قاراپ مىجەزى بولمىسا كېرەك دەپ ئويلىدى بولغاي:

— زۇكامداپ قالغان ئوخشىمامدۇ، دوختۇرخانىغا ئاپىرامدۇقيا، — دېدى.

— زۇكامدىنمۇ ئېغىر بىر كېسەللىك مېنى چىرمىۋالدى. قېنى ئولتۇرۇڭلار، — ئابدۇراخمان قۇربان ئۆزى كۆرگەن ھېلىقى «بىتەلەي»

مەسئۇم باللارنىڭ ئەھۋالىنى تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى. ئاخىردا ئېچىنىش ئىچىدە مۇنداق دېدى، — بىز دۇرۇس ئىش قىلماپتىمىز. يېتىم باللارنى نېمىشقا ئويلاپ قويمىدۇق، ئۇلارمۇ بىزنىڭ ۋارىسلىرىمىزغۇ، ئۇلار كوچىلاردا سەرسانلىق ھاياتىنى ئۆتكۈزسە، بىزنىڭ ناھىيەمىزدىكى نامراتلارنىڭ تويۇنۇش، كىيىنىش مەسىلىسىنى تېزدىن ھەل قىلىمىز، دەپ يۈرگىنىمىزنىڭ كارايىتى نېمە! مەن بەكمۇ ئازابلىنىپ كېتىۋاتىمەن، بۇ ئىشنى بۇرۇنراق ئويلىمىغانلىقىمغا يەتكۈچە پۇشايمان قىلىۋاتىمەن. ئەتىدىن باشلاپ ئىككى ئىدارىدىكى كادىرلارنى تەشكىللەپ ئىدارىدىكىلەر بىلەن بىرگە يېزىلىق ھۆكۈمەتلەر ئارقىلىق تۆۋەنگە چۈشۈپ يېتىم باللارنىڭ تەكتىنى ئېنىقلاپ، ناھىيەمىزدە يېتىم-يېسىرلار پاراۋانلىق ئورنى قۇرۇش توغرىسىدا لايىھە تۈزۈڭلار. مەن ئۇنىڭغىچە پارتكومدىكى مەسئۇل يولداشلارغا ئەھۋالنى مەلۇم قىلىپ، تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئىشلەپ تۇراي، قانچە تېز بولسا شۇنچە ياخشى، پاراۋانلىق ئورنىنى بىر كۈن بۇرۇن قۇرساق، يېتىم - يېسىرلارنىڭ چىرايىغا بىر كۈن بۇرۇن قان يۈگۈرەيدۇ.

ناھىيەلىك خەلق ئىشلار ئىدارىسىنىڭ باشلىقى تۇرسۇن توختى، مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى مەتتۇرسۇن ئەزىزلار ھاياجان ئىچىدە ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتى.

ئارىدىن ئون نەچچە كۈن ئۆتۈپ ئۇلار 44 نەپەر يېتىم بالىنىڭ ئەھۋالى تونۇشتۇرۇلغان ماتېرىيالنى ئابدۇراخمان قۇربانغا بەردى.

— 44 نەپەر! 44 نەپەر ئاتا-ئانىسى يوق يېتىم بالا كوچىلاردا، بۇلۇڭ - پۇچقاقلاردا تېنەپ يۈرۈپتۇ. ئەمدى بىر مىنۇتمۇ كېچىكتۈرۈشكە بولمايدۇ. شۇنچە كۆپ ۋاقىت كېچىكتۈرگەنلىكىمىز ئۈچۈن بىز ئۆزىمىزنى قاتتىق ئەيىبلىشىمىز لازىم!

ئابدۇراخمان قۇربان شۇ كۈنىلا ناھىيەلىك يېتىم-يېسىرلار پاراۋانلىق ئورنى قۇرۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، 17نەپەر كادىرنى بۇ ئىشقا ئاجراتتى. ناھىيەلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى قارار قىلىپ 10 ئىشتات ئاجراتتى ۋە ھەر يىلىغا 36 مىڭ يۈەن بېرىش بېكىتىلدى. تەييارلىق خىزمەتلىرى پۇختا ئىشلىنىپ ئارىدىن ھەپتە

ئۆتۈپلا شىنجاڭ بويىچە تۇنجى يېتىم - يېسىرلار پاراۋانلىق ئورنى كېرىيە ناھىيەسىدە قۇرۇلدى. 44 نەپەر يېتىم بالا ئاچارچىلىق، غېرىبلىق، يالغۇزلۇق ئازابلىرىغا خاتىمە بېرىپ، ناھىيەلىك يېتىم-يېسىرلار پاراۋانلىق ئورنىدىكى ئازادە، ئىسسىق ياتاقلارغا ئورۇنلاشتى. ئۇلار ياتاقتىلا ئەمەس، ئۆزۈندىن بېرى تەلمۈرگەن مەززىلىك تائاملارغا، ئەڭ قەدىرلىكى ئۆزلىرىنى يۆلەپ-تارايدىغان پاتەمخان، زەينەپخان قاتارلىق كۆيۈمچان ئانىلارغا، ئۆزلىرىنى قەرەللىك يوقلاپ تۇرىدىغان ئابدۇراخمان قۇربان باشچىلىقىدىكى مېھرىبان ئاتىلارغا ئىگە بولدى. باغرى يۇمشاق ھەسەن كېرىم كېچە-كۈندۈز ئۇلارنىڭ يېنىدىن ئايرىلمىدى. ئابدۇغوپۇرنىڭ مەڭزىگە قان يۈگۈردى. بىرەر قېتىم كۈلۈپ باققانلىقىنى ئېسىگە ئالالمايدىغان سارىخان، زەينەپخان ئىنىسى ئابدۇغوپۇرنىڭ پاراۋانلىق ئورنىدا قورسىقى توق، كىيىمى تولۇق ھالدا ئۆملەپ ئويناپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ كۈلۈۋەتتى. ئاتا - ئانىسى بىر يىل ئىچىدىلا قازا قىلىپ تىكەندەك يالغۇز قالغان ئىمىن، زۇپتۇمخان پاراۋانلىق ئورنىدا يېڭى دادىسى ۋە ئانىسىنىڭ باغرىغا ئۆزىنى ئېتىپ قانغۇچە يىغلىۋالدى.

پاراۋانلىق ئورنىنىڭ سابىق باشلىقى ھەسەن كېرەم ئەينى ۋاقىتتىكى شادلىق بىلەن ھاياجان ئارىلىشىپ كەتكەن مىنۇتلارنى ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ:

— ئۇ كۈنى بىز ھەممىمىز يىغلىۋەتتۇق. ئابدۇراخمان قۇربانمۇ قۇرۇلۇش مۇراسىمىدا ناھايىتى تەسىرلىك سۆزلىدى. كىشىلەر توپ-توپ بولۇپ پاراۋانلىق ئورنىغا كېلىپ، كۆڭۈل ئىزھار قىلىشتى، پۈتۈن جەمئىيەت يېتىملار پاراۋانلىق ئورنى قۇرۇلغانلىقىنى تەبرىكلەشتى. ئابدۇراخمان قۇرباننىڭ شۇ كۈندىكى «يېتىملارنىڭ دىلى سۇنۇق، ئۇلارغا ھەرگىز ئازار بېرىشكە بولمايدۇ. باللارنى كۈتۈشكە پاتەمخان، زەينەپخان قاتارلىق يولداشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇشىمىزدىكى سەۋەب، بۇ يولداشلارنىڭ باللىرىنىڭ ئاتىسى قازا قىلغان، ئۇلار ئاتىسىز يېتىملارنى بېقىپ كەلگەن بولغاچقا، يېتىملارنىڭ قەلبىنى چۈشىنىدۇ. شۇڭا، باللارغا ئاتا- ئانىسىنىڭ شەپقىتىنى يەتكۈزۈڭلار. ئۇلارنىڭ كۆڭلى مۇيەسسەر بولۇشقا نېسىپ بولمىغان مېھىر- مۇھەببەتكە قايتا ئىگە

بولسۇن» دېگەن سۆزى قۇلاق تۈۋىمدە جاراڭلاپ تۇردى. ئابدۇغوپۇر شۇ كۈنى ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ قوچىقىدىن چۈشكىلى ئۇنىمىدى. ئەمدىلا ئۈچ ياشقا كىرگەن بۇ بالا ئاتا مېھرىگە چۆمۈلگەن چېغى. تۆت ياشلىق بېتىم نۇردىن سالى قاتارلىقلارمۇ ئۇنىڭغا يېپىشۋالدى. ئابدۇراخمان قۇربان ھە دەپ ئۇلارنى باغرىغا بېسىپ سۆيەتتى، ئۇنى - بۇنى سوراپ بالىلارنى كۈلدۈرەتتى. مەن بۇ ھالغا قاراپ «ھاكىم بۇ ھەربىكىتى ئارقىلىق بىزنىڭ پاراۋانلىق ئورنىنىڭ خىزمەتلىرىدە باشتىن-ئاخىر كۆيۈمچان، مېھرىبان بولۇپ، بالىلارنى ئۆز بالىمىزدەك كۆرۈشىمىز كېرەك، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەۋاتسا كېرەك» دەپ ئويلىدىم. مېنىڭ بۇ ئويلىرىم كېيىنكى كۈنلەردە توغرا بولماي قالدى. ئابدۇراخمان قۇربان پۇرسەت تاپسىلا بالىلارنى يوقلاپ تۇردى. ئۇ ھەر قېتىم كەلگەندە بالىلار خۇددى ئۆز ئاتىسىنى كۆرگەندەك خۇشال بولۇپ، ئۇنى ئارىغا ئېلىۋالاتتى. ئابدۇراخمان قۇربانمۇ بالىلارغا تاتلىق - تۈرۈملارنى ئالغاچ كېلەتتى. دېمەك، ئۇ بالىلارغا كۆيۈنۈشتە بىرگە ئۆلگە كۆرسىتىپلا قالماستىن، بەلكى ئۆزىمۇ بالىلارغا ئاتا مېھرىنى تۆكۈۋاتاتتى. پاراۋانلىق ئورنىمىزدىكى خىزمەتچىلەر بۇ خىل مېھرىبانلىقنى ئۆزلىرىگە ئۆلگە قىلىشقا باشلىدى. 44 نەپەر بالىنىڭ سەككىز نەپىرى سەرسانلىق تۇرمۇش ئىچىدە قىچىشقاق كېسىلىگە گىرىپتار بولغانىدى. پاراۋانلىق ئورنىغا كەلگەندىن كېيىن ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ بىۋاستە ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ئۇلار جىددىي داۋالىنىلدى. يەتتە نەپەر بالىنىڭ بېشى تاز بولۇپ، يەنە ئون نەچچە بالا ئورنىغا چوڭ-كىچىك تەرەت قىلىپ قوياتتى. ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ يېتىم بالىلارغا بولغان كۆيۈمچانلىقى پاراۋانلىق ئورنىمىزدىكى خادىملاردا بالىلاردىن، ئۇلارنىڭ چوڭ-كىچىك تەرەتلىرىدىن يىرگەنمەيدىغان ئادەتنى يېتىلدۈردى. مەن پاراۋانلىق ئورنىمىزنىڭ شەپقەت ئانىسى بولۇپ كېلىۋاتقان پاتەمخان، زەينەپخان قاتارلىق يولداشلارنىڭ بالىلارنىڭ چوڭ-كىچىك تەرەتلىرىنى ئادالاپ، بەدەنلىرىنى يۇيۇپ، چاچلىرىنى تاراپ قىلچە ھارمىغانلىقىغا قاراپ بىرنەچچە قېتىم ھاياجان ياشلىرىمنى تۆكتۈم. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئابدۇراخمان قۇربان كۈندۈزدىلا ئەمەس، كېچىلەردىمۇ بالىلارنى يوقلاپ

كېلىپ، ئۇلارنىڭ ياتاق، تاماق ئەھۋالىنى تەپسىلىي تەكشۈرەتتى. ئىنسانىنىڭ قەلبى هامان ئىللىق بولىدىكەن، بىز يېرىم يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ ئۆلگە تىكلەپ بېرىشى بىلەن يېتىم بالىلارنىڭ كۆتكۈچىسى ئەمەس، ئۆز ئاتا-ئانىسىغا ئايلاندۇق. ئۇلار بىزنى دادا، ئانا......دەپ چاقىرىدىغان بولدى. ئابدۇراخمان قۇربانىي كۆرسە «هاكىم دادام كەلدى» دېيىشكىنىچە ئۇنىڭغا ئۆزىنى ئاتىدىغان بولۇشتى. توغرا، ئادەم ئۆزىنىڭ ئادىمىيلىك پەزىلىتى بىلەنلا ياشاش هوقۇقىغا ئىگە بولىدۇ. هاياتلىق ئالىمىنىڭ سۆيۈملۈك بولۇشى، ماماتقا يۈزلەنگەن ئادەمنىڭ ۋىدالىشىش ئالدىدا ئەتراپقا زەن سېلىپ بىر قېتىم قارىۋېلىشىنىڭ سەۋەبى ئاشۇ ئادىمىيلىك پەزىلەتنىڭ نەقەدەر قىممەتلىك ئىكەنلىكىدىن، ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قېلىشنىڭ ئادەمگە تولىمۇ ئېغىر كېلىدىغانلىقىدىن بولسا كېرەك. كېرىيە ناھىيەلىك يېتىم-يېسىرلار پاراۋانلىق ئورنى قۇرۇلۇپ، كېرىيەلىكلەرنىڭ قەلبىگە ئىنسانىي خىسلەتنىڭ ئۇرۇقى چېچىلدى. يېتىم بالىلارنىڭ بۇ شەپقەت بۆشۈكىدە ئۆزلىرىنىڭ يېتىم ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ خۇشال-خۇرام يايراپ يۈرگەن كۆرۈنۈشلەرنى تېلېۋىزوردىن كۆرگەن كىشىلەر بىردەك ياش تۆكۈشتى، ئۆزۈن مەنزىللەرنى بېسىپ كېلىپ بالىلارنى يوقلىدى. پارتىيە-هۆكۈمەتنىڭ يېتىم بالىلارغا يەتكۈزگەن شەپقىتىگە چەكسىز مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشتى.

1990-يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە پاراۋانلىق ئورنىدىكى يېتىم بالىلار 72 نەپەرگە يەتتى. 72 نەپەر بالىنىڭ 72خىل تۇرمۇش كەچۈرمىشى بار. 72 خىل غېرىبچىلىق، مىسكىنلىك ئۇلارنى چىرماپ كەلگەن. ئەنە شۇ 72 خىل ئازاب ئابدۇراخمان قۇربانغا بەش قولدەك ئايان بولۇپ كەلدى. ئۇ ئارخىپ ماتېرىياللىرىنى دائىم ۋاراقلاپ كۆرۈشنى ئادەت قىلىۋالدى. «بالىلارغا ئاتا-ئانىسىنىڭ مېھرىنى يەتكۈزدۇق. ئۇلار چوڭ بولىدۇ. جەمئىيەتكە يۈزلىنىدۇ، گەرچە ئۇلارنىڭ مېۋە ئۈزۈپ يەيدىغان بېغى، سايە قىلىدىغان تېغى بولسىمۇ، كۆك قەرىدە ئۇچىدىغان قانىتى بولمىسا قانداق بولىدۇ؟ ياق، ئۇلارنىڭ كېيىنكى تۇرمۇشىنىمۇ مۇشۇ ۋاقىتتىن باشلاپ ئويلاش كېرەك». ئۇ ئەنە شۇ

خىياللار ئىلكىدە يېتىم بالىلارنىڭ كېيىنكى تۇرمۇشى ئۈستىدە باش قاتۇرۇشقا باشلىدى. ئۇ ئىلگىرى بىر قېتىملىق يىغىندا «مېنىڭ ئائىلەمدە ئۈچ بالام بار. يېتىم - يېسىرلار پاراۋانلىق ئورنىدا 72 نەپەر بالام بار. مەن جەمئىي 75 بالامنىڭ تەقدىرى، يەنە ئۇنىڭدىن بالىلارنىڭ تەقدىرى، ئىستىقبالى ئۈستىدە باش قاتۇرۇشقا، ئۇلار ئۈچۈن ياخشى ياشاش يولى ئېچىشقا مەجبۇرمەن» دەپ تەنتەنىلىك جاكارلىغانىدى. ئۇ ئاخىر بىر قارارغا كەلدى. بالىلارنىڭ ئوقۇش يېشىدىكىلىرىنى مەكتەپكە بېرىش، ئوقۇش يېشىدىن ئۆتۈپ كەتكەنلىرىنى دەرھال جەمئىيەتتە بازىرى ئىتتىك ھۈنەر-كەسىپلەر بويىچە تەربىيەلەشنى ئورۇنلاشتۇردى ھەمدە پاراۋانلىق ئورنىنىڭ يېڭى بىنا قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ يىل ئاخىرىدا ئىشقا كىرىشتۈرۈش بويىچە مالىيە ئىدارىسى ۋە جەمئىيەتتىكى ئالدىن بېيىغان كىشىلەرنى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈردى. بۇ پىلان ھەممە كىشىنىڭ دىلىغا ياقتى.

دىلىغا ياققان ئىشنىڭ يولى كەڭرى بولىدىكەن، ھەممە تىرىشچانلىق كۆرستىپ بىر ئايغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە يېتىم بالىلار تەركىبلەرگە ئايرىلىپ ئوقۇش يېشىدىكىلەر مەكتەپكە كىردى. ئۇلار خۇددى ئەتىگىنى ئۆز ئۆيىدىن ئوبدان تاماقلىنىپ مەكتەپكە ماڭغان باشقا بالىلارغا ئوخشاشلا پاراۋانلىق ئورنىدىكى ئۆيلىرىدىن مەكتەپكە قاراپ يول ئالدى. ئوقۇش يېشىدىن ئۆتۈپ كەتكەن يېتىم بالىلار تىككۈچىلىك، ئاشپەزلىك، رېمونتچىلىق، ساتىراشلىق، ياغاچچىلىق كەسىپلىرىنى ئۆگىنىشكە ئاتلاندى. قولى گۈل ئۇستىلار يىراق-يېقىنلاردىن يۆتكەپ كېلىندى. ئابدۇراخمان قۇربان پاراۋانلىق ئورنىغا يەنە قوي، سۇت كالىسى، توخۇ-ئۆردەك ئېلىپ بەردى. بالىلارنىڭ ئوزۇقلىنىشى ياخشى بولدى. مەخسۇس ئادەم ئورۇنلاشتۇرۇپ ئەدەبىيات-سەنئەت نومۇرلىرىنى ئۆگەتتى، بالىلار ئورۇندىغان نومۇرلار كىشىلەرنى ھاياجانغا سالدى. يېتىم بالىلار ئەنە شۇ خىل مۇھىت ئىچىدە كۈندىن-كۈنگە چوڭ بولۇپ ئەقىل تېپىشقا باشلىدى. يىللار بىر-بىرى بىلەن قوغلىشىپ شۇنچە تېز ئۆتۈپ كەتتى. ئابدۇغوپۇرمۇ ئۆسمىلەپ يۈرگەن يېرىدىن قوپۇپ بوغچىسىنى ئېسىپ مەكتەپكە كىردى. سارىخان،

زەينەپخانلارمۇ ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرەلەيدىغان بولدى. مەگىنساخان، مەتتۇرسۇن قاتارلىق ئون نەچچە بالا ھۈنەر ئايرىپ ئۆز يېزىسىدا ھۈنەر ئارقىلىق بېيىشقا باشلىدى.

1991 ـ يىلى سەككىز نەپەر ئوغۇل بالىنىڭ خەتنە توي مەرىكىسى داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى. ئابدۇراخمان قۇربان ئۆزى تەييارلاپ كەلگەن توخۇملارنى بالىلارغا سويۇپ بېگۈزدى، ھەربىر بالىغا سوۋغا تەقدىم قىلدى. شۇ قېتىملا ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ ئۆلگە تىكلىشى بىلەن پاراۋانلىق ئورنىغا 16مىڭ يۈەن نەق پۇل ۋە نورغۇن تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى، ھەتتا بالىلارنىڭ سۈت بىلەن ئوزۇقلىنىشى ئۈچۈن سۈت كالىسى ئىئانە قىلىندى. يېتىملارغا ئىئانە قىلىش مۇراسىمىغا ئابدۇراخمان• قۇربانىنىڭ دادىسى مەتقۇربان ھاجىمۇ سېخىي قولىنى كەڭ ئېچىپ، تېجەپ يىغقان پۇلنى ئېلىپ كەلدى. پاراۋانلىق ئورنىنىڭ يېڭى بىناسى پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەندىمۇ ئابدۇراخمان قۇربان يەنە باش بولۇپ 72 نەپەر يېتىمنىڭ يېنىدا پەرۋانە بولدى. مەركىزىي بېكەت باشلىقى ئوبۇل ھاشىم، ۋىلايەتلىك قاتناش باشقارمىسىنىڭ باشلىقى غەيرەت ئابدۇللا قاتارلىق يولداشلار 25 مىڭ يۈەن پۇل، سوۋغا ـ سالام تەقدىم قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىك بانكىسىمۇ 20 مىڭ يۈەن ئىئانە قىلدى. شەپقەت ئانىسى زەينەپخان مۇئەللىپكە يىغلاپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

ــ مەن يېتىملىك ئازابىنى تارتىپ باققان. بىراق، بىز پاراۋانلىق ئورنىدىكى يېتىم بالىلارغا يېتىملىك ئازابىنى ھەرگىزمۇ تارتقۇزمىدۇق. چۈنكى، ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ بۇ بالىلارغا بولغان مېھرى بىزنى ئۆلارنىڭ ئۆز ئانىسىغا ئايلاندۇرۇۋەتتى. ئۇ ناھىيەدە بار چېغىدىلا ئەمەس، ھەتتا بېيجىڭغا ئوقۇشقا كەتكەندىمۇ تېلېفون ئارقىلىق بالىلارنىڭ ئەھۋالىنى سوراپ تۇردى.

راست، ھەقىقەتەنمۇ شۇنداق بولدى. ئابدۇراخمان قۇربان ئاتىلارغا خاس مېھرىنى ھەرگىزمۇ يېتىم بالىلاردىن ئايىمىدى. بىز بالىلارنىڭ كۆڭلىنى گويا ئاق قەغەزگە، تال چىۋىققا ئوخشىتىمىز، ئۇلاردا نە ئالدامچىلىق، نە ياسالمىلىق مەۋجۇت ئەمەس، ئابدۇراخمان قۇربان

كېرىيەدىن ئايرىلغاندىن كېيىنمۇ خىزمەت بىلەن كېرىيەگە كەلسىلا ئالدى بىلەن پاراۋانلىق ئورنىغا كېلىپ باللارنى يوقلىدى. بىر قېتىم ئۇ كېرىيەگە كېلىپ باللارنى يوقلاش ئۈچۈن پۇرسەت ئىزدەپ يۈرگەندە پاراۋانلىق ئورنىدىكى يېتىم باللار ئۇنىڭ كېرىيەگە كەلگەنلىكىنى كىمدىن ئاڭلىدىكىن، ھەممىسى ناھىيەلىك ھۆكۈمەت بىناسىغا كېلىپ توپلاشتى. ئۇلار بىردەك ئورگاندىكى كادىرلاردىن «ھاكىم دادام قېنى؟» دەپ سوراشتى.

پاراۋانلىق ئورنىدىكى يولداشلار ئۇلارنى قايتۇرۇپ ئېلىپ كېتەلمەي كۆپ ئاۋارە بولدى.

مۇئەللىپ ئۈچۈن 1996-يىلى 11-ئاينىڭ 10-كۈنى تولىمۇ ئەھمىيەتلىك كۈن بولدى. ئۇ كۈنى ھاۋا ئوچۇق بولۇپ، مەن كېرىيە ناھىيەلىك يېتىم - يېسىرلار پاراۋانلىق ئورنىغا كېلىپ بۇ بەخت بۆشۈكىدىكى باللار بىلەن مۇڭدىشىش پۇرسىتىگە مۇيەسسەر بولدۇم.

— ئىسمىڭىز نېمە؟

— ئابدۇغوپۇر.

— نەچچە ياشقا كىردىڭىز؟

— ئون ياشنى تولۇغەتتىم، 4-سىنىپتا ئوقۇيمەن، سىز كىم؟

— مەن خوتەندىن كەلدىم.

— ھە، سىز ھاكىم دادام بىلەن بىللە ئىشلەمسىز؟ خوتەن دېگەن بەكمۇ يىراقتا ئىكەن.

— نېمە، سىز خوتەنگە بارغانما؟

— بارغان، ئۆتكەندە ھاكىم دادام كەپتىكەن، ماشىنىسىغا كىرىۋالدىم، ئۇ مېنى خوتەنگە ئاپاردى.

— مۇنداق دەڭ، ئاتا-ئانىڭىزنى كۆرگۈڭىز كېلەمدۇ؟

— ھاكىم دادامنى كۆرگۈم كېلىدۇ. پاتەمخان، زەينەپخان ئانام بار.

بىزنىڭ سۆھبىتىمىز شۇ تەرىقىدە داۋاملىشىۋاتاتتى. يېنىمىزدا پاراڭغا دىققەت قىلىپ تۇرغان تۇردى ئىسىملىك بالا ئابدۇغوپۇرغا دوق قىلىپ:

— ۋالىي دادامنى ھاكىم دادام دەۋاتىسەنغۇ، — دېدى.

ئابدۇغوپۇر ئېغىر سەۋەنلىك ئۆتكۈزگەندەك خىجالەت ئىچىدە بىر ماڭا، بىر تۇردىغا قاراپ ئۈندىمەي تۇردى.

— بولدى تالاشماڭلار، قېنى ئېيتىڭلارچۇ، چوڭ بولۇپ نىمە ئىش قىلىسىلەر؟

— مەن شوپۇر بولۇپ ئىشلەپ ھاكىم دادامنى باقىمەن.

— ۋالىي دادامنى باقىمەن دېسەڭچۇ!

ئۇلار يەنە تالىشىپ قالدى. مەن كۆزۈمگە لىققىدە ياش ئېلىپ ئويلىدىم، قەلبىمنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا ئۆز ئۆزۈمگە پىچىرلىدىم: «تالاشماڭلار باللار، ئۇ ھاكىم بولسۇن، مەيلى ۋالىي بولسۇن، مەيلى ئادەتتىكى ئادەم بولسۇن بەربىر ئابدۇراخمان قۇربان».

كېيىن مەن باللارنىڭ ياتاقلىرىنى ئارىلاپ كېلىۋېتىپ بەكمۇ ھەيران بولدۇم. باللارنىڭ ياستۇقلىرىنىڭ ئاستىدا ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ پاراۋانلىق ئورنىدىكى ئىش ئىزلىرىدىن تارتىلغان سۈرەتلەر تۇراتتى. مېنىڭ ئەجەبلەنگەنلىكىمنى بىلگەن پاراۋانلىق ئورنىنىڭ ھازىرقى باشلىقى مۇتەللىپ:

— بىز پاراۋانلىق ئورنىمىزغا غەمخورلۇق قىلغان رەھبەرلىك ۋە خەير-ئېھسان قىلغان بارلىق يولداشلارنىڭ ئىش-پائالىيەتلىرىدىن تارتىلغان سۈرەتلەر بىلەن بىر دوسكا ئىشلىگەندۇق. كىم بىلسۇن، باللار بۇ سۈرەتلەرنى سوكۇپ ياتاقلىرىغا ئېلىپ كېتىپتۇ. كېيىن يىغىۋالايلى دېسەك، ئۇلارنىڭ كۆڭلى يېرىم بولىدىغاندەك، شۇڭا......

مەن پاراۋانلىق ئورنىنىڭ ئاشخانىسىغا كىرىپ 26 ياشلار چامىسىدىكى ئابدۇراخمان روزى ئىسىملىك يىگىت بىلەن كۆرۈشتۈم.

— مەن ئاتچان يېزىسىنىڭ تەسكەنلىك كەنتىدىكى نامرات ئائىلىدە تۇغۇلۇپ، 15 يېشىمدا پاراۋانلىق ئورنىغا كېلىپ ئاشپەزلىك كەسپىدە تەربىيەلەندىم. ھازىر ئىشچىلىق ئىشتات ئىچىدە مۇشۇ ئورۇننىڭ ئاشپەزلىكىنى قىلىۋاتىمەن. ئۆيلۈك-ئوچاقلىق بولۇۋالدىم. بانكىدا پۇلمۇ قويدۇم، — دېدى ئۇ ماڭا ئۆز ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇپ. كېيىن مەن

پاراۋانلىق ئورنىنىڭ ئالدىدىكى چىرايلىق بېزەلگەن ساتىراشخانىدا مەتتوردى، سالى ئاكا-ئوكا يېتىملار بىلەن كۆرۈشتۇم. مەتتوردى ھازىر بۇ ساتىراشخانىنى ئىچىپ ئېيىغا 300 يۈەندىن ئارتۇق كىرىم قىلىۋېتىپتۇ. سالى ئۆزىنىڭ ئاشپەزلىك كەسپى بىلەن ئاشخانىدا ئىشلەۋېتىپتۇ. ئۇلار ماڭا بىردەك خوتەنگە قايتقاندىن كېيىن ئابدۇراخمان قوربانغا ئۆزلىرىنىڭ رەھمىتىنى، سالامىنى يەتكۈزۈپ قويۇشۇمنى تاپىلىدى.

ئاخىرىدا پاراۋانلىق ئورنىنىڭ باشلىقى مۇتەللىپ ماڭا ئەھۋال تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى:

ــ ھازىر پاراۋانلىق ئورنىمىزدا 70 نەپەر يېتىم بالا بار. ئوغۇل 51 نەپەر، قىز 19 نەپەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ 16 نەپىرى تۆت خىل ھۈنەر-كەسپتە تەربىيەلىنىۋاتىدۇ. قالغانلىرى مەكتەپلەردە ئوقۇيدۇ. ۋىلايەتتىكى ئوتتۇرا تېخنىكومدا بەش نەپەر بالا ئوقۇپ، يېتىملار ئۈچۈن يول ئاچتى. ھۈنەر ئايرىپ چىققان باللارنى شۇ كەسپنىڭ بىر يۈرۈش سايمانلىرى بىلەن ئۆزىتىپ قويۇش پرىنسىپىمىز ھازىرمۇ داۋاملىشىۋاتىدۇ. باللار قايتقاندىن كېيىن بىز ئۇلارنىڭ ھۈنەر قىلىشى ئۈچۈن داۋاملىق ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ كەلدۇق. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى بېيىپ باشقىلارغا ياردەم قولىنى سۇنغۇدەك بولدى. پاراۋانلىق ئورنىمىز قۇرۇلۇپ 1991-يىلىغا كەلگۈچە ئابدۇراخمان قوربانىنىڭ كۈچلۈك قوللىشى، ئۆزى بىۋاستە ئۇلگە كۆرسىتىشى بىلەن جەمئىيەتنىڭ قىزغىن قوللىشىغا ئېرىشىپ، 118 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق نەق پۇل ئىئانىگە ئىگە بولدۇق. باللارنىڭ ئوزۇقلىنىشى ئوتتۇرا ھال سەۋىيەگە يەتتى. يەنە ھازىر يېتىملار پاراۋانلىق ئورنىمىزغا كېتەرلىك ئاشلىق، گۆش، كۆكتاتنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئارىش يېرىسىدىن 100 مودىن ئارتۇق يەر ھەل قىلىپ بەردى.

مەن بۇ شەپقەت بوشۇكىدىن ئايرىلىش ئالدىدا ئابدۇغوپۇرمۇ چۈشلۈك تامىقنى يەپ بولۇپ، مەكتەپكە قاراپ ماڭدى. ئۇ مېڭىش ئالدىدا «ھاكىم دادامغا سالام دەپ قويۇڭ» دېدى، تۇردى يەنە دوق قىلىپ:

ــ ۋالىي دادام دېسەڭچۇ، ــ دېگىنىچە كېتىپ قالدى. ئۇلار گۈزەل ئىستىقبال يولىغا قاراپ كېتىپ قالدى. مەن ئۇلارغا قاراپ يەنە پىچىرلىدىم: «تالاشماڭلار، ئۇ كىم بولۇشتىن قەتئىينەزەر ئابدۇراخمان قۇربان، باشقىلارنىڭ بەختى ئۈچۈن چېلىشىدىغان ئادەم!»

## نامراتلىق چىقىش يولى ئەمەس

بىزگە ئايانكى، ئىنسانلار قەدىمدىن تارتىپ ئۆزلىرىگە بەخت-سائادەت بەخش ئەتكەن خاسىيەتلىك كۆنلەرنى ئەبەدىي ئۇنتۇمىغانغا ئوخشاش ئازاب-ئوقۇبەتلىك كۈنلەرنىمۇ ئۇنتۇمايدۇ. كېرىيەلىكلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا نامراتلىق كۈلپەتلىرىنى ئۇنتۇش بەسى مۈشكۈل. ئۇلارنىڭ قەلبىنى زەخمىناك قىلغان بۇ خىل مەرەز ھەربىر باسقۇچتا كېرىيەلىكلەرنىڭ جىسمىدا ئۆز ئىپادىسىنى قالدۇرۇپ كەتتى. ئەنە شۇ نامراتلىق ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نۇرغۇن كىشىلەرنى بۇ دۇنيانىڭ ھالاۋىتىنى كۆرسەتمەي باقىي ئالەمگە ئېچىنىشلىق ھالدا ئۇزىتىپ قويدى، يەنە نۇرغۇن كىشىلەرنى ھەر خىل يامان يوللارغا باشلىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى قاۋۇل كىشىلىرىمىزمۇ بۇ خىل تورمۇش ئىچىدە ئازاب چېكىشكە مەجبۇر بولدى. كېرىيەلىكلەر بۈگۈنكى كۈندە ئاشۇ كۈنلىرىنى قانداقمۇ ئەسلىمەي تۇرالىسۇن!

1986-يىلى مەركەز ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ نامرات ئائىلىلەرنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ بېيىتىش توغرىسىدىكى چاقىرىقى كېرىيەگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، كىشىلەر دەشت - چۆلدە ئۇسسۇزلۇق ئازابىنى تارتىۋاتقان كارۋان كۈتۈلمىگەندە بۇلاققا يولۇققاندەك بىرخىل خۇشاللىققا چۆمدى. يۇقىرىنىڭ نامرات ئائىلىلەرگە ھەر خىل تۈرلەردىكى ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرى ۋە كۈچلۈك تەدبىرلىرى شىپالىق يامغۇرغا ئوخشاش نامرات ئائىلىلەرنىڭ ئاجىز روھىغا مەدەت بېرىپ، ئۇلارغا چوڭ يۆلەك بولدى. كېرىيەدىكى نامرات ئائىلە كىشىلىرى غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپ بۇ دەۋرنىڭ بۇرۇنقىدەك پەقەت نان ئۈچۈنلا كۈرەش قىلمايدىغان دەۋر ئىكەنلىكىنى بىلىشتى ھەمدە بېيىشنىڭ يوللىرىنى

ئىزدەشكە كىرىشىپ، ئۆزى-بۆزى قىلىپ باقتى. بىراق، ئۇلار ئۇچۇن يۇقىرىنىڭ ئېتىبار بېرىش تۈرلىرىدىن باشقا يول يوقتەك قىلاتتى. ئۇلار ئەڭ مۇھىمى ئۆزلىرىنى بۇ يولغا باشلاپ كىرىدىغان يول باشلىغۇچىغا بەكمۇ موھتاج ئىدى.

دەرۋەقە يول باشلىغۇچى بۇ كۆڭۈلەردە گەرچە قولىغا مەشئەل ئېلىپ ئۇلارنىڭ يولىنى يورۇتۇشقا چىقمىغان بولسىمۇ، كېچە-كۈندۈز ئۇلارغا يول باشلاشنىڭ ئۇسۇللىرى، قەدەم - باسقۇچلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىش بىلەن مەشغۇل ئىدى. ئۇ ئاخىر بىر قارارغا كەلدى. بۇ ئويلارنى ئۇ خېلى بۇرۇن كۆڭلىگە پۈككەن. باشلامچى ئاشۇ نامراتلىق قالپىقىنى بۇ يۇرتنىڭ بېشىدىن چۆرۈپ تاشلىۋېتىش يولىدا نۇرغۇن ئىستىخىيەلىك كۈرەشلەرگە ئامىمنى باشلىغان، 70-يىللىرى توغراق ۋە سۆكتىكى مۇشەققەتلىك كۈرەشلەردە ئۆز كارامىتىنى نامايان قىلغان ئابدۇراخمان قۇربان ئىدى. ئۇ ناھىيەنىڭ ھاكىملىق ۋەزىپىسىگە تەيىنلىنىپلا مانا مۇشۇنداق جىددىي ۋەزىپىلەرگە دۇچ كەلدى. بۇ ئىشلارنى ئۇنىڭ كۆڭلى ئۇچۇن «ۋەزىپە» دەپ ئاتىغاندىن كۆرە، روھىغا بېرىلگەن ئىلھام دېگەن تۈزۈك ئىدى. ئۇنىڭ قەلبىنى 70-يىللاردىن باشلاپ ئازابلاپ كەلگەن نامراتلىق ئاردىن ئون نەچچە يىل ئۆتكەندىمۇ يەنىلا ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىپ كېرىيەنى كېيىك كېسىلىگە گىرىپتار بولغان ئادەمدەك ئاجىز بىر ھالدا سۆكۈت قىلىشقا مەجبۇرلاپ كەلگەنىدى. «ياق، ئەمدى بۇ مەرەزنىڭ كىشەنلىرىنى چېقىپ تاشلاش كېرەك، ئۇنى 2000-يىللارغا ئەگەشتۈرۈپ بېرىشقا بولمايدۇ. ئۇ بىرگە بەخت ئەمەس، كۈلپەت كەلتۈرىدىغان ئەڭ يىرگىنىشلىك ئاپەت ئەمەسمۇ؟ شۇنداقتىمۇ ئىشنى پۇختا قىلىش كېرەك. يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ نامرات ئائىلىلەرگە قاراتقان ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرى ئۇلارنىڭ روھىغا بېرىلگەن زور ئىلھام. ئىلھام بولىدىكەن جاسارەت بولىدۇ. جاسارەتلا بولىدىكەن غەلىبە قىلغىلى بولىدۇ. مەن بۇ جەھەتتىكى بىرىنچى قەدەمنى ناھايىتى پىلانلىق، يىراقنى كۆرۈپ بېسىشىم كېرەك.» ئابدۇراخمان قۇربان ئەنە شۇنداق ئويلىرى بىلەن ئۆزىنى دەگىسۋالدى. ئادىتى بويىچە ناھىيەنىڭ باشقا رەھبەرلىرى، پېشقەدەم كادىرلار، خەلق

قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى قاتارلىق ھەر ساھە كىشىلىرى بىلەن پىكىرلەشتى، ھەممەيلەننى نامراتلارنى يۆلەش يوللىرى ئۈستىدە ئەقىل كۆرسىتىشكە ئۈندىدى، «كېڭەشلىك ئىش بۇزۇلماس» دېگەن سۆز يىل ئاخىرىغا بېرىپلا ئىسپاتلاندى.

كېرىيەنىڭ بۇ مەزگىلدىكى نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى ۋىلايەت ۋە ئاپتونوم رايوندىكى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ زور ئىلھام بېرىشىگە ھەم مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە ئېرىشتى، بولۇپمۇ كېرىيەدىكى 10 يېزا ـ بازارنى مەركەز قىلىپ قۇرۇلغان ياشانغانلار ساناتورىيەسىدە ئاخىرقى ھاياتىنى خاتىرجەم ئۆتكۈزۈۋاتقان 135 نەپەر ئىگە ـ چاقىسىز ياشانغانلار پارتىيە ـ ھۆكۈمەتكە بولغان چەكسىز مىننەتدارلىقىنى ئىپادىلەپ ياش تۆكۈشتى. ۋىلايەت مەسئۇللىرى كېرىيەنىڭ ياشانغانلار ساناتورىيەسى قۇرۇلۇشى خىزمىتىگە يۇقىرى باھا بەردى. دۇنيادا ھەرقانداق ئىشنىڭ سەۋەبى بار. كېرىيەدىكى نامرات ئائىلىلەر نىسبىتىنىڭ يۇقىرى بولۇشى ماھىيەتتە ئىگە ـ چاقىسىز ئاجىزلارنىڭ كۆپىيىشىنىمۇ تېزلىتىۋەتكەن بولۇپ، ئاجىزلارنى ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭمۇ بېقىش ئىمكانىيىتى يوق دېيەرلىك ئىدى. ياشانغانلار ساناتورىيەسى قۇرۇش نامرات ئائىلىلەرنى بېيىتىش بىلەن بىر گەۋدە بولۇپ، كېرىيەدە يۇقىرى شاۋقۇن پەيدا قىلغاچقا، كېرىيەلىكلەر بۇ مۇھىم خىزمەتنىڭ تۈنجى قەدىمىدىلا كۆزلىگەن مەقسەتكە يېتىپ، ۋىلايەت تەرىپىدىن كۈچلۈك قوللاشقا، ماددىي، مەنىۋى جەھەتتىن تەقدىرلىنىشكە مۇيەسسەر بولدى. كېرىيەنىڭ تەجرىبىلىرى قېرىنداش ناھىيەلەرگە كېڭەيتىلدى.

1986 ـ يىلى جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە قەشقەردە نامراتلارنى يۆلەش بويىچە تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئۆتكۈزۈلگەندە، كېرىيە ناھىيەسىنىڭ نامراتلارغا يار ـ يۆلەك بولۇش تەجرىبىسى يەنىلا ئالقىشقا ئېرىشتى. شۇ يىغىندىن كېيىن ئابدۇراخمان قۇربان تولۇپ تاشقان غەيرەت ۋە ئىشەنچ بىلەن بۇ مۇھىم خىزمەتتە بۆسۈش ھاسىل قىلىشقا تۇتۇش قىلدى. ئۇ ئالدى بىلەن ناھىيەدىن 148 نەپەر قاۋۇل كادىر ئاجرىتىپ يېزا ـ قىشلاقلاردىكى نامراتلارنىڭ تەكتىنى ئېنىقلاشقا باشلىدى. 32 مىڭ ئائىلىلىك كېرىيەلىك ئىچىدە 8831 ئائىلە نامراتنىڭ

بارلىقى ئىسپاتلانغاندا، ئابدۇراخمان قۇربان چۈچۈدى. ئۇلا ئەمەس، كېرىيەدىكى ھەر ساھە كىشىلىرى، قىسقىسى كېرىيە چۈچۈدى. 1988-يىلى نامرات نوپۇس مۇشۇ گۈزەل ماكاندا، بولۇپمۇ 80-يىللاردا ئاچ-يالىڭاچ ياشاپ يۈرسە بۇنىڭغا ئىچىنمايدىغان كىم بار دەيسىز! ئىچىنىش بىلەن ئىش پۈتمەيدۇ، يول كېرەك. ئابدۇراخمان قۇربان ئۆزىنىڭ ئادىتى بويىچە ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ، كېرىيەدىكى نامرات ئائىلىلەرنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ لايىھەسىنى تۈزۈشكە كىرىشتى. ئەمەلىي خىزمەت جەريانىدا ئۇ نۇرغۇن ياخشى تەجرىبىلەرنى ھاسىل قىلدى. ئۆزى باش بولۇپ ناھىيەلىك نامراتلارنى يۆلەش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، كونكرېت يېتەكچىلىك قىلدى. نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىنىڭ ئەھمىيىتىنى كەڭ كۆلەمدە تەشۋىق قىلىپ، كىشىلەرنىڭ ئىدىيەسىنى بىرلىككە كەلتۈردى. نامراتلارنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشتا ئىشنى ئۇلارنىڭ پەن - مەدەنىيەت سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشتىن تۇتتى، بولۇپمۇ پۈتۈن ناھىيەدە ھەرقايسى ساھەلەرنى نامراتلارنى يۆلەشكە سەپەرۋەر قىلدى. خەلق ئىشلىرى ئىدارىسىدىكى بارلىق يولداشلار، ھۆكۈمەت ئورگىنىدىكى كادىر، ئىشچى-خىزمەتچىلەر ۋە پۈتۈن ناھىيەدىكى بارلىق ئىشچى-خىزمەتچى، ئوقۇتقۇچىلار، ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى ئۆز خىزمەتلىرىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى نامراتلارنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ بېيىشقا يېتەكلەشكە قاراتتى. ھەربىر كادىر، ھەربىر ئىشچى-خىزمەتچى، ئوقۇتقۇچىلاردىن تارتىپ پارتىيە، ئىتتىپاق ئەزاسى، ئالدىن بېيىغان ئائىلىگىچە ھەممىسىنىڭ يېتەكلەيدىغان بىردىن نامرات ئائىلىسى بولۇشنى ئىشقا ئاشۇردى.

بۇ مەزگىلدە تۈزۈلگەن پىلان كېرىيەدىكى 1988 نەپەر ئائىلىنى بەش يىل ئىچىدە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشتىن ئىبارەت يۈكسەك نىشان ۋە شانلىق مەنزىلگە ئىگە بولغاچقا، ئۇ كېرىيەنى، كېرىيەدىكى ھەر ساھە كىشىلىرىنى ئويغىتىپ، ئۇلارنىڭ ئىدىيەسىدە ئۆزگىرىش بويان دەۋر سۈرۈپ كېلىۋاتقان«بارغا شۈكۈر قىلىش»، «يوقنى ئىزدىمەسلىك»، «غورىگىل تۇرمۇش ئۆتكۈزۈشكە قانائەت قىلىش»، قىسقىسى ھەممىنى تەقدىر ئىلاھىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى، دەپ بىلىشتەك

كۈتۈپ تۇرۇش ھالىتىگە خاتىمە بەردى. ئابدۇراخمان قۇربان ھەر قېتىم ناھىيە، يېزا، كەنت كۆلەملىك يىغىن ۋە ئاممىۋى پائالىيەتلەردە ئالدى بىلەن كېرىيەدىكى 8831 نامرات ئائىلىنى قانداق بېيىتىش ھەققىدە ھەممە كىشىنىڭ ئەقىل كۆرستىشىنى، بۇ خىزمەتكە ھەممە كىشىنىڭ ئالدىن ئېتىبار بېرىشىنى تەشەببۇس قىلدى. ئۇ ئالدى بىلەن ئۆزى ئۈلگە كۆرسىتىپ يۇقارقى سايباغ كەنتىدىكى قاسىم ئاخۇن ۋە ئولچوغيار كەنتىدىكى مەتنىيازئاخۇن قاتارلىق ئەڭ نامرات ئىككى ئائىلىنى ھۆددىگە ئېلىپ، ئۆزى بىۋاستە قول سېلىپ ئىشلەپ ئۈلگە كۆرسەتتى. ئۇلارغا چارۋا ئېلىپ بەردى، دېھقانچىلىق ئىشلىرىغا ياردەملەشتى، كېسىلىنى داۋالاتتى......قاسىم ئاكا مۇئەللىپكە ھاياجان ياشلىرىنى تۆكۈپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— 80 ياشقا يېقىنلاشتىم. مۇشۇ ياشقا كەلگۈچە نۇرغۇن ئىشلارنى ئۆز بېشىمدىن ئۆتكۈزدۈم، نۇرغۇن ئىشلارنى ئۇنتۇپ كەتتىم. ئەمما، مەن ھاكىم ئابدۇراخمان قۇربانىنى، ئۇنىڭ ئايالى تۇرسۇنخانىمنى ئۇ دۇنيا - بۇ دۇنيا ئۇنتۇپ كېتەلمەيمەن. ئۇلار بىزنى ئۆز ئاتا-ئانىسىدەك كۆرۈپ يۆلىدى. ئون نەچچە يىلدىن بېرى بىز ئۇلارنىڭ غەمخورلۇقىغا ئۇزۇلمەي ئېرىشىپ كەلدۇق. ئادەم قېرىغاندا تولىمۇ غېرىب بولۇپ قالىدىكەن. بىراق، مەن ئايالىم بىلەن ھەرگىزمۇ غېرىبلىق دەردىنى تارتمىدىم. ئۇلار ئالتە توياق قوي ئېلىپ بەردى، يەرلىرىمنى تېرىپ بەردى، ئايالىمنىڭ كېسىلىنى داۋالاتتى، ھېيت-ئايەم، بايراملاردا ئابدۇراخمان قۇربان ئايالى، ھەتتا بالىلىرىنىمۇ ئېلىپ كېلىپ بىزنى يوقلىدى، ھېيتنى بىز بىلەن بىرگە ئۆتكۈزدى.

بىر رەھبەرنىڭ سەھنىدە خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇپ چاقىرىق قىلىشى ئاسان. ئەمما،سەھنىدىن چۈشۈپ ئەمەلىي خىزمەتكە قاتنىشىشى ئۇچۇن چوقۇم ۋاقىت، شارائىت بولۇشى كېرەك. ئابدۇراخمان قۇربان نامراتلارنى ئۆزى بىۋاستە يۆلەشكە ئەنە شۇنداق دەم ئېلىش ۋە ھېيت-بايرامدىكى ئارغىنە ۋاقىتلىرىنىمۇ سەرپ قىلدى. ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتى مۇشۇ خىزمەتكە قاتناشقان بارلىق يولداشلارنىڭ روھىغا زور ئىلھام بولۇپ، كېرىيەنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش خىزمىتىدە كۆرۈنەرلىك

نەتىجىلەر قولغا كەلدى. 1987 - يىلى كېرىيە ناھىيەسى ۋىلايەت بويىچە نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى بويىچە مۇنەۋۋەر ناھىيە بولۇپ باھالىنىپ 50 مىڭ يۈەن نەق پۇل بىلەن مۇكاپاتلاندى. يەنە شۇ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە نامراتلارنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ بېيىتىش خىزمىتى بويىچە بەش ئىلغار ناھىيەنىڭ بىرى بولدى. ئابدۇراخمان قۇربان نەتىجە ئالدىدا قىلچە مەغرۇرلانمىدى، جاپا - مۇشەققەت ئالدىدا قىلچە ۋايىسمىدى. كېرىيە ناھىيەلىك خەلق ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ سابىق باشلىقى تۇرسۇن توختى ئۆز ۋاقتىدىكى خىزمەتلەرنى ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ:

— مەن كېرىيەگە نىسبەتەن ھەر ساھە خىزمەتلەردە پىشىپ يېتىلگەن كادىر ھېسابلىنىمەن. بىراق، مەن سەممىيلىك بىلەن شۇنداق دەيمەنكى، پىشىپ يېتىلىش پەقەت ئەمەلىيەت جەريانىدا بولىدىكەن. مەن بۇ يەكۈننى 80 - يىللاردا ئابدۇراخمان قۇربان بىلەن كېرىيەدىكى نامرات ئائىلىلەرنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش خىزمىتىنى ئىشلىگەن ۋاقتىمدىلا ھېس قىلغانىدىم. راستىنى دېسەم، مەن ئەمەلىيەتكە ھۆرمەت قىلىش، ئەمەلىيەتچىل بولۇش دېگەن ئۆلچەمنى ئابدۇراخمان قۇرباندىن ئۆگەنىدىم. ئۇ ھامان خىزمەت جەريانىدا ئورۇنلاشتۇرۇش بىلەن يېتەكلەشنى، تەكشۈرۈش بىلەن سىناق قىلىشنى، ھەممىدە ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىشنى ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرۈپ نامراتلارنى بېيىش يولىغا باشلاش خىزمىتىگە قاتناشقان ماڭا ئوخشاش نۇرغۇن كادىرلارنى ياخشى خىزمەت ئىستىلى، ياخشى خىزمەت ئۇسۇلى بىلەن چېنىقتۇردى. بىر ئىش مەڭگۈ ئېسىمدىن چىقمايدۇ. ئۇ، 1987 - يىلى 6 - ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى ئاخشىمى ئىدى. ئۆيدە دەم ئېلىپ ئولتۇرسام ئايالىم ماڭا: «سىزنى ھاكىم ئۆيىگە چاقىرىپتۇ» دېدى. مەن دەرھال ھاكىم ئابدۇراخمان قۇرباننىڭ ئۆيىگە كەلدىم. خىيالىمدا «بىرەر مېھماندارچىلىق ئىشى بار ئوخشايدۇ» دەپ ئويلىغانىدىم. نەدىكىنى، 60 ياشلاردىن ھالقىغان بىر ئايال بىلەن مۇڭدىشىپ ئولتۇرغان ئابدۇراخمان قۇربان ئايالنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالغاچ، گۆش پارچىلاۋاتاتتى. ئۇ ماڭا قاراپ:

— بۇ ئانىمىزنىڭ ماڭا بىر تەلپىي بار ئىكەن. شۇڭا سىزنى چاقىرتتىم، ئىككىمىز ئورۇنلاپ بەرسەك قانداق، — دېدى. مەن «ئەلۋەتتە» دېگىنىمچە باش لىڭشىتتىم. ئاردىن ئۇ ئايال:

— ھاكىم بالام، مېنى ئەيىبكە بۇيرۇمىسىلا، ئادەم قېرىغاندا گېپىدىن ئازىدىغان بولۇپ قالىدىكەن. مەن ياشىنىپ قالدىم. ئوغلۇمنىڭ پەرزىنى ئادا قىلىدىغان ۋاقتىمۇ بولۇپ قالدى. كۆرۈم ئاجىز بولغاچقا ئۆزلىرىنىڭ ئالدىغا كەلدىم. قولۇم - قوشنىلار: ئابدۇراخمان ھاكىم چوقۇم ئوغلىڭىزنى ئۆيلەپ قويۇشقا ياردەم قىلىدۇ، تارتىنماڭ، بېرىڭ، دېيىشتى. شۇڭا ئالدىلىرىغا كەلدىم، — دېدى. ئابدۇراخمان قۇربان ئۇ ئايالغا قولىدىكى پارچىلانغان گۆشنى سۇنۇپ تۇرۇپ:

— سىلى خاتىرجەم بولسىلا، ئانا، بىز چوقۇم ئوغۇللىرىنى پات ئاردا ئۆيلەپ قويىمىز، — دېدى.

كېيىن ئۇ، ئايالنى يولغا سېلىپ قويۇپ قايتىپ كىردى-دە:

— بۇ ئانىمىزنىڭ ئائىلىسى نامرات ئىكەن، بىز ئامال قىلىپ ئۇنىڭ ئوغلىنى ئۆيلەپ قويايلى، — دېدى ۋە ماڭا بۇ جەھەتتە ئېنىق كۆرسەتمە بەردى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ئايغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە تويلۇق تەييارلاپ ئۇ ئايالنىڭ ئوغلىنى كۆكيار يېزىسىدىكى بىر قىزغا ئۆيلەپ قويدۇق. ئابدۇراخمان قۇربان بۇ تويغا باشتىن-ئاخىر كۆڭۈل بۆلدى. ئاردىن كۆپ ئۆتمەي، بىر كۈنى كەچتە ئابدۇراخمان قۇربان مېنى يەنە ئۆيىگە چاقىرتتى، كەلسەم 70 ياشلاردىكى بىر كىشىگە تاماق يېگۈزۈپ ئولتۇرۇپتۇ. مەن قاراپلا تونۇۋالغان بۇ كىشى جاي يېزىسىدىكى كۆزى ئاجىز نامرات دېھقان ئىدى. ئابدۇراخمان قۇربان ماڭا:

— بۇ دادىمىزنىڭ كۆزى ئاجىز ئىكەن، دوختۇرغا كۆرۈنۈش ۋە باشقا يەرلەرگە بېرىشتا ناھايىتى بەك قىينىلىپ كېتىدىكەن. مەن كۆپ ئويلاندىم، بۇ دادىمىزغا بىر ئېشەك ئېلىپ بەرسەك بولامدىكىن دەيمەن، — دېدى. مەن تولىمۇ قايىل بولدۇم. قېرى ئادەمنىڭ ئۇ يەر-بۇ يەرگە بارغۇسى كېلىدۇ، باراي دېسە ماجالى يەتمەيدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئادەمنىڭ كۆزى ئاجىز ئىكەن. ئۇنىڭغا ئېشەك ئېلىپ بەرسەك يولنى

راۋان قىلىسا...... مەن شۇلارنى كۆڭلۈمدىن ئۆتكۈزۈپ ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ ئەمەلىيەتچانلىقىغا قايىل بولدۇم. كېيىن بىز ئۇنىڭغا بىر ئېشەك ئېلىپ بەردۇق. بۇۋاي ھاياجانلىنىپ يىغلاپ كەتتى. بۇنداق مىساللار ناھايىتى كۆپ.

ئابدۇراخمان قۇربان كېرىيەدىكى قورقۇنچلۇق سان 8831 نى «0»گە ئايلاندۇرۇشتا جاپالىق ئىشلەش بىلەنلا قانائەت ھاسىل قىلمىدى. مۇشكۈلنى قارام كۈچ بىلەن ئەمەس، ئەقىل، پەم-پاراسەت بىلەن، ئاسان، قولاي يول بىلەن يېڭىپ، يېڭى يول ئاچتى. 1987-يىلى 1-ئايدىن باشلاپ كېرىيەنىڭ نامراتلارنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ بېيىشقا يېتەكلەش خىزمىتى يېڭى بىر گۈللىنىش دەۋرىگە قەدەم باستى. جۇملىدىن كېرىيە مەملىكەت بويىچە بىرىنچى بولۇپ نامراتلارنى پەن-تېخنىكىغا تايىنىپ بېيىتىش يولىنى تاپتى. ئاساسي ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، نامرات خەلقنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش شارائىتىنى ياخشىلىغاندىن باشقا، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشنى كەنت - ئائىلىلەرگىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈش، شۇ جاينىڭ ئەۋزەل شارائىتىدىن تولۇق پايدىلىنىشتەك بۇ دانا ئۇسۇل ئەلۋەتتە پارتىيە ئوتتۇرىغا قويغان يېزا ئىسلاھاتىنىڭ غايەت زور ھاياتىي كۈچىنىڭ شېرىن مېۋىسى بولۇپ قالدى. ئابدۇراخمان قۇربان تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق ھەم جاسارەت بىلەن بۇ يېڭى يولدا دادىل مېڭىپ، پارتكومنىڭ كۈچلۈك مەدىتى بىلەن بىر قاتار ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى يولغا قويدى. بۇنىڭدا ئالدى بىلەن كادىرلارنى تەشكىللەپ 8831 نامرات ئائىلىنىڭ ھۈنەر-كەسىپ ئالاھىدىلىكىنى ئېنىقلاپ چىقتى. «نامراتنىڭ يولى تار بولىدۇ» دېگەندەك ئۇلارنىڭ ئىچىدە ھۈنەر ۋە كەسىپ بىلىدىغانلار %10كىمۇ يەتمەيتتى، ناھىيەلىك خەلق ئىشلىرى ئىدارىسىدىكى كادىرلار ۋە باشقا تارماقلاردىن بۇ خىزمەتكە ئاجرىتىلغان بىر گۇرۇپپا ئادەم ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە ئەمەلىي ئەھۋالنى ئاساس قىلىپ، سىيەك يېزىسىدا نامرات ئائىلىلەرنىڭ بورا توقۇش ئىقتىسادىي گەۋدىسىنى قۇرۇپ چىقتى. بۇ ئىقتىسادىي گەۋدە قۇرۇلۇپ ئۇزاق ئۆتمەي كۆرۈنەرلىك ئىقتىسادىي ئۈنۈم يارىتىلىپ، بۇ يولنىڭ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن يېڭى

چىقىش يولى ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى. بورا توقۇش ئىقتىسادىي گەۋدىسى كېيىنچە قاراقىر، شىۋول، توغرىغاز، شەنبەبازار قاتارلىق يېزىلارغىمۇ كېڭەيتىلدى. باشقا يېزا-بازارلاردا موزدوزلۇق، ياغاچچىلىق، بورداقچىلىق قاتارلىق كەسىپلەرنى ئاساس قىلغان ئىقتىسادىي گەۋدىلەر ئارقا-ئارقىدىن قۇرۇلۇپ، نامرات دېھقانلارنىڭ بېيىش روھىغا كۈچلۈك مەدەت بېرىلدى. يۇقىرىقى بىر قاتار كەسىپلەرگە دەسلەپتە 1350 ئائىلە سەپەرۋەر قىلىنىپ كۇرسقا قاتناشتۇرۇلدى. سىيەك يېزىسىدىكى كۆجۈم مەھەللىلەر، قاراقىر، شىۋول، شەنبەبازار قاتارلىق ئورۇنلاردىكى كوچا-كويلار قايىنام - تاشقىنلىققا چۆمدى. نامرات ئائىلىلەرنىڭ ھويلا-ئارانلىرى بورداقچىلىق، موزدوزلۇق، ياغاچچىلىق كەسىپلىرى بىلەن پائال شۇغۇللىنىۋاتقان يېڭىچە مەنزىرە بىلەن قاپلاندى. نامرات ئائىلىلەرنى بېيىتىش ئۈچۈن يول ئېچىلدى، ئەمدى نامراتلىقنى يوقۇملۇق كېسەللىككە ئوخشاش سۆرەپ يۈرۈشكە بولمايدۇ، دەسلەپكى جەڭ غەلىبىلىك ئورۇنلانغانىكەن، ئىككىنچى قېتىملىق جەڭدىمۇ چوقۇم غەلىبە قىلىش كېرەك. ئابدۇراخمان قۇربان ئىقتىسادىي گەۋدىلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈش ۋە ئۇنى يېتەكلەش بىلەن بىرگە نامرات ئائىلە پەرزەنتلىرىنى مائارىپ، پەن-تېخنىكا ۋە بازىرى ئىتتىك ھۈنەر-كەسىپ بىلەن تەربىيەلەشنى چىڭ تۇتتى.

1987-يىلى 1-ئاينىڭ 7-كۈنى ناھىيەلىك نامرات ئائىلە پەرزەنتلىرىگە ھۈنەر-كەسىپ ئۆگىتىش مەكتىپى قۇرۇلۇپ ئۆگىنىش باشلاندى. تىككۈچىلىك كەسپىگە 40 نەپەر، موزدوزلۇق كەسپىگە 30 نەپەر، ساتىراشلىق كەسپىگە 40 نەپەر، ياغاچچىلىق كەسپىگە 40 نەپەر، ئاشپەزلىك كەسپىگە 30 نەپەر بولۇپ جەمئىي 180 نەپەر نامرات ئائىلە پەرزەنتى تۇنجى قېتىملىق ئۆگىنىشكە قاتناشتۇرۇلدى. تەربىيەلەشتە نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەت بىرلەشتۈرۈلگەچكە، بالىلارنىڭ كەسىپ ئۆگىنىش مۇددىتى قىسقا، سۈپىتى يۇقىرى بولدى، بولۇپمۇ تەربىيەلەش شەكلى مۇۋاپىق بولغاچقا، يەنى ساتىراشلىق كەسپىدىكى بالىلار ناھىيە مەركىزىدىكى داڭلىق ساتىراشخانىلارغا، ئاشپەزلىك كەسپىدىكى بالىلار داڭلىق ئاشخانا، مېھمانخانىلارغا تاپشۇرۇلغاچقا،

موزدۇزلۇق، ياغاچچىلىق كەسىپلىرىدىكى بالىلارغا ناھىيە تەۋەسىدىكى قولى گۈل ئۇستىلار تەكلىپ قىلىنىپ ئۆگىتىلگەچكە، ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ بۇ يېڭى ئۇسۇلى زور ئۈنۈم ھاسىل قىلىپ، يىل ئاخىرىدا 12 مىڭ يۈەن ساپ پايدا ياراتتى. ئۇلارنى ئۇزىتىش ئالدىدا بۇ پۇلغا ناھىيە پۇل قېتىپ، بىر يۈرۈشتىن ياغاچچىلىق، ساتىراشلىق، موزدۇزلۇق، گىلەمچىلىك سايمانلىرى سېتىۋېلىپ تارقىتىپ بەردى. باللار خۇددى يېڭىدىن قانات چىقارغان كەپتەردەك كېرىيەنىڭ جاي-جايلىرىغا تارقالدى. بىراق، بۇنىڭلىق بىلەن ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ كۆڭلى يەنىلا ئارام تاپمىدى. باللار ھۈنەر-كەسىپ ئۆگىنىپ جەمئىيەتكە قايتقان بىلەن، ئۇلار يەنە يول تېپىش ئۈچۈن بەزىبىر دوقاللارغا دۇچ كېلىشى مۇمكىن. قىسقىسى، ئۇلارغا ئۆز ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرىدىغان كەڭ مەيدان بولمىسا بولمايدۇ. ئابدۇراخمان قۇربان باللار قايتقاندىن كېيىن يەنە كادىر تەشكىللەپ باللارنىڭ ئۆز كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈردى. دېگەندەك ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى مۇقىم ئورۇن تۇتۇپ ئۆز كەسپلىرى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان بولسىمۇ، ئاز بىر قىسمى دۇكان ۋە مۇلازىمەت ئورنى تاپالماي پايپېتەك بولۇپ يۈرۈشەتتى. ناھىيەلىك خەلق ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ تەكشۈرۈش ئۈمىكى ئۇلارنىڭ بۇ قىيىنچىلىقىنى يېزا-بازار مەسئۇللىرىغا، ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىغا ئىنكاس قىلىپ، دەل ۋاقتىدا شارائىت يارىتىپ بەردى. 1988-يىلى يەنە ئىككىنچى قارارلىق تەربىيەلەش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، يۇقىرىقى كەسپلەرگە رېمونتچىلىق قوشۇلدى. ئىككى يىلدا 335 نەپەر نامرات ئائىلە پەرزەنتى كەسىپ ئىگىلەپ، ئۆز ئالدىغا ئىقتىسادىي ئۈنۈم يارىتىپ ئائىلىسىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش قەدىمىنى تېزلەتتى.

كېرىيەنىڭ بۇ خىزمەتتىكى ئىجادىي تىرىشچانلىقى، بولۇپمۇ نامراتلارنى بېيىتىشتا، چاقىرىق قىلىپلا بولدى قىلىش ياكى بىر قىسىم قىيىنچىلىققا باش ئېگىپ بىر ئىزدا توختاپ قېلىشتەك نورمالسىز كەيپىياتقا ئۈزۈل-كېسىل خاتىمە بېرىپ، نامراتلارنى ئىز قوغلاپ يۆلەش، ئەقىل ئۆگىتىش، ئەمەلىي، ئىجادىي يوللارنى ئېچىش نەتىجىسى ۋىلايەت ۋە ئاپتونوم رايون مەسئۇللىرىنىڭ قىزغىن قوللىشىغا، زور ئىلھام بېرىشىگە

مۇيەسسەر بولدى. ئاپتونوم رايون مەسئۇللىرىدىن سۇك خەنلىياڭ، قەييۇم باۋۇدۇن، خەلچەم ئىسلام قاتارلىق يولداشلار ئىلگىرى-كېيىن كېرىيەگە كېلىپ كېرىيەنىڭ نامراتلارنى نامراتلىقتىن قۇتقۇزۇپ بېيىشقا يېتەكلەش خىزمىتىگە يۇقىرى باھا بەردى ھەمدە كېرىيەنىڭ تەجرىبىسى ۋىلايەت، ئاپتونوم رايون دائىرىسىدە كېڭەيتىلىپ، بۇ ھەقتىكى مەخسۇس خەۋەرلەر ئارقىلىق شىنجاڭ خەلق رادىيو ئىستانسىسى، مەركىزىي خەلق رادىيو ئىستانسىسى ۋە مۇناسىۋەتلىك گېزىت-ژۇرناللاردا كەڭ دائىرىدە تەشۋىق قىلىندى. بۇ يەرگە كەلگەندە مۇئەللىپ ئۆز ۋاقتىدىكى ناھىيەلىك خەلق ئىشلىرى ئىدارىسىدىن مۇشۇ خىزمەتكە باشتىن-ئاخىر قاتنىشىپ كاتىباتلىق خىزمىتىنى ئىشلىگەن ۋە ھازىر ناھىيەلىك نامراتلارنى يۆلەش ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان يولداش مۇسا ئەيسانىڭ خاتىرىسىدىن تۆۋەندىكى پاكىتلارنى نەقىل كەلتۈرۈشنى لايىق كۆرىدۇ:

«ناھىيەمىزنىڭ نامراتلىقتىن قۇتقۇزۇش خىزمىتى ئۈچ يىلدا 5477 نامرات ئائىلىنى نامراتلىقتىن قۇتقۇزۇپ ھەل قىلغۇچ غەلىبىنى قولغا كەلتۈردى. ئۈچ يىلدا نامرات ئائىلىلەرنىڭ كۆپ قىسمىنى نامراتلىقتىن قۇتقۇزۇش پىلانى غەلىبىلىك ئورۇنلاندى. 1984-يىلىدىن 1987-يىلىغىچە بولغان بۇ جەريان ناھىيەمىزدىكى نامرات ئائىلىلەرنىڭ ئاساسلىق قىسمىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرغان مۇھىم مەزگىل بولدى. ناھىيەمىزدە نامرات ئائىلە پەرزەنتلىرىنى كەسىپلەشتۈرۈش يولغا قويۇلغاندىن كېيىن بۇ تەجرىبە ناھىيەدىن يېزا-بازارلارغىچە كېڭەيتىلىپ، يېزا-بازارلاردا 631 نەپەر نامرات ئائىلە پەرزەنتى كوللېكتىپ ۋە شەخسىي كارخانىلاردا ھەر خىل ھۈنەر-كەسىپ ئۆگىنىشكە ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، 781 نەپەر نامرات ئائىلە كىشىلىرى پەن-تېخنىكا ئۆگىنىش كۇرسىغا قاتناشتۇرۇلدى. بۇنىڭ بىلەن بىرگە، دېھقانچىلىق پەن-تېخنىكىسى بويىچە تەربىيەلەنگەن نامرات ئائىلىلەردىن 4431 نەپەر كىشى 15مىڭ 996 مو يەرگە يېڭى بۇغداي سورتىنى تېرىپ، ئىلمىي ئۇسۇلدا باشقۇرغانلىقتىن، 781 مىڭ 564 جىڭ بۇغداينى پىلاندىن ئاشۇردى. 3647 نامرات ئائىلە 11 مىڭ 812 مو

يەرگە يېڭى قوناق سورتىنى تېرىپ، مەھسۇلاتنى 690 مىڭ 290 جىڭ ئاشۇردى. يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ نامرات ئائىلىلەرگە ئېتىبار بېرىش سىياستى ئاكتىپ ھالدا ئىجرا قىلىنىپ، بۇ يىل ئىچىدە 240 مىڭ 406.39 يۈەن دېھقانچىلىق بېجى، 165 مىڭ 59 يۈەن ھەر خىل فوند، 101 مىڭ 412 يۈەن مەجبۇرىيەت ئەمگەك ۋەزىپىسى، 14 مىڭ 880 يۈەن بازار باشقۇرۇش راسخوتى، 1365 يۈەن تاپاۋەت بېجى قاتارلىقلار كەچۈرۈم قىلىندى، بولۇپمۇ نامرات ئائىلە ئىقتىسادىي گەۋدىلىرىنىڭ ئەھۋالى ئومۇميۈزلۈك ياخشى بولدى. مەسىلەن، شەنبە بازارنىڭ يۇقارقى سەيباغ مەھەللە پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى بارات قاسىم ھۆددە ئالغان كۆپ نوپۇسلۇق نامرات ئائىلە مەتقۇربان ئاخۇن ئىقتىسادىي گەۋدىسى بېرىلگەن ئايلانما مەبلەغدىن پايدىلىنىپ، 200 يۈەن دەسمايە بىلەن گىلەم توقۇش بىلەن شۇغۇللىنىپ، بىر يىل ئىچىدە توقۇغان بەش پارچە گىلىمدىن 2000 يۈەن ساپ پايدا ياراتتى. يەنە ئۇ 200 يۈەنگە بىر توپاق سېتىۋېلىپ، يىل ئاخىرىدا 500 يۈەنگە سېتىپ، 300 يۈەن، 100 يۈەنگە قوي سېتىۋېلىپ، 400 يۈەنگە سېتىپ، 300 يۈەن پايدا ئالغان. دېمەك، ئۇ ئىقتىسادىي گەۋدە بەرگەن 500 يۈەن ئايلانما مەبلەغدىن پايدىلىنىپ، 1620 يۈەن پايدا ئېلىپ، بىر يۈەن ئارقىلىق 3.30 يۈەن پايدا كۆرگەن. موغاللا بازىرىنىڭ باغقۇم مەھەللىسىدىكى ياسىن ئاخۇنغا 200 يۈەن بېرىلگەن بولۇپ، ئۇ بۇ پۇلغا قوي ئېلىپ بورداش ئارقىلىق 600 يۈەن كىرىم قىلىپ، سېتىش ھەققى ئىچىدە 400 يۈەن پايدا ئالغان».

مۇسا ئەيسانىڭ خاتىرىسىدىكى بۇ پاكىتلار كېرىيەنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ گۈزەل كېرىيە قۇرۇش يولىدا ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ، ئۆزئارا باش قوشۇپ ئىشلەپ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ توغرا يېتەكلىشى ۋە ئۇلارنىڭ ئىسلاھاتچىلارغا خاس جۈرئەت ۋە شجائەتكە تايانغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. مۇشۇ مەزگىللەردە كېرىيەنىڭ نامرات ئائىلىلەرنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ بېيىشقا يېتەكلەش جەھەتتىكى ئىلغار تەجرىبىلىرى ۋىلايەت ۋە ئاپتونوم رايون دائىرىسىدە كېڭەيتىلىشكە باشلىدى. 1988 - يىلى ھاكىم ئابدۇراخمان قۇربان بېيجىڭدا

مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنىغا قاتنىشىپ، كىرىيەنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئىلغار تەجرىبىلىرىنى تونۇشتۇردى. مەركەزنىڭ مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلىرى ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئىزدىنىشلىرىگە، جاپالىق خىزمەتلىرىگە يۇقىرى باھا بەردى. ئۇ ئەنە شۇنداق تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق ھەم مېھىر-مۇھەببىتى بىلەن خەلق قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئېلىپ شەرەپ قۇچتى. نامرات خەلق پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئۆزلىرىگە قىلغان شەپقىتىگە چوڭقۇر مىننەتدارلىق بىلدۇرۇشتى. 70-يىللىرى نان خاپىلىقىنى يەتكۈچە تارتىپ، ئىزا-ئاھانەتكە يەم بولغان كىرىيە 80-يىللىرى ئاچارچىلىققا خاتىمە بېرىپ تويۇندى. ئەپسۇس، كىرىيە ھازىرمۇ نامرات. بىراق، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشنىڭ ئىلمىي يولىنى تېپىۋالغانلىقى ھەممىدىن قەدىرلەشكە ئەرزىيدىغان ئىش ئەمەسمۇ!

## ئالتۇن ئۈزۈككە ياقۇت كۆز

كونىنىڭ ئورنىنى يېڭىنىڭ ئىگىلىشى مۇقەررەر قانۇنىيەت. بىراق، بۇ ئالمىشىش جەريانىدىكى كۈرەش ئانچىمۇ ئاددىي بولمايدۇ. ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىش سىياسىتى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن قەدىمىي ماكان كىرىيەدىمۇ نۇرغۇن كونا شەيئىنىڭ ئورنىنى جاپالىق كۈرەشلەر ئارقىلىق يېڭى شەيئىلەر ئىگىلىدى. كىرىيەلىكلەر ئۆز ئەجرىنىڭ قەنتىنى چېقىشقا باشلىغاندا قانداقمۇ ئۆز ۋاقتىدىكى جەڭگىۋار كۈرەشلەرنى ئەسلىمەي، ئاشۇ كۈرەشلەر جەريانىدا سەپىنىڭ ئالدىدا ئۆزلىرىنى يېتەكلەپ ماڭغان يول باشچىسىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرمەي تۇرالىسۇن؟ بۈگۈنكى كۈندە ناھىيە مەركىزىدىكى كۆركەم كوچىلاردا، زامانىغا خاس بېزەلگەن رەستە، سودا-سېتىق ئورۇنلىرىدا، ھەشەمەتلىك بىنالاردا تۈرلۈك پائالىيەتلەر بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقان كىشىلەر بۇ گۈزەل شەھەرنىڭ تارىخىنى ناھايىتى ياخشى بىلىدۇ. دەرۋەقە بۇ ئورۇننىڭ يىراق تارىختا لاي-لاتقا بىلەن تولغان سازلىق ئىكەنلىكى، كېيىنكى تارىخىي جەريانلاردا بىنەم، مۇنبەت تۇپراققا ئۆزگەرگەنلىكىنى پېشقەدەملەرنىڭ بايانلىرى ئارقىلىق،

بولۇپمۇ بۇ يۇرتنىڭ ئۆزگىچە مۇقەددەس تارىخى ئارقىلىق ئىپنىق بىلەلەيدۇ.

جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ تارىخىي ساۋاقلىرى بىزگە تەرەققىياتنىڭ ئۇنچە ئاسان قولغا كەلمەيدىغانلىقىنى، بولۇپمۇ تەرەققىيات چاقىنىڭ گاھىدا ئەگرى ـ توقاي، كاتاڭ يوللاردا ئۆزۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلەپ كۆزلىگەن نىشانغا يېتىدىغانلىقىنى خېلى ئىلگىرىلا ئىسپاتلاپ بەردى. بۇ جەريانلاردىكى ئەڭ مۇھىم ھەل قىلغۇچ ئامىل بولغان ئادەملەرمۇ گاھىدا نۇرغۇن دوقاللارغا دۇچ كېلىپ گاڭگىرايدۇ ھەم چېلىشىدۇ. نېمە بولۇشتىن قەتئىينەزەر سېپىنىڭ قىلغان ئىشىنىڭ ئاز سانلىق ئادەمنىڭ كۆڭلىگە ئەمەس، ئومۇمىي خەلقنىڭ كۆڭلىگە ياقسا، ئاز بىر قىسىم ئادەمنىڭ مەنپەئەتىگە ئەمەس، ئومۇمىي خەلقنىڭ مەنپەئەتىگە پايدىلىق بولسا، سەن خەلقنىڭ ئالدىدا، بولۇپمۇ ئۆز ۋىجدانىڭ ئالدىدا جاۋابكار ئورۇنغا چۈشۈپ قالمايسەن، سەن ئۆزۈڭنىڭ قىلغان ئىشىڭنىڭ خەلققە كەلتۈرگەن پايدا ـ زىيىنىنى دائىم ھېسابلاپ تۇرالىساڭ، ئۆزۈڭنىڭ دۇنيادىكى ئەڭ بەختلىك ئادەم ئىكەنلىكىڭگە قىلچە ئىككىلەنمەي ھۆكۈم قىل. 70 ـ يىللىرى توغراق سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى ھەم «شەرق قىزاردى» سۇ ئامبىرى قۇرۇلۇشىدا ئۆزىنىڭ كۈچتۈڭگۈرلۈكى بىلەن ئۆز ئائىلىسىنى، شەخسىيىتىنى قىلچە ئويلىماي، كېرىيەلىكلەرنىڭ قەلبىدە مۇستەھكەم ئورۇن ئالغان ئابدۇراخمان قۇربان كېرىيەنىڭ شەھەر قۇرۇلۇشى، سودا ـ سانائەتنى يۈرۈشلەشتۈرۈش، يېزا ـ بازارلارنىڭ ئورگان قۇرۇلۇشلىرىنى ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىشنىڭ تەلىپىگە ماس ھالدا پىلانلاش، يېڭىلاش، قۇرۇش خىزمەتلىرىنىمۇ ئۆزىنىڭ ئەمەلىيەتچىل، ئىجادچانلىق روھىغا تايىنىپ، كېرىيەدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق تىرىشىشى، ناھىيەلىك پارتكومنىڭ كۈچلۈك قوللىشى بىلەن يېڭى بىر يۈكسىلىشكە ئىگە قىلدى.

كېرىيە ناھىيەلىك شەھەر قۇرۇلۇشى ئىدارىسىنىڭ ئىنژېنېرى مەتيۈسۈپ پەتتار مۇئەللىپكە مۇنداق دېدى:

«ئىلگىرى شەھەر قۇرۇلۇشى كېرىيەنىڭ ئىگىلىك تەرەققىياتىنىڭ ئاستا بولۇشى تۈپەيلىدىن يېڭى دەۋرنىڭ تەلىپىدىن خېلىلا يىراق

ئىدى. يەنە بازار كوچىلىرى تار، قولايسىز، رەتسىز، توپىلاڭ، بىنالار يوق دېيەرلىك ئىدى. قىسقىسى، كېرىيە ئەينى چاغلاردا شەھەر قۇرۇلۇشى جەھەتتە ئۆزى چىرايلىق بولسىمۇ كىيىمى كونا بولغانلىقتىن، كۆڭلى سۇنغان قىزغىلا ئوخشاپ قالغانىدى. يېزا-بازارلار ئۈستىدە سۆز ئېچىش تېخىمۇ قىيىن ئىدى. 1985-يىلى يازدا ئابدۇراخمان قۇربان مۇناسىۋەتلىك يولداشلارنى جەم قىلىپ ناھىيە بازىرىنىڭ قۇرۇلۇشى، يېزا-بازارلارنىڭ ئورگان قۇرۇلۇشى، يول، كۆۋرۈك قاتارلىق قۇرۇلۇشلارنى مەركەز قىلغان ھالدا بىر قېتىملىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزدى. بىز بۇ يىغىندا ئۆزىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن ناھىيە بازىرىنى ئۆزگەرتىپ يېڭىلاپ قۇرۇش، يېزا-بازارلارغا بارىدىغان يول، كۆۋرۈك قاتارلىق ئەسلىھەلەر قۇرۇلۇشى ئۈستىدە ئورتاق ئەقىل ئىشلىتىپ دەسلەپكى لايىھەنى تۈرغۇزۇپ چىقتۇق. كېيىن ئابدۇراخمان قۇربان بىزگە بۇلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى ئىنچىكە تەكشۈرۈپ ۋە تەتقىق قىلىپ خاتا تەرەپلىرىنى تۈزىتىپ مۇكەممەللەشتۈرۈپ چىقىشىمىزنى تاپىلىدى. بىز بىر گۇرۇپپا ئادەم بۇ خىزمەتنى ئىككى ئايغا يېقىن ئىنچىكە ئىشلەپ، مۇشۇ ساھە بويىچە 2000-يىلىغىچە بولغان شەھەر قۇرۇلۇش پىلانىنى تۈزۈپ چىقتۇق. بىز ئەنە شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ ھازىرغا قەدەر ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ بىۋاسىتە يېتەكلىشىدە ناھىيە مەركىزىنى يېڭىلاپ قۇرۇش خىزمىتىنى بوشاشتۇرماي ئىشلەپ كېلىۋاتىمىز. دەسلەپ 1985-يىلىدىلا شەھەر ئىچىدىكى ئاساسلىق يوللار پىلان بويىچە ئېلىنىپ، ئاسفالتلاشتۇرۇلدى ۋە مەنزىرىلىك ئورمانلار قويۇلدى. شەھەر ئىچىدە بىر دەم ئېلىش ساياھەت باغچىسى بەرپا قىلىندى...... ئارىدىن 10 يىل ئۆتۈپ كەتتى. بىز يەنىلا ئاشۇ پىلاننى ئاساس قىلىپ كېلىۋاتىمىز. ئابدۇراخمان قۇربان خوتەنگە يۆتكەلگەندىن كېيىنمۇ كېرىيەنىڭ شەھەر قۇرۇلۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈپ كەلدى، بولۇپمۇ 1994-يىلى ئەتىيازدا مەخسۇس كېرىيەگە كېلىپ شەھەرنى كۆكەرتىشتىن تارتىپ، شەھەردە ئۈچ ئورۇندا گۈللۈك ياساش، قارلىق ئۆستەڭ بويىغا تال بارىگى ياساش، قارلىق ئۆستەڭنى سېمونتلاپ ياساپ چىقىش، شەھەر يوللىرىنى كېڭەيتىپ ئاسفالت ياتقۇزۇش، ماۋ زېدۇڭ بىلەن قۇربان تۇلۇمنىڭ

ھەيكىلىنى ياساش قاتارلىق كونكرېت ئىشلارغىچە كۆرسەتمە بېرىپ ۋە يېتەكچىلىك قىلىپ، ئۆزىنىڭ كۆڭلىدە ئويلىغىنىدەك قىلدۇردى. قۇرۇلۇش باشلانغاندا بىز نۇرغۇن ئوبيېكتىپ مەسىلىلەرگە دۇچ كەلدۇق. ئۆزگەرتىپ قۇرۇشتا كوللېكتىپ ۋە شەخسلەرنىڭ مەنپەئەتىگە بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولغان بىر قاتار مەسىلىلەر بىرگە قىيىنچىلىق ئېلىپ كېلىشكە باشلىدى. بۇ چاغدا ئابدۇراخمان قۇربان ئۆزى باش بولۇپ شەھەر قۇرۇلۇشىغا قوماندانلىق قىلىش باش ئىشتابىدىكى يولداشلار بىلەن بىرگە تەشۋىقات خىزمىتىنى ناھايىتى ياخشى ئىشلىدى. سەھنىدە، تېلېۋىزور ۋە باشقا تەشۋىقات ۋاستىلىرى ئارقىلىق تەشۋىق قىلىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، ئۆزى بىۋاستە نەق مەيدانغا كېلىپ شەھەر خەلقىگە سەمىمىي ھالدا چۈشەندۈرۈپ، شەھەرنى يېڭىلاپ قۇرۇشنىڭ پايدىسىنى ھەربىر كىشىگىچە يەتكۈزدى. كۆرۈلگەن مەسىلىلەرنى دەل ۋاقتىدا ئىلمىي يول بىلەن ھەل قىلىپ، كىشىلەرنىڭ تەشەببۇسكارلىقىنى قولغا كەلتۈردى. بۇنىڭ بىلەن خىزمىتىمىز كەلگۈن سۈيىدەك يۈرۈشۈپ، نۇرغۇن چىگىش مەسىلىلەر ئۆزلۈكىدىن ھەل بولدى. مەن ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ شۇ چاغدىكى جاپالىق كۈرەشلىرىنى ھەرگىزمۇ ئۇنتۇپ كېتەلمەيمەن. ئۇنىڭ شۇ چاغدا كوچىلاردا، رەستىلەردە كىشىلەرگە دېگەن سۆزلىرى ھازىرمۇ ئۆز رولىنى يوقاتقىنى يوق.»

دەرۋەقە، ھوقۇق زورلاش كۈچىلا ئەمەس، بەلكى ئۆز مەنىسىدە قايىل قىلىش، يېتەكلەش، ئىسپاتلاش، ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىش دېگەنلىكتۇر. ئابدۇراخمان قۇربان كېرىيەنىڭ شەھەر قۇرۇلۇشىنى يېڭىلاشتا باشتىن-ئاخىر ئومۇمنىڭ ۋە شەخسنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان يېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، ئەقىل ئىشلىتىپ ئاز كۈچ بىلەن كۆپ ئىش قىلىش، ئاز ئىقتىساد بىلەن كۆپ ئۈنۈم ھاسىل قىلىش تەشەببۇسىدا چىڭ تۇردى. ناھىيە بازىرىدىكى زامانىنىڭ تەلىپىگە ماسلاشقان كوچا، رەستىلەر، سودا-سېتىق ئورۇنلىرى، ئاممىۋى مۇلازىمەت ئورۇنلىرى، ئېگىز بىنالار يامغۇردىن كېيىنكى بامبۇكتەك تەرەپ-تەرەپتە قەد كۆتۈرۈپ، بۇ قەدىمىي جايىنى يېڭى تۈسكە كىرگۈزدى.

ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ بىۋاسىتە تەشكىللىشى بىلەن ياسالغان يېزا-بازار مەركەزلىرىگە تۇتىشىدىغان ئاسفالت يوللار تارىم ئېغىزىدىكى يېڭىباغ يېزىسىدىن قاراقۇرۇم ئېتىكىدىكى ئاتچان يېزىسىغىچە پاياندار يېيىپ، ئەجدادىدىن تارتىپ يول جاپاسىنى كۆپ تارتقان خەلققە قولايلىق، ئۈمىد، شىجائەت، بەخت بەخش ئەتتى.

ئۇ خوتەنگە يۆتكەلگەندىن كېيىنمۇ ئۆزىنىڭ ئارزۇسىنى ئۇنتۇماي، ئاپتونوم رايونلۇق ۋە ۋىلايەتلىك قاتناش ئورۇنلىرىدىن مەبلەغ ئەكەلدۈرۈپ، كېرىيەنىڭ شاللىق رايونىغا بارىدىغان ئۈچ يولنى ئاسفالتلاشتۇردى.

1990-يىلدىن 1991-يىلغىچە بولغان بىر يىل دېھقان ئوغلى ئابدۇراخمان قۇربان ئۈچۈن ئەڭ ئۇنتۇلماس بىر يىل بولدى. ئۇ چەكسىز خۇشاللىق، زور ئۈمىد ئىچىدە مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىدە ئوقۇدى. ئۇ مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىدە ئوقۇغان ئاشۇ بىر يىلنى ھايات مۇساپىسىدىكى بىر قېتىملىق زور يېڭىلىنىش ھېسابلاپ ھاياجان ئىچىدە شۇنداق دەيدۇ:

— بىر رەھبىرىي كادىرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ئەڭ ئالدى بىلەن ئۇ دائىم بىرگە بولىدىغان خەلق ئاممىسىنىڭ قوللىشى، چېنىقتۇرۇشى ھەم ھاياتنىڭ نۇرغۇن قائىدە-قانۇنىيەتلىرىنى ئۆگىتىشى، ئادىمىيلىك خىسلىتىنىڭ نۇرغۇنلىغان ئېسىل مىراسلىرىنى ھەدىيە قىلىشىدىن باشقا، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىي ۋە پەن - مەدەنىيەت، ئىقتىدار جەھەتتىن مۇكەممەل تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈشىدىن ئايرىلالمايدۇ. گەرچە مەن يۇرتۇم كېرىيەگە بولغان چوڭقۇر مېھىر - مۇھەببىتىمنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئاز-تولا ياخشى ئىش قىلالىغان بولساممۇ، بۇ مېنى ئۆستۈرگەن كېرىيە خەلقىگە ھەمدە پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ ئەجىر-مېھنىتىگە مەنسۇپ. مەن بۇنى مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىدە ئوقۇغان ئاشۇ بىر يىلدا چوڭقۇر ھېس قىلدىم. كېرىيە تارىخنى خەلق ياراتقان، مەن پەقەت ئازراقلا رول ئوينىدىم، خالاس. ئېنىق قىلىپ ئېيتسام، گەرچە مەن خەلق ئاممىسىدىن نۇرغۇنلىغان بىلىمنى قوبۇل قىلغان بولساممۇ، ئۇنى نەزەرىيە جەھەتتىن خۇلاسىلەپ ۋۇجۇدۇمدا مۇستەھكەم خىسلەت قىلىپ

بېتىلدۇرۇشكە ئۈلگۈرەلمىگەنىدىم، مەركىزىي پارتىيە مەكتىپى كۆزۈمنى پاللىدە يورۇتۇۋەتتى، ئۆگەنگەنلىرىم مېنى كېچە - كۈندۈز ھاياجانغا سالدى. ئۆزۈمدە غايەت زور شىجائەتنىڭ كۆمۈلۈپ كەلگەنلىكىنى، ئۇنى خەلققە تەقدىم قىلىش ئۈچۈن مۇشۇنداق قۇدرەتلىك بىر نەزەرىيەۋى تايانچ كۈچكە موھتاج ئىكەنلىكىمنى ھېس قىلدىم. ھېس قىلغانلىرىم ئىچىدە كېرىيەنى ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىشنىڭ تەلىپى بويىچە تەرەققىي قىلدۇرۇشتا خاس ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىپ، مەھسۇلاتنى ئۇبوروت قىلىش، ئالماشتۇرۇش بولمىسا بولمايدىغانلىقىنى، ئىستېمال قىلىش، تەقسىم قىلىش قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىشنىڭ بۇ مۇھىم تۆت ھالقىسى بىر - بىرىگە ئۇلىنىپ كېلىشى لازىملىقىنى، مۇشۇنداق بولغاندا ئۇلارنىڭ بىر-بىرىنى تولۇقلاپ، بىر-بىرىگە پايدىلىق بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتتىم. شۇ چاغدا تۇنجى بولۇپ كۆز ئالدىمغا كەلگىنى كېرىيەدىكى سودا-سېتىق قاتارلىق ئالماشتۇرۇش يوللىرىنىڭ ناھايىتى تار ئىكەنلىكى بولدى. كېرىيەنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا مانا مۇشۇ يولنى كەڭ ئېچىش لازىملىقىنى مۆلچەرلىدىم.

توغرا، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تۆت ھالقىسىنىڭ مۇناسىۋىتى جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىي باسقۇچلىرىدا ئىسپاتلىنىپ، ئىنسانىيەتنىڭ ھايات پائالىيىتىدىكى ئورنى خېلى بۇرۇنلا مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن، بولۇپمۇ ئۇنى ھازىرقى ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىش باسقۇچىدا تېخىمۇ جارى قىلدۇرۇش كېرەككى، ھەرگىزمۇ چۈشەپ قويۇشقا بولمايدۇ. ئابدۇراخمان قۇربان مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىدىكى نەزەرىيە ئوقۇشىنى غەلىبىلىك ئاخىرلاشتۇرۇپ، كېيىن يەنە تەشكىلنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن شەرقىي شىمالدىكى تەرەققىي قىلغان ئۆلكە، شەھەرلەرنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىدە ئۆگەنگەنلىرى بىلەن نەق مەيداندا كۆرگەنلىرى ئۇنىڭغا خۇددى بىر جۈپ پولات قانات ھەدىيە قىلغاندەك بولدى. كۆز ئالدى پاللىدە يورۇپ تەرەققىياتنىڭ گۈزەل ھۆسنى ئۇنى مەپتۇن قىلدى. دەرۋەقە ئۇ ئاشۇ خىل روھ ۋە شىجائەت بىلەن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئاساسىي مۇقامىنى مەركەز قىلغان ھالدا كېرىيەنىڭ ئەمەلىي

ئەھۋالىغا ماس كېلىدىغان بىر قاتار ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ چىقىپ، ئۇنى تۆۋەندە ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭ بۇ مەزگىلدىكى تۈنجى قەدىمى كېرىيەدىكى سودا ـ سانائەت يوللىرىنى ئېچىش ۋە كېڭەيتىشتىن باشلانغان بولۇپ، بۇ تەدبىر مەھسۇلات ئالماشتۇرۇش جەھەتتە تېخىچىلا غەپلەت ئۇيقۇسىدا ياتقان كېرىيەگە زەمزەم سۈيىدەك ھاياتىي كۈچ بەخش ئەتتى.

كېرىيەلىكلەر ئەمگەكچان، مېھماندوستلۇقى بىلەنلا ئەمەس، يەنە قول ھۈنەرۋەنچىلىكتىكى چېۋەرلىكى بىلەنمۇ ماختىنىشقا ھەقلىق. بىراق، مەھسۇلاتنى سىرتقا يۈزلەندۈرۈش يوللىرىنىڭ تارلىقى ئۇلارنى خېلىدىن بېرى چەكلەپ كەلگەنىدى. بۇ ئوڭۇشسىزلىقنى ۋىلايەتنىڭ جاي ـ جايلىرىدىن كېرىيەنىڭ داڭلىق يىپەك بازىرى بولغان شەنبەبازارغا كېلىپ كۆرگەنلەر بىلىدۇ، ئەلۋەتتە. ئەسلىدىكى شەنبەبازىرىنىڭ كۆلىمى ئاران 20 نەچچە مو بولسىمۇ تىجارەتچىلەرنىڭ كۆپلۈكى بىلەن داڭلىنىپ كەلگەنىدى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، قىستا ـ قىستاڭچىلىقى، توپا ـ چاڭ، قالايمىقانچىلىق بىلەنمۇ مەشھۇر ھېسابلىناتتى. 1987 ـ يىلى كېرىيەدە تارقالغان ئاپەت خاراكتېرلىك يۇقۇملۇق جىگەر كېسەللىكى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ جېنىغا زامىن بولدى. مانا مۇشۇ مەزگىلدە ئابدۇراخمان قۇربان شەنبەبازارغا كېلىپ بازار ئەھۋالىنى تەپسىلىي تەكشۈردى. توپا ـ چاڭ ئارىسىدا ئۈزۈئارا سوقۇلۇپ يۈرۈشكەن كىشىلەر، بىر ـ بىرىگە سوقۇلۇشتىن كېلىپ چىققان جەڭگە ـ جېدەللەر، يېمەك ـ ئىچمەكلەردىكى پاسكىنىچىلىق، بىر ـ بىرىنى ئىزدىشىپ ئاۋارە بولۇشۇۋاتقانلار، نەرسە ـ كېرەكلىرىنى ئېلىپ ماڭالماي كۈتۈپ تۇرۇشقانلار ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ كۆڭلىدە بىر تالاي سوئاللارنى تۇغدۇرۇشقا ئۈلگۈرگەنىدى. ئارىدىن تۆت يىل ئۆتۈپ كەتتى. ئۆتكەن يىللار ئىچىدە ئۇ شەنبەبازارغا بىرنەچچە قېتىم كەلدى. كەلگەنىدىمۇ ئۆز ئارزۇسى بويىچە بازار ئەھۋالىنى ياخشىلايدىغان پىلان ـ تەدبىر تۈزۈش ئۈچۈن كەلدى.

1991 ـ يىلى تاشلىنىپ قالغىلى ئۇزۇن ۋاقىت بولغان كونا شەنبە بازىرىنىڭ ئورنىدىكى شورلۇق تۇپراق ئەمگەكچان كېرىيە خەلقىنىڭ

جاپالىق ئەمگەك ساداسى ئىچىدە ئىبغىر ئۇيقۇسىدىن ئويغاندى. ئەمگەك ساداسىغا قىزىقىش ئىچىدە نەزەر تاشلاپ تۇرۇشقان بىرنەچچە مويسىپىت كىشىلەر ئۆزئارا غۇلغۇلا قىلىشاتتى:

— خارلانغان نەرسە هامان قەدىرلىنىدۇ، دىگەن سۆز توغرىكەن. كىچىك ۋاقىتلىرىمىزدا بۇ يەردىكى بازار ناهايىتى بەك قىزىيتتى، بۇ يەرگە بازار قۇرۇلمىدىغاندۇ ياكى......

— ئاڭلىشىمچە شەنبەبازارنى يۆتكەپ مۇشۇ يەرگە ئەكەلگۈدەك.

— پاھ، كىمنىڭ تاپقان ئەقلىدۇ بۇ؟

— ئابدۇراخمان قۇربان هاكىمنىڭ ئەقلى بولمامدۇ!

— ئاجايىپ ئادەم - دە، بۇ بازار ئەمدى هەقىقىي شەنبەبازار بولغۇدەك.

يېڭى بازاردىكى قىستاڭچىلىق هەممە ئادەمنىڭ كۆڭلىنى بىئارام قىلغانىدى. دەرۋەقە ئابدۇراخمان هاكىمنىڭ پىلانى بويىچە يېڭى شەنبەبازارنى، يەنى تار، سودا-سېتىق بوغۇلۇپ قالغان ئاشۇ ئورۇننى كەڭ، قولايلىق كونا شەنبەبازار ئورنىغا يۆتكەش جېڭى باشلانغانىدى. خەلقنىڭ دەردىگە دەرمان بولىدىغان ئىش هامان خەلقنىڭ كۆڭلىگە ياقىدۇ. خەلق ئەزەلدىن ئۆز بەختىگە پايدىلىق بولغان ئىشقا تەر تۆكۈشكە ئىرىنگەن ئەمەس. يېڭى شەنبەبازىرىنى كونا شەنبەبازىرىنىڭ ئورنىغا يۆتكەش جېڭى هەم جاپالىق، هەم مۇشكۇل بولغان بولسىمۇ، خەلق قىلچە ۋايىسمىدى، بەلكى هەممەيلەن تەشەببۇسكار ئورۇنغا ئۆتۈپ بۇ زور قۇرۇلۇشقا ئۆز تۆهپىسىنى قوشتى، بولۇپمۇ ئابدۇراخمان قۇرباننىڭ قۇرۇلۇش باشلاشتىن ئىلگىرى ئىشلىگەن تەشۋىقات خىزمەتلىرى كىشىلەر قەلبىنى تەسىرلەندۇردى. ئىش ئورنىدا ئۇ كىشىلەرگە بۇ قۇرۇلۇشنىڭ تارىخىي ئەهمىيىتىنى چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دىدى:

— بىزنىڭ بۇ قۇرۇلۇشنى ئىلىپ بېرىشىمىزدىكى ئاساسىي مەقسىتىمىز شۇكى، بىرىنچىدىن، ئەسلىدىكى بازارنىڭ كۆلىمى كىچىك، كېڭەيتىش ئىمكانىيىتى يوق. چۈنكى، بازارنىڭ ئەتراپىدا دېهقانلارنىڭ ئۆيلىرى، مۇنبەت تېرىلغۇ يەر بار. يولداشلارغا مەلۇمكى، شەنبەبازىرى ئەتراپىدا بىر نوپۇسقا ئاران تۆت پۇڭ نەچچە لى يەر توغرا كېلىدۇ. يەنە

تېرىلغۇ يەر ئىگىلەشكە بولمايدۇ. قىسقىسى، بازار كۆلىمى بىزنىڭ ھازىرقى ئېھتىياجىمىزنى ھەرگىز قاندۇرالمايدۇ؛ ئىككىنچىدىن، كونا شەنبەبازارنىڭ ئورنى تاشلىنىپ قالغىلى ئۇزاق بولغان بىكار يەر. يەنە كېلىپ دائىرىسى كەڭ، بازارنى زامانىنىڭ تەلپىي بويىچە كېڭەيتىپ قۇرۇش ئىمكانىيىتى تولۇق؛ ئۈچىنچىدىن، كونا شەنبەبازارنىڭ ئورنى دۆلەت مۇداپىئە يولىنىڭ بويىدا، تىجارەتچىلەرنىڭ پائالىيىتى ئۈچۈن قولايلىق؛ تۆتىنچىدىن، كونا شەنبەبازار كېرىيەنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا توغرا كېلىدۇ، بولۇپمۇ تارىختىن بۇيان سودا-سېتىق راۋان يۈرۈشۈپ كەلگەن. بىز شەنبەبازارنى ئەسلىدىكى ئورنىغا يۆتكەپ كەلسەك، ھازىرقى بازار ئورنىنى تېرىلغۇ يەرگە ئۆزگەرتسەك ئۈنۈم ھاسىل قىلالايمىز؛ بەشىنچىدىن، مەن تەرەققىي قىلغان رايونلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلىش جەريانىدا مۇنداق بىر ئىشنى ھېس قىلدىم: ئۇ تەرەپلەردە يېزا-كەنتلەردىمۇ تەنتەربىيە مەيدانلىرى بار ئىكەن. دېھقانلارمۇ تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ بەدەن چېنىقتۇرۇش بىلەن ئاممىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى بىرگە ئېلىپ بارىدىكەن. ئۇ تەرەپلەردە «تەنتەربىيە پائالىيىتى ئارقىلىق ئادەم توپلاش، ئادەملەر ئارقىلىق سودا-تىجارەتنى يۈكسەلدۈرۈش» دېگەن قائىدە يولغا قويۇلۇپ ناھايىتى زور ئىقتىسادىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىنىپتۇ. بىزمۇ بۇ خىل ئۇسۇلدىن پايدىلىنىپ، بىر تەرەپتىن دېھقانلار ئارىسىدا مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى، يەنە بىر تەرەپتىن سودا-سېتىق ئىشلىرىنى يۈكسەلدۈرسەك بىر چالمىدا ئىككى پاختەك سوققان بولمامدىمىز؟! بازارنىڭ قارشى تەرىپىدىكى بىكار تاشلىنىپ ياتقان يەرگە ئاممىۋى تەنتەربىيە مەيدانى قۇرىمىز، قېنى ئۆزئارا تەھلىل قىلىپ بېقىڭلار، بۇ پىلانىمىز ئەقىلگە مۇۋاپىقمۇ-ئەمەسمۇ؟

— ھەقىقەتەن بىزنىڭ كۆڭلىمىزدىكىدەك پىلان ئىكەن.

— شورلۇق يەرمۇ يەر، يەردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش دېگەن مۇشۇ ئەمەسمۇ.

— ناھىيەمىزدە خەلق خۇشاللىق بىلەن قاتنىشىپ ھۇزۇر ئالىدىغان ئوغلاق تارتىشىش، چېلىشىش قاتارلىق نۇرغۇنلىغان ئەنئەنىۋى

تەنتەربىيە تۈرلىرى مانا مۇشۇنداق ئازادە ئورۇنغا ئىگە بولالماي ھازىرغىچە بىر ئىزدا توختاپ قالغانىدى. ئەمدى ئۇنىڭ گۈللىنىشىگە كۆزىمىز يەتتى.

ھەممەيلەن بىر ئېغىزدىن كۆڭۈل سۆزلىرىنى ئىزھار قىلىشتى. ھەممىنىڭ قەلبىدە سۆيۈنۈش، رازىمەنلىك، شىجائەت ئۇرغۇدى. قۇرۇلۇش جىڭى يېڭىچە روھ ئىچىدە داۋام قىلىشقا باشلىدى. گەرچە ئابدۇراخمان قۇربان ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي كېرىيەدىن ئايرىلغان بولسىمۇ، بۇ زور قۇرۇلۇشلارغا بولغان يېتەكچىلىك، مەسلىھەتچىلىك رولىنى بىر مىنۇتمۇ نەزەردىن ساقىت قىلمىدى. ھەر قېتىم كېرىيەگە كەلگەندە قۇرۇلۇش ئورنىغا بىرىپ يېتەكچىلىك قىلدى. رەھبەرلىك جەھەتتىكى كۈچلۈك قوللاش خەلقنىڭ تەشەببۇسكارلىقى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈش نەتىجىسىدە، بۇ قۇرۇلۇش تېزلا پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. كېرىيەلىكلەرنىڭ تەسەۋۋۇرى رېئاللىقنىڭ ئىسپاتلىرى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشتى. بۇ شورلۇق، تاشلاندۇق زېمىندا ئادەتتىكى بىر بازار ئەمەس، بەلكى جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە ئالاھىدە تىلغا ئېلىنىدىغان داڭلىق سودا مەركىزى بارلىققا كەلدى. بۇ بازار بەئەينى كەلكۈن سۈيى بوغۇلۇپ تۇرۇپ قالغان ئەخلەت-چاۋارلارنى سۈرۈپ كەتكەندەك ئۇزاقتىن بۇيان بوغۇلۇپ كەلگەن سودا-سېتىقنى يۇرۇشلەشتۈرۈۋەتتى. ناھىيەلىك سودا-سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش پونكىتىنىڭ باشلىقى ئوبۇل مۇئەللىپكە ئەھۋال تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— بۇرۇنقى بازار ئاممىنىڭ ئېھتىياجىدىن بەكمۇ يىراقلىشىپ كەتكەنىدى. بۇ خىل ئەھۋالدا ھاكىم ئابدۇراخمان قۇربان ئەمەلىي ئەھۋالنى ئاساس قىلىپ شەنبەبازىرىنى ئەسلىدىكى بازار ئورنىغا كۆچۈرۈش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، خەلقنىڭ قىزغىن قوللىشىغا ئېرىشتى. مەن بۇ زور قۇرۇلۇشنىڭ باشلىنىشىدىن باشلاپ پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلگۈچە نەق مەيداندا بولدۇم. بۇ بازارنىڭ ھازىرقى كۆلىمى 300 مودىن ئاشىدۇ. بۇ يەر ئۇزاق مۇددەت تاشلىنىپ شورلىشىپ كەتكەچكە، ئورمان بىنا قىلىپ، يېشىللاشتۇرۇش مۇشكۈل بولدى. بىز ئابدۇراخمان قۇربان ھاكىمنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئالدى بىلەن سۇ ئارقىلىق

شورنى تۇگىتىپ، ئاندىن 22 مىڭ 700 تۇپ ھەر خىل ئورمان تىكتۇق. ھاكىم يەنە بازار كوچىلىرىغا ئاسفالت ياتقۇزغۇزۇپ بەردى. سۇ مەسىلىسىنى قۇدۇق قېزىپ ھەل قىلدۇق، بازارغا كەلگەنلەر پاكىز تۇرۇبا سۈيى ئىچەلەيدىغان بولدى. ھازىر بۇ بازاردىن يىلىغا 600 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق باج كىرىم قىلىنىدۇ. ئايلىق ئوبوروت سوممىسى 1 مىليون 500 مىڭ يۈەندىن ئاشىدۇ. ئىلگىرىكى بازاردا 176 نەپەر كىشىلا ھەر خىل تىجارەت بىلەن شۇغۇللىناتتى. ھازىر بۇ بازاردا 600 گە يېقىن مۇقىم تىجارەتچى تىجارەت قىلىۋاتىدۇ. بازار كۆلىمى تىجارەت قىلىدىغانلار تېخىمۇ كۆپ. بازارنىڭ ھەربىر رەستە، دوقمۇش، كوچا قاتارلىق ئورۇنلىرىنىمۇ ھاكىم ئابدۇراخمان قۇربان ئۆزى بىۋاستە پىلانلاپ بەرگەن. بۇنىڭ بىلەن بۇرۇنقى بازاردىكىدەك قالايمىقانچىلىق، تەرتىپسىزلىك تۈگەپ، ئۇنىڭ ئورنىنى رەتلىك، پاكىز مۇھىت ئالدى. بازار كوچىلىرى ماي ياتقۇزۇلۇپ تېخىمۇ كۆركەملەشتى، ھەتتا 20 مىڭ ئەتراپىدىكى ھارۋا-ئېشەك قويۇش ئورنىمۇ تەسىس قىلىندى. خەلقىە ئاسانچىلىق تۇغۇلدى. ھازىر بازارنىڭ دەرۋازىسىنى ئىشلەۋاتىمىز. بۇ دەرۋازا شىنجاڭ بويىچە ئەڭ چوڭ سودا بازىرى دەرۋازىسى بولۇپ، ئابدۇراخمان قۇربان دەرۋازا خەرىتىسىنىڭ لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتىن ئاخىرقى تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچە كۆڭۈل بۆلدى. بۇ ئىشمۇ ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ھەم كۆركەم، ھەم سۈپەتلىك ئىشلىنىۋاتىدۇ. «خەلق ھەممىگە گۇۋاھ» دېگەن سۆز ناھايىتى توغرا ئىكەن. بۈگۈنكى كۈندە ھاكىم ئابدۇراخمان قۇربان شەنبەبازىرىغا كېلىپ قالسا كىشىلەر ئۇنى گۈررىدە ئارىغا ئېلىۋالىدۇ. ئۆتكەن يىلى باھاردا ئۇ كەلگەندە، سودا-سېتىق ئىشلىرى بىلەن شۇنچە ئالدىراش بۇرۇشكەن كىشىلەر قولىدىكى ئىشلىرىنى تاشلاپ ئۇنى ئارىغا ئېلىۋالدى. ھەممە بىردەك ئۇنىڭغا شەنبەبازىرىنىڭ ھازىرقى پايدىسى ھەققىدە سۆزلەپ، ئۇنىڭ ئۆز ۋاقتىدا بۇ بازارنىڭ ئەھمىيىتى ئۈستىدە دېگەن سۆزلىرىنىڭ نەقەدەر توغرا ئىكەنلىكىنى بىر ئېغىزدىن مۇئەييەنلەشتۈردى. تىجارەتچىلەر ئۆز تىجارىتىنىڭ بۇرۇنقىدىن نەچچە ھەسسە يۇرۇشلەشكەنلىكىنى ئېيتسا، نەرسە-كېرەك سېتىۋالغۇچىلار

بازارنىڭ كەڭ، قولايلىق ئىكەنلىكىنى ماختاشتى.
ئوبۇل سۆزىنىڭ ئاخىرىدا يەنە تۆۋەندىكىلەرنى ئېيتتى:
ــ شەنبەبازىرىنىڭ ھازىرقى ھالەتكە كېلىشى ناھىيەمىزنىڭ ئىگىلىك تەرەققىياتى ئۈچۈن تېز سۈرئەتلىك تەرەققىيات مەنزىرىسىنى ھاسىل قىلدى، بولۇپمۇ ناھىيەمىزدە نامرات ئائىلىلەرنى تۇرلۇك ھۈنەر-كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ، تاۋار ئالماشتۇرۇش، يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى ئوبوروت قىلىش يوللىرى ئارقىلىق بېيىتىش يولىدا خېلىدىن بېرى تىرىشىش ئارقىلىق مۇئەييەن نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلگەچكە نامرات ئائىلىلەر ئۈچۈن بۇ بازار ناھايىتى ياخشى رول ئويناپ، ئۇلار ئىشلەپچىقارغان تاۋارلار بۇ بازار ئارقىلىق سىرتقا چىقىرىلدى. بازار كۈنى ئادەم دېڭىزىغا ئايلىنىدىغان بۇ بازارغا ۋىلايىتىمىزنىڭ جاي-جايلىرىدىن كىشىلەر كېلىپ تىجارەت قىلىدۇ ھەم نەرسە-كېرەك سېتىۋالىدۇ. بىلىشىمچە، بۇ بازاردا ھازىر بۇرۇن ئۆز كۈنىنى ئالالماي ئېغىر كۈنگە قالغان 50 نەچچىگە يېقىن نامرات ئائىلە كىشىلىرى تۇرلۇك تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىپ مۇقىم دەسمايىسى بولغان تىجارەتچىلەردىن بولۇپ قالدى......
شەنبەبازارلىق پارتكومىنىڭ سابىق شۇجىسى نۇرى ئىمىن مۇنداق دېدى:
شەنبە بازىرىنى كونا شەنبەبازار ئورنىغا يۆتكەپ كېڭەيتىپ قۇرۇش قۇرۇلۇشى ناھىيەمىزنىڭ بىر پۈتۈن تەرەققىياتىغا پايدىلىق بولۇش بىلەن بىرگە، بۇ بازارنىڭ ئەتراپىدىكى سىيەك، شەنبەبازار، توغرىغاز قاتارلىق ئۈچ يېزىنىڭ ئىگىلىك تەرەققىياتى ئۈچۈن ناھايىتى ياخشى گۈللىنىش دەۋرىنى ئېلىپ كەلدى. نۇرغۇن دېھقانلىرىمىزنىڭ قانۇنلۇق تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىپ بېيىش روھى ئۇرغۇپ كۆزى ئېچىلدى، بولۇپمۇ دېھقانلارنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش بىلەن پائال شۇغۇللىنىش ئېڭى ئۆسۈش بىلەن بىرگە، تۇرلۇك قوشۇمچە ئىشلەپچىقىرىش، ھويلا-ئاران ئىگىلىكى، باغۋەنچىلىك، چارۋىچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك قاتارلىق كەسىپلەرگە بولغان ئىخلاسى بۇرۇنقىدىن نەچچە ھەسسە ئېشىپ، دېھقانچىلىقنىڭ ئالدىراش پەسلىدىن باشقا بوش ۋاقىتلاردىن

پايدىلىنىپ تىجارەت ئارقىلىق پۇل تېپىش ئىگىسى يېتىلدى. شەنبەبازارنىڭ بۇرۇنقى ئورنى تېرىم يەرگە ئۆزگەرتىلىپ دېھقانلارغا بېرىلدى. قىسقىسى، بۇ بازار بىرنىڭ بىر قانىتىمىز بولدى.

شۇنداق، كۆز ئېچىلماي تۇرۇپ يىراقنى كۆرگىلى بولمايدۇ. سىناق قىلماي، ئەمەلىيەتنىڭ ئىسپاتىدىن ئۆتكۈزمەي تۇرۇپ تەرەققىياتنى ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ. ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىدە ئوقۇۋېتىپ كۆڭلىگە پۈككەن ئارزۇلىرى بۈگۈنكى رېئاللىق ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشتى. ئۇنىڭ «تەنتەربىيە پائالىيىتى ئارقىلىق ئادەم توپلاش، توپلانغان ئادەم ئارقىلىق سودا-تىجارەتنى يۈرۈشلەشتۈرۈش» قائىدىسىدىن پايدىلىنىپ ئىشلىگەن بىر قاتار خىزمەتلىرىنىڭ نەتىجىسى قانداق بولدى؟ ئەمەلىيەتتە بۇمۇ بۈگۈنكى رېئاللىق ئارقىلىق تولۇق ئىسپاتلاندى. جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە ئالاھىدە تەرەپلىنىپ كېلىۋاتقان شەنبەبازىرىنىڭ قارشى تەرىپىدە قۇرۇلغان چوڭ تىپتىكى دېھقانلار تەنتەربىيە مەيدانى بۇ يەرگە خۇددى ئالتۇن ئۈزۈككە ياقۇت كۆز قويغاندەك يارىشىپ، قەرەللىك ئۆتكۈزۈلۈپ كېلىنىۋاتقان دېھقانلار تەنتەربىيە پائالىيىتى قاينام - تاشقىنلىق مەنزىرە ھاسىل قىلدى. كېرىيە ناھىيەلىك تەنتەربىيە كومىتېتىنىڭ مەسئۇلى مەتقۇربان سەيدى بۇ تەنتەربىيە مەيدانىنىڭ ئەھۋالى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

— ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، دۆلىتىمىز تۈرلۈك تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتتى. بۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە تۈرلىرىمىز خەلقىمىزنىڭ تارىخىي ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇپ، دۇنياۋى شان-شەرەپلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، يۈزىمىزنى يورۇق قىلدى. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا چەت-يىراق بولغان ناھىيەمىزدە ئاممىۋى تەنتەربىيە مەيدانىنىڭ قۇرۇلۇشى ھەقىقەتەنمۇ تارىخىي ئەھمىيەتلىك ئىش ھېسابلىنىدۇ. قىسقىسى، خەلقىمىز بۇ ئارقىلىق تەنتەربىيەگە بولغان تونۇشىنى ئۆستۈردى. تەنتەربىيەنىڭ رولى ھەققىدە يېڭى چۈشەنچىگە ئىگە بولدى. بىز ھازىر بۇ مەيداندا قەرەللىك ھالدا پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتىمىز. ھەر قېتىملىق پائالىيەتتە شۇنچە كەڭ مەيدان ئادەم بىلەن لىق توشۇپ كېتىدۇ. مەن ھەر

قىتمىلىق پائالىيەت ئۈستىدە ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ مەيدان قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى قىلغان «بىر چالمىدا ئىككى پاختەك ئەمەس، بىر نەچچە پاختەك سوقىمىز» دېگەن سۆزىنى ئەسلەيمەن. ھەقىقەتەن بىز بۇ مەيدان ئارقىلىق ئادەم توپلاپ شەنبەبازىرىنىڭ سودىسىنى يۈرۈشلەشتۈردۇق ھەم دېھقانلارنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇردۇق. دېھقانلارنىڭ روھىنى ئۇرغۇتۇپ، ئوغلاق تارتىشىش، بۇقا، قوچقار سوقۇشتۇرۇش قاتارلىق تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى ئارقىلىق چارۋىلارنى تونۇشتۇردۇق. ۋىلايىتىمىز بويىچە 1993 ـ يىلى ئۆتكۈزۈلگەن ھەر خىل چارۋىلارنى، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى يەرمەنكە قىلىش پائالىيىتى بۇنىڭ تىپىك مىسالى بولالايدۇ. بىز بۇ ئارقىلىق دېھقانلار ئارىسىدىكى نەتىجە ياراتقۇچىلارغا ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ئىلھام بېرىپ كۆزلىگەن مەقسەتكە يەتتۇق.

تەكلىماكاننىڭ جۇت ـ بورانلىرى كېرىيەلىكلەرنىڭ ئەقلىنى ھەرگىزمۇ خورىتالمىدى، بەلكى ئۇ چېنىقتۇرۇش رولىنى ئويناپ كەلدى. مۇبادا سىز ئۆلاردىن شەنبەبازىرى بىلەن دېھقانلار تەنتەربىيە مەيدانى ھەققىدە سوراپ قالسىڭىز ئۇلار قىلچە ئىككىلەنمەيلا «شەنبەبازىرى بىزنىڭ ئالتۇن ئۆزۈكىمىز، ئاممىۋى تەنتەربىيە مەيدانى بولسا ئاشۇ ئالتۇن ئۆزۈكنىڭ ياقۇت كۆزى» دەپ جاۋاب بېرىشى بەرھەق!

## خاتىمە

ئاقىللار ئىنسانىنىڭ ھاياتىنى «ئاققان سۇ»، «ئاتقان ئوق»قا ئوخشىتىپ كەلدى. ئۇ نېمە بولۇشتىن قەتئىينەزەر، ئىنسانىنىڭ مۇشۇ دۇنياغا كېلىپ يەنە كەتكەنلىكىنىڭ ئىسپاتى، خالاس. مۇشۇ سۆيۈملۈك ئالەمگە كەلدىڭىزمۇ، خالاڭ ياكى خالىماڭ سىزدىن ئاخىرىدا قالىدىغان نەرسە پەقەت ئەل قەلبىدىكى «ياخشى» ياكى «يامان» نامىڭىزدىنلا ئىبارەت بولىدۇ. ھالبۇكى، سىز ئىمتىيازىڭىزنىڭ چوڭلۇقى بىلەن غادىيىڭ ياكى زۇۋۇلىڭىزنىڭ كىچىك ئۆزۈلگەنلىكى بىلەن ئېگىلىڭ، بەرىبىر بۇ باھادىن قېچىپ قۇتۇلالمايسىز.

مۇئەللىپ بۇ خاتىمىدە شۇنى سەمىگىزگە سالىدۇ: دۇنيانىڭ بىر ئىزدا توختاپ تۇرماسلىقى، يەرشارىدىكى ئادەملەر ئارىسىدا چىراي شەكلى، مىجەز-خۇلقى پۈتۈنلەي ئوخشىشىپ كېتىدىغان ئىككى ئادەمنىڭ بولماسلىقى «ئادەم» دىن ئىبارەت ئاڭلىق ھايۋاننىڭمۇ ھامان سەۋەنلىكلەردىن خالىي ئەمەسلىكىنى كۆڭلىمىزگە ئايان قىلىدۇ. شۇنچە زور ئوخشىماسلىقنىڭ ئىچىدە ئىنساندىكى چۈشىنىش بىلەن قاراشنىڭ ئوخشىماسلىقىنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلالمايمىز، ئەلۋەتتە.

جۈملىدىن ئابدۇراخمان قۇربان ئەنە شۇ ئىنسانلارنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئانا يۇرتى كېرىيەدە 20 يىلغا يېقىن خىزمەت قىلىپ ھايات ئىزىنى قالدۇردى. بۇ ئىزلارغا قانداق باھا بېرىش تارىخنىڭ ئىشى. مەن پەقەت ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ كېرىيەگە ئاتاپ يازغان مۇنۇ شېئىرى ۋە تۆۋەندىكى ئادەملەرنىڭ سۆزى بىلەنلا خاتىمىنى ئاخىرلاشتۇرىمەن.

## سالام يۇرتۇم، سالام خەلقىم

كېرىيەدۇر ئانىجان يۇرتۇم،
كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن دىيار.
سالام كېرىيە،خوتەن گۈلباغدىن،
سالام قېرىنداش، ئاغىنە، دوست - يار.

سالام يۇمشاق توپىلىق يوللار،
تونۇش دالا، ئېتىزلار - باغلار.
سالام مەڭگۇ ئۇنتۇلمايدىغان
قىلچە غەمسىز باللىق چاغلار.

سالام دېھقان قەدىردانلىرىم،
سالام ماڭا مەدەت بەرگەنلەر.
سالام كۈن-تۈن ھەمدەم بولۇشقان،
جاپادا تەڭ كۆكرەك كەرگەنلەر.

سالام مېنى قاتارغا قوشقان،
مەدەتكارىم ــ مېھرىبان دېھقان.
سالام ئەزىز قەدىرلىك ئەل - يۇرت،
گېپى ئوڭلۇق، مىجەزى ئوبدان.

ئوك قولۇمنى كۆكسۈمگە قويۇپ،
سېغىنىپ دىلدىن كەلدىم باھاردا.
بايرىمىڭغا نورۇزلۇق يېزىپ،
ئوقۇغىلى كەلدىم گۈلزاردا.

كەلدىم «توغراق» ئىستانسىسىنىڭ
نۇرلىرىدىن يورۇق ئالاي دەپ.
يەتمىش ئېغىز فونتان قۇدۇقنىڭ
كەۋسىرىدىن ئىچىپ قاناي دەپ.

يوقلاپ كەلدىم ئىزلىرىم قالغان
ئۆستەڭ، توسما، شاللىقلىرىڭنى.
سەيلە قىلغۇم كەلدى سۇ ئامبار،
ئاسفالت يول، تاللىقلىرىڭنى.

سېغىنچىم بار تىلسىمات دۇنيا
يېڭى يېزا ــ دەريا بويىغا.
قارلۇق ئۆستەڭ ــ تاختاكۆۋرۈك ھەم،
ئاۋات شەنبەبازار تويىغا.

ئوغلاق تارتقۇم كەلدى ئاتلىنىپ،
«مەيدان» ئارا قىيقاسلار سېلىپ.
يەتمىش ئىككى يېتىم بالامنى
سۆيگۈم كەلدى باغرىمغا ئېلىپ.

يوقلىماقنى پۈكتۈم دىلىمغا،
بەختى كۈلگەن قىزىسالىلارنى.
كۆز ئالدىمدىن ئۆتكۈزدۈم بىر - بىر،
يۇرتۇم پەخرى كۆپ مىسالىلارنى .

تۇرسام - ماڭسام ئويۇمدا بولدۇڭ،
چۈشۈمدىنمۇ چىقمىدىڭ بىر پەس.
بۇندا ئۆتكەن گۈزەل چاغلىرىم
ئەس - يادىمدىن كەتمىدى ھۆددەس!

ئەي ئانا يۇرت، ماڭا دىلكەش ئەل،
چىللاپ كەلدى باغرىڭغا باھار.
ئاش - تۇزۇڭ بار تومۇرلىرىمدا،
ئۆمرۈم بويى ساڭا قەرزدار.

پەرھاد كەبى مەردلىرىڭ بىلەن
قىزنىپسەن قازىنىقىڭدا جەڭ.
ۋەتەن - ئەلگە قوشار شان - شەرەپ،
ئانا دىيار شۇ ئۇلۇغ تۆھپەڭ.

تىلەكداشمەن پەرۋازلىرىڭغا،
يۈكسەل، كېرىيە، بولغىن بەختىيار.
يىتسۇن نادانلىق، يىتسۇن نامراتلىق،
قەد كۆتۈرگىن، ئەي ئانا دىيار.

ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ يۈرەك سۆزى:
— خەلقىنىڭ خۇشاللىقى، بەخت - سائادىتى ماڭا بېرىلگەن ئەڭ زور
مۇكاپات، ئىنئام. خەلقىنىڭ ئارزۇسى، تەلىپى ماڭا بېرىلگەن ئەڭ ئالىي

بۇيرۇق. خەلق مەندىن رازى بولدىمۇ ـ بولمىدىمۇ، ھەممىدە ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلدىمۇ ياكى سۇبيېكتىپ ھېسسىياتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدىمۇ، خەلق ھىمايە قىلامدۇ، قوللامدۇ ياكى قارشى تۇرامدۇ، ھەر كۈنى ئويلايدىغىنىم مۇشۇلار.

ئابدۇغوپۇر بىلەن تۇردى قاتارلىق قارا يېتىملارنىڭ تەگىششى:

ئابدۇغوپۇر:

ــ ھاكىم دادامغا سالام دەپ قويۇڭ.

تۇردى:

ــ ۋالىي دادامنى ھاكىم دادام دەيسەنغۇ!

ئابدۇغوپۇر:

ــ مەن......

× × ×

ئاپتورنىڭ بايانى:

ــ تالاشماڭلار «باللار»! ئابدۇراخمان قۇربان مەيلى ھاكىم بولسۇن، مەيلى ۋالىي بولسۇن، مەيلى ئادەتتىكى پۇقرا بولسۇن، ئۇ بېسىپ ئۆتكەن يوللىرىنىڭ، قىلغان ياخشى ئىشلىرىنىڭ ناھايىتى ئاز بىر قىسمى بايان قىلىنغان مۇشۇ ئەدەبىي ئاخباراتتىكى رېئال ئادەم. ئەنە قاراڭلار، ئۇ تېخىمۇ جەسۇر، تېخىمۇ تېتىك ھالدا ئەل ـ ۋەتەن ئىشقىدا گۈلخان بولغان يۈرىكىنى تىڭشاپ، قان قېرىنداش، دىلكەشلىرى ــ دېھقانلارنىڭ غېمىدە. سىلەرگە ئوخشاش يېتىم ـ يېسىرلارنىڭ سائادىتىنى ئىزدەش يولىدا، ئەڭ مۇھىمى ئۆزىنىڭ ھاياتلىق ئالىمىدىكى ئەڭ مۇشكۈل، ئەڭ شەرەپلىك بۇرچىنى ئاقلاش يولىدا مەردانە چامداپ ماڭماقتا، ئۇنىڭغا ئاق يول تىلەيلى.

ــ يول بولسۇن، دېھقانلارنىڭ دىلكىشى، يېتىملارنىڭ غەمگۈزارى!

# هايات گۈلشنىدىن تەرملەر

ئەسسالامۇ ئەلەيكوم، مۆھتەرەم ئوقۇرمەن:

خوتەن بوستانلىقىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدە ھەيۋەتلىك قاراقۇرۇم تاغلىرى قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ، كۆك بىلەن بويى تالاشقان ئېگىز چوققىلار يىل بويى قار - مۇزلار بىلەن قاپلىنىپ تۇرغانلىقتىن، ئاشۇ قار - مۇزلار قۇياش تەپتىدە ئېرىپ ئەزىم يۇرۇڭقاش دەرياسىنى ھاسىل قىلىدۇ. خوتەننىڭ يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرىنىڭ بىرى بولغان داڭدار خوتەن قاشتېشىمۇ مۇشۇ دەريادىن چىقىدۇ. بۇ دەريانىڭ ئىككى تەرىپىدە چەكسىز كەتكەن مۇنبەت ئېتىزلار، يېشىل ۋادا زۇمرەتتەك جۇلالىنىپ تۇرىدۇ. ئۆزىنىڭ مەزمۇت قامىتى بىلەن قۇم - بورانىنى توسۇپ تۇرغان ئورمانلار ھەيۋەتلىك يېشىل سېپىل ھاسىل قىلىپ، بۇ قەدىمىي گۈلشەن ۋادىغا گۈزەل ھۆسن بەخش ئېتىدۇ، ئۆزىنىڭ زىلال سۈيىنىڭ خاسىيىتى بىلەن ئەسىرلەردىن بۇيان بۇ گۆھەر زېمىننى ياشنىتىۋاتقان ئانا دەريا - يۇرۇڭقاش پاراسەتلىك، باتۇر، ئەمگەكچان خوتەن خەلقىگە كۈچ - قۇۋۋەت ھەم ھاياتلىق بېغىشلاپ كەلگەن.

ئايروپىلاندىن تۆۋەنگە نەزەر سالغاندا، خوتەن ۋادىسى كىشىگە گويا غايەت زور زۇمرەت لېگەندەك كۆرۈنىدۇ، زامان - زامانلار مابەينىدە بۇ گۆھەر زېمىن ئۆز باغرىدا سان - ساناقسىز جەسۇر ئوغۇل - قىزلارنى ئۆستۈرۈپ قاتارغا قوشقان، ئاشۇلار ئىچىدىن بەزىلىرى ئۆزلىرىنىڭ مېھنەت تەر، جاپالىق ئەجرىدىن رەڭمۇرەڭ گۈللەرنى ئېچىلدۇرۇپ، ئەل قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان.

تارىخ چاقى ئۇچقاندەك ئىلگىرىلەپ، يېڭىدىن - يېڭى تەرەققىياتلارغا يۈزلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، بۇ گۆھەر زېمىن تېخىمۇ گۈزەللەشتى. ئۇنىڭ قوينىدىن يەنە بىر تۈركۈم ئەل قەلبىدە

ئۆگمەس ئابىدە تىكلىگەن جەسۇر ئوغلانلار يېتىشىپ چىقتى. بۇ ئەدەبىي ئاخباراتنىڭ باش پېرسوناژى بولغان خەلق قۇرۇلتىيى خوتەن ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، ئەلنى سۆيگەن، ئەلمۇ سۆيگەن رەھبەر ئابدۇراخمان قۇربان ئاشۇ جەسۇر، تۆھپىكار ئوغلانلارنىڭ بىرىدۇر.

خەلقىمىز ئەزەلدىن مېھنەتكەشلەرنى، تۆھپىكارلارنى، شان - شەرەپ ئىگىلىرىنى قەدىرلەپ كەلگەن. پەخىرلىك ئوغلانلىرىنى ھەر زامان، ھەر ماكاندا ئىللىق باغرىغا ئېلىپ، ئۇلارغا ئېھتىرام گۈلدەستىلىرىنى تۇتقان، بىزمۇ ئەجدادلارنىڭ ئىزىنى بېسىپ، ئەل سۆيگەن تۆھپىكار ئوغلانلارنىڭ ئەجرىگە بارىكاللا ئېيتىمىز، ئەلۋەتتە.

ئابدۇراخمان قۇربان 43 يىللىق خىزمەت ھاياتى، بولۇپمۇ رەھبەرلىك خىزمىتىنى ئۆتىگەن 30 يىللىق خىزمەت ئەمەلىيىتى داۋامىدا ھەر ۋاقىت خەلقنى ئويلاپ، خەلقنىڭ غېمىنى يەپ، خەلقنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇشتەك خەيرلىك ئىشلىرى بىلەن خەلققە ئىلھام، قايناق مېھىر - مۇھەببەت، خۇشاللىق بەخش ئېتىپ، خەلق قەلبىدە نۇرانە ئوبرازىنى تىكلىدى. گەرچە مەن ئىلگىرى ئۇنىڭ نامىشەرىپىنى كۆپ ئاڭلىغان بولساممۇ، ئەمما ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت رەھبەرلىرىنىڭ بىرىغۇ، دەپ بىلەتتىم، كېيىنچە خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن ئۇنىڭ بىلەن دىدارلىشىش پۇرسىتىگە ئېرىشىپ، تونۇشتۇم، سىرداشتىم، مۇڭداشتىم. ئۇنىڭ ئۆمۈر مەنزىلىدە ماڭغان يول، باسقان قەدەملىرى، ئۆتكەن كېچىكلىرى ۋە نەتىجىلىرى توغرىسىدىكى بايانىنى ئاڭلاپ ئۇنى قايتىدىن چۈشەندىم. ئۇنىڭ ئەل - يۇرت ئۈچۈن تۆككەن قان - تەرى، تۆلىگەن بەدەللىرى ماڭا زور ئىلھام بەخش ئەتتى. قەلبىمدە بىر خىل ھۆرمەت تۇيغۇسى قوزغىدى. شۇ تۇپەيلى ئۇنىڭ بىلەن تالاي قېتىم سۆھبەتلەشتىم. ئۇ ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي ئورگانلاردا ئىشلەش جەريانىدا ئۆزىنىڭ ۋەتەن، خەلق، مىللەت ئالدىدىكى مۇقەددەس بۇرچىنى ئېنىق تونۇپ، ئۇرغۇپ تۇرغان ئەقىل - پاراسىتى، جاپاغا چىداپ بېرىلىپ خىزمەت ئىشلەشتەك قەيسىرانە روھى بىلەن كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى ياراتقان. ئاساسىي قاتلامغا خىزمەت تەكشۈرۈشكە بىرگە

بىرىش ئارقىلىق ئۇنىڭ خىزمەت سەنئىتىدىن تەسىرلەندىم، پارتىيە ۋە خەلقنىڭ ياخشى كادىرى، ئەل ـ ئاۋامنىڭ ھارماس چاكىرى، ھەقىقەتەن خەلق بىلەن ھەمنەپەس، قەلبداش رەھبەر ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم.

مەن ئۇيغۇرلاسىم مەتنىياز يولۇقاش خىزمەتكە قاتنىشىپ ئاخبارات مۇخبىرلىقى بىلەن شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتقان 30 يىلدىن بۇيان، نۇرغۇن جايلارغا باردىم. كۆپلىگەن رەھبەرلەر، مەشھۇر زاتلار بىلەن ئۇچرىشىپ، داڭلىق شەخسلەر، ھەر ساھە ۋە ھەرقايسى كەسىپتىكىلەرنى زىيارەت قىلدىم، سۆھبەتتە بولدۇم ھەمدە بىرگە خىزمەت ئىشلەش پۇرسىتىگە ئېرىشتىم. ۋاقتىنىڭ ئۆزىرىشىغا ئەگىشىپ، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ئاللىقاچان ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن بولسىمۇ، بىراق مۇدىر ئابدۇراخمان قۇربان بىلەن تۆۋەنگە خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا بارغان ئەھمىيەتلىك چاغلار تېخى تۈنۈگۈنكىدەك ئېسىمدە، ئۇنىڭ خىزمەتكە بولغان يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىقى ۋە يۇرت خەلقىگە بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتى، كۆيۈمچانلىقى، يۇقىرى خىزمەت سەنئىتى ۋە يولۇققان ئەمەلىي مەسىلىلەرنى دەل ۋاقتىدا، كەسكىن، توغرا ھەل قىلىپ، ھەر مىللەت كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ روھىغا ئىلھام بېرىشتەك ئېسىل خىزمەت ئىستىلىنى ئەسلىگىنىمدە ئىچ ـ ئىچىمدىن سۆيۈنىمەن، ۋۇجۇدۇمنى بىر خىل رازىمەنلىك ۋە ئىپتىخارلىق تۇيغۇسى چۇلغايدۇ. ئۇ مەيلى قايسى ئورۇندا رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىمىسۇن، ھەر ۋاقىت خەلقنىڭ ئوغلى، ئاددىي چاكىرى ئىكەنلىكىنى ئۇنۇتماي، جان ـ دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت پارتىيەنىڭ تۈپ مەقسىتىنى ئېسىدە مەھكەم ساقلاپ، خوتەننى گۈللەندۈرۈش، خەلقنى بېيىتىش يولىدا شەخسىيەتسىز ھالدا بەجانىدىل ئىشلەپ، ئاممىنىڭ چوڭقۇر ھۆرمىتىگە ئېرىشتى. ئۆزىگە ئاش ـ نان ۋە شان ـ شەرەپ، پەرۋازىغا قانات بەرگەن پارتىيە، ۋەتەن، خەلقنى قىزغىن سۆيۈپ، چىن ئىخلاس ـ ئەقىدە بىلەن ئۆز بۇرچىنى ئادا قىلىش يولىدا ئۈزلۈكسىز تىرىشتى. ئۇ ھەربىر سۆز، ئىش ـ ھەرىكىتىدە مۇقەددەس ئانا يۇرتىنىڭ ھەربىر چىمدىم تۇپىسىنى ئەزىزلىدى. جەمئىيەتكە، خەلققە پايدىلىق

ياخشى ئىشلارنى كۆپلەپ قىلىش ئارقىلىق پارتىيەنىڭ خەلق قەلبىدىكى ئوبرازىنى نۇرلاندۇردى. كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى يارىتىپ خوتەننى گۈللەندۈرۈش، خەلقنى بېيىتىش ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشتى. ئۇنىڭ ئەل- يۇرت ئۈچۈن قىلغان ئەھمىيەتلىك ئىشلىرى كۆز ئالدىمدىلا زاھىر بولغاچقا، پىداكارلىق بىلەن ئىشلەپ، خالىس تۆھپە قوشۇشتەك ئېسىل پەزىلىتى ۋە پاك خىزمەت ئىستىلى ماڭا زور ئىلھام بېغىشلىدى. مەن ئۇنىڭ بىلەن تۆۋەنگە خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا بىللە بارغاندا قىلغان ئەھمىيەتلىك ئىشلىرىنى مۇخبىرلىق خاتىرەمگە يېزىۋالغانىدىم. مانا، ئارىدىن خېلى يىللار ئۆتكەندە ئاشۇ خاتىرەمنى ۋاراقلىدىم. ئۇنىڭ ئىش ئىزلىرى، نۇرانە سىماسى كۆز ئالدىمدا قايتىدىن نامايان بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئەتراپلىق ئىزدىنىش ئارقىلىق «ھايات گۈلشىنىدىكى تەرمىلەر» سەرلەۋھەلىك بۇ ئەدەبىي ئاخباراتنى يازدىم. گەرچە يازغانلىرىم بۇ مەسئۇلىيەتچان رەھبەرنىڭ بىر قىسىم خەيرلىك ئىشلىرى بولسىمۇ، ئەمما بىر تامچە سۇدىمۇ قۇياش نۇرى تولۇق ئەكس ئەتكەندەك، بۇلاردىن ئۇنىڭ نۇرلۇق قەلبىنى ۋە خەلق بىلەن بىرتەن، بىرجان بولۇشتەك ئېسىل پەزىلىتىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. خەيرلىك ئىشلىرى ئارقىلىق كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلغانلار ھەر ۋاقىت قەدىرلىنىدىغانلىقى ۋە ياخشى نامىنىڭ ئەبەدىي ئۆچمەيدىغانلىقىدىن ئىبارەت بىر ھەقىقەتنى تونۇتىدۇ. يازمىلىرىم ئەسىر ھالقىغان بۈگۈنكى يېڭى دەۋردە خىزمەت قىلىۋاتقان ياش كادىرلارغا ئەينەك، كېيىنكىلەرگە رىغبەت، تۇنۇگۈنكى تارىخقا گۇۋاھچى بولالىسا، بۇ مەن ئۈچۈن ئەڭ زور خۇشاللىق ھەم شەرەپتۇر.

ئىنسان ھاياتى ۋاقىت دېمەكتۇر، ھەركىمنىڭ ئىش - ھەرىكىتىگە تارىخ گۇۋاھ، قىلغان - ئەتكەنلىرىنى يىللار سۆزلەيدۇ، كىشىلەر ئەسلەيدۇ، خەلق ئەڭ ئادىل باھالىغۇچى، كىم خەلقنى تونۇسا ۋە سۆيسە، خەلقمۇ ئۇنى تونۇيدۇ ھەم سۆيىدۇ. ئادەمنىڭ قىلغان ئىشلىرى ئۇنى ئەلگە تونۇتىدۇ. يۈز بەرگەن ئىشلارنى تارىخ ئەلگىكىدە تاسقايدۇ، يىللار بوران - چاپقۇنى ئىرادىنى تاۋلايدۇ. ئەل سۆيگەن رەھبەر ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ خىزمەت ئەمەلىيىتى بۇ ھەقىقەتنى روشەن

ئىسپاتلىدى.

بۇ ئەدەبىي ئاخباراتنى يېزىش داۋامىدا ئۆزۈمنىڭ گېزىتخانىدا ئىشلەشتەك قولايلىقتىن پايدىلىنىپ، ئەينى يىللىرى مەتبۇئات سەھىپىسىدىن ئورۇن ئالغان يازمىلارنى كۆزدىن كەچۈرۈپ ياخشى يېزىشقا تىرىشتىم. بىراق، ئەل سۆيگەن رەھبىرىمىز ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ ھەممە ئىشلىرىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈردۈم دېيەلمەيمەن. چۈنكى، ئىزدىنىشىم، بىلىشىم چەكلىك بولغاچقا، يازمىلىرىمدا بەزى يېتەرسىزلىكلەر ساقلانغان بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا، كەسىپداشلىرىمنىڭ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ بەرگەن پىكىرلىرىنى سەممىيلىك بىلەن قوبۇل قىلىمەن.

× × ×

1991 - يىلى ئۆكتەبىر، ئالتۇن كۈز قۇياشى ئاجايىپ سىر - ھېكمەتلەرگە تولغان قەدىمىي يۇرت خوتەن ۋادىسىغا ئىللىق نۇر چېچىپ تۇراتتى. قۇچىقى كەڭ سېخىي تەبىئەت ئالتۇندا ھەل بېرىلگەندەك جىلۋىلىك چاقنايتتى. ئېتىزلار، ئورمانلار، داللار — پۈتكۈل زېمىن ئالتۇن كۈزنىڭ پەيزىگە چۆمۈلگەندى. ئەسىرلەردىن بۇيان ئۆزىنىڭ زىلال سۈيى بىلەن گۆھەر زېمىننى كۆكەرتىپ، ياشنىتىپ كېلىۋاتقان ئەزىم دەريا يۇرۇڭقاشنىڭ بويىدىن سوققان سالقىن ئىزغىرىن كۈز شامىلى يۈزلەرنى سىيپاپ ئۆتەتتى.

قەدىمىي يۇرت كېرىيەدە دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، تۇرمۇشتا ئاددىي - ساددا، قانائەتچانلىق ئادىتىنى يېتىلدۈرۈپ، ياشاش مىزانى سۈپىتىدە داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ چوڭ ئانىسى سەلىمىخان، دادىسى مەتقۇربان ھاجىم ئىنتايىن ئاق كۆڭۈل، ئىنساب - دىيانەتلىك، بەكمۇ چېۋەر، ئىشچان، ھالال ئەمگىكىگە تايىنىپ ھايات كەچۈرىدىغان ۋە ھەمىشە باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىشنى ھاياتىدىكى ئەڭ خۇشاللىق دەپ بىلىدىغان كىشىلەر ئىدى. شۇڭا، ئۇلار ئوغلىغا ھەر دائىم پاك - دىيانەتلىك، ئەل - يۇرت ئۈچۈن يارامىلىق

ئوغلان بولۇش توغرىسىدا تەربىيە بېرەتتى. ئاتا - ئانا تەربىيەسى ئۇنى توغرا يولغا باشلىغانىدى.

شانلىق يىللار قوينىدا تالاي مۇشكۈلاتلارنى يېڭىپ، ھايات قاينىملىرىدا كەڭ غۇلاچ يېيىپ كاراپىتەك ئۆزۈپ، پولاتتەك ئىرادىسى، ئاجايىپ ئۇنۇملۇك خىزمەت ئۇسۇلى ۋە تەدبىرلىرى بىلەن قابىل سەردارغا ئايلانغان، ئانا يۇرتنى گۈللەندۇرۇش، مېھنەتكەش خەلقنى بەخت - سائادەتكە ئېرىشتۇرۇش يولىدا پارلاق مەنزىلگە دادىل قەدەملەر بىلەن ئاتلانغان جەسۇر قەدەملىرىدىن توزۇماس خۇش پۇراق گۈللەرنى ئۈندۇرۇپ، قەدىمىي يۇرت كېرىيە ناھىيەسىنىڭ ھاكىملىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان ئابدۇراخمان قۇربان1991 - يىلى 10 - ئايدا خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزالىقىغا تەيىنلەندى.

ئۇ ئىنسان ئۈچۈن دۇنيادا ئۆز خەلقنى رازى قىلىشتىن باشقا ئەھمىيەتلىك بىر ئىشنىڭ يوقلۇقىنى چوڭقۇر چۈشەنگەچكە، ھەر دائىم قانداق قىلىپ يۇرتنىڭ ئارقىدا قالغان قىياپىتىنى ئۆزگەرتىش، خەلقنى نامراتلىق ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلدۇرۇشنى ئويلىدى. شۇڭا، مەيلى قايسى خىزمەت بىلەن شۇغۇللانمىسۇن، خەلقنى نامراتلىقتىن قۇتقۇزۇپ تېزرەك بېيىتىشقا پۈتۈن كۈچى بىلەن ئاتلاندى. خىزمەتكە كىرىشىپلا، ئاۋۋال ئىشخانىسىنىڭ شىمالىي تېمىغا چاپلانغان شىنجاڭنىڭ سىياسىي خەرىتىسى ۋە يەر شەكلى خەرىتىسىگە نەزەر تاشلىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا بىردىنلا خوتەن ۋىلايىتىنىڭ تاغ - دەريالىرى، يايلاق - ئورمانلىرى، يول، ئېرىق - ئۆستەڭلىرى، شاھمات تاختىسىدەك رەت - رەت كەتكەن مونبەت ئېتىزلىرى، ھۆسنىگە جەننەت شەيدا مېۋىزار باغلىرى، پايانسىز تەكلىماكان باغرىدا چاقناپ تۇرغان مەھەللە - يېزىلار خۇددى تېلېۋىزور ئېكرانىدەك بىر - بىرلەپ زاھىر بولۇشقا باشلىدى......

خوتەن ۋىلايىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئەڭ جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان، جەنۇبىي قىسمىدا كۇئېنلۇن ۋە قاراقورۇم تېغى بار. شىمالىي قىسمى تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ مەركىزىگىچە ئىچكىرىلەپ كىرىدۇ. ئومۇمىي كۆلىمى 249 مىڭ 147 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ.

ئومۇمىي نوپۇسى 1 مىليون 772مىڭ 100. بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلار 96.54% نى ئىگىلەيدۇ. خوتەن ۋىلايىتىگە خوتەن شەھىرى، خوتەن ناھىيەسى، گۇما ناھىيەسى، قاراقاش ناھىيەسى، لوپ ناھىيەسى، چىرا ناھىيەسى، كېرىيە ناھىيەسى، نىيە ناھىيەسى قاتارلىق بىر شەھەر، يەتتە ناھىيە قارايدۇ. خوتەن شەھىرىدىن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 1520 كىلومېتىر كېلىدۇ.

خوتەن قاشتېشى، خوتەن يىپىكى ۋە خوتەن گىلىمى خوتەننىڭ «ئۈچ گۆھىرى»، مىسلى كۆرۈلمىگەن چوڭ ئەنجۈر، ياڭاق، چىنار بولسا خوتەندىكى «ئۈچ شاھ» ھېسابلىنىدۇ. مىڭ چاقىرىملىق ئۈزۈم تېلى كارىدورى «ئىقلىمدىكى ئاجايىپ مەنزىرە» دەپ تەرىپلىنىدۇ.

خوتەن ئېلىمىزدىكى قۇياش ئېنېرگىيە بايلىقى ئەڭ مول رايون بولۇپ، شىنجاڭ بويىچە 1-ئورۇندا تۇرىدۇ. قۇياشنىڭ ئومۇمىي رادىياتسىيە مىقدارى چىڭخەي - شىزاڭ ئېگىزلىكىدىن قالسىلا 2-ئورۇندا تۇرىدۇ. قۇياشنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە يورۇتۇش نىسبىتى 58 ـــ 60% بولۇپ، ئەڭ يۇقىرى بولغاندا 84% كە يېتىدۇ. شۇڭا، شىنجاڭدىكى ئەڭ ئىللىق رايونلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ، تۈزلەڭلىك جايلىرىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 11.6 سېلسىيە گرادۇس بولۇپ، بۇ زىرائەتلەردە فوتوسىنتېز ھاسىلاتلىرىنىڭ توپلىنىشىنى، مېۋە - چېۋىلەرنىڭ شېكەر تەركىبىنى ۋە غورا ئېغىرلىقىنى ئاشۇرۇشقا پايدىلىق.

نۆۋەتتە پۈتۈن ۋىلايەت مىقياسىدا كۆمۈر، ئېلېكتىر ئېنېرگىيەسى، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى، ماشىنىسازلىق، پاختا توقۇمىچىلىق، يىپەكچىلىك، يېمەكلىك، قول ھۈنەر - سەنئەت قاتارلىق سانائەت كارخانىلىرىدىن 300 ى بار. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا تىپتىكى كارخانىدىن ئىككىسى، ئاساسلىق مەھسۇلاتلاردىن پاختا يىپ، پاختا رەخت، مەشۈت، يىپەك توقۇلمىلار، گىلەم، ئۈزۈم ھارىقى، مېۋە ھارىقى، ئۇيغۇر تېبابەت دورىلىرى، تاشكۆمۈر، قاشتاش ھۈنەر - سەنئەت بۇيۇملىرى قاتارلىقلار بار.

خوتەننىڭ ساياھەت بايلىقى ئىنتايىن مول بولۇپ، بىرىنچىدىن،

قەدىمقى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى؛ ئىككىنچىدىن، ئۆزگىچە قوملۇقتىكى بوستانلىق مەنزىرىسى؛ ئۈچىنچىدىن، ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ئۆرپ - ئادەت ئالاھىدىلىكى؛ تۆتىنچىدىن، نۆۋەتتە ئېچىلىۋاتقان ساياھەت ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرى، تەبىئىي مەنزىرە نۇقتىلىرى، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، مىللىي ھۈنەر - سەنئىتى، يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلار، قۇملۇق ئېكسپېدىتسىيەسى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 20 خىلدىن كۆپرەك، 130 دىن ئارتۇق ساياھەت مەنزىرە نۇقتىسى ۋە ساياھەت رايونى بار.

ئېلىمىزنىڭ پارلاق قاشتاش مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىدا خوتەن قاشتېشى شەك - شۈبھىسىز مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇنىڭ رەڭگى كۆركەم، سۈپىتى ئېسىل، شەكىل خۇسۇسىيىتى نەپىس بولۇپ، نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان پادىشاھلاردىن پۇقرالارغىچە ھەممەيلەننىڭ ياخشى كۆرۈشىگە ئېرىشىپ كەلگەن، بۇنىڭ ئىچىدە قوي يېغىسىمان قاشتاش ئەڭ قىممەتلىك.

خوتەن مانا مۇشۇنداق ئاجايىپ سىر - ھېكمەتلەرگە تولغان خاسىيەتلىك قەدىمىي ماكان، بۇ دىيارنىڭ باغرىدا قەدىمدىن بۇيان تالاي ئىلىم ئەھلى پازىللار، دانىشمەن - ئەللامىلەر، بۈيۈك مۇتەپەككۇر، پەيلاسوپ، يازغۇچى، شائىر، ئەدىبلەر ۋە چېۋەر ئەمگەكچان خەلق ياشاپ ئۆتكەن. ئۇلار نامى قۇتلۇق، مېھرى ئوتلۇق بۇ گۆھەر ماكاننىڭ تەرىپىنى قىلىپ، نۇرغۇن ئۆلمەس قەسىدىلەرنى يېزىپ قالدۇرغان. قەدىمدە بۇ دىياردا ياشاپ ئۆتكەن كىلاسسىك شائىر نەۋبىتى خوتەن توغرىسىدا قەلەم تەۋرىتىپ تۆۋەندىكى شېئىر دۇردانىلىرىنى يېزىپ قالدۇرغان:

رەۋزىگە مانەند خىيال ئەت خوتەننى،
بېھىشتىن زىيادە مىسال ئەت خوتەننى.

يارەب بى تەمۇغ جەننەتىلەرگە،
ئەرجۇمەندىگە ۋىسال ئەت خوتەننى.

خوجەستە خاكى رەخمەت سۇرمىسى،
كۆزۈڭگە تۇتىيا خال ئەت خوتەننى.

پەرىلەر بۇسەسى تۇرپە شىرىندۇر،
هۆرلەر لىۋىگە بال ئەت خوتەننى.

تەلئىتىگە خۇرشىد، كۆزلەرىگە ئەختەر،
يادەك قىشىغا هىلال ئەت خوتەننى.

چىقسا نەسىمى، كىلۇر شەمىمى،
لەيلى بويىغا دال ئەت خوتەننى.

بەرسە قادىرىم بەختىڭگە تەۋپىق،
قۇربىڭغا قۇدرەت - كامال ئەت خوتەننى.

ئابدۇراخمان قۇربان كىرىيەدىن خوتەنگە يۆتكىلىپ كەلگىلى خىلى ۋاقىتلار بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئايالى تۇرسۇنخانىم تېخىچە كىرىيە ناهىيەلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى بولۇپ بۇ ناهىيەدىكى هەر مىللەت ئاياللىرىنى زىچ ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئىسلاهات، ئېچىۋېتىش ۋە نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشقا يېتەكلەپ، ناهىيەنىڭ ئاياللار ۋە باللار خىزمىتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش يولىدا تىرىشىپ ئىشلىمەكتە ئىدى. بۇ ئەهۋالنى چۈشەنگەن ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ رەهبىرى بىر كۈنى ئابدۇراخمان قۇربانغا كۆيۈنگەن هالدا:

— خىزمىتىڭىزنى يۆتكەپ كەلگىنىمىزگىمۇ خېلى ۋاقىتلار بولدى. سىز خوتەندە، ئايالىڭىز كىرىيەدە، قىيىنچىلىق تارتىۋاتقىنىڭلارنى بىلىمەن، سىز ئەتە - ئاخشاملىرى يالغۇزلۇق تارتىپ قالدىڭىز. شۇڭا، ئايالىڭىزنى ۋىلايەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسىگە ئۆستۈرۈپ ئەكېلەيمىكىن دەيمەن، سىزنىڭچە قانداق؟ — دېدى.

— تۇرمۇشۇمغا كۆڭۈل بۆلگىنىڭىزگە رەهمەت. ۋىلايىتىمىزدە

نامرات، ئاجىز، مىيىپ، يېتىم - يېسىرلار، نامرات، مىسكىنلەر بىرقەدەر كۆپ، خەلق ئىشلىرى خىزمىتى ئەزەلدىن مەن ئىنتايىن ياخشى كۆرىدىغان خىزمەت ئىدى. شۇڭا ئايالىمنى ۋىلايەتلىك خەلق ئىشلار ئىدارىسىگە يۆتكىسەك، ئاجىز- نامراتلارغا پارتىيە - ھۆكۈمەتنىڭ مېھىر - شەپقىتىنى يەتكۈزۈپ، ئۇلارنىڭ سولغۇن قەلبىنى ئىللىتسا تېخىمۇ ياخشى بولاتتى،— دېدى ئابدۇراخمان قۇربان جاۋابەن .

ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەيلا تۇرسۇنخانىمنى ۋىلايەتلىك خەلق ئىشلار ئىدارىسىگە يۆتكەپ كەلدى. تۇرسۇنخانىم پاك - دىيانەتلىك، مېھرىبان، بارلىقىنى خەلق ئىشلىرىغا ئاتىغان، ئاجايىپ ئېسىل پەزىلەتلىك ئايال ئىدى. ئۇ ۋىلايەتلىك خەلق ئىشلار ئىدارىسىنىڭ ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش ئىشخانىسىغا ئىشقا چۈشكەندىن كېيىن، خىزمەتتە ئۆزىگە يۇقىرى تەلەپ قويۇپ، ياشانغانلارغا خۇش چىراي باقتى. ئاجىز، نامراتلارنى يۆلىدى. يېتىم - يېسىرلارنىڭ بېشىنى سىيلىدى. ئۇلارغا پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ مېھىر - شەپقىتىنى يەتكۈزۈش ئارقىلىق، ئۆز بۇرچىنى ياخشى ئادا قىلىپ ھەر مىللەت خەلقى قەلبىدە نۇرانە ئوبراز تىكلىدى. ئۇ تاكى دەم ئېلىشقا چىققانغا قەدەر مۇشۇ خىزمەتنى بەجانىدىل ئىشلەپ، ھاياتىنى مەنىلىك ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق ئۆمۈر مەنزىلىدىن ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇردى.

× × ×

1992- يىلى 6- ئىيۇن، ئۇدا بىرقانچە كۈن ياغقان قاتتىق يامغۇردىن كېيىن جىلۋىلىك قۇياش ئەتراپنى تونۇردەك قىزىتىۋەتكەنىدى، خوتەن - قاراقاش تاشيولىدىن ئۆچقاندەك كېلىۋاتقان «بېيجىڭ 212 تىپلىق» ماش رەڭ پىكاپ قاراقاش ناھىيەسىنىڭ زاۋا يېزا باش يېڭىئۆستەڭ كەنتىنىڭ 3- مەھەللىسىدىكى دېھقانلار يېقىندىلا ئوروپ بوغداي ئۆنچىلىرى تاغدەك دۆۋىلەنگەن خامانىنىڭ يېنىدىكى ئارا يولدا توختىدى - دە، پىكاپنىڭ ئىشىكى ئېچىلىشى بىلەن ئۇنىڭدىن ئېگىز بوي، قەددى- قامەتلىك، قويۇق

قاشلىرى ئاستىدىكى بىرجۈپ كۆزىدىن سەممىيلىك، مېھرىبانلىق نۇرلىرى چاقناپ تۇرغان 40 ياشلار چامىسىدىكى بىر كىشى چۈشتى. ئۇ خىزمەتكە ياردەملىشىش ئۈچۈن قاراقاش ناھىيەسىگە كەلگىلى بىر ئايدىن ئاشقان، خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى ئابدۇراخمان قۇربان ئىدى. مۇشۇ كۈنلەردە يامغۇر ۋە ئىسسىق تۇپەيلىدىن ئورۇلۇپ بولمىغان ۋە خامانغا دۆۋىلەنگەن بۇغدايلار ئۈنۈپ زىيانغا ئۇچرىغانلىقتىن،ئابدۇراخمان قۇربان ئاممىنى بۇغدايىنى يامغۇر ئاپىتىدىن قۇتقۇزۇشقا تەشكىللىگەچكە، بۇگۈن ئۇ يېزىلارغا بېرىپ مۇشۇ خىزمەتنى تەكشۈرۈپ ھەيدەكچىلىك قىلىۋاتاتتى. ئۇ تېخىچە يۇمشىتىپ بولۇنمىغان يان تەرەپتىكى بىر خاماندىكى ئۈنچىلەرنى بىر-بىرلەپ ئېنچىكىلىك بىلەن تەكشۈرۈشكە باشلىدى. ھېلى ئۇ خاماندىكى ئۈنچىلەرنىڭ يامغۇر ئاپىتىنىڭ زىيىنىغا ئۇچراش ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈرسە، ھېلى بۇ خاماندىكى ئۈنچىلەرنىڭ سېسىپ كەتكىنىنى كۆرۈپ ئىچى تىت - تىت بولاتتى.

ئۇ ئەنە شۇنداق ئايلىنىپ كېتىۋېتىپ ياندىكى بىر خاماندا ئورۇلغان پېتىچە تاشلاپ قويۇلغان بۇغداي ئۈنچىلىرىنى كۆرۈپ ئېچىنغان ھالدا توختىدى. بۇغداي ئۈنچىلىرى يامغۇر ئاپىتى تۇپەيلىدىن قارىداشقا باشلىغانىدى. بىخلىنىپ ئۈنۈۋاتقان بۇغداي باشاقلىرى كىشىنى ئەپسۇسلاندۇراتتى. ئۇ يەڭلىرىنى تۇرۇپ بىللە كەلگەن كادىرلارنى سەپەرۋەر قىلىپ قوللىرىغا ئارىلارنى ئېلىپ ئۈنچىلەرنى ئورنىدىن يۆتكەۋاتقاندا، خاماننىڭ يان تەرىپىدىكى توپىلىق يولدا بىر پىكاپنىڭ تۇرغانلىقىنى، ياقا تەرەپتىكى خاماندا بولسا ئېگىز بوي، كادىر سۇپەت ناتونۇش بىر كىشىنىڭ باشچىلىقىدا بىرقانچە ئادەمنىڭ تىنىم تاپماي ئۈنچىلەرنى يۆتكەپ، ئۆرۈپ - چۆرۈپ ئاپتاپقا سېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئەتراپتىكى دېھقانلار ئارقا - ئارقىدىن بۇ خامانغا يېتىپ كېلىشتى ۋە ھېلىقى كىشىگە ھەمدەم بولۇپ، بوزۇلۇش ئالدىدا تۇرغان ئۈنچىلەرنى ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشقا كىرىشىپ كەتتى.

بۇ كىشىنىڭ شۇنچە كەمتەر ھەم كىچىك پېئىل، خۇشخۇي، قىزغىن مۇئامىلىسى دېھقانلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى. ئۇلار بىردەمدىلا

ئۇنىڭ بىلەن خۇددى كونا تونۇشلاردەك چاقچاقلىشىپ، سىردىشىپ، ئىچقويۇن - تاشقويۇن بولۇپ كەتتى. ئۇ بىرتەرەپتىن ھەمراھلىرىنى ئالدىرىتىپ ئۆنچىلەرنى يۆتكىسە، يەنە بىر تەرەپتىن دېھقانلاردىن مەھەللىنىڭ ئەھۋالىنى، «يازنىڭ ئۈچ ئىشى» جەريانىدا يولۇققان قىيىنچىلىقلارنى، دېھقانلارنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىنى تەپسىلىي سوراپ پىكىر - تەلەپلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلايتتى. ئالاھازەل ئارىدىن 40 مىنۇت ئۆتكەندە خاماندىكى ئۆنچىلەرنىڭ ساقلىرى بىرتەرەپكە، بۇزۇلغانلىرى بىرتەرەپكە ئايرىلىپ ئاپتاپقا سېلىنىپ بولدى.

— خوش، ئەمدى ئۆز گېپىمىزگە كېلەيلى، — دېدى ئابدۇراخمان قۇربان دېھقانلارغا قاراپ خۇشخۇيلۇق بىلەن، — بۇ كىمنىڭ خامىنى؟ بۇ خاماندىكى ئۆنچىلەر نېمىشقا بۇنداق تاشلىنىپ قالدى؟!

شۇ چاغدا 10 ياشلاردىكى بىر قىز يېتىپ كېلىپ، خاماندىكى ئۆنچىلەرنىڭ ئۆرۈلۈپ - يۆتكىلىپ ئاپتاپقا سېلىنغانلىقىنى كۆرۈپ ھاياجىنىنى باسالماي قالدى ۋە كۆزلىرىدىن تارام - تارام ياش تۆككىنىچە پەس ئاۋازدا:

— ئاتا، ئانىلارنىڭ، قوشنىلارنىڭ بىزگە قىلغان ياردىمىگە كۆپ رەھمەت، — دېدى چوڭقۇر مىننەتدارلىق ئىزھار قىلىپ.

— سىز مۇشۇ خامان ئىگىسىنىڭ قىزىمۇ؟ — سورىدى ئابدۇراخمان قۇربان قىزدىن.

— ھەئە، مەن مۇشۇ خاماننىڭ ئىگىسى ھەزرەتخاننىڭ قىزى بولىمەن! — قىز خۇشخۇيلۇق بىلەن جاۋاب قايتۇردى.

شۇ چاغدا ئارىدىن بىر دېھقان:

— بۇ قىزنىڭ ئانىسى ھەزرەتخان مەھەللىمىزدىكى نامرات دېھقان بولۇپ، ئائىلىسىدە ئۈچ نوپۇس بار. بالىلىرى تېخى كىچىك، ئۆزى بولسا كېسەلچان، بۇغدايلىرىنى ئورۇپ يىغىپ تۇرۇشىغا توساتتىن كېسەللىك قوزغىلىپ قېلىپ دوختۇرخانىدا يېتىپ قالدى. بۇ قىز مەكتەپتىن رۇخسەت سوراپ ئانىسىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىۋاتىدۇ، ئۇلارنىڭ ئۆيىدە ئەر كىشى يوق. بىزمۇ ئىشنىڭ ئالدىراشلىقىدىن ئۆزىمىزنىڭ ئىشى بىلەن بولۇپ كېتىپ، ھەزرەتخاننىڭ ئىشلىرىغا ياردەم بېرەلمىدۇق، - دېدى

ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ.

ئابدۇراخمان قۇربان كۆپچىلىككە قاراپ:

— بىز ھەممىمىز بىر ئۆستەڭنىڭ سۈيىنى ئىچىپ، بىر يەردە ياشاپ كەلگەن قولتۇم - قوشنىلارمىز. مەيلى قايسىمىز بولايلى، بىرتەرەپ قىيىنچىلىققا ئۇچرىسا ئۇنىڭغا ئۆزئارا ياردەم بېرىشىمىز كېرەك. قاراڭلار، ھەزرەتخان كېسەلكەن، ئۇنىڭ خامىنىدىكى ئۆنچىلەر سېسىپ مۇشۇنداق بولۇپ كەتكۈچە ھېچكىمنىڭ كارى بولماپتۇ. بۇ تولىمۇ ئەپسۇسلىنارلىق ئىش بوپتۇ. بىز ئاجىز، مېيىپلار، قېرى-چۆرىلەر ۋە كېسەلچان، يېتىم - يېسىرلارغا ياردەم بېرىپ، دەردىگە دەرمان بولۇشىمىز، ئۇلارنىڭ غېمىنى ئۆزىمىزنىڭ غېمى دەپ بىلىپ، قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىشقا يېقىندىن ياردەملىشىشىمىز كېرەك، — دېدى ۋەزمىن ئاھاڭدا.

دېھقانلار ھەم خىجىل بولغان، ھەم چوڭقۇر تەسىرلەنگەن ھالدا بىر-بىرىگە قارىشىپ ئىختىيارسىز بېشىنى لىڭشىتتى ۋە «بۇ كىشى ئەجەب ياخشى كادىر ئىكەن، مەھەللىمىزگە ئىلگىرىمۇ پىكاپلار بىلەن نۇرغۇن باشلىقلار كەلگەن، ئەمما بەزىلىرى پىكاپتىن چۈشە-چۈشمەيلا قوللىرىنى شىلتىپ، بۇيرۇق چۈشۈرۈپ كەتكەنىدى. مەھەللىدىكى كادىرلارنى ھەم بىزنى تەنقىدلەپ، ۋارقىراپ-جارقىراپ قويۇپلا كېتەتتى. بۇ رەھبەر ئۇلارغا پەقەت ئوخشىمايدىكەن. ئەگەر شۇلاردىن بىرەرسى بۈگۈن مۇشۇ خامانغا كېلىپ قالغان بولسا، ياپىرىم، بېشىمىزغا بالا-قازا، خاپىلىق ياغاتتى. ھېلىمۇ بەختىمىزگە يارىشا بۇ خەلقپەرۋەر رەھبەر كېلىپ قاپتۇ. بىزگە تىل - ھاقارەتمۇ قىلمىدى، قوللىرىنى شىلتىپ ئاغزىغا كەلگىنىچە ۋارقىراپ - جارقىراپمۇ كەتمىدى، ئەكسىچە ئۆزى باشلامچىلىق بىلەن ئەمەلىي قول سېلىپ ئىشلەپ، ئاۋۋال بىزگە ئۈلگە كۆرسەتتى، ئاندىن سەممىيلىك بىلەن تەربىيە بەردى ئەمەسمۇ؟» — دېيىشتى ئۆزئارا پىچىرلىشىپ.

— يولداشلار! — دېدى ئابدۇراخمان قۇربان كۆپچىلىككە قاراپ، ھېلىقى قىزنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، — بىز ھەممىمىز بىر ئائىلە كىشىلىرى، مەقسىتىمىز، يولىمىز، ئىشىمىز بىر. كونىلار: «تاما - تاما

كۆل بولار»، «كۈچ بىرلىكتە، ئىش ئۆملۈكتە» دەپ ئىنتايىن توغرا ئېيتقان. مەن سىلەرنىڭ بۇ جىددىي پەيتتە ھەزرەتخانىنىڭ خامان ئىشىغا ياردەم قىلىشىڭلارنى، مەھەللە باشلىقىڭلارغا بۇ ئائىلىنىڭ ئەھۋالى ھەم ئىشلىرىغا ئوبدان كۆڭۈل بۆلۈشنى ئېيتىپ قويۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن. قىزىم، خاتىرجەم بولۇڭ، تەشكىلگە، ئاممىغا ئىشىنىڭ، كۆپچىلىك چوقۇم سىزنىڭ ئىشىڭىزغا ياردەم قىلىدۇ.

ئۇ دېھقانلار بىلەن بىر - بىرلەپ قول ئېلىشىپ خوشلاشتى. دېھقانلار بۇ ئەل سۆيەر رەھبەردىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيمىغان ھالدا، تاكى پىكاپنىڭ قارىسى كۆزدىن غايىب بولغۇچە ئارقىسىدىن قاراپ قېلىشتى.

× × ×

90 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا كېرىيە ناھىيەسى ناھىيە بويىچە دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرىنى چېقىپ، كەنت بويىچە بىر جايغا مەركەزلەشتۈرۈپ سېلىش پىلانىنى تۈزۈپ يولغا قويماقچى بولدى. بۇ پىلان بويىچە بولغاندا، بىر دېھقاننىڭ ئۆيى بىلەن يەنە بىر دېھقاننىڭ ئۆيىنىڭ ئارىلىقى ئىنتايىن يېقىن، ماڭىدىغان يولىمۇ بەك تار بولۇپ قالاتتى چارۋا، ئۆي قۇشلىرى بېقىشمۇ تەسكە توختايتتى. ئۆي ئەتراپىدا باغ بىنا قىلغىلىمۇ بولمايتتى. مۇبادا بىر ئۆيگە ئوت كېتىپ قالسا، قوشنا ئۆيگىمۇ تېزلا تۇتىشىپ كۆيۈپ تۈگەيتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە تويى - تۆكۈن، ئۆلۈم - يېتىم، ئادىمگەرچىلىك ئىشلىرى بولغاندا، دېھقانلارغا يول تارلىق قىلاتتى. شۇڭا، بۇ پىلان يولغا قويۇلغان ھامان ناھىيەدىكى دېھقانلارنىڭ كۈچلۈك نارازىلىقى ۋە قارشىلىقىغا ئۇچرىدى.

ھەرقانداق ئىشتا ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەيدىغان، خەلقنىڭ رازى بولۇشىنى ھەممىدىن ئەلا بىلىدىغان، پۈتۈن نىيەت، پۈتۈن ۋۇجۇدىنى خەلقنىڭ بەخت - سائادىتى ئۈچۈن ئاتاشتەك ئېسىل ئەخلاق- پەزىلىتى بىلەن خەلق ئارىسىدا «خەلقپەرۋەر رەھبەر» دەپ نام ئالغان ئابدۇراخمان قۇربان بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن

دەرھال كېرىيە ناھىيەسىگە يېتىپ كېلىپ، ناھىيە مەسئۇللىرى بىلەن كۆرۈشتى ھەمدە ئۇلار بىلەن بىرلىكتە شەنبەبازار، جاي، ئارال ئۈچ يېزىغا بېرىپ بىر قىسىم دېھقانلارنىڭ پىكرىنى ئەستايىدىل ئاڭلىدى. دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرىنى مەركەزلەشتۈرۈپ بىر يەرگە سېلىش ئىشىنى ئەتراپلىق تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى، ئاخىرىدا دېھقانلارنىڭ ئارزۇسىنى ئەكس ئەتتۈرۈش، جانىجان مەنپەئەتىگە ھەقىقىي ۋەكىللىك قىلىش ئۈچۈن، ئۆيلەرنى بىر يەرگە مەركەزلەشتۈرۈپ سېلىشتىن ئىبارەت بۇ پىلاننى بىردەك ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلغان ھالدا بىر ئائىلىنىڭ ئۆيى بىلەن يەنە بىر ئائىلىنىڭ ئۆيىنىڭ ئارىلىقىدا ئاز دېگەندىمۇ 10 مېتىر ئارىلىق قالدۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. ئۇنىڭ بۇ تەكلىپى كېرىيە ناھىيەسىدىكى كەڭ دېھقانلار ئاممىسىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى.

× × ×

1995 - يىلى باھار، تەبىئەت گويا تويغا جابدۇنغان گۈزەل قىزدەك لاتاپەتلىك تۈسكە كىرگەن كۈنلەر ئىدى، كېرىيە ناھىيەلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى يېڭىباغ يېزىسىدىكى دېھقانلارنىڭ سۇ قىيىنچىلىقىنى ھەقىقىي ھەل قىلىپ، قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇپ، مول ھوسۇل ئېلىشقا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن بۇ يىلنىڭ بېشىدا «ئىتتىپاق» ئېلىش بېشى قۇرۇلۇشىنى پىلانلاپ، ئەتىياز پەسلى يېتىپ كەلگەن ھامان ئىش باشلاشنى، كەلكۈن مەزگىلى يېتىپ كەلگۈچە پۈتكۈزۈپ بولۇشنى قارارلاشتۇرۇپ، ناھىيەلىك سۇ ئېلېكتىر ئىدارىسى قاتارلىق ئورۇنلاردىن بىر قىسىم تېخنىك خادىملارنى كونكرېت يېتەكچىلىك قىلىشقا ئاجراتتى. شۇنىڭ بىلەن 3 - ئاينىڭ 18 - كۈنى «ئىتتىپاق» ئېلىش بېشى قۇرۇلۇشى ئورنىدا رەسمىي ئىش باشلاندى. بۇ قۇرۇلۇشنىڭ كەڭلىكى 16 مېتىر، ئۇزۇنلۇقى 60 مېتىر بولۇپ، 5 - ئاينىڭ ئاخىرىدا پۈتۈپ ئىشقا كىرىشسە، كەلكۈن سۈيىنى ئۈنۈملۈك تىزگىنلەش، 10مىڭ مو تېرىلغۇ يەرنى سۇغىرىش، 2500 دېھقانىنىڭ سۇ ئىچىش مەسىلىسىنى

ھەل قىلىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولاتتى.

1995 ـ يىلى30 ـ مارت، ئابدۇراخمان قۇربان ۋە ئالاقىدار رەھبىرىي كادىرلار كېرىيە ناھىيەسىنىڭ بىر قىسىم مەسئۇللىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا «ئىتتىپاق» ئېلىش بېشى قۇرۇلۇشى ئەمگەك مەيدانىغا بېرىپ، بۇ يەردە جاپالىق ئىشلەۋاتقان كادىرلار ۋە دېھقانلاردىن ھال سوراش بىلەن بىر چاغدا، ئۇلارنىڭ پىكىر ـ تەلەپلىرىنى ئەستايىدىل ئاڭلىدى، ئاندىن دېھقانلاردىن يېزا ئىگىلىك پەن ـ تېخنىكا بىلىملىرىنى ئوبدان ئىگىلەپ، ئىلمىي ئۇسۇلدا تېرىقچىلىق قىلىش ئارقىلىق يېزا ئىقتىسادىنى يۈكسەلدۈرۈشنى، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ، ھاللىق سەۋىيەگە يېتىش قەدىمىنى تېزلىتىشنى ئۈمىد قىلدى. ئۇ يەنە ناھىيە مەسئۇللىرى ۋە سۇ ئىشلىرى ئىدارىسى رەھبەرلىرىگە، شۇنداقلا يېڭىباغ يېزىسىنىڭ باشلىقى مەتتۇردى ئاخۇنغا سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىنى ئىلمىي ئۇسۇلدا ئېلىپ بېرىشنى، ئادەم كۈچى ۋە ماددىي كۈچنى ئوبدان تەشكىللەپ، تىرىشچانلىق ـ ئىقتىسادچىللىق بىلەن ئىشلەپ، سۈپەتكە كاپالەتلىك قىلىپ، ئەمەلىي ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشنى جېكىلىدى. يېزا مەسئۇللىرىغا تەكىتلەپ مۇنداق دېدى: «بىز پارتىيەنىڭ كادىرى بولغان ئىكەنمىز، ھەربىر ئېغىز سۆزىمىز، ھەربىر ھەرىكىتىمىز چوقۇم دېھقانلارنىڭ جانىجان مەنپەئەتىنى چىقىش قىلىشى كېرەك. دېھقانلارنىڭ يۈكىنى ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىدىغان ئىشلارنى قىلىشتىن قاتتىق ساقلىنىشىمىز لازىم.

× × ×

1995 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى ئىدى، ئابدۇراخمان قۇربان ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئىشلەپچىقىرىشى ۋە خەلق تۇرمۇشىنى ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى تەكشۈرۈش ۋە يېتەكچىلىك قىلىش ئۈچۈن ۋىلايەتتىكى ئالاقىدار تارماقلاردىكى خادىملاردىن تەشكىللەنگەن خىزمەت گۇرۇپپىسىنى باشلاپ، نىيە ناھىيەسىگە يېتىپ كېلىپ، بىردەم ئاراممۇ ئالماي خىزمەتكە كىرىشىپ، ناھىيە مەسئۇللىرىنىڭ ناھىيەنىڭ ئومۇمىي

ئەھۋالى ھەمدە نۆۋەتتىكى خىزمەتلەر توغرىسىدىكى دوكلاتىنى ئاڭلىدى، ئاندىن ناھىيە مەسئۇللىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا ئورمانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى كۆزدىن كەچۈردى، ناھىيەدە مېۋىلىك باغلارنىڭ كۆپلۈكىنى، ئەمما ياخشى باشقۇرۇلمىغانلىقتىن ئىقتىسادىي ئۈنۈمنىڭ تۆۋەن ئىكەنلىكىنى ئۇققاندىن كېيىن كادىرلار ۋە ئاممىغا:

— يولداشلار، كونا باغلار ئەسلىدىكى ھالىتى بويىچە تۇرۇۋەرسە بولمايدۇ، ئورمانچىلىق پەن - تېخنىكىسىغا تايىنىپ ئۇنى تېزلىكتە ئۆزگەرتىپ، ئەلا سورتلۇق مېۋىلەرنى زور كۈچ بىلەن كېڭەيتىپ ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈش كېرەك. بىز خوتەندە باغۋەنچىلىكتە تايىنىپ خەلقنى بېيىتىشنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇشىمىز كېرەك. كونا باغلارنى، مېۋىسىز ئورمانلارنى ئۆزگەرتىپ، ياڭاق قاتارلىق مېۋىلىك دەرەخلەرنى تىككەندىن باشقا، يېڭىدىن ئاشلىق زىرائىتى بىلەن كىرىشتۈرۈپ باغ يېتىشتۈرۈشىمىز لازىم. ئىگىلىشىمچە، بۇ يىل نىيە ناھىيەلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى پۈتۈن ناھىيەدىكى ھەر مىللەت كادىرلار ۋە ئاممىنى سەپەرۋەر قىلىپ، بۇ يىللىق كۆچەت تىكىپ يېڭىدىن باغ بىنا قىلىشنىڭ تۈرلۈك تەييارلىق خىزمەتلىرىنى پۇختا ئىشلەپتۇ، بۇ يىل ناھىيە بويىچە كۆچەت تىكىشكە 2500 مو يەرنى پىلانلاپ، تىكىلىدىغان كۆچەتلەرنىمۇ تەقلەپ بوپتۇ، پىلانىنى يېزا - بازار ھەمدە ئائىلىلەرگىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈپتۇ. بۇ ھەقىقەتەن ياخشى ئىش بوپتۇ، خوتەندە قاچان تېرەك قاتارلىق مېۋىسىز دەرەخلەرنىڭ ئورنىنى ياڭاق قاتارلىق مېۋىلىك دەرەخلەر ئىگىلەپ بولاققا كىرسە، شۇندىلا دېھقانلارنىڭ يانچۇقىغا ھەقىقىي پۇل كىرىدۇ. دېھقانلار جەزمەن بېيىشقا قەدەم تاشلايدۇ! — دېدى مەمنۇنىيەت بىلەن.

ئاندىن ئۇ ھەمراھلىرىنى باشلاپ نىيە ناھىيەسى تەۋەلىكىدىكى 315 - نومۇرلۇق دۆلەت يولىنىڭ ئىككى ياقىسىدىكى تاشلىقتىن كۆچەت تىكىشكە تەييارلانغان ئىككى كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى يەرنى ھەم كۆچەت تىكىش ئۈچۈن ئۆلچەملىك كولانغان ئۆرەكنى، كۆچەتنىڭ تۈۋىگە قويۇش ئۈچۈن سىرتتىن يۆتكەپ كېلىنگەن مۇنبەت تۇپىنى كۆرگەندىن كېيىن: «بۇ يىلقى كۆچەت تىكىش ئۈچۈن قىلىنغان تەييارلىق

ھەقىقەتەن ياخشى بوپتۇ. خىزمەتلەر مۇشۇنداق ئىنچىكە ئىشلەنسە ئاندىن ئۈنۈمىنى كۆرگىلى بولىدۇ» دېدى كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ روھىغا ئىلھام بېرىپ.

ئابدۇراخمان قۇربان بۇ قېتىم خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈش داۋامىدا بۇ ناھىيەنىڭ سودا بازىرىغا كۆپ قېتىم بېرىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئاساسىدا، مال باھاسىنى مۇقىملاشتۇرۇش خىزمەتلىرىگە كونكرېت يېتەكچىلىك قىلىپ، يولۇققان ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا تۈزىتىپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى، ئۇ ناھىيە رەھبەرلىرىنى ھەم ئالاقىدار كەسپىي تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرىنى باشلاپ ئاشلىق، گۆش، ياغ، كۆكتات بازىرى ۋە يەككە تىجارەتچىلەرنىڭ دۇكانلىرى، ناھىيەلىك تۇرلۇك ماللار شىركىتى، ناھىيەلىك باغۋەنچىلىك مەيدانى، كۆكتات ئىشلەپچىقىرىش بازىسى قاتارلىق جايلارغا بېرىپ خىزمەتلەرنى چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. ئاخىرىدا ناھىيەنىڭ بازىرىدا 1 كىلوگىرام گۆشنىڭ 18يۈەن، 1 كىلوگىرام كەرەپشىنىڭ تۆت يۈەن ئىكەنلىكىنى، بىر قىسىم يەككە تىجارەتچىلەرنىڭ دۇكان ۋە يايمىلىرىدا سۇپىتى ئۆزگىرىپ كەتكەن، ساختا، ناچار تاۋارلارنىڭ بارلىقىنى، شۇنىڭدەك تاۋارلارغا ماركا چاپلانمىغانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن، باشقۇرغۇچى كەسپىي تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرىنى نەق مەيداندا كەسكىنلىك بىلەن تەنقىد قىلدى ھەمدە جىددىي ئۈنۈملۈك چارە-تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، تېزلىكتە مال باھاسىنى مۇقىملاشتۇرۇشقا بۇيرۇدى، ئۇ يەنە ناھىيەلىك كۆكتات ئىشلەپچىقىرىش بازىسىغا بېرىپ كۆكتات ئىشلەپچىقارغۇچىلار بىلەن سۆھبەتلىشىپ، ئۇلارنىڭ پىكىر-تەلەپلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىدى، ئاندىن نەق مەيداندا ئىش بېجىرىپ، نۆۋەتتە يولۇققان سۇ قاتارلىق جىددىي قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىپ بەردى. بۇنىڭ بىلەن 1 كىلوگىرام گۆش ئەسلىدىكى 18 يۈەندىن 16 يۈەنگە، 1 كىلوگىرام كەرەپشە ئەسلىدىكى تۆت يۈەندىن ئىككى يۈەنگە چۈشتى، بىر قىسىم يەككە تىجارەتچىلەرنىڭ دۇكان ۋە يايمىلىرىدىكى ساختا، ناچار تاۋارلار يىغىۋېلىندى، بارلىق تاۋارلارغا بىردەك ماركا چاپلاندى، بۇنىڭ تۇرتكىسىدە بازار ۋە مال باھاسىغا

بولغان تەكشۈرۈش ۋە نازارەتچىلىك ئۈزۈكسىز كۈچەيتىلدى.

ئابدۇراخمان قۇربان خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈۋاتقان كۈنلەردە ئوتتۇرا تارىم قۇملۇق تاشيول قۇرۇلۇشىنىڭ نىيە ناھىيەسى تەۋەلىكىدىكى ئەمگەك مەيدانىغا بېرىپ، بۇ يەردە قۇم - بوران ئاپىتىنىڭ تەھدىتىدىن قورقماي، تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، پىداكارلىق بىلەن ئىشلەۋاتقان ھەر مىللەت يول ياسىغۇچىلاردىن سەمىمىي ھال سورىدى ۋە ھال سوراش بويىچە تەقدىم قىلىش ئارقىلىق خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ سەمىمىي غەمخورلۇقى، شۇنىڭدەك خوتەندىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ يالقۇنلۇق سالىمىنى يەتكۈزدى. ئاندىن نىيە ناھىيەسى مەسئۇللىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا تاشيول قۇرۇلۇشى ئەمگەك مەيدانىغا يېتىپ بېرىپ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى. ئەمگەك مەيدانىدا يول قۇرۇلۇشىغا ماتېرىيال يەتكۈزۈپ بېرىشكە ياردەملىشىش ئۈچۈن روكيا يېزىسىدىن كەلگەن 35 نەپەر ياش دېھقان ئاپتوموبىللاردىن ئالدىراشلىق بىلەن شېغىل چۈشۈرۈۋاتاتتى، يول ياسىغۇچىلار بولسا جىددىي ئىشلەۋاتاتتى. ئۇ ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرىدىن بۇ يەردە قانچىلىك دېھقاننىڭ ئىشلەۋاتقانلىقىنى، كۈنلۈك ئىش ھەققىنىڭ قانچە يۈەن بولۇۋاتقانلىقىنى سورىغاندا، دېھقانلار كۈنلۈك ئىش ھەققىنىڭ 10 يۈەندىن 15يۈەنگىچە بولۇۋاتقانلىقىنى، ئەمما بۇ پۇلنىڭ 40% نى يېزا ۋە كەنتتىن «ئىشقا تەشكىللەش ھەققى» دېگەن چىرايلىق نام بىلەن مەجبۇرىي تۇتۇۋالغانلىقىنى ئىنكاس قىلدى. بۇنى ئاڭلىغان ئابدۇراخمان قۇربان يېنىدا تۇرغان ناھىيە مەسئۇللىرىغا: «دېھقانلارنىڭ مىڭبىر جاپادا ئىشلەپ ئاران تاپقان پۇلىنى تۇتۇۋېلىشىڭلارغا قەتئىي بولمايدۇ، تۇتۇۋالغان پۇللارنىڭ ھەممىسىنى دەرھال دېھقانلارغا قايتۇرۇپ بېرىڭلار، دېھقانلارنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزگەن كادىرنى ھەرگىزمۇ ياخشى كادىر دېگىلى بولمايدۇ!» دېدى كەسكىنلىك بىلەن. ئاندىن دېھقانلارنىڭ يول قۇرۇلۇشىدا ئىشلەپ تاپقان پۇلىدىن تۇتۇۋالغان قىسمىنى دەرھال قولىغا قايتۇرۇپ بېرىشكە بۇيرۇدى. بۇنى ئاڭلىغان دېھقانلارنىڭ كۆزلىرىدىن ئىسسىق ياشلار سىرغىپ چۈشتى.

ئابدۇراخمان قۇربان يولغا شىغىل ياتقۇزۇش ۋە تەكشىلەش ئەمگەك مەيدانىغا يېتىپ كەلگەندە، ئۈستىگە قىزىل رەڭلىك ئىش كىيمى كىيگەن، پېشانىسىدە مونچاق ـ مونچاق تەر تامچىلىرى يالتىراپ تۇرغان بىر تۈركۈم ئىشچىلارنىڭ بەزىلىرى ئالدىراشلىق بىلەن يولغا تۆكۈلگەن شىغىل ۋە توپىغا سۇ چاچسا، يەنە بەزىلىرى تولۇپ تاشقان غەيرەت بىلەن ئۇنى تەكشىلەۋاتاتتى. ئۇ: «ياخشىمۇ سىلەر؟ جاپا چەكتىڭلار، سىلەرنىڭ تۆھپەڭلەرنى خەلق ھەرگىز ئۇنتۇمايدۇ!» دېدى خۇشخۇيلۇق بىلەن ئۇلارنىڭ قولىنى بىر ـ بىرلەپ قىزغىن سىقىپ كۆرۈشۈپ تۇرۇپ. ئاندىن مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەردىن يول قۇرۇلۇشىدا قانداق قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەرگە دۇچ كەلگەنلىكىنى سورىغاندا، ئۇلار ئىشچىلارغا ياتاق يېتىشمەيۋاتقانلىقىنى، يول قۇرۇلۇشىغا جىددىي ئېھتىياجلىق قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىنىڭ ۋاقتىدا ئۇلگۈرۈپ كەلمەيۋاتقانلىقىنى، ئارقا سەپ خىزمىتىنىڭ بوشاپ قالغانلىقىنى، بۇزۇلغان ماشىنا، ئۈسكۈنىلەرنى رېمونت قىلىش ئۈچۈن بىر رېمونتچىلىق ئورنى ۋە ماشىنا سايمانلىرى بىلەن تەمىنلەيدىغان بىر ماگىزىن قۇرۇپ بېرىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئېيتتى. شۇ چاغدا ئۇ يېنىدىكى نېيە ناھىيەسىنىڭ مەسئۇللىرىغا ناھىيەدىكى بارلىق ئاپتوموبىللارنى دەرھال يول قۇرۇلۇشىغا ماتېرىيال توشۇش ئۈچۈن تەشكىللەشنى، يول ياساۋاتقان ئىشچىلارغا تېزلىكتە يېڭىدىن ياتاق سېلىپ، قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىپ، ھەممەيلەننىڭ يول قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئاكتىپ مۇلازىمەت قىلىشنى ئورۇنلاشتۇردى. ئاخىرىدا يول قۇرۇلۇش ئورۇنلىرىنىڭ مەسئۇللىرىغا قانداق قىيىنچىلىق بولسا دەرھال ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمىگە دوكلات قىلىشنى، ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ يول قۇرۇلۇشىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللايدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇلارنىڭ ئاكتىپلىقىغا ئىلھام بەردى. ئۇنىڭ بۇ ئىشى يول قۇرۇلۇشى ئورنىدا ئىشلەۋاتقان بارلىق ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى سۆيۈندۈردى.

× × ×

1995 ـ يىلى 1 ـ ئاۋغۇست چۈشتىن كېيىنكى چاغ ئىدى. زۇمرەتتەك

سۈزۈك ئاسمان سەتھىدە ئۈتلۈق قۇياش كائىناتقا تونۇردەك ھارارىتىنى پۈركۈپ تۇراتتى، خىزمەت گۇرۇپپىسىنى باشلاپ كىرىيەگە يېتىپ كېلىپ، بۇ ناھىيەنىڭ خىزمەتلىرىگە يېتەكچىلىك قىلىۋاتقان ئابدۇراخمان قۇربان ئالايىتەن ۋاقىت چىقىرىپ، كېرىيە ناھىيەلىك يېتىم باللار پاراۋانلىق مەركىزىگە كېلىپ، بۇ يەردە خاتىرجەم ھالدا بەخت - سائادەتلىك گۈزەل تۇرمۇشنىڭ پەيزىنى سۈرۈۋاتقان بىرقىسىم يېتىم باللار ۋە ئاجىز، مېيىپ، باققۇچىسى يوق ياشانغانلاردىن سەممىي ھال سوراپ پارتىيەنىڭ مېھىر - شەپقىتىنى يەتكۈزۈپ، قەلبىنى ئىللىتتى. ئۆزلىرىگە تولىمۇ تونۇشلۇق ھۆرمەتكە سازاۋەر، خەلقپەرۋەر بۇ رەھبەرنى يىراقتىن كۆرگەن باللار تومۇچۇقنىڭ باللىرىدەك چۇرقىرىشىپ كەتتى ھەمدە كۆرۈشمىگىلى ئۇزاق بولغان قەدىناس، سۆيۈملۈك كىشىسىنى كۆرگەندەك ئىچ - ئىچىدىن سۆيۈنۈپ خۇشاللىقتىن ئۆزىنى باسالمىغان ھالدا: «ئابدۇراخمان قۇربان ۋالىي دادىمىز بىزنى يوقلاپ كەپتۇ! ھارمىغايلا! قانداق ئەھۋاللىرى،تىنچ-ئامان كەلدىلىمۇ؟» دېيىشكىنىچە تايچاقلاردەك چېپىپ كېلىپ، قوللىرىغا ئېسىلىپ، پۇتىنى قۇچاقلاپ، ئۇنى ئورىۋېلىشتى، بۇ ھال كىشىگە گويا ئانا قۇش ئەتراپىغا ئۇيۇشقان باچكىلارنى ئەسلىتەتتى.

ئابدۇراخمان قۇربان باللار بىلەن قىزغىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى، ئاندىن يېتىم باللارنى تەربىيەلەۋاتقان، قارىغۇچىسى يوق ئاجىز، مېيىپ، ياشانغانلارنىڭ ھالىدىن ياخشى خەۋەر ئېلىۋاتقان بارلىق تەربىيەچىلەر، ئىشچى - خىزمەتچىلەردىن، شۇنىڭدەك ياغىنىڭ ئىچىدىكى بۆرەكتەك غەمسىز خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان يېتىم باللار ھەم باققۇچىسى يوق ئاجىز، مېيىپ، كېسەلچان ياشانغانلاردىن سەممىي ھال سورىدى. ئۇلار يېتىم باللارنىڭ ئاشخانىسىغا، ياتىقىغا كىرىپ ئۇلارنىڭ تاماق، ياتاق، تۇرمۇش ئەھۋالىنى تەپسىلىي كۆزدىن كەچۈردى. ئابدۇراخمان قۇربان بۇ پاراۋانلىق مەركىزىنىڭ مەسئۇللىرى، تەربىيەچىلىرى، يېتىم باللار، ياشانغانلار بىلەن سەممىي سىردىشىپ، پىكىر - تەلەپلىرىنى ئەستايىدىل ئاڭلىدى. مەسئۇل خادىملار ۋە تەربىيەچىلەردىن بۇ جايدىكى ياشانغانلارنى ئۆزلىرىنىڭ ئاتا -

ئانىسىدەك، يېتىم بالىلارنى پەرزەنتىدەك كۆرۈپ ئەتراپلىق، ياخشى مۇلازىمەت قىلىپ، ئۇلارغا مېھىر- شەپقەت، ھەقىقىي ئىللىقلىق يەتكۈزۈشنى، يېتىم بالىلارنى ياخشى تەربىيەلەپ، ۋەتەن-خەلق ئىشلىرى ئۈچۈن يارامىلىق ئەۋلادلاردىن قىلىپ يېتىشتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى. ھازىرغىچە بالىلار پاراۋانلىق ئورنىدا تەربىيەلەنگەن بىر قىسىم بالىلار ئالىي تېخنىكوملارغا ئوقۇشقا كىردى. بىر يېتىم قىز ھازىر تيەنجىن نەنكەي ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇۋاتىدۇ.

كېيىن ئابدۇراخمان قۇربان كېرىيە ناھىيەلىك پاراۋانلىق مەركىزىنىڭ بالىلارغا تىككۈچىلىكنى ئۆگىتىش ئورنىغا كېلىپ، بالىلارنىڭ ھۈنەر- تېخنىكا ئۆگىنىش ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈردى، ئۇستاملاردىن پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، بالىلارغا ھۈنەرنى قېتىرقىنىپ ياخشى ئۆگىتىپ، تېزرەك ئۆزئالدىغا مۇستەقىل مەشغۇلات ئېلىپ بارالايدىغان ھالەتكە يەتكۈزۈشنى تەلەپ قىلدى. ھازىرغىچە بىر قىسىم بالىلار ھۈنەر - كەسپلەرنى ئۆگىنىپ تۇرمۇشنى قامداش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى.

بۈگۈن بۇ جايدىكى بالىلار ئادەتتىن تاشقىرى خۇشال ئىدى. ئۇلارنىڭ چېھرىدە كۈلكە، خۇش تەبەسسۇم جىلۋە قىلاتتى. ئابدۇراخمان قۇربان يېتىم بالىلارغا 250 كىلوگىرام ئاق ئۇن، 30 كىلوگىرام گۆش، 57 قۇر كىيىم - كېچەك قاتارلىق ماددىي بۇيۇملارنى تەقدىم قىلىپ، مېھىر - شەپقىتىنى يەتكۈزدى. پاراۋانلىق مەركىزىدە ئاخىرقى ئۆمرىنى خاتىرجەملىك ھەم خۇشاللىق ئىچىدە غەمسىز ئۆتكۈزۈۋاتقان بوۋاي، مومايلارنى يوقلاپ ئۇلارغا ھال سوراش بۇيۇملىرىنى تەقدىم قىلىپ، ياخشى تىلەكلىرىنى بىلدۈردى. بۇ چاغدا 20- ئەسىر 60 - يىللاردىكى ئاپتونوم رايونلۇق، ۋىلايەت، ناھىيەلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى ۋە خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى، ئاتچان يېزا پولو كەنتىدىن كەلگەن باققۇچىسى يوق 70 ياشلىق ئەما موماي زورىخان مەمنۇنىيەت ئىلكىدە كۆزلىرىدىن يېپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك تۆكۈلۈۋاتقان ئىسسىق ياشلىرىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ: «كۆزۈم تۇتۇلۇپ قالغاندا كېيىنكى تۇرمۇشۇمنى ئويلاپ قاتتىق قايغۇرۇپ غەم-ئەندىشە قىلغانىدىم، مانا بەختىمگە يارىشا ئابدۇراخمان قۇربان

ھاكىم بالام مەندەك ئاجىز بىچارىنى پاراۋانلىق مەركىزىگە ئېلىپ كېلىپ تۇرمۇشۇمنى ياخشى ئورۇنلاشتۇردى، تېخى ھېيت - بايراملاردا ئالاھىدە كۆتۈۋېلىشقا ئېرىشتىم، غەم - ئەندىشىلەردىن خالاس بولدۇم، مانا بۈگۈن كۆيۈمچان ئوغلۇم ئابدۇراخمان قۇربان ۋالىي ئالاھىدە كېلىپ ھال سوراپ كۆڭلۈمنى قايتىدىن ياشارتتى» دېدى.

ئابدۇراخمان قۇربان بۇ پاراۋانلىق مەركىزىدە بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان 85 ياشلىق كېسەلچان بوۋاي روزى ئاخۇندىن سەممىي ئەھۋال سوراپ، بىر قىسىم ماددىي بۇيۇملارنى تەقدىم قىلدى. ئۇ بوۋايمۇ ئىچ-ئىچىدىن سۆيۈنگەن ھالدا: «بۈگۈن ئابدۇراخمان قۇربان ۋالىي ئوغلۇم خىزمىتىنىڭ ئالدىراش بولۇشىغا قارىماي بىزنى يوقلاپ كەپتۇ، پارتىيەنىڭ كادىرلىرى ھەمىشە بىزدەك ئاجىز، مېيىپ، يېتىم - يېسىرلار ۋە ياشانغانلارنىڭ غېمىدە ئىكەن، بۈگۈن مەن بەك خۇشال بولدۇم، ئابدۇراخمان قۇربان ۋالىي كېرىيە ناھىيەسىگە كەلسىلا بىزنى يوقلىماي قالمايدۇ، ئۇ بىزنى ھەرگىزمۇ ئۇنتۇپ قالمىدى، بۇ يىل ئىچىدە بىزنى تۆت قېتىم يوقلاپ كەلدى. بىز مۇشۇنداق كۆيۈمچان رەھبىرىمىزنىڭ بولغانلىقىدىن ئىنتايىن سۆيۈنىمىز. ئۆز ئوغلىمىز بولغان تەقدىردىمۇ بىزگە بۇنچىلىك كۆيۈنمەس ئىدى!» دېدى.

كۆز ئالدىدىكى بۇ خەيرلىك ئىشلارغا شاھىت بولۇۋاتقان پاراۋانلىق مەركىزىنىڭ باشلىقى مۇتەللىپنىڭ خىيال ئېكرانىدىن شۇ دەم ئاتاقلىق شائىر مۇھەممەتجان راشىدىننىڭ تۆۋەندىكى يالقۇنلۇق مىسرالىرى ئۆتتۈشكە باشلىدى:

«يۆلەكسىزنى يۆلىگەنلەر ياشىسۇن،
يۆگەكسىزنى يۆگىگەنلەر ياشىسۇن.

ئۆزى ئالماي يامبۇ ياغسا ئاسماندىن،
ئەلگە يامغۇر تىلىگەنلەر ياشىسۇن.

ئۆزگىلەرنىڭ بەختى ئۈچۈن دەرد تارتىپ،
ئۆزى راھەت كۆرمىگەنلەر ياشىسۇن.

يوقسۇزلۇقتا ئوتى ئۆچكەن يالغۇزنىڭ
ئوچىقىنى پۈۋلىگەنلەر ياشىسۇن.

چاۋاك چالماڭ، بىزدەك شائىر تۇمەنمىڭ،
ئادالەتنى كۈيلىگەنلەر ياشىسۇن.

قايدا يېتىپ، قايدا قوپسا ۋەتەندىن
ئۆزگە خىيال سۈرمىگەنلەر ياشىسۇن.

ھالدىن كەتكەن غېرىبلارنىڭ بېشىدا
چىراغ يېقىپ تۈنىگەنلەر ياشىسۇن.

پەرىشتىدىن شەيتان تولا بەزىدە،
ئېزىتقۇغا كۆنمىگەنلەر ياشىسۇن.

بۇ، ئۈرۈمچى ۋاقتى كەچ سائەت 7 بولغان چاغ بولۇپ، كۈن بويى كائىناتنى سەيلە قىلىپ چارچىغان قۇياش ئاستا-ئاستا پاتماقتا ئىدى.كېرىيە ناھىيەلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ئابدۇللا قۇربان پۈتۈن ناھىيەدىكى ھەر مىللەت كادىرلار ۋە ئاممىغا ۋاكالىتەن مۇئاۋىن ۋالىي ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ كېرىيە ناھىيەلىك پاراۋانلىق مەركىزىگە يېتىپ كېلىپ بۇ يەردە بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان يېتىم باللار ۋە ئاجىز، مېيىپ ھەمدە قارىغۇچىسى يوق ياشانغانلاردىن سەممىي ھال سوراپ مېھىر - شەپقىتىنى يەتكۈزگەنلىكىگە چوڭقۇر مىننەتدارلىق بىلدۈردى.

× × ×

1995- يىلى 8- ئاينىڭ 21-كۈنى چۈشتىن كېيىنكى چاغ ئىدى.

ئابدۇراخمان قۇربان كېرىيە ناھىيەسى مەسئۇللىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا، ناھىيە مەركىزىدىن 45 كىلومېتىر يول يۈرۈپ، بۇ ناھىيەنىڭ 9 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلىرىنىڭ بىرى بولغان قازناق «بەخت ئۆستىڭى» قۇرۇلۇش ئەمگەك مەيدانىغا يېتىپ بېرىپ، بۇ يەردە جاپالىق ئىشلەۋاتقان ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى ۋە دېھقانلاردىن سەممىي ھال سورىدى ھەمدە ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقىغا كۈچلۈك مەدەت ـ ئىلھام بەردى.

قازناق «بەخت ئۆستىڭى» كېرىيە ناھىيەسىنىڭ بوز يەر ئېچىش رايونىغا سۇ ئېلىپ بارىدىغان مۇھىم ئۆستەڭ بولۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 26 كىلومېتىر، سۇ سىغىمچانلىقى 15 كۇب مېتىر، كەلگۈسىدە 80 مىڭ مو بوز يەرنى سۇغارغىلى بولىدۇ. مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە قازناق رايونىدا 80 مىڭ مو بوز يەر ئېچىشقا پىلان تۈزۈلۈپ، ھازىرغىچە ئېچىلغان 8000 مو بوز يەردىن 3500 موسى تېرىلىشقا باشلىغان بولسىمۇ، ئۆستەڭ قۇرۇلۇشىنىڭ سۈرئىتى تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئاستا بولۇپ قالغانىدى. ناھىيەلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى سۈرئەتنى تېزلىتىش ئۈچۈن، بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان، رەھبەرلىكنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، بۇ خىزمەتكە ناھىيەدىن بىر مۇئاۋىن ھاكىمنى مەسئۇل قىلدى.

ھازىر بۇ ئۆستەڭ قۇرۇلۇشى ئەمگەك مەيدانىدا كۈنىگە 100 تىراكتور، ئىككى توپا قېزىش ماشىنىسى، 5000 ئەمگەكچى مۇقىم ئىشلەۋاتاتتى. بۇ ئۆستەڭ بۇ يىل 10 ـ ئايدا پۈتۈپ رەسمىي ئىشقا كىرىشتۈرۈلەتتى. شۇڭا، 21 ـ ئاۋغۇست ئابدۇراخمان قۇربان قاتارلىق ۋىلايىتىمىز رەھبەرلىرى كېرىيە ناھىيەسىنىڭ مەسئۇللىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا ئۆستەڭ قۇرۇلۇشى ئەمگەك مەيدانىغا بېرىپ، بۇ يەردە تولۇپ تاشقان غەيرەت بىلەن جاپالىق ئىشلەۋاتقان ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى ۋە دېھقانلارنى سەممىي ھال سوراپ ئۆستەڭ قۇرۇلۇشى ئەھۋالىنى ئىگىلىدى. ئاخىردا ئابدۇراخمان قۇربان سۆز قىلىپ، كادىرلار ۋە دېھقانلاردىن پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، يەنىمۇ تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، جاسارەت بىلەن كۈچىنىپ ئىشلەپ، ئۆستەڭ

قورولۇشىنىڭ سۈرئىتىنى تېزلىتىشكە، بۇ ئارقىلىق قازناق بوز يەرگە سۇ باشلاپ كېلىپ تېرىلغۇ يەرنى كۆپەيتىپ، ئېچىلغان يەرلەرنى تاشلىۋەتمەي ئۆزلىرى تېرىپ مېۋىلىك كۆچەت سېلىپ، بېدە تېرىپ، باغۋەنچىلىك، چارۋىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇپ كىرىمنى ئاشۇرۇپ بېيىشقا ئىلھاملاندۇردى.

× × ×

1995 - يىلى 3 - ئاينىڭ 5 - كۈنى باھارنىڭ ئىزغىرىن شامىلى يۈزلەرنى سىيپاپ ئۆتەتتى. باھار قۇياشىنىڭ ئىللىق تەپتىدىن پۈتكۈل يەر - زېمىن ئويغىنىپ، دېھقانلار ئېتىزلارنىڭ باغرىدا شاد ئەمگەك ناخشىسىنى ياڭرىتىپ مول ھوسۇل ئۈچۈن تەر تۆكمەكتە ئىدى. مۇئاۋىن ۋالىي ئابدۇراخمان قۇربان ۋىلايەتكە قاراشلىق بىرقىسىم ئورۇنلارنىڭ مەسئۇللىرى ۋە ئالاقىدار مۇتەخەسسىسلەرنى باشلاپ، چىرا ناھىيەسى يېقىندىن ياسىماقچى بولغان «بوستان» سۇ ئامبىرىنىڭ قۇرۇلۇش ئىش ئورنىغا يېتىپ بېرىپ، خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈپ يېتەكچىلىك قىلدى.

تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىي گىرۋىكىگە جايلاشقان چىرا ناھىيەسىنىڭ گۇلاخما، دامكۇ يېزىلىرى يېقىنقى بىرقانچە يىل ئىچىدە قۇم - بورانىنىڭ، بولۇپمۇ سۇغىرىش جەريانىدا ئۆستەڭ - ئېرىقلاردىن ئېقىپ كەلگەن قۇم - لاتقىلارنىڭ زىيىنىغا ئېغىر دەرىجىدە ئۇچراپ كەلگەنىدى. ناھىيەدىكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ تەكشۈرۈپ ئىسپاتلىشىچە، ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن بىر مو يەرگە 3 كۇب مېتىردىن كۆپرەك قۇم ئېقىپ كىرگەن، بۇ ھال پۈتۈن ناھىيەنىڭ ئاشلىق بازىسى ھېسابلىنىدىغان گۇلاخما، دامكۇدىن ئىبارەت بۇ ئىككى يېزىنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى، شۇنىڭدەك 50 مىڭ نوپۇس، 100 مىڭ تۇياق چارۋىنىڭ ھاياتىنىڭ بىخەتەرلىكىگە ئېغىر تەھدىت ئىدى. مەسىلەن، 1990 - يىلى بىر مو يەردىن 77كىلوگىرام چىگىتلىك پاختا ئېلىنغان بولسا، 1994- يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە بىر مو يەرنىڭ چىگىتلىك پاختا ھوسۇلى 50 كىلوگىرامغا چۈشۈپ قالغان،

ئاشلىق مەھسۇلاتىمۇ ھەربىر مودا 1990 - يىلىدىكىدىن 100 كىلوگىرام كەملەپ، ناھىيەنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇرۇش، ئېكولوگىيەلىك تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاش، دېھقان - چارۋىچىلارنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ بېيىتىش، ناھىيەنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىشكە ئېغىر توسالغۇ پەيدا قىلغان.

بۇ ئەھۋالغا ئاساسەن، ناھىيە رەھبەرلىرى قۇمنى تىزگىنلەپ ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە زېمىننى ئازايتىش ئۈچۈن ئالاقىدار ئورۇنلاردىكى تېخنىك خادىملار بىلەن بىرلىكتە قۇم - بوران ئاپىتىنى تىزگىنلەش كۆرىشىنىڭ بىرىنچى سېپىگە بېرىپ ئەتراپلىق تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، ئۈنۈملۈك چارە - تەدبىرلەرنى تۈزۈپ چىقىش جەھەتتە ئەتراپلىق ئىزدەنگەن، تەكرار تەكشۈرۈش، ئۆلچەش ئارقىلىق ناھىيە مەركىزىدىن 77 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئۇلۇغساي دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدا، دېڭىز يۈزىدىن 1200 مېتىر ئېگىزلىكتىكى تەبىئىي شەكىللەنگەن بوستانتا ئويمانلىقىغا ئومۇمىي سۇ سىغىمچانلىقى 1 مىليون 100 مىڭ كۇب مېتىرلىق قۇمنى سۇزىدىغان سۇ ئامبىرى ياساش لاھىيەسىنى تۈزۈپ چىققان. ناھىيەنىڭ بەش يۈرۈش رەھبەرلىك بەنزىسىدىكى رەھبىرىي كادىرلار بىلەن مۇشۇ ساھەدىكى مۇتەخەسسىسلەر بىرلىكتە بۇ يىلىنىڭ بېشىدا مۇزاكىرىلىشىپ، لايىھەنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش ئارقىلىق، قۇرۇلۇشنى تېزلىكتە باشلاشنى قارار قىلىپ، قۇرۇلۇش لايىھەسىنى ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمىگە سۇنغان.

شۇنىڭ بىلەن خوتەن ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى ئابدۇراخمان قۇربان 3 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ۋىلايەتلىك پىلان كومىتېتى، ۋىلايەتلىك سۇ ئېلېكتىر باشقارمىسىنىڭ مەسئۇللىرى، شۇنىڭدەك سۇ ئېلېكتىر ئۆلچەش، لايىھەلەش ئورنىدىكى بىر قىسىم مۇتەخەسسىسلەرنى باشلاپ چىرا ناھىيەسىنىڭ دامكۇ يېزىسىغا بېرىپ، ئېتىز - ئېرىقلارنىڭ قۇمنىڭ زېمىنغا ئۇچراش ئەھۋالىنى ئىنچىكە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. ئۇلار دامكۇ يېزىسىدىكى قۇم ئاپىتىنىڭ ئېغىر تەھدىتىگە ئۇچرىغان ئېتىزلاردا قۇمدىن مۇداپىئە كۆرۈش، قۇم ئاپىتىنىڭ

زىيىنىنى ئازايتىش توغرىسىدا چوڭقۇر ۋە ئەتراپلىق پىكىرلەشتى، شۇنداقلا ناھىيە، يېزا مەسئۇللىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا قۇم سۇزۇش ئامبىرى ياسىلىدىغان بوستانلىقتا ئۆيمانلىقىغا بېرىپ، قۇرۇلۇش ئورنىنى تەپسىلىي كۆزدىن كەچۈرۈپ، قۇرۇلۇش لايىھەسىنى قايتىدىن دەلىللەپ چىقتى. ئابدۇراخمان قۇربان باشچىلىقىدىكى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى بۇ جايدا سۇ ئامبىرى ياساشنىڭ ئىنتايىن زۆرۈرلۈكى، قۇرۇلۇش لايىھەسىنىڭ ئەقىلگە مۇۋاپىق ئىكەنلىكى، يولغا قويۇشقا بولىدىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلاردىن بۇ قۇرۇلۇشقا جىددىي تۇتۇش قىلىپ، بۇ يىل كەلگۈسى كېلىشتىن ئىلگىرى پۈتكۈزۈشنى تەلەپ قىلدى. دەسلەپكى قەدەمدە قۇرۇلۇشنى بۇ يىل 5-ئاينىڭ 12-كۈنىدىن ئىلگىرى پۈتكۈزۈپ ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇپ بېرىش پىلانلاندى.

× × ×

1996 - يىلى نويابىرنىڭ 28 - كۈنى ئىدى، ئابدۇراخمان قۇربان ۋىلايەتتىكى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرىنى باشلاپ چىرا ناھىيەسىگە كېلىپلا ناھىيە مەسئۇللىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا بۇ ناھىيەنىڭ نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرى بولغان ئىنىلىك سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسى قۇرۇلۇش مەيدانىغا بېرىپ، قۇرۇلۇش ئەھۋالىنى ئىگىلىدى ھەمدە بۇ يەردە جاپالىق ئىشلەۋاتقان ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى ۋە دېھقانلاردىن سەمىمىي ھال سوراپ، سىردىشىپ، ئۇلارنىڭ پىكىر - تەكلىپلىرىنى ئەستايىدىل كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىدى. ناھىيە مەسئۇللىرىنىڭ ئىنىلىك سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسى قۇرۇلۇشىنىڭ سۈرئىتى توغرىسىدىكى تونۇشتۇرۇشىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئىشلىگەن خىزمەتلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، غەيرەت - جاسارىتىگە ئاپىرىن ئېيتتى، ئاندىن: «بىز نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش ئۈچۈن دۆلەتنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈش بىلەن ئۆز كۈچىمىزگە تايىنىپ ئىش كۆرۈشكە تەڭ ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك، قۇرۇلۇش جەريانىدا ھەربىر مىنۇت ۋاقىتنىمۇ قولدىن بەرمەي، سۈرئەتنى تېزلىتىپ، سۈپەتكە كاپالەتلىك قىلىشىمىز، بۇ

جەريانىدا بىختەتەرلىككە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشىمىز، كۆتۈلمىگەن ھادىسىلەرنىڭ يۈز بېرىشىدىن قاتتىق ساقلىنىشىمىز كېرەك» دېدى.

ئابدۇراخمان قۇربان شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن، چىرا ناھىيەسىدە ئېچىلغان نامراتلارنى تەرەققىيات ئارقىلىق يۆلەش خىزمىتى يىغىنىغا قاتناشتى، يىغىندا سۆز قىلىپ: «نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش خىزمىتىدە چوقۇم مەبلەغنى جايىغا ئىشلىتىپ، نامراتلارنى ئەمەلىي ئىش قىلىشقا يېتەكلەش كېرەك. بۇنىڭدا مەبلەغنى جەزمەن نامراتلارنىڭ قولىغا يەتكۈزۈپ، ھەربىر نامرات ئائىلىگە كونكرېت مەسئۇل بولىدىغان ئادەم بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش، مەبلەغنى باشقا ئىشلارغا ئىشلىتىۋېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، تېز ئۈنۈم بېرىدىغان كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللىنىشقا يېتەكلەش لازىم. نامرات دېھقانلارغا ئەمەلىي نەپ بېرىدىغان، دەماللىققا ئەسقاتىدىغان پەن - تېخنىكا بىلىملىرىنى ئۆگەتكەندىن باشقا، ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىنىمۇ ھەر خىل ھۈنەر - تېخنىكا ئۆگىنىشكە يېتەكلەپ، بېيىش يولى تېپىپ بېرىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ باي بولغانلارنىڭ خېمىغا يېنىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ئالاھىدە دىققەت قىلىش، نامرات ئائىلىلەرگە قارىتا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى تۈزۈپ يولغا قويۇپ، ئۇلاردىن ھەر خىل باج - سېلىق، رەسمىيەتلەرنى مۇۋاپىق تۈردە كەچۈرۈم قىلىش لازىم. پەقەت شۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن خەلقنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ بېيىتىشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار نىشانغا يەتكىلى بولىدۇ» دېدى. ئۇنىڭ دانىمۇدانە ئەھمىيەتلىك سۆزلىرى يىغىن قاتناشچىلىرىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى.

1996 - يىلى 12 - ئاينىڭ 5 - كۈنى. ئابدۇراخمان قۇربان ھەمراھلىرىنى باشلاپ، چىرا ناھىيەسى مەسئۇللىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا چىرا يېزىسىنىڭ مەخمال كەنتىگە يېتىپ بېرىپ، كەنت كادىرلىرى بىلەن كەڭ - كۇشادە سۆھبەتلەشتى ۋە كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ دېھقانلارنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش جەھەتتە قوللانغان چارە - تەدبىرلىرى، قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى، يولۇققان قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەرنى ئىگىلىدى.

ئۇ كادىرلار ۋە دېھقانلارغا مۇنداق دېدى: «چارۋىچىلىق ھەممە دېھقان - چارۋىچىلار بىمالال شۇغۇللىنالايدىغان ھەم تېز ئۈنۈم ھاسىل قىلالايدىغان مۇھىم كەسىپ، شۇڭا چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ھەم دېھقانلارنىڭ گۆش يېيىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش، ھەم كىرىمىنى كۆپەيتىش كېرەك».

سۆھبەت ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئابدۇراخمان قۇربان بىر قىسىم نامرات دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرىگە كىرىپ، ئىلگىرىكى ۋە ھازىرقى ئەھۋالى، كەسىپ ئالاھىدىلىكى، ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش سەۋىيەسى، ئوزۇق- تۈلۈك، يېقىلغۇ مەسىلىسى ۋە نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشتىكى پىلانلىرىنى تەپسىلىي ئىگىلىدى. بىر قىسىم نامرات ئائىلىلەر ۋەكىللىرىنى يىغىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش جەھەتتىكى پىلان، تەسەۋۋۇرلىرىنى، ئارزۇ - تەلەپلىرىنى دادىل ئوتتۇرىغا قويۇشقا دەۋەت قىلدى. ئۇلار بەس - بەستە ئۆزلىرىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش جەھەتتىكى ئوي - پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. نامرات دېھقانلار ۋەكىلى ئىبراھىم ئاخۇن مۇنداق دېدى: «مەن ئىلگىرى بۇ كەنتتىكى ئالاھىدە نامرات ئائىلىلەرنىڭ بىرى ئىدىم. 1987 - يىلى كەنت رەھبەرلىكى ماڭا: چارۋا مال سېتىۋېلىپ، كۆپەيتىپ تۇرمۇشۇڭنى ياخشىلىۋېلىڭ، دەپ 200 يۈەن بەرگەندى، مەن بۇ پۇلغا قوشكېزەك قوزىلىق قوي سېتىۋېلىپ بېقىپ، ئىككىنچى يىلىدىن باشلاپ، ھەر يىلى بىر تۇياق قوي سېتىپ ئائىلە تۇرمۇشىمىزغا ئىشلەتتۇق، يەنە ھەر يىلى بىر قوينى بالىلىرىمغا سويۇپ بېرىۋاتىمەن، شۇنداقتىمۇ قويلار كۆپىيىپ، ھازىر 12 تۇياققا يەتتى. تۇرمۇشىمىزمۇ كۈرۈنەرلىك ياخشىلاندى، بىز بۇنىڭدىن كېيىن، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، تېخىمۇ باياشات تۇرمۇشقا ئېرىشىش يولىدا تىرىشىمىز».

ئابدۇراخمان قۇربان ئىبراھىم ئاخۇننىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭغا ئىلھام بېرىش بىلەن بىرگە، مەخمال كەنتىدىكى بارلىق نامرات دېھقانلاردىن ئۆز ئائىلىسىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، ئۆزىنىڭ بېيىش پىلانلىرىنى تۈزۈپ، كەنت كادىرلىرى بىلەن كۆپرەك ئۇچرىشىپ،

ئۇلاردىن يېڭى تەجرىبە ۋە يېڭى ئىقتىسادىي ئۇچۇرلارنى ئاڭلاشنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئەتراپلىق ئىزدىنىپ، كۆپ خىل ئىگىلىك بىلەن پائال شۇغۇللىنىپ، ئۆز قولىدىن كەلگەن ئىش ئارقىلىق تېزرەك نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشنى ئۈمىد قىلدى.

× × ×

1995- يىلى 10- ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ۋەكىللەر ئورنىدىكى خادىملار شىنجاڭغا كېلىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، ئەڭ نامرات جايغا 5 مىليون دوللار ياردەم بەرمەكچى بولىدۇ. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان ئابدۇراخمان قۇربان ھېلىكان ئەپەندىنىڭ ئالدىغا قاغىلىققىچە بېرىپ، خوتەنگە باشلاپ كېلىپ، ئەڭ نامرات ئورۇنلارنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلار يۇرۇڭقاشتىكى بىر كىشىنىڭ ئۆيىگە بارغاندا ھېلىكان ئەپەندى بۇ ئائىلىدىكى قىزنىڭ قوشنىسىنىڭ ئۆيىدە گىلەم توقۇيدىغانلىقىنى، ئۆز ئۆيىدە گىلەم توقۇشقا دەسمايىسىنىڭ يوقلۇقىنى بىلىدۇ، ئاندىن ئۇ يېنىدىن 300 يۈەن چىقىرىپ قىزنىڭ دادىسىغا بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئۆز ئۆيىدە گىلەم توقۇشنى ئېيتىدۇ. ھېلىكان ئەپەندى شۇ قېتىم بېيجىڭغا قايتقاندىن كېيىن خوتەنگە ياردەم بېرىشنى ئويلىشىدىغانلىقىنى ئېيتىپ كېتىپ قالىدۇ. ئارىدىن بىر مەزگىل ئۆتكەندە 1996- يىلى 5- ئايدا ئابدۇراخمان قۇربان بېيجىڭغا بېرىپ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ بېيجىڭدىكى ئىش بېجىرىش ئورنىدا ھېلىكان ئەپەندى بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇنىڭغا يۇرۇڭقاشتىكى نامرات قىزنىڭ ھېلىقى 300 يۈەننى دەسمايە قىلىپ گىلەم توقۇپ پايدىسىنى 1000 يۈەنگە يەتكۈزگەنلىكىنى ئېيتىدۇ. بۇنى ئاڭلاپ ھېلىكان ئەپەندى ناھايىتى خۇش بولىدۇ. ئارىدا ئابدۇراخمان قۇربان ھېلىكان ئەپەندىگە، مۇبادا خوتەنلىكلەر ياردەمگە ئېرىشەلىسە، چوقۇم چوڭ ئىشلارنى روياپقا چىقىرالايدىغانلىقىنى تەكرار چۈشەندۈرىدۇ. نەتىجىدە ھېلىكان ئەپەندى خوتەنگە يەنە تەكشۈرۈش ئۆمىكى ئەۋەتىشكە ئىپادە بىلدۈرىدۇ. دېگەندەك، ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي

خوتەنگە تەكشۈرۈش ئۆمكى كېلىپ نامراتلارنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەپ خوتەننى ياردەم بېرىش ئوبيېكتى قىلىپ بېكىتتى. ئەنە شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ ياردەم پۇل خوتەنگە ئۆز قەرەلىدە يېتىپ كېلىپ، قاراقاش، كېرىيەدىكى 4 يېزا، 30 كەنتتىكى نامرات ئائىلىلەرنىڭ كۆپ خىل ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ كىرىمنى ئاشۇرۇشىغا تۈرتكە بولدى.

× × ×

1997- يىلى 5- ئايدىن باشلاپ مۇئاۋىن ۋالىي ئابدۇراخمان قۇربان ئىلگىرىكى مالىيە، سودا، باج، پۇل مۇئامىلە كەسپلىرىگە مەسئۇل بولۇشتىن، ۋىلايەتنىڭ سۇ ئېلىكتىر ۋە نامراتلار خىزمىتىگە مەسئۇل بولۇشقا بېكىتىلدى. شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ كەچقۇرۇن خىزمەتتىن يېنىپ ئۆيگە كىرىپ تۇرۇشىغا ئەينى ۋاقىتتىكى دەريا باشقارمىسىنىڭ باشلىقى خۇ لىگيۇن ھاسىراپ كىرىپ كەلدى - دە: «بۈگۈن خوتەن ناھىيەسىنىڭ باغچا بازىرىدىكىلەر لاسكۈي ئېقىنىنىڭ سۈيىنى توسۇپ، خانئېرىق تەرەپكە ئۆستەڭ ئېلىپ ئىشلىتىشكە تەييارلىنىپتىكەن، لاسكۈيدىكىلەر ئۇلارغا قارشىلىق كۆرسىتىپتۇ. ئەتە ئەتىگەن ئىككى تەرەپنىڭ ئارازلىشىپ قېلىش ئېھتىماللىقى بار» دېدى.

ئابدۇراخمان قۇربان ئازراق ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، بۇ يەردىكى مەسىلىنىڭ ئېغىرلىقىنى ھېس قىلدى، ئاندىن خۇ لىگيۇنگە: «دەرھال خوتەن ناھىيەسى ۋە خوتەن شەھىرىدىكى مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەرگە ئۇقتۇرۇش قىلىڭلار، ئەتە ئەتىگەن ئىشقا چۈشۈشتىن بۇرۇن نەق مەيدانغا جەم بولسۇن، لاسكۈيلۇق دېھقانلار كېلىشتىن بۇرۇن جىددىي يىغىن ئېچىپ بۇ مەسىلىنى ھەل قىلايلى» دېدى. دېگەندەك، ئەتىسى ئەتىگەندىلا ئىشقا چۈشۈشتىن بۇرۇن ئابدۇراخمان قۇربان باشلىق كىشىلەر نەق مەيدانغا كېلىپ ئارىدىكى زىددىيەتنى تەكشۈردى.

ئەسلىدە خوتەن شەھىرىدىكىلەر «شەرق شاملى» ئۆستىڭىنىڭ ئاقشو تەۋەلىكىدىكى بىرقانچە يەرگە زاكۇ سېلىپ، خوتەن ناھىيەسىنىڭ ئايىغىغا بارىدىغان سۇنى توسۇۋالغان، خوتەن ناھىيەسىدىكىلەر خوتەن

شەھىرىدىكىلەرگە ئىتىراز بىلدۈرۈپ، ئەسلىدىكى ھالەتنى ساقلاپ قېلىشنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ يېڭىدىن قانۇنسىز ياسىۋالغان زاكۇنلار چۈۋۈپ تاشلانمىغان، خوتەن ناھىيەسىدىكىلەر بۇنىڭ بىلەن نەچچە مىڭ ئادەمنى تەشكىللەپ تارىختىن بۇيان خوتەن شەھىرى لاسكۈي بازىرى پايدىلىنىدىغان لاسكۈي يار بويىدىكى ئېقىندىن ئۆستەڭ چېپىپ سۇنى خوتەن ناھىيەسىنىڭ باغچىغا باشلىماقچى بولغان. بۇ ئىش خوتەن شەھىرى لاسكۈي بازىرىدىكى دېھقانلارنىڭ غەزىپىنى قوزغىغان، بۇنىڭ بىلەن ئىككى تەرەپنىڭ ئارىسىدا كەسكىن زىددىيەت يۈز بەرگەنىكەن. ئابدۇراخمان قۇربان ئەتىسى ئەتىگەن تالڭ ئاتقىچە نەق مەيداندا مۇناسىۋەتلىك يولداشلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئىلگىرىكى ئەنئەنىگە ئەمەل قىلىشىنى، جۇملىدىن بىر-بىرىنىڭ سۈيىنى توسماي، ئاۋۋالقۇدەك ئىككى تەرەپ تەڭ بەھرىمەن بولۇشىنى بېكىتتى. ئابدۇراخمان قۇربان ئىش مەيدانىغا بېرىپ دېھقانلارغا بۇ قارارنى ئېلان قىلىشقا تەرەددۇت قىلىۋاتقاندا لاسكۈي تەرەپتىن نەچچە مىڭ دېھقاننىڭ قوللىرىغا كەتمەن، پالتا، توقماق ئېلىپ خوتەن ناھىيەسىدىكى دېھقانلار ئىشلەۋاتقان ئىش ئورنىغا باستۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئەندىكىپ كەتتى. دېمىسىمۇ ئۇلارنىڭ ئەلپازى بەك يامان بولۇپ، مۇشۇ ھالدا ئىككى تەرەپ ئارىسىدا ئېغىر قانلىق ۋەقەنىڭ يۈز بېرىشى قاش بىلەن كىرپىكتەك كۆرۈنۈپلا قالغانىدى. ئابدۇراخمان قۇربان يۈگۈرۈپ بېرىپ، ئالدىدا كېتىۋاتقان دېھقانلارنى توستى ۋە ئۈنلۈك ئاۋازدا:

— يولداشلار، توختاڭلار، ئۆزۈڭلارنى تۇتۇۋېلىڭلار! مەسىلىنى جېدەل - ماجىرا بىلەن ھەل قىلغىلى بولمايدۇ! سىلەر ئورنۇڭلاردا تۇرۇپ مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلاپ بېقىڭلار! بىز بۇ ئىشنى مۇۋاپىق ھەل قىلىمىز! تەشكىلگە ئىشىنىڭلار. يولداشلار! — دەپ ۋارقىرىدى. ھەرھالدا ئۇلار ئابدۇراخمان قۇرباننىڭ گېپىنى ئىلىك ئېلىپ ئورۇنلىرىدا توختاشتى. بىراق، ئۇلارنىڭ چىرايىدا «ئەگەر ھەل قىلىش چارىسىگە قايىل بولمىساق، قانلىق ۋەقە چىقىرىمىز» دېگەن مەنە ئېنىق ئىپادىلىنىپ

تۇراتتى. دېھقانلاردىن بىرسى: «مەنچىلىك ۋاقتىدىمۇ لاسكۆي يارنىڭ سۈيىنى خوتەن ناھىيەسىدىكىلەر تۇتۇۋالغاندا لاسكۆيدىكىلەر خوتەن ناھىيەسىنىڭ ئۈچ ئادىمىنى تىرىك كۆمۈپ، دوتەي ئامباللار چىقىپ ھەل قىلغانىكەن. بۇ قېتىممۇ شۇنداق بولىدىغان بولدى» دەپ تۇۋلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار لاسكۆيلۇق دېھقانلارنى توسقىلى چىققان مۇئاۋىن يېزا باشلىقى بىلەن خوتەن ناھىيەسىدىن ئىككى دېھقاننى ئۆستەڭگە تاشلاپ،توپا تاشلاشقا باشلىدى. ئابدۇراخمان قۇربان دەرھال يانىدىكى ئېگىز دۆڭنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئەتراپقا تەكشى قارىۋەتكەندىن كېيىن:

— يولداشلار، بىز مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەر بىلەن مەسىلىنى مەسلىھەتلەشتۇق، شۇنداقلا بۇ ئىشنى ياخشى ھەل قىلىش ھەققىدە كېڭەشتۇق، خوتەن ناھىيەسىدىكىلەر توغرا قىلماپتۇ، ئۇلار خاتا قىلغان ئىشلىرىنى دەرھال تۈزىتىدۇ، بۇنىڭدىن كېيىن ئىلگىرىكى قائىدە داۋاملىق كۈچكە ئىگە بولىدۇ، ئۇنى خالىغانچە ئۆزگەرتىشكە قەتئىي بولمايدۇ! — دېدى جاراڭلىق ئاۋازدا.

شۇئان مەيدانغا توپلانغان نەچچە مىڭ ئامما بۆك ۋە تەلپەكلىرىنى ئاسمانغا ئېتىشىپ شادلىقىنى ئىچىگە سىغدۇرالماي قېلىشتى. دېمىسىمۇ ئۇلار خوتەن ناھىيەسى بىلەن ئۇزاقتىن بۇيان داۋام قىلىپ كەلگەن قائىدىنى ساقلاپ قېلىشنى ئارزۇ قىلاتتى. شۇ ئەسنادا مويسىپىت دېھقانلاردىن بىرقانچىسى توپنى يېرىپ ئۆتۈپ ئابدۇراخمان قۇرباننىڭ يېنىغا كېلىشتى. ئارىدىن تەمبەل كەلگەن بىرسى:

— ئىككى ئۇرۇنىڭ سۇ تالىشىدىغان ئادىتى كونا جەمئىيەتتىمۇ بار ئىدى. ئۇ چاغلاردىمۇ بۇگۈنكىدەك ئەھۋال ئارىلاپ يۈز بېرىپ، بىھۇدە قان تۆكۈلەتتى. بۇ قېتىم سىلى چوڭ چاتاقنىڭ ئالدىنى ئالدىلا، مۇبادا سىلى بۇ يەرگە ۋاقتىدا كەلمەي ئارىمىزدىكى ئىختىلاپ ھەل بولمىغىنىدا چوقۇم قان تۆكۈلەتتى، كونا جەمئىيەتتىكى ئېچىنىشلىق ئىش يۈز بېرەتتى. ئەمدى ياخشى بولدى. ئارىمىزدىكى مەسىلە ھەل بولدى، بۇ ئىشتىن ھەممىمىز خۇش بولدۇق، — دېدى مەمنۇنىيەت

بىلەن.

شۇنداق قىلىپ، چوڭ بىر ۋەقەنىڭ ئالدى ئېلىندى.

× × ×

چىرا ناھىيەسى پايانسىز قۇم دېڭىزى ئىچىدىكى يېشىل كېمىگە ئوخشايدۇ. قۇم - بورانىنىڭ ئېغىر تەھدىتى تۈپەيلىدىن تارىختا چىرا ناھىيە بازىرى ئۇدا ئۈچ قېتىم يۆتكەلگەن.ئىلگىرى چىرا بازىرى، چىرا يېزىسىدىكى بەش قۇم - بوران ئېغىزى ئەتراپىدىكى تېرىلغۇ يەرلەردىن نۇرغۇن مۇنبەت ئېتىزلار قۇملىشىپ كېتىپ دېھقانلار ئېغىر زىيانغا ئۇچرىغان.

چىرا ناھىيەسى تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي شىمال بورىنى شەرقىي تەرەپ بورىنىنىڭ دەل ئۇچرىشىدىغان يېرىگە جايلاشقاچقا، ئىككى يۆنىلىشلىك بورانىنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن تەكلىماكان قۇملۇقى ئۈزلۈكسىز تۈردە كېڭىيىپ، چىرا بوستانلىقىغا ھەمىشە ئېغىر تەھدىت سېلىپ تۇرىدۇ. قۇم دانىچىلىرىنىڭ مېخانىكىلىق تەرتىپى ئىنتايىن ئوششاق بولغانلىقتىن، ئازراق شامال ياكى بوران چىقسىلا، قۇملار دەرھال يۆتكىلىدۇ. قۇم - بورانلىق ھاۋا رايى يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 19 كۈندىن 64 كۈنگىچە بولىدۇ.

ئابدۇراخمان قۇربان خوتەن مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى بولغاندىن كېيىن، پۈتۈن ۋىلايەتنىڭ ھەممە جايلىرىغا ئوخشاش چىرا ناھىيەسىگىمۇ ئىزچىل كۆڭۈل بۆلدى. ئۇ ۋىلايەتنىڭ سۇ ئىشلىرى خىزمىتىگە مەسئۇل بولغاندىن كېيىن، چىرا خەلقىنىڭ سۇ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشنى ئۆز خىزمىتىنىڭ مۇھىم ئىشلار كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈپ تۇتتى. ئۇ ھەمىشە «چىرا خەلقىنىڭ سۇ مەسىلىسى ھەل قىلىنسا، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش قەدىمى چوقۇم تېزلىشىدۇ» دەپ ئويلايتتى. شۇڭا، چىرا ناھىيەسىنىڭ سۇ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن نۇرغۇن دوكلاتلارنى يېزىپ، ئاپتونوم رايون ۋە مەركەزگىچە بېرىپ، ئەينى چاغدا دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى ئىسمائىل ئەھمەد ۋە

دۆلەتلىك سۇ ئىشلىرى مىنىستىرلىقىنىڭ مىنىستىرى نيۇ ماۋشىڭ قاتارلىق رەھبەرلەرگە ئەمەلىي ئەھۋالنى ئېيتىپ، سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى ئۈچۈن پۇل ھەل قىلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇنىڭ تەلىپى رەھبەرلەرنىڭ قىزغىن قوللىشىغا ئېرىشىپ، ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ، چىرا ناھىيەسىگە 100 مىليون يۈەن پۇل ھەل قىلىپ ئەكەلدى، كېيىن يەنە ئىسمائىل ئەھمەدنىڭ ماسلاشتۇرۇشى بىلەن دۆلەتلىك خەلق ئاۋيىاتسىيە باش ئىدارىسىنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ 15 مىليون يۈەن ھەل قىلدى، بۇ پۇللار بىلەن چىرا ناھىيەسىدىكى «غالىبىيەت سۇ ئامبىرى» ۋە ئۇنىڭ سۇ باشلاش ئۆستىڭى ۋە باشقا سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، ئاخىر چىرا خەلقىنىڭ سۇ قىيىنچىلىقىنى مەلۇم دەرىجىدە يېنىكلەتتى. بۇ يەردە مۇنداق بىر ئىشنى تىلغا ئالماي بولمايدۇ. ئەينى ۋاقىتدا «غالىبىيەت سۇ ئامبىرى»قۇرۇلۇشىغا ئاپتونوم رايونلۇق سۇ ئىشلار نازارىتى جەمئىيەتتىن خېرىدار چاقىرغانىدى، ھۆددىگەرلەر ۋە قۇرۇلۇش قىلغۇچىلار قاتلاممۇ قاتلام ھۆددىگە بېرىپ ئاخىردا خام چوت باھاسىدىن خېلى تۆۋەن باھادا ئىشلىدى. ئابدۇراخمان قۇربان ۋىلايەتلىك پارتكوم مەسئۇلىغا بۇ قۇرۇلۇشقا چىرا ناھىيەسىدىكى ئەمگەك كۈچلىرىنى ئىشلىتىشنى قولغا كەلتۈرۈشنى ئېيتتى.كېيىن ئۇنىڭ بۇ تەلىپىگە ئاپتونوم رايوندىكى مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەرمۇ قوشۇلدى. شۇنداق قىلىپ، چىرا خەلقى بۇ قېتىملىق قۇرۇلۇش ئەمگىكىدە ئۆز كۈچىنى چىقىرىپ كۆرۈنەرلىك ئىقتىسادىي ئۈنۈم ياراتتى. مۇھىمى چىرا خەلقى سۇنى تېجەش، سۇنى كۆپەيتىش مەزمۇن قىلىنغان ئېتىز - ئېرىق سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى بىلەن پائال شۇغۇللىنىپ، يۇقىرى ئۈنۈملۈك يېزا ئىگىلىك بەرپا قىلىپ، پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇشقا ئاتلاندى.

× × ×

ئابدۇراخمان قۇربان 1997 - يىلى 6 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ۋىلايەتلىك دەريا ۋادىلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى، ۋىلايەتلىك

ئېچىملىك سۇنى ياخشىلاش خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى، خوتەن ناھىيەسى ۋە خوتەن شەھىرى، يۇرۇڭقاش دەرياسى ئېلىش بېشى سۇ تەڭشەش ئورنىنىڭ مەسئۇللىرىنى باشلاپ، خوتەن ناھىيەسىنىڭ تەۋەككۇل، ئىسلامئاۋات يېزىلىرى بىلەن خوتەن شەھىرىنىڭ لاسكۈي بازىرى، شورباغ قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، قۇرغاقچىلىق دەستىدىن قۇرۇپ كەتكەن قوناق مايسىلىرىنى، تېرىلغاندىن بويان پەقەت سۇ كىرمىگەن كېۋەزلىكلەرنى، ئۇسساپ يوپۇرماقلىرى سولىشىپ كەتكەن قوغۇن- تاۋۇز مايسىلىرىنى، ئۈزۈم تاللىرىنى، تېرىلماي ئاق قالغان بىر قىسىم ئېكىن ئورنى يەرلەرنى كۆزدىن كەچۈردى. يېزا- بازار مەسئۇللىرى ۋە بىر قىسىم دېھقانلار بىلەن سەممىي سىردىشىپ، ئۇلارنىڭ مۇڭ - زارىنى ئەستايىدىل ئاڭلىدى. دېھقانلار يىغلامسىراپ تۇرۇپ ئابدۇراخمان قۇربانغا:

— ئەگەر باسما قۇدۇقلار بولمىغان بولسا، ئىچكىلىمۇ سۇ تاپالمىغان بولاتتۇق، قۇرغاقچىلىق بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ زىرائەتلىرىمىز قۇرۇپ كەتتى. نۇرغۇن ئېتىزلىرىمىز تېرىلماي ئاق قالدى، مۇشۇنداق ئېغىر قىيىنچىلىق ئىچىدە قالغاندىمۇ بىزگە ئىگە بولىدىغان ئادەم يوق ئوخشايدۇ، دەپ قاتتىق قايغۇرغاندۇق، ھەر نېمە بولسا سىلى ئاتايىتەن بىزنى يوقلاپ كەپلا، دەرد - ئەھۋالىمىزنى سوراپ، ھالىمىزغا يەتتىلە، سىلىدىن كۆپ خۇرسەن بولدۇق، — دېيىشتى.

بۇ چاغدا ئابدۇراخمان قۇربان ئۇلارغا:

— ھەرگىزمۇ كۆڭلۈڭلەرنى يېرىم قىلماڭلار، بىز ھەر ۋاقىت سىلەرنىڭ غېمىڭلاردا، بۇ قىيىنچىلىقىڭلار ۋاقىتلىق، بۇ ئىشلارمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ. قىيىنچىلىقلارنى چوقۇم ياخشى ھەل قىلىمىز، — دېدى ۋەزمىن تەلەپپۇزدا.

دېھقانلار ئۇنىڭغا چوڭقۇر مىننەتدارلىق ئىزھار قىلدى. ئىگىلىگەن ئەھۋاللاردىن مەلۇم بولۇشىچە، خوتەن ناھىيەسىنىڭ تەۋەككۇل، ئىسلامئاۋات يېزىلىرىدا 10 نەچچە مىڭ مو ئېكىن ئورنى تېرىلماي ئاق قالغان، سۇ بولمىغانلىقتىن بەزى يەرلەرگە تېرىلغان قوناق ئۇرۇقلىرى پەقەت ئۈنمىگەن. نەق مەيداننى تەكشۈرگەندە، بەزى جايلاردىكى كېۋەز

ئېتىزلىرىدا يېرىم مېتىر چوڭقۇرلۇقتىنمۇ نەم توپا چىقمىغان، ئەگەر ۋاقتىدا سۇ بېرىلمىسە، كېيۋەزدىن ھوسۇل ئېلىشتىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايدىكەن.

ئابدۇراخمان قۇربان تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش جەريانىدا خوتەن شەھىرىنىڭ ئىلچى يېزىسىدىن سۇ تەلەپ قىلىپ چىققان 100 نەچچە دېھقانغا يېزا مەسئۇللىرىغا خىزمەت ئىشلەش ئارقىلىق بىرقانچە كۇب مېتىر سۇ ھەل قىلىپ بەردى. تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئابدۇراخمان قۇربان يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ ئېلىش بېشى باش زاكۇسىغا چىقىپ، ھەرقايسى ئورۇنلارنىڭ مەسئۇللىرى بىلەن سۇنى قانداق قىلغاندا تەڭشەپ تېجەشلىك بىلەن ئىشلىتىپ، قۇرغاقچىلىقنىڭ زىيىنىنى ئازايتقىلى بولىدىغانلىقى توغرىسىدا ئەتراپلىق مۇزاكىرە قىلدى. ئۇ تەكىتلەپ مۇنداق دېدى: «بۇ قېتىم تەكشۈرگەن ئەمەلىي ئەھۋالدىن قارىغاندا، خوتەن ناھىيەسى، خوتەن شەھىرىنىڭ ئەڭ ئاياغ تەرىپىگە جايلاشقان يېزا - كەنتلەردە قۇرغاقچىلىق ھەقىقەتەن ئېغىر ئىكەن، كۆرگەن ئەھۋاللار ھەقىقەتەن كىشىنىڭ يۈرىكىنى ئېچىشتۇرىدۇ، ئەمما دەريالارنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى مىلكئاۋات كەنتىدە سۇ ئىسراپچىلىقى ئېغىر بولۇۋېتىپتۇ. ھازىر تېخى سۇنىڭ كېلىشى تۇراقلاشمىدى. نۆۋەتتە ئادەملەرمۇ، ھايۋانلارمۇ، ئېتىزلارمۇ، باغلارمۇ سۇغا جىددىي ئېھتىياجلىق بولۇۋاتىدۇ. ئېھتىياج بىلەن تەمىنلەش ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت بەكمۇ ئېغىر. دېمىسىمۇ سۇ پۈتكۈل ھاياتلىقنىڭ جان تومۇرى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، ھازىر بار بولغان سۇنى مۇۋاپىق تەڭشەپ، جايلارنىڭ، بولۇپمۇ قۇرغاقچىلىققا ئۇچراش ئەھۋالى ئېغىر بولغان يېزا - كەنتلەرنىڭ سۇ قىيىنچىلىقىنى ئالدى بىلەن ھەل قىلىشىمىز، ھەممەيلەن نۆۋەتتە سۇنىڭ ئىنتايىن جىددىي، قۇرغاقچىلىقنىڭ ئىنتايىن ئېغىر بولۇۋاتقانلىقىنى ئېسىمىزدە مەھكەم تۇتۇشىمىز، سۇنى تېجەپ ئىشلىتىپ، بۇ يىل يېزا ئىگىلىكىدىن يەنە مول ھوسۇلنى قولغا كەلتۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلىشىمىز كېرەك».

خوتەن ۋىلايىتىدە ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىدىن بۇيان ياسالغان 36 سۇ ئامبىرى بولۇپ، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ سۇ

ئامبارلىرىنىڭ بىر قىسىملىرى كونىراپ خەتەرلىك ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىپ، ئۆز رولىنى يوقاتقانىدى. ئابدۇراخمان قۇربان مەيلى كېرىيە ناھىيەسىدە ھاكىم بولغاندا بولسۇن ياكى خوتەن مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى، ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى بولغاندا بولسۇن ۋە ياكى خەلق قۇرۇلتىيى خوتەن ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى بولغاندا بولسۇن، سۇنىڭ ئىنسانلارنىڭ ھاياتلىق يولىدىكى ۋە يەر - زېمىننى كۆكەرتىشتىكى رولىغا يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ، ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ھەر مىللەت خەلقىگە يېتەكچىلىك قىلىپ، سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇپ، سۇنى كۆپەيتىش ئارقىلىق سۇغا بولغان ئېھتىياجنى قاندۇرۇپ، ئانا يۇرتنى گۈللەندۈرۈپ خەلقنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ بېيىتىش يولىدا ھارماي - تالماي كۈرەش قىلىپ كەلدى. شۇڭا، خوتەننىڭ بىپايان زېمىنىدا، قارا قۇرۇم باغرىدا، كېرىيە، چىرا، يۇرۇڭقاش، قاراقاش دەريالىرى بويىدا، سۇ ئامبارلىرىنىڭ دامبا - توسمىلىرىدا ئۇنىڭ ئۆچمەس ئىزلىرى بار. ئۇ خوتەن ۋىلايىتىدە رەھبەرلىك خىزمىتىنى ئۆتىگەن يىللاردا بۇ ۋىلايەتنىڭ تەرەققىياتى نىسبەتەن ئارقىدا بولۇپ، خەلق نامراتلىق، غۇربەتچىلىك ئىچىدە تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتاتتى، بولۇپمۇ شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ تۇرمۇش قىيىنچىلىقى ئىنتايىن ئېغىر ئىدى. بۇ مەسىلە ھەر دائىم ئۇنىڭ خىزمىتىنىڭ دىققەت مەركىزىدە بولۇپ كەلدى.

2000 - يىلى قەھرىتان سوغۇق يۈز - كۆزلەرگە نەشتەردەك ئۇرۇلۇۋاتقان كۈنلەردە ئابدۇراخمان قۇربان ئىلگىرىكى ئادىتى بويىچە شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ قىشلىق ئىسسىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ كۆردى. دېگەندەك نۇرغۇن كىشىنىڭ ئىسسىنىشى كاپالەتكە ئىگە بولماي كېلىۋاتقانىدى. ئابدۇراخمان قۇربان بۇ ئىشنى دەرھال ۋىلايەتنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرىغا دوكلات قىلدى. يۇقىرىدىن مەبلەغ ھەل بولۇپ بولغۇچە ئۇ كۈتۈپ تۇرماي، ئالدىن بېيىغان بىر تۈركۈم كىشىلەرنى نامرات كىشىلەرگە مېھىر - شەپقەت يەتكۈزۈشكە تەشكىللىدى. بار ئامال بىلەن ئوتۇن، كۆمۈر تەييارلاپ نەچچىلىگەن نامرات كىشىلەرگە يەتكۈزۈپ بەردى. شۇ كۈنلەردە يەنە ۋىلايەت مەسئۇللىرى ئابدۇراخمان

قۇربانىي ۋىلايەت تەۋەسىدىكى قىينچىلىقى بار نامرات ئائىلىلەرگە مېھىر - شەپقەت يەتكۈزۈش خىزمىتىگە مەسئۇل قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ تەشەببۇسكارلىقى تېخىمۇ ئېشىپ ھەرقايسى ناھىلەردە بۇ خىزمەتنى جىددى قانات يايدۇردى. كېيىنكى كۈنلەردە نەچچىلىگەن ماددى بۇيۇملار توپلىنىپ ئاساسى قاتلاملاردىكى نامرات كىشىلەرگە يەتكۈزۈپ بېرىلدى.

ئابدۇراخمان قۇربان كېرىيە ناھىيەسىدە ھاكىم بولغان مەزگىلىدە، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى قوغداش، نامرات شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ يېقىلغۇ جەھەتتىكى قىينچىلىقىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، شەھەر ئىچىدە ناھىيەگە بىۋاستە قاراشلىق بىر ئوتۇنچىلىق پونكىتى قۇرۇپ، ناھىيە بويىچە نامرات شەھەر ئاھالىلىرىگە ئوتۇن تارقىتىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ قىينچىلىقىنى ھەل قىلغان ھەمدە ناھىيەگە بىۋاستە قاراشلىق بارلىق ئىدارە - ئورگانلاردىكى ھەر مىللەت كادىرلار ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى نامراتلارغا ياردەم بېرىشكە سەپەرۋەر قىلىش ئارقىلىق، نامرات دېھقانلار ۋە شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ قىينچىلىقىنى يېنىكلىتىپ، ئاممىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەنىدى. خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋە مەمۇرىي مەھكىمىدە رەھبەرلىك خىزمىتىنى ئىشلىگەن مەزگىللەردىمۇ، كېرىيەدە قوللانغان ئاشۇ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلنى قوللىنىپ، ھەر يىلى قىشتا ۋىلايەت بويىچە نامراتلارغا مېھرى - شەپقەت يەتكۈزۈش پائالىيىتى تەشكىللەپ نامرات دېھقان چارۋىچىلار ۋە شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ قىينچىلىقىنى ئوبدان ھەل قىلىپ، نامراتلارغا مېھىر - شەپقەت يەتكۈزۈپ سولغۇن قەلبىنى ئىللىتتى.

× × ×

كېرىيە زېمىنى كەڭ، بايلىقى مول، خەلقى ئەمگەكچان، مەدەنىيىتى گۈللەنگەن ئۆزگىچە قەدىمي بىر يۇرت، ئەمما بۇ ناھىيەدە سۇ قىس، قۇرغاقچىلىق ئېغىر، سۇغىرىش شارائىتى ناچار، قۇم - بوران ۋە تۇرلۇك تەبىئي ئاپەتلەر ھە دېگەندە زىيان سېلىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ

ئۈستىگە بۇ ناھىيەنىڭ سۇغىرىش رايونلىرى كېرىيە دەرياسىنىڭ غەربىي تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ، ئىشلىتىلىدىغان سۇ كېرىيە دەرياسىنىڭ ئېلىش بېشىدىن كېلىدۇ.

كېرىيە دەرياسىنىڭ شەرقىي ساھىلىغا جايلاشقان بەشتوغراق، يەتتەدۆڭ قاتارلىق جايلاردا ھەتتا كېرىيە دەرياسىغا كەلكۈن كەلگەن مەزگىلدىمۇ سۇ قىسلىشىپ، دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى، دەل - دەرەخلەر قۇرۇپ نابۇت بولۇپ كېتەتتى. ھەر يىلى كەلكۈن مەزگىلىدە دېھقانلار كەنتكە سۇ باشلاپ كېلىش ئۈچۈن دەريا بويىغا كېلىپ، يەرنى سىلىنچا، ئاسماننى يېپىنچا قىلىپ يېتىپ، زاغرا ناننى سوغۇق سۇغا چىلاپ يەپ،جاپالىق ئىشلەپ توغان ياساپ دەريانى باغلايتتى. دەريانى بىر قېتىم باغلاش ئۈچۈن نۇرغۇن شاخ - شۇمبا، ئەمگەك كۈچى ۋە باشقا ماددىي ئەشيالار سەرپ قىلىناتتى. بۇ ئىش ھاكىم ئابدۇراخمان قۇربانىنى چوڭقۇر ئويغا سالدى. بۇ ئىككى كەنتنىڭ سۇ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش، دېھقانلارنىڭ ئېغىر ئەمگەك سىجىللىقىنى يەڭگىللىتىش ئۈچۈن زادى قانداق قىلىش كېرەك؟

ئابدۇراخمان قۇربان كۆپ ئويلىنىش ئارقىلىق «دۇنيا ئېلېكترون، ئۇچۇر تەرەققىيات دەۋرىگە كىرگەن ھازىرقى ۋاقىتتىمۇ دېھقانلار يەنىلا نامراتلىق ئىچىدە ياشىسا، سىجىللىقى ئېغىر ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى بىلەن شۇغۇللانسا، ئۆتمۈش كونا جەمئىيەتتىكىگە ئوخشاش قالاق، ئىپتىدائىي ھالەتتە تۇرمۇش كەچۈرۈپ كېتىۋەرسە ھەرگىز بولمايدۇ، بۇ خىل ئىشلارغا خاتىمە بېرىدىغان ۋاقىت بولۇپ قالدى، مەن خەلققە باشلامچىلىق قىلىپ بۇ ئىشنى چوقۇم ئۆزگەرتىشىم، خەلقنى نامراتلىق ۋە جاپادىن قۇتۇلدۇرۇشۇم كېرەك» دېگەنلەرنى خىيال ئېكرانىدىن ئۆتكۈزدى. شۇنىڭ بىلەن 20 - ئەسىرنىڭ 80- يىللىرىنىڭ ئاخىرىدا بۇ ئىشقا تۇتۇش قىلىپ، ۋىلايەت ۋە ناھىيەدىكى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرىنى باشلاپ، بەشتوغراق، يەتتەدۆڭ كەنتلىرىگە بېرىپ كادىرلار ۋە دېھقانلار بىلەن سىرداشتى. ئۇلارنىڭ پىكىر - تەلەپلىرىنى ئەستايىدىل ئاڭلىدى، دېھقانلارنىڭ ئائىلە تۇرمۇشى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالىنى ئەتراپلىق تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى، ئاندىن كېرىيە دەرياسىنىڭ شەرقىي ساھىلىغا يېتىپ بېرىپ، دەريانىڭ بۇ ئىككى

كەنتكە سۇ ئېلىش ئۈچۈن كۆچۈمە ياسايدىغان جاينى ئەتراپلىق تەكشۈرۈش ئارقىلىق قۇرۇلۇش ئورنىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، بۇ قۇرۇلۇشنىڭ ئومۇمىي پىلانىنى تۈزدى. يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبىرىي ئورگانلارغا ئەمەلىي ئەھۋالنى ئەينەن دوكلات قىلىپ قوللاشنى قولغا كەلتۈردى. قۇرۇلۇشقا كېتەرلىك مەبلەغ ھەل بولغاندىن كېيىن، ئۇ ئالاقىدار كادىرلار، تېخنىك خادىملار ۋە دېھقانلارنى يېتەكلەپ جاپالىق كۈرەش قىلىش ئارقىلىق ئاخىر كۆچۈمە قۇرۇلۇشىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملاپ، ئىككى كەنتتىكى دېھقانلارنىڭ سۇ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلدى. ئۇنىڭ بۇ ئىشى كادىرلار ۋە دېھقانلارنى ئىنتايىن سۆيۈندۈردى.

× × ×

1998 - يىلى 10 - ئاي. لەرزان كۈز شاملى كۆكۈللەرگە ھۇزۇر بېغىشلايتتى، ئېتىز - قىرلار مول ھوسۇلدىن بېشارەت بېرىپ، ھەممە ياق ئالتۇن كۈزنىڭ مەمۇرچىلىق پەيزىگە چۆمگەنىدى. ئابدۇراخمان قۇربان ۋىلايەتتىكى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرىنى باشلاپ، 150 كىلومېتىر يول يۈرۈپ، گۇما ناھىيەسىنىڭ پىيالما يېزىسىغا يېتىپ كەلگەندە، يېزىلىق پارتكومنىڭ شۇجىسى ۋۇ چىڭ ۋە يېزا باشلىقى ئابدۇرازاق قادىر قىزغىن كۈتۈۋالدى.

— نۆۋەتتىكى كۈزلۈك يىغىم - تېرىم ئىشلىرىڭلار قانداقراق؟— دەپ سورىدى مۇئاۋىن ۋالىي ئابدۇراخمان قۇربان. ئاندىن،— ئېتىزلىققا بېرىپ، ئەمەلىي ئەھۋالنى كۆرەيلى، — دېدى يېزا مەسئۇللىرىغا قاراپ.

— شۇنداق قىلايلى، — دېدى يېزا باشلىقى ئابدۇرازاق قادىر خۇشخۇيلۇق بىلەن.

ئابدۇراخمان قۇربان ھەمراھلىرى بىلەن يېزا مەسئۇللىرىنىڭ يول باشلىشىدا بىر قىسىم كېۋەز ئېتىزلىرىنى كۆزدىن كەچۈردى. مەيىن كۈز شاملىدا يېنىك تەۋرىنىپ تۇرغان كېۋەز شاخلىرىدا ئېچىلغان پاختا ۋە غوزىلار ھەقىقەتەن كۆپ بولۇپ، كېۋەز ئېتىزلىرى گويا ئاق ئالتۇن دېڭىزىغا ئوخشايتتى.

— بۇ يىل يېزىمىز بويىچە 4800 مو يەرگە تېرىلغان كېۋەزنى تېخنىكىلىق تەلەپ بويىچە تۇجۇپىلەپ ياخشى باشقۇرغانلىقتىن، كېۋەز مايسىلىرى بېجىرىم، ئەڭگىزى (رەڭگى دېمەكچى — م) قارا ھەم سوقتا (غوللۇق) ئۆستى، كادىرلار، تېخنىك خادىملار ۋە دېھقانلار بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە مۇرنى مۇرىگە تىرەپ ئورتاق كۈرەش قىلىش ئارقىلىق، ھەر خىل ئاپەتلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، كېۋەزدىن مول ھوسۇل ئېلىشقا ئاساس سالدۇق. ساپ پاختىنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى 92 كىلوگىرامغا يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 29 كىلوگىرام ئېشىشى مۆلچەرلەندى، بۇغدايىنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى 284 كىلوگىرامغا يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىگە قارىغاندا 45 كىلوگىرام ئاشتى. دېھقان - چارۋىچىلار پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ، ئىشلەپچىقىرىشنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرغانلىقتىن، ئائىلە كىرىمى يىلدىن - يىلغا كۆپەيدى. 1997 - يىلى يېزا بويىچە دېھقانلارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە كىشى بېشى كىرىمى 925 يۈەن بولغان بولسا، بۇ يىل 1000 يۈەندىن توغرا كېلىشى مۆلچەرلەندى، 1990 - يىلدىن ھازىرغىچە 418 ئائىلە نامراتلىقتىن قۇتۇلدى، 1988 - يىلى يېزا بويىچە ئارانلا 100 نەچچە مو يەردە ئانارلىق بار ئىدى، يېقىنقى يىللار ئىچىدە ئۆز يېرىمىزنىڭ تەبىئىي ئەۋزەللىكىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، ئانارچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئەھمىيەت بەردۇق، ھازىرغا كەلگەندە يېزا بويىچە ئومۇمىي ئانارلىق كۆلىمى10 مىڭ موغا يېتىپ، ئانارچىلىق دېھقانلارنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ، بېيىتىشتىكى مۇھىم كىرىم مەنبەسىگە ئايلاندى. يېزىمىزدا سۇ قىس، قۇرغاقچىلىق ئېغىر، سۇ مەسىلىسى ئوبدان ھەل قىلىنسىلا، ھەممە ئىشلىرىمىز كۆڭۈلدىكىدەك ياخشى بولاتتى، — دېدى يېزا باشلىقى ئابدۇرازاق قادىر ئەھۋال تونۇشتۇرۇپ.

بۇلارنى ئاڭلىغان ئابدۇراخمان قۇربان مەمنۇن بولغان ھالدا يېزا مەسئۇللىرىغا:

— خىزمەتلەرنى ھەقىقەتەن ياخشى ئىشلەپسىلەر، دېھقانلارنىڭ تويۇنۇش، كىيىنىش جەھەتتىكى قىيىنچىلىقى ھەل بولۇپ، خۇشاللىققا چۆمۈپتۇ، بۇ ناھايىتى ياخشى ئىش بوپتۇ. دېھقانلار خۇشال بولسا، بىزمۇ

خۇشال بولىمىز، ئانارچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنى دېھقانلارنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ بېيىتىشتىكى بۆسۈش ئېغىزى قىلىپ تۇتۇۋاتىمىز، چۈنكى ئانارچىلىق يېزامىزنىڭ تەبىئىي ئۈستۈنلۈكى، تەبىئىي ئۈستۈنلۈكنى چوقۇم ئىقتىسادىي ئۈستۈنلۈككە ئايلاندۇرۇش كېرەك. مەن يېزامىزنىڭ سۇ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشقا پۈتۈن كۈچۈم بىلەن تىرىشىمەن.
مۇندىن كېيىن ئىككى ئىشنى نۇقتىلىق تۇتۇۋاتىمىز. بىرى، سۇنى كۆپەيتىش، قۇرغاقچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن قۇدۇق قېزىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىمىز؛ يەنە بىرى، ئانارچىلىق مېۋە شىركىتى قۇرۇپ، ئانارنى داڭلىق ماركىغا ئىگە قىلىپ، ئانار مەھسۇلاتىمىزنى ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە ئاپىرىپ سېتىپ، دېھقانلارنى تېخىمۇ زور ئىقتىسادىي نەپكە ئېرىشتۈرىمىز، ئانار ئىشلەپچىقىرىشنى ئوبدان راۋاجلاندۇرساق، دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشى باياشات، يېزىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى تېز بولىدۇ، مەن سىلەرنىڭ تېخىمۇ زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشۈڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن ۋە پۈتۈن كۈچۈم بىلەن قوللايمەن، — دېدى تولۇپ تاشقان ئىشەنچ ۋە ئۈمىد بىلەن ھەممە ئۇدا بەش يىل ئەتىيازدا قاراقاش دەرياسىدىن سۇ يەتكۈزۈپ بەردى.
1990 - يىلىدىن بۇيان، يېزا رەھبەرلىرى كۆپ قېتىم ئالماشقان بولسىمۇ، ئەمما بۇ يېزىغا مەسئۇل بولغان رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ھەممىسى ئانارچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، ئانارلىق كۆلىمىنى يىلسېرى كېڭەيتىش ئارقىلىق، 2010 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، يېزا بويىچە ئومۇمىي ئانارلىق باغ كۆلىمى 32 مىڭ موغا، دېھقانلارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە كىشى بېشى كىرىمى 11 مىڭ 624 يۈەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 1608 يۈەن ئېشىپ، پۈتۈن ۋىلايەت بويىچە ئالدىنقى قاتارغا ئۆتتى.
ۋىلايەت، ناھىيە رەھبەرلىرى پىيالما يېزىسىنىڭ ئانارچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىستىقبالىنى نەزەردە تۇتۇپ، ۋىلايەت بويىچە ئانارچىلىق بازىسى قىلغانلىقتىن، ئانارچىلىق دېھقان-

ـلارنىڭ كىرىمىنى كۆپەيتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشىدىكى تۈۋ-رۈك كەسىپ بولۇپ قالدى. دېھقانلار ئانارچىلىقنىڭ پايدىسىنى كۆرۈپ، باياشاتلىقنىڭ پەيزىنى سۈرۈشكە باشلىدى. پىيالما دېھقانلىرىنى زور نەپكە ئىگە قىلغان ئانارچىلىقنى تەسۋىرلەپ پېشقەدەم شائىر ئابدۇغېنى سىيىت «پىيالما ئانارى» ناملىق شېئىرنى يازغان ئىدى:

كۆلىمى كەڭ خىيابان جان راھىتى ھاۋالىق،
باغلار ئارا ئاي - چولپان ئارامگاھى خۇمارلىق،
ئابىھايات بىلسەڭ ئۇ، يېسەڭ تەنگە داۋالىق،
خىلۋەتتىكى ھۇزۇرى شۇنچە لەززەت ئاراملىق،
كۆرگىن ئەجەب ئوخشىدى پىيالمىدا ئانارلىق.

سۆيۈنگۈدەك ئانار بۇ مېۋىلەرنىڭ شاھى دەپ،
مېۋە ئارا يېگانە كۆكتىكى ئاي - ماھى دەپ،
تېبابەتتە شەربىتى شەربەتلەرگە داھىي دەپ،
شىپاسىدىن ئوڭشىلار تالاي بىمار ئاھى دەپ،
ئېلىپ كېتەر تېۋىپلار، خوتەن، ئاقسۇ، شايارلىق.

خىسلىتى جىق ئانار بۇ بىلىۋىلىڭ بىلمەسلەر،
يايرىۋىلىڭ بەھرىدە كۆلۈۋىلىڭ كۈلمەسلەر،
لەززىتىدىن ئوقچۇيدۇ باغقا سۆيگۈ، ھەۋەسلەر،
بىلمەس ئانار تەمىنى بىكار تەلەپ ناكەسلەر،
تەر تۆكسە كىم بېيىشقا يەتمەس ھەرگىز زاۋاللىق.

× × ×

1999 - يىلى 11 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى ئىدى، ئابدۇراخمان قۇربان خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئۈچۈن گۇما ناھىيەسىگە

كەلدى. بۇ يەكشەنبە كۈنى بولۇپ، گويا ناھىيەسىنىڭ بازىرى ھەرقايسى جايلاردىن كەلگەن كىشىلەر بىلەن ئادەتتىن تاشقىرى قىزىپ كەتكەنىدى. ئابدۇراخمان قۇربان ھېرىپ - چارچىغىنىغا قارىماي ئۆزىگە ھەمراھ بولۇپ كەلگەن ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرىنى باشلاپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بازىرىغا بېرىپ، خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا كىرىشىپ كەتتى. گەرچە ئالتۇن كۈز پەسلى بولسىمۇ، ئاشلىق بازىرىدا تۈزۈكرەك ئاشلىقمۇ كۆرۈنمەيتتى. بۇ ھال ئۇنىڭ كۆڭۈل دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىدى. ئۇ ئاشلىق بازىرىنىڭ شىمالىي تەرىپىدە ئالدىدىكى يېرىم خالتا گۈرۈچكە قاراپ ئولتۇرغان ئاق پىشماق، ئوتتۇرابوي، كەكە ساقاللىق ھېيت ئەخمەت ئىسىملىك دېھقان بىلەن سۆھبەتلەشتى.

— ھازىر ئالتۇن كۈز پەسلى، بازاردا ئاشلىقلار ھارۋا - ھارۋىلاپ تۆرۈش كېرەك ئىدى، ئەمما ئاشلىق بازىرى بەكلا چۆلدەرەپ قاپتۇ، سىلىمۇ دېھقان تۇرۇپ ئاشلىق ئالغىلى كەپلا، بۇ نېمە ئىش، بۇنىڭدا قانداق سەۋەب بار؟ — دېدى ئابدۇراخمان قۇربان ھېيت ئەخمەتكە سوئال نەزەرى بىلەن قاراپ.

— يېقىنقى يىللار ئىچىدە دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا ئىلگىرىكى بىرقىسىم ئۇنۇملۈك تېرىقچىلىق ئۇسۇللىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، يېزىدىكى كادىرلار كۆزگى بۇغدايىنى «كەڭ - تار رەت» ئۇسۇلىدا تېرىيسىلەر دەپ مەجبۇرلاپ، ئېتىزلارنىڭ بىر قىسمى ئاق قالدى، بۇغداي تېرىلغۇ يېرىنىڭ 40% ى ئاق قالدى. ئېتىزدا بۇغداي مايسىلىرى بەك ئالا بولغاچقا، ئەتىيازدا بۇغداي مايسىلىرىنىڭ بىر قىسمى زەيلەپ، يەنە بىر قىسمى باش ئەتىيازنىڭ شامىلىدا قۇرۇپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن يەردىن ھوسۇل چىقمىغاچقا، بازارغىمۇ ئاشلىق ئانچە كۆپ كىرمەيدىغان بولۇپ قالدى، بىز دېھقان تۇرۇپمۇ يەكەن، قاغىلىق قاتارلىق جايلاردىن كەلتۈرۈلگەن بۇغدايلارنى سېتىۋېلىپ يەۋاتىمىز. ماللىرىمىزغىمۇ سىرتتىن كەلگەن سامانلارنى ئېلىپ بېرىۋاتىمىز، — دېدى ھېيت ئەخمەت خورسىنىپ.

ئابدۇراخمان قۇربان ھېيت ئەخمەت بىلەن خوشلاشقاندىن كېيىن،

ھەمراھلىرىنى باشلاپ، ئوت - چۆپ، يەم - خەشەك بازىرىغا كەلدى. بۇ بازارمۇ چۆلدەرەپ كەتكەن بولۇپ، ئاران ئىككى ئىشەك ھارۋىسىدا بىر نەچچە قاپتىن سامان تۇراتتى. ئابدۇراخمان قۇربان سامان سېتىشقا كەلگەن ئىككى دېھقان بىلەن سۆھبەتلەشتى. ئۇلارمۇ ھېيت ئەخمەت ھېلىراقتا دېگەن ئەھۋالنى ئىنكاس قىلدى ھەمدە بۇ سامانلارنى ئازراق بولسىمۇ پايدا ئېلىش ئۈچۈن قاغىلىق ناھىيەسىدىن سېتىۋېلىپ يۆتكەپ كەلگەنلىكىنى، دېھقانلارغا ئوزۇقلۇق ئاشلىق، چارۋا ماللارغا بېدە - سامان، يەم - خەشەك يېتىشمەي ئېغىر قىيىنچىلىق بولۇۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ بازاردىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، گۇما ناھىيەسىنىڭ مەسئۇللىرىغا بازاردا كۆرگەن ۋە ئاڭلىغان ئەھۋاللارنى ئېيتىپ، بۇ مەسىلىنى تېزلىكتە ھەل قىلىش ئۈچۈن جىددىي چارە - تەدبىر قوللىنىش كېرەكلىكىنى بۇغداي تېرىقچىلىقىدىمۇ دېھقانلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىشنى، ھەرگىز زورلىماسلىقنى قەيت قىلدى.

ئابدۇراخمان قۇربان گۇما ناھىيەسىدە خىزمەت تەكشۈرۈش داۋامىدا، دېھقانلارنىڭ تېرىقچىلىق ئۇسۇلىغا قارىتا كۆپ پىكىرى بارلىقىنى، ئاڭلىغان ۋە كۆرگەن بارلىق ئەمەلىي ئەھۋاللارنى بىر - بىرلەپ خاتىرىلىۋالدى.

ئۇ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش خىزمىتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، خوتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئاساسىي قاتلامدا ئاڭلىغان ۋە كۆرگەن، دېھقانلار ئىنكاس قىلغان مەسىلىلەرنى رەتلەپ ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرىگە دوكلات قىلدى. ۋىلايەتلىك پارتكوم رەھبەرلىرى دەرھال كېڭەيتىلگەن يىغىن ئاچتى. يىغىندا ئابدۇراخمان قۇربان پىكىر بايان قىلىپ:

— بىزنىڭ دېھقانلىرىمىز پاراسەتلىك، ئەمگەكچان ھەم ئىنتائەتچان، بىز ھازىر يېزا ئىگىلىكىدە ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشتا دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنى «ئىلمىي بولمىغان كەڭ - تار رەت» قىلىپ تېرىشتىن ئىبارەت خاتا ئۇسۇلنى قوللىنىپ، دېھقانلارنى تۈيۈق يولغا باشلاۋاتىمىز، ئەگەر تېرىقچىلىق ئۇسۇلىمىزنى تېزلىكتە ئۆزگەرتمەي مۇشۇ

پېتى كېتىۋېرىدىغان بولساق، دېھقانلارغا چوڭ زىيان كەلتۈرىمىز. ئاخىرىدا چاتاقنىڭ چوڭى چىقىدۇ، پۇشايماننى ئالدىغان قاچا تاپالماي قالىمىز، قېنى ھېسابلاپ كۆرەيلى. بىر مو يەرگە 16 رەت قىلىپ كۈزگى بۇغداي، ئۈچ رەت قوناق تېرىساق، ئەمەلىيەتتە ئالتە پۇڭ يەرگىلا بۇغداي مايسىسى ئۈنىدۇ، تۆت پۇڭ يەر ئاق قالىدۇ ـ دە، سۇ، ئوغۇت ئىسراپ بولىدۇ. ئاخىرقى ھېسابتا يەنىلا دېھقانلار زىيان تارتىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرغىلىمۇ بولمايدۇ، شۇڭا تېرىقچىلىقتىكى بۇ خىل خاتا ئۇسۇلنى تېزلىكتە ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، دېھقانلارنىڭ ئارزۇسىغا ھۆرمەت قىلىپ، تېرىقچىلىق ئەركىنلىكى بېرىشىمىز، دېھقانلار ئويلىغاننى ئويلاپ، دېھقانلار ئالدىرىغانغا ئالدىراپ، دېھقانلار ئۈچۈن كۆپرەك مۇلازىمەت قىلىپ، ھەممە ئىشتا دېھقانلار ئۈچۈن قولايلىق يارىتىشىمىز كېرەك. شۇ چاغدىلا دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقىنى ئۇرغۇتقىلى، يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇشنى تېززەك ئەمەلگە ئاشۇرغىلى، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلغىلى بولىدۇ. قوللانغان ئۇسۇل ـ چارىمىز توغرا بولسا ياخشى ئۈنۈم ئېلىپ كېلىدۇ، — دېدى ئۆز كۆزقارىشىنى داداللىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇپ.

ئەمەلىيەتتە ئابدۇراخمان قۇربان ئىلگىرى كېرىيەدىكى ۋاقتىدا بۇ ئىشنى تەجرىبە قىلىپ سىناقتىن ئۆتكۈزگەن ھەم بۇ ئىلمىي ئۇسۇل ئارقىلىق دېھقانلارنى نەپكە ئېرىشتۈرگەنىدى. ئەلۋەتتە ھەممىدە ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىش، يەنى دېھقانچىلىقتا دېھقانلارنىڭ ئارزۇسىنى چىقىش قىلىش ئابدۇراخمان قۇرباننىڭ رەھبەرلىك سەنئىتىدىكى ئالاھىدىلىك ئىدى. ئۇ مۇشۇ ئالاھىدىلىككە ئاساسەن كېرىيەنىڭ مۇغاللا بازىرى ئىنچىكە ئېرىق كەنتىدە ئۈچ خىل ئۇسۇلدا بۇغداي تېرىشنى سىناق قىلغانىدى. يەنى ئالتە رەت بۇغداينىڭ ئارىسىغا ئىككى رەت قوناقنى كىرىشتۈرۈپ تېرىش، تۆت رەت بۇغداينىڭ ئارىسىغا بىر رەت قوناقنى كىرىشتۈرۈپ تېرىش؛ يەنە بىرى بۇغداينى قويۇق تېرىش ۋە ئېگىز ئورنىغا قوناق تېرىش ئۇسۇلىدىن ئىبارەت ئىدى. دېگەندەك، بۇغداينى قويۇق تېرىپ ئېگىزنىڭ ئورنىغا تېرىلغان قوناقتىن مول

هوسۇل ئېلىنغانىدى. قوناقتىن مول هوسۇل ئېلىندى دېگەنلىك چارۋىچىلىقتىن مول هوسۇل ئېلىشنىڭ ئاساسى ئىدى. دېگەندەك مۇشۇ مەزگىلدە كېرىيەنىڭ يېزا ئىگىلىكى بىلەن چارۋىچىلىق ئىشلىرى ماس هالدا تەرەققىي قىلىپ ئابدۇراخمان قۇربان يولغا قويغان ئىلمىي ئۇسۇلنىڭ توغرىلىقى ئىسپاتلانغانىدى. بۇ يەردە بىز ئابدۇراخمان قۇرباننىڭ يۇقىرىقىدەك دېھقانلارنىڭ كۆڭلىگە ياققان تەجرىبىلەرنىڭ دەسلەپتە قانداق روياپقا چىقىدىغانلىقىنى تەگىلەپ كۆرسەك، گەپ ئابدۇراخمان قۇرباننىڭ دادىسى مەرھۇم مەتقۇربان هاجىمغا ئۇلىنىدۇ.دەرۋەقە مەتقۇربان هاجىم ئىسمى- جىسمىغا لايىق چىن دېھقان ئىدى. ئۇ هەر يىلى ئۆزىنىڭ تېرىم يېرىدە ئابدۇراخمان قۇربان ئۇچۇن ياخشى تەجرىبىلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈپ بېرەتتى. ئابدۇراخمان قۇربان دادىسىنى يوقلاپ كەلسىلا مەتقۇربان هاجىم ئۆزىنىڭ دېھقانچىلىق هەم ئورمانچىلىقتىكى يېڭى تەجرىبىلىرىنى سۆزلەپ بېرەتتى. سوزلەپ بېرىپلا قالماستىن، بەلكى ئابدۇراخمان قۇرباننى ئېتىزغا باشلاپ كېلىپ ئۆزى قول سېلىپ كۆرسىتىپ بېرەتتى. دېگەندەك، ئىلگىرى مۇشۇ يوسۇندا ئۆگىنىۋالغان ئىلمىي ئۇسۇللار ئابدۇراخمان قۇربان كېيىن ۋىلايەتكە كەلگەندىن كېيىن تازا ئەس قاتتى. دەرۋەقە شۇ كۈنى گۇما ناهىيەسىدىكى دېھقانلار ئۇنىڭ پىكرىنى قىزغىن قوللىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ۋىلايەت بويىچە كۆزگى بۇغدايىنى «كەڭ - تار رەت» قىلىش تېرىقچىلىق ئۇسۇلى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. دېھقانلار تېرىقچىلىقتا ئەركىنلىككە ئېرىشتى. بازاردا نېمىنى بەكرەك پۇلغا ئالسا، شۇ خىل زىرائەتلەرنى كۆپلەپ تېرىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشتا ياخشى ئۈنۈم هاسىل قىلدى.

× × ×

ئاپتونوم رايون ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا جايلارنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش، خەلقنى بېيىتىش ئۈچۈن يېزا ئىگىلىكىدە «بىر ئاق، بىرقارا ئىستراتېگىيەسى»نى يولغا قويۇشقا چاقىرىق قىلدى، بۇنىڭ بىلەن خوتەن ۋىلايىتىدىمۇ كېۋەز تېرىپ

پاختىدىن مول ھوسۇل ئېلىش دولقۇنى قوزغالدى. يەر، سۇنىڭ يېتىشمەسلىكى بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى بولماستىن، ھەر يىلى قارىغۇلارچە كېۋەز كۆلىمى كېڭەيتىلىۋەردى، بىراق كېۋەز تېرىشقا يەر يېتىشمىگەچكە، ۋىلايەت جايلارنى كۆپلەپ بوز يەر ئېچىشقا، پۈتۈن كۈچنى پاختىچىلىققا قارىتىشقا سەپەرۋەر قىلدى. بۇ ئىنتايىن قىيىن ھەم ئېغىر ۋەزىپە ئىدى. بەزى ناھىيەلەر بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنلىيالمىغاچقا، ئاساسلىق مەسئۇللار جازالاندى، بۇ ھال كادىرلارنى قاتتىق چۆچۈتۈۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن جايلار كېۋەز كۆلىمىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن 60 - يىللاردا بىنا قىلىنغان مېۋىلىك باغلارنى ۋەيران قىلدى. ۋىلايەت بويىچە 80 - يىللاردا يېتىشتۈرۈلگەن 400 مىڭ مو يەردىكى سايكا ئۈزۈم تېلىمۇ بىراقلا چىقىرىپ تاشلاندى. چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئوت- چۆپ مەنبەسى بولغان بېدىلىكلەر نابۇت قىلىندى. نەتىجىدە چارۋا ماللارغا ئوت - چۆپ يېتىشمەي چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش چېكىندى.

ئابدۇراخمان قۇربان ئاساسىي قاتلامدا خىزمەت تەكشۈرۈش داۋامىدا ئۇچراتقان بۇ مەسىلىلەرنى ئاپتونوم رايوندىكى ئالاقىدار تارماقلارغا ۋە رەھبەرلەرگە ئەينەن ھالدا ئىنكاس قىلدى. بۇ ئەھۋاللار ئۇلارنىڭ كۈچلۈك دىققىتىنى قوزغاپ، خوتەن ۋىلايىتىنى كېۋەز تېرىلغۇ كۆلىمىنى كېڭەيتىمىز دەپ باغۋەنچىلىك، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىغا زىيان يەتكۈزىدىغان ئىشنى قىلماسلىققا ئاگاھلاندۇردى. بۇنىڭ بىلەن «كېۋەز كۆلىمىنى كېڭەيتىش، پاختىدىن مول ھوسۇل ئېلىش شامىلى» دەرھال پەسكويغا چۈشتى.

بىر كەنت ئارقىلىق ۋىلايەت بويىچە خىزمەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلىش ئۈچۈن ئابدۇراخمان قۇربان 2000 - يىلى قاراقاش ناھىيەسىنىڭ توخۇلا يېزىسىدىكى تاشكەنت كەنتىدىكى دېھقانلارنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ بېيىشتىكى نۇقتا قىلىپ تۇتتى. ئۇ، ئالدى بىلەن كەنتتىكى كادىرلار ۋە دېھقانلارنى يېزا پەن - تېخنىكا بىلىملىرىنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشكە يېتەكلىدى، ئاندىن ئىشلەپچىقىرىش كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشىدى. كەنت بويىچە

كېۋەز تېرىيدىغان 100 مو يەرنىڭ 50 موسىغا ئۈيغۇر تېبابەت ئۆسۈملۈك دورىلىرىنى تېرىدى، 50 مو يەرگە سەي ـ كۆكتات پارنىكى ياساپ سەي تېرىشنى يولغا قويۇشقا يېتەكچىلىك قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ كەنتتىكى دېھقانلار بۇ ئىشتىن زور ئىقتىسادىي نەپكە ئېرىشتى. شۇ يىلى ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى بۇ ئەمەلىي ئەھۋالنى كۆرگەندىن كېيىن، بۇ ئۇسۇلنى ياقتۇرۇپ قېلىپ، كېۋەز كۆلىمىنى قىسقارتىپ نېمە بولسا شۇنى تېرىشنى ئومۇملاشتۇردى. بۇنىڭ بىلەن ۋىلايەت بويىچە تېرىلىدىغان 900 مىڭ مو كېۋەز كۆلىمىنى 400 مىڭ موغا چۈشۈردى. شۇنىڭ بىلەن تاشكەنت ۋىلايەت بويىچە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشتە بىر يېڭى بۇرۇلۇش بولدى.

× × ×

2009 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى كېرىيە خەلقى ئۈچۈن تولىمۇ ئەھمىيەتلىك بىر كۈن بولدى، بۇ كۈنى بۇ ناھىيەدىكى نۇقتىلىق چوڭ قۇرۇلۇش — كېرىيە «بەخت ئاتا» (جېيىن) سۇ ئىنشائاتى تۇگۈنى قۇرۇلۇشىغا ئۇل سېلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى.

«بەخت ئاتا» سۇ ئىنشائاتى تۇگۈنى قۇرۇلۇشى كېرىيە ناھىيەسىدىكى كېرىيە دەرياسىنىڭ غول ئېقىنىغا جايلاشقان بولۇپ، 1 مىليارد 99 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدىغان بۇ ئامبارنىڭ ئومۇمىي سۇ سىغىمچانلىقى 83 مىليون كۇب مېتىر، توسمىسىنىڭ ئېگىزلىكى 125 مېتىر، ئۈچ گېنېراتورلار گۇرۇپپىسى ئورنىتىلىدۇ، ئومۇمىي ئېنېرگىيە قۇۋۋىتى 24 مىڭ كىلوۋات\سائەت، يىللىق توك تارقىتىش مىقدارى 109 مىليون كىلوۋات\سائەت بولۇپ، بۇ قۇرۇلۇش 2013 ـ يىلى 8 ـ ئايدا پۈتىدۇ. قۇرۇلۇش پۈتكەندىن كېيىن، كېرىيەدە ھازىر بار بولغان 707 مىڭ 300 مو يەرنى سۇغارغىلى، يېڭىدىن يەنە 200 مىڭ مو بوز يەر ئېچىپ كۆپەيتىپ سۇغارغىلى بولىدۇ.

مۇئاۋىن رەئىس چيەن جى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن «بەخت ئاتا» سۇ ئىنشائاتى تۇگۈنى قۇرۇلۇشىغا

ئۆل سېلىنغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلىدى ۋە كونكرېت تەلەپلەرنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى. خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى چېڭ جىنشەن سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى: «بەخت ئاتا» سۇ ئىنشائاتى تۈگۈنى قۇرۇلۇشى ۋىلايىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى كۆپ يىللاردىن بۇيان ئارزۇ قىلىپ كەلگەن قۇرۇلۇش، شۇنداقلا قاراقاش دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى «ئۇلۇغ ئاتا» سۇ ئىنشائاتى تۈگۈنى قۇرۇلۇشىدىن كېيىن ۋىلايىتىمىزدىكى تاغلىق رايوندا يولغا قويۇلغان ئىككىنچى چوڭ سۇ ئىنشائاتى تۈگۈنى قۇرۇلۇشى بولۇپ، مەركەز، گوۋۇيۈەن ۋە ئاپتونوم رايون «بەخت ئاتا» سۇ ئىنشائاتى تۈگۈنى قۇرۇلۇشىغا يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ، زور كۈچ بىلەن قوللىدى. گوۋۇيۈەننىڭ 32- نومۇرلۇق ھۆججىتىدە «بەخت ئاتا» سۇ ئىنشائاتى تۈگۈنى قۇرۇلۇشى نۇقتىلىق قۇرۇلۇش قاتارىغا كىرگۈزۈلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى بۇ قۇرۇلۇشقا باشتىن - ئاخىر كۆڭۈل بۆلۈپ، قۇرۇلۇشنىڭ بالدۇرراق يولغا قويۇلۇشىغا تۈرتكە بولدى، «بەخت ئاتا» سۇ ئىنشائاتى تۈگۈنى قۇرۇلۇشى ۋىلايىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش، ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

«بەخت ئاتا» سۇ ئىنشائاتى تۈگۈنى قۇرۇلۇشىنىڭ پىلانى ئابدۇراخمان قۇربان كېرىيەدە ھاكىم بولغان چاغلاردا تۈزۈلگەن بولۇپ، ھەر خىل سەۋەبلەر بىلەن قۇرۇلۇش قىلىنمىغان. 2007- يىلى 1- ئايدا قۇرۇلۇش دۆلەت پىلانىغا كىرگۈزۈلۈپ، يولداش ئابدۇراخمان قۇربان رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەنگەندى. بۇ قۇرۇلۇشنىڭ ئالدىنقى باسقۇچلۇق خىزمەتلىرىنى بەش يىلدا پۈتكۈزۈش نىشانلانغان بولۇپ، ئابدۇراخمان قۇربان رەھبەرلىك خىزمىتىگە كىرىشكەندىن كېيىن، دەسلەپكى باسقۇچلۇق تەييارلىق خىزمەتلىرىنى پىلانلىق، تەرتىپلىك، قەدەم - باسقۇچلۇق ھالدا پۇختا قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق ئۈچ يىلدا تاماملىدى. ئۇ بۇ قۇرۇلۇشنىڭ خىزمەتلىرىگە يېتەكچىلىك قىلىش داۋامىدا دۇچ كەلگەن تۈرلۈك ئەمەلىي قىيىنچىلىق ۋە

مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا ھەل قىلىش ئۈچۈن، جاپادىن، ھېرىپ - چارچاشتىن، ئۇزۇن يول يۈرۈشتىن قورقماي، ئاپتونوم رايون ھەمدە مەركەزگىچە بېرىپ، ئالاقىدار رەھبەرلەرگە قۇرۇلۇش داۋامىدا دۇچ كەلگەن ئەمەلىي قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەرنى ئەينەن دوكلات قىلىپ، يۇقىرىنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈردى. بۇنىڭ بىلەن قۇرۇلۇش ئۈچۈن مەخسۇس تۈر تۇرغۇزۇلۇپ، ياخشى ئېلىپ بېرىشقا ئىمكانىيەت يارىتىلدى، بۇ قۇرۇلۇش نۆۋەتتە جىددىي ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ. قۇرۇلۇش پۈتسە كېرىيەدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن يەنە بەخت - سائادەت يامغۇرى ياغىدۇ.

× × ×

كونىلاردا: «يول ياساش، كۆۋرۈك سېلىش، ئاجىز، يېتىملارنىڭ بېشىنى سىلاش ئىنتايىن ساۋابلىق ئىش» دەيدىغان ھېكمەتلىك سۆز بار، ئابدۇراخمان قۇربان مەيلى خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ ھەيئەت ئەزاسى ياكى خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، شۇنىڭدەك مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى بولغاندا بولسۇن، مەيلى خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، خەلق قۇرۇلتىيى خوتەن ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى بولغاندا بولسۇن، بارلىق ئەقىل - پاراسىتى، پۈتۈن زېھنى، كۈچ - قۇۋۋىتى، ۋۇجۇدىنى ۋىلايەتنى قۇدرەت تاپتۇرۇش، خەلقنى بېيىتىشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىشقا بېغىشلىدى. ئۇنىڭ كۆڭلىرى خەلقنى ئويلاش، خەلققە كۆڭۈل بۆلۈش، خەلقنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش، ئاجىز، يېتىملارنىڭ بېشىنى سىلاش، نامراتلارغا ياردەم بېرىش، ئىللىقلىق يەتكۈزۈشتىن ئىبارەت ساۋابلىق ئىشلار بىلەن ئۆتتى.

1996- يىلى 11 - ئاينىڭ 30 - كۈنى چۈشتىن كېيىنكى چاغ ئىدى. خوتەن مەمۇرىي مەھكىمە يېڭى بىناسىنىڭ ئىككىنچى قەۋەت يىغىن زالىدا ۋىلايەت بويىچە ئاجىز، يېتىم - يېسىرلار ۋە نامراتلارغا پۇل

ئىشانە قىلىش سەپەرۋەرلىك چوڭ يىغىنى ئېچىلىپ، ھەر ساھە، ھەرقايسى كەسىپلەر ھەمدە پۈتكۈل جەمئىيەتتىكىلەر ئاجىز، يېتىم - يېسىرلار، نامراتلارغا مېھىر - شەپقەت يەتكۈزۈشكە جىددىي سەپەرۋەر قىلىندى. يىغىندا مۇئاۋىن ۋالىي ئابدۇراخمان قۇربان سۆز قىلىپ، ۋىلايەت بويىچە ھەر ساھە، ھەرقايسى كەسىپتىكىلەر ھەمدە پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئاجىز، يېتىملار، نامراتلارغا زور كۈچ بىلەن ياردەم بېرىشىنى، ئاخبارات ئورۇنلىرىنىڭ پۇل ئىئانە قىلغان بارلىق ئورۇن ۋە كىشىلەرنىڭ خالىسانە، ئالىيجاناب روھىنى تەشۋىق قىلىپ، ھەممەيلەننى ئۆلاردىن ئۆگىنىشكە رىغبەتلەندۈرۈشنى ئوتتۇرىغا قويدى؛ ئاندىن ئۆزى باشلامچىلىق بىلەن ئىئانە ساندۇقىغا پۇل سالدى. نەتىجىدە نەق مەيداندىلا 170 مىڭ 280 يۈەن ئىئانە پۇل توپلاندى. ئاخىرىدا ئۇ ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمىگە ۋاكالىتەن ئاجىز، يېتىملار ۋە نامراتلارغا پۇل ئىئانە قىلغۇچىلارغا مىننەتدارلىق بىلدۈردى.

1998 - يىلى 4 - ئايدا گۇما ناھىيەسىدە كېچىدە يەر تەۋرىدى. ھەممىگە مەلۇمكى تەبىئىي ئاپەتلەرنىڭ ئىچىدە يەر تەۋرەش تولىمۇ دەھشەتلىك، تولىمۇ تاسادىپىي ھەم تولىمۇ رەھىمسىز بولىدۇ. دۇنيا تارىخىدىلا ئەمەس، يۇرتىمىزنىڭ ئۆتكەن تارىخىدىمۇ كىشىنىڭ يۈرەك - باغرىنى لەختە قىلىدىغان يەر تەۋرەش ئاپىتىنىڭ بولۇپ ئۆتكەنلىكى مەلۇم. مۇبادا ئىنسانلار بۇ رەھىمسىز ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا قادىر بولالىغان بولسا قانچە ياخشى بولاتتى - ھە! شۇنداقتىمۇ بىزدە ئاپەتتىن كېيىنكى قايتا قۇرۇش تولىمۇ جايىدا بولىدۇ. ئۇنىڭدىن ھەرقانداق كىشى سۆيۈنمەي قالمايدۇ. گۇما ناھىيەسىدىكى يەر تەۋرەش ئاپىتىدىن خەۋەر تاپقان ئابدۇراخمان قۇربان شۇئان چاقماق تېزلىكىدە كېچىلەپ ۋىلايەتلىك خەلق ئىشلار ئىدارىسى، يەر تەۋرەشنى كۆزىتىش ئىدارىسى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ مەسئۇللىرىنى باشلاپ، ناھىيە مەسئۇللىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا ئاپەت ئەڭ ئېغىر بولغان مۇجى يېزىسىغا يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئېچىنىشلىق ئەھۋال زاھىر بولدى. يەرلەر يېرىلىپ، ئۆيلەر ئۆرۈلۈپ، توك سىملىرى ئۈزۈلگەن، ھەممە ياق

خارابىلىككە ئايلانغانىدى. بۇ يەردىكى كادىرلار ۋە دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ، چىرايى گويا ساماندەك سارغانغان، كۆڭلى تولىمۇ پەرىشان ئىدى. ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىنى بىرخىل ئازابلىق، ئېغىر قايغۇ - ھەسرەت چىرماپ، ئىنتىزارلىقتا نىجاتلىق كۈتمەكتە ئىدى. ۋەيرانە تام تۈۋىلىرىدە بىچارىلەرچە بويىنىنى قىسىپ ئىڭراۋاتقان بالىلارنىڭ نالە - پىغانلىرى مۇئاۋىن ۋالىي ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ يۈرىكىگە، بەلكى پۈتۈن ۋۇجۇدىغا بىرخىل تىترەك ئولاشتۇرۇپ، ئىچ - ئىچىدىن قاتتىق يىغا قىستىدى، يۈرىكى پىچاقتا تىلغانغاندەك ئېچىشتى. ياشانغانلار، باللار ئۇنىڭغا ھەيرانلىق ئىچىدە قارايتتى، كۆزلىرىدىن بىچارىلىك، غېرىبلىق، ئىلاجسىزلىقنىڭ سۈس نۇرلىرى چىقىپ تۇراتتى. بۇ ئېچىنىشلىق خارابە ھالەتنى كۆرگەن ھەرقانداق كىشىنىڭ كۆزىگە ئىختىيارسىز ياش كېلەتتى. پېشقەدەم شائىر ئابدۇغېنى سېيىت بۇ ئېچىنىشلىق مەنزىرىنى مۇنداق مىسرالار بىلەن ئىپادىلىدى:

«تەۋرىدى ئۆلكەمدە يەر - جان، ۋادەرىخ،
ئۆي، ماكان، باغ بولدى ۋەيران، ۋادەرىخ.

يۇتتى، ئاھ، مەكتەپنى ئاپەت قانچىلەپ،
كەتتى سانسىز قىزۇ ئوغلان، ۋادەرىخ.

بولدى غەرق ئاپەتكە بايلىق، مال - بىسات،
مىجىلىپ چوڭگۇنۇ قازان...... ۋادەرىخ.

بولۇپ جۇدا ئەردىن ئايال، ئانىدىن بالا،
كۆكنى قۇچتى نالە - ئەپغان، ۋادەرىخ.

قېنى ئۇ ئىللىق ماكان، يول، رەستىلەر؟
يۇرت بىنا قىلغان شۇ جەريان، ۋادەرىخ.

ئابدۇراخمان قۇربان بىر تەرەپتىن ئاپەتكە ئۇچرىغان ئاممىدىن هال سورىسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئالاقىدار رەھبەرلەردىن ئەمەلىي ئەھۋالنى سوراشتۇردى، ئاندىن ئىگىلىگەن ئەھۋاللارنى ئۇدۇللۇق ۋىلايەتكە مەلۇم قىلىپ، ھەممەيلەننى ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلققە تېزدىن ياردەم قىلىشقا تەشكىللەشنى ئۆتۈندى. ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھاياتى ۋە مال - مۈلكىنىڭ زىيىنىنى ئەڭ زور تىرىشچانلىق بىلەن ئازايتىشنى ئويلاپ، ئاپەتكە ئۇچرىغان ئاممىنى يەر تەۋرەش ئاپىتىگە تاقابىل تۇرۇپ، يۇرت-ماكانىنى قايتىدىن قۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلدى. ئۇ گۇما ناھىيەسى ۋە مۇجى يېزىسى رەھبەرلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا كادىرلار ۋە دېھقان-چارۋىچىلارنىڭ ئۆيلىرىگە كىرىپ، ئاپەت ئەھۋالنى تەپسىلىي كۆزدىن كەچۈردى ۋە نەقمەيداندا ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشقا قوماندانلىق قىلدى. بۇ جەرياندا بىرنەچچە كېچە كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمىدى، گېلىدىن تاماق ئۆتمىدى.

ئابدۇراخمان قۇربان ۋە ھەمراھلىرى بۇ يېزىدىكى كالا فېرمىسىنىڭ باشلىقى مەترۇزى باقىنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەلگەندە، يەر يېرىلىپ، ئۆينىڭ خام كېسەك بىلەن قوپۇرۇلغان تاملىرى ئۆرۈلۈپ، ئۆي ئىچىدىكى بىساتلار پۈتۈنلەي ۋەيران بولغانىدى. مەترۇزى باقى ئۆزىنىڭ مال - مۈلكىنى ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشنى بىرچەتكە قايرىپ قويۇپ، ئاپەتكە ئۇچرىغان باشقا دېھقان-چارۋىچىلارنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ، ئۇلارنى ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشقا تەشكىللەپ، زىياننى ئەڭ تۆۋەن دەرىجىگە چۈشۈرۈش ئۈچۈن پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشقان. بۇنى ئاڭلاپ ئابدۇراخمان قۇربان ۋە ھەمراھلىرى ئۇنىڭ ئائىلىسىگە روھىغا ئاپىرىن ئوقۇدى، ئۇلار نامرات چارۋىچى ئىمىن توختىنىڭ ئائىلىسىگە يېتىپ كەلگەندە، ئۇ چىلىق - چىلىق تەرگە چۆمۈلگەن ھالدا تېخى يېقىندىلا سېلىنغان بىر ئېغىزلىق ئۆينىڭ شەرقىي بۇرجىكىدە تىزىغىچە پاتقاققا كىرىپ لاي ئېتىۋاتاتتى، ئايالى نۇرجامالخان باش - كۆزى لايغا مىلەنگەن ھالدا ۋادەك تام ئۈستىگە لاي ئۇرۇۋاتاتتى. ئابدۇراخمان قۇربان ئىمىن توختىنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ، يېزىلىق پارتكومىنىڭ شۇجىسى جاڭ يۈپىڭ، يېزا باشلىقى مۇسا پاسار ۋە ئەتراپىدىكى ئاممىغا:

— يولداشلار، گەرچە ئاپەت رەھىمسىز بولسىمۇ،ئەمما خەلقىمىزنىڭ قەلبى چوڭقۇر مېھىر - مۇھەببەتكە تولغان، سىلەر كۆڭلۈڭلەرنى ھەرگىز يېرىم قىلماڭلار، پارتىيە، ھۆكۈمەت ھەر ۋاقىت سىلەرنىڭ غېمىڭلاردا. بىز سىلەرنىڭ قايغۇنى كۈچكە ئايلاندۇرۇپ، بىر ياقىدىن باش، بىر يەڭدىن قول چىقىرىپ ئۆملۈكتە جاسارەت بىلەن كۈچىنىپ ئىشلەپ، يۇرت-ماكانىڭلارنى قايتىدىن قۇرۇپ، يېڭىباشتىن گۈللەندۈرۈشىڭلارغا، ئىشلەپچىقىرىشنى تېزلىكتە ئەسلىگە كەلتۈرۈشۈڭلارغا تىلەكداشمىز. ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت سىلەرگە پۈتۈن كۈچى بىلەن ياردەم بېرىدۇ. سىلەر دۇچ كەلگەن بۇ قىيىنچىلىق ۋاقىتلىق، قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، ئۇيۇلتاشتەك بىرلىشىپ، ئورتاق كۈچ چىقىرىپ، بىرلىكتە كۈرەش قىلساقلا بارلىق قىيىنچىلىقلار ئۈستىدىن چوقۇم غەلىبە قىلالايمىز. يۇرت-ماكانىمىزنى تېخىمۇ گۈزەل قىلىپ قۇرۇپ چىقالايمىز. چۈنكى، پارتىيە، ھۆكۈمەت ھەر ۋاقىت بىزگە مەدەتكار! —دېدى تولۇپ تاشقان ئىشەنچ ۋە قەتئىيلىك بىلەن.

ئاندىن ئۇ بارلىق ھەر مىللەت كادىرلاردىن ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ، ئاممىنى ئاپەتتىن قۇتقۇزۇپ، زىياننى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرۈپ، ئۇلارنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇشنى تەلەپ قىلىپ، ھەممەيلەننى ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك ياخشى ئىشلەشكە چاقىردى. ئۇنىڭ ئىلھام بەخش سۆزلىرى دەل ۋاقتىدا ياغقان خاسىيەتلىك باھار يامغۇرىدەك ئاپەت تۈپەيلى كۆڭلى پەرىشان بولغان كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ روھىغا قايتىدىن كۈچ - جاسارەت بېغىشلىدى، شۇنداقلا ئۇنىڭ ھەقىقەتەن خەلق بىلەن ھەمنەپەس، قەلبداش، تەقدىرداش، خەلقنىڭ ئوتىدا كۆيۈپ، سۈيىدە ئاقىدىغان خەلقپەرۋەر رەھبەر ئىكەنلىكىنى نامايان قىلدى.

ئۇ يەنە ۋىلايەتلىك خەلق ئىشلار ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ھەمدۇللا مامۇتنى ئېلىپ ئاپتونوم رايون ۋە مەركەزگىچە بېرىپ ئاپەت ئەھۋالىنى دوكلات قىلدى. ئىسمائىل ئەھمەدنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى بىلەن دۆلەتلىك خەلق ئىشلار ۋە سۇ ئىشلار مىنىستىرلىقىغا بېرىپ 10 مىليون يۈەن ياردەم پۇلنى قولغا كەلتۈردى.

مېھىر ـ مۇھەببەت ئىنساننىڭ ئەڭ چوڭ ئەڭگۈشتەرى، ئۇ ئىنسانغا ئۈمىد، ئىشەنچ، قەيسرانە روھ ۋە تالماس قانات ئاتا قىلىدۇ، ئىنساننى سۆيىدۈرىدۇ، سۆيۈندۈرىدۇ. مېھىر ـ مۇھەببەت بىلەن ئىنسان ھەر ۋاقىت، ھەر جايدا ئۆزىنىڭ چىن ماھىيىتى ۋە سۈپىتىنى جۇلالاندۇرىدۇ.

خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ئىشقا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشقا ئەھمىيەت بېرىشى بىلەن ھەر مىللەت خەلقىنىڭ، شۇنىڭدەك جەمئىيەتتىكى ھەر ساھە، ھەر قايسى كەسىپتىكىلەرنىڭ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ بىرتەرەپ قىيىنچىلىققا ئۇچرىسا، ھەممە تەرەپ پائال ياردەم بېرىشتەك ئېسىل ئەنئەنىسى جارى قىلدۇرۇلۇپ، ئاپەتكە ئۇچرىغان جايدىكى خەلقنىڭ يۇرت ـ ماكانىنى قايتىدىن قۇرۇشى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشىگە پۈتۈن كۈچى بىلەن ياردەم بېرىشى ئارقىسىدا گۇما ناھىيەسىنىڭ ئاپەتكە ئۇچرىغان يېزا ـ كەنتلىرىدىكى ھەر مىللەت كادىرلار ۋە ئامما بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك ئىجىل ـ ئىناق، ئۆم بولۇپ ئورتاق كۈچ چىقىرىپ، يەر تەۋرەش ئاپىتى ئۈستىدىن غەلىبە قىلدى.

× × ×

دۇنيادا مەڭگۈ ياشايدىغان ئىنسان يوق. بىراق، ئادەم ھايات ۋاقتىدا ئۆزىنىڭ چىن ئېتىقادى، ئادىمىيلىك پەزىلىتى،پاك مېھىر ـ مۇھەببىتى بىلەن كىشىلەرگە يادنامە بولغۇدەك ئىجادىيەت، خاسىيەتلىك ئىشلارنى قالدۇرسا، ئۇنىڭ ھاياتى ھەقىقىي چىن مەنىسىنى تاپىدۇ. گەرچە ئۇ دۇنيادىن كەتسىمۇ، ھايات ۋاقتىدا قىلغان ياخشى سۆزلىرى ۋە خاسىيەتلىك ئىشلىرى مەڭگۈ ئۆلمەيدۇ ۋە كىشىلەر قەلبىدە ئەبەدىلئەبەد ساقلىنىدۇ. ئىنسان ئۈچۈن بۇنىڭدىنمۇ كاتتا شان ـ شەرەپ بولمىسا كېرەك!

يۇرۇڭقاش دەرياسى قەدىمىي ئەزىم دەريا، ئۇ شاۋقۇنلۇق خىسلىتى بىلەن ئانا زېمىنغا ھاياتلىق بەخش ئېتىدۇ. شانلىق تارىخ قامۇسىدىن كۆرگەنمەن، بىر زامانلاردا ئۇلۇغ بوۋام يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ ھايات

بەخش ئەتكۆچى سۆپسۈزۈك سۇلىرىنىڭ بەرىكىتىدە بۇ زېمىنغا تۇنجى ئۆجمە دەرىخىنى تىكىپ ئۆستۈرۈپ ئۇنىڭ يوپۇرماقلىرىدا پىلە بېقىپ، يىپەك ئىشلەپچىقىرىپ «كارۋان بۆيلۈك» نىڭ بەرپا بولۇشىغا ئاساس سالغان. يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ مېھرىبان ئانىلارنىڭكىدەك باغرىدا يېتىلگەن سۆپسۈزۈك قاشتېشى جاھان ئەھلىنىڭ كۆزىنى ئالا چەكمەن قىلغان، ئۇزاق تارىختىن بۇيان ئەجدادلىرىمىز ئۆزىنىڭ قەلبىدەك غۇبارسىز بۇ قاشتېشىدىن ئاجايىپ نەپىس بۇيۇملارنى ياساپ تەڭداشسىز ئەقىل-پاراسىتىنى ۋە ھۈنەر-سەنئىتىنى نامايان قىلىپ، جاھان مەدەنىيىتىگە ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان.

يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ ھايات بەخش ئەتكۈچى دولقۇنلىرىنىڭ بەرىكەتىدىن ئۇزۇندىن - ئۇزۇن ساھىللىرىدا يېشىل مەخمەلدەك پايانسىز ئوتلاقلار بەرپا بولۇپ، قۇچىقىدا بەھۇزۇر يايرىغان قوي پادىلىرىنىڭ يىپەكتەك ئىنچىكە، ئەۋرىشىم يۇڭدىن پايدىلىنىپ، چېۋەر قوللاردا توقۇلغان نەپىس، رەڭدار گىلەملەر، مۇنبەت ئېتىزلاردا ئۇخشىغىنىدىن باشاقلىرىنى كۆتۈرەلمەي ئىرغاڭلىغان ئاشلىق زىرائەتلىرى مول ھوسۇل خامانلىرىنى ياساپ، بۇ دىيار خەلقىگە جىسمانىي قۇۋۋەت بەخش ئەتكەن. مانا ئەمدىلىكتە بۇ ئانا دەريا دولقۇنلىرىنىڭ خالىس ھىممىتىدىن ئەسىرلەر بويى شىرىن ئۇيقۇدا ياتقان بىپايان چۆل-جەزىرىلەر ئويغىنىپ، يېشىل زۇمرەتتىن تون كىيدى. ئۇنىڭ كۆزنى قاماشتۇرىدىغان كۆركەم جىلۋىسىدىن سۆيۈنگەن تۇرلۇك - تۈمەن قۇشلار ئۆز تىللىرىدا ناخشا ئېيتىشىپ تەنتەنە ناۋالىرىنى ياڭراتتى، كۆكلەم بەزمىسى پەلەككە يەتتى.

× × ×

1995 - يىلى 5 - ئاينىڭ باشلىرى، ھەممەياق باش باھارنىڭ خاسىيىتىدىن لىباس كىيگەن كۈنلەر ئىدى. ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى بايرىمى قۇربان ھېيت يېتىپ كېلىپ، بۇ دىياردىكى خەلقنىڭ خۇشاللىقىغا يەنە بىر خۇشاللىق

قېتىلدى. ئابدۇراخمان قۇربان خوتەن ناھىيەسىنىڭ بىرقىسىم يېزا- بازارلىرىغا بېرىپ نۇۋەتتىكى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالىنى تەكشۈردى ۋە ئاجىز، نامراتلار، يېتىم - يېسىرلارنىڭ قۇربان ھېيتلىق تۇرمۇشىنى ئورۇنلاشتۇردى. ئۇ ۋىلايەتلىك خەلق ئىشلىرى باشقارمىسىنىڭ باشلىقى ھەمدۇللا مامۇت ۋە خوتەن ناھىيەسىدىكى ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ مەسئۇللىرى بىلەن بىرلىكتە، خوتەن ناھىيەسىنىڭ باغچا بازىرى، لايقا، يېڭىئېرىق، يېڭىئاۋات يېزىلىرىغا، يېتىم باللار پاراۋانلىق مەركىزى ھەمدە ياشانغانلار ساناتورىيەسى قاتارلىق ئورۇنلارغا بېرىپ، ئاجىز، مېيىپ، يېتىم باللار ۋە ياشانغانلاردىن قۇربان ھېيتلىق ھال سورىدى. ئۇلارغا ئاق ئۇن، ياغ قاتارلىق ماددىي بۇيۇملارنى تارقىتىپ بېرىپ، ئۇلارنى قۇربان ھېيتنى خۇشال - خۇرام ئۆتكۈزۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش ئارقىلىق، پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ سەمىمىي غەمخورلۇقىنى يەتكۈزدى.

ئابدۇراخمان قۇربان ئەينى ۋاقىتتىكى مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ خەلقپەرۋەر ۋالىسى جۇرئەت مەتىمىنىنىڭ بىۋاستە ئورۇنلاشتۇرۇشى، ئابدۇراخمان قۇرباننىڭ كونكرېت ئەمەلىيلەشتۈرۈشى بىلەن خوتەندىكى يېتىم - يېسىرلاردىن تولۇقسىز ئوتتۇرىدىن يۇقىرى مەكتەپتە ئوقۇپ بولۇپ، نامراتلىق دەستىدىن ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرالماي ئائىلىسىدە تۇرۇپ قالغانلارنىڭ خىزمەتكە ئورۇنلىشىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن خوتەن ۋىلايىتىدىكى ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكوملاردا مەخسۇس يېتىملار سىنىپى تەسىس قىلىپ، مىڭدىن كۆپرەك ئوقۇغۇچىنىڭ بۇ مەكتەپلەرگە ئوقۇشقا كىرىشىگە شارائىت ياراتتى. 1995- يىلى 5- ماي، تەبىئەت ئاجايىپ گۈزەل گۈل-چېچەكلەرگە پۈركەنگەن پەيتتە قۇربان ھېيت يېتىپ كېلىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ خۇشاللىقى ئۈستىگە يەنە خۇشاللىق قېتىلدى. ئابدۇراخمان قۇربان ۋىلايەتلىك مالىيە باشقارمىسى، دۆلەت باج ئىدارىسى ۋە يەرلىك باج ئىدارىسىنىڭ مەسئۇللىرى بىلەن بىرلىكتە، ۋىلايەتلىك مالىيە - ئىقتىساد مەكتىپىگە بېرىپ، مەكتەپ مەسئۇللىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا ئالدىنقى يىلى 10- ئايدا بۇ مەكتەپنىڭ مالىيە، باج كەسپى سىنىپىغا قوبۇل قىلىنغان 40 نەپەر

يېتىم ئوقۇغۇچىدىن ھېيتلىق ھال سورىدى ھەمدە ئىككى تۇياق قوي، 60 كىلوگىرام گۈرۈچ، 60 كىلوگىرام ئاق ئۇن، 10 كىلوگىرام ياغ، 1800يۈەن نەق پۇلنى نەق مەيداندا ھېيتلىق سوۋغىسى سۈپىتىدە باللارغا تارقىتىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ قۇربان ھېيتىنى مۇبارەكلىدى، شۇنداقلا يەنە «خوتەن» مېھمانخانىسىدىن بىر نەپەر ساتىراچىنى تەكلىپ قىلىپ بۇ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان يېتىم باللارنىڭ چاچلىرىنى ھەقسىز ياسىتىپ قويدى.

× × ×

1998 - يىلى 8 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، تاڭ شەپىقىنىڭ نۇرىغا چۆمگەن قەدىمىي شەھەر خوتەن شەھىرىدىكى توققۇز تاناپ يوللارنى ئۆزگەرتىپ ياساش قۇرۇلۇشىنىڭ جۇشقۇن ئەمگەك مەنزىرىسىگە چۆمگەنىدى. ئابدۇراخمان قۇربان خوتەن شەھىرى، خوتەن ناھىيەسى ۋە ۋىلايەتتىكى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرىنى باشلاپ خوتەن ناھىيەلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى ئورگىنى ئالدىدىكى شەھەر يول قۇرۇلۇشى ئەمگەك مەيدانىغا كېلىپ، جىددىي ئىشلەۋاتقان خادىملاردىن ھال سورىغاندىن كېيىن، مۇنداق دېدى:

— يولداشلار، بىز ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ سەمىمىي غەمخورلۇقى، شۇنىڭدەك ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش نازارىتىنىڭ كۈچلۈك قوللىشى ئاستىدا، ۋىلايىتىمىزنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت، مائارىپ، قاتناش، پوچتا - تېلېگراف مەركىزى بولغان خوتەن شەھىرىنىڭ يوللىرىنى ئۆزگەرتىپ ياساش قۇرۇلۇشى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىمىز، يول ياساش ئىنتايىن جاپالىق ئىش. يېقىنقى بىرقانچە يىل مابەينىدە ۋىلايىتىمىزدە قاتناش ۋاستىلىرىنىڭ شىددەت بىلەن كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، خوتەن شەھىرىدە ئىلگىرى ياسالغان يوللار ئۇچقاندەك ئىلگىرىلەۋاتقان ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىيات تەلىپىگە ئۇيغۇنلىشالماي قالدى. خوتەن شەھىرى يوللىرىنىڭ ئۆلچەمسىزلىكى تۈپەيلىدىن كۆپ قېتىم ئېچىنىشلىق قاتناش ھادىسىلىرى

سادىر بولۇپ، خەلقنىڭ ھاياتى ۋە مال ـ مۈلكىنىڭ بىخەتەرلىكىگە ئېغىر دەرىجىدە تەسىر يەتتى. شۇڭا، ھەر مىللەت خەلقى خوتەن شەھىرىنىڭ يوللىرىنى ئۆزگەرتىپ ياساشنى ئوزاقتىن بۇيان ئارزۇ قىلىپ كەلگەنىدى. بۇ قېتىم ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبىرىي ئورگانلارنىڭ زور كۈچ بىلەن ھەر تەرەپلىمە قوللىشى ئارقىسىدا بۇ خاسىيەتلىك ئىشنى قىلىشنى قارار قىلدى، مانا شۇ مۇناسىۋەت بىلەن قۇرۇلۇشنى پىلان بويىچە باسقۇچ ـ تەرتىپ ئاساسىدا ئېلىپ بېرىۋاتىمىز. گەرچە بۇ جەرياندا ئاز ـ تولا جاپا چەكسەكمۇ خەلقنى ئويلاپ جاپانى راھەت بىلىشىمىز كېرەك. چۈنكى، ياساۋاتقىنىمىز ھەر مىللەت خەلقنىڭ بەخت يولى، يول ياساش، كۆۋرۈك سېلىش ئەنئەنە جەھەتتىنمۇ ساۋابلىق ئىش. يول تەلەپكە لايىق ياسىلىپ قانچىكى بالدۇر پۈتسە ھەر مىللەت خەلقىگە بەخت شۇنچە بالدۇر قۇچاق ئاچىدۇ......

1999 ـ يىلى سېنتەبىردە ئابدۇراخمان قۇربان خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىلىقىغا تەيىنلەندى. ئۇ داۋاملىق تۈردە ۋىلايەتنىڭ نامراتلارغا يار ـ يۆلەك بولۇش، سۇ ئېلىپكتىر خىزمىتى، جۇملىدىن قۇدۇق كولاش، بوز يەر ئېچىپ تېرىلغۇ كۆلىمىنى كېڭەيتىش، يېزا ـ كەنتلەرگە توك يەتكۈزۈش ئىشلىرىغا مەسئۇل قىلىندى. بۇ جەرياندا ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مەركىزىي خىزمەتلىرىنى چۆرىدەپ، ۋىلايەتلىك پارتكوم ئوتتۇرىغا قويغان كۈرەش نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن بەزىدە دەم ئېلىش كۈنلىرىنى ئۇنتۇپ، يەنە بەزىدە كۈندۈزنى كېچىگە ئۇلاپ ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا خىزمەت ئىشلىدى. ئۇ خىزمەتلەرنى ئەستايىدىل، ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئىشلەش ئۈچۈن شەرقتە نىيە ناھىيەسىنىڭ ئەندىر يېزىسىدىن تارتىپ تاكى خوتەننىڭ غەربىي دەرۋازىسى ھېسابلىنىدىغان گۇما ناھىيەسىنىڭ نەۋئابات تاجىك مىللىي يېزىسىغىچە بولغان يەتتە ناھىيە، بىر شەھەر، قىسقىسى پۈتكۈل خوتەن دىيارىنى ئايلىنىپ خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. ئاساسىي قاتلام كادىرلار ۋە دېھقانلار بىلەن سىردىشىپ، ئەترapلىق ئەھۋال ئىگىلىدى. ئۇلار ئىشلەپچىقىرىش ۋە خىزمەت داۋامىدا يولۇققان ئەمەلىي قىيىنچىلىق ۋە كونكرېت مەسىلىلەرنى نەق مەيداندا

ھەل قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئاكتىپلىقىغا ئىلھام بەردى. ۋىلايەت بويىچە 1700 كۆز قۇدۇق كولاش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلدى. بۇ قۇدۇقلار ئىشقا كىرىشىپ دېھقانلارغا نەپ يەتكۈزدى. سۇ قىس بولۇش مەسىلىسى مەلۇم دەرىجىدە ھەل بولدى.

1996 - يىلىدىن 2002 - يىلغىچە بولغان سەككىز يىل ئىچىدە ۋىلايەت بويىچە 22 ئورۇندا يېڭىدىن 440 مىڭ مو بوز يەر ئېچىلدى. ھازىر ئۇنىڭ كۆپ قىسمىدىن دېھقانلار ئوبدان پايدىلىنىۋاتىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا نامراتلارنى يۆتكەش تۈرى قۇرۇلۇشى چىڭ تۇتۇلۇپ، دېھقانلارنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ بېيىتىش ئۈچۈن تەربىيەلەش مۇلازىمىتى يولغا قويۇلۇپ كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى. تاشكەنتتە نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇش نۇقتىلىق تۇتۇلۇپ تەجرىبە ھاسىل قىلىنىپ، ئىشنى بالدۇر باشلاپ نەتىجە قولغا كەلتۈرۈلگەن ئۇسۇل ۋىلايەت بويىچە ئومۇملاشتۇرۇلدى. تاشكەنت تەجرىبىسىگە ئاساسەن ئېتىز - ئېرىق بويلىرىدىكى ئۈجمىلەر چىقىرىپ تاشلىنىپ ئورنىغا ياڭاق كۆچەتلىرى تىكىلىپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى كۆپەيتىشكە ئاساس سېلىندى.

× × ×

ئابدۇراخمان قۇربان ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىلىقىدىن خەلق قۇرۇلتىيى ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىغا تەيىنلەنگەندىن كېيىن، ئالدى بىلەن جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى ۋە ئۇنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن يۈرگۈزۈلىدىغان تۈرلۈك قانۇن - نىزاملارنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ جۈملىمۇ جۈملە ئۆزلەشتۈرۈپ، ئۆزىنى قانۇن بىلىملىرى بىلەن قوراللاندۇردى، ئاندىن ۋىلايەت تەۋەلىكىدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە دائىمىي كومىتېتلىرىغا ئۆز قارىمىقىدىكى ھەر مىللەت خىزمەتچى خادىملارغا يۇقىرى تەلەپ قويۇشنى تەكىتلەپ، ئاساسىي قانۇن ۋە تۈرلۈك قانۇن - نىزاملاردا بەلگىلەنگەن تۈپ پىرىنسىپ بويىچە ھوقۇق يۈرگۈزۈپ ئۆز

بۇرچىنى ئادا قىلىش يولىدا ھەممە ئىشتا خەلق مەنپەئەتىنى كۆزلەشتە باشلامچى بولدى. بۇ جەرياندا ۋىلايەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۇچۇن نۇرغۇن ئەھمىيەتلىك ياخشى ئىشلارنى قىلغاچقا، ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى ۋە ئامما ئارىسىدا ياخشى تەسىر قوزغاپ، ئىش ئىزلىرى ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچتى.

ئەخلاق ئادەمنىڭ كۆركى ھەم زىننىتى، ئۇ ئادەمنىڭ بېزىكىلا ئەمەس، بەلكى مەنىۋى ساپاسىنىڭ ھەقىقىي نامايەندىسى، ئەخلاق ئىنسانىيەتنىڭ ئىزگۈلۈك، گۈزەللىك توغرىسىدىكى چۈشەنچىلىرى ۋە نەسىھەتلىرىنىڭ ئىپادىلىنىشى ئەمەس، بەلكى ئۆز پائالىيەتلىرىدە ئىزچىل ئىپادىلەنگەن ئىزگۈلۈك - گۈزەللىكنىڭ راۋان ئېقىنى، شۇنداقلا جەمئىيەتنىڭ ھەقىقىي مەنىۋى قىياپىتى ھەم كامالەت دەرىجىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان غۇبارسىز ئەينەكتۇر. مەلۇم ئادەمنىڭ ۋە جەمئىيەتنىڭ قايسى دەرىجىدە تەرەققىي قىلغانلىقىنى شۇ ئادەم ياكى جەمئىيەت توپلىغان ماددىي بايلىق ھەم تەربىيەلىگەن ئادەم سانى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ باغرىدا تەربىيە ئالغانلارنىڭ ھەقىقىي مەنىۋى قىياپىتى ئارقىلىقلا باھالاش مۇمكىن. بىر ئادەمنىڭ پەزىلىتى ئۇنىڭ مۇئەييەن ئەخلاقىي تونۇشى، ئەخلاقىي تۇيغۇسى، ئەخلاقىي ئىرادىسى ۋە ئەخلاقىي ھەرىكىتى شەكىللەندۈرگەن بىر پۈتۈن گەۋدە، ياخشى ئەخلاق - پەزىلەتكە ئىگە كىشىلەردە توغرا ئەخلاقىي تونۇش، مول ئەخلاقىي تۇيغۇ ۋە قەتئىي ئەخلاقىي ئىرادە بولۇپلا قالماي، تېخىمۇ مۇھىمى مەلۇم ئەخلاقىي ئاڭنىڭ تۈرتكىسىدە باشقىلارغا ياردەم بېرىدىغان، جەمئىيەتكە پايدىلىق ئىشلارنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرىدىغان تاكامۇللۇق يېتىلىدۇ. چۈنكى، ئەخلاق تونۇشىنى مۇناسىپ ئەخلاقىي ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇپ ئېسىل پەزىلەت شەكىللەندۈرۈشنىڭ روشەن بەلگىسى.

ئۆزىگە چىن ئادىمىيلىك، گۈزەل ئەخلاق - پەزىلەتنى ۋە باشقىلارغا مېھىر - شەپقەت يەتكۈزۈشنى ئۆمۈرلۈك ھايات مىزانى قىلغان ئابدۇراخمان قۇربان ھەرۋاقىت، ھەرجايدا خەلققە ياخشىلىق قىلىش ۋە

جەمئىيەتكە تۆھپە قوشۇشنى يۈكسەك نىشان ھەم شەرەپلىك بۇرچ بىلگەچكە، خەلق بىلەن ھەمنەپەس، قەلبداش بولۇپ ياشاپ كەلدى.

× × ×

2005 ـ يىلى ئەتىياز پەسلى ئىدى، مەلۇم بىر دەم ئېلىش كۈنى مۇدىر ئابدۇراخمان قۇربان دائىملىق ئادىتى بويىچە ۋىلايەتنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىدىكى مۇناسىۋەتلىك خادىملاردىن بىر نەچچىنى ئەگەشتۈرۈپ خوتەن شەھىرى ۋە يېقىن ئەتراپتىكى ناھىيەلەرنىڭ يېزا ـ بازارلىرىغا بېرىپ دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ۋە بازار ئەھۋالىنى ئىگىلىدى. كېيىن ئۆزى بازاردىكى ئادەم كۆپ توپلىشىدىغان جايغا ئورۇندۇق قويۇپ ئولتۇرۇپ، خەلق بىلەن بىۋاسىتە ئۇچرىشىپ، پىكىر ـ تەلەپلىرىنى ئەستايىدىل ئاڭلىدى.

لاسكۈي بازىرىدا خانئېرىق يېزىسىدىن كەلگەن بىر دېھقان ئۇنىڭغا ئۆز كەنتىدىكى بىر پېشقەدەم كادىرنىڭ كېسەل بولۇپ يېتىپ قېلىپ ئىنتايىن ئېغىر قىيىنچىلىققا ئۇچرىغانلىقىنى ئىنكاس قىلدى. ئابدۇراخمان قۇربان مەخسۇس ۋاقىت ئاجرىتىپ خوتەن ناھىيەسىنىڭ خانئېرىق يېزىسىدىكى چاقار كەنتىگە بېرىپ، كىشىلەردىن سوراپ ـ سۈرۈشتۈرۈپ پېشقەدەم كەنت كادىرى سادىر ئاكىنىڭ ئۆيىنى تاپتى ۋە ئۇنىڭ ئىلگىرى كەنتنىڭ مۇدىرى ۋە كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى بولۇپ 37 يىل ئىشلەپ دەم ئېلىشقا چىققانلىقى، ھازىر ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغانلىقى، داۋالىنىشقا پۇلى بولمىغانلىقتىن قىيىنچىلىققا ئۇچرىغانلىقىدەك بىر قاتار ئەھۋاللارنى ئۇققاندىن كېيىن ئۇنىڭغا چوڭقۇر ھېسداشلىقى قوزغالدى.

سادىر ئاكا سولغۇن، كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ چاپاق باسقان، ساقال ـ بۇرۇتلىرى ئۆسۈپ خۇددى قۇشلارنىڭ چاڭگىسىدەك بولۇپ قالغان ھالدا كونىراپ كەتكەن ۋەيرانە ئۆيىنىڭ ئالدىدىكى توپا ئۇچۇپ تۇرغان كونا تام تۈۋىدە كىرلىشىپ كەتكەن ئەسكى يوتقانغا يۆگىنىپ ياتاتتى. كۆزلىرى يېغى ئاز قالغان جىن چىراغدەك سۇس پىلىلداپ تۇراتتى.

مۇدھش كېسەللىك ئازابىدىن ئۆرۈۋقلاپ بىر تېرە، بىر سۆڭەككە ئايلىنىپ قالغانىدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، سادىر ئاكا! بىتاپ بولۇپ قالدىلمۇ؟— دېدى ئابدۇراخمان قۇربان بوۋايدىن ئەھۋال سوراپ.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ئادەم قېرىغاندا كېسەلمۇ ئانى تاپىدىكەن،— دېدى بوۋاي بوغۇق ئاۋازدا جاۋاب بېرىپ.

شۇ دەقىقىدە ئابدۇراخمان قۇرباننى كۆرگەن بوۋاينىڭ كۆزلىرىدىن ياش كەلكۈنى تاشقىنلاپ تارشىدەك بولۇپ كەتكەن مەڭزىنى بويلاپ سىرغىپ چۈشتى. بۇ ياشلار بوۋاينىڭ كۆزىدىن ئەمەس، بەلكى يۈرىكىدىن ئاقماقتا ئىدى.

ئابدۇراخمان قۇربان سادىر ئاكىدىن بىر قۇر ئەھۋال ئىگىلەپ، ئۇنىڭ ھەقىقەتەن ئېغىر قىيىنچىلىق تارتىپ قالغانلىقنى ئۇققاندىن كېيىن يۈرىكى ئۆرتىنىپ، خۇددى جاراھەت ئۈستىگە تۇز سۈيى چاچقاندەك ئېچىشتى. بوۋايغا چوڭقۇر ھېسداشلىقى قوزغىلىپ، دەرھال يانفوننى ئالدى - دە، خوتەن ناھىيەسىنىڭ ھاكىمى پەرھات روزىغا تېلېفون قىلىپ، ھازىرلا ناھىيەلىك خەلق ئىشلىرى ئىدارىسىدىن ئىككى يوتقان - كۆرپە، ئىككى خالتا ئاق ئۇن، ئىككى باك ياغ، ئىككى خالتا گۈرۈچ ئەۋەتىپ بېرىشنى ئورۇنلاشتۇردى.

بىر سائەتكە يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە ھاكىم پەرھات روزى ئەۋەتكەن ماددىي بۇيۇملار سادىر ئاكىنىڭ ئائىلىسىگە ئېلىپ كېلىندى. سادىر ئاكا پاكىز، ئاپپاق، يۇمشاق كۆرپىگە ياتقۇزۇلۇپ، ئۈستىگە يېڭى يوتقان يېپىلدى. سادىر ئاكىنىڭ ۋۇجۇدىنى بىردىنلا ئاجايىپ ئىللىق بىر ئېقىم چۇلغاپ، شۇتاپتا ئۆزىنى گويا ئون ياش ياشىرىپ قالغاندەك ھېس قىلدى. ئۇ جەينىكىگە تايىنىپ ياستۇقتىن ئاستا بېشىنى كۆتۈردى - دە، چوڭقۇر سۆيۈنۈش ئىچىدە مۇدىر ئابدۇراخمان قۇرباننىڭ قولىنى چىڭ سىقتى، كۆزلىرىدىن يېپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك ئىسسىق ياشلار تۆكۈلدى. بوۋاي تۇرۇپلا: «بۇ ئۇچۇممۇ ياكى چۈشۈممۇ؟» دەپ ئويلاپ كۆز ئالدىدا زاھىر بولۇۋاتقان بۇ ئىشلاردىن سەل تېڭىرقاپ قالدى. ئەمما، بۇ رىياللىق ئىدى. بوۋاي مەمنۇنىيەت بىلەن ئابدۇراخمان

قۇربانغا قاراپ:

— ئۆزلىرىنىڭ مېنىڭدەك جاپاكەش بىچارىنى يوقلاپ كېلىدىغانلىقلىرىنى زادىلا ئويلىماپتىكەنمەن، بىرقانچە كۈندىن بۇيان كېسىلىم بارغانچە ئېغىرلىشىپ قالدى. داۋالىنىشىمغا ھېچبىر ئىمكانىيەت بولمىغاچقا، قىينىچىلىق ۋە ئازاب ئىچىدە مۇشۇنداقلا ئۆلۈپ كېتەرمەنمۇ؟ دەپ ھاياتىمدىن ئاللىقاچان ئۈمىد ئۈزۈپ، ھەسرەت ئىچىدە ئەزرائىلنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ ياتقانىدىم، مانا بۈگۈن ئۆزلىرى مېنى يوقلاپ كەپلا، سىلى بىلەن كۆرۈشكەنلىكىم مېنىڭ تەلىيىم - بەختىم، شۇتاپتا ئۆزۈمنى ئون ياش ياشىرىپ قالغاندەك ھېس قىلىۋاتىمەن، پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ مېنىڭدەك كېسەلچان، ئاجىز بىچارىنى ئۇنتۇپ قالمىغىنىغا يۈزمىڭ رەھمەت! سىلىدەك مېھرىلىك، ياخشى رەھبەرنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرگەن پارتىيە يۈزمىڭ يىللار ياشىسۇن، — دېدى ئىچ - ئىچىدىن سۆيۈنگەن ھالدا مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرۈپ.

مۇدىر ئابدۇراخمان قۇربان خانئېرىق يېزىسىنىڭ مەسئۇللىرىغا:

— سادىر ئاكا ياش ۋاقتىدا كەنتتىكى كادىر ۋە دېھقانلارنى سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇشقا پائال يېتەكلەپ يېزىنىڭ تەرەققىياتىغا زور تۆھپىلەرنى قوشقان، ھەرقانداق ئادەم يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ھامان قېرىيدۇ، سادىر ئاكىنىڭ بۈگۈنى بىزنىڭ ئەتىمىز بولۇپ قېلىشى مۇمكىن، شۇڭا ھازىرقى ياش كادىرلار پېشقەدەم كادىرلارنىڭ تۇرمۇشىغا ئوبدان كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇلارغا پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ غەمخورلۇقىنى يەتكۈزۈپ، سولغۇن قەلبىنى ئىللىتىپ، ئاخىرقى ئۆمرىنى خاتىرجەم، خۇشال - خۇرام ئۆتكۈزۈشكە ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىشى لازىم، — دېدى ۋە سادىر ئاكىنى دەرھال دوختۇرخانىغا يۆتكەپ كېسىلىنى داۋالىتىشنى ئورۇنلاشتۇردى.

مۇدىر ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ بۇ ئىشى يېزىدىكى ھەر مىللەت كادىرلار ۋە دېھقانلار ئارىسىدا ئىنتايىن ياخشى تەسىر قوزغىدى.

× × ×

2005 - يىلى 3 - ئاينىڭ باشلىرى ئىدى، مۇدىر ئابدۇراخمان

قۇربان مۇناسىۋەتلىك يولداشلارنى باشلاپ، خوتەن شەھىرى، لوپ، خوتەن ناھىيەلىرىگە بېرىپ يېزا ئىگىلىك سېپىدىكى كادىرلار ۋە دېھقانلار بىلەن ئېتىز بېشىدا، ئۆيلەردە ۋە سودا بازارلىرىدا سۆھبەتلىشىپ، ئۇلارنىڭ پىكىر - تەلەپلىرىنى ئەستايىدىل ئاڭلىدى ۋە بىر-بىرلەپ تەپسىلىي خاتىرىلىدى. ئۇ بارغانلىكى جايدا دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشى ھەم ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالىنى، شۇنىڭدەك يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ۋە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ باھاسىنى سوراپ، تەپسىلىي خاتىرىلەپ ماڭدى. خىمىيەۋى ئوغۇت، سولياۋ يوپۇق قاتارلىق يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى باھاسىنىڭ زور دەرىجىدە ئۆسۈپ دېھقانلارغا زور بېسىم ۋە غەم - ئەندىشە ئېلىپ كېلىپ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقىغا مەلۇم دەرىجىدە تەسىر يەتكۈزگەنلىكىنى ئاڭلاپ، دېھقانلارغا كۆچلۈك ھېسداشلىقى قوزغالدى. چۈنكى، بۇ دەل ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئەڭ ھالقىلىق پەيتى بولۇپ، بۇنداق كېتىۋەرسە دېھقانلار زىيان تارتىشى ئېنىق ئىدى. بۇ ئىشقا ئۇ ئىنتايىن جىددىي قاراپ بىرتەرەپتىن ئالاقىدار خادىملارنى تەشكىللەپ، دېھقانلار ئىنكاس قىلغان ئەمەلىي مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەسىس قىلىپ ئىنچىكە تەكشۈردى. خوتەن ۋىلايەتلىك تەمىنات - سودا كوپىراتىپى، خوتەن شەھەرلىك سولياۋ زاۋۇتى، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى شىركىتىنىڭ خوتەندىكى شۆبىسى قاتارلىق ئورۇنلارغا بېرىپ، ئاساسلىق مەسئۇللار ھەم ئالاقىدار خادىملار بىلەن سۆھبەتلىشىپ، خىمىيەۋى ئوغۇت، سولياۋ يوپۇقنىڭ باھاسىنىڭ ئۆسۈپ كېتىشىدىكى سەۋەبنى سۈرۈشتۈردى. بەلگىلىمىدە بېكىتىلگەن باھا بىلەن ئەمەلىي سېتىلىۋاتقان باھانى تەپسىلىي سېلىشتۇردى. ئاشۇنداق تىنىمسىزلىق بىلەن ئەتراپلىق ئىزدىنىش ئارقىلىق ئاخىرىدا سەۋەبنى تېپىپ چىقتى. يەنە بىر تەرەپتىن مەسىلىنى جىددىي ھەم تېز ھەل قىلىش ئۈچۈن شۇ كۈنى چۈشتە تەكشۈرۈش خىزمىتىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى جۇ خەيلۈنگە دوكلات قىلدى ۋە مەخسۇس يازما دوكلات تەييارلاپ يوللىدى. شۇجى جۇ خەيلۈن بۇ دوكلاتقا ئىنتايىن جىددىي قاراپ، ۋىلايەتلىك پارتكوم

ئىشخانىسىدىكى خادىملارغا ئەمەلىي ئەھۋالنى دەرھال دوكلات سۇپىتىدە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىگە يوللاشنى ئورۇنلاشتۇردى. بۇ ئىش شۇ كۈنىلا بېجىرىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىدىكى رەھبەرلەر دوكلاتنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونىنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىدىن يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنىڭ باھاسىغا بولغان نازارەتچىلىكنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، باھانىڭ ئۆرلىشىنى قاتتىق كونترول قىلىپ، دېھقانلارنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزىدىغان ئىشلارنىڭ سادىر بولۇشىدىن قەتئىي ساقلىنىشنى تەلەپ قىلدى ھەمدە خوتەن ۋىلايىتىدىكى دېھقانلارغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ، 4 مىليون يۈەن ئاجرىتىپ، بۇ يىل دېھقانلار خىمىيەۋى ئوغۇت، سولياۋ يوپۇق سېتىۋېلىش جەريانىدا تارتقان زىياننىڭ ئورنىنى تولدۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىشكە ئورۇنلاشتۇردى. بۇنىڭدىن سۆيۈنگەن دېھقانلار: «مەمنۇنىيەت بىلەن، پارتىيە، ھۆكۈمەت ھەمىشە بىز دېھقانلارنى ئويلاپ، غېمىمىزنى يەيدىكەن، پارتىيەنىڭ سەمىمىي غەمخورلۇقىغا بارىكاللا!» دېيىشتى.

× × ×

يېڭى ئەسىرنىڭ پاراۋوزى ھەيۋەت بىلەن يېڭى مەنزىلگە يۈرۈش باشلىدى. يېڭى ئەسىر ھەرقايسى سەپلەرگە يېڭى ھەم تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپلەرنى قويدى. خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە يېڭى ئەسىردە مائارىپ، پەن - تېخنىكا ئارقىلىق خوتەننى گۈللەندۈرۈش ۋە دېھقان - چارۋىچىلارنى نامراتلىقتىن قۇتقۇزۇپ بېيىتىش ئۈچۈن ئۆز يېرىنىڭ ئەمەلىيىتىنى ئاساس قىلغان ھالدا ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان پەن - تېخنىكا بىلىملىرىنى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ھەرقايسى تۈرلىرىگە تەتبىقلاش، كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش، يېزا ئىسلاھاتىنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئۇچۇرغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، يېڭىچە سانائەتلىشىشنى يولغا قويۇش، يەرلىك تەبىئى ئەۋزەللىكنى ئىقتىسادىي

ئۈستۈنلۈككە ئايلاندۇرۇش ئۈستىدە ئەتراپلىق ئىزدىنىپ، مەخسۇس كېڭەيتىلگەن يىغىن ئاچتى. يىغىندا ۋىلايەت رەھبەرلىرى ئۆزلىرىنىڭ تەسەۋۋۇرى ۋە تەرەققىيات يولى ئۈستىدىكى ئىلمىي پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. مۇدىر ئابدۇراخمان قۇربان يىغىن قاتناشچىلىرىغا تەكشى كۆز يۈگۈرتكەندىن كېيىن:

— ۋىلايىتىمىز خوتەن زېمىنى خىلمۇخىل بايلىقلارغا تولغان گۆھەر ماكان، خوتەن قەدىمدىن بۇيان ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك ئىلمىنىڭ بۆشۈكى بولۇپ كەلگەن. ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى 2000 يىلدىن كۆپرەك تارىخقا ئىگە، ئۇ پاراسەتلىك، باتۇر، ئەمگەكچان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇزاق يىللىق تەرەققىيات تارىخى جەريانىدا كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش يولىدىكى كۈرەشلىرىنىڭ ئومۇمىي يەكۈنى بولۇش بىلەن، ۋەتىنىمىزنىڭ تېببىي دورىگەرلىك ئىلمىگە قوشقان شانلىق تۆھپىسى ھېسابلىنىدۇ. ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدىن يېتىشىپ چىققان سان - ساناقسىز تېۋىپ ۋە دورىگەرلەرنىڭ نۇرغۇن قېتىملىق تەجرىبىلىرى ۋە دورىگەرلىك ئىختىرالىرىنىڭ توپلىنىشى ۋە رەتلىنىشى، يېزىپ قالدۇرۇلۇشى نەتىجىسىدە بارغانسېرى راۋاجلانغان خىسلەتلىك ئىلىم، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قىممەتلىك مەنىۋى مىراسلىرىنىڭ بىرى، شۇنداقلا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەقىل-پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى. ۋەتەن تېبابىتى خەزىنىسىدىكى چاقناپ تۇرغان بىباھا گۆھەر. ئەجدادلىرىمىز ئۆزىنىڭ ئۇزاق تەرەققىيات تارىخىدا مۇشۇ تېبابەتچىلىككە تايىنىپ تۈرلۈك كېسەللىكلەرگە قارشى كۈرەش قىلغاندىن سىرت، قىممەتلىك تەجرىبىلىرىنى دەۋرىمىزگىچە داۋاملاشتۇرۇش بىلەن، ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىش ھەم ئۇنى دەۋر بىلەن ماس قەدەمدە تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت شانلىق مۇساپىنى باسقان. ئەمدى بۇ جاپالىق، ئەمما شەرەپلىك ۋەزىپە تارىخىي بۇرچ سۈپىتىدە بىزنىڭ زىممىمىزگە يۈكلەندى. كۆڭۈللەرنى ئەڭ شادلاندۇرىدىغىنى شۇكى، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ ئۇلۇغ تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ تۈرتكىسىدە،

پارتىيە مىللىي سىياسىتىنىڭ پارلاق نۇرى ئاستىدا ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك ئىلمى ئۆزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ مەملىكەتكە، دونياغا تونۇلدى، نۆۋەتتە جۇشقۇن ھاياتىي كۈچكە تولۇپ، ئۆزىنىڭ شىپالىق خىسلىتى ئارقىلىق ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تەن ساغلاملىقىنى ئاشۇرۇشقا تېگىشلىك ھەسسىلەرنى قوشماقتا. دىيارىمىز خوتەندە كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى ئىنتايىن روشەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈش ۋاقتى ئۇزاق، بۇھال بىزگە ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك دورا ئۆسۈملۈكلىرىنى كۆپلەپ تېرىپ ئۆستۈرۈپ، ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك دورىگەرلىك كارخانىلىرىنى خام ئەشيا بىلەن تەمىنلەش، بۇنىڭدىن باشقا خوتەننىڭ ياڭاق قاتارلىق ئەلا سورتلۇق مېۋىلىك دەرەخلىرىنى كۆلەملەشتۈرۈپ يېتىشتۈرۈش، زاراڭزا، زاغۇن، زىغىر قاتارلىق ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنى كۆپلەپ تېرىش ۋە خوتەن قىزىلگۈلى، قاتارلىق دورىلىق ئۆسۈملۈكلەرنىڭ كۆلىمىنى كېڭەيتىشنى ئەۋزەل شارائىت بىلەن تەمىنلىدى. شۇڭا، ۋىلايىتىمىزنىڭ كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشتە يۇقىرىقى ئىككى تەبىئىي ئالاھىدىلىكنى نەزەرىمىزدىن ساقىت قىلماسلىقىمىز كېرەك، — دېدى تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق ھەم ئۈمىدۋارلىق بىلەن.

ئۇنىڭ بۇ تەكلىپ پىكرى يىغىن ئەھلىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشى ۋە قوللىشىغا ئېرىشتى. خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە پۈتۈن ۋىلايەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئىستراتېگىيەلىك كۆرەش نىشانىغا ئاساسەن، 2000 ـ يىلىدىن ئېتىبارەن، ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى ۋە دېھقانلارنى ئۆز يېرىنىڭ تەبىئىي ئەۋزەللىكىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، قىزىلگۈل، ياڭاقزارلىق كۆلىمىنى زور كۈچ بىلەن كېڭەيتىشكە چاقىرغانىدى. ھەممەيلەننىڭ بىرنىيەت، بىر مەقسەتتە بىر ياقىدىن باش، بىر يەڭدىن قول چىقىرىپ تىرىشىپ ئىشلىشى ئارقىسىدا خوتەن يېزىلىرىدىكى بىپايان سالا ئېتىزلاردا ياڭاق دەرەخلىرى يېشىل زۇمرەتتەك جۇللاپ كۆزلەرنى قاماشتۇرغان، ئوتقاشتەك پورەكلەپ ئېچىلغان قىزىلگۈللەرنىڭ خۇشبۇي ھىدى يورەكلەرگە ھۇزۇر بەخش ئەتكەنىدى. 2000 ـ يىلىدىن 2005 ـ يىلى 5 ـ ئايغىچە ۋىلايەت بويىچە

ياڭاقزارلىق كۆلىمى 250 مىڭ موغا، قىزىلگۈل كۆلىمى 50 مىڭ موغا يېتىپ، قىزىلگۈلنىڭ ھەربىر كىلوگىرامى ئالدىنقى يىللاردا 10يۈەندىن 12يۈەنگىچە، ياڭاقنىڭ ھەربىر كىلوگىرامىنىڭ باھاسى 15يۈەندىن 20 يۈەنگىچە بولغانىدى. ياڭاق ھەم قىزىلگۈلدىن ئىبارەت خوتەننىڭ بۇ ئىككى ئېسىل گۆھىرى خوتەن دېھقانلىرىغا زور پايدا ئېلىپ كەلگەنىدى.

ئەپسۇسكى، 2005 - يىلى 5 - ئايغا كەلگەندە تۇرلۇك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن دېھقانلارنىڭ قىزىلگۈل سېتىشى ئىنتايىن قىيىن بولۇپ، 1 كىلوگىرام قىزىلگۈلنىڭ باھاسى ئارانلا 0.5 يۈەنگە چۈشۈپ قالدى. بۇنىڭدىن دېھقانلار چوڭقۇر غەمگە پاتتى. دېھقانلارنىڭ قىزىلگۈل ئۆستۈرۈش ئاكتىپلىقىغا زور دەرىجىدە تەسىر يەتتى. بىرقىسىم دېھقانلار مىڭبىر جاپادا ئاران يېتىشتۈرگەن قىزىلگۈللەرنى بىراقلا قېزىپ تاشلىماقچىمۇ بولۇشتى. ئاچقۇچلۇق پەيتتە مۇدىر ئابدۇراخمان قۇربان بۇ ئىشقا ئىنتايىن جىددىي قاراپ، 5-ئاينىڭ 19 - كۈنى ئەتىگەندە خوتەن شەھىرى، ۋىلايەتلىك ئىقتىساد - سودا كومىتېتى، ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك بانكىسى ۋە يەنە بىرقىسىم ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك خادىملارنى باشلاپ، خوتەن شەھىرىنىڭ قەدىمىي قىزىق دەرۋازا كوچىسىغا جايلاشقان قىزىلگۈل بازىرىغا بېرىپ، قىزىلگۈل سېتىش - سېتىۋېلىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. گۈل سېتىشقا كەلگەن بىرقىسىم دېھقانلار بىلەن سىردىشىپ ئەتراپلىق ئەھۋال ئىگىلىدى. ئۇ گۈل بازىرىدا، شۇنداقلا تېلېۋىزوردا سۆز قىلىپ، دېھقانلارنىڭ ئېتىزلاردىكى قىزىلگۈل كۆچەتلىرىنى ئالدىراپ چىقىرىۋەتمەسلىكىنى كۈچلۈك تەۋسىيە قىلدى، ئاندىن خوتەن شەھىرى قاراقاش ناھىيەسىدىكى قىزىلگۈل ئىشلىتىدىغان زاۋۇت، كارخانا، شىركەتلەرگە بېرىپ ئەھۋال ئۇقتى، ئاخىرىدا ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرى ۋە خادىملىرى بىلەن يىغىن ئېچىپ، دېھقانلارنىڭ قىزىلگۈل سېتىشى قىيىن بولۇش مەسىلىسىنى چوڭقۇر مۇھاكىمە قىلىپ، ئالاقىدار تارماقلارنىڭ خىزمىتىنى زىچ ماسلاشتۇرۇش ئارقىلىق، بۇ ئىشنى ئوڭۇشلۇق ھەل قىلدى. بازار قايتىدىن جانلاندى، دېھقانلار بۇنىڭدىن

ئىنتايىن سۆيۈندى. ئۇنىڭ خەلقپەرۋەرلىكى ھەر مىللەت خەلقى ئارىسىدا كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىدى. خەلق ئامىسىنىڭ ئۇنى «خەلقنىڭ دەردىگە دەرمان رەھبەر»دەپ تەرىپلىشىگە يۇقىرىقىدەك بىرقاتار خەيرلىك، ئەمەلىي ئىشلىرى سەۋەب بولغان.

× × ×

مۆھتەرەم دوستۇم، سىز خوتەنگە بارغانمۇ؟ ئۇنىڭ شەھەر - يېزىلىرىنى كۆرگەنمۇ؟ ئەگەر بارمىغان بولسىڭىز تۆۋەندىكى تەپسىلاتلارغا نەزەر ئاغدۇرۇڭ.

خوتەن تەرىپلەنسە، بەلكىم خىيالىڭىزغا شۇئان ئۇنىڭ قاشتاش، گىلەم، شايى- ئەتلەس قاتارلىق تارىختىن بۇيان داڭلىنىپ كېلىۋاتقان پەخىرلىك كوزىر مەھسۇلاتلىرى كېلىشى مۇمكىن، لېكىن ھازىر خوتەنلىكلەر بۇلاردىنلا پەخىرلەنمەيدۇ. ئالدىنقى بىرقانچە نۆۋەتلىك ئۇرۇمچى ئىقتىساد - سودا يەرمەنكىلىرىدە «ئېھسان مايلىرى» قاتارلىق مەھسۇلاتلار بۇنىڭ ئاددىي دەلىلى سۈپىتىدە مەيدانغا چىققان بولسا، 2006 - يىلى يەرمەنكىدە يەنە بىرنەچچە مىللىي كارخانا بۇنى تېخىمۇ كۈچلۈك دەلىللىدى.

بىرقانچە يىل ئىلگىرى «يۇرۇڭقاش» ماركىسى كىشىلەرگە ناتونۇش ئىدى. بۇ نۆۋەتتىكى يەرمەنكىدە «يۇرۇڭقاش» ھەممىگە تونۇلدى. «يۇرۇڭقاش قۇۋۋەت يېمەكلىكلىرى »خوتەننىڭ يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرىنى ئاساسلىق خام ئەشيا قىلىپ، ئۇيغۇر يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتى بىلەن ھازىرقى زامان پەن -تېخنىكىسى زىچ بىرلەشتۈرۈلۈپ ئىشلەنگەن قۇۋۋەت يېمەكلىكلىرى بولۇپ، قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدىلا «يۇرۇڭقاش قۇۋۋەت يېمەكلىكلىرى» مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىغا تونۇشلۇق مەھسۇلاتقا ئايلاندى. يۇرۇڭقاش قۇۋۋەت يېمەكلىكلەر زاۋۇتىنىڭ باش دىرېكتورى يۈسۈپجان مەمنۇنىيەت بىلەن مۇنداق دېدى: بىز يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرىمىزدىن پايدىلىنىپ سانائەتلىشىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى، رايون ئەۋزەللىكىمىزنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشنى

ئاساس قىلدۇق. مەھسۇلاتلىرىمىز بازارغا سېلىنغاندىن كېيىن ياخشى ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈمگە ئېرىشتۇق. بىز بۇلتۇر يەرمەنكىگە ئارانلا ئىككى خىل مەھسۇلات ئېلىپ كەلگەنىدۇق. بۇ يىل يۇرۇگقاش ياڭاق مايىقى، ئۈزۈم مايىقى، سۈت مايىقى، ئالاھىدە يۇرۇشلۇق ناۋاتلار، خوتەن ياڭىقى قاتارلىق بەش خىل مەھسۇلاتنى ئېلىپ كەلدۇق. يەرمەنكە مەھسۇلاتلىرىمىزنى تونۇتۇشتا ناھايىتى ياخشى سەھنە بولدى. بۇ سەھنىگە چىقىش ئارقىلىق كۆزىمىز ئېچىلدى، نەزەر دائىرىمىز تېخىمۇ كېڭەيدى. بىز بۇندىن كېيىن تېخىمۇ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ «يۇرۇگقاش» ماركىسىنى ھەر مىللەت خەلقى كۆڭلىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالدۇرىمىز……

يەرمەنكە جەريانىدا كىشىلەر خوتەننىڭ ئۇيغۇر تېبابەت دورىلىرىنى، قىزىلگۈل چايلىرىنى ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي ماختاپ قىزغىنلىق بىلەن سېتىۋېلىشتى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان شەھەر ئاھالىلىرى مۇھىتنىڭ ئېغىر دەرىجىدە بۇلغىنىشى ۋە باشقا تەبىئىي، جۇغراپىيەلىك ئامىللار، ئالايلى كۆن نۇرى بىلەن ئۇچرىشىشى ئاز بولۇش، بۇلغانغان كۆكتات، مېۋە - چېۋە ھەم تەييار يېمەكلىكلەرنى كۆپلەپ ئىستېمال قىلىش، بەدەنگە ئېھتىياجلىق ئېنېرگىيەگە ئەھمىيەت بەرمەي، ئاچچىق - چۈچۈك، سوغۇق تەبىئەتلىك يېمەكلىكلەرگە كۆپرەك بېرىلىپ كېتىش، ساقلىقنى ساقلاش ئىشلىرىغا سەل قاراشتەك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بەزى كېسەللىكلەرگە گىرىپتار بولدى.

شىنجاڭ ئىستىقبال سودا تەرەققىيات شىركىتىنىڭ لىدىرى ئابلىكىم ئابدۇللا مۇنۇلارنى بايان قىلدى: «جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئۇچقاندەك ئىلگىرىلىشى، تۇرمۇش رىتىمىنىڭ تېزلىششى بىلەن بىزدە بوزۇغا سۈيۈقلۇقنى ئىشلىتىش ئارقىلىق كېسەل داۋالاش ئەنئەنىسى تاشلىنىپ قالغانىدى. شىركىتىمىز يېقىنقى يىللار ئىچىدە ئەتراپلىق ئىزدىنىش ئارقىلىق خەلقىمىز ئەلمىساقتىن تارتىپ ئىشلىتىپ كەلگەن ئەنئەنىۋى ئۇسۇلنى ھازىرقى زامان پەن - تېخنىكىسى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ياشلار ۋە ياشانغانلارغا ماس كېلىدىغان، يۇقىرى پەن - تېخنىكىلىق

ساقلىقنى ساقلاش، كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش، شۇنىڭدىك چىراينى گۈزەللەشتۈرۈش مەھسۇلاتى بولغان ئىستىقبال قان تازىلاش گۆھىرى، «ئىستىقبال بوزۇغا خانىم - قىزلار ئۇۋۇلىنىش جەۋھىرى، ئىستىقبال ئىشتەي ئاچار قۇۋۋەت جەۋھىرى قاتارلىق بىرقىسىم ئۇيغۇر تېبابەت ساغلاملىق يېمەكلىكلىرى ۋە بىرقىسىم گىرىم بۇيۇملىرىنى ئىشلەپچىقىرىپ بازارغا سالدۇق. بىز يەرمەنكىگە قاتناشقان تۇنجى يىلىلا مەھسۇلاتلىرىمىز خېلىلا ئالقىشلاندى، بۇنىڭدىن كېيىن شىركىتىمىزنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىنى تىرىشىپ ياخشى ئىشلەپ، ئەمەلىي ھەرىكىتىمىز ئارقىلىق ھەر مىللەت كىشىلىرىنىڭ ساغلاملىق ۋە گۈزەللىكى ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپلەپ تۆھپە قوشىمىز.»

ھەر قېتىملىق ئۈرۈمچى يەرمەنكىسى ئۆز ئالاھىدىلىكى ۋە يېڭىلىقلىرى بىلەن يەرمەنكە ئەھلىگە يېڭى تۇيغۇ، يېڭى تەسىرات ئاتا قىلسا، يەرمەنكە قاتناشچىلىرىمۇ يېڭى تېخنىكا، يېڭى مەھسۇلاتلىرى ئارقىلىق ھەر نۆۋەتلىك يەرمەنكىگە يېڭىلىق ئېلىپ كېلىدۇ. بۇ نۆۋەتلىك ئۈرۈمچى يەرمەنكىسىدىمۇ بىر قىسىم يېڭىدىن باش كۆتۈرۈپ چىققان مىللىي كارخانىلار يەرمەنكىگە يېڭى مېھمان سۈپىتىدە قاتنىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ يېڭى مەھسۇلاتلىرىنى نامايان قىلدى.

ياڭاق مۇرابباسى، يۇرۇڭقاش دەريا سۈيى، سەپەرداش چايلىرى، ئەنجۈر، شاتۇت، ئۆرۈك كونسېرۋالىرى...... مانا بۇلار شىنجاڭ خوتەن زەردار سودا تەرەققىيات چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى يەرمەنكىگە ئېلىپ كەلگەن يېڭى سوۋغىلاردۇر. بۇ شىركەت ئەسلىدىكى خوتەن شەھەرلىك ئوتتۇرا ئاسىيا زەردار گۆھەر، قاشتاش مەركىزى ئاساسىدا قۇرۇلغان كەسىپلەشكەن كارخانا بولۇپ، ئومۇمىي مەبلىغى 13 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يېتىدۇ. شىركەتنىڭ باش لىدېرى مۇھەممەت ئابدۇللا ھاجىم مۇنداق دېدى: «پارتىيەنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش سىياسىتىنىڭ تۈرتكىسىدە شىركىتىمىز يوقلۇقتىن بارلىققا كەلدى. خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ كۈچلۈك قوللىشى ئاستىدا ئۈزلۈكسىز گۈللەندى بولۇپمۇ مۇدىر ئابدۇراخمان قۇربان ئالدىراشلىق ئىچىدىن ئاتايەن ۋاقىت چىقىرىپ شىركىتىمىزگە كۆپ قېتىم

كېلىپ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، بىر قىسىم ياخشى كۆرسەتمىلەرنى بەردى. بۇ بىزگە كۈچلۈك ئىلھام بولدى. شىركىتىمىز پايچېك تۈزۈمىدىكى شىركەت بولۇپ، پەن تەتقىقات، ئىشلەپچىقىرىش، سېتىش، مۇلازىمەتنى بىر گەۋدە قىلغان، بىرقانچە يىللاردىن بۇيان شىركەتنى جىددىي خىرىس، كەسكىن رىقابەتتە مەزمۇت پۇت تىرەپ تۇرالايدىغان هالەتكە كەلتۈرۈش ۋە يېڭى تۈرلەرنى مەيدانغا چىقىرىش توغرىسىدا ئەتراپلىق ئىزدەندۇق. هازىرغىچە ئىشلەپچىقارغان يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەهسۇلاتلىرىمىز 10خىلغا يەتتى. بۇ نۆۋەتلىك يەرمەنكە بىزدەك يېڭى كارخانىلار ئۈچۈن ئۆگىنىش، تەجرىبە ئالماشتۇرۇش سورۇنى بولدى. يەرمەنكە ئارقىلىق هەمكارلاشقۇچى تاپتۇق. بىرقىسىم سودىگەرلەر شىركىتىمىزنى ۋە مەهسۇلاتلىرىمىزنى تونۇدى. بۇنىڭدىن كېيىن كارخانىمىزنى ئىلمىي ئۇسۇلدا باشقۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىشنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، يېڭىچە سانائەتلىشىش يولىدا دادىل قەدەملەر بىلەن ئىلگىرىلەپ، خوتەننىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىش، خەلقنى تېزرەك نامراتلىقتىن قۇتقۇزۇپ بېيىتىش ئۈچۈن كۆپرەك تۆھپە قوشۇش ئۈچۈن تىرىشىمىز.»

× × ×

ئابدۇراخمان قۇربان باشچىلىقىدىكى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى 2006- يىلى 7-ئاينىڭ 19-كۈنى لوپ ناهىيەسىدىكى جىيا يېزىسىنىڭ مەدرىس بويى كەنتىگە يېتىپ كېلىپ، ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى ۋە دېهقان-چارۋىچىلاردىن ئەهۋال ئىگىلىدى. نامرات دېهقانلارنىڭ ئۆيلىرىگە كىرىپ، ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش ئەهۋالىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، ئەمەلىي خىزمەتلەرنى چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

جىيا يېزىسى يۇقىرىدىن نامراتلارنى يۆلەش ئۈچۈن بەرگەن مەبلەغنى ئىشلىتىش ۋە تېزرەك ئۈنۈمىنى كۆرۈش ئۈچۈن، ئەتلەس توقۇشنى بىلىدىغان، ئەمما دەسمايىسى يوق نامرات دېهقانلارغا مەبلەغ سېلىپ بېرىپ، ئۇلارنى ئەتلەس توقۇشقا تەشكىللىگەن. دەسلەپكى

قەدەمدە يېزا بويىچە 100دانە ئەتلەس توقۇش ماشىنىسى كەلتۈرۈپ نامرات ئائىلىلەرگە تارقىتىپ بەرگەن، نامرات ئائىلىلەر بۇنىڭ خۇشلۇقىدا ئەتلەس توقۇشنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرغان. بىراق، يېزىلىق باج پونكىتىدىكى خادىملار باج تاپشۇرغۇچى ئوبيېكتلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى بىلەن ھېسابلاشماي، يېزىدىن نامراتلىقتىن قۇتقۇزۇش ئوبيېكتى قىلىپ بېكىتكەن، نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغى بىلەن ئەتلەس توقۇشقا تېخى يېڭىدىن كىرىشكەن نامرات دېھقانلاردىن ھەربىر كىيىملىك ئەتلەس ئۈچۈن ئۈچ يۈەندىن ھېسابلاپ، باج تاپشۇرۇشقا قىستىغان، دېھقانلاردىن ئالغان باج پۇلىغا تالون كېسىپ بەرمىگەن، ئاز ساندىكى بەزى باج خادىملىرى باج پۇلى ھېسابىدا نامرات دېھقانلارنىڭ ئەتلىسىنى ئېلىپ كېتىپ پۇلىنى بەرمىگەن. ئۇلارنىڭ بۇ ئىشى نامرات دېھقانلارنى ئىنتايىن نارازى قىلغان، يېڭىدىن ئەتلەس توقۇشقا كىرىشكەن، باج تاپشۇرۇشقا ئائىلە ئىقتىسادى يار بەرمىگەن نامرات دېھقان ياسىن قاسىم دۇكىنىنى تاقاپ ئەتلەس توقۇشنى توختىتىشقا مەجبۇر بولغان.

ئابدۇراخمان قۇربان بۇ ئىشنى ئۇققاندىن كېيىن ئىنتايىن بىئارام بولۇپ، دەرھال ۋىلايەتلىك ۋە لوپ ناھىيەلىك باج ئىدارىلىرى ھەمدە جىيا يېزىلىق باج پونكىتىنىڭ مەسئۇللىرىنى چاقىرتىپ، ئۇلارنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ۋە ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ نامرات ئائىلىلەردىن ئېلىنىدىغان باجنى كەچۈرۈم قىلىش توغرىسىدىكى 15 ماددىلىق ئېتىبار بېرىش سىياسىتى ۋە بەلگىلىمىسىگە خىلاپلىق قىلىپ، نامرات دېھقانلارنى قاقشاتقانلىق قىلمىشىنى نەق مەيداندا كەسكىن تەنقىدلىدى، شۇنداقلا لوپ ناھىيەلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى ۋە ۋىلايەتلىك باج ئىدارىسى، لوپ ناھىيەلىك باج ئىدارىسى، جىيا يېزىلىق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ مەسئۇللىرىغا تېزلىكتە بىر گۇرۇپپا تەشكىللەپ، بۇ يېزىدىكى باج خادىملىرىنىڭ كەسپىتىكى ناتوغرا ئىستىللىرىنى تېزلىكتە تەكشۈرۈپ، دەرھال بىر تەرەپ قىلىشنى ئورۇنلاشتۇردى. بۇنىڭ بىلەن يۇقىرىقى ئورۇنلار بىرلىكتە بىرلەشمە تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۇلار سادىر قىلغان ناتوغرا قىلمىش، ناچار ئىش، ئەمەلىي

مەسىلىلەرگە ئاساسەن بۇ يېزىدىكى ئۈچ نەپەر باج خادىمىنى خىزمەتتىن توختاتتى ھەمدە يېزا بويىچە نامراتلارنى يۆلەش ئوبيېكت قىلىنغان، ئەتلەس توقۇيدىغان نامرات دېھقانلاردىن قەتئىي باج ئالماسلىقنى چوڭ يىغىندا جاكارلىدى. بۇ ئىش كادىرلار ۋە نامرات دېھقانلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى ھەمدە جىيا يېزىسىدا ئەتلەسچىلىك كەسپىنىڭ تەرەققىياتىغا، شۇنىڭدەك ئەتلەسچىلىكتىن پايدىلىنىپ، كىرىمنى ئاشۇرۇپ، دېھقانلارنىڭ بېيىشىغا زور دەرىجىدە تۈرتكە بولدى.

× × ×

ئابدۇراخمان قۇربان باشچىلىقىدىكى ۋىلايەتلىك خىزمەت گۇرۇپپىسى 7 - ئاينىڭ 23 - كۈنى گۇما ناھىيەسىنىڭ كۆكتېرەك يېزىسىغا يېتىپ بېرىپ، يېزا مەسئۇللىرىنىڭ نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغىنى ئىشلىتىش ۋە نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش خىزمىتى ھەققىدىكى دوكلاتىنى ئاڭلىدى ھەمدە نەق مەيدانغا بېرىپ، خىزمەتلەرنى ئىنچىكە تەكشۈردى. بۇ يېزىغا بىر مىليون 450 مىڭ يۈەن نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغى بېرىلگەن بولۇپ، ئۇلار بۇ پۇل بىلەن يېزا بويىچە بەش كىلومېتىر ئۆستەڭنى سۇ سىڭمەس قىلىپ ياساشنى پىلانلاپ، بىر قانچە جايغا كۆۋرۈك، زاكۇ سېلىشنى گۇما ناھىيەلىك بىناكارلىق - قۇرۇلۇش شىركىتىگە ھۆددىگە بەرگەن. ئەينى چاغدىكى مۇئاۋىن شۇجى ئابدۇراخمان قۇربان بۇ ئىشنى ئۇققاندىن كېيىن، ناھىيە ۋە يېزا مەسئۇللىرىغا دېھقانلاردىن مەخسۇس بىر سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى ئەترىتى تەشكىللەپ، ناھىيەلىك سۇ ئېلېكتىر ئىدارىسىدىن تېخنىكا يېتەكچىسى تەكلىپ قىلىپ قۇرۇلۇشنى دېھقانلار ئۆزى ئىشلەشنى، ناھىيەدىكى ئالاقىدار تارماقلار نازارەت قىلىشنى، بۇ ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغىنىڭ سىرتقا ئېقىپ كېتىشىنى توسۇپ دېھقانلارنىڭ كىرىمنى كۆپەيتىشنى تاپىلىدى.

7 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ئابدۇراخمان قۇربان خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكى كادىرلارنى باشلاپ خوتەن شەھىرىگە قاراشلىق ئاخچال

باشقۇرۇش رايونىغا كېلىپ، ئاۋۋال بۇ ئورۇن مەسئۇللىرىنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلىدى، ئاندىن ئىشلەپچىقىرىشنىڭ بىرىنچى سەپىگە بېرىپ ئاساسىي قاتلام كادىرلار ۋە دېھقانلارنىڭ پىكىر - تەكلىپلىرىنى ئاڭلاپ، نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى ئۈستىدە ئەتراپلىق تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. ئاخچال باشقۇرۇش رايونى دېھقانچىلىق مەيدانى ئاساسىدا قۇرۇلغان بولۇپ، سەككىز كەنت، 769 ئائىلە، 3412 نوپۇس، 18 مىڭ مو تېرىلغۇ يەر بار ئىدى، بۇلار ئىچىدىن 267 ئائىلە، 863 نوپۇس نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئوبيېكتى قىلىنىپ بېكىتىلگەن، ۋىلايەتكە بىۋاستە قاراشلىق ئورۇنلار ۋە خوتەن شەھىرىدىن بولۇپ سەككىز ئىدارە- ئورگان بۇ ئورۇننى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنى ھۆددىگە ئالغان، بۇ يىل دېھقانلار 3 مىڭ مو يەرگە قوغۇن - تاۋۇز تېرىپ، پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ ئىلمىي ئۇسۇلدا پەرۋىش قىلىپ باشقۇرغانلىقتىن قوغۇن - تاۋۇزلار ناھايىتى ئوخشىغان، ئەمما بۇ باشقۇرۇش رايونى بىلەن خوتەن شەھىرىنىڭ ئارىلىقى يىراق بولغاچقا، دېھقانلار قوغۇن - تاۋۇزلىرىنى ۋاقتىدا بازارغا ئاپىرىپ ساتالماي، بىر قىسىم دېھقانلارنىڭ قوغۇن - تاۋۇزلىرى سېسىپ كېتىپ زور زىيان بولغان، تەكشۈرۈش داۋامىدا ئابدۇراخمان قۇربان ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن، خوتەن شەھىرىنىڭ مەسئۇللىرىغا بۇ ئورۇننى نامراتلىقتىن قۇتقۇزۇشنى ھۆددىگە ئالغان ئىدارە -ئورگانلاردىن دەرھال ئادەم كۈچى ۋە قاتناش ۋاستىلىرىنى تەشكىللەپ دېھقانلارغا ياردەملىشىپ، ئۇلارنىڭ قوغۇن- تاۋۇز سېتىشى قىيىن بولۇش مەسىلىسىنى تېزدىن ھەل قىلىشنى ئورۇنلاشتۇردى. خوتەن شەھىرىدىكى سەككىز ئورۇن 12نەپەر كادىر، 16 قاتناش ۋاستىسى تەشكىللەپ ئۇلارنى ئاخچال باشقۇرۇش رايونىدىكى دېھقانلارغا ياردەملەشتۇرۇپ، دېھقانلارنىڭ قوغۇن- تاۋۇز سېتىشى قىيىن بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلدى، قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا دېھقانلار 7184 يۈەنلىك قوغۇن - تاۋۇز ساتتى.

× × ×

2001- يىلى ئەتىيازدا قاراقاش ناھىيەسىنىڭ سايباغ يېزا

كۆكتېرەك كەنتىدىكى61 ياشلىق نامرات دېھقان ئابدۇللا غازى تۇرمۇشتا قىيىنلىپ قالغانلىقىنى ئىنكاس قىلىپ، ئابدۇراخمان قۇربانغا خەت يازغانىدى، ئۇ بۇ نامرات دېھقاننىڭ ھال ئېيتىپ يازغان خېتىگە ئاساسەن، قاراقاش ناھىيەسىنىڭ ۋە سايباغ يېزىسىنىڭ بىر قىسىم مەسئۇللىرىنى باشلاپ، ئابدۇللا غازىنىڭ ئائىلىسىگە يېتىپ بېرىپ، ئۇنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئائىلە تۇرمۇشىنى تەكشۈردى، ئاندىن ئۇنىڭغا ئۆز يېنىدىن پۇل ۋە ماددىي بۇيۇم ياردەم قىلدى ھەمدە ناھىيە ۋە يېزا مەسئۇللىرىغا ئابدۇللا غازىغا ياردەم قىلىپ، قىيىنچىلىقىنى تېزلىكتە ھەل قىلىشنى، ئۆي سېلىپ بېرىشنى، نامراتلارغا يار - يۆلەك بولىدىغان مەبلەغدىن ئاجرىتىپ قوي ئېلىپ بېرىشنى، گىلەم توقۇشقا مەبلەغ ياردەم قىلىشنى ئورۇنلاشتۇردى. 2002- يىلى7- ئاينىڭ 30- كۈنى يەنە قاراقاش ناھىيەسى ۋە سايباغ يېزىسىنىڭ مەسئۇللىرىنى باشلاپ ئابدۇللا غازىنىڭ ئائىلىسىگە بېرىپ ئالدىنقى يىلى ئورۇنلاشتۇرغان خىزمەتلەرنىڭ ئەمەلىيلەشكەن - ئەمەلىيلەشمىگەنلىكىنى تەكشۈردى. ئۇ ناھىيە ھەم يېزا مەسئۇللىرىنىڭ ئابدۇللا غازىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۈچ ئېغىزلىق ئۆي سالدۇرۇپ بەرگەنلىكىنى، تۆت تۇياق قوي ئېلىپ بەرگەنلىكىنى، گىلەم جازىسى ھەل قىلىپ بېرىپ، گىلەم توقۇشقا شارائىت يارىتىپ بەرگەنلىكىنى، يېزا مەسئۇللىرى باشلامچى بولۇپ، ئىدارە - ئورگان كادىرلىرى قاتناشقان ئۆي مۇبارەكلەش مەرىكىسى ئۇيۇشتۇرۇپ 500 يۈەن ئىئانە توپلاپ، ئۆيىنى سەرەمجانلاشتۇرۇپ بەرگەنلىكىنى، بۇنىڭ بىلەن ئابدۇللا غازىنىڭ تۇرمۇشىدا زور ياخشىلىنىش بولغانلىقىنى ئاڭلىغان ۋە كۆرگەندىن كېيىن ئىنتايىن خۇشال بولدى.

— كادىر دېمەكلىك، — دېدى ئۇ كادىرلارغا، — خەلقنىڭ چاكىرى بولۇش دېمەكتۇر، بىز كادىر بولغان ئىكەنمىز، ھەرۋاقىت پارتىيەنىڭ سۆزىنى ئاڭلىشىمىز، خەلقنىڭ تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، دەرد - ھالىغا يېتىشىمىز كېرەك، شۇنداق قىلغاندىلا بىز چىمىز ئادا بولىدۇ، پارتىيە ۋە خەلقنىڭ بىزدىن كۈتكەن ئۈمىدى ئاقلىنىدۇ، خەلقنىڭ تۇرمۇشى، ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن كارى بولمىغان كادىر

ھەرگىزمۇ ياخشى كادىر ئەمەس!

× × ×

2002 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى، ئابدۇراخمان قۇربان قاراقاش ناھىيەسىنىڭ ھاكىمى ئەركىن ئابدۇرازاقنىڭ ھەمراھلىقىدا يېڭىيەر يېزىسىنىڭ سايباغ كەنتىگە كېلىپ، دېھقانلارنىڭ ئۈزۈم تېلى ۋە پىياز، شوخلا، مۇچ قاتارلىقلار كىرىشتۈرۈپ تېرىلغان ئېتىزلىقلىرىنى كۆزدىن كەچۈردى، ئاندىن ئېتىزغا سۇ تۇتۇۋاتقان ياش دېھقان مەتتوختىنىڭ ئېتىز قىرىغا ئۈزۈم تېلى كۆچىتى سالغانلىقىنى، ئوتتۇرىسىغا مۇچ، پىياز قاتارلىق كۆكتاتلارنى تېرىغانلىقىنى، ئۈزۈم تېلىنىڭ ياخشى ئۆسۈپ، كۆكتاتلىرىنىڭمۇ راسا ئوخشىغانلىقىنى كۆرۈپ مەمنۇن بولغان ھالدا ئۇنى تېخىمۇ تىرىشىپ ئىشلەشكە رىغبەتلەندۈردى. كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى ئابباس ئەخمەتتىن ۋىلايەتلىك پارتكوم ئىلگىرىكى «بەشتە بىر تۇتاش بولۇش» نى «بەشتە مۇلازىمىلىق قىلىش» قا ئۆزگەرتكەندىن كېيىن، كەنت كادىرلىرىنىڭ قانداق خىزمەتلەرنى ئىشلىگەنلىكىنى سوراپ، كەنتتىكى كادىرلارنىڭ دېھقان ـ چارۋىچىلارغا ئەلا مۇلازىمەت قىلىپ، دېھقانلارنىڭ نېمە پۇل بولسا، نېمىنىڭ بازىرى بولسا شۇنى تېرىشىغا يول قويۇشنى، كىرىمنى ئاشۇرۇشقا پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشنى تەلەپ قىلدى.

ئابدۇراخمان قۇربان ۋە ھەمراھلىرى بۇ يېزىنىڭ كۈيۈكئېغىل كەنتىگە كېلىپ، باغۋەنچىلىك ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈردى، بۇ كەنتتە 970 نوپۇس، 265 ئائىلە، 1720 مو تېرىلغۇ يەر بولۇپ، ئۇلار ئۆز يېرىنىڭ مېۋىلىك كۆچەت ئۆستۈرۈشكە باب كېلىشتەك تەبىئىي ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ، 80 ـ يىللاردا دېھقانلارنى پەن ـ تېخنىكىغا تايىنىپ سايىكا ئۈزۈمنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇشقا يېتەكلىگەن. 90 ـ يىللاردا كېۋەز تېرىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن ۋىلايەت بويىچە باشقا جايلاردىكى بولاققا كىرگەن، ئۈنۈم بېرىۋاتقان

سايىكا تاللار چىقىرىۋېتىلگەن بولسىمۇ، بۇ كەنت چۆللۈك ئوتتۇرىسىدا بولغىنى ئۈچۈن ئەسلىدىكى سايىكا تاللىرى ئاپەتتىن قۇتۇلۇپ قالغان ۋە داۋاملىق تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ، بۇنىڭ بىلەن ئۆتكەن يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە كەنت بويىچە سايىكا ئۈزۈم تېلى كۆلىمى 1100 موغا، باغۋەنچىلىكتىن قىلىنغان كىرىم 1 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە، دېھقانلارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە كىشى بېشى كىرىمى1300 يۈەنگە يېتىپ، بۇنىڭ ئىچىدە باغۋەنچىلىك كىرىمى 660 يۈەننى ئىگىلىگەن. تۇرسۇن مۇھەممەت ئىسىملىك دېھقاننىڭ ئۈزۈمچىلىكتىن قىلغان يىللىق كىرىمى 17 مىڭ 600 يۈەنگە يەتكەن. يېقىنقى يىللار ئىچىدە 75 ئائىلە ئۈزۈمچىلىككە تايىنىپ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىغان. ئابدۇراخمان قۇربان بۇنى ئۇققاندىن كېيىن، كادىرلار ئىشلەپچىقىرىشقا خەلقنىڭ ئارزۇسى بويىچە جايلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى چىقىش قىلىپ يېتەكچىلىك قىلىشى، قارىغۇلارچە قوماندانلىق قىلماسلىق لازىملىقىنى تەلەپ قىلدى.

ئابدۇراخمان قۇربان شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن، كاۋاك يېزىسىغا يېتىپ بېرىپ، يېزا مەسئۇللىرىنىڭ ئومۇمىي خىزمەتلەر توغرىسىدىكى دوكلاتىنى ئاڭلىدى، ئاندىن بۇ يېزىنىڭ چىنارباغ كەنتىگە بېرىپ، ئېتىزلارنى كۆزدىن كەچۈردى. كەنت كادىرلىرىنىڭ دېھقانلار ئۈچۈن ئەلا مۇلازىملىق قىلىپ، ئۇلارنى باغۋەنچىلىككە تايىنىپ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشقا يېتەكلىگەنلىكىنى ئۇقتى ھەمدە ئالدىن بېيىغان دېھقان مەھەممەت ئەخمەتنىڭ ئۆيى، ھويلا- ئارانلىرى، ئېتىزلىرىنى كۆردى. مەھەممەت ئەخمەت ئالدىنقى يىلى 4600 يۈەن سەرپ قىلىپ، يېڭى ئېغىل ساپتۇ، ئىككى تۇياق كالا، ئالتە تۇياق قوي ئاپتۇ ھەم كەپتەر بېقىپتۇ، ئۆيىنىڭ ئەتراپىدىكى ئېتىزلىقلارغا ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنى كىرىشتۈرۈپ تېرىپتۇ. ئۇنىڭ ئۈزۈم تاللىرىنىڭ بىدىشلىرىدىكى چېكىلگەن ئۈزۈملەر ئادەمنىڭ زوقىنى قوزغايتتى. كەنتتە بۇنداق ئالدىن بېيىغان ئائىلە خېلىلا كۆپ ئىدى. ئابدۇراخمان قۇربان مەھەممەت ئەخمەتنىڭ چېۋەر، ئىشچانلىقىغا قايىل بولۇپ، ئۇنىڭ نەتىجىلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈردى، شۇنداقلا تېخىمۇ كۈچىنىپ ئىشلەپ يەنىمۇ زور

نەتىجىلەرنى قولغا كالتۇرۇشكە رىغبەتلەندۇردى. كادىرلاردىن بۇنداق تىپلارنىڭ تەجرىبىسىنى ئومۇملاشتۇرۇپ، دېھقانلارنى ئەمەلىي يېتەكلەشنى تەلەپ قىلدى.

كاۋاك يېزىسى قاراقاش ناھىيەسىنىڭ مەركىزىدىن 47 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان، چەت - ياقا، نامرات، يېزا بولۇپ، يېقىنقى بىرقانچە يىل داۋامىدا، يېزا رەھبەرلىكى دېھقان - چارۋىچىلارنى باغۋەنچىلىك، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنى راۋجلاندۇرۇشقا يېتەكلىگەن. نەتىجىدە ئۇزۇم تېلى ئاساس قىلىنغان باغۋەنچىلىك ۋە چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى تېز راۋاجلىنىپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمى يىلسېرى كۆپەيگەن. ئابدۇراخمان قۇربان بۇ يېزىدىكى ئۆزگىرىشلەردىن، بولۇپمۇ ئۇزۇمچىلىكتە تايىنىش ئارقىلىق دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشىدا بارلىققا كەلگەن ياخشىلىنىشلاردىن سۆيۈنگەن ھالدا:

— ۋىلايەتلىك پارتكوم يېزا ئىگىلىكىدە بارلىق خىزمەتلەرنى دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشقا قارىتىشنى ئوتتۇرىغا قويدى، نىشان ناھايىتى ئايدىڭ، يېزا ئىگىلىكىدە دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشقا پايدىلىق بولغانلىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى دادىللىق بىلەن ئىشلەش كېرەك. ياپسام پىشارمۇ؟ كۆمسەم پىشارمۇ ياكى جىم تۇرايمۇ؟ دەپ دېلىغۇل بولۇشقا قەتئىي بولمايدۇ. كەنت كادىرلىرى چوقۇم قانۇن - تۈزۈمگە ئاڭلىق رىئايە قىلىش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا نېمىدە كۆپ پۇل تاپقىلى بولسا دېھقانلارنى شۇنى تېرىشقا يېتەكلىشى ھەمدە ئۆز يېرىنىڭ تەبىئىي ئەۋزەللىكىنى ئىقتىسادىي ئەۋزەللىككە ئايلاندۇرۇشقا ماھىر بولۇشى لازىم. پەقەت شۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن دېھقان - چارۋىچىلارنى تېزلىكتە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ بېيىتقىلى بولىدۇ، — دېدى تولۇپ تاشقان ئىشەنچ ۋە ئۈمىدۋارلىق بىلەن.

× × ×

مۇشۇ كۈنلەردە خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ھەممىلا يېرى پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ، ئۆز يېرىنىڭ ئەۋزەللىكىنى ئىقتىسادىي ئۈستۈنلۈككە

ئايلانـدۇرۇش ئـارقىلىق نـامراتلىقتىن قۇتۇلـۇپ بېيىـشنىڭ قاينـام - تاشقىنلىق مەنزىرىسىگە چۆمگەنـدى. ئابـدۇراخمان قۇربـان ۋىلايەتتىكى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرىنى باشلاپ، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى، خوتەن ۋىلايىتى بويىچە تونۇلغان دېھقان ئايال كارخـانىچى، خـوتەن ناھىيەسـىنىڭ توسـاللا يېزا جالالبـاغ كەنتـىدىكى گىلەمچىلىك كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىپ ئالـدىن بېيىغان مەرىپەتـپەرۋەر دېھقـان روزىنىساخاننىڭ ئائىلىسـىگە يېتىـپ كەلگەنـدە چاشـكا ۋاقتـى بولغانىدى. ئابدۇراخمان قۇربان ۋە ھەمراھلىرى روزىنىساخاننىڭ گىـلەم كارخانىسىغا كىرگەنـدە جۇشقۇن، كۆتۈرەڭگۈ روھلۇق بىـر تۈركـۈم قىـز - يىگىتلەر دەستىگاھ ئالدىدا ئولتۇرۇپ گىلەمنىـڭ ئۆرۈچلىرىگە چىۋەرلىك بىـلەن رەتىملىـق پەنـجە ئۇرۇۋاتـاتتى. ئۇلارنىـڭ چىرايىـدىن بىـر خىـل خاتىرجەملىـك ۋە ئـۆز ئىـشىغا بولغـان قىزغىنلىـق چىقىـپ تـۇراتتى. ئابـدۇراخمان قۇربـان روزىنىـساخاننىڭ يـول باشلىـشى بىـلەن گىـلەم ئامبىرىغا كىرگەنـدە تامغا ئېسىپ قويۇلغان ھەر خىل نۇسخىدىكى رەڭدار گىلەملەر ئوتقاشتەك جۇلالاپ، كىشىگە خۇددى چىمەنزارنى كۆرگەنـدەك تۇيغـۇ بېرەتتـى. روزىنىـساخان ئۆزىنىـڭ ئىگىلىـك تىكلـەش جەريـانىنى سۆزلەپ بەردى.

روزىنىساخاننىڭ ئائىلىسىدە بەش نوپۇس، ئىككى ئەمگەك كۈچى بولۇپ، «داشقازان» تـامىقى يېيىلـدىغان يىللاردا ئائىلىـسىدىكىلەرنىڭ تۇرمۇشـى نـامراتلىق، غۇربەتچىلىـك ئىچىـدە ئـۆتكەن. پارتىيەنـىڭ ئىـسلاھات، ئېچىـۋېتىش سياسـىتى يولغـا قويۇلغانـدىن كېـيىن روزىنىساخان ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىدىن كۆتۈرە ئالغان تـۆت مـو يەرنـى ئىلمىي ئۇسـۇلدا تۇجۇپىلەپ تېرىـپ، ھەر يىلـى مـول ھوسـۇل ئالغـان. لېكىن، دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللىنىپلا تېز بېيىغىلى بولمايـدىغانلىقىنى تونـۇپ يەتـكەن روزىنىـساخان 1992 - يىلـى ئېـرى مۇھەممەتئىمىن بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، قولـدىكى 300 يـۈەن دەسمايە بىلەن گىلەم توقۇشقا كىرىشكەن. شۇ يىلى سەككىز پارچە گىلەم توقۇپ 6200 يـۈەن كىـرىم قىلغـان. ئـۇ يەنە بانكىـدىن 40 مىـڭ يـۈەن قەرز ئېلىپ، 300 كىۋادرات مېتىر كۆلەمگە ئىگە بىر گىلەمچىلىك كارخانىسى

قـوروپ ئـۆز مەھەللىـسىدىكى نـامراتلار پەرزەنتلىـرى ۋە ئـاجىز، يېـتىم ياشلاردىن 30 كىشىنى شاگىرتلىققا قوبۇل قىلىـپ، دەستىگاھنى 28 گە يەتكۈزگەن. ئۇچۇرغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، ئاتـا ـ بـوۋىلىرىمىزدىن مىراس قالغـان تەۋەررۇك گىـلەم نۇسخىلىرى بىـلەن ھـازىرقى زامانـدىكى گىلەم نۇسخىلىرىنى ئورگانىـك ھالـدا بىرلەشـتۈرۈپ، شـەكلى ئـۆزگىچە، جەزىبـدار بىـر خىـل گىـلەم نۇسخىـسىنى كەشـىپ قىلغـان. بـۇ نۇسـخا ئىنتـايىن بـازار تاپقـان. ئۇنىـڭ كارخانىـسىدا توقۇلغـان گىلەملەرنىـڭ سۈپىتى ياخشى، باھاسـى مۇۋاپىـق بولغاچقـا، خېرىـدارلار ئـىزدەپ ـ سوراپ بىۋاسـىتە كارخانىسىغا كېلىـپ، گىلەملىرىنـى سېتىۋالغان. يەنە بەزى خېرىدارلار ئۇنىڭ بىلەن گىـلەم سېتىۋېلىش ـ سېتىش توختامى تـۈزگەن. ئۇنىـڭ كارخانىـسىدا ئېكـسپورت، بۇيرۇتمـا گىلەمـلەر كـۆپ توقۇلىدىكەن. نۆۋەتتە، توقۇلۇۋاتقان گىلەملەرنىڭ نۇسخىسى ئىلگىرىكى بەش خىلـدىن 27 خىلغـا، گىـلەم توقۇيـدىغانلارنىڭ سـانى ئىلگىرىكـى ئون نەچچە كىشىدىن 135 كىشىگە يېتىـپ، ئـايلىق ئىش ھەققى 260 يۈەندىن 500 يۈەنگىچە بولغان.

روزىنىساخان ئائىلە كارخانىسىدا گىلەمچىلىك ئۆزلۈكسىز راۋاجلىنىپ ئىقتىـسادىي ئەھـۋالى ياخشىلانغانـسېرى 25 مىـڭ يـۈەن سـەرپ قىلىـپ، زامانغا لايىق ئۆي سېلىـپ، ئېسىل جابدۇقلار بىـلەن سەرەمجانلاشـتۇرۇپ، تۇرمـۇش شـارائىتىنى تېخىمـۇ ياخـشىلىغان. 2001 ـ يىلىنىـڭ ئاخىرىغـا كەلگەندە كارخانىسىدا توقۇلغـان گىلەملەرنىـڭ ئومـۇمىي كـۆلىمى 1458 كىۋادرات مېتىرغا، ئۇنىڭدىن قىلىنغـان كىـرىم 452 مىـڭ يـۈەنگە، ساپ پايدىسى 48 مىڭ 200 يۈەنگە يەتكەن.

توساللا يېزىسىنىڭ باشلىقى مەمتىمىن قادىر مۇنداق دېدى:

— روزىنىساخان يېزىمىز دېھقانلىرىنىـڭ ئىپتىخارى، ئـۇ بېيىغانـدا ئەل ـ يۇرتنى، نامراتلارغا ياردەم بېرىشنى ئۇنتۇمىدى، ئـۆز كارخانىـسىدا ئىشلەيدىغان ئۈچ نـامرات ياشـنىڭ تـويىنى قىلىـپ قويـدى. باققۇچـىسى يـوق ئـاجىز، مېيىـپ، كېـسەللەرگە ئېھتىيـاجلىق مـاددىي بۇيـۇملارنى يەتكـۈزۈپ بېـرىش ئـارقىلىق ئۇلارنىـڭ قەلبىنـى ئىللىتتـى. نـامرات ئائىلىلەرگە 45 مىڭ 237 يۈەن ياردەم قىلدى. قىلىدىغان ئىش تاپالماي

تېگىرقاپ قالغان نامرات ئائىلىلەردىكى بىر قىسىم ئېشىنچا ئەمگەك كۈچلىرىنى ئۆز كارخانىسىدا گىلەم توقۇشقا تەشكىللەپ، ئىش تېپىش بېرىش يولى ئارقىلىق ئۇلارنى نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشقا يېتەكلىدى. ئۇ ھەقىقەتەن يېزىمىز ئاياللىرىنىڭ ئۈلگىلىك باشلامچىسى بولۇشقا مۇناسىپ.

روزىنىساخان ئۆزىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى پىلانلىرى ئۈستىدە توختىلىپ، تۆۋەندىكىلەرنى بايان قىلدى:

— مەن پارتىيەنىڭ توغرا سىياسىتىنىڭ تۈرتكىسىدە ھالال ئەمگىكىمگە تايىنىپ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىدىم. شۇڭا، پارتىيەدىن، دەۋرىمىزدىن ئىنتايىن مىننەتدارمەن. مەن بېيىغىنىم بىلەن نۇرغۇن يۇرتداشلىرىم تېخى نامراتلىق ئىسكەنجىسىدە ياشاۋاتىدۇ، ئۇلارنىمۇ بېيىشقا يېتەكلىمىسەم بولمايدۇ. چۈنكى، بىر گۈل ئېچىلغان بىلەن باھار بولمايدۇ. بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلغاندىلا، ئاندىن كۆركەم باھار بولىدۇ. نۆۋەتتە پارتىيەنىڭ سىياسىتى بەكمۇ ياخشى، زامان دېھقانغا باقتى، راستتىنلا قولدەك ئىشلەپ، بەگدەك ياشايدىغان زامان بولۇۋاتىدۇ، ھازىر گىلەم توقۇيدىغان سىڭىللىرىم كىچىكلىك قىلىۋاتىدۇ، شۇڭا ئەتراپلىق ئىزدىنىپ، يېڭىدىن يىپ ئېگىرىش، بوياش، پەردازلاش، كۆرگەزمە قىلىش سېخى، چوڭ كۆلەملىك گىلەم ئامبىرى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 450 كىۋادرات مېتىر كۆلەمگە ئىگە بىر گىلەم كارخانىسى سالماقچى بولۇۋاتىمەن. گىلەم توقۇيدىغانلارنى ھازىرقى 135 تىن 500 كىشىگە يەتكۈزۈپ، كارخانامنى ناھىيەمىز بويىچە ئەڭ ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان پۇقراۋى ئىگىلىكتىكى يۇقىرى ئۈنۈملۈك مەدەنىي كارخانىغا ئايلاندۇرىمەن، ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مېنى قوللىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

— يارايلا، روزىنىساخان، ئەر كىشىدەك جاسارەتلىرى بار ئىكەن، ئىشلىرىغا بەرىكەت ياغسۇن، — دېدى ئابدۇراخمان قۇربان ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن. روزىنىساخان بىلەن خوشلىشىش ئالدىدا ئالاقىدار ئورۇنلارغا روزىنىساخاننىڭ گىلەم كارخانىسى سېلىشى ئۈچۈن يەر ۋە ئۆسۈمسىز قەرز پۇل ھەل قىلىپ بېرىشنى، شۇنداقلا يەرلىك

مالىيەدىن مەلۇم مىقداردا نامراتلىقتىن قۇتقۇزۇش مەبلىغى ئاجرىتىپ قوللاشنى ئورۇنلاشتۇردى. شۇنداق قىلىپ ئابدىراخمان قۇربانىنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلايەتتىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار روزنىساخانىغا يېتەرلىك ئۆسۈمسىز قەرز ۋە 700 مىڭ يۈەن ھەقسىز ياردەم پۇل ھەل قىلىپ بېرىپ، كارخانىنى كېڭەيتىپ قۇرۇپ نامراتلارنىڭ پەرزەنتلىرىنى كۆپلەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن پۇختا ئاساس سالدى.

× × ×

2008 - يىلى 3 - ئاينىڭ 19 - كۈنى، تەبىئەت تويغا جابدۇنغان كېلىندەك جەزبدار تۇسكە كىرگەنىدى، مەيىن كۆكلەم شاملى يۈزلەرنى سىيپاپ ئۆتەتتى. خەلق قۇرۇلتىيى ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئابدۇراخمان قۇربان يېتەكچىلىكىدىكى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش گۇرۇپپىسىدىكىلەر يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ شەرقىي ساھىلىغا جايلاشقان، قەدىمي گىلەم، ئەتلەس، مەشۇت ماكانى لوپ ناھىيەسىگە يېتىپ كېلىپ، ناھىيەنىڭ گىلەمچىلىكتىن ئىبارەت تەبىئي ئەۋزەللىكىنى ئىقتىسادىي ئۈستۈنلۈككە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىگەن خىزمەتلىرىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا كىرىشتى.

ئون يېزا - بازارغا بۆلۈنگەن لوپ ناھىيەسىدە 200 مىڭ نوپۇس بولۇپ، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ناھىيەلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى ئۆز يېرىنىڭ گىلەمچىلىك ئىشلەپچىقىرىشقا باب، دېھقانلارنىڭ گىلەم توقۇشقا ماھىر بولۇشتەك تەبىئي ئەۋزەللىكنى ئىقتىسادىي ئۈستۈنلۈككە ئايلاندۇرۇپ، گىلەمچىلىكنى دېھقانلارنى نامراتلىقتىن قۇتقۇزۇپ بېيىتىشنىڭ بۆسۈش ئېغىزى قىلغان. ناھىيەدە بەش گىلەمچىلىك كارخانىسى، 6183 گىلەمچىلىك ئائىلىسى بار بولۇپ، گىلەمچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان 12 مىڭ 500 كىشى 6232 دەستىگاھتا ئىشلەيدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە پولات قۇرۇلمىلىق گىلەم جازىسى 4146 نى تەشكىل قىلىدۇ.

ناھىيە يېقىنقى يىللاردا گىلەمچىلىكتىن ئىبارەت بۇ ئۆزگىچە قول ھۈنەرۋەنچىلىك كەسپىنى قوللاش سالمىقىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇش ئۈچۈن سىستېمىلار بويىچە ياردەم بېرىدىغان ئورۇنلارنىڭ ياردىمى بىلەن گىلەم توقۇش ئۇسكۈنىلىرىنى ئومۇميۈزلۈك يېڭىلاپ، گىلەمچىلىك ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىنى تېخىمۇ ياخشىلىغان. بىر قاتار ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى يولغا قويۇپ، گىلەمچىلىك كەسپىي ئائىلىلىرىنىڭ گىلەمچىلىكنى كۆلەملەشتۈرۈشكە قولايلىق يارىتىپ بەرگەن. گىلەمچىلىك كەسپىي ئائىلىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتىنى تېزلىتىشكە ئالاقىدار ئورۇنلاردىن تەرەققىيات مەبلىغى ھەل قىلىپ بېرىش بىلەن بىرگە ئۇنۇملۈك تەدبىرلەر ئارقىلىق ئۇستىكارلارنىڭ كەسپىي تېخنىكا ماھارىتىنى ئۈزلۈكسىز يېڭىلىغان. داڭلىق ماركا يارىتىش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇپ، گىلەمچىلىك كەسپىي ئائىلىلىرىنىڭ ماركا ئېڭىنى يېتىلدۈرگەن. لوپ ئۆچۈر تورىنى ئېچىپ، يېڭى ئىقتىسادىي ئۆچۈرلار بىلەن تەمىنلىگەن.

مەكتەپلەردە كەسپىي مائارىپنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرغان. ھاڭگىيا ئوتتۇرا مەكتىپى، بۇيا ئوتتۇرا مەكتىپى، ناۋا ئوتتۇرا مەكتىپى ۋە ناھىيەلىك كەسپىي تېخنىكا ئوتتۇرا مەكتىپى قاتارلىق ئىلىم ئوچاقلىرىدا گىلەمچىلىك ھۈنەر- سەنئىتى بويىچە مەخسۇس تەربىيەلەش سىنىپى تەسىس قىلىپ، گىلەمچىلىك تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، ئىشقا ئورۇنلىشىش يوللىرىنى كەڭ ئېچىشقا پۇختا ئاساس ياراتقان. نەتىجىدە گىلەمچىلىك ئىشلەپچىقىرىشى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىپ، گىلەملەرنىڭ تۈرى ئىلگىرىكى 16 خىلدىن 98 خىلغا كۆپەيگەن، ئىلگىرىكى ياغاچ دەستىگاھلار تۆمۈر دەستىگاھلارغا ئۆزگەرگەن. 2007- يىلى ناھىيە بويىچە توقۇلغان گىلەمنىڭ ئومۇمىي مىقدارى 145 مىڭ كۋادرات مېتىرغا، ئۇنىڭدىن قىلىنغان كىرىم 42 مىليون يۈەنگە، ساپ پايدا 1 مىليون 450 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، گىلەمچىلىك كەسپىي كىرىمى كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 120 يۈەندىن توغرا كەلگەن. 2008- يىلىنىڭ بىرىنچى پەسلىدىلا ناھىيە بويىچە توقۇلغان ئومۇمىي گىلەم مىقدارى 49 مىڭ كۋادرات مېتىرغا، قىلىنغان كىرىم 15 مىليون يۈەنگە

يەتكەن.

ھەممە ئىشتا ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەيدىغان، ئەمەلىيەتنى، ئۈنۈمنى بىرىنچى ئورۇنغا قويىدىغان مۇدىر ئابدۇراخمان قۇربان ناھىيە رەھبەرلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىدىكىلەرنى باشلاپ ناھىيەلىك كادىرلار، ئەمگەك، ئىجتىمائىي كاپالەت ئىدارىسىنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىن زور كۈچ بىلەن قوللىشى ئارقىسىدا كەسپىي مائارىپنى تەرققىي قىلدۇرغان ھاڭگىيا يېزىلىق 1 - ئوتتۇرا مەكتەپكە كېلىپ، كەسپىي مائارىپ ئىشلىرىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. بۇ مەكتەپ 2006 - يىلى 9 - ئايدا گىلەمچىلىك، كەشتىچىلىك، تىككۈچىلىك، تۆمۈرچىلىك، ئاشپەزلىك، سەي - كۆكتاتچىلىق قاتارلىق يەتتە خىل كەسپنى ئاساس قىلغان تۆت سىنىپ تەسىس قىلىپ، مەكتەپتىن تۆت نەپەر ئوقۇتقۇچى، سىرتتىن تەكلىپ قىلىنغان تۆت نەپەر تېخنىك ئوقۇتقۇچىنى دەرس ئۆتۈشكە ئورۇنلاشتۇرغان. تەسىس قىلىنغان بۇ سىنىپلار ئىلمىي ئۇسۇلدا باشقۇرۇلغانلىقتىن، قوبۇل قىلىنغان 200 نەپەر ئوقۇغۇچى ئۆزلىرى ئىخلاس قىلغان ھۈنەر - تېخنىكىنى پىششىق ئىگىلىگەن. دەسلەپكى قەدەمدە ئوقۇش پۈتكۈزگەن 51 نەپەر ئوقۇغۇچى جەمئىيەتكە چىققاندىن كېيىن ئۆگەنگەنلىرىنى رېئاللىقتا جانلىق ئىشلىتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشنىڭ ئاۋانگارتلىرىغا ئايلانغان.

مۇدىر ئابدۇراخمان قۇربان كەسپىي دەرس ئۆتىدىغان ئوقۇتقۇچىلار بىلەن سۆھبەتلەشتى ۋە ھۈنەر - تېخنىكا ئۆگىنىۋاتقان بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلارنى ئەمەلىي مەشغۇلات قىلدۇرۇپ كۆردى. ئۇ 1985 - يىلى كېرىيە ناھىيەسىدە ھاكىم بولغان مەزگىلدە ناھىيەدە ۋىلايەت بويىچە تۇنجى بولۇپ كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇپ، ناھىيە ئىقتىسادى ۋە خەلق ئېھتىياجلىق بولغان كەسپىي خادىملارنى تەربىيەلەشنى يولغا قويغان. شۇ چاغدا تىككۈچىلىك، ياغاچچىلىق، موزدۇزلۇق، ساتىراشلىق ھۈنەر - كەسپلىرى ۋە دوختۇرلۇق، چارۋىچىلىق، باغۋەنچىلىك كەسپلىرى بويىچە تەربىيەلەش سىنىپلىرىنى ئېچىپ، بىر تۈركۈم جىددىي ئېھتىياجلىق ئىختىساسلىق خادىملارنى تەربىيەلەپ يېتىش-

ـتۇرگەنىدى. خاس چارۋىچىلىق سىنىپلىرىنى پۈتكۈزگەن 100 دىن ئارتۇق ئىختىساسلىق خادىم ناھىيەنىڭ ھەرقايسى يېزا ـ بازارلىرىغا بېرىپ، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش جەھەتتە دېھقانلارغا يېتەكچىلىك قىلىپ، ياخشى ئىقتىسادىي ئۈنۈم يارىتىپ، دېھقانلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشىغا كۆرۈنەرلىك تۆھپىلەرنى قوشقانىدى.

ئۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھۈنەر ـ تېخنىكا ئۆگىنىش نەتىجىسىدىن مەمنۇن بولغان ھالدا مۇنداق دېدى: «كەسپىي مائارىپنى يولغا قويۇش ـــ نۆۋەتتە دەۋرنىڭ تەلىپى، ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى، شۇنداقلا ئىشسىزلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك يولى. كەسپىي مائارىپنىڭ ئىستىقبالى ئىنتايىن پارلاق، شۇڭا كەسپىي مائارىپنى پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن راۋاجلاندۇرۇشىمىز كېرەك.» ئاخىرىدا ناھىيەنىڭ گىلەمچىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدا قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، ناھىيە رەھبەرلىرىنى گىلەمچىلىك ئىشلەپچىقىرىشنى تېخىمۇ راۋاجلاندۇرۇشقا رىغبەتلەندۈردى.

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن مۇدىر ئابدۇراخمان قۇربان ۋە ھەمراھلىرى قەدىمىي ئانار ماكانى چىرا ناھىيەسىگە يېتىپ كېلىپ، ناھىيە رەھبەرلىرىنىڭ گىلەمچىلىك ئىشلەپچىقىرىشنى يولغا قويۇش جەھەتتىكى دوكلاتىنى ئاڭلىدى، ئاندىن ئاپتونوم رايونلۇق 11 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، خوتەن ۋىلايىتى بويىچە كۆزگە كۆرۈنگەن «ئون تۆھپىكار ئايال» نىڭ بىرى ۋە «8 ـ مارت» قىزىل بايراقدارى، چىرا بازىرىنىڭ تۇزاقچا كەنتىدىكى ئايال دېھقان كارخانىچى تۇنىساخاننىڭ ئائىلىسىگە كېلىپ، ئۇنىڭ گىلەمچىلىك ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈردى.

پارتىيەنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش سىياسىتى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، تۇنىساخان ھالال ئەمگىكىگە تايىنىپ، بېيىش يولىدا ئەتراپلىق ئىزدىنىپ، 2000 ـ يىلى ئائىلىسىدە كىچىك تىپتىكى بىر گىلەمچىلىك كارخانىسى قۇرغان. ئۇ كارخانىنى تىرىشچانلىق، ئىقتىسادچانلىق بىلەن ئىلمىي باشقۇرغانلىقتىن ھازىرغا كەلگەندە كىچىكلىكتىن چوڭىيىپ، ئاجىزلىقتىن زورىيىپ، 110 خالۋاپ ئىشلەيدىغان كارخانىغا ئايلىنىپ،

مۇقىم مۈلكى 200 مىڭ يۈەنگە يەتكەن، ئىشلەپچىقىرىشى يىلسېرى راۋاجلانغان. ئىقتىسادىي ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك ئۆسۈپ، ناھىيە بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان يۇخراۋى ئىگىلىكتىكى كارخانىغا ئايلانغان. تۇنىساخاننىڭ ئائىلە تۇرمۇشى يىلدىن - يىلغا ياخشىلىنىپ، باياشات تۇرمۇشنىڭ پەيزىنى سۈرگەن. بۇنىڭدىن شادلانغان تۇنىساخان ئۆزىنىڭ پارتىيەگە، يېڭى دەۋرگە بولغان مىننەتدارلىقىنى ئىزھار قىلىش ئۈچۈن، 2008- يىللىق بېيجىڭ ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنىغا بىر پارچە گىلەم سوۋغا قىلىشنى پىلانلاپ، 2007- يىلى 6-ئايدىن باشلاپ بۇ ئىشقا تۇتۇش قىلىپ جاپالىق ئىشلەش ئارقىلىق، «قەلبىمىز ھەردائىم بېيجىڭغا تەلپۈنىدۇ، خوتەن خەلقى پارتىيەنى قىزغىن سۆيىدۇ» ناملىق ئېگىزلىكى 160 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 270 سانتىمېتىر كېلىدىغان، تېگىگە سۈزۈك ئاسمان مەنزىرىسى چۈشۈرۈلگەن، ئەتراپىغا ئېلىمىزدىكى 56 مىللەتكە سىمۋول قىلىنغان 56 دانە گۈل چۈشۈرۈلگەن بىر پارچە ئاسما گىلەمنى پۈتكۈزۈپ، بېيجىڭغا ئەۋەتىشكە تەييارلىغان. تۇنىساخان خەلق مەيدانىدا ئۆزىنىڭ بۇ گىلەمنى بېيجىڭ ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنىغا سوۋغا قىلىش توغرىسىدىكى ئىلتىماسىنى مۇدىر ئابدۇراخمان قۇربانغا سۇندى. ئۇ ئىلتىماسنى ئوقۇغاندىن كېيىن، بۇ ئارزۇسىنىڭ ئىشقا ئېشىشىغا پۈتۈن كۈچى بىلەن ياردەم بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى ھەمدە تۇنىساخاننىڭ سۇ ئىچكەندە قۇدۇق قازغۇچىنى ئۇنتۇمايدىغان، پارتىيەنى، ۋەتەننى، سوتسىيالىزمنى قىزغىن سۆيىدىغان يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىغا يۇقىرى باھا بېرىپ، بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ تىرىشىپ ئىشلەپ، ئەتراپىدىكى نامرات يۇرتداشلىرىنىمۇ ھۈنەر - تېخنىكىغا تايىنىپ تېزرەك نامراتلىقتىن قۇتقۇزۇلۇپ بېيىشقا يېتەكلەشكە ئىلھاملاندۇردى. مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا تاپلاپ، تۇنىساخانغا يېڭى گىلەم كارخانىسى قۇرۇش ئۈچۈن 2 مودىن كۆپرەك يەر، 300 مىڭ يۈەن ھەقسىز مالىيە ياردەم پۇلى ھەل قىلىپ بەردى. ئۇنىڭ دەل ۋاقتىدا ياغقان خاسىيەتلىك باھار يامغۇرىدەك ئىلھام بەخش سۆزلىرى بىلەن ئەمەلىي مەدەتكارلىقى تۇنىساخان ۋە ئۇنىڭ يۇرتداشلىرىغا غەيرەت - جاسارەت بېغىشلىدى.

× × ×

ئابدۇراخمان قۇربان خوتەن ۋىلايىتىنىڭ پېشقەدەم رەھبەرلىرىنىڭ بىرى، شۇنداقلا جامائەت ئەربابى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆز نۆۋىتىدە مىللىي مەدەنىيەتنىڭ ئاكتىپ پائالىيەتچىسى ۋە تەشكىللاتچىسى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ يۈكسەك مەنىۋى مەدەنىيەت ھادىسىسى ھېسابلانغان ئەدەبىيات ـ سەنئەت، مىللىي مەدەنىيەت ئىشلىرىنى ئۆز خىزمىتى ۋە پائالىيىتىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى دەپ تونۇپ، ئۇنىڭغا چوڭقۇر مىللىي بۇرچ تۇيغۇسى بىلەن چىن ئىخلاس، ئەقىدە باغلىغان. شۇڭا ئۇ رەھبەرلىك خىزمىتىنى ئىشلەش داۋامىدا مىللىي مەدەنىيەت خىزمىتىنى پۈتۈن ۋىلايەتنىڭ مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدىكى مۇھىم خىزمەتلەرنىڭ بىرى دەپ قاراپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىغا باشتىن ـ ئاخىر كۆڭۈل بۆلۈپ ھەم سەممىي غەمخورلۇق قىلىپ، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت، مىللىي مەدەنىيەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈش ۋە يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈش توغرىسىدا مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەر ۋە تارماقلارغا كۆرسەتمە بېرىپ ۋە چاقىرىق قىلىش بىلەن بىرگە ھەل قىلغۇچ جىددىي پەيتتە زۆرۈر تەدبىرلەرنى قوللىنىپ مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا ھەل قىلىپ، خىزمەتلەرگە كۆپلىگەن قولايلىقلارنى يارىتىپ بەردى. ئەدەبىيات ـ سەنئەت، مەدەنىيەت ساھەسىدىكىلەر بىلەن قويۇق ئارىلىشىپ، يازغۇچى، شائىر، ئەدىبلەر بىلەن يېقىن دوستلۇق ئورنىتىپ ئەدىبلەرنىڭ ياخشى دوستى، غەمگۇزارى بولۇپ كەلدى. ئۇلارنىڭ ھالىغا يېتىپ دەردىگە دەرمان بولدى. شۇڭا، ئەدىبلەر ئۇنى سىرداش دوستى ھېسابلاپ ئۆزلىرىگە يېقىن تۇتۇپ دوستانە مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلدى.

20 ـ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىدىن ئېتىبارەن خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت، مەدەنىيەت سېپىدىكى خادىملار ھەر يىلى بىر يەرگە جەم بولۇپ، ئىشلەنگەن خىزمەتلەردىكى تەجرىبىلەرنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ ۋە ئۆزئارا پىكىر ـ تەجرىبە ئالماشتۇرۇشنى

ئادەتكە ئايلاندۇرغانىدى. كېيىنچە ئابدۇراخمان قۇربان ۋە باشقا ۋىلايەت رەھبەرلىرىنىڭ كۈچلۈك قوللاپ - قۇۋۋەتلىشى ئارقىسىدا ۋىلايەت بويىچە يىلدا بىر قېتىم ئەدەبىي ئىجادىيەت يىغىنى ئېچىلىدىغان بولدى. ئابدۇراخمان قۇربان باشچىلىقىدىكى باشقا مۇناسىۋەتلىك رەھبىرىي يولداشلارنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى بىلەن بىرقانچە قېتىملىق ئەدەبىي ئىجادىيەت يىغىنىدا تۆھپىكار يازغۇچىلارنىڭ قولىغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈپ، ئۇلارغا چەمەن دوپپا، تون كىيدۈرۈلدى. بۇ ئارقىلىق خەلقنىڭ ئەدىبلەرگە بولغان چوڭقۇر ھۆرمىتى نامايان قىلىندى.

2000- يىلى 10- ئايدا شىنجاڭ گېزىتىنىڭ تەكلىپ مۇخبىرلار يىغىنى خوتەندە ئېچىلدى. 2001- يىلى 8- ئايدا يەنە تەڭرىتاغنىڭ جەنۇب ھەم شىمالىدىكى يازغۇچىلار ۋەكىللىرى قەدىمىي يىپەك يولى خوتەنگە جەم بولۇپ، 11- نۆۋەتلىك يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ۋە خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتىنى تارقىتىش يىغىنىنى ئاچتى. ئابدۇراخمان قۇربان ۋىلايەتنىڭ باشقا رەھبەرلىرى بىلەن بىرلىكتە يىغىنغا كېلىپ يىغىننىڭ ئېچىلغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلىدى ۋە يىغىننى ياخشى ئېچىش ئۈچۈن قولاي شارائىتلارنى ھازىرلاپ بېرىش ئارقىلىق ۋىلايىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئەدىبلەرگە بولغان چوڭقۇر ھۆرمىتىنى ئىپادىلىدى. ئاشۇ تۆھپىلەردە ئۇنىڭ بىر ئۈلۈش ھەسسىسى بار.

× × ×

2001 - يىلى 7 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى، جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتى، شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتى، شىنجاڭ كىلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتى، جۇڭگو خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئىلمىي جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسى ۋە شىنجاڭ مۇقام تەتقىقاتى ئىلمىي جەمئىيىتى قاتارلىق جەمئىيەتلەرنىڭ ئەزاسى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتى سەركەردىلىرىنىڭ بىرى، كۆزگە

كۆرۈنگەن جامائەت ئەربابى، ئەلنى سۆيگەن، ئەلمۇ سۆيگەن تالانتلىق شائىر روزى سايىتنىڭ كېسىلىنىڭ كۈنسېرى ئېغىرلىشىۋاتقانلىقى ئۇنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى، دوست - بۇرادەرلىرى، خىزمەتداشلىرىنى تەشۋىشلەندۈردى. ئەزرائىل شائىرنىڭ جېنىغا قول سوزۇۋاتقان ئاشۇ كۈنلەردە خوتەن ۋىلايىتى رەھبەرلىرى تۈرلۈك ئۇسۇللار ئارقىلىق شائىردىن سەمىمىي هال سورىدى ۋە ئۇنىڭ كېسىلىنىڭ شىپا تېپىشىغا تىلەكداشلىق بىلدۈردى.

خەلقنىڭ قايغۇسىغا يىغلاپ، شادلىقىغا كۈلۈپ، خەلق بىلەن دىلداش بولۇپ كېلىۋاتقان شائىر روزى سايىتنىڭ هالا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، ئۆپكە راكىدىن ئىبارەت بۇ مۇدھىش كېسەللىكنىڭ ئازابىدا قىينىلىپ، تېنىنىڭ بارغانسېرى ئاجىزلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ كۆڭلى قاتتىق بىئارام بولغان ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ئابدۇراخمان قۇربان چوڭقۇر خىيالغا پاتتى. ئۇ، شائىرنىڭ ئۆمۈر سائىتىنىڭ بارغانسېرى توختاش مەنزىلىگە يېقىنلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى سېزىپ دەرهال ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت ئىدارىسى ۋە ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مەسئۇللىرىنى چاقىرىپ، بارلىق ئۈنۈملۈك چارە - ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، كېسەل ئازابىدا قەلبى زەخىمناك بولغان شائىرغا مەدەت - ئىلهام بېرىشنى ئورۇنلاشتۇردى. بۇنىڭ بىلەن يازغۇچى، شائىر، ئەدىبلەر ئارقا - ئارقىدىن روزى سايىتنىڭ ئائىلىسىگە بېرىپ ئۇنى يوقلاپ، سالامەتلىكىنىڭ ئەسلىگە كېلىشىگە تىلەكداشلىق بىلدۈرۈپ، تەسەللى بەردى. ۋىلايەتلىك «يېڭى قاشتېشى» ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىدىكى ئارتىسلار تەشكىللىك هالدا شائىرنىڭ هويلىسىدىكى سەينادا كىچىك سەھنە بەرپا قىلىپ، شائىر روزى سايىت بۇ ئۆمەكنىڭ ئىجادىيەت ئىشلىرىنى يۈكسەلدۈرۈش ئۈچۈن يېزىپ بەرگەن بىر قىسىم ناخشا تېكىستى ۋە باشقا سەھنە ئەسەرلىرىگە ئىشلەپ سەھنىلەشتۈرگەن خىلمۇ خىل سەنئەت نومۇرلىرىنى ئويناپ شائىرغا بولغان ھۆرمىتىنى، ھېسداشلىقىنى ئىپادىلەش ئارقىلىق، شائىرنىڭ روھىغا كۈچلۈك ئارام بەخش ئەتتى. بۇ كۈنى شائىرنىڭ ئائىلىسى قىزغىن بايرام كەيپىياتىغا چۆمدى. ۋىلايەت رەھبەرلىرىنىڭ،

كەسىپداشلىرىنىڭ، ئەل - يۇرتىنىڭ ئۆزىگە كۆڭۈل بۆلۈۋاتقانلىقى، روھىي ئوزۇق بېرىۋاتقانلىقىدىن چوڭقۇر سۆيۈنگەن شائىر روزى سايىت پائالىيەت ئاخىرىدا ھەممەيلەنگە مىننەتدارلىق ئىزھار قىلدى ۋە ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ:

— مەن ئۈچۈن ئاتايىتەن بۈگۈنكى پائالىيەتنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇپلا، بۇنىڭدىن مەن بەكمۇ خۇرسەن بولدۇم، شۇڭا سىلىگە كۆپتىن - كۆپ تەشەككۈر ئېيتىمەن، — دېدى ۋە ئۆزىنىڭ تۆۋەندىكى شېئىرىنى يادىكار قىلدى:

«داغى پەرزەنتىنىڭ غېمىدە ئۆتتى ئۆمرۈمنىڭ تېگى،
ناندىن ئارتۇق غەم يېگەچكە ئۆچتى مەگزىمنىڭ قېنى.

ماگلىيىم قورۇققا توشتى، كۆزلىرىمدىن قاچتى نۇر.
بەل، پۇتۇم يادەك، ۋۇجۇدۇمنى باستى غۇربەتنىڭ چېگى.

ئەجىر مۇشكۈلنىڭ ھېسابى روھىي نىھالىم كۆكلىدى.
مەن بۈگۈن شاد، چەشكە تولغاچ ئارزۇ - ئارمانىم سېگى.

ئەينا كۆر، ئوغلۇم ئوغۇللۇق بۇرچىنى قىلىدۇ ئادا،
ئەقلى بەردەم، روھى جۇشقۇن، كەتتى ھەريانغا دېگى.

شەرم - ھايا، مېھرۇۋاپا تاجىنى كىيدى جان قىزىم.
ھۆسنىدىن ئىدراكى ئارتۇق، ئىلمى ئوي، پىكرى يېگى......

ئەمدى كۆز يۇمسام كېرەك يوق، ئىز باسارىم بار مېنىڭ.
ئۈزۈلۈپ قالمايدۇ تەك يولدا، يارەن، ئىقبال چېگى!

× × ×

باللار ئاتا - ئانىنىڭ كۆزىنىڭ قارىسى، يۈرىكىنىڭ پارىسى،

ئىشلىرىنىڭ ۋارىسى ھەم ھاياتىنىڭ داۋامى ۋە راۋاجى. باللار ئائىلىنىڭ ھەم مىللەتنىڭ ئەزالىرى، باللار ۋەتىنىمىزنىڭ كەلگۈسى ئىگىلىرى، خەلقنىڭ ئۈمىد يۇلتۇزلىرى، ئۇلارنى ياخشى تەربىيەلەپ ساغلام چوڭ قىلىپ ، ئۇلۇغۋار ئىشلىرىمىزنىڭ قۇرغۇچىلىرى، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ بىرىنچى سەپىدىكى ئاۋانگارتلاردىن قىلىپ يېتىشتۈرۈش ھەربىر ئاتا- ئانىنىڭ يۈرەك ئارزۇسى، شۇنداقلا ئاتا- ئانىلار ۋە ئىشلىرىمىزنىڭ ئۆزلۈكسىز راۋاجلىنىشىغا تىلەكداش كىشىلەرنىڭ ئورتاق مەسئۇلىيىتى. ئاتا-ئانا ئۈچۈن بالىنى بېقىپ چوڭ قىلىش ئەڭ ئاساسلىق مەسئۇلىيەت، بىراق ئائىلىدىكى تەربىيە ۋە يېتەكچىلىك تېخىمۇ مۇھىم، بۇ ئىنتايىن مۇھىم ھەم ئىنچىكە، مۇرەككەپ، قىلچە بىپەرۋالىق قىلىشقا بولمايدىغان، قانداق ئەۋلادنىڭ يېتىلىپ چىقىشىغا بىرىپ تاقىلىدىغان ھالقىلىق مۇھىم مەسىلە، شۇڭا ئائىلە شارائىتى، مۇھىتى ياخشى بولۇشتىن تاشقىرى، ئاتا-ئانىنىڭ ئەخلاقىي ساپاسى، بىلىم سەۋىيەسى، دۇنياقارىشى، ئۆزئارا مۇئامىلىسى، مىجەز- خۇلقى، قىزىقىشى، تۇرمۇشقا تۇتقان پوزىتسىيەسى ئىنتايىن ئىلغار بولۇشى لازىم، چۈنكى بۇلار باللارغا ئىنتايىن چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدۇ. باللارنى پەزىلەتلىك قىلىپ تەربىيەلەشتە ئەڭ مۇھىمى — ئاتا-ئانىلار ئۆزلىرى مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن تەربىيەلىشى ھەمدە ھەممە ئىشتا باللارغا ئۈلگە بولماقى زۆرۈردۇر.

دەرەخنىڭ كۆكلەپ بولۇق مېۋە بېرىشى باغۋەننىڭ پەرۋىش، ئەجرىگە باغلىق، باللارنىڭ يارامىلىق ئەۋلاد بولۇپ يېتىلىشى ئاتا- ئانىنىڭ تەربىيەسىگە باغلىق، پەرزەنتلەرگە ياخشى تەربىيە بېرىش ھايات ياكى مامات، ياكى نىجات ياكى ھالاكەت ۋە ياكى سائادەت مەسىلىسىدۇر، پەرزەنت ئاتا- ئانىنىڭ كۆچىتى، ئائىلىنىڭ يىلتىزى، ۋەتەن، مىللەت، خەلقنىڭ كەلگۈسى، ئىشەنچ، ئۈمىدى.

باللارنىڭ ئەخلاقىي - ئەقلىي، جىسمانىي ۋە گۈزەللىك جەھەتلەردىن دەۋرنىڭ تەلىپىگە مۇناسىپ ھالدا ئەتراپلىق يېتىلگەن، يۇقىرى ساپالىق ئەۋلادلاردىن بولۇپ چىقىشىدا ئاتا - ئانا، ئۇستازلار ۋە بالىنىڭ ئۆزىدىن ئىبارەت تەرەپلەرنىڭ زىچ ماسلىشىشىنىڭ ئىنتايىن

مۇھىملىقىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتكەن ئابدۇراخمان قۇربان ئۇزۇن يىللىق ئەمەلىي خىزمەتلەر داۋامىدا كىشىلەرگە بالىلارنى ياخشى تەربىيەلەش توغرىسىدا ياخشى كۆرسەتمىلەرنى بېرىش بىلەن بىرلىكتە، ئۆز پەرزەنتلىرىنى تەربىيەلەشكىمۇ ئىنچىكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى. بۇ ئىشنى ئائىلە ئىشلىرىنىڭ يادرولۇق مەركىزىگە قويۇپ تۇتتى. نەتىجىدە ئۇنىڭ پەرزەنتلىرى ئائىلە، مەكتەپ، جەمئىيەت قاتارلىق ئۈچ تەرەپلىك ياخشى تەربىيەگە ئىگە بولغاچقا يارامىلىق ئەۋلادلاردىن بولۇپ يېتىشتى. مانا بۈگۈنكى كۈندە ئۇنىڭ تۇنجى پەرزەنتى رابىيە خوتەن ناھىيەلىك سەھىيە ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، ئىككىنچى پەرزەنتى ئاينۇر ۋىلايەتلىك مالىيە ئىدارىسىنىڭ كادىرى، ئۈچىنچى پەرزەنتى ئەزىزجان ۋىلايەتلىك خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ دوختۇرى بولۇپ ئىشلىمەكتە، ئۇلار ئۆز ئورۇنلىرىدا رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، جەمئىيەت ئۈچۈن، خەلق ئۈچۈن تۆھپە قوشۇش يولىدا ئۈزۈلكسىز تىرىشماقتا.

× × ×

دۇنيادا ئىنسان ئۈچۈن مېھرىبان ئانا بىر باغ بولسا، قەدىردان ئاتا بىر تاغ، ئاتا ـ ئانا پەرزەنت ئىشقىدا كېچە ـ كۈندۈز گۈلخان بولۇپ يانىدۇ ھەمدە پەرزەنتىنىڭ سالامەتلىك، بەخت ـ سائادىتى، تەقدىر ـ ئىستىقبالى ئۈچۈن باش قاتۇرىدۇ ۋە پىداكارلىق بىلەن كۈرەش قىلىدۇ. ياخشى نىيەت، گۈزەل ئارزۇ ئېرىم دۆلەت، ياخشى تىلەك — ھەركىم ئۈچۈن ئىلھام، مەدەت، ياخشى سۆز كىشى ئۈچۈن خۇشاللىق، پەرزەنت ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئەجرىدىن كۆكلەپ ياشنىغان دەرخكە ئوخشايدۇ. ھەرقانداق بىر پەرزەنتنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشى ۋە روناق تېپىپ گۈللىشىدە ئاتا ـ ئانىسىنىڭ سىڭدۈرگەن مېھنەت ئەجرى ئاجايىپ چوڭ. ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئەجرىسىز ھېچبىر پەرزەنت نىجاتلىق تاپالمىغان.

ئابدۇراخمان قۇربان يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچقاندا، ئۇنىڭ مېھرىبان چوڭ ئانىسى سېلىمخان، ئانىسى ھەۋزىخان ۋە ئاتىسى مەتقۇربان ئاخون ئاكا ئالەمشۇمۇل خۇرسەن بولۇپ، ئوغلىنىڭ تېنىنىڭ سالامەت،

بەخت ـ ئامىتىنىڭ قوش، ئىشلىرىنىڭ ئوتۇقلۇق، مەرتىۋىسىنىڭ ئېگىز، دۆلىتىنىڭ زىيادە، دوستلىرىنىڭ كۆپ، ماڭغان يوللىرىنىڭ گۈل بولۇپ ئەل ـ يۇرت ئۈچۈن يارامىلىق ئوغلان بولۇپ يېتىلىپ چىقىشىغا تىلەكداشلىق بىلدۈرگەن ھەم «قىران بۈركۈتنەك پەرۋاز قىلىپ ئاسماندا ئۇچارسەن ئوغلۇم!» دەپ دۇئا قىلغانىدى. ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئاشۇ دۇئالىرىنىڭ بەرىكىتىدىن، پارتىيەنىڭ سەممىي تەربىيەسىدىن، ئۇ سۆيۈملۈك ۋەتەنىنىڭ ئىللىق قوينىدا، قىزىل بايراق ئاستىدا ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىپ، مانا ئاخىر بۈگۈنكى كۈندە ئەلنى سۆيگەن، ئەلمۇ سۆيگەن، ھايات قايناملىرىدا تاۋلىنىپ پىشقان مەردانە، جەسۇر ئوغلانغا ھەمدە ئەل ـ يۇرتنىڭ قابىل سەردارىغا ئايلاندى. ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قۇتلۇق ئارزۇ ـ تىلىكى چېچەكلەپ مول مېۋە بەردى.

ئابدۇراخمان قۇربان خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ھەر دەرىجىلىك ئورگانلىرىدا رەھبەرلىك خىزمىتىنى ئۆتىگەن 30 يىلغا يېقىن جەرياندا، پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋە خەلق ئۆزىگە تاپشۇرغان خىزمەتنى تىرىشىپ ئىشلەپ، ئۆزىنىڭ ۋەتەن، خەلق ئالدىدىكى، دەۋر ئالدىدىكى مۇقەددەس بۇرچىنى ياخشى ئادا قىلىش يولىدا ھارماي ـ تالماي تىرىشتى. جاپالىق ئەجرىدىن ئالقىش، ھۆرمەت گۈللىرىنى ئېچىلدۇردى، ئۇ كۆپ قېتىم ئالاقىدار ئورۇنلار تەشكىللىگەن ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكىگە قاتنىشىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ كۆپلىگەن ئۆلكە، شەھەرلىرىنى زىيارەت قىلدى. بۇ جەرياندا جىياڭ زېمىن، خۇ جىنتاۋ،جيا چىڭلىن، جۇ يۇڭكاڭ قاتارلىق پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرى بىلەن كۆرۈشۈش پۇرسىتىگە مۇيەسسەر بولدى. ئۇ يەنە ھازىرغىچە ئىلگىرى ـ ئاخىرى بولۇپ مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار تەشكىللىگەن ئالتە قېتىملىق چەت ئەلنى زىيارەت قىلىش ئۆمىكىگە قاتنىشىپ دۇنيادىكى 5 قىتئەگە بېرىپ 36 دىن ئارتۇق دۆلەتنى زىيارەت قىلىپ،پۈتۈن دۇنيانى ئايلىنىپ چىقتى. ئۇ خاس سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى مەككە، مەدىنە قاتارلىق مۇقەددەس جايلارغا ئىككى قېتىم باردى. جاھاننى كېزىپ كۆپ كۆرۈش ۋە خىلمۇخىل كىشىلەر بىلەن ئۇچرىشىش ئارقىلىق، ئۇنىڭ نەزەر دائىرىسى تېخىمۇ كېڭەيدى، تەپەككۇرى جۇشقۇنلاشتى. ھايات ھەققەتلىرىگە

بولغان چۈشەنچىسى تېخىمۇ چوڭقۇرلىدى، ۋەتەنگە، خەلققە بولغان مېھىر- مۇھەببىتى تېخىمۇ كۈچەيدى. ۋەتەن، خەلق ئۈچۈن تۆھپە يارىتىش ئىرادىسى يەنىمۇ چىڭىدى.

ئىنسان ئۈچۈن دۇنيادا ئاتا-ئانىنىڭ ئۈمىدىنى، ۋە ئەل- ۋەتەننىڭ ئەجرىنى ئاقلاپ، ئەل-يۇرتنىڭ، خەلقنىڭ ئالقىش، ھۆرمىتىگە ئېرىشىشتىنمۇ كاتتا مۇكاپات بولمىسا كېرەك. ئەلنى سۆيگەن، ئەلمۇ سۆيگەن، جەسۇر ئوغلان ئابدۇراخمان قۇربان ئەنە شۇنداق مۇكاپاتقا مۇيەسسەر بولدى. ئۇ مۇشۇلارنى ئويلىغىنىدا ئۆزىنى دۇنيادا ئەڭ بەختىيار ھېسابلىماي تۇرالامدۇ؟

× × ×

2000 - يىلى 7 - ئاي مەزگىلى، ھەر ۋاقىت خەلقنى قەلبىگە پۈكۈپ، خەلقنىڭ خىزمىتىگە چوڭقۇر ئىشتىياق باغلىغان ئابدۇراخمان قۇربان قاراقاش ناھىيەسىنىڭ توخۇلا يېزىسىدىكى تاشكەنت كەنتىنى نامراتلىقتىن قۇتقۇزۇپ بېيىتىش ئۈچۈن نۇقتىدا تۇرۇپ ئىشلەۋاتقان كۈنلەر ئىدى. ئۇنىڭ شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتىدا بىلىم ئاشۇرۇۋاتقان پەرزەنتلىرى — رابىيە ۋە ئەزىزجانلار تەتىل قىلىپ، ئاتا- ئانىسىنى چوڭقۇر سېغىنىش ئىلكىدە ئائىلىسىگە قايتىپ كەلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ جان - جىگىرى ۋە يۈرەك پارىسى بولغان بۇ ئىككى پەرزەنتى بىلەن سېغىنىش، تەشنالىق ئىلكىدە كۆرۈشتى. ئەمما، خىزمەتنىڭ ئالدىراشلىقى تۈپەيلىدىن قىزى ۋە ئوغلى بىلەن بىردەم مۇڭدىشىپمۇ ئولتۇرالمىدى، ھەتتا شەنبە، يەكشەنبىدىكى دەم ئېلىشتىمۇ تاشكەنت كەنتىگە خىزمەتكە كېتىپ، پەرزەنتلىرىگە قارىيالمىدى، بۇ چاغدا ئۇنىڭ قىزى رابىيە ئانىسى تۇرسۇنخانىمغا:

— بىز سىزنى، دادامنى ۋە ئائىلىنى چوڭقۇر سېغىنىش ئىلكىدە قانات راسلاپ ئۇچقۇدەك تەقەززالىقتا شۇنچە يىراقتىن كەلسەك، دادامنىڭ بىز بىلەن ھېچ كارى بولمىدى، قارىغاندا دادام كەلگىنىمىزگە ئانچە خۇشال بولمىغان ئوخشايدۇ، — دېدى رەنجىگەن تەلەپپۇزدا ئېغىر ئۇھ

تارتىپ.

باياتىن بىرى ئاچىسىنىڭ سۆزىگە قۇلاق سېلىپ تۇرغان ئەزىزجاننىڭمۇ ئاغزى ئېچىلدى:

— دادام ھەمىشە خىزمەت، خىزمەت دەپ ئالدىراشلىق ئىچىدىلا يۈرىدۇ، ھەتتا كېچىسى چۈشىدىمۇ يەنىلا شۇ خىزمەتنى چۈشەيدۇ، ئۆزىنى خىزمەتكە نېمىشقا بۇنچىۋالا ئۈرىدىغاندۇ؟ خىزمەت دېگەن ئۇزۇلمەس ئېقىنغا ئوخشايدۇ، ئۇنى قىلىپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە دادام خىزمەتكە بەك بېرىلىپ كەتكەچكە، يېقىنقى يىللاردىن بېرى سالامەتلىكى ياخشى بولماي كۆپ جاپالارنى چەكتى. شۇنداق تۇرۇقلۇق نېمە ئۈچۈن بۇنىڭدىن ساۋاق ئالمايدىغاندۇ، ئۆزىنى ئاسرىمايدىغاندۇ؟ جان دېگەن كۈندە چېچەكلىمەيدۇ. بىز ئۆيگە تەتىل قىلىپ كەلگىلىمۇ مانا خېلى ۋاقىتلار بولۇپ قالدى. دادام ھازىرغىچە بىرەر قېتىم بىز بىلەن مەكتىپىمىز ياقمىدى ياكى بىرەر سەيلىگاھقا ساياھەتكىمۇ ئېلىپ بارمىدى. ئۇنىڭ يۈرىكى تاشمىدۇ؟ خىزمەتنى دەپ جېنىنى نېمانچىلا قىينايدىغاندۇ، ئۇنىڭغا پەقەت شۇ خىزمەتلا بولسا، بىز بولمىساقمۇ بولىدىغانمىدۇ؟ ......

ئۇلارنىڭ كايىشى، رەنجىشى ھەقلىق ئىدى. بۇ چاغدا تۇرسۇنخانىم پەرزەنتلىرىگە:

— باللىرىم، داداڭلارنىڭ خىزمىتى ھەقىقەتەن كۆپ، ئۇنىڭ ۋاقتى ھەمىشە ئەنە شۇنداق جىددىيلىك، ئالدىراشلىق ئىچىدە ئۆتىدۇ، ئۇنىڭمۇ سىلەر بىلەن شۇنداق مۇڭداشقۇسى، سەيلىگاھلارغا بىرگە بارغۇسى بار. ئەمما، قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلىرى كۆپ، خىزمىتى ئالدىراش بولغاچقا، سىلەر بىلەن بىرگە بولۇشقا ۋاقىت چىقىرالمىدى. شۇڭا، داداڭلارنى ئەيىپ قىلىڭلار، — دېدى ئەمەلىي ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ.

شۇ كۈنى كەچتە ئابدۇراخمان قۇربان خىزمەتتىن قايتىپ كېلىپ ئەمدىلا تاماق يەي دەپ تۇراتتى، ئەمما ئۆيدە پەرزەنتلىرى كۆرۈنمىدى، ئايالىدىن سۈرۈشتۈرۈش ئارقىلىق پەرزەنتلىرىنىڭ قاتتىق رەنجىگەنلىكىنى بىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەتىسى يەكشەنبە ئايالى ۋە پەرزەنتلىرىنى

ئۆزى نۇقتا قىلىپ تۇتۇپ ئىشلەۋاتقان توخۇلا يېزىسىنىڭ تاشكەنت كەنتىگە ئېلىپ كېلىپ، ياسىن ئاخۇن، ھاۋاخان ۋە سايباغ يېزىسىدىكى ئابدۇللا غازى قاتارلىق بىر قىسىم نامرات دېھقانلارنىڭ ئائىلىسىنى كۆرسەتتى، ۋە خەلقنى مۇشۇنداق غورىبەتچىلىك ئىچىدىن قۇتقۇزۇش يولىدا پەرزەنتلىرى بىلەن بىرگە بولالمىغان. ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ ئايالى ۋە پەرزەنتلىرى بۇ دېھقانلارنىڭ تۇرالغۇ شارائىتىنىڭ ناچارلىقىنى، ئىنتايىن نامراتلىق، غورىبەتچىلىك ئىچىدە تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن، يۈرىكى پىچاقتا تىلغاندەك ئېچىشىپ، چوڭقۇر ھېسداشلىقى قوزغالدى، بولۇپمۇ نامرات دېھقان ھاۋاخاننىڭ ئائىلىسىدىكى بەش جاننى بېقىش ئۈچۈن قاتتىق قىينىلىۋاتقانلىقىنى، ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ توخۇ كاتىكىدەك تار، ئۆتمىتۆشۈك، ۋادەك ئۆيدە قىستىلىپ ئولتۇرۇۋاتقانلىقىنى، بەش جاننىڭ كېچىسى بىر پارچە كونا كىگىزنى سېلىنچا قىلىپ، بەش دانە كونا چاپاننى يېپىنچا قىلىپ بىرلەشتۈرۈپ ئەپلىگەن يوتقاندا ياتىدىغانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن، كۆزلىرىگە ئىختىيارسىز ياش كېلىپ، ئۇلارغا بەكمۇ ئىچى ئاغرىدى.

— دادا، بىز سىزنى خاتا ئەيىبلەپتۇق، سىز دەم ئېلىش كۈنلىرىمۇ ھاردىم - تالدىم دېمەي ئاشۇ نامرات، بىچارە دېھقانلارنى دەپ مۇشۇنداق ئۇزاق كۈنلەرنى تۈنلەرگە ئۇلاپ، ئۆزىڭىزنى ئۇنتۇغان ھالدا پىداكارلىق بىلەن ئىشلەۋېتىپسىز، بىز بۇ نامرات دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشى، ئەمەلىي قىيىنچىلىقلىرىنى كۆرگەندىن كېيىن، سىزنى يېڭىباشتىن تونۇدۇق ۋە چوڭقۇر چۈشەندۇق. سىزنى راستتىنلا خاتا ئەيىبلەپتۇق. بىزنى كەچۈرۈڭ دادا، بىز سىزدەك ئاجىز، يېتىملار، نامرات دېھقانلارغا غەمگۇزار بولغان، بارلىقىنى خەلق ئىشلىرىغا بېغىشلىغان، قەيسەر، ئىرادىلىك، تىنىم تاپماس دادىمىزنىڭ بولغانلىقىدىن پەخىرلىنىمىز، — دېدى.

ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ پەرزەنتلىرى يانچۇقلىرىدىكى پۇللارنى بۇ نامرات دېھقانلارغا بەردى ۋە ئائىلىسىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئەتىسى ئۆيدىن يوتقان - كۆرپە، ياستۇق قاتارلىقلارنى ھاۋاخاننىڭ ئائىلىسىگە ئاپىرىپ بېرىپ، ئۇنىڭ تېزرەك نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ

بىپىشىغا تىلەكداشلىق بىلدۈردى.

ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ ھەر ۋاقىت يېزىلارغا بېرىپ، ئۆزىنىڭ دەم ئېلىش كۈنلىرىنى قۇربان قىلىپ، دېھقانلار ئۈچۈن ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا بېرىلىپ ئىشلىگەنلىكىدىن تەسىرلەنگەن ياش شائىر ئەنۋەر مەمتىمىن ھاياجىنىنى مۇنداق شېئىرىي مىسرالارغا تىزدى:

## دېھقان ئۈچۈن پەرۋانە رەھبەر

كەچ كىرگەندە يانىسەن ئۆيگە،
چىقساڭ ئەگەر ئېكىنزار ئاتلاپ.
ھېيت - بايراملار بەلكى يات ساڭا،
يەكشەنبىنى ئالىسەن تاقلاپ.
خۇشال كەلسەڭ ئېتىزغا بەزەن،
روھسىز قايتىشىڭ بولغاندەك بىتاپ.

چۈنكى ساڭا بۇيرۇق پەرماندۇر،
ئىلمىي ئۇسۇل، يېڭى سىياسەت.
ئىزچىللىشار ئەجرىڭدە يارلىق
(سەن دېھقانغا ئەلچىغۇ پەقەت).
سېنىڭ بىلەن دېھقان ئاكىغا
باغ، مال، يەرلەر بېرىدۇ بەرىكەت.

تومۇز ئىسسىق چاڭقاپ كېلسەن،
زەمزەمىڭدۇر ئېرىقتا ئاققان.
دەملەگلىك چاي، سالقىن ئىشخانا
خىيالىڭغا كەلمەس ھېچقاچان.
مۇنبەرلەردە چىقماس نام - ئېتىڭ،
بەختىڭ سېنىڭ ئېتىزدا ھامان.

ئەمما قەۋەت خۇشال بولسەن،
دېھقان ئالسا ھوسۇل ئېتىزدىن.
غەۋۋاس بولۇپ شۇڭغۇغاچ سەنمۇ،
چىقتى گۆھەر يېشىل دېڭىزدىن.
ئۆچمەس ئىزىڭ، چۈنكى سەن ئەنە،
ئالتۇن ئالدىڭ شورلۇق ئېتىزدىن.

سەن مۇشۇنداق جاپاكەش رەھبەر،
قىسمىتىڭنى دېمەي بولدى، بەس.
دېھقان ئۈچۈن ھەسسە قوش يەنە،
پاك دىلىڭدا ئۇرغۇتۇپ ھەۋەس.
راست گەپ قىلىپ ئىشلىدىڭ ئەبەد،
خىزمەت قىلماق بولسىمۇ بەك تەس!

× × ×

ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ تىلى بىلەن دىلى ھەرقاچان ئوخشاش، ھەممە ئىشتا خەلق بىلەن دىلداش، ھەمنەپەس، تەقدىرداش بولۇشتەك چىن ئادىمىلىك ئېسىل ئەخلاق ـ پەزىلىتىدىن چوڭقۇر تەسىرلەنگەن ياش شائىر ئوبۇل ھاشىم قەلىمىدىن «ئادىمىلىكتە كامىل ئىنسان ئۇ» دېگەن نامدا تۆۋەندىكى شېئىر ـ دۇردانىلارنى چاچتى:

قەلبى دەريا، پىكرى روشەن، دوستقا سادىق، مېھرىبان،
مېھرى ئاتەش ھارارەتلىك، يۇرت ـ ئاۋامغا پاسىبان،
ئەل ئىشىغا مۇرۇۋۋەتلىك، سەپ ئالدىدا قەھرىمان،
قەددى شەمشاد، رىشتى مەھكەم، چىن ۋاپادار بىر ئىنسان،
كىم دېسىڭىز: ئوغۇز پۇشتى، قابىل ئوغلان ئا. قۇربان.

ئادالەتنى نىزام قىلغان ئەل - ئاۋامنىڭ سەركىسى،
مۇھەببەتنى چىراغ قىلغان كۆڭۈللەرنىڭ ئەركىسى،
مۆھتەرەملىك - ئىپسىللىكتە نۇرلۇق چىراغ شۆھرىتى،
خۇش مىجەزلىك، ساپ دىللىقتا ھەممىمىزنىڭ ئۈلگىسى،
كىم دېسىڭىز: ساداقەتلىك چىن قەدىردان ئا. قۇربان.

مەرتىۋىسى شۇنچە يۇكسەك، كىبىرسى يوق ھېچقاچان،
دېھقان ئۇنىڭ دىلكىشى ھەم مۇڭدىشىدۇر ھەرزامان
ئەل كۆلكىسى بەختى ئۇنىڭ، كۆلكە ئىچرە شادىمان؛
دەيدۇ: چېھرىم بولماس سامان بولسا خەلقىم تىنچ - ئامان،
كىم دېسىڭىز: ئەل ئىشقىدا چوغدەك يانغان ئا. قۇربان.

يول باشچىدۇر ئەل - ئاۋام دەپ غۇرۇرلانغان ئۆزىدىن،
توغرا يولدىن تايمىغان ھەم چىقمىغان لەۋز - سۆزىدىن،
ھەقىقەتنىڭ نۇرى پارلاپ تۇرار بىر جۇپ كۆزىدىن،
ئەل - ئاۋامغا خۇش تەبەسسۇم بالقىپ تۇرغان يۈزىدىن،
كىم دېسىڭىز: ئاۋام ئۈچۈن كۆيدۈرگەن جان ئا. قۇربان.

كېچە - كۈندۈز قەلبىدىكى ئارمان بىلەن گەپلىشىپ،
كەتمەن چاپقان ئېتىزلاردا دېھقان بىلەن بەسلىشىپ،
تاش يۆتكىگەن، تۇغان سالغان كەلكۈن بىلەن قەستلىشىپ،
يول ياساشقا ھەمدەم بولغان يولچىلارغا ئەپلىشىپ،
كىم دېسىڭىز: ئەجرى بىلەن داۋان ئاشقان ئا. قۇربان.

ئەمەل - مەنسەپ تاج ئەمەسكى، چاكارلىقنىڭ بەلگىسى،
ئىجتىھاتتا يورۇق بولغاي ئەل - ۋەتەننىڭ كەلگۈسى،
ھەر نەپەستە ھەقىقەتنىڭ بولغان تىرىك ئۈلگىسى،

تاجۇتەختى ئەل قەلبىدە، پەخرى دېھقان كۆلكىسى،
كىم دېسىڭىز: ئەلگە سادىق، مەرد نۇشىرۋان ئا. قۇربان.
.........

× × ×

قېرىنداش ۋىلايەت، ئوبلاستلاردا تۇرالغۇ ئۆي ئىسلاھاتى، داۋالىنىش ئىسلاھاتى يولغا قويۇلغىلى خېلى ۋاقىتلار بولغان بولسىمۇ، ئەمما خوتەن ۋىلايىتىدە بۇ خىزمەتلەر ئىشلەنمەي ھەر مىللەت كادىرلار ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئارىسىدا كۆپلىگەن غۇلغۇلا پەيدا قىلىدىغان قىزىق نۇقتىغا ئايلىنىپ قالغانىدى. ئابدۇراخمان قۇربان بۇ خىزمەتنى خەلق قۇرۇلتىيى خوتەن ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇھىم ئىشلار كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈپ تۇتتى. ئۇ 2003 - يىلى 12 - ئايدا، خوتەن مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ تۇرالغۇ ئۆي ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى دوكلاتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش يولىدا ئەتراپلىق ئىزدىنىپ، دەرھال خەلق قۇرۇلتىيى خوتەن ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ بىر مۇئاۋىن مۇدىرى يېتەكچىلىكىدە ۋىلايەت بويىچە ئالاقىدار تارماقلاردىن بىر گۇرۇپپا تەشكىللەپ، ئاقسۇ، قەشقەر، قىزىلسۇ قاتارلىق جايلارغا تۇرالغۇ ئۆي ئىسلاھاتى خىزمىتىدىكى تەجرىبىلەرنى ئۆگىنىشكە ئەۋەتتى. ھەمدە كادىر، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ داۋالىنىشىدا شەخسىي تۆلەيدىغان قىسمى كۆپ،ھۆكۈمەت ئاتچوت قىلىپ بېرىدىغان قىسمى ئاز بولۇش مەسىلىسىنى ھەيدەكچىلىك قىلىپ ھەل قىلىش ئۈچۈن يەنە بىر مۇئاۋىن مۇدىرنى ئۇ جايلارغا ئۆگىنىشكە ئېۋەتتى. ئۇلار يۇقىرىقى ئورۇنلارنىڭ تەجرىبىسىنى ئىگىلەپ كەلگەندىن كېيىن، ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە بۇ ھەقتىكى پىكىر - تەكلىپلەرنى دەرھال ۋاقتىدا قوبۇل قىلىپ، 2004 - يىلىنىڭ بېشىدا ۋىلايەت بويىچە تۇرالغۇ ئۆي ئىسلاھاتىنى يولغا قويدى. كادىر، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ داۋالىنىشىدا ئۆزى تۆلەيدىغان قىسىم 5% ئازايتىلدى. ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ ئەتراپلىق ئىزدىنىشى، ھەيدەكچىلىك قىلىشى

ئارقىسىدا، خوتەن ۋىلايىتىدە تۇرالغۇ ئۆي ئىسلاھاتى ۋە كادىر، ئىشچى- خىزمەتچىلەرنىڭ داۋالىنىشىدىكى ساقلانغان مەسىلىلەر تۈزۈتۈلدى، ھەر مىللەت كادىرلار ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەر خىلىدىن بۇيان كۆڭۈل بۆلۈپ كەلگەن، ئەمما ھەل بولمىغان مەسىلە ياخشى ھەل بولدى.

× × ×

يېزىلاردا دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئىچىملىك سۇيىنى ياخشىلاش خىزمىتى مىڭلىغان، ئونمىڭلىغان ئائىلىلەرنىڭ جانىجان مەنپەئەتىگە مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش ۋە ئەل رايى قورۇلۇشى ئىدى. 1994 - يىلىدىن كېيىن يۇقىرى دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى، نۇرغۇن ئۈنۈملۈك خىزمەتلەرنى ئىشلىشى ئارقىسىدا، يېزىلاردا دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئىچىملىك سۇيىنى ياخشىلاش جەھەتتىكى بەزى خىزمەتلەر ئىشلەنگەن بولسىمۇ، ئەمما بىر قىسىم جايلاردا دېھقان، چارۋىچىلارنى پاكىز سۇ بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن سۇ زاۋۇتى قۇرۇش، ئائىلىلەرگە تۇرۇبا يەتكۈزۈش ئىشلىرىغا سەل قارالغان، سۇ باشقۇرۇش خىزمىتىدىمۇ بەزى مەسىلىلەر ساقلانغان بولغاچقا، بىر قىسىم دېھقان- چارۋىچىلار تۇرۇبا سۇيىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنالمىغان. قىسقىسى، يېزىلاردا دېھقان ئائىلىلىرىگە تۇرۇبا ئارقىلىق پاكىز سۇ يەتكۈزۈش نىسبىتى بەكمۇ تۆۋەن بولۇشتەك ئەھۋال دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىغان.

ئابدۇراخمان قۇربان 2003 - يىلىدىن ئېتىبارەن خوتەن مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ يېزىلاردا دېھقان- چارۋىچىلارنىڭ ئىچىملىك سۇيىنى ياخشىلاش خىزمىتى توغرىسىدىكى دوكلاتىنى ئاڭلاش بىلەن بىرلىكتە، يېزىلارغا كۆپ قېتىم بېرىپ، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئىچىملىك سۇ مەسىلىسىنى ئەتراپلىق تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى، بولۇپمۇ خوتەن شەھىرىنىڭ كونا شەھەر رايونى ۋە يېزىلار شەھەر بىلەن تۇتاشقان جايلىرىدىكى ھەر مىللەت ئاھالىلەر ۋە دېھقانلارنىڭ پاكىز سۇ ئىچىشى

قىيىن بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن تەكشۈرۈش داۋامىدا ئۇچراتقان ئەمەلىي مەسىلىلەرگە قارىتا كۆپلىگەن ياخشى پىكىر - تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئاھالىلەر ۋە دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئىچىملىك سۈيىنىڭ سۈپىتىنى ياخشىلاش ۋە ئۇلارنىڭ پاكىز سۇ ئىچىشى قىيىن بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا ئۇبدان ھەيدەكچىلىك قىلدى. بۇ ئىشتىن شەھەر ئاھالىلىرى ۋە دېھقان - چارۋىچىلار ئىنتايىن مەمنۇن بولدى.

ئابدۇراخمان قۇربان ئۇدا ئىككى نۆۋەت ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى بولدى، بۇ جەرياندا ئۇ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ھەر قېتىمقى يىغىنى ئېچىلىشتىن ئىلگىرى يېزىلارغا چۈشۈپ، ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇر چۆكۈپ، خىزمەتلەرنى ئەتراپلىق تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئارزۇ - تەلەپلىرىنى ئىگىلەپ، قۇرۇلتاي يىغىنىغا قاتناشقاندا ئىنكاس قىلىش ئارقىلىق، خەلقنىڭ ئارزۇ - تەلىپىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا ئۈزۈلكسىز تىرىشتى. ئۇنىڭ خەلق ۋەكىللىرىگە باشلامچىلىق قىلىپ، كۆپ قېتىم تەكلىپ بېرىشى ئارقىسىدا، تۆمۈر يولنى قەشقەردىن خوتەنگە يەتكۈزۈشتىن ئىبارەت ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئارزۇسى ئاخىر ئەمەلگە ئاشتى.

× × ×

خوتەن ۋىلايىتى تەكلىماكانغا تۇتىشىپ تۇرغاچقا، سۇ قىس، سۇنىڭ پارغا ئايلىنىشى، قۇرغاقچىلىق ئېغىر، قۇم - بورانىنىڭ تەھدىتى ئىنتايىن كۈچلۈك، چاڭ - توزان بولۇش ۋاقتى بىر يىلدا 280 كۈنگە يېتىدۇ. خوتەن خەلقى ئاشۇنداق ناچار شارائىت ئاستىدىمۇ، جاپادىن قورقماي، ھەر خىل قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، يۇرتنى گۈللەندۈرۈش يولىدا قەيسەرلىك بىلەن كۈرەش قىلىپ كەلدى. لېكىن ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مائاش كىرىمى ئاز بولۇپ، يوقىرىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشىنى ئارزۇ قىلاتتى. ئابدۇراخمان قۇربان ئاپتونوم رايونلۇق 10 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ئېچىلغاندا، دۆلەتنىڭ خوتەن ۋىلايىتىنى 5- خىل

رايون قاتارىغا كىرگۈزۈپ، ئىش ھەققى تەمىناتىدا ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىدىن بەھرىمەن قىلىش توغرىسىدا پىكىر - تەكلىپلەرنى بەرگەنىدى. نەتىجىدە 2009 - يىلىغا كەلگەندە ئۇنىڭ پىكىر - تەكلىپلىرى قوبۇل قىلىنىپ، ئاخىر خوتەن ۋىلايىتى مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن 5 - خىل رايون قاتارىغا كىرگۈزۈلۈپ، خوتەن خەلقى دۆلەتنىڭ ئېتىبار بېرىش سىياسىتىدىن بەھرىمەن بولدى. ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مائاشىمۇ مۇناسىپ ھالدا ئۆستى. دېھقان - چارۋىچىلار پەرزەنتلىرىنىڭ ئوقۇش خىراجىتىگە كۆپ چىقىم كېتىش، ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ سىنىپ، ياتاق شارائىتى ناچار بولۇش مەسىلىسى ئوقۇتقۇچى- ئوقۇغۇچىلار ۋە دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ بېشىنى قاتۇرۇپ كەلگەنىدى. بۇ ئەھۋالغا ئاساسەن، ئابدۇراخمان قۇربان 2004 - يىلىدىن ئېتىبارەن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ خوتەن ۋىلايىتىدىكى ۋەكىللىرى بىلەن بىرلىكتە پىكىر- تەكلىپلەرنى تەييارلاپ، ئاپتونوم رايونلۇق ھەمدە مەملىكەتلىك 10 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ يىغىنلىرىدا قايتا - قايتا ئوتتۇرىغا قويۇپ، دۆلەتنىڭ بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلدى. بۇ مەسىلە 2008 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا تولۇق ھەل بولۇپ، دېھقان - چارۋىچىلار ۋە ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلارنى بەكمۇ سۆيۈندۈردى.

× × ×

ئابدۇراخمان قۇربان ھەر قېتىم ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ يىغىنىغا قاتناشقاندا، يېزىلارنىڭ سەھىيە - ساقلىقنى ساقلاش ئۇل مۇئەسسەسەلەر قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ داۋالىنىش شارائىتىنى ياخشىلاش، يېزىلاردا تەبىئىي گازنى ئومۇملاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا مەبلەغ سېلىش سالمىقىنى ئاشۇرۇش، يېزىلاردىكى نامرات ئائىلىلەرنىڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالەت پۇلىنى ئۆستۈرۈش، شەھەرلەردىكى تۇرمۇشتا قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرنىڭ

تۆۋەن تۇرمۇش كاپالەت پۇلىنى تولۇقلاپ بېرىش توغرىسىدىمۇ كۆپلىگەن پىكىر - تەكلىپلەرنى بېرىپ، دۆلەتنىڭ بۇ مەسىلىگە كۆڭۈل بۆلۈشىنى تەلەپ قىلىپ خەلق ئاممىسى بىلەن ھۆكۈمەت ئوتتۇرىسىدا كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىدى.

كارخانىلار ۋە كارخانىچىلارنىڭ بانكىدىن قەرز ئېلىشى قىيىن بولۇش مەسىلىسى خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ھەل قىلىنمىسا بولمايدىغان بىر مەسىلە بولۇپ قالغانىدى. 2008- يىلى 1 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ئابدۇراخمان قۇربان خوتەندىن بارغان ۋەكىللەر بىلەن بىرلىكتە يۇقىرىنىڭ بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىپ بېرىشىنى، شۇنىڭدەك يەنە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق بانكىسى، يېزا ئىگىلىك بانكىسى، يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسى، سودا - سانائەت بانكىسى، يېزا ئامانەت - قەرز كوپېراتىپى، قۇرۇلۇش بانكىسى قاتارلىق ئورۇنلار مەسئۇللىرىنىڭ خوتەن ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ مۇزاكىرىسىگە قاتنىشىپ، ۋەكىللەرنىڭ سوئاللىرىغا نەق مەيداندا جاۋاب بېرىشىنى تەلەپ قىلدى. قۇرۇلتاي يىغىن ئىشلىرى گۇرۇپپىسىنىڭ بۇ مەسىلىگە جىددىي قاراپ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ئاپتونوم رايوننىڭ يۇقىرىقى بانكىلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى خوتەن ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ يىغىن مۇزاكىرە ئورنىغا كېلىپ، ۋەكىللەرنىڭ سوئاللىرىغا نەق مەيداندا جاۋاب بەردى. بۇنىڭ بىلەن خوتەن ۋىلايىتىدىكى كارخانىلارنىڭ بانكىلاردىن قەرز ئېلىشى قىيىن بولۇش مەسىلىسى ئاساسىي جەھەتتىن ھەل بولۇپ، ۋىلايەتنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى-نىڭ سۈرئىتى تېزلەشتى.

ئاۋىياتسىيە شىركەتلىرىنىڭ خوتەنگە قاتنايدىغان ئايروپىلانلىرى ئاز، باھاسى قىممەت، كۈندۈزى كەلمەي كېچىسى كېلىدىغان بولغانلىقتىن ھەر مىللەت يولۇچىلار ۋە سىرتقا خىزمەتكە چىقىدىغانلارنىڭ ئايروپىلاندا ئولتۇرۇشى قىيىن بولۇش بىر قىزىق نۇقتا مەسىلىسىگە ئايلىنىپ قالغانىدى. 2009- يىلى 1 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق 11 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2 - سانلىق يىغىنىغا قاتنىشىۋاتقان ئابدۇراخمان قۇربان خوتەن ۋەكىللىرى

بىلەن بىرلىكتە ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىپ بېرىشنى، شۇنىڭدەك ھەرقايسى ئاۋىياتسىيە شىركەتلىرى مەسئۇللىرىنىڭ خوتەن ۋەكىللىرىنىڭ يىغىن مەيدانىغا كېلىپ ۋەكىللەرنىڭ سوئالىغا نەق مەيداندا جاۋاب بېرىشىنى تەلەپ قىلدى. نەتىجىدە، قۇرۇلتاي يىغىن ئىشلىرى گۇرۇپپىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن شىنجاڭ ئاۋىياتسىيە شىركىتى، شەرق ئاۋىياتسىيە شىركىتى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ مەسئۇللىرى دەرھال خوتەن ۋەكىللىرىنىڭ يىغىن مەيدانىغا كېلىپ، ۋەكىللەرنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بەردى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، خوتەنگە قاتنايدىغان ئايروپىلانلارنىڭ قېتىم سانى كۆپەيدى ۋە كۈندۈزى كېلىدىغان بولدى. ئايروپىلاننىڭ بېلەت باھاسىمۇ تۆۋەنلىدى، خوتەندىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قاتناش ئىشلىرىغا زور قولايلىق يارىتىلدى.

خەلق قۇرۇلتىيى ئەرزىيەت خىزمىتى خەلق رايىنى، جەمئىيەت ئەھۋالىنى ئىگىلەشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ، شۇنىڭدەك ئۇ خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەتچىلىك خىزمىتىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى، خەلق قۇرۇلتىيى ئەرزىيەت خىزمىتىنى تىرىشىپ ياخشى ئىشلەش- سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە سىياسىتىنىڭ ماھىيەتتىن ئېنىق گەۋدىلەندۈرۈلۈشى. شۇڭا، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئەرزىيەت خىزمىتى باشقا ئورۇن ۋە تارماقلار ئورنىنى باسالمايدىغان ئالاھىدە ئورۇنغا ئىگە، چۈنكى بۇ يول ئارقىلىق خەلق ئاممىسىنىڭ دەرد - ھالىغا يېتىپ، غەم - ئەندىشىسىنى تۈگەتكىلى، جەمئىيەتتىكى تۈرلۈك ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنى توغرا ھەل قىلىپ، مۇقىملىق ۋە تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرگىلى، مەدەنىي، ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلغىلى بولىدۇ. بۇ نۇقتىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتكەن ئابدۇراخمان قۇربان خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئەرزىيەت خىزمىتىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، بۇنىڭغا بولغان رەھبەرلىكنى داۋاملىق كۈچەيتتى، 2005 - يىلى خەلق قۇرۇلتىيى ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ قارمىقىدا مەخسۇس بىر ئەرزىيەت

بوّلۇمى قۇردى. ئارقىدىنلا يەنە ئۇنىڭ كۈچلۈك تەشەببۇس قىلىشى بىلەن 2005 - يىلى 3 - ئايدا خەلق قۇرۇلتىيى ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىدا مەخسۇس قانۇنچىلىق باشقارمىسى قۇرۇلۇپ، ئەرز - يەت خىزمىتى مۇستەھكەم تەشكىلىي ئاساسقا ئىگە قىلىندى. ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ۋىلايەت بويىچە ھەرقايسى ناھىيەلىك ۋە شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىدىمۇ ئەرز - يەت خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىلىرى قۇرۇلۇپ، بۇ خىزمەت مۇھىم ئىشلار قاتارىغا كىرگۈزۈپ تۇتۇلدى.

ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ تەلىپى ھەم ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، ۋىلايەت، ناھىيەلەر ۋە شەھەرلىك ئىككى دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىرىنىڭ ئاممىدىن كەلگەن «ئەرزلەرنى قوبۇل قىلىش كۈنى» تەسىس قىلىندى. ئۇلار خەلقتىن ھال ئېيتىپ كەلگەنلەرنى قوبۇل قىلىپ، خەلق ئاممىسى ئىنكاس قىلغان مەسىلىلەرنى ۋە ئاممىنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىپ، خەلق ئاممى - سىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. بۇنىڭ بىلەن خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ خەلق ئارىسىدىكى ئىناۋىتى تېخىمۇ ئۆستى.

× × ×

ئابدۇراخمان قۇربان ئۇزاق يىللىق خىزمەت ئەمەلىيىتى داۋامىدا ھەر ۋاقىت خەلقنى قەلبىگە پۈكۈپ، ھاكىمىيەتنى ھەقىقىي تۈردە خەلق ئۈچۈن يۈرگۈزدى. خەلق قۇرۇلتىيى ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىغا ھال ئېيتىپ كەلگەن ئاممىنى خۇشچىراي، قىزغىن كۈتۈۋېلىپ، ئۇلار ئىنكاس قىلغان تۈرلۈك مەسىلىلەرنى ئەستايىدىل ئاڭلىدى. ئەرز - يەت خىزمىتى داۋامىدىكى چوڭ ھەم قىيىن مەسىلىلەرنى ئۆزى بىۋاستە ھەل قىلدى. ئەرزىيەت خىزمىتىدىكى چېتىشلىق دائىرىسى كەڭ، چىگىش، مۇرەككەپ بەزى چوڭ - چوڭ ئەرز دېلولىرىنى خوتەن مەمۇرىي مەھكىمە ھەمدە ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى، ۋىلايەتلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ ھەل قىلىشىغا يوللاپ، تېز بىر تەرەپ

قىلىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلدى.
ئابدۇراخمان قۇربان جەمئىيەتتە تەسىرى كەڭ، قىيىن،چىگىش بىر قىسىم ئەرزىيەت دېلولىرىنى ئايرىپ، ئەمەلىي ئەھۋالنى ئەتراپلىق ئىگىلەپ، ھەل قىلىشقا مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلاردىن مەخسۇس ئادەم بەلگىلەپ، ئەرزىيەت خىزمىتىدىكى ھەر خىل زىددىيەت ۋە مەسىلىلەرنى بىخ ھالىتىدىلا ئاساسىي قاتلامدا ھەل قىلىپ، خەلقنىڭ قانۇنىي ھوقۇق مەنپەئىتىنى قوغداشقا تۈرتكە بولدى.
ئۇ، ئۇزاقتىن بېرى ھەل بولماي كەلگەن، قانۇن ئارقىلىق ھەل قىلىش كاتېگورىيەسىگە ياتىدىغان بىر قىسىم كونا، مۇرەككەپ، چىگىش دەۋاغا ئائىت دېلولارنى توغرا ھەل قىلىش ئۈچۈن 2005 - يىلى 5 - ئايدا خەلق قۇرۇلتىيى ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتى ئورگىنىدا تەكلىپ قىلىش يولى ئارقىلىق خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرى ۋە ئەدلىيە ئورگانلىرىدىن دەم ئېلىشقا چىققان، سالامەتلىكى ياخشى، مول تەجرىبىگە ئىگە بەش كىشىدىن تەركىب تاپقان بىر قانۇن مەسلىھەتچىلىرى مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى تەسىس قىلىپ، ئۇلارنىڭ رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇش ئارقىلىق، كۆپلىگەن چىگىش، مۇرەككەپ دېلولارنى ھەل قىلىپ، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ مۇقىملىق ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە تېگىشلىك تۆھپىلەرنى قوشتى.
2006 - يىلى خوتەن ناھىيەسىدىكى خانئېرىق يېزىلىق خەلق دوختۇرخانىسىدىن ئاتاۋۇللا ئىسلام، سىراجى ئەخمەت قاتارلىق 10 نەپەر كىشى بىرلىشىپ، يېزىلىق خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ سەۋەبسىز ھالدا ئۆزلىرىنىڭ 23 مىڭ يۈەن ئىش ھەققىنى ناھەق تۇتۇپ قالغانلىقى توغرىسىدىكى ئەرزنى ئابدۇراخمان قۇربانغا سۇندى. بۇ ئەرزگە ئۇ جىددىي قاراپ، خوتەن ناھىيەلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، خوتەن ناھىيەلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھەل قىلىشىغا تاپشۇرۇپ، تېزرەك بىر تەرەپ قىلىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلدى. ئەرزى ھەل بولۇپ قانۇنلۇق مەنپەئەتى قوغداش كاپالىتىگە ئىگە بولغان بۇ مويسىپىتلەر ئابدۇراخمان قۇربانغا چوڭقۇر مىننەتدارلىق بىلدۈردى.

2004 ـ يىلى قاراقاش ناھىيەسىدىن بىر قۇرۇلۇشچى گۇما ناھىيەسىنىڭ مەلۇم قۇرۇلۇشنى ھۆددىگە بېرىشتە قانۇن بويىچە خېرىدار چاقىرماي، ھۆددىگە بەرگەنلىكى توغرىسىدىكى ئەھۋالنى ئابدۇراخمان قۇربانغا ئىنكاس قىلدى. ئۇ ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن، دەرھال ۋىلايەتلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، ئىسلاھات، تەرەققىيات كومىتېتى، سۇ ئىشلىرى ئىدارىسى، گۇما ناھىيەلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قاتارلىق ئورۇنلارنى بۇ مەسىلىنى تەكشۈرۈپ ھەل قىلىشقا تەشكىللىدى. ئۇنىڭ خىزمەتلەرنى ئۆز ئارا ماسلاشتۇرۇشى، ھەيدەكچىلىك قىلىشى ئارقىسىدا بۇ مەسىلە ۋاقتىدا، توغرا بىر تەرەپ قىلىنىپ، جەمئىيەتتە ياخشى تەسىر قوزغىدى.

× × ×

2010 ـ يىلى دېكابىرنىڭ ئاخىرى ئىدى، شىۋىرغانلىق شامال ئادەمنىڭ يۈزىگە نەشتەردەك سانجىلاتتى. گۇما ناھىيەلىك شىگتۇڭ چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىدىن 34 نەپەر ئىشچى ـ خىزمەتچى شىركەتتىن ئىش ھەققىنى ئالالمىغانلىقى توغرىسىدا كوللېكتىپ ئەرز قىلىش ئۈچۈن خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىپ توپلاشتى، ئۇلارنىڭ نارازىلىق ئەلپازى ئىنتايىن كۈچلۈك بولۇپ، ئەگەر سەل بىخۇدلۇق قىلىنسا، مۇقىملىققا تەسىر يەتكۈزىدىغان كۆڭۈلسىز ئەھۋاللارنىڭ يۈز بېرىش ئېھتىمالى بار ئىدى. ئاشۇ ھالقىلىق، جىددىي پەيتتە ئابدۇراخمان قۇربان خەلق قۇرۇلتىيى ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىدىن ئەڭ قابىل كادىرلاردىن بىر گۇرۇپپا تەشكىللەپ، ئۇلارنى ئەرز قىلىپ كەلگەن ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ پىكرىنى ئاڭلاشقا ئورۇنلاشتۇردى. ئۇلار ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئەرزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئەھۋالنى دوكلات قىلدى. ئابدۇراخمان قۇربان بۇ ئىشقا جىددىي قاراپ، گۇما ناھىيەلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ تېزلىكتە ھەل قىلىشىغا تاپشۇرۇپ ۋە ۋاقتىدا ھەل قىلىپ ئەرز قىلىپ كەلگەن ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ قانۇنىي ھوقۇق

مەنپەئەتىنى قوغداپ قالدى. ئۇلار ئابدۇراخمان قۇربانغا رەھمەت خېتى يېزىپ، لەۋھە تەقدىم قىلدى.

2009 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى خوتەن ۋىلايىتىگە ئائىت ئەرزىيەت دېلوسىدىن 20 نى خەلق قۇرۇلتىيى خوتەن ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ ھەل قىلىشىغا تاپشۇرغاندا ئابدۇراخمان قۇربان كۆپ قېتىم يىغىن ئېچىپ، بۇ ئەرزىيەت دېلولىرىنى تېز بىر تەرەپ قىلىپ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى رەھبەرلىرىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.

ئابدۇراخمان قۇربان ھەر ۋاقىت خەلق ئويلىغاننى ئويلاپ، خەلق ئالدىرىغانغا ئالدىراپ، خەلق ئۈچۈن خالىسلىق بىلەن خىزمەت قىلىپ، خەلقنىڭ دەردىگە دەرمان بولدى. شۇڭا، خەلق ئۇنى ئۆز باغرىدەك بىلىپ ھۆرمەتلىدى ۋە ئەزىزلەپ بېشىدا كۆتۈردى.

ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئولتۇرۇشلۇق يەككە چىش دوختۇرى مەمتىمىن تۇرسۇن، قاراقاش ناھىيەسىنىڭ قاراساي يېزىسىدىكى ۋىلايەت ئانايەت مەمنۇنىيەت بىلەن: «بىز ئەرز - ھالىمىزنى ئېيتىپ كۆپلىگەن جايلارغا بارغان بولساقمۇ، ئەمما ئەرزىمىز كۆڭۈلدىكىدەك ھەل بولمىغانىدى، ئاخىرىدا مۇدىر ئابدۇراخمان قۇرباننى ئىزدەپ كۆرۈشۈپ ئەرزىمىزنى بايان قىلغانىدۇق، ئۇ سەممىيلىك، سەۋرچانلىق بىلەن ئەرزىمىزنى ئاڭلاپ رازى بولغۇدەك ھەل قىلىپ بەردى، ئۇ ھەقىقەتەن خەلقنىڭ غېمىنى يەيدىغان، خەلقپەرۋەر، ئېسىل پەزىلەتلىك ياخشى رەھبەر ئىكەن، رەھبەر دېگەن مۇشۇنداق بولسا» دېيىشتى.

خەلقنىڭ كۆزى بەك ئۆتكۈر، كىم خەلقنى تونۇسا، خەلققە كۆيۈنسە، خەلق شۇنىڭغا يېپىشىدۇ ۋە ئۇنى قەدىرلەيدۇ.

خەلق قۇرۇلتىيى خوتەن ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتى 2004 - يىلىدىن 2010 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئىلگىر - ئاخىر بولۇپ خەلقتىن كەلگەن 810 پارچە ئەرزنى قوبۇل قىلدى، ھال ئېيتىپ كەلگەنلەردىن 902 كىشىنى كۈتۈۋالدى. بۇنىڭ ئىچىدە مۇدىر ئابدۇراخمان قۇربان ھەل قىلىشقا ئۆزى بىۋاسىتە تەستىق سالغان، ئالاقىدار تارماقلارنىڭ بېجىرىشىگە تاپشۇرغان چوڭ ھەم مۇرەككەپ ئەرز دېلولىرى 77 پارچىنى

ئىگىلىدى. ئابدۇراخمان قۇرباننىڭ خەلقتىن كەلگەن خەت - چەكلەر ۋە ئەرزىيەت خىزمىتىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشى ئارقىسىدا، خەلق قۇرۇلتىيى ۋىلايەتلىك خوتەن خىزمەت كومىتېتىغا كەلگەن ئەرز دېلولىرىنىڭ بېجىرىلىپ ھەل قىلىنىشى 95% كە يەتتى، ئەرزىيەت دېلولىرى ۋاقتىدا، توغرا ھەل قىلىنغانلىقتىن، تەكرار ئەرز قىلىش، كۆپ ئورۇنغا بېرىش، دەرىجە ئاتلاپ ئەرز قىلىش، كوللېكتىپ ئەرز قىلىش ئەھۋاللىرىنىڭ ئالدى ئېلىندى، خەلق ئاممىسىنىڭ جانىجان مەنپەئىتى قانۇن بويىچە قوغدالدى. تىنچ، ئىناق، مۇقىم، ئىشلەپچىقىرىش ئۈزۈلكسىز راۋاجلانغان، خەلق خاتىرجەم تىرىكچىلىك قىلىدىغان، تەرەققىيات يىلسېرى ئالغا سىلجىغان ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى.

ئابدۇراخمان قۇربان خەلق قۇرۇلتىيى ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىدا ئىشلىگەن 10 يىلغا يېقىن خىزمەت ئەمەلىيىتى داۋامىدا، كومىتېتتىكىلەرگە يېتەكچىلىك قىلىپ، خەلق ئاممىسى ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان، خەلقنىڭ جانىجان مەنپەئەتىگە زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى، مېيىپلارنى كاپالەتلەندۈرۈش قانۇنى، يېمەكلىك تازىلىق قانۇنى، مائارىپ قانۇنى قاتارلىق قانۇن ۋە باشقا تۈرلۈك نىزام، بەلگىلىمىلەرنىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالىغا ئۈنۈملۈك نازارەتچىلىك قىلىپ، خەلققە زىيان يېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، خەلققە بەخت - سائادەت يارىتىش يولىدا ئۈزلۈكسىز تىرىشتى. ئۇ ئۆزىنىڭ يۈرەك قېنىنى، ئەقىل - پاراستىنى، بارلىقىنى خوتەن ۋىلايىتىنى گۈللەندۈرۈپ قۇدرەت تاپتۇرۇش، ھەر مىللەت خەلقىنى نامراتلىقتىن قۇتقۇزۇپ بېيىتىشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىشقا بېغىشلىدى. ئۇنىڭ جاپالىق ئەجرى زايە كەتمىدى. ئۇ ئەل - يۇرتنى گۈللەندۈرۈش، خەلقنى بېيىتىش يولىدا تۆككەن تەر - مېھنەت ئەجرى بەدىلىگە ئاپتونوم رايون بويىچە «نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇش خىزمىتىدىكى ئىلغار شەخس» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشىپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن تەقدىرلەندى.

2010 - يىلى 12 - ئايدا ئابدۇراخمان قۇربان مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن چەت

ئەلــگە ئېكــسكۇرسيەگە ئاتلانــدى، گەرچە ئــايروپىلان خوتەنــدىن بارغانــسېرى يىــراقلاپ كېتىۋاتقــان بولــسىمۇ، ئەممــا ئۇنىــڭ ئەس ـ يادى يەنىلا خوتەندە ۋە ئاشۇ ئىككى كەنتتىكى كادىرلار ۋە دېھقانلاردا ئىــدى. ئــۇ ۋۇجۇدىــدا ئىــسسىق قاننىــڭ ئۆركەشــلەۋاتقانلىقىنى، بەجــايىكى يۇرۇكقــاش دەرياســىدەك مەۋج ئۇرۇۋاتقــانلىقىنى چوڭقــۇر ھــېس قىلــدى. ئۇنىــڭ ۋۇجۇدىــدا ئۆركەشــلەۋاتقىنى خــوتەن، ئاشــۇ نــامرات زېمىنــدىكى مېھنەتكەش خەلققە بولغان يالقۇنلۇق مېھىر ـ مۇھەببەت ئىدى.

ئابــدۇراخمان قۇربــان چەت ئەلــدىن قايتىــپ كەلگەنــدىن كېــيىن، ئالــدى بىــلەن چوڭقــۇر سىــڭىنىش ئېلىپ بارغان ئۇچىلىك كەنــتىگە قەدەم بېسىپ، ئۆزى بىلەن كۆرۈشۈشكە كەلگەن كەنت كادىرلىرى ۋە دېھقانلار بىلەن بىر ـ بىرلەپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش ئەھۋالىنى ئىگىلەپ، پەن ـ تېخنىكىغا تايىنىپ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش، ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش، سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇش يولىدىكى روھىغا كۈچلۈك مەدەت بەردى.

× × ×

2011 ـ يىلــى 30 ـ مــارت ئەتــگەن، مەيــىن باھــار شــامىلى يېقىملىق پۈچىرلاپ، كىشىنى شېرىن ھېس ـ تۇيغۇلارغا چۆمدۈرەتتى، يېشىل گىلەمدەك جۇلالاپ تۇرغــان پايانــسىز كــۆزگى بۇغــداي ئېتىزلىرىــدا باھار شەبنەملىرى جۇلالاپ تــۇراتتى. ھەر ۋاقــىت خەلقنــى ئويلايــدىغان، خەلق تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان ئابدۇراخمان قۇربــان ئۆزىنىــڭ ئــالاقە نۇقتىسى توخۇلا يېزىسىنىڭ تاشكەنت كەنتىگە يېتىپ كېلىپ، كــادىرلار ۋە دېھقانلار بىلەن كۆرۈشۈپ، سەممىي ھال سورىدى، ئاندىن كــادىرلار ۋە دېھقانلارغا:

ــ يولداشلار، بۇ يىل 12 ـ بەش يىللىق پىلاننىڭ تۇنجى يىلــى، شۇنداقلا ۋىلايىتىمىزنىڭ ھالقىما تەرەققىياتى ۋە ئەبەدىــي ئەمىنلىكىنــى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى ئىنتــايىن ئــاچقۇچلۇق بىــر يىــل، شــۇڭا بىــز روھنــى ئۇرغۇتۇپ، غەيرەت ئۇستىگە غەيرەت قوشۇپ جاسارەت بىــلەن كۈچىنىــپ

ئىشلەپ، ھەر ساھە خىزمەتلەرنى ئىلگىرى سۈرۈپ، سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇش، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ كىرىمىنى كۆپەيتىشتە چوقۇم ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز كېرەك، كەنتىنىڭ تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلسە، دېھقانلار تېخىمۇ بېيىپ ھاللىق تۇرمۇشقا ئېرىشسە مەن خۇشال بولىمەن، — دېدى تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن.

ئۇنىڭ ئىلھام بەخش سۆزى، سەممىي ئۈمىدى ئىللىق باھار شامىلىدەك كادىرلار ۋە دېھقانلارنىڭ قەلبىدە خۇشاللىق، يېڭىچە زوق، ئىلھام دولقۇنلىرىنى قوزغىدى. بىر مۇنچە دېھقانلارنىڭ كۆز چاناقلىرى ئىسسىق ياشقا تولدى.

ئۇ، كۈزگى بۇغداي ئېتىزلىرىنى، سەي - كۆكتات پارنىكىنى، ياڭاق كۆچەتلىرىنىڭ ئۆسۈش ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈردى. كادىرلار ۋە دېھقانلاردىن ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ۋە بۇغداي پەرۋىشىنى چوقۇم ياخشى ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇنىڭ تەلەپ، ئۈمىدى ھەممەيلەنگە كۈچ - قۇۋۋەت بېغىشلىدى.

مۇدىر ئابدۇراخمان قۇربان كادىرلار، دېھقانلار بىلەن خوشلىشىپ ئەمدىلا قايتاي دەپ تۇراتتى، ئوتتۇرا بوي، بۇغداي ئۆڭلۈك بىر يىگىت ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— بۈگۈن ئىنىمنىڭ تويىنى قىلماقچىدۇق، تويغا قاتنىشىپ بېرىشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن، — دېدى خۇشخۇيلۇق بىلەن.

ئابدۇراخمان قۇربان گەرچە كۆن بويى جاپالىق ئىشلەپ، قاتتىق چارچىغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ تەكلىپنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىپ توي بولىدىغان ئائىلىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كەلگەندە ھويلا رەڭمۇرەڭ كىيىم كىيگەن دېھقانلار بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، تويىڭىزغا مۇبارەك بولسۇن! — دېدى ئابدۇراخمان قۇربان تويى بولىدىغان يىگىت تۇرسۇن مۇھەممەتكە بەخت - خۇشاللىق تىلەپ.

تۇرسۇن مۇھەممەتنىڭ دادىسى روزى مۇھەممەت ئىلگىرى بۇ كەنتنىڭ سېكرېتارى بولۇپ، بۇنىڭدىن سەككىز يىل ئىلگىرى خىزمەت ئۈستىدە ئالەمدىن ئۆتكەنىدى.

— ئۆزلىرىنىڭ تويۇمغا قاتنىشىپ بەرگەنلىكلىرىنى كۆرۈپ، شۇ تاپتا گويا دادام يېنىمدا تۇرۇۋاتقاندەك ھېس قىلىۋاتىمەن، قىممەتلىك ۋاقتىلىرىنى چىقىرىپ تويۇمغا قاتنىشىپ بەرگەنلىكلىرىگە رەھمەت! — دېدى تۇرسۇن مۇھەممەت خۇشخۇيلۇق بىلەن.

— سىزمۇ مېنىڭ ئوغلۇم بىلەن ئوخشاش، دادىڭىز ئەل - يۇرت ئۈچۈن پىداكارلىق بىلەن ئىشلىگەن ئالقىشقا سازاۋەر ياخشى كادىر ئىدى، دادىڭىزنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، دادىڭىز ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا مۇۋەپپەق بولالمىغان ئىشلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا تىرىشىپ كۆرەش قىلىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن، — دېدى ئابدۇراخمان قۇربان ئۇنىڭغا ياخشى تىلەكلەرنى بىلدۈرۈپ.

ئابدۇراخمان قۇرباننىڭ بۇ تويغا قاتناشقانلىقى پۈتۈن كەنتتىكى كادىرلار ۋە دېھقانلارنىڭ ئۇنىڭغا بولغان قايىللىقى ۋە ھۆرمىتىنى تېخىمۇ ئاشۇردى. ئۇ تويدىن قايتىپ چىقىپ خوتەن شەھىرىگە يول ئالغاندا كەنتتىكى كادىرلار ۋە دېھقانلار ئۇنىڭدىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيمىغان ھالدا تاكى قارىسى يىتكىچە ئارقىسىدىن قاراپ تۇرۇشتى.

× × ×

بۇ دۇنيا بىر سەھنە، ھەربىر ئىنسان بىر مۇزىكانتقا ئوخشايدۇ. مۇزىكانت يېقىملىق، جەڭگىۋار مۇزىكىلارنى ئىجاد قىلسىمۇ ياكى خۇنۈك، چۈشكۈن مۇزىكىلارنى ئىجاد قىلسىمۇ، ئۇنىڭدىن بىر ئىز قالىدۇ. جەڭگىۋار، يېقىملىق مۇزىكىلار خەلق ئارىسىغا كەڭ تارقىلىپ، مۇزىكانتنىڭ كىشىلەر قەلبىدىكى ئىززەت - ئابرۇيىنى تېخىمۇ ئاشۇرىدۇ، ناچار مۇزىكىلار كىشىلەرنىڭ نەپرىتىنى قوزغايدۇ، خالاس. ئەلنى سۆيگەن، ئەلمۇ سۆيگەن، خەلق قەلبىدىكى جەسۇر ئوغلان ئابدۇراخمان قۇربان ئۆزىنىڭ 43 يىللىق شانلىق ئەمەلىي خىزمەت مۇساپىسىدە پۈتۈن ۋۇجۇدىنى خەلققە بېغىشلاپ، خوتەن خەلقى ئۈچۈن يۇقىرىقىدەك نۇرغۇن ئەھمىيەتلىك ياخشى ئىشلارنى قىلىش ئارقىلىق، بىر يېقىملىق ئېسىل كۈينى ياڭراتتى. بۇ يېقىملىق كۈي تېخىمۇ جاراڭلىق ياڭراپ،

قەدىمىي يۇرت ـ قاشتاش ۋادىسى خوتەندىكى ئىجادكار، پاراسەتلىك خەلقنىڭ روھىغا داۋاملىق مول مەنىۋى ئوزۇق بەخش ئېتىدۇ ۋە ئەتكۈسى.

× × ×

يولداش ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ خوتەندىكى نامرات، ئاجىزلار، يېتىم ـ يېسىرلار ۋە ئىگە ـ چاقىسىز ياشانغانلارغا بولغان چوڭقۇر مېھرى ۋە كۆيۈنۈشى ئۆز ۋاقتىدا كىشىلەرنىڭ يۈكسەك دىققىتىنى تارتقانىدى. جۈملىدىن كېرىيە ناھىيەلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ سابىق مۇدىرى، تونۇلغان شائىر، جامائەت ئەربابى، ئۆزىنىڭ سەمىمىي دىلكەشلىكى بىلەن كىشىلەرنىڭ قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان رېھىم نىياز ئەپەندى ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ ئېسىل پەزىلىتىدىن تەسىرلىنىپ، ئۇنىڭ تەرىپ ـ تەۋسىپىنى يېزىق ئارقىلىق ئىپادىلىگەن كىشىلەرنىڭ بىرىدۇر. تۆۋەندە يازمىمىزنىڭ بۇ قىسمىغا رېھىم نىياز ئەپەنى ۋاقتىدا يېزىپ،«شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى»ژۇرنىلىدا ئېلان قىلغان «يېتىملارنىڭ غەمگۇزارى» ،«ئۈچنى يوقلاشنى ئۇنتۇمايدىغان رەھبەر» ناملىق ئىككى پارچە ماقالىنى قىستۇرۇپ ئۆتۈشنى لايىق تاپتۇق.

## يېتىملارنىڭ غەمگۇزارى

2003 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن خۇالىڭ گۇرۇھى شىركىتىدە بېقىلىۋاتقان كېرىيەلىك يېتىم باللارنىڭ ئورۇق ـ تۇغقانلىرى ۋە كېرىيە ناھىيەلىك يېتىم ـ يېسىرلار پاراۋانلىق ئورنىدىكى تەقدىرداشلىرىغا ئىنتايىن شادلىق ئاتا قىلىنغان بىر كۈن بولدى. بۇ شادلىقنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى خوتەن ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى يولداش

ئابدۇراخمان قۇربان ئېلىپ كەلگەنىدى. ئۇ بولسىمۇ، خۇالىڭ گورۇھى شىركىتى 2001- يىلى 11- ئايدا كېرىيە ناھىيەسىدىن بېقىۋېلىشقا تاللاپ ئېلىپ كەتكەن 45 نەپەر ئاتا - ئانىسىز يېتىم بالىنىڭ ھازىرقى ئەمەلىي تۇرمۇشى، ئۆگىنىشى ۋە باشقا كۆندىلىك پائالىيەتلىرى ئېلىنغان سىنئالغۇ لېنتىسىدىن ئۇلارنىڭ سىماسىنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولالىغانلىقى ئىدى.

بۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن، مەن ئەمدىلا چۈشلۈك تاماقنى يەپ بولۇپ تۇرۇشۇمغا ئۆيۈمدىكى تېلېفون جىرىڭلىدى:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم.

— ۋە ئەلەيكۇم ئەسسالام. يولداش رېھىم نىيازمۇ؟

— شۇنداق.

— مەن مەتسەيدى خۇدا بەردى.

— «ھە، ھاكىمما؟ ئەھۋاللىرى ياخشىمۇ؟...... قانداق يوليورۇقلىرى بار؟

— مۇنداق بىر ئىشنى ئۆزلىرىگە خەۋەر قىلماقچىدىم، — دېدى ئۇ مۇلايىم ئاۋازدا، — ئابدۇراخمان قۇربان مۇدىر بۈگۈن ئەتىگەن كورلىدىن يولغا چىقىپتۇ. چۈشتىن كېيىن سائەت 4 ئەتراپىدا ناھىيەمىزگە يېتىپ كېلىدىكەن، ئەسلىي مەن جاڭ شۇجى ۋە ئۆزلىرى بىلەن بىرلىكتە ئۇنىڭ ئالدىغا چىقايلى دېگەنىدىم، بىراق بىز ھازىر ئۈرۈمچىدىن قايتىپ يولدا بولۇپ قالدۇق، يىغىندىن كېيىن يەنە جىددىي بىر خىزمەت بىلەن لەڭگەر يېزىسىغا بارماقچى، شۇڭلاشقا ئۆزلىرى يالغۇز بولسىمۇ مۇدىر ئابدۇراخمان قۇرباننىڭ ئالدىغا چىقىپ ئۇبدان كۈتۈۋالسىلا. بىز لەڭگەردىن بالدۇرراق قايتىپ كېلەلىسەك كەچتە بىرگە بولارمىز . يەنە بىر گەپ، ئابدۇراخمان قۇربان مۇدىرنىڭ دېيىشىچە، ئۇ بۈگۈن ناھىيەمىزدىكى يېتىم - يېسىرلار پاراۋانلىق ئورنىدىكى باللار ۋە خۇالىڭ گورۇھى شىركىتى بېقىۋېلىشقا ئېلىپ كەتكەن يېتىم باللارنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بىلەن كۆرۈشمەكچىكەن. مەن بۇ ئىشنى خەلق ئىشلار ئىدارىسىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدۇم. مۇشۇ ئىشنى ئۆزلىرى يەنە بىر قېتىم سۆيلەپ، تەييارلىق ئىشلىرىنى پۇختا قىلىشلىرىنى سورايمەن.

— خاتىرجەم بولسىلا......

چۈشتىن كېيىن ئۇرۇمچى ۋاقتى سائەت 2 دە ئىشخانامغا بېرىپلا ئالدى بىلەن خەلق ئىشلار ئىدارىسىنىڭ باشلىقى يولداش ئابدۇۋېلى قۇربانغا تېلېفون قىلىپ، تەييارلىق ئەھۋالىنى، يېتىم - يېسىرلارنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا خەۋەر قىلغان - قىلمىغانلىقىنى سوراشتۇردۇم. ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە يېتىم - يېسىرلارنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى، بولۇپمۇ خۋالىڭ گۇرۇھى شىركىتى بېقىۋېلىشقا ئېلىپ كەتكەن بالىلارنىڭ تۇغقانلىرىنى تولۇق خەۋەردار قىلىپ، بۇگۈنكى پائالىيەتكە قاتنىشىشنى قولغا كەلتۈرۈشنى تاپىلىدىم. تېلېفوننى ئەمدىلا قويۇپ تۇرۇشۇمغا يانفونۇمغا سىگنال كەلدى. يانفوننى قولۇمغا ئېلىپلا تېلېفوننىڭ يولداش ئابدۇراخمان قۇربان مۇدىردىن كەلگەنلىكىنى بىلدىم:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام!

بىز قىزغىن ئەھۋال سوراشتۇق، ئاندىن كېيىن ئۇ، ئۆزىنىڭ ھازىر نىيە ناھىيەسىدىن يولغا چىققانلىقىنى، بىرەر سائەتتىن كېيىن كېرىيەگە يېتىپ كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، يېتىم - يېسىرلار ۋە ئۇلارنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا خەۋەر بەرگەن- بەرمىگەنلىكىمىزنى سورىدى. مەن ھېلىلا خەلق ئىشلار ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئابدۇۋېلى قۇرباندىن ئىگىلىگەن ئەھۋاللارنى ئۇنىڭغا دوكلات قىلدىم. ئۇ ماڭا يەنە:

— مەن خۋالىڭ گۇرۇھى شىركىتى بېقىۋېلىشقا ئېلىپ كەتكەن بالىلارنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىدىن ئېلىنغان سىنئالغۇ لېنتىسىنى ئېلىپ كەلدىم، بۇنى بۈگۈن ئاشۇ بالىلارنىڭ تۇغقانلىرىغا كۆرسەتمەكچىمەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ناھىيەلىك تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدىن مۇناسىۋەتلىك ئۈسكۈنە ۋە مۇناسىۋەتلىك خادىملارنى تەشكىللەپ، مۇۋاپىق سورۇن راسلاپ تەييارلىق قىلىڭلار — دېدى. مەن ئۇنىڭغا جاۋابەن:

— ماقۇل، مەن ھازىرلا ئورۇنلاشتۇرۇپ تەييارلىق قىلايلى، — دېدىم ھەمدە ئويتوغراق يېزىسىغىچە ئالدىغا بېرىپ ئۇنى كۈتىدىغانلىقىمنى ئېيتتىم، لېكىن ئابدۇراخمان قۇربان مۇدىر بۇنىڭغا قوشۇلمىدى. ئۇ مېنىڭ ئويتوغراق يېزىسىغىچە ئالدىغا بېرىش

توغرىسىدىكى پىكرىمنى سەممىيلىك بىلەن رەت قىلىپ:

— ئالدىمغا كېلىمەن دەپ جاپا تارتىپ يۈرمەڭلار، تەييارلىق خىزمەتلىرىنى پۇختا ئىشلىسەڭلارلا كۇپايە، مەن كېرىيەگە بارغاندىن كېيىن شۇ يەردىلا كۆرۈشسەك بولىدۇ، — دېدى.

مەن ئۇنىڭ بىلەن تېلېفوندا خوشلاشقاندىن كېيىن دەرھاللا ناھىيەلىك تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىگە تېلېفون قىلىپ، ئابدۇراخمان قۇربان مۇدىرنىڭ سۆزىنى يەتكۈزۈپ، ئۇلارنىڭ جىددىي تەييارلىق قىلىشنى ئورۇنلاشتۇردۇم. ئارىدىن يېرىم سائەتتەك ئۆتكەندە ئابدۇراخمان قۇربان مۇدىرنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قارىماي ئويتوغراق يېزىسىغا قاراپ يولغا چىقتىم. 7 — 8 كىلومېتىردەك مۇساپىنى باسقاندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن يول ئۈستىدە ئۇچراشتىم. مەن دەرھال ماشىنىنى يولنىڭ ياقىسىدا توختىتىپ ماشىنىدىن چۈشتۈم. ئۇمۇ ماشىنىنى توختىتىپ ماشىنىدىن چۈشتى. بىز قىزغىن كۆرۈشتۇق ۋە قىسقىچە ئەھۋال سوراشتۇق، ئاندىن ئۇنىڭغا ئۇدۇل كېرىيە مېھمانخانىسىغا بېرىپ بىردەم هاردۇق ئېلىشنى دېدىم. ئۇ تەييارلىق ئەھۋالىنى، يەنى يېتىم بالىلارنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ كەلگەن - كەلمىگەنلىكىنى، سىنئالغۇ قويۇش سايمانلىرىنى تەييارلىغان - تەييارلىمىغانلىقىمىزنى بىر - بىرلەپ سورىدى. ئۇنىڭغا بارلىق تەييارلىقلارنىڭ پۈتكەنلىكىنى دوكلات قىلدىم. «ئۇنداق بولسا، — دېدى ئۇ سەممىيلىك بىلەن، — بىز كۆپچىلىكنى ساقلاتمايلى، ئۇدۇللا يېغىن زالىغا بېرىپ، ئۆز قېرىنداشلىرىنى ۋە قېرىنداش ھەمشىرىلىرىنىڭ بەختسىزلىككە ئۇچرىغان پەرزەنتلىرىنىڭ ھازىرقى تۇرمۇش ئەھۋالىنى كۆرۈشنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈۋاتقان يۇرتداشلارغا سىنئالغۇ قويۇپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى بىردەم بولسىمۇ بالدۇرراق ئەمىن تاپتۇرايلى......» مەن بۇنىڭغا ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ، ماشىنىغا چىقىپ ئۇنىڭغا يول باشلىدىم......

مەن مۇدىر ئابدۇراخمان قۇربانىنى باشلاپ، ناھىيەلىك يول ئاسراش ئۇچاستىكىسىنىڭ دەرۋازىسىدىن كىردىم (چۈنكى يىغىلىشنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرى مۇشۇ ئورۇنغا بېكىتىلگەنىدى). بۇ يەردە ناھىيەلىك خەلق ئىشلار ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئابدۇۋەلى قۇربان، ناھىيەلىك تېلېۋىزىيە

ئىستانسىسىنىڭ باشلىقى لىۇ شىمىڭ، ناھىيەلىك يېتىم - يېسىرلار پاراۋانلىق ئورنىنىڭ باشلىقى مۇختار مەتتۆمۈر ۋە پاراۋانلىق ئورنىدىكى تەربىيەچى خادىملاردىن تارتىپ بارلىق يېتىم باللار ۋە ئۆلارنىڭ بوۋا - موما، يېقىن - يىراق ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بولۇپ 150 دىن ئارتۇق ئادەم كۈتۈپ تۇرغانىكەن. مۇدىر ئابدۇراخمان قۇربان ماشىنىدىن چۈشۈشىگىلا بىرقانچە بالا يۈگۈرۈپ كەلدى:

— ۋالىي دادا، ياخشىمۇسىز؟

— ۋالىي دادا، ھارماڭ

مۇدىر ئابدۇراخمان قۇربان كۆزلىرىگە لىققىدە ياش ئالغان ھالدا ئۆلارنىڭ قولىنى تۇتۇپ، باش - كۆزلىرىنى سىلاپ مېھرىبانلىق بىلەن ئەھۋال سورىدى، ئاندىن ئۆزىنى كۈتۈپ تۇرغانلار ئىچىدىكى ئەرلەر بىلەن بىر - بىرلەپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. ئاياللارغا بولسا ئوڭ قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ تۇرۇپ باش لىڭشىتىپ سالام بەردى. دىدارلىشىش تۈگىگەندىن كېيىن، چىرايلىق بېزەلگەن، پاكىز، ئازادە، يورۇق يىغىن زالىغا كىرىپ ئورۇن ئالدۇق.

مۇدىر ئابدۇراخمان قۇربان يىغىن زالىدىكى شىرە ئۈستىگە پاكىز ئەدىيال يېپىپ تەييارلانغان ئاددىيغىنە يىغىن سەھنىسىدىن ئورۇن ئالغاندىن كېيىن، شوپۇرى ئەنۋەر ئوبۇلغا سىنئالغۇ لېنتىسى سېلىنغان سومكىنى ئەكەلدۈرۈپ، كىچىك تىپتىكى تىلىكامېرادىن سىنئالغۇ لېنتىسىنى ئېلىپ ناھىيەلىك تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ مۇخبىرى يولداش مەتتىسەيدى مەتقاسىمغا ئۇزىتىپ، ھازىرلا شۇ سورۇنغا تەييارلانغان تېلېۋىزورغا چېتىپ تەييارلاشنى ئېيتتى، ئاندىن كېيىن ئۇ كۆپچىلىككە قاراپ ھاياجان بىلەن مۇنۇلارنى جاكارلىدى:

— يولداشلار، مەن بۇ قېتىم ئاپتونوم رايونغا يىغىنغا بېرىش مۇناسىۋىتى بىلەن ۋىلايىتىمىزدىن، جۈملىدىن ناھىيەمىزدىن 2001 - يىلى 11 - ئايدا خۇالىڭ گۇرۇھى شىركىتى بېقىۋېلىشقا ئېلىپ كەتكەن يېتىم باللارنى يوقلاپ كەلدىم. ئۆلارنىڭ تۇرمۇش، ئۆگىنىش، ئوقۇش ئەھۋاللىرىنى بىر - بىرلەپ كۆزدىن كەچۈرۈپ، ئوچۇق - يورۇق پاراڭلاشتىم ۋە مۇڭداشتىم، بۇ مېنىڭ ئۆلارنى ئىككىنچى قېتىملىق

يوقلىشىم بولۇپ، 1 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونغا يىغىنغا بارغاندا بىر قېتىم يوقلىغانىدىم. شۇ چاغدا كېيىنكى قېتىم پۇرسەت بولۇپ قالسا باللارنىڭ ھازىرقى تۇرمۇش ئەھۋالىنى سىنئالغۇغا ئېلىۋېلىپ، ھەر قايسىڭلارغا كۆرستىشنى كۆڭلۈمگە پۈككەنىدىم، چۈنكى باللارنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىنىڭ تەسەۋۋۇرۇمدىكىدىنمۇ نەچچە ھەسسە ياخشى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغانىدىم. گەرچە ئۇ باللار ئەينى چاغدا ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بەختسىزلىككە ئۇچراپ، ئاتا ـ ئانىسىدىن ئايرىلغان، ۋۇجۇدىغا رەھىمسىز تەقدىرنىڭ ئازابلىق تامغىلىرى بېسىلىپ، سەبىي، نازۇك قەلبىگە مۇسىبەتلىك ھىجران ئازابىنىڭ زەردابلىرى تولغان، مەيۈسلۈك قاپلىغان دىللىرىدىن ئۇرغۇپ چىققان ئاھ ـ زارلىق يېشى بىلەن تولغان غەمكىن كۆزلىرى يىراق ـ يىراقلارغا ئۈمىدسىز تىكىلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ھازىر جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىدە ۋە پارتىيەمىزنىڭ خەلقنى بېيىتىش سىياسىتىنىڭ پارلاق نۇرى ئاستىدا ھالال مېھنەت قىلىپ ئالدىن بېيىغان بىر ئاق كۆڭۈل ساخاۋەتچىنىڭ ھامىيلىقىدا ناھايىتى باياشات، بەختىيار تۇرمۇش كەچۈرۈۋېتىپتۇ. يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەكلىرى ناھايىتى مول ئىكەن. ھەر كۈنلۈكى ئۈچ ۋاق مەززىلىك تاماق، ھەر ۋاقلىقىغا ئۈچ خىل قورۇما، بىر شورپا ئىستېمال قىلىدىكەن. كىيىم ـ كېچەكلىرى شۇنداق پاكىز، رەتلىك ھەم يارىشىملىق ئىكەن. ياتاقلىرى خۇددى ئالىي دەرىجىلىك مېھمانسارايلاردەك چىرايلىق بېزەلگەن بولۇپ، مۇنچىلىرىدا تەڭشەلگەن ئىسسىق سۇ كېچە ـ كۈندۈز ئۈزۈلمەيدىكەن. باللار ھەر قانداق ۋاقىتتا بىمالال يۇيۇنالايدىكەن......

زال ئىچى گويا چىۋىن ئۇچسا ئاڭلانغۇدەك جىمجىتلىققا چۆمگەن، ھەممەيلەننىڭ دىققەت نەزەرى مۇدىر ئابدۇراخمان قۇربانغا تىكىلگەنىدى. پەقەت زالنىڭ تورۇسىغا ئېسىلغان بىرقانچە شامالدۇرغۇچنىڭ شارىلداپ ئايلىنىۋاتقان ئاۋازىدىن باشقا ھېچقانداق تىۋىش ئاڭلانمايتتى. ھەممەيلەن ناھايىتى زور قىزىقىش بىلەن تېلېۋىزوردىن ئۆز تۇغقانلىرىنىڭ سىماسىنى تېزرەك كۆرۈشنى ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتمەكتە ۋە چەكسىز سېغىنىش ھېسسىياتى بىلەن ئۇلارنىڭ

سىماسىنى كۆز ئالدىغا كەلتۇرمەكتە...... دەرۋەقە خۇالىك گۇرۇھى شىركىتىدە بېقىلىۋاتقان يېتىم باللارنىڭ ھازىرقى تۇرمۇشى ھەققىدە سۆزلىسە يەنە نۇرغۇن تەسىرلىك ئىشلار بار ئىدى. مۇدىر ئابدۇراخمان قۇربان كۆپچىلىكنىڭ چىرايىغا قاراپ ئۆزىگە تىكىلىپ قاراپ تۇرغان چىرايلاردىن كۆپ ساندىكىلەرنىڭ ئۆز تۇغقانلىرىنىڭ سىماسىنى كۆرۈشكە تەقەززالىق بىلەن ئىنتىلىۋاتقانلىقىنى، يەنە بەزىلەرنىڭ دەر گۇماندا «بۇ گەپلەر زادى راستمىدۇ ياكى بىزنىڭ كۆڭلىمىزنى ئاۋۇندۇرۇپ ئەمىن تاپتۇرۇش ئۈچۈن دېيىلىۋاتقان توقۇلما گەپلەرمىدۇ؟» دېگەندەك بىر خىل كەيپىيات سايە تاشلىغان ئالامەتلەرنى سەزدى. دېمىسىمۇ بۇ گەپلەردىن گۇمانلىنىدىغانلار خېلى ساندا بار ئىدى. چۈنكى، خۇالىك گۇرۇھى شىركىتىدە بېقىلىۋاتقان يېتىم باللار ئېلىپ كېتىلىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا جەمئىيەتتىكى بىر قىسىم كىشىلەر پىتنە-پاسات تېرىپ « خۇالىك شىركىتى ئېلىپ كەتكەن باللارنىڭ ھازىرغىچە ھېچ يەردە ئىز - دېرىكى يوقمىش» ، « ئۇلارنى ئادەم بېدىكى ئالداپ ئېلىپ كېتىپ ئىچكىرىگە ئاپىرىپ سېتىۋېتىپتىمىش» ، «ئۇ باللارنى سېتىۋالغۇچىلار ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى قايناق بازارلارغا ئاپىرىپ ئوغرىلىققا سېلىپتىمىش» ، « باللارنىڭ بۆرەك قاتارلىق ئىچكى ئەزالىرىنى سېتىۋېتىپتىمىش...... » دېگەندەك ئۆسەك سۆزلەرنى تارقىتىپ، كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە نۇرغۇن ئەندىشە ۋە پاراكەندىچىلىك سالغانىدى. دەسلەپتە ئۇلار بۇخىل ئىغۋالارغا ئىشەنمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ۋاقىتنىڭ ئۇزىرىشى بىلەن ئۆسەك سۆزلەرنىڭ بارغانسېرى كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە «بۇ گەپلەر راست ئوخشايدۇ» دەيدىغاندەك گۇماننى تۇغدۇرغانىدى. شۇڭا، ئۆز ۋاقتىدا بەزىلەر ھېلىقىدەك ئىغۋالارغا ئىشىنىپ، ئۆز تۇغقانلىرىدىن ئەنسىرەپ، ئۆز ئورۇنلىرىدىكى پارتىيە- ھۆكۈمەت تەشكىلىگە ۋە ناھىيەلىك خەلق ئىشلار ئىدارىسى ھەم يېتىم- يېسىرلار پاراۋانلىق ئورنىغا كېلىپ بۇ ئىشلارنى سۈرۈشتۈرگەن، مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەر ۋە خەلق ئىشلار ئىدارىسىدىكى مەسئۇل خادىملار ئۇلارغا يېتەرلىك خىزمەت ئىشلەپ چۈشەنچە بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ

كۆڭلىدىن يۇقىرىقىدەك گۇمانىي تەشۋىشلەر ئۇزۇل - كېسىل چىقىپ كەتمىگەنىدى. شۇ ۋەجىدىنمىكىن، بۈگۈن ئۇلار يەنىلا مۇدىر ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ سۆزلىرىگە ئىشىنىش- ئىشەنمەسلىك توغرىسىدا دېلىغۇل بولۇۋاتاتتى. مۇدىر ئابدۇراخمان قۇربان ئۇلارنىڭ چىرايىدىكى ئالامەتلەردىن كۆڭلىدىكى دېلىغۇللۇقنى سەزدىمۇ- قانداق، سۆزىنى قىسقارتتى.

— يولداشلار! — دېدى ئۇ كۆپچىلىككە قاراپ، — مىڭ ئاڭلىغاندىن بىر كۆرگەن ئەلا، دەيدىغان گەپ بار. مەن سۆزۈمنى ھازىرچە مۇشۇ يەردە توختىتاي، ھەممەيلەن بىرلىكتە خۇالىڭ گۇرۇھى شىركىتىدە بېقىلىۋاتقان يېتىم باللارنىڭ ئەمەلىي تۇرمۇشىدىن ئېلىنغان سىنئالغۇنى كۆرەيلى......

ئۇنىڭ سۆزى تۈگىشىلا زال ئىچىدىكى جىمجىتلىق بىردىنلا بۇزۇلۇپ ھەممەيلەن گۇڭگۇر- مۇڭگۇر پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى. بەزىلەر بۈگۈنكى خۇش خەۋەردىن ئۆز كۆڭۈللىرىنىڭ ئەمىن تاپقانلىقىنى دېيىشسە، بەزىلەر «باللىرىمىز ھەقىقەتەن پارتىيە - ھۆكۈمەتنىڭ شەپقىتىگە ئېرىشىپتۇ» دېيىشەتتى. يەنە بەزىلەر« بىزنىڭ ۋالىيمىز (كېرىيە خەلقى يولداش ئابدۇراخمان قۇربان خوتەن ۋىلايىتىگە مۇئاۋىن ۋالىي بولغاندىن باشلاپ شۇنداق ئاتاشقا ئادەتلىنىپ قالغان) بىزگە ھەقىقەتەن خۇش خەۋەر ۋە خۇشاللىق ئېلىپ كەپتۇ» دېيىشەتتى. يىغىن زالىنىڭ ئوتتۇرىسىدىراق ئولتۇرغان ئىككى مويسىپىت ئەر كىشى ۋە بىر موماي ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ ئالدىغا كېلىپ: «ۋالىي، مېنىڭ نەۋرەمنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆردىلىمۇ؟»، « مېنىڭ نەۋرەممۇ شۇ جايدا بارمىكەن؟»، «بىزنىڭمۇ بېرىپ كۆرۈپ كېلىشىمىزگە نېسىپ بولارمۇ؟......» دېگەندەك سوئاللارنى سورىدى. مۇدىر ئابدۇراخمان قۇربان كۈلۈپ تۇرۇپ:

— خاتىرجەم بولۇڭلار، مەن ئۇلارنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ كەلدىم. ئالدىرىماڭلار، سىلەرمۇ ھازىرلا ئۇلارنى تېلېۋىزوردىن كۆرەلەيسىلەر، — دېدى.

بۇ چاغدا ئالدىبۇرۇن سىنئالغۇنى يىغىن زالىغا تەييارلانغان

تېلېۋىزورغا چېتىپ تەييارلاپ قويغان مەتسەيدى مەتقاسىم دەرھال تېلېۋىزورنى ئاچتى. ھەممەيلەن گۈررىدە ئورنىدىن تۇرۇشۇپ ئالدىغا سىلجىشتى، بىر قانچە بوۋاي - مومايلار ۋە كىچىك باللار ئورۇندۇقلىرىدىن چۈشۈپ تېلېۋىزور ئالدىدىكى بوشلۇققا يۈكۈنۈشتى......

ئەنە مۇدىر ئابدۇراخمان قۇربان ئولتۇرغان «نيوتو» ماركىلىق كۈمۈش رەڭ ماشىنا ئۆرۈمچىنىڭ پاكىز، قايناق كوچىسىدا نورمال سۈرئەت بىلەن ئىلگىرىلىمەكتە. يولنىڭ ئىككى ياقىسىدىكى كۆككە بوي سوزغان رەت - رەت كۆركەم بىنالار، سايە تاشلاپ تۇرغان قاتار- قاتار ياپيېشىل دەرەخلەر، ھۆپپىدە ئېچىلغان رەڭگارەڭ گۈللەر ۋە يەر يۈزىگە مەخمەل يېيىپ قويغاندەك چىملىقلار، شۇنچە كەڭ كوچىغا پاتماي دېگۈدەك قاتناۋاتقان ھەرخىل تىپتىكى چوڭ - كىچىك ئاپتوبۇسلار تېلېۋىزور ئالدىدىكىلەرنى ئۆزىگە تېخىمۇ جەلپ قىلدى. چۈنكى، بۈگۈن سورۇندا ئولتۇرغانلارنىڭ مۇتلەق كۆپ ساندىكىلىرى ئۈرۈمچى دېگەن ئىسمنى ھەم ئۈرۈمچىنىڭ تەرىپى ھەققىدىكى ماختاش سۆزلىرىنى ئاڭلىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۆز كۆزى بىلەن كۆرمىگەنلەر ئىدى. گەرچە بۈگۈن بۇ يەردە كۆرۈۋاتقىنى ئۈرۈمچىنىڭ ئومۇمىي كۆرۈنۈشى ئەمەس، يەنە كېلىپ رېئال نەق مەيدان بولمىسىمۇ، لېكىن گۈزەل ئۈرۈمچىنىڭ بىر بۆلۈكى ياكى مەلۇم كوچىسىنىڭ ئەمەلىي كۆرۈنۈشى ئىدى. شۇڭا، ئۇلار ئەينى چاغدىكى بەختسىز نەۋرىلىرىنىڭ، تۇغقانلىرىنىڭ مانا شۇنداق ئاۋات بىر شەھەردە تۇرۇۋاتقانلىقىدىن سۆيۈندى ۋە شادلاندى.

ئەنە، مۇدىر ئابدۇراخمان قۇربان ئولتۇرغان ماشىنا بىر كوچىغا قايرىلىپ ئازراق مېڭىپ، رېشاتكىلىق تۆمۈر دەرۋازا ئالدىغا كېلىپ توختىدى. بۇ يەردە ئۇنى خۇالىڭ گۇرۇھى شىركىتى پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، خۇالىڭ پاراۋانلىق مەكتىپىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى لى شىگرۇ خانىم بىلەن بىرقانچە خىزمەتچى خادىم كۈتۈپ تۇرغانىكەن. ئۇ ماشىنىدىن چۈشۈپ ئۇلار بىلەن قىزغىن كۆرۈشكەندىن كېيىن سالماق قەدەملەر بىلەن دەرۋازىدىن كىرىپ كەتتى.

ئەنە، ئۇ لى شىگرۇ خانىمنىڭ ھەمراھلىقىدا، شىركەت ئۆزى تېرىغان يېشىل يىمەكلىكلەر بازىسىنىڭ شال، كۆممقوناق ئېتىزلىرىنى

ئارىلاپ ئۆتۈپ، سەي - كۆكتات ئېتىزلىرىغا كەلدى. لى شىگرۇ خانىم كېتىۋېتىپ، بىر قولىنى سۇنۇپ كۆكتات ئېتىزلىرىنى كۆرسىتىپ: « مانا ماۋۇ سەۋزىلىك ئىكەن. مانا بۇ يەرگە لازا تېرىلىپتۇ، ماۋۇ پەمىدۇرلۇق ئىكەن......» دېگىنىچە سەي- كۆكتاتلارنىڭ ناھايىتى ئوخشىغانلىقىنى ماختىدى ھەمدە سەي - كۆكتاتلارغا ھېچقانداق خىمىيەۋى ئوغۇت ئىشلىتىلمىگەنلىكىنى، شىركەت باشقۇرۇشىدا يەنە10 مىڭدىن ئارتۇق توخۇ - كەپتەر بېقىلىدىغان زامانىۋى فېرمىلارنىڭ بارلىقىنى، گۆش - تۇخۇم مەھسۇلاتلىرى يېتىم باللارنىڭ ئاشخانىسىغا ئىشلىتىلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈردى.

مانا ئەمدى تېلېۋىزور ئېكرانىدا بەش قەۋەتلىك كۆركەم مەكتەپ بىناسى نامايان بولدى. بۇ خۇالىڭ گۇرۇھى شىركىتى 36 مىليون يۈەن مەبلەغ سەرپ قىلىپ سالغان، 13 مىڭ كىۋادرات مېتىر قۇرۇلۇش كۆلىمىگە ئىگە خۇالىڭ پاراۋانلىق تېخنىكا مەكتىپى ئىكەن. ئۇ مەكتەپ بىناسىغا قەدەم قويۇپ ئالدى بىلەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياتاقلىرى، تازىلىق ئۆيلىرى، مۇنچا، ئاشخانا ۋە تاماق يەيدىغان زالنى كۆزدىن كەچۈردى. ھەممىلا جاي شۇنداق پاكىز، رەتلىك، يورۇق ھەم ئازادە ئىدى. ياتاقلارغا كارىۋات، ئۈستەل- ئورۇندۇقلار رەتلىك قويۇلغان، پاكىز ھەم يۇمشاق يوتقان- كۆرپىلەر رەتلىك قاتلاپ يىغىلغان بولۇپ، ئوقۇغۇچىلار تۇرمۇشىنىڭ ناھايىتى تەرتىپلىك ياخشى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇراتتى.

مانا ئەمدى ئوقۇغۇچىلار دەرستىن چۈشۈپ ياتاقلىرىغا كىردى، مۇدىر ئابدۇراخمان قۇربان بىرقانچە ياتاقنى قايتىدىن كۆزدىن كەچۈردى. بىرقانچە قىز - ئوغۇل ئوقۇغۇچى ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كىرىپ: « ۋالىي دادا، ياخشىمۇ سىز؟ ......»، « ۋالىي دادا، ھارماڭ»، « ۋالىي دادا، قاچان كەلدىڭىز؟» دەپ چۇۋۇرلىشىپ قولىغا ئېسىلدى. ئۇمۇ باللارنىڭ قوللىرىنى تۇتۇپ، بېشىنى سىيلاپ، ئاتىلىق مېھرى بىلەن ئەھۋال سورىدى، بولۇپمۇ باللارنىڭ ئوقۇش، ئۆگىنىش ئەھۋالىنى ئىگىلىگەندە خەنزۇچە ئۆگىنىش زور قىزىقىش بىلەن سىناپ كۆردى. بىر قىز ئوقۇغۇچىدىن قەيەرلىك ئىكەنلىكىنى، ئۆگىنىش

ئەھۋالىنىڭ قانداقلىقىنى، يېمەك - ئىچمەك ئەھۋالىنى، ھەتتا قورسىقىنىڭ تويىدىغان - تويمايدىغانلىقىغىچە خەنزۇچە سورىدى. ھېلىقى قىزمۇ ئۇنىڭ سوئاللىرىغا خەنزۇ تىلىدا ناھايىتى راۋان ھەم توغرا جاۋاب بەردى. ئابدۇراخمان قۇربان قىزنىڭ جاۋابىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسىدىن ناھايىتى مەمنۇن بولغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا تېلېۋىزور ئېكرانىدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ خەنزۇچە ئۆگىنىش نەتىجىسىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان بىر تاپشۇرۇق دەپتىرى كۆرۈندى. يېزىلغان خەنزۇچە خەتلەر شۇنداق رەتلىك، تەكشى، ئېنىق، چىرايلىق ئىدىكى، خۇددى بىر قېلىپتا قۇيۇپ بىر سىزىق ئۈستىگە تىزىلغاندەك تەكشى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئارقىدىنلا بىر قىز ئوقۇغۇچىنىڭ ئۆزلىرىگە مېھىر - شەپقەت قىلىۋاتقان ساخاۋەت ئىگىسى يولداش مى ئېنخۇاغا ئاتاپ يازغان بىر پارچە تەشەككۇرنامىسى خەنزۇچە دىكلاماتسىيە قىلىندى.

جۈملىلەر ناھايىتى راۋان، تەلەپپۇزى توغرا، ئۇقۇم ئېنىق، شۇنچە جاراڭلىق ئىدى. ئارقىدىنلا ئاشۇ باللارنىڭ ھەربىرى بىردىن كومپيۇتېر ئالدىدا ئولتۇرۇپ كومپيۇتېر ئۆگىنىۋاتقان، ئىنگلىز تىلى دەرسى ئۆتۈۋاتقان كۆرۈنۈشلەر ھەم ئېلېكترونلۇق دوسكىدىكى خەت - ئىسخىما، جەدۋەللەر ئارقا - ئارقىدىن تېلېۋىزور ئېكرانىدىن تەرتىپلىك كۆرۈنۈپ ئۆتتى.

مانا بۇ كۆرۈنۈشلەر بۈگۈنكى سورۇن ئەھلىنى ھەيرانۇ ھەس قالدۇرۇپ، ئەقلىنى لال قىلدى. ئەينى چاغدا يېتىم قالغان نەۋرە - چەۋرىلىرى، بىر تۇغقان قېرىنداشلىرى ۋە ئۇرۇق- تۇغقان ھەمشىرىلىرىنىڭ ئاشۇ بەختسىز پەرزەنتلىرىنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالىدىن ئۈمىدسىزلىنىپ، غەم - غۇسسە پاتقىقىغا پاتقان بوۋاي- موماينلار ۋە ھەمشىرىلەر بۈگۈنكى بۇ كۆرۈنۈشلەرنى كۆرۈش بىلەن چەكسىز ئۈمىد- ئىشەنچكە تولۇپ شىللىسىدىن ئېغىر تۇگمەن تېشىنى ئېلىۋەتكەندەك ئۆزلىرىنى يەڭگىل ھېس قىلىشتى. بىر قانچەيلەن ئۆز ھاياجانلىرىنى باسالماي كۆزلىرىگە لىققىدە ياش ئېلىشتى.

مانا ئەمدى تېلېۋىزور ئېكرانىدا خۇالىك پاراۋانلىق مەكتىپىدە

ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىرى تەييارلىغان سەنئەت نومۇرلىرىنى ئورۇنلىغان كۆرۈنۈش نامايان بولدى. ناخشا - مۇزىكىغا تەڭكەش قىلىنغان بىرنەچچە نەپەس، رىتىملىق كوللېكتىپ ئۇسسۇل كۆرسىتىلگەندىن كېيىن، جاراڭلىق چېلىنغان مۇزىكىنىڭ پائۇزىغا ئەگىشىپ بىر شوخ يىگىت بىلەن بىر چىرايلىق قىز مەيدانغا چۈشتى. مانا ئۇلار مۇزىكا ۋە ناخشىغا كەلتۈرۈپ زوق - شوقى بىلەن ئۆزئارا ماسلىشىپ پەرۋانىدەك ئايلىنىپ ئۇسسۇل ئوينىماقتا...... شۇ چاغدا تېلېۋىزور ئالدىدىكىلەردىن كىمدۇر بىرى «ئابدۇغوپۇر! ئەنە ئاۋۇ ئۇسسۇل ئوينىغان يىگىت ئابدۇغوپۇر ئىكەن» دەپ ئۈنلۈك توۋلىۋەتتى. شۇئان ئارقا رەتتە ئولتۇرغان بىرقانچەيلەن بويۇنلىرىنى سوزۇشۇپ تېلېۋىزورنىڭ ئالدى تەرىپىگە قىستاپ كېلىشتى. ئابدۇغوپۇرنىڭ ئاچىسى سارىخان بولسا ئۆز ئۇكىسىنىڭ شۇنچە شوخ ئۇسسۇلى، چىرايلىق، پاكىز بەستىدىن پەخىرلىنىپ، خوشاللىقتىن «ئەنە مېنىڭ ئۇكام! ئۇ مېنىڭ ئۇكام ئابدۇغوپۇر ئىكەن!» دەپ ۋارقىرىۋەتتى ھەمدە ئۇكىسىنىڭ ئوينىغان ئۇسسۇلىنى باشقىدىن قىزىقىپ كۆردى.

مەن «ئابدۇغوپۇر!»، «ئابدۇغوپۇر!» دېگەن ئىسمنى ئاڭلاش بىلەنلا ناھايىتى يېقىملىق بىر تۇيغۇغا چۆمۈلدۇم. ئۇنىڭ ئىسمنى بۇرۇن بىر يەردە ئاڭلىغاندەك، ئۇنىڭ سىماسىنى قاچان، قەيەردىدۇر بىر يەردە كۆرگەندەك، سىماسى ماڭا تونۇشتەك بىلىندى. ئۆزۈمنى بىر ئاز تۇختىتىۋېلىپ ئويلىنىشقا باشلىدىم...... ھە توغرا، ئەمدى ئېسىمگە كەلدى، مەن ئابدۇغوپۇرنىڭ ئىسمنى مەلۇم يازغۇچىنىڭ يازمىسىدا ئۇچراتقانىدىم ۋە شۇ يازما ئارقىلىق ئۇنىڭ ھايات سەپىرىدىكى قىسمەن سەرگۈزەشتىلىرىنى بىلگەنىدىم...... خىيالىم بىردىنلا ئاشۇ ئەسلىمىلەرگە ئېغىپ كەتتى.

مۇدىر ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ «ئەمدى باللار مەشرەپكە چۈشتى!» دېگەن سۆزى بىلەن تەڭ خىيالىم بىردىنلا ئۈزۈلۈپ كۆزۈم يەنە تېلېۋىزورغا تىكىلدى.

«چىم - چىم ئەتتىم چىم بىلەن، كاۋاپ ئەتتىم زىخ بىلەن» دېگەن خەلق ناخشىسىنىڭ ئورۇنلىنىشى بىلەن 10 — 15 دەك قىز -

ئوغۇل بىراقلا ئۇسسۇلغا چۈشتى. ئابدۇغوپۇر چەبدەسلىك بىلەن مەيدانىنى ئىككى چۆرگۈلىگەندىن كېيىن ئۇدۇل ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ھۆرمەت بىلەن تەزىم قىلىپ ئۇنى ئۇسسۇلغا تارتتى. ئابدۇراخمان قۇربان چىرايىدىن كۈلكە ياغدۇرۇپ نېمىدۇر بىر نېمىلەرنى دېگىنىچە ئورنىدىن قوپۇپ ئۇسسۇلغا چۈشتى. ئەنە ئۇ ئېگىز قامەتلىك بەستى بىلەن غۇلاچلىرىنى كەڭرى يېيىپ، قەدەملىرىنى يېقىملىق، شوخ مۇزىكىغا كەلتۈرۈپ، سالماقلىق بىلەن سىلىق يۆتكەپ لەرزان ئايلانماقتا. گەرچە ئۇنىڭ ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرى كەسپىي ئۇسسۇلچىلارنىڭكىدەك مۇزىكا ئۇدارىغا ماسلاشقان ھالدا نەپىس، سىلىق ۋە قانۇنىيەتلىك بولمىسىمۇ، لېكىن ھەر ھالدا ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ «ناخشا- ئۇسسۇل مىللىتى» دېگەن نامىغا داغ كەلتۈرمەيتتى. باللار چەمبەر ھاسىل قىلىپ ئۇنى ئارىغا ئېلىپ زوق- شوقى بىلەن بېقىپ ئايلانماقتا. باللارنىڭ شادلىقى، ھاياجىنى ئەۋجىگە چىققانىدى. ئۇلارنىڭ كۈلۈمسىرىگەن چىرايى، قىزغىن كەيپىياتى ۋە شوخ ھەرىكىتىدىن قەلبىدە يېتىملىكتىن قىلچىمۇ ئەسەر قالمىغاندەك كۆرۈنەتتى. بۇ يەردە شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، ئۇسسۇل ئويناش بىرخىل مەدەنىي ھەرىكەت بولسىمۇ، لېكىن بۇ ھەرىكەتنى ھەممىلا ئادەم ھەدېگەندىلا قىلالمايدۇ. نۇرغۇن كىشىلەر باشقىلارنىڭ ئۇسسۇل ئوينىغىنىنى ياقتۇرۇپ كۆرسىمۇ، ئۆزى ئۇسسۇل ئوينىيالمايدۇ ياكى ئۇسسۇل ئويناشتىن تارتىنىدۇ، توغرىسى خىجىل بولىدۇ. مەن ئىلگىرى ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ ئۇسسۇل ئوينىغىنىنى كۆرۈش تۈگۈل ئاڭلاپمۇ باقمىغانىدىم. بۈگۈن تېلېۋىزوردىن ئۇنىڭ ئۇسسۇل ئوينىغىنىنى كۆرۈپ ھەيران قالدىم. شۇڭا، چاقچاق ئارىلاش:

— ئاجۇرىن، — دېدىم ئۇنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ،— ئۆزلىرىنىڭ مۇنداقمۇ تالانتى بارلىقىنى ئۇقمىغان ئىكەنمەن. ئۆزلىرى قاچاندىن بېرى مۇنداق ئۇسسۇلچى بولۇپ قالدىلا؟......

ئۇ كۈلۈپ كېتىپ مۇنداق دېدى:

— مەن راستتىنلا ئۇسسۇل ئويناشنى بىلمەيمەن، بۇرۇنمۇ ھېچقانداق سورۇندا ئۇسسۇل ئويناپ باقمىغان. بىراق بۇ سورۇندا باللار مېنىڭ ئۇسسۇل ئويناپ بېرىشىمنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالدى، پەقەت

ئاشۇ باللارنىڭ كۆڭۈل شادلىقى ئۇچۇنلا ئۇلارنىڭ تەلپىنى ئورۇنلاپ بەردىم. چۇنكى، ئۇلارنىڭ كۆڭۈل شادلىقى — مېنىڭ كۆڭۈل شادلىقىم، ئۇلارنىڭ غەم - قايغۇسى — مېنىڭ غەم - قايغۇم. شۇڭا، شۇ باللارنىڭ كۆڭلى خۇش بولسۇن دەپ، گەرچە قاملاشتۇرالمىغان بولساممۇ ئۇلار بىلەن بىرگە ئوتتۇرىغا چۇشۇپ چۆرگۈلىدىم.

دەرھەقىقەت، «نېمىدېگەن سەمىمىي، ئاق كۆڭۈل، كىچىك پېئىل رەھبەر - ھە!» ئىچىمدە ئۇنىڭغا قايىللىق بىلدۇرۇپ، كۆزۈم تېلېۋىزوردىن ئۇزۇلمىدى. ئۇنىڭ كەڭ كېرىلگەن غۇلاچلىرى ئاستىدا گەۋدىلىك بەستىنى چۆرىدەپ ئۇسسۇل ئويناۋاتقان باللارنىڭ ھەرىكەتلىرى، بىردە خۇددى ئاتا - ئانىسىنىڭ ئاغزىدىن يەم يېيىشكە تەقەززا بولۇپ ئىنتىلگەن قۇش باللىرىغا ئوخشىسا، بىردە بىر توپ پەرۋانىلەر چىراغ نۇرى ئەتراپىدا توختىماي ئايلىنىۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرەتتى. ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ ھەرىكىتى بولسا، بىردە ئېگىز ئاسماندا ئەركىن قانات قېقىپ پەرۋاز قىلىۋاتقان شۇڭقارغا، بىردە يۇمران مايسىلارنى قار - يامغۇر ياكى مۆلدۈرنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلاش ئۇچۇن يېيىلغان يوغان كۇنلۇككە ئوخشايتتى.

سەنئەت نومۇرلىرى ئورۇنلىنىپ بولغاندىن كېيىن تېلېۋىزور ئېكرانىنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ تاماقخانىغا كىرىپ چۇشلۇك غىزالانغانلىقى توغرىسىدىكى كۆرۈنۈشلەر ئىگىلىدى. ئەنە، ئوقۇغۇچىلار ئالدى بىلەن تازىلىق ئۆيىگە كىرىپ قوللىرىنى پاكىز يۇغاندىن كېيىن تاماقخانىغا كىرىپ مەخسۇس ئىشكاپقا سېلىنغان قاچا - قۇچىلىرىنى ئېلىپ رەتلىك ھالدا ئاشخانىغا قاراپ ماڭدى، ئاشپەز ئۇستاملار باللارنىڭ قاچىلىرىغا توشتۇرۇپ گاڭپەن ئۇسۇپ، خىلمۇ خىل قورۇمىلاردىن خالىغىنىنى ئۇسۇپ بەردى. باللار تاماق ۋە قورۇما ئۇسۇلغان قاچىلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ تاماق زالىغا كىرىپ رەتلىك قويۇلغان تاماق ئۇستەللىرىدە ئولتۇرۇپ ئىشتىھا بىلەن غىزالاندى. ئابدۇراخمان قۇربانمۇ باللار بىلەن بىرگە شۇ ۋاقىتلىق غىزاغا ئېغىز تەگدى. ئۇ تاماق ئۇستىلىگە كېلىپ تاماق يېگەچ ئابدۇغوپۇر ۋە يەنە بىر يېتىم بالا بىلەن قىزغىن پاراڭلاشتى.

سىنئالغۇ لېنتىسىنىڭ ئاخىرقى كۆرۈنۈشىدە باللارنىڭ مەكتەپتىكى

ۋالىبول، ۋاسكېتبول، پۇتبول ئويناۋاتقان كۆرۈنۈشلىرى ۋە مەكتەپ مۇشۇ قېتىم تەشكىللىگەن يازلىق لاگېرغا ئاتلىنىش قاتارلىق پائالىيەتلەر ئەكس ئەتكەنىدى. ئەنە، ياپونىيەدە ئىشلەنگەن يۇمشاق ئورۇندۇقلۇق ئالىي دەرىجىلىك مىنىبۇس، يازلىق لاگېرغا ئاتلىنىش ئۈچۈن تەييارلانغان ئوقۇغۇچىلار رەتلىك تىزىلىپ ئاپتوبۇسقا چىقماقتا. قالغانلار بولسا خۇددى ئۇلۇغ سەپەرگە ئاتلانغان قېرىنداشلىرىنى ئۇزاتقاندەك قىزغىنلىق بىلەن بىر- بىرلەپ قول ئېلىشىپ، ئۇلارغا ئاق يول تىلەپ دەرۋازا سىرتىغىچە ئۇزىتىپ قويدى. شۇنداق قىلىپ، بىر سائەتتىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە سىنئالغۇ لېنتىسى ئاخىرلاشتى. سىنئالغۇنى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن ئابدۇراخمان قۇربان كۆپچىلىككە مۇنداق دېدى:

— يولداشلار، بۈگۈن سىلەر يېتىم قالغان نەۋرىلىرىڭلارنى، ئۇرۇق- تۇغقان ھەمشىرىلىرىڭلارنىڭ خۇالىك شىركىتىدە بېقىلىۋاتقان بالىلىرىنى كۆردۈڭلار، بۇلارنىڭ ھەممىسى رېئال ئەمەلىيەتتىن ئېلىنغان كۆرۈنۈشلەر. مەن ئۇ يەرگە بېرىشتىن ئىلگىرى ھېچقانداق خەۋەرمۇ قىلمىغان، ئۇلارمۇ بۇ ئىشلارنىڭ ھېچقايسىسىنى ئالدىنئالا تەييارلىق قىلىپ ئورۇنلاشتۇرمىغان. بۇ پەقەت ئاشۇ بالىلارنىڭ ئادەتتىكى نورمال تۇرمۇش ئەھۋالى، خالاس. بۇنىڭدا قىلچىمۇ سۈنئىيلىك ۋە ساختىلىق يوق. ئەينى چاغدا بۇ بالىلار ئاتا- ئانىلىرىدىن يېتىم قېلىپ ناھايىتى قاتتىق روھىي زەربىگە ئۇچرىغانىدى. سىلەرمۇ بۇ بالىلارنىڭ ئىچ ئاغرىقىدا نۇرغۇن ئازابلانغان ۋە كەلگۈسى تۇرمۇشىدىن قاتتىق غەم - ئەندىشىگە پاتقان ئىدىڭلار. مانا ھازىر كۆردۈڭلار، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، خۇالىك گۇرۇھى شىركىتىنىڭ باش لىدىرى، ئاق كۆڭۈل، دىلى يۇمشاق ساخاۋەتچى مى ئېنخۇا ئەپەندى ئۇلارنى بېقىۋېلىپ، مۇشۇنداق ياخشى ياشاش شارائىتىغا ئىگە قىلدى. گەرچە ئۇ خەنزۇ مىللىتىدىن بولسىمۇ، لېكىن خوتەن، قەشقەر، قىزىلسۇ قاتارلىق جايلاردىكى يېتىم قالغان ئۇيغۇر، تاجىك، قىرغىز بالىلىرىدىن 150 بالىنى بېقىۋالغان. مانا بۇ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىدىن ئىبارەت چوڭ ئائىلىدە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ ناھايىتى ياخشى يولغا

قويۇلغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇگۈنكى تېلېۋىزوردا ئۇنىڭ سىيماسى كۆرۈنمىگەن بولسىمۇ، بالىلارنىڭ پۇتكۈل تۇرمۇش، ئوقۇش، ئۆگىنىش ۋە باشقا پائالىيەت شارائىتلىرىنى شۇ كىشى ھازىرلاپ بەرگەن. سىلەر تېلېۋىزوردا كۆرگەن كىشىلەر ئۇنىڭ خىزمەتچىلىرى بولۇپ، ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە بالىلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىكەن. شۇڭا، بىز مۇ ئېنىقلا ئەپەندىگە ۋە ئۇنىڭ شىركىتىدىكى بارلىق خادىملارغا چىن قەلبىمىزدىن رەھمەت ئېيتىشىمىز لازىم، — زال ئىچى گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرى بىلەن زىلزىلىگە كەلدى. ئۇ سۆزىنى يەنە داۋاملاشتۇردى، — بايا كۆردۈڭلار، بالىلار ياخشى تۇرمۇش شارائىتىغا ئىگە بولۇپلا قالماي، بەلكى مېھىر - مۇھەببەتكە تولغان ئىللىق بىر ئائىلىگە، مىللىتى ۋە تىلى ئوخشىمىسىمۇ، لېكىن ۋۇجۇدىدىن ئىنسانىي مېھىر - مۇھەببەتنىڭ نۇرى بالقىپ تۇرىدىغان بىر ھېمايىچىگە ئېرىشكەنلىكىنى ھېس قىلىشقان. شۇڭا، سىلەر ئۇلاردىن ھەرگىز غەم - ئەندىشە قىلماي خاتىرجەم بولساڭلار بولىدۇ.

يولداش ئابدۇراخمان قۇربان كۆپچىلىكنىڭ كۆڭلىنى ئەمىن تاپتۇرغاندىن كېيىن، سومكىسىدىن ئۆزىنىڭ ئاشۇ بالىلار بىلەن بىرگە چۈشكەن بىر پارچە سۈرىتىنى ئېلىپ، ناھىيەلىك يېتىم - يېسىرلار پاراۋانلىق ئورنىنىڭ باشلىقى مۇتەللىپكە بېرىپ، بۇ سۈرەتنى كۆپەيتىپ ھەربىر بالىنىڭ ئۇرۇق- تۇغقانلىرىغا بىر پارچىدىن تارقىتىپ بېرىشنى تاپىلاپ، قايتماقچى بولغاندا كۆپچىلىك قايتا- قايتا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ رەھمەت ئېيتىشتى. بىرقانچە بوۋاي ۋە مومايلار كۆز ياشلىرىنى سۈرتكەچ يولداش ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇۋېلىپ، ئۆز ئۆيلىرىگە بېرىپ مېھمان بولۇپ كېتىشكە تەكلىپ قىلدى. ئابدۇراخمان قوربان ئۇلارنىڭ تەكلىپىگە چىرايلىقچە ئۆزرە ئېيتىپ خوشلاشتى. بۇ چاغدا كەچ سائەت 6 بولغانىدى. مەن ئابدۇراخمان قۇربانىنى كەچلىك تاماقنى بىرگە يەپ كېتىشكە تەكلىپ قىلدىم. بىراق، ئۇ مېنىڭ تەكلىپىمنىمۇ چىرايلىقچە رەت قىلىپ، كەچلىك تاماقنى تۇغقانلىرى بىلەن كۆرۈشكەچ شۇ يەردە يەپ قايتىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ بىز بىلەن خوشلاشتى. بۇ يەردە بىز شائىر رېھىم نىيازنىڭ مۇنۇ يازمىسىغا

نەزىرىمىزنى ئاغدۇرساق تەسىراتىمىزنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرالايمىز.

## ئۆچنى يوقلاشنى ئۇنتۇمايدىغان رەھبەر

مەن كېرىيە ناھىيەلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا يۆتكىلىپ كەلگەندىن بۇيانقى ئىككى يىل مابەينىدە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى خوتەن ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى يولداش ئابدۇراخمان قۇربانىڭ مۇنداق بىر ئېسىل ئادىتىنى بايقاپ قالدىم. ئۇ بولسىمۇ «يېتىم - يېسىرلارنى يوقلاش»، «پېشقەدەم كادىرلارنى يوقلاش» ۋە «قۇربان تۇلۇمنىڭ پەرزەنتلىرىنى يوقلاش»تىن ئىبارەت «ئۆچنى يوقلاش» ئىدى.

ئىلگىرى باشقا ساھەدە خىزمەت قىلغانلىقىم ئۈچۈن ئابدۇراخمان قۇربانىڭ ناھىيەمىزگە كەلگەندە يېتىم - يېسىرلارنى يوقلىغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەرلەرنى ناھىيەلىك تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ يەرلىك خەۋەرلەر پىروگراممىسىدا كۆرگەن بولساممۇ، لېكىن بۇنىڭغا ئانچە ئېرەنشىمىگەن ئىكەنمەن. خىزمىتىم ناھىيەلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا يۆتكەلگەندىن بۇيان، ئابدۇراخمان قۇربانىڭ ئۇدا بىرقانچە قېتىم ناھىيەمىزگە كېلىپ خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈش ۋە كۆزدىن كەچۈرۈشكە ھەمراھ بولۇش جەريانىدا، ئۇنىڭ خىزمەتلەرنى ئەسلى كۈنتەرتىپتىكى بەلگىلەنگەن پىلانى بويىچە تەكشۈرگەندىن باشقا، ئالدىراشلىق ئىچىدىن ۋاقىت چىقىرىپ، ناھىيەلىك يېتىم -يېسىرلار پاراۋانلىق ئورنىدا بېقىلىۋاتقان يېتىم باللارنى، پېنسىيەگە ۋە دەم ئېلىشقا چىققان پېشقەدەم كادىرلارنى ۋە قۇربان تۇلۇمنىڭ پەرزەنتلىرىنى يوقلاشنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم. ھەر قېتىم كېرىيەگە كەلگەندە ئۇنىڭ ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغىنى ۋە ئالدىن يوقلايدىغىنى پاراۋانلىق ئورنىدىكى يېتىم باللار بولۇپ، بۇ باللارنى ئۇ «ئۆز پەرزەنتلىرىم» دەپ قارايدىكەن، بەلكى ئۇلارغا ئۆز پەرزەنتلىرىدىنمۇ بەكرەك كۆڭۈل بۆلىدىكەن. شۇڭا، ھەر قېتىم بۇ يەرگە كەلگەندە يېتىم باللار ئاشخانىسىنى تەپسىلىي كۆزدىن كەچۈرۈپ،

ئاشخانىنىڭ تازىلىقى، باللارنىڭ ئوزۇقلىنىش - تويۇنۇش ئەھۋالى، تاماقنىڭ تۈرلىرى قاتارلىق ئەھۋاللارنى بىر - بىرلەپ سورايدىكەن. باللارنىڭ ياتاقلىرىنى تەكشۈرگەندە بولسا تازىلىق ئەھۋالى، ياتاق شارائىتى (يوتقان - كۆرپە، كىگىز - كېچەك، ۋە كارىۋات بۇيۇملىرى) قاتارلىقلارنى تەپسىلىي كۆزدىن كەچۈرۈپ، تۈزىتىشكە تېگىشلىك مەسىلىلەر بولسا كۆرسىتىپ بېرىدىكەن. ھەممىدىن بەكرەك كۆڭۈل بۆلىدىغىنى باللارنىڭ ئۆگىنىش ئەھۋالى بولۇپ، ئۇ باللاردىن ئۆگىنىش ئەھۋالىنى بىۋاسىتە سورىغاندىن باشقا، تاپشۇرۇق دەپتەرلىرىنى ۋاراقلاپ كۆزدىن كەچۈرۈپ، ياخشى ئوقۇغان باللارغا ئىلھام ۋە مەدەت بېرىدىكەن.

2004 - يىلى 10 - ئاينىڭ باشلىرى بىر قېتىم يوقلاپ كەلگەندە باللارنىڭ ئۆگىنىش ئەھۋالىنى سوراۋېتىپ، ئالىمجان مەتتوختى ئىسىملىك بىر بالىنىڭ مۇشۇ يىل ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ماتېماتىكا زېھىن سىناش مۇسابىقىسىدە بىرىنچىلىككە ئېرىشكەنلىكىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ناھايىتى ھاياجانلاندى ۋە ئالىمجاننى چاقىرتىپ كىرىپ قۇچاقلاپ پېشانىسىگە ئاتىلارچە مېھرىبانلىق بىلەن سۆيۈپ، يانچۇقىدىن 100 يۈەن ئېلىپ ئۇنى مۇكاپاتلىدى. بۇنىڭدىن باشقا باللارمۇ ناھايىتى تەسىرلەندى. ئۇ ناھىيەدىكى مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەرگە ۋە يېتىم - يېسىرلار پاراۋانلىق ئورنىدىكى باققۇچى خادىملارغا داۋاملىق مۇنداق دەيدۇ: «يېتىم باللار پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشىگە، غەمخورلۇق قىلىشىغا، ئاسرىشىغا ۋە تەربىيەلىشىگە موھتاج، بىز ئائىلىمىزدە ئۆز پەرزەنتلىرىمىزنى قانداق كۆرگەن بولساق، يېتىم باللارنىمۇ شۇنداق كۆرۈشىمىز، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى، ئۆگىنىشى، ئۆسۈپ يېتىلىشى ۋە كەلگۈسى ئىستىقبالىغا ئورتاق كۆڭۈل بۆلۈشىمىز لازىم......»

ناھىيەمىزدىكى ھەرقايسى ئىدارە - ئورگانلاردىن پېنسىيەگە چىققان پېشقەدەم كادىرلار ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ يەنە بىر مۇھىم يوقلاش ئوبيېكتى، ئۇ ھەر قېتىم خىزمەت تەكشۈرگىلى كەلگەندە پېشقەدەم كادىرلارنى بىر يەرگە جەم قىلىپ چاي سۆھبەت يىغىنى

ئېچىش ئارقىلىق پاراڭلىشىدۇ ياكى ئائىلىسىگە بېرىپ پەتىلەپ يوقلايدۇ. ئارىدا ۋاپات بولۇپ كەتكەنلىرى بولسا ئاۋۋال ئۇلارنىڭ ئائىلىلىرىگە بېرىپ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىدىن ھال سورايدۇ. پېشقەدەم كادىرلار توغرىسىدا ئۇ بىزگە مۇنداق دەيدۇ:

— پېشقەدەم كادىرلار پارتىيەمىزنىڭ قىممەتلىك بايلىقى، خەلقىمىزنىڭ قاۋۇل باشلامچىلىرى ھېسابلىنىدۇ، ئۇلار ئەينى يىللاردا ئۆزىنىڭ گۈزەل ياشلىقىنى، ئۇرغۇپ تۇرغان كۈچ - قۇۋۋىتىنى ۋە ئەقىل- پاراسىتىنى سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا بېغىشلاپ، پارتىيە ۋە خەلق ئىشلىرى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان. ئۇلارنىڭ جاپالىق يىللاردا قىلغان ئەجىر- مېھنىتى بۈگۈنكىلەرنىڭ ھازىرقىدەك ياخشى شارائىتتا ياشىشىمىز ۋە خىزمەت قىلىشىمىز ئۈچۈن ئاساس سالغان، ئۇلارنىڭ تۆھپىسى خەلقىمىزنىڭ قەلبىدىن ھەرگىز ئۆچمەيدۇ، ئۇلارنىڭ بۈگۈنى بىزنىڭ ئەتىمىز، شۇڭلاشقا بىز ئۇلارنى ھەرگىزمۇ ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز، بەلكى داۋاملىق يوقلاپ، ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ، تۇرمۇشتا خاتىرجەم قىلىشىمىز لازىم.

ئابدۇراخمان قۇرباننىڭ يەنە بىر يوقلاش ئوبيېكتى ئەينى چاغدا پۈتۈن مەملىكەتكە داڭقى كەتكەن ئەمگەك نەمۇنىچىسى مەرھۇم قۇربان تۇلۇمنىڭ پەرزەنتلىرى بولۇپ، بىرىنچىدىن، ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىدىن باشلاپلا قۇربان تۇلۇمنىڭ ئىش ئىزلىرىنى ئاڭلىغان، بولۇپمۇ 60- يىللاردا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقاندىلا قۇربان تۇلۇمنىڭ ئۆتمۈش ھەققىدە سۆزلەپ بەرگەن كەچۈرمىشلىرىنى بىۋاسىتە ئاڭلاپ، ئازاب - ئوقۇبەتلىك تۇرمۇشىغا ئېچىنىپ، ئىچ ئاغرىتقان ۋە پاك قەلبىدە ئۇنتۇلماس خاتىرىلەرنى قالدۇرغانىكەن، شۇڭا خىزمەتكە چىققاندىن كېيىن قۇربان تۇلۇمنى كۆپ قېتىم يوقلاپ، ئىش پائالىيەتلىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ ھەم سىردىشىپ، چوڭقۇر تەسىرلىنىپلا قالماي، چوڭقۇر دوستلۇق ئورناتقانىكەن. شۇ سەۋەبتىن ھېلىھەم قۇربان تۇلۇمنى ياد ئېتىپ، پەرزەنتلىرىنى يوقلاش ئارقىلىق، قۇربان تۇلۇمغا بولغان ھۆرمىتى، بولۇپمۇ قۇربان تۇلۇمنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە

بولغان چەكسىز سادىقلىقى، ئەمگەكنى قىزغىن سۆيۈپ، خالىس تۆھپە قوشۇشتەك ئالىيجاناب روھىغا بولغان قايىللىقنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئىكەن؛ ئىككىنچىدىن، قۇربان تۇلۇمنىڭ پەرزەنتلىرىنى يوقلاش ئارقىلىق ئەتراپتىكى كىشىلەرگە قۇربان تۇلۇمغا ئوخشاش پارتىيەگە سادىق بولۇپ، ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈپ، ھالال ئەمگەك بىلەن ئۆزىنى بېيىتىش ۋە تۇرلۇك ئىشلاردا نەمۇنىچى بولۇشنىڭ شەرەپلىك ئىكەنلىكىنى ۋە نەمۇنىچى بولغانلارنىڭ بالا - چاقىلىرىمۇ ھۆرمەتلىنىدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئىكەن.

× × ×

كادىرلارنىڭ پاك - دىيانەتلىك بولۇشىنى تەشەببۇس قىلىش ئېغىزدا ئاسان. بىراق، ئۇنى ھەقىقىي تۇردە ئىشقا ئاشۇرۇش ئۇنچىلىك ئاسان ئەمەس. نۆۋەتتە بازار ئىگىلىكى يولغا قويۇلۇپ پۇلنىڭ رولى ئۆسكەنسېرى كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ شەخسىي مەنپەئەتىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشقا يۈزلەندى. ئەمەلىيەتتە بۇنىمۇ ئەيىبلەپ كەتكىلى بولمايدۇ. چۈنكى، ھەرقانداق ئىشتا ئالدى بىلەن ئۆزىنى مەنپەئەتلەندۈرۈشنى قوغلىشىش ئىنسانلارنىڭ تۇغما تەبىئىتى. بىراق، كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپ كۆنگەن ئادىتى بويىچە ھەممىدە خەلقنىڭ مەنپەئەتىنى ئالدىنقى ئورۇندا قويىدىغان ئالىيجاناب كىشىلەرمۇ بار.

ئابدۇراخمان قۇربان ئەنە شۇنداق قەدىرلىك كىشىلەرنىڭ تىپىك ۋەكىلىدۇر. گەرچە ئۇ ئىنقىلابىي خىزمەتكە قاتناشقاندىن كېيىنكى ئەھمىيەتلىك ھاياتىدا، ناھىيەلىك تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، ھاكىم، ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، ۋىلايەتلىك پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، مۇئاۋىن ۋالىي، ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ۋە خەلق قۇرۇلتىيى خوتەن ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى قاتارلىق مۇھىم مەنسەپلەرنى تۇتقان بولسىمۇ، باشتىن - ئاخىر ئۆزىنى ئەمەلدار ئەمەس، بەلكى خەلقنىڭ چاكىرى دەپ بىلدى. ئىمتىيازغا تايىنىپ چوڭ يەپ، چوڭ ئىچىدىغان،

تۇرمۇش ۋە باشقا جەھەتلەردە باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇرۇپ راھەت-پاراغەت قوغلىشىدىغان ناچار ئادەتتىن يىراق بولدى.

ئابدۇراخمان قۇربان يېزىلارغا خىزمەت تەكشۈرۈپ كەلگەندە دېھقانلار نېمە يېسە شۇنى يەيدىغان، ئاساسىي قاتلامدىكى كادىرلارنى ئاۋارە قىلماي ئاددىي غىزالىنىدىغان ياخشى ئادىتىنى كېرىيە ناھىيەلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولغان ۋاقتىدىن تاكى ھازىرقى خەلق قۇرۇلتىيى خوتەن ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان ئۇزاق جەريانغىچە ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى. ئۇنىڭ بىلەن بىللە قانائەتلىنىپ قالماي ئائىلىسىدىكىلەرنىمۇ ئاددىي - ساددا ياشاشقا ئادەتلەندۈردى. دائىم بالىلىرىغا دېھقانلارنىڭ ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن تارتىدىغان جاپاسىنى ئۆزى كىچىك ۋاقتىدا بىۋاسىتە بېشىدىن ئۆتكۈزگەن كەچمىشلىرىگە بىرلەشتۈرۈپ سۆزلەپ بېرىپ، ئۇلارنى يېمەك - ئىچمەكنى، كىيىم - كېچەكنى ئىسراپ قىلماسلىققا ئۈندەپ كەلدى. نەتىجىدە ئائىلىسىدىكىلەر بىرقىسىم چاكىنا ئادەملەردەك مودا قوغلىشىدىغان، چوڭ يەپ، چوڭ ئىچىدىغان، ئىمتىيازىدىن پايدىلىنىپ ئىسراپچىلىق قىلىدىغان يامان ئادەتلەردىن يىراق بولۇپ، ئەتراپتىكىلەرنىڭ مۇئەييەن ھۆرمىتىگە ئېرىشتى.

بۇ يەردە ئۆتكەن 40 نەچچە يىل مابەينىدە ئابدۇراخمان قۇرباننىڭ شەرەپ قۇچۇشىدا بەلگىلىك رول ئوينىغان، قىزغىن قوللاپ مەدەت بەرگەن، ھەمدەمدە بولغان ئايالى تۇرسۇنخاننى ئالاھىدە تىلغا ئالماي تۇرالمايمىز. تۇرسۇنخانىمۇ ئابدۇراخمان قۇربانغا ئوخشاش جاپاكەش دېھقاننىڭ قىزى بولغاچقا، كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپ دېھقانلارنىڭ سېخىي ۋە مەردانىلىكىنى، مېھماندوست ۋە سەممىيلىكىنى ئۆز ۋۇجۇدىدا يېتىلدۈرگەنىدى. شۇڭا، ئۇ ئېرى ئابدۇراخمان قۇرباننىڭ دېھقانلارنى بېيىتىش، بەخت - سائادەت يولىغا باشلاشتەك ئەھمىيەتلىك ئىشلىرىنى قىزغىن قوللاپ، ھازىرقىدەك خوتەنلىكلەرنىڭ قەلب تۆرىدىن مۇناسىپ ئورۇن ئېلىشىدا تېگىشلىك ئەجىر كۆرسەتكەن يەنە بىر تۆھپىكار ئىدى. ئۇ ئابدۇراخمان قۇربان بىلەن بىرگە ياشىغان ئاشۇ يىللاردا ئۆزىنىڭ سەممىي، ئاق كۆڭۈللۈكى، ئىشچانلىقى، مۇلايىملىقى، ئاددىي -

ساددىلىقى، مېھماندوستلۇقى، بولۇپمۇ دېھقانلارغا بولغان ئالاھىدە مېھرى ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ چوڭقۇر ھۆرمىتىگە ئېرىشىپ كەلدى.

ئەر - خوتۇنلۇق ھاياتىغا نىسبەتەن بۇ 40 نەچچە يىللىق ئۇزاق جەريانىدا تۇرسۇنخانىم ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ تۇرمۇشتىكى بىۋاستە كۆيۈنگۈچىسى، خىزمەتتىكى قوللىغۇچىسى ھەم مەسلەكدىشى بولدى. 40 نەچچە يىلدىن بۇيان ئابدۇراخمان قۇربان ئۆزى ئۆيگە باشلاپ كەلگەن، شۇنداقلا ئۇنى ئىزدەپ ئۆيگە كەلگەن ۋە ھال ئېيتىپ كەلگەن ھەرقانداق ئادەم، قايسى تەبىقىدىن بولۇشتىن قەتئىينەزەر، تۇرسۇنخانىمنىڭ ئەزىز مېھمىنى سۈپىتىدە كۆتۈلۈپ سەممىي مۇلايىم مۇئامىلىسىدىن بەھرىمەن بولدى. يەنە كېلىپ تۇرسۇنخانىم خەلق ئىشلىرى ئىدارىسىدە ئىشلىگەچكە، خەلق ئىشلىرى كادىرىنىڭ پەزىلىتىنى ئۆز ئەمەلىيىتىدە ئىسپاتلىدى. جۈملىدىن يېتىم - يېسىر، ئاجىز - ئورۇق، مېيىپ ۋە مويسىپىتلارنىڭ ھالىغا ھال، مۇڭىغا مۇڭ بولۇپ، ئۇلارنى قايەردە ئۇچراتسا بەئەينى ئېرى ئابدۇراخمان قۇربانغا ئوخشاشلا مېھرىنى ئايانماي تۆكتى. چوڭ - كىچىك، باي - گادايى دەپ تەبىقىگە ئايرىماي ئورتاق ئىززىتىنى قىلدى.

قىسقىسى ئۇ ئابدۇراخمان قۇربان بىلەن بىللە ئۆتكۈزگەن 40 نەچچە يىللىق ھاياتىدا ئېرىنىڭ نۇرغۇنلىغان خاسىيەتلىك ئىشلىرىغا، نۇر چېچىپ تۇرغان ئالىجاناب پەزىلىتىگە شاھىت بولدى. بۇنىڭ بىلەن ئەل ئارىسىدا «تۇرسۇنخانىم ئابدۇراخمان قۇربانغا بوي - بەستى، ھۆسن - چىرايىدىلا ئەمەس، بەلكى خەلقچىللىق، ئالىيجانابلىق، مېھماندۇستلۇق، سەممىيلىك، ئىشچانلىق، ئاددىي - ساددىلىق جەھەتتىمۇ تولۇق ماس كەلگەن پەزىلەتلىك ئايال» دېگەن باھاغا ئېرىشتى.

كىشىلەر ئارىسىدا «بالىنىڭ خۇي - پەيلى ئاتا - ئانىنىڭ خۇي - پەيلىنى تارتىدۇ» دەيدىغان گەپ بار. ئەلۋەتتە بۇ ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ ئۆسۈپ - يېتىلىشىدىكى ئەڭ ئىلمىي قاراش. گەرچە مەكتەپ تەربىيەسى باللارنى غايىلىك، ئەخلاقلىق، قابىلىيەتلىك كىشىلەردىن قىلىپ يېتىلدۈرۈشكە ئوبيېكتىپ جەھەتتىن تەسىر

كۆرسەتكەن بىلەن، ياراملىق ئەۋلادلاردىن قىلىپ تەربىيەلەشتە يەنىلا ئاتا - ئانىنىڭ رولى ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ، يەنى بالىلار ھەربىر ئىشتا باشقىلارنى ئۈلگە قىلىشتىن كۆرە، كۆز ئالدىدىكى ئاتا - ئانىسىنى ئۈلگە قىلىدۇ. بۇ جەھەتتىن ئابدۇراخمان قۇربان، تۇرسۇنخانىملار پەرزەنتلىرىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىپ، ياراملىق ئەۋلادلاردىن بولۇشىدا ئاساسلىق رول ئوينىدى. بۇنىڭسىزمۇ ئابدۇراخمان قۇربان ئارىلاپ بالا - چاقىلىرىنى يېزىلاردىكى نامرات دېھقانلارنىڭ ئائىلىسىگە باشلاپ كېلىپ، ئادىمىيلىك پەزىلەت، جاپا - مۇشەققەتكە چىداش ئەمەلىي دەرسى ئۆتۈشنى ئىزچىل داۋاملاشتۇردى. نەتىجىدە ئۇلارنىڭ بالىلىرى ئاتا - ئانىسىنى ئۆزلىرىگە ئۈلگە قىلىپ چوڭ بولدى. مۇئەللىپ بۇ يەردە مەزكۇر يازمىنىڭ مەزمۇن ئېھتىياجى بىلەن، ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ چوڭ قىزى رابىيە ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتۈشنى لايىق كۆردى.

رابىيە خوتەن ناھىيەلىك سەھىيە ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىق ۋەزىپىسىگە قويۇلغان بىرنەچچە يىلدىن بۇيان رەھبەرلىك خىزمىتىدە زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەچكە، نامى دادىسىغا ئوخشاشلا ئەتراپقا تارقالدى. دەرۋەقە خوتەن ناھىيەلىك سەھىيە ئىدارىسى ئۆزىنىڭ پونكىتسىيەلىك، يېتەكچىلىك ھەم باشلامچىلىق رولىنى ئۈنۈملۈك جارى قىلدۇرۇپ، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ يېزىلاردىكى دېھقان- چارۋىچىلارنىڭ يېڭىچە ھەمكارلىشىپ داۋالىنىش سۇغۇرتا تۈزۈمىنى كەڭ قانات يايدۇرۇش، ئۇنى دېھقان - چارۋىچىلارغا تېخىمۇ بىۋاستە، تېخىمۇ تولۇق، تېخىمۇ ئۈنۈملۈك خىزمەت قىلدۇرۇشتا بىر قىسىم ئىلغار تەجرىبىلەرنى سىناق قىلىشنىڭ باشلامچى ئورنى بولۇپ كەلدى.

خوتەن ناھىيەلىك سەھىيە ئىدارىسىدىكىلەر ئالدى بىلەن تەشۋىقات خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ ۋە ئەتراپلىق ئىشلەپ، يېزىلاردىكى دېھقان- چارۋىچىلارنىڭ يېڭىچە ھەمكارلىشىپ داۋالىنىش سوغۇرتىسىغا قاتنىشىش ئاكتىپچانلىقىنى تولۇق قوزغىدى. ئۇلارنىڭ خەلققە بىۋاستە نەپ يەتكۈزىدىغان بۇ شەرەپلىك خىزمەتتىكى نەتىجىلىرى ۋىلايەت، ئاپتونوم رايوندىكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە

ئېرىشتى. بىرقىسىم ئىلغار تەجرىبىلىرى مەملىكەت بويىچە شەرقىي شىمالدا ئۆتكۈزۈلگەن تەجرىبە ئالماشتۇرۇش پائالىيىتىدە مەخسۇس تونۇشتۇرۇلدى. ئەلۋەتتە، ھەرقانداق بىر مۇۋەپپەقىيەتنىڭ كەينىدە ئۇنىڭغا بىۋاستە ئەجىر كۆرسەتكەن بىر يولباشچى بولىدۇ. باشقىلار ئەنە شۇ يولباشچىنىڭ يېتەكلىشى بىلەن توسقۇنلۇقلارنى بۆسۈپ ئۆتۈپ ھەر خىل قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەيدۇ.

خوتەن ناھىيەلىك سەھىيە ئىدارىسىنىڭ باشلىقى رابىيە ئابدۇراخمان ئەنە شۇنداق قابىلىيەتلىك يولباشچى بولۇپ، ئۇنىڭ جۇشقۇن ۋە ئىجادىي يېتەكلىشى بىلەن خوتەن ناھىيەلىك سەھىيە ئىدارىسى ئۆتكەن بىرنەچچە يىلدا تارىخىي خاراكتېرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. نۆۋەتتە خوتەن ۋىلايىتىنىڭ سەھىيە ئىشلىرىدا قولغا كەلتۈرگەن زور مۇۋەپپەقىيەتلىرى رابىيە ئابدۇراخمانغا ئوخشاش ياش، قابىلىيەتلىك، ئىجادچانلىق ۋە باشلامچىلىق روھىغا ئىگە يولداشلارنىڭ بىرقوللۇق ئەجىرى بىلەن روياپقا چىقىۋاتىدۇ. بىز رابىيە ئابدۇراخمان بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبىتىمىزدە خوتەن ۋىلايىتىنىڭ، جۈملىدىن خوتەن ناھىيەسىنىڭ خەلققە بىۋاستە نەپ يەتكۈزىدىغان نۆۋەتتىكى يېڭىچە ھەمكارلىشىپ داۋالىنىش سۈغۇرتا تۈزۈمىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ھەققىدە سورىغىنىمىزدا ئۇ تولىمۇ ھاياجان ۋە كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن مۇنداق دېدى:

— دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون خوتەندىكى دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ داۋالىنىشى قىيىن بولۇشتەك ئوبيېكتىپ قىيىنچىلىقنى تولۇق نەزەرگە ئېلىپ 2005 يىلىدىن باشلاپ يۆلەش، يېتەكلەش ۋە ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى يولغا قويدى. ئەل رايىغىلا ئەمەس، بەلكى خەلقنىڭ جانىجان مەنپەئەتىگە، جۈملىدىن ھاياتى ۋە ساغلاملىقىغا بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولغان بۇ ئېتىبار بېرىش سىياسىتى خوتەندىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ روھىغا كۈچلۈك مەدەت بەردى. بۇنىڭ بىلەن ئىلگىرى داۋالىنىش شارائىتىغا ئېرىشەلمەي كېلىۋاتقان كىشىلەر بىراقلا بۇ قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلۇپ، پارتىيە - ھۆكۈمەتكە چىن دىلىدىن رەھمەت، تەشەككۈر بىلدۈرۈشتى. ھازىر بىز ئۇدۇل كەلگەن ھەرقانداق كىشىدىن،

بولۇپمۇ يېزىلاردىكى دېھقان - چارۋىچىلاردىن نۇۋۋەتتىكى كېسەل كۆرستىش، داۋالىنىش ھەمدە يۇقىرى دەرىجىلىك دوختۇرخانىلارغا بېرىپ كېسەل كۆرستىش، داۋالىنىش ئىشلىرى ئۇستىدە گەپ ئېچىپ قالسىڭىز، ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ پارتىيە - ھۆكۈمەتنىڭ ئۆزلىرىگە قىلغان ياردىمىگە قارىتا شادلىقىنى ئىچىگە سىغدۇرالمىغان ھالدا رەھمەت ئېيتىۋاتقانلىقىنى كۆرىسىز. تېخىمۇ ئەھمىيەتلىك بولغىنى بۇ خىزمەت بىزنىڭ خوتەن ۋىلايىتىمىزدە تېخىمۇ ياخشى ئىشلەندى. قېرىنداش ۋىلايەت، ئوبلاستلار بىزنىڭ بىرقىسىم ئىلغار تەجرىبىلىرىمىزنى ئۆزلىرىگە ئۈلگە قىلىپ ئۆز خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشتى. بىزنىڭ قىسقا ۋاقىتتا ئاپتونوم رايون، ھەتتا مەركەزنىڭ دىققىتىنى تارتقۇدەك نەتىجىلەرگە ئېرىشىشىمىز ئەلۋەتتە ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە رەھبەرلىرىنىڭ، جۈملىدىن ناھىيەلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بىرىكمە كۈچ شەكىللەندۈرۈپ، سىياسەت جەھەتتىن كۈچلۈك قوللىغانلىقىنىڭ نەتىجىسى.

دەرۋەقە خوتەن ناھىيەلىك سەھىيە ئىدارىسى خوتەن ۋىلايىتىنىڭ سەھىيە ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، بولۇپمۇ نۇۋۋەتتە پۈتۈن جەمئىيەت كۆز تىكىۋاتقان ۋە ئالاھىدە دىققەت قىلىۋاتقان يېزىلاردىكى دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ يېڭىچە ھەمكارلىشىپ داۋالىنىش تۈزۈمىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يولغا قويۇشتا بىرقىسىم تۆرلەردە سىناق، ئومۇمىي خىزمەتلەردە باشلامچى بولۇشتەك ئەۋزەللىكىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ كىشىنى سۆيۈندۈرىدىغان مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى. بىز بۇ يەردە خوتەن ناھىيەلىك سەھىيە ئىدارىسى يولغا قويۇۋاتقان تۆۋەندىكى بىرقانچە تەدبىردىن خوتەن ۋىلايىتىنىڭ نۇۋۋەتتىكى سەھىيە ۋە ساقلىقنى ساقلاش، يېڭىچە ھەمكارلىشىپ داۋالىنىش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش جەھەتلەردىكى غايەت زور تەرەققىيات مەنزىرىلىرىنى كۆرەلەيمىز:

نامرات كىشلەرنىڭ داۋالىنىش مەسىلىسىنى ئۈزۈل - كېسىل ھەل قىلىش ئۈچۈن خەلق ئىشلىرى تارماقلىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك دوختۇرخانىلار بىلەن ماسلىشىپ، بىمارلارغا دۆلەت بېرىدىغان ياردەم

راسخوتىنى بىمارنىڭ دوختۇرخانىدىكى داۋالىنىش راسخوتىغا بىۋاسىتە كىرگۈزۈپ بېرىش ئۇسۇلى يولغا قويۇلۇپ نامرات بىمارلارنىڭ زور قىيىنچىلىقى ھەل قىلىندى؛

بىمارلارنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك دوختۇرخانىلاردا بىمالال داۋالىنىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئۈرۈمچىدىكى داڭلىق سەككىز دوختۇرخانا بىلەن ھەمكارلىشىش مۇناسىۋىتىنى شەكىللەندۈردى. بىمارلار ئۈرۈمچىگە كېسەل كۆرسەتكىلى بارغاندا بىرتەرەپ قىلىش ئۈچۈن مال-چارۋىلىرى، ئۆيلىرىنى سېتىپ نۇرغۇن پۇل تەييارلاپ بارماي، ناھىيەلىك سەھىيە ئىدارىسىنىڭ ئىسپاتى بىلەنلا بېرىپ داۋالىنىپ، ئۆزى تۆلەيدىغان قىسمىنى تۆلەپ، قالغىنىنى ناھىيەلىك سەھىيە ئىدارىسى دوختۇرخانىلار بىلەن يىل ئاخىرىسىدا ھېسابلىشىپ، دېھقانلارغا قولايلىق تۇغدۇردى. بۇ جەھەتتە خوتەن ناھىيەلىك سەھىيە ئىدارىسى ھازىرغىچە ۋىلايەت ئىچى- سىرتى ۋە يەككە ئىگىلىكتىكى بولۇپ 30 نەچچە دوختۇرخانا بىلەن دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ يېڭىچە ھەمكارلىشىپ داۋالىنىش سۇغۇرتا تۈزۈمىنى يولغا قويۇش كېلىشىمى تۈزدى؛

شەھەر - بازارلاردىكى تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى ئالىدىغان بىمارلارنىڭ داۋالىنىش مەسىلىسىنى تېخىمۇ ئاسانلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئەسلىدىكى كوچا ئىش بېجىرىش باشقارمىسى، ناھىيەلىك خەلق ئىشلىرى ئىدارىسى، ناھىيەلىك سەھىيە ئىدارىسى قاتارلىق ئۈچ تەرەپ ئىشلەيدىغان خىزمەتنى پەقەت سەھىيە ئىدارىسى باش بولۇپ ماسلاشتۇرۇپ ئىشلەشنى يولغا قويدى، بۇ تۈر ھازىر پۈتۈن مەملىكەت بويىچە 1 - ئورۇندا تۇرۇۋاتىدۇ. نۆۋەتتە خوتەن ناھىيەسىدىكى تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى بېرىلىدىغان 67 مىڭ كىشى داۋالانسا ئۆزلىرى داۋالىنىش راسخوتىنىڭ پەقەت ئالتە - يەتتە پىرسەنتىنى تۆلەيدۇ، قالغان 90 نەچچە پىرسەنتىنى ئۈچ تەرەپ ماسلىشىپ تۆلەيدۇ. بۇ ياخشى سىياسەتتىن يېزىلاردىكى دېھقان - چارۋىچىلاردىن تارتىپ، شەھەر- بازارلاردىكى تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى ئالىدىغان كەڭ ئامما نەپ ئالماقتا.

خوتەن ناھىيەلىك سەھىيە ئىدارىسى ۋىلايەتلىك سەھىيە

ئىدارىسىنىڭ، شۇنداقلا ھەر دەرىجىلىك باشقۇرغۇچى تارماقلارنىڭ يېتەكلىشى ۋە ماسلاشتۇرۇشى بىلەن ناھىيەنىڭ سەھىيە ۋە ساقلىقنى ساقلاش خىزمەتلىرىدە يېڭى تۇر ۋە تەدبىرلەرنى يولغا قويۇۋاتىدۇ. ئۇلار ھازىرغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە دېھقان- چارۋىچىلارنىڭ يېڭىچە ھەمكارلىشىپ داۋالىنىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇشتىكى ئىلغار ئورۇن، رابىيە ئابدۇراخمان بولسا ئاپتونوم رايون بويىچە سەھىيە خىزمىتىدىكى مۇنەۋۋەر شەخس، ئاپتونوم رايون بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئۈلگىلىك شەخس قاتارلىق شان - شەرەپلەرگە نائىل بولغاندىن باشقا، خوتەن ۋىلايىتى بويىچە ھەر يىلى مۇنەۋۋەرلىكنى قولدىن بەرمەي كېلىۋېتىپتۇ.

× × ×

ئەسلەپ كەلسەك، پاك - دىيانەتلىك بولۇشنى، ھەرقاچان خەلقتىن ئايرىلماي ھەمنەپەس بولۇپ ياشاشنى ئابدۇراخمان قۇربانغا مەرھۇم دادىسى مەتقۇربان ھاجى ئۆگەتكەنىدى. ئۇ ھاياتىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىگىچە قولىدىن كەتمەنىنى چۈشۈرمەي زېمىننى كۆكەرتىشنى ئىنسانىي بۇرچى ھېسابلىغاچقا، ھالاللىقنىڭ قەدرىنى ھەممىدىن ياخشى بىلەتتى، بولۇپمۇ ئابدۇراخمان قۇربان كېرىيە ناھىيەسىگە ھاكىم بولغاندىن كېيىن ئوغلىغا بولغان تەربىيەنىڭ سالمىقىنى ئاشۇرغانىدى. ئابدۇراخمان قۇربان ھەرقېتىم ئۆزىنى يوقلاپ ساياتلىغا كەلگەنىدە، تۈنجى بولۇپ دەيدىغان گېپى:« تەكەببۇرلۇق قىلىدىغان يامان ئادەتتىن يىراق بول، ماڭا ئوخشاش توپا بىلەن ھەپىلىشىپ يۈرىدىغان جاپاكەش داداڭنىڭ بارلىقىنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالما» دېگەنىدىن ئىبارەت بولاتتى. ئۇنىڭ بۇ گېپى ئابدۇراخمان قۇربان ئۈچۈن مۇقەددەس بۇيرۇق ئىدى. خىزمەتتە ئۆزىنى مۇشۇ بۇيرۇق بىلەن ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرغاچقا، بىرەرسىنىڭ ئىشنى بېجىرىپ بەرگەنىدە كۆڭۈل ئىزھارى سۈپىتىدە ئۇنى- بۇنى سۇنسا دەرھال دادىسىنىڭ ئاۋازى قۇلىقى تۈۋىدە جاراڭلاپ، ھەرقانداق سوۋغا - سالامنى چىرايلىقچە رەت قىلاتتى. ئابدۇراخمان قۇربان كېرىيەدە ھاكىملىق قىلىۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە

مەلۇم ئورۇنغا ئىشچى قوبۇل قىلىنغان. بىر ئايال ئوغلىنى بۇ ئىشتاتقا كىرگۈزۈش ئۈچۈن ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ ئۆيىگە بىر پارچە گىلەم كۆتۈرۈپ كەلگەن. ئابدۇراخمان قۇربان چىرايلىق نەسىھەت قىلىپ گىلەمنى قايتۇرۇپ كېتىشنى ئېيتقاندا ئايال تاقىشىپ تۇرۇۋالغان، ئاخىر: «ئەگەر گىلەمنى قايتۇرۇپ كەتمىسىڭىز ئوغلىڭىز ئىمتىھاندىن ئۆتكەن تەقدىردىمۇ ئۇنى ئىشچىلىققا قوبۇل قىلمايمىز» دېگەن. ئايال ئامالسىز قېلىپ گىلەمنى قايتۇرۇپ كەتكەن. شۇ ئىشتىن كېيىن جەمئىيەتتە: «ئابدۇراخمان قۇربان ھاكىمغا كىم پارا بەرسە، ئىشنى ھەل قىلىپ بەرمەيدىكەن» دېگەن گەپ تارقالدى.

ئەينى چاغلاردا ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ شەھەر - بازار نوپۇسىدىكىلەرنى ئاشلىق - ياغ بىلەن تەمىنلەش ئىشىدىمۇ مۇئەييەن قىيىنچىلىق بار ئىدى. بىر كۈنى ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ مەسئۇلى ھاكىم ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ مەخسۇس ئالىي دەرىجىلىك ئۈن، گۈرۈچ، ۋە ياغ تەييارلاتقۇزۇپ قويغانلىقىنى، بۇلارنى ئۆيلىرىگە يەتكۈزۈپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئابدۇراخمان قۇربان دەرھال ئۇنىڭغا:« مەن خەلقنىڭ ھاكىمى، خەلق نېمە يېسە مەنمۇ شۇنى يەيمەن. ياخشىسى يېزىلاردىكى كۆپ سانلىق دېھقانلارنىڭ يېمەكلىكى بىلەن ئوخشاش بولغىنى تۈزۈك» دەپ كەسكىن تەنبىھ بېرىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ رەھبەر بۇ گەپنى قايتا ئېغىزغا ئالمايدۇ. 2002 - يىلى ئابدۇراخمان قۇربانغا بىر يېقىن تۇغقىنى كېرىيەنىڭ قازناق بوز يەر دائىرىسىدىن بىر ئاز يەر ھەل قىلىپ بېرىشنى ئېيتىدۇ. ئابدۇراخمان قۇربان قوشۇلمىغاندا ھېلىقى تۇغقىنى: «قازناق بوز يەرنىڭ ئېچىلىشىغا سىز نۇرغۇن تۆھپە قوشقان تۇرۇقلۇق، 40 — 50 مو يەر ھەل قىلىپ بەرگىنىڭىزنىڭ نەرى يامان. ئۇنىڭسىزمۇ بۇ يەرگە ئادەم كۆچۈرۈش، ئېچىلغان بوز يەرلەرنى تېرىمىغا ئۆزگەرتىش تەشكىل كۆڭۈل بولىدىغان ئىش تۇرسا» دەيدۇ. ئابدۇراخمان قۇربان دەرھال ئۇنىڭغا: «مەن قازناق بوز يەرنىڭ ئېچىلىشىغا توھپە قوشقانلىقىم ئۈچۈنلا سىزگە يەر ھەل قىلىپ بەرمەيمەن. چۈنكى، ئۆز ۋاقتىدا يەر ئېچىشقا يېتەكچىلىك قىلغان ۋاقتىمدا، بوز يەرنى سىزگە ئوخشاش تۇغقانلىرىمغا بۆلۈپ

بېرىشنى ئەمەس، بەلكى كېرىيەدىكى 180 مىڭ خەلق ئۈچۈن تېرىم يەر كۆپەيتىشنى مەقسەت قىلغان» دەيدۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇنىڭ تۇغقانلىرى ھەر خىل ئىشلار ئۈچۈن ئۇنى ئاۋارە قىلمايدىغان بولدى.

يۇقىرىقىدەك ھېكايىلەر ناھايىتى كۆپ. مۇھىمى ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ پاك - دىيانەتلىك بولۇشتا ئىشنى بالا - چاقىلىرىدىن باشلىغانلىقىنى تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ. ئۇ بالا - چاقىلىرىغا ھەردائىم بۇ ھەقتە تەربىيە بېرىدۇ. نەپسانىيەتچىلىك قىلغانلارنىڭ ئېچىنىشلىق ھالاكىتىنى بالىلىرىغا سۆزلەپ بېرىپ، ئىبرەت ئېلىشنى تەكىتلەيدۇ. كىشىلەر ھەر خىل مەقسەتتە ئېلىپ كەلگەن چوڭ - كىچىك سوۋغا - سالاملارنى قوبۇل قىلماي قايتۇرۇشنى، دېھقانلار مېۋە - چېۋە ئېلىپ كەلسە قوپاللىق قىلىپ ئۇلارنىڭ دىلىغا ئازار بەرمەي، مېۋىلەرنىڭ نەرخى بويىچە پۇل بېرىپ ئېلىپ قېلىشنى تاپىلايدۇ. ئۇ ھەرقانداق ئەھۋالدا دېھقانلارنىڭ مەنپەئەتىنى، كۆڭلىنى ئويلايدۇ. ئابدۇراخمان قۇربان ئىشلارنى مانا مۇشۇنداق ئادىل بىر تەرەپ قىلىشقا ئادەتلەنگەن.

ئابدۇراخمان قۇربان تاشكەنت كەنتىنى نۇقتا قىلىپ ئىشلەۋاتقىلى 11 يىلدىن ئاشتى. مۇشۇ جەرياندا تاشكەنت كەنتىگە نەچچە يۈز قېتىم كەلدى. ھەرقېتىم كەلگەندە مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرگە بازاردىن نان ئەكەلدۇرۇپ يېدى. مۇبادا كەنت كادىرلىرىنىڭ زورلىشى بىلەن دېھقانلارنىڭ ئۆيىدە غىزالىنىشقا توغرا كېلىپ قالسا يېگەن تاماقنىڭ پۇلىنى ئۆز يېنىدىن بېرىپ ماڭدى. ئۇنىڭ بۇ ئادىتى ھەردەرىجىلىك مەسئۇل يولداشلارنىڭ ياخشى ئىستىل تىكلىشىدە تۈرتكە بولدى.

2011 - يىلى 5 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ئابدۇراخمان قۇربان مۇناسىۋەتلىك مەسئۇللارنى باشلاپ قاراقاش ناھىيەسىنىڭ كۇيا يېزا ئۈجمىلىك كەنتىگە كەلدى. ئۈجمىلىك كەنتى ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ تاشكەنت كەنتىدىن كېيىن ئۆزى بىۋاستە مەسئۇل بولۇپ ئىشلەۋاتقان يەنە بىر كەنت ئىدى. ئۇ كۈنى ھاۋا بەك ئىسسىپ كەتكەچكە ھەممەيلەن بەكمۇ ھېرىپ چارچىغانىدى. چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدا ئابدۇراخمان قۇربان ئىلگىرىكى ئادىتى بويىچە بازاردىن نان ئەكەلدۇرۇپ

باشقىلار بىلەن ئىتتىزدىلا قورساق توقلىماقچى بولدى. دەل شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ يېنىغا ناھىيەدىن بىر كىشى يېتىپ كەلدى. ئەسلىدە قاراقاش ناھىيەسىنىڭ مەسئۇللىرى ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ بۆگۈن ئەتىگەندىن باشلاپ ئۆجمىلىك كەنتىدە خىزمەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپقان بولۇپ، ھېلىقى كىشىنى ئابدۇراخمان قۇربانىنى ئۆزلىرى بىلەن بىللە تاماقلىنىشقا ناھىيە بازىرىغا باشلاپ كېلىشكە ئەۋەتكەنىدى. بىراق، ئابدۇراخمان قۇربان ئۆزرىخاھلىق ئېيتىپ بارغىلى ئۇنىمىدى. دېمىسىمۇ ئارىدىكى مۇساپە خېلى ئۇزۇن بولغاچقا، بېرىپ كېلىشكە خېلى ۋاقىت كېتەتتى. نەتىجىدە پىلانلانغان خىزمەت ئادا بولماي قالاتتى. كېيىن كەنت كادىرلىرى ئابدۇراخمان قۇربان باشلىق كىشىلەرنىڭ ئېتىزدا قۇرۇق نان يېيىشكە قاراپ تۇرالماي قائىدە سۆزلەپ، كەنت مۇدىرىنىڭ ئائىلىسىگە باشلاپ كىرىپ پولۇ ۋە قېتىق بىلەن غىزالاندۇردى. غىزا يېيىلىپ ھەممەيلەن ھويلىغا چىققاندا ئابدۇراخمان قۇربان كەنت مۇدىرىنى يېنىغا چاقىرىپ، بۈگۈنكى تاماقنىڭ راسخوتىنى ھېسابلاپ چىقىشنى، يېگەن تاماققا مۇۋاپىق پۇل بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. شۇئان كەنت مۇدىرى چىچاڭشىپ:

— بۇنداق دېسىلە مەن خاپا بولىمەن. سىلى بىز ئۈچۈن شۇنچە جاپا تارتىۋاتسىلا. مانا، كەنتىمىزنى نۇقتا قىلىپ تۇتقان ئىدىلە، ھال كۈنىمىز بىراقلا ياخشىلاندى. بۇ يىل كىشى بېشى كىرىمىمىز كۆرۈنەرلىك ئاشتى. شۇنداق تۇرۇقلۇق سىلىگە ھېچقانچە رەھمەت ئېيتالمىدۇق. بۈگۈن ئاران دېگەندە بىر ۋاقىلىق تاماققا ئېغىز تېگىش نېسىپ بولغاندا، يېگەن تاماققا پۇل بېرىمەن دېسىلە قانداق بولغىنى، — دېدى.

ئابدۇراخمان قۇربان كەنت مۇدىرىنى خاپا قىلىپ قويۇشتىن ئەنسىرەپ:

— ئۇنداق بولسا بۈگۈنكى تاماققا ئىشلىتىش ئۈچۈن سىرتتىن پۇلغا ئەكەلگەن نەرسىلەرنى ھېسابلاپ شۇنىڭ پۇلىنىلا بېرەيلى، — دېدى.

كەنت مۇدىرى ئىلاجسىز ھەممىنىڭ ھېسابىنى چىقىرىپ:

— بۈگۈنكى تاماققا ئىشلەتكەن گۆرۈچ، ياغ ئۆيۈمدە بار ئىدى،

توخۇ بىلەن تۇخۇمنى ئەنە ئاۋۇ كاتەكتىن ئالدىم، — دېدى.

كەنت مۇدىرىنىڭ دىگەنلىرى بەرھەق بولۇپ، تاماققا ئىشلەتكەن نەرسىلەرنى ئۆز ئۆيىدىنلا چىقارغانىدى. ئاخىرىدا ئابدۇراخمان قۇربان:

— قېتىقچۇ؟ ئۇنىمۇ ئۆيىدىن چىقاردىڭىزمۇ؟ — دېدى.

كەنت مۇدىرى بېشىنى قاشلاپ تۇرۇپ:

— بۇنچە تەپسىلىي سورىمىسىلىمۇ بولاتتى، راستىنى دېسەم قېتىقنى قوشنىلارنىڭ ئۆيىدىن ئەكەلگەن، — دەپ جاۋاب بەردى.

ئابدۇراخمان قۇربان دەرھال يانچۇقىدىن 100 يۈەننى چىقىرىپ كەنت مۇدىرىغا سۇندى:

— ئۇنداق بولسا ماۋۇ پۇلنى ئېلىڭ. دەرھال قېتىقنىڭ پۇلنى ئىگىسىگە بېرىۋېتىڭ......

ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ گېپى ئۈزۈلمەي تۇرۇپلا باياتىندىن بېرى ياندا قاراپ تۇرۇشقان بىرنەچچە كىشى ئېتىراز بىلدۈرۈشتى:

— ئۆزلىرى بىز ئۈچۈن شۇنچە جاپا تارتقان تۇرۇپ، بۇنچىلىك قېتىقىمىزنى ئىچسىلە نېمە بوپتۇ؟ ئۇنداق قىلسىلا بولمايدۇ. بىز قېتىقىمىزنى يارىتىپ ئىچكەنلىكلىرىگە بەكمۇ خۇش......

شۇنداقتىمۇ ئابدۇراخمان قۇربان پۇلنى كەنت مۇدىرىنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويۇپلا چىقىپ كەتتى. شۇ كۈنى ئۈجمىلىك كەنتىدە دېھقانلار بىلەن ئېچىلغان يىغىندا پىششەقدەم دېھقان توختى باقى ئاخۇن ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ ئۈچ يىلدىن بېرى ئۈجمىلىك كەنتىگە قىلىپ بەرگەن ياخشى ئىشلىرىنى بىر - بىرلەپ تىلغا ئالدى، شۇنداقلا ئۈجمىلىك كەنتىنىڭ ئۈچ يىلدىن بۇيانقى تەرەققىياتىدىن كەنتتىكى ھەممە كىشىنىڭ چەكسىز رازى ئىكەنلىكىنى ئىزھار قىلدى. ئاخىرىدا ياندا ئولتۇرغان خەلق قۇرۇلتىيى ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى دولقۇن ئابدۇرېھىمنى خىيالدا يۇقىرىدىن كەلگەن مەلۇم باشلىق دەپ قاراپ:

— ئاڭلىساق ئابدۇراخمان قۇربان مۇدىر يېقىندا دەم ئېلىشقا چىققۇدەك. سىلى تەشكىلگە ئېيتىپ ئۇنى يەنە بەش يىل ئىشلەشكە قويغان بولسىلا بىزنى تېخىمۇ بېيىتقان بولار ئىدى...... — دېدى.

بۇ ئۇقۇشماسلىقتىن ھەممەيلەن كۈلۈپ كېتىشتى. ئەمەلىيەتتە توختى باقى ئاخۇننىڭ گېپى ئادەتتىكى چاقچاق بولماستىن، بەلكى ئۇجملىك كەنتىدىكى بارلىق دېھقانلارنىڭ يۈرەك ئارزۇسى ئىدى. ئەپسۇس، جاھاننىڭ ئىشلىرى ئۇلارنىڭ ئارزۇسىدىكىدەك بولاتتىمۇ! ئەمما، بىز بۇنىڭدىن دېھقانلارنىڭ ئابدۇراخمان قۇربانغا بولغان زور ئىشەنچىسنى ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز.

× × ×

كادىرلارنىڭ، بولۇپمۇ رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان يولداشلارنىڭ پاك - دىيانەتلىك بولۇشىنى تەشەببۇس قىلىش ئېغىزدا ئاسان. بىراق، ئۇنى ئەمەلىيەتتە ئىسپاتلاش ئانچمۇ ئاسان ئەمەس، بولۇپمۇ بازار ئىگىلىكى يولغا قويۇلۇپ پۇلنىڭ جەمئىيەتتىكى رولى ئۆسكەنسېرى كىشىلەر ئىمكانىيار ئۆزىنىڭ شەخسىيىتىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشقا يۈزلەندى. ئەمەلىيەتتە بۇنىمۇ ئەيىبلاپ كەتكىلى بولمايدۇ. ئالدى بىلەن ئۆزىنى مەنپەئەتلەندۈرۈشنى قوغلىشىش ئىنسانلارنىڭ تۇغما تەبىئىتى. بىراق، ئۆزىنىڭ كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپ كۆنگەن ئادىتى بويىچە ھەممىدە خەلقنىڭ مەنپەئەتىنى ئالدىنقى ئورۇندا قويىدىغان ئالىيجاناب كىشىلەرمۇ بار. ئۇلار ھەرقايسى دەۋرلەردە ئۆزىنىڭ خەلقچىللىق ئىستىلىنى ھەقىقىي يوسۇندا جارى قىلدۇرۇشقا كۆنۈك بولىدۇ.

دەرۋەقە، ئابدۇراخمان قۇربان ئەنە شۇ قەدىرلىك كىشىلەرنىڭ تىپىك ۋەكىلىدۇر. گەرچە ئۇ ھازىرغىچە ئۆتكۈزگەن ئەھمىيەتلىك ھاياتىدا، ناھىيەلىك تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، ھاكىم، ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، ۋىلايەتلىك پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، مۇئاۋىن ۋالىي، ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ۋە خەلق قۇرۇلتىيى خوتەن ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى قاتارلىق مۇھىم ئەمەللەرنى تۇتقان بولسىمۇ باشتىن - ئاخىر ئۆزىنى ھاللانغۇچى ئەمەس، بەلكى خەلقنىڭ چاكىرى دەپ ياشىدى.

ئىمتىيازغا تايىنىپ چوڭ يەپ ـ چوڭ ئىچىدىغان، تۇرمۇش ۋە باشقا جەھەتلەردە باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇرۇپ راھەت ـ پاراغەت قوغلىشىدىغان ئادەتتىن يىراق بولدى. ئۇ ئادەتتە يېزىلارغا خىزمەت تەكشۈرۈپ كەلگەندە ئادىتى بويىچە دېھقانلار نېمە يېسە شۇنى يەيدىغان، ئاساسىي قاتلامدىكى كادىرلارنى ئاۋارە قىلماي، ئاددىي غىزالىنىدىغان ياخشى ئادىتىنى ئەينى چاغدا كېرىيە ناھىيەلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولغان ياش ۋاقتىدىن باشلاپ، ھازىرقى خەلق قۇرۇلتىيى خوتەن ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان ئۇزاق جەريانغىچە داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى. خىزمىتىدە خەلق ئاممىسىنىڭ خۇشاللىقىنى، رازى بولۇشىنى ئۆزىگە مۇھىم مىزان قىلدى.

بۇ يەردە شۇنداق بىر قىستۇرمىنى قوشۇپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، ئابدۇراخمان قۇربان ئۆزىدىكى ئاددىي ـ سادda ياشاش، ئارتۇق مال ـ دۇنياغا بېرىلمەسلىكتەك ئالىيجاناب پەزىلەتنى ئەينى دەۋردە، يەنى ئاۋام خەلقتە غۇربەتچىلىك ئەۋج ئېلىۋاتقان ئاپەتلىك يىللاردا ئۆزىنى تەربىيەلەپ ئۆستۈرگەن پېشقەدەم رەھبەرلەردىن، بولۇپمۇ دېھقانىنىڭ جاپاسىغا بىۋاستە شېرىك بولۇۋاتقان مەرھۇم چوڭ ئانىسى سىلىمىخان ۋە دادىسى مەتقۇربان ھاجىدىن ئۆگەنگەنىدى. مەرھۇم مەتقۇربان ھاجى ئۇنىڭغا داۋاملىق پاك ياشاشنى تەشەببۇس قىلسا، ئۆز ۋاقتىدا كېرىيەنى قۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلىۋاتقان فەن جەنپۇ ئۆزىنىڭ ئەمەلىيىتى ئارقىلىق بارلىقىنى خەلقنىڭ بەخت ـ سائادىتىگە بېغىشلىغان بىر رەھبىرىي كادىرنىڭ ئۈلگىسىنى تىكلەپ بەرگەنىدى.

ئابدۇراخمان قۇربان كېرىيە خەلقى ئارىسىدا «پولات ھاكىم» دەپ نام ئالغان فەن جەنپۇنىڭ 1950 ـ يىلى كېرىيەگە كىچىككىنە بىر بوغچا بىلەن كېلىپ، كېرىيەدە 40 نەچچە يىل رەھبەرلىك خىزمىتىنى ئىشلەپ ئاخىردا دەم ئېلىشقا چىققاندىن كېيىن ئاشۇ ئاددىي بوغچىسىنىلا ئېلىپ قايتىپ كەتكەنلىكىنى پەقەتلا ئېسىدىن چىقارمىدى. دەرۋەقە ئابدۇراخمان قۇربان كېرىيەدە توپتوغرا 22 يىل خىزمەت قىلدى. بۇ جەرياندا كېرىيەگە 8 يىل ھاكىم بولۇپ كېرىيە خەلقى ئۈچۈن خالىس

مېھنەت قىلدى. بىرسىدىن بىر تال قاق چاغلىق نەرسە تەلەپ قىلمىدى ۋە ئالمىدى. ئۇ 1991 ـ يىلى خوتەنگە ئايالى بىلەن ئىككىسى مائاشىدىن ئىقتىساد قىلغان 6000 يۈەن بىلەنلا كەلگەنىدى. ئۇ ئۆزى ئاددىي ـ ساددا ياشاش بىلەنلا قانائەتلىنىپ قالماي، ئائىلىسىدىكىلەرنىمۇ چوڭچىلىق قىلماي، ئاددىي ـ ساددا ياشاشقا ئادەتلەندۈردى. دائىم ئۇلارغا دېھقانلارنىڭ ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن تارتىدىغان جاپاسىنى ئۆزى كىچىك ۋاقتىدا بىۋاسىتە بېشىدىن ئۆتكۈزگەن كەچمىشلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ سۆزلەپ بېرىپ، ئۇلارنى يېمەك ـ ئىچمەكنى، كىيىم ـ كېچەكنى ئىسراپ قىلماسلىققا ئۈندەپلا كەلدى. دېگەنىدەك، ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر، بولۇپمۇ پەرزەنتلىرى دادىسىدىن ئۆگىنىپ بىرقىسىم چاكىنا ئادەملەردەك مودا قوغلىشىدىغان، چوڭ يەپ- چوڭ ئىچىدىغان، ھەر ۋاقىت ئىمتىيازىدىن پايدىلىنىپ ئىسراپچىلىق قىلىدىغان، شۇنداقلا باشقىلارنىڭ ھەققىگە چاڭ سالىدىغان يامان ئادەتلەردىن يىراق بولۇپ، تۇرمۇشتا ئاددىي ـ ساددا ئۆتۈپ، باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى خۇشاللىق دەپ بىلدى، كىشىلەرنىڭ چوڭقۇر ھۆرمىتىگە ئېرىشتى. ئۇلار دېھقانلار ئابدۇراخمان قۇربان ئۆزلىرىگە قىلغان ئاتىلارچە غەمورلۇققا رەھمەت ئېيتىش ئۈچۈن ئېلىپ كىلىشكەن لەڭگەر يېزىسىنىڭ بىر پۇلۇق ئۈزۈمى، بىر پۇلۇق شاپتۇلىغا چاغلىق نەرسىلەرگىمۇ نەرخى بويىچە پۇل بېرىپ ئادەتلەندى.

بۇ يەردە ئۆتكەن 40 نەچچە يىلدىن بۇيان ئابدۇراخمان قۇرباننىڭ ئەل ئارىسىدا ھازىرقىدەك شەرەپ قۇچۇشىدا بىۋاسىتە رول ئوينىغان، ئۇنى قىزغىن قوللىغان، مەدەت بەرگەن، ھەمدەمدە بولغان ئايالى تۇرسۇنخاننىمنى ئالاھىدە تىلغا ئالماي بولمايدۇ. دەرۋەقە تۇرسۇنخاننىمۇ دەل ئابدۇراخمان قۇربانغا ئوخشاش جاپاكەش دېھقاننىڭ قىزى بولغاچقا، كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپ دېھقانلارنىڭ سېخىي ۋە مەردانىلىكىنى، مېھماندوست ۋە سەممىيلىكىنى ئۆز ۋۇجۇدىدا يېتىلدۈرگەنىدى. شۇڭا، ئۇ يولدىشى ئابدۇراخمان قۇرباننىڭ دېھقانلارنى بېيىتىش، بەخت ـ سائادەت يولىغا باشلاشتەك ئەھمىيەتلىك ئىشلىرىنى قىزغىن قوللايتتى. ئۆز نۆۋىتىدە ئۇ ئابدۇراخمان

قۇربانىنىڭ بۇ يولدا ئاداققىچە مېڭىپ، خوتەنلىكلەرنىڭ قەلب تۆرىدىن هازىرقىدەك چوڭقۇر ئورۇن ئېلىشىدا بىۋاسىتە ئەجىر كۆرسەتكەن پەردە ئارقىسىدىكى يەنە بىر تۆھپىكار ئىدى. ئۇ ئۆتكەن يىللاردا ئۆزىنىڭ سەممىي ئاق كۆڭۈللۈكى، ئىشچانلىقى، مۇلايىملىقى، ئاددىي ـ ساددىلىقى، مېهماندوستلۇقى، بولۇپمۇ دېهقانلارغا بولغان ئالاھىدە مېهرى ئارقىلىق بەئەينى ئابدۇراخمان قۇرباندەكلا كىشىلەرنىڭ چوڭقۇر هۆرمىتىگە ئېرىشىپ كەلدى. ئارىدا ئۆتكەن 40 نەچچە يىللىق ئۇزاق جەرياندا تۇرسۇنخانىم ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ تۇرمۇشتىكى بىۋاسىتە كۆيۈنگۈچىسى، خىزمەتتىكى قوللىغۇچىسى ھەم مەسلەكدېشى بولدى.

خەلقچىللىق ئەلۋەتتە رەھبىرىي يولداشلارنىڭ خەلق بىلەن قەلبداش بولۇشىدىن، خەلق ئۈچۈن تەمەنناسىز خالىس خىزمەت قىلىش ۋە خەلققە بارلىقىنى تەقدىم قىلىشتىن بارلىققا كېلىدۇ، ئابدۇراخمان قۇربان ۋىلايەتكە يۆتكىلىپ كېلىپ 1991 ـ يىلىدىن 1993 ـ يىلىغىچە ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ ھەيئىتى، ۋىلايەتلىك پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، 1993 ـ يىلىدىن 1997 ـ يىلىغىچە ۋىلايەتنىڭ مالىيە، ئىقتىساد ـ سودا خىزمىتىگە مەسئۇل مۇئاۋىن ۋالىيسى، 1997 ـ يىلىدىن 2002 ـ يىلىغىچە ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ سۇ ئېلېكتىر ۋە نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىگە مەسئۇل مۇئاۋىن شۇجىسى، ئۇنىڭدىن كېيىن خەلق قۇرۇلتىيى ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى قاتارلىق ئەڭ ئىمتىيازلىق خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. بىراق ئۇ ئىمتىيازنى خەلقنىڭ ئىمتىيازىدىنلا كۆردى. ھوقۇقنى، ئىمتىيازنى ھەقىقىي تۈردە خەلق ئۈچۈنلا ئىشلەتتى. ئوبرازلىق ئېيتقاندا ئۇ قازان بېشىدا چۆمۈچنى تۇتقۇچى بولۇش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، ئۆز نەپسىگىلا چوغ تارتىدىغان نامەردلەرنى ھۆددەس دورىمىدى. بەلكى، ئۆز نېسىۋىسىنى باشقىلارغا بۆلۈپ بېرىدىغان مەردانىلەرنىڭ ئىزىنى ئاداققىچە داۋاملاشتۇردى.

مۇبادا ئۇ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان، شۇنداقلا ئۆزى بىۋاسىتە مەسئۇل بولغان خىزمەتلەردىكى قولاي پۇرسەتلەردىن پايدىلىنىپ، ئەل قاتارى ئۆزىنى ئازراقلا ھالالىدۇرغان بولسا، ئۆز ۋاقتىدا بەيتۇل

مۇقەددەسكە تەلپۈنگەن نەچچە ھاجىنىڭ تەما ۋە تەشەككۈر سوۋغىسى، ماليەدىن راسخوت تەلەپ قىلىدىغان نەچچىلىگەن مەسئۇل بولداشلارنىڭ خۇشامىتى توسالغۇسىزلا ئۇنىڭ ئىلكىگە ئۆتكەن بولاتتى. مۇشۇ جەريانىدا ۋىلايەت بويىچە 22 ئورۇنىدا 400 مىڭ مو بوز يەر ئېچىلدى. يەنە 1700 قۇدۇق كولىنىپ قۇرغاقچىلىقنىڭ ئالدى ئېلىندى. 1997 - يىلىدىن باشلاپ يىلىغا 300 مىليون يۈەندىن ئارتۇق پۇل نامراتلارنى يۆلەشكە سەرپ قىلىندى. نۇرغۇنلىغان ئېرىق- ئۆستەڭ، زاكو ياسالدى. 1998 - يىلىدىن باشلاپ ۋىلايەتنىڭ يېزا ئېلېكتىر تورىنى ئۆزگەرتىشكە دولەت تەرىپىدىن 800 نەچچە مىليون يۈەن سەرپ قىلىندى.

قىسقىسى، يۇقىرىقى زور قۇرۇلۇشلارغا سەرپ قىلىنغان شۇنچە زور پۇلنىڭ بىر قىسمى ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ تەستىقى بىلەن خەجلەندى. ئۇنىڭ تەستىقى ھاجەتسىز بولغانلىرىمۇ ئاساسەن ئۇنىڭ سەمىدىن ئۆتكۈزۈلۈپ ئۆز بارار جايىغا باردى. دۇرۇس، ئەل ئارىسىدىكى گەپ بويىچە ئېيتقاندا، جۇۋازنىڭ يېنىغا بارغان كىشىنىڭلا ئەمەس، بەلكى جۇۋازچىنىڭ يېنىدىن ئۆتكەن كىشىنىڭمۇ پېشىگە ماي يۇقماي قالمايدۇ. ئەپسۇس، مۇشۇ ۋاقىتتا ئابدۇراخمان قۇربانىنى مۆجىزە ياراتتى دېسىمۇ بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ جۇۋازنىڭ يېنىغا بارغان ھەم ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتكەنلا ئەمەس، بەلكى ئاشۇ جۇۋازنىڭ مايىنى ئېزىدىغان ئوقىنى قولىدا بىۋاسىتە تۇتقۇچى ئىدى. مۇشۇنداق كەڭ ئىمكانىيەتلەر يۈزلىنىپ تۇرغان ئالاھىدە ئەھۋالدىمۇ ئابدۇراخمان قۇربان قولى ھەم پېشىگە ماي يۇقتۇرمىدى، بەلكى ئۆزىگە چاڭ - توزان يۇقتۇرماي، پاك، دۇرۇس ياشىدى.

بىراق شۇنىسى ئېنىقكى، مۇشۇ جەرياندا ئابدۇراخمان قۇربانغا ھېچقانداق شالتىقى بولمىغان نەچچە يۈزمىڭ يۈەن پۇلنى خالىس ئايرىپ بېرىدىغان قۇرۇلۇش غوجايىنلىرى ئۇنى ئىزدىمەيمۇ قالمىدى. ھېچقانداق ھاراملىقى بولمىغان بۇ زور پۇل ئۈچۈن ئابدۇراخمان قۇربان پەقەت باشقىلارغا ئوخشاش ئۆزى مەسئۇل بولۇپ كېلىۋاتقان ساھەدىكى بىرەر قۇرۇلۇش تۈرىنى ئاشۇ غوجايىنلارنىڭ ئىلكىدىكى كارخانا ۋە

شىركەتلەرنىڭ ئىشلىشىگە بېرىۋەتسىلا بولاتتى. ئۇنىڭسىزمۇ بۇ قۇرۇلۇشلارنى ئەنە شۇنداق كىشىلەر ئىشلەپ پۈتكۈزەتتى. بىراق، كىچىكىدىن باشلاپ ھەرقانداق ئىشنى ئادىل، توغرا قىلىپ ئادەتلىنىپ كەتكەن ئابدۇراخمان قۇربانغا بۇ يوللۇق ئىشلارمۇ يولسىز بىلىنەتتى. شۇڭا ئۇ كىچىككىنە زاكۇ سېلىش تۈرىنىمۇ ۋىلايەتتىكى مۇناسىۋەتلىك كەسپىي تارماقلارنىڭ قائىدە بويىچە ئۈچۈق - ئاشكارا خېرىدار چاقىرىپ، قۇرۇلۇش پىلانىدىكى مۇناسىۋەتلىك تېخنىكا تەلەپلەر بويىچە ئىشلىنىشىنى مۇستەھكەم قائىدىگە ئايلاندۇردى. پۇل ۋە ھەر خىل ئىمتىيازلار بىلەن ئۇنى قىزىقتۇرۇشقا ئۇرۇنۇپ كۆرگەن غوجايىنلار ئاخىرىدا ئۇنىڭ «ئەخمەقلىقىدىن»، «غەرەز ئۇقمايدىغانلىقىدىن»، «جەمئىيەتنىڭ كەينىدە قالغانلىقىدىن» ئەجەبلىنىشتى. ئەمما، مۇشۇ «ئەخمەقلىق»، مۇشۇ «بىغەرەزلىك» ۋە مۇشۇ «قاتماللىق» ئابدۇراخمان قۇربانغا ئەل- ئاۋام بەرگەن شەرەپ ۋە قەدىر - قىممەتنى بۇ دۇنيادا ھېچ نەرسىگە تەڭلەشتۈرگىلى بولمايدىغانلىقىنى ھەقىقىي تونۇتتى. مۇشۇنىڭ ئۆزىلا ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ ئىگە بولغانلىرىنىڭ ئەڭ كاتتىسىدۇر.

دەرۋەقە ئابدۇراخمان قۇربان خىزمەت قىلغان 40 نەچچە يىل ئىچىدە پاكلىقنى تەشەببۇس قىلىپلا قالماي، بەلكى پاكلىققا ئاۋۋال ئۆزى تولۇق ئەمەل قىلىپ كەلدى. تولىمۇ ئەپسۇس، ئۇ بوگۇنكى كۈنلەردە ئۆزىنىڭ بېسىپ ئۆتكەن ئاشۇ شانلىق خىزمەت ھاياتىدىن پەخىرلىك ھېسسىياتقا چۆمۈش بىلەن بىللە، يەنە تولىمۇ ئاچچىق بىر تۇيغۇغا دۇچ كەلمەيمۇ قالمىدى. بۇ يەردە گەپنى ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ 60 نەچچە يىللىق ھاياتىدا زور سالماقنى ئىگىلەيدىغان، قەھرى ھەم مېھرى بار كېرىيە دەرياسىدىن باشلاشقا توغرا كېلىدۇ.

ھەممىگە مەلۇمكى، كېرىيە دەرياسى شىنجاڭدىكى شەۋكەتلىك كاتتا دەريالارنىڭ بىرى. ئۇ خوتەندىكى يۇرۇڭقاش دەرياسى بىلەن تارىم مەدەنىيىتىنى بارلىققا كەلتۈرگەن باشقا مەشھۇر دەريالارنىڭ تەركىبىدە سانىلىدۇ. قاراقۇرۇم تاغلىرىدىكى جىرالاردىن باشلىنىپ تەكلىمىكانغا قۇيۇلىدىغان بۇ دەريا ئابدۇراخمان قۇربان ئۈچۈن ئەڭ

تونۇشلۇق بولۇپ ئۇنىڭ تۆھپىكار ھاياتىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. بەلكى كېرىيە دەرياسىنى ئابدۇراخمان قۇربان ئۇچۇن ئېيتقاندا، ئۇنى خەلققە، ئانا يۇرتقا مېھرىبان، كۆيۈمچان قىلىپ ئۆستۈرۈشتە مەكتەپلىك رولىنى ئوينىغان دېسە ئارتۇق كەتمەيدۇ. بىز بۇ يەردە ئابدۇراخمان قۇرباننىڭ ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان ياشلىق دەۋرىنى ئەسلىسەك، ئۇنىڭ ئەل بەختى ئۇچۇن باتۇرلارچە كۈرەش قىلىش روھىنىڭ دەل بۇنىڭدىن 40 نەچچە يىل ئىلگىرى ئاشۇ كېرىيە دەرياسىنىڭ بويلىرىدىكى سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشلىرىدا بىخ سۈرگەنلىكىنى بىلەلەيمىز. دېمەك، كېرىيە دەرياسى باشقا مەۋجۇداتلارغا ئوخشاشلا كېرىيەلىكلەرنىڭ پەخرى ھەم غۇرۇرىدۇر. ئۇنىڭدىكى ھەربىر شاۋقۇن ئاۋازى كېرىيەلىكلەرنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ روھىدىكى غالىبىيەت دولقۇنىدۇر.

2007- يىلى مەركەز ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە كەسپىي تارماقلارنىڭ تەستىقىغا ئاساسەن كېرىيە دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدا، يەنى ئاتچان يېزىسىدا «جىن سۇ ئىنشائات تۇگۇنى» (كېيىن ئابدۇراخمان قۇرباننىڭ تەشەببۇسى بىلەن «بەخت ئاتا سۇ ئىنشائات تۇگۇنى» دەپ ئۆزگەرتىلگەن) دە قۇرۇلۇش باشلاندى. ئاتچان يېزىسىدا ئەسىرلەردىن بېرى تىنچ ياتقان تاغ قاپتاللىرى، جىرالار بىردىنلا ئويغىنىپ كېرىيەنىڭ كەلگۈسى زور تەرەققىياتىغا گۇۋاھ ئۇيقۇسىدىن بولدى. ئەسلىدە «بەخت ئاتا سۇ ئىنشائات تۇگۇنى» دۆلەت ئەنگە چالدى. ئېلىپ بىرتۇتاش مەبلەغ بەرگەن، مۇنداقچە ئېيتقاندا، خوتەن ۋىلايىتىدىكى «ئۇلۇغ ئاتا سۇ ئىنشائات تۇگۇنى»دىن كېيىن باشلانغان يەنە بىر كاتتا قۇرۇلۇش ئىدى. بىر مىليارد يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىنىش پىلانلانغان بۇ زور قۇرۇلۇش كېرىيە ناھىيەسىنىڭ تارىخىدىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن خوتەن ۋىلايىتىنىڭ يېقىنقى زامان سۇ ئىشلار تارىخىدا ئالاھىدە بۇرۇن تۇتىدۇ. ئۇنىڭ دەريانى تىزگىنلەش، سۇغىرىش، توك ئېنېرگىيەسى ھاسىل قىلىش قاتارلىق ئۇنىۋېرسال ئىقتىدارىدىنلا خەلققە يەتكۈزىدىغان ئالاھىدە مەنپەئەتىنى ئالدىن مۆلچەرلىمەك قىيىن ئەمەس، ئەلۋەتتە.

كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپ كېرىيە دەرياسىنىڭ قەھرى بىلەن

چىلىشىپ، مېھرىنى ئاشۇرۇشنى ئەبەدىيلىك ئارمان قىلىپ كېلىۋاتقان ئابدۇراخمان قۇربان ئۇچۇن بۇ قۇرۇلۇش تولىمۇ ئەھمىيەتلىك ئىدى. يەنى ئۇ كېرىيە دەرياسىنى تىزگىنلەپ كېرىيەلىكلەرگە بەخت يارىتىش ئۇچۇن بۇ پۇرسەتنى ھەممىدىن بەك قەدىرلەيتتى. بىلگەندەك تەشكىل ئۇنى 2007- يىلى 1- ئاينىڭ 5- كۈنى مۇشۇ زور قۇرۇلۇشقا مەسئۇل قىلىپ بەلگىلىدى. شۇ كۈندىن باشلاپ ئابدۇراخمان قۇربان زىممىسىدىكى مەسئۇلىيەتنىڭ، بولۇپمۇ رەھبەرلەرنىڭ ئۇنى مۇشۇنداق تارىخىي ئەھمىيەتلىك زور قۇرۇلۇشقا مەسئۇل قىلىشتىكى ئىشەنچىسىنىڭ نەقەدەر يۇقىرىلىقىنى بىلىپ يەتتى. دېمىسىمۇ رەھبەرلەر ئۇنىڭ مۇشۇ مەزگىلدە مەسئۇل بولۇپ ئىشلەۋاتقان خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدىن كۆرە، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇپ خوتەندىكى 36 دەريا- ئېقىندا قالدۇرغان شانلىق ئىزلىرىنى، شۇنداقلا مۇشۇ ساھەنىڭ خىزمەتلىرىگە ئىنتايىن پىششىقلىقىنى تولۇق نەزەرگە ئالغانىدى.

دېگەندەك ئابدۇراخمان قۇربان رەھبەرلەرنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچ ھەم ئۈمىدىنى ئاللىبۇرۇن چۈشىنىپ يېتىپ، خىزمەت ھاياتىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچلىرىدا ئىلگىرىكىگە ئوخشاشلا تارىخىي ئەھمىيەتلىك ئىشلارغا ئەجىر قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەنلىكىدىن تولىمۇ مەمنۇن بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ «بەخت ئاتا سۇ ئىنشائات تۈگۈنى قۇرۇلۇشى»نىڭ دەسلەپكى تەييارلىق خىزمەتلىرىنى دەسلەپىدىن باشلاپ ياخشى ھەم سۈپەتلىك ئىشلەپ مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەرنىڭ ئۆزىدىن كۈتكەن ئۈمىدىنى تولۇق ئاقلاش ئۈچۈن ھەربىر ئىش ھالقىلىرىنى قۇرۇلۇشنىڭ تېخنىكا تەلىپى بويىچە ئىشلەشنى بوشاشتۇرماي چىڭ تۇتتى. ئەسلىدە بۇ قۇرۇلۇشنىڭ دەسلەپكى تەييارلىق ئىشلىرىنى، يەنى قۇرۇلۇشنىڭ دەسلەپكى لايىھەسىنى تەييارلاش، ئىلمىي تەكشۈرۈش، تۈر تۇرغۇزۇش، لايىھەنى خەرىتىگە ئېلىش قاتارلىق تۆت باسقۇچلۇق خىزمەتنى قۇرۇلۇش پىلانى بويىچە بەش يىل ئىچىدە ئىشلەپ بولۇش پىلانلانغانىدى. بىراق، ئابدۇراخمان قۇربان «بەخت ئاتا سۇ ئىنشائات تۈگۈنى قۇرۇلۇشى»نىڭ تېزرەك پۈتۈپ، كېرىيە خەلقىگە بەخت

يارتىيەنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن بەش يىللىق خىزمەتنى ئۈچ يىلغىمۇ يەتمىگەن ۋاقىتتا ئىشلەپ بولۇشقا يېتەكچىلىك قىلىپ، 2009 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى بەش يىللىق خىزمەتنى ئىككى يىل 10 ئايدا تاماملاشنى ئىشقا ئاشۇردى.

يىراق، ئابدۇراخمان قۇربان بۇ جەرياندا ئاز بولمىغان جاپالارنى تارتتى، ئىش ئورنى يىراق ھەم يول خەتەرلىك بولسىمۇ كۆپ ۋاقتىنى قاراقۇرۇمدىكى ھەيۋەتلىك جىرالاردا ئۆتكۈزدى. يېشى 60 قا يېقىنلاپ قالغان، بولۇپمۇ بەستى چوڭ، بويى ئالاھىدە ئېگىز بۇ كىشىنىڭ تاغ يوللىرىدا پىيادە مېڭىشى ھەقىقەتەنمۇ ئاسانغا چۈشمەيتتى. گەرچە ھەربىر قەدەمنى ئېلىشتا شۇنچە قىينالسىمۇ يەنىلا باشقىلارنىڭ ئالدىدا مېڭىپ قۇرۇلۇشنىڭ ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلاتتى. بۇنىڭدىن باشقا، قۇرۇلۇشنىڭ مەبلىغىنى سۇ مىنىستىرلىقى بەرگەچكە ئۇ پىلاندىكى پۇلنى ھەل قىلىش ئۈچۈن مەركەزدىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا بارمىسا بولمايتتى. بۇ يەنىلا كىشىنى ھاردۇرىدىغان ئىش ئىدى. لېكىن، بىر قېتىم سۇ مىنىستىرلىقىنىڭ مىنىستىرى ئابدۇراخمان قۇرباننىڭ تىرىشچانلىقىغا قايىل بولماي تۇرالمىدى، چۈنكى ئابدۇراخمان قۇربان ئۇنى بىر قېتىم دەم ئېلىش ۋاقتىدىمۇ ئىزدەپ، ئائىلىسىگىچە بارغانىدى. چىن بۇجاڭ تەسىرلىنىپ شۇ يەردىلا مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ رەت تۇرغۇزمايلا تېز ئورۇنلاشتۇرۇپ بېرىشىگە تەستىق سالدى.

«بەخت ئاتا سۇ ئىنشائات تۈگۈنى قۇرۇلۇشى»نىڭ دەسلەپكى تەييارلىق ئىشلىرى ئۇنىڭ بىر قوللۇق ئەجرى ۋە يۇقىرىدا بىز تىلغا ئالغان جاپالىق مېھنىتى بىلەن مۇددەتتىن بۇرۇن تاماملىنىپ رەسمىي قۇرۇلۇش غەلىبىلىك باشلاندى. ئەمدىكى تېخنىكا تەلەپ ئىلگىرىكىدىن نەچچە ھەسسە يۇقىرى ھەم ئىنچىكە ئىدى. مۇبادا قۇرۇلۇشنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىنى ئىشلەشتە قىلچىلىك سەۋەنلىك، ھەم مەسئۇلىيەتسىزلىك سادىر بولۇپ قالسا، كېيىنكى ئاقىۋەتنى مۆلچەرلىگىلى بولمايتتى. بۇ ئابدۇراخمان قۇربانغا بەش بارماقتەك ئايان ئىدى. يەنە ئۇنىڭغا شۇنىسى ئايان ئىدىكى، قۇرۇلۇشنىڭ ھەربىر ئىش ھالقىلىرىغا مەسئۇل بولغان يولداشلارنىڭ مەسئۇلىيىتى ھەممىدىن

يۇقىرى ئىدى، بولۇپمۇ پىلانىدىكى ھەربىر يەككە قۇرۇلۇش تۈرىنى ئىشلەشكە خېرىدار چاقىرىپ ئىشلەشكە تاپشۇرۇشتا دۆلەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك قائىدە - قانۇنلىرىغا قاتتىق ئەمەل قىلىش تولىمۇ زۆرۈر ئىدى. مۇبادا ئىشلەشكە تاپشۇرۇلىدىغان ھەربىر يەككە بۆلەك شۇ كەسىپنىڭ ھەقىقىي ئىگىلىرىگە، مۇنداقچە ئېيتقاندا، شۇ كەسىپنىڭ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى شىركەتلىرىگە ئەمەس، غەيرىي مۇناسىۋەت باغلانغان شەخسىي شىركەتلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالسا، بۇ ئارقىلىق قۇرۇلۇشنىڭ سۈپىتىگە نۇقسان يەتسە قۇرۇلۇشنىڭ ۋاقتىدا پۈتۈشىگە تەسىر كۆرسىتەتتى. ئابدۇراخمان قۇربان مانا مۇشۇ ئىشقا باشتىن باشلاپ ئالاھىدە ئېتىبار بېرىپ كېلىۋاتاتتى.

ئەپسۇس، قورققان يەردە جىن بار دېگەندەك كۆتۈلمىگەن ئىش ئاخىر يۈز بەردى. بۇ ئابدۇراخمان قۇربان ئۈچۈن تولىمۇ ئەپسۇسلىنارلىق ئىش بولدى. ئۇ مۇشۇ يېشىغىچە ئۆزى مەسئۇل بولۇپ كېلىۋاتقان ساھەلەردە قىلچىلىك مەسىلىنىڭ چىقماسلىقىغا ھۆددە قىلىپ كەلگەن بولسىمۇ، بۇ قېتىم «بەخت ئاتا سۇ ئىنشائات تۈگۈنى قۇرۇلۇشى» دا كۆتۈلمىگەن مەسىلە كۆرۈلۈپ، قۇرۇلۇش سۈرئىتى كەينىگە كەتتى. بۇنىڭدىن ئابدۇراخمان قۇربان ئەپسۇسلانماي تۇرالامدۇ؟ ئۇ بىر تەرەپتىن ئۆزىگە ۋەزنى ئېغىر سوئاللارنى قويسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئانا يۇرتى كېرىيەگە، كېرىيەدىكى 200 نەچچە مىڭ ھەر مىللەت خەلقىگە زور تەرەققىيات پۇرسىتىنى ئېلىپ كېلىدىغان مۇشۇنداق زور قۇرۇلۇشنىڭ تېز پۈتۈپ ئىشقا كىرىشىش پۇرسىتىنىڭ كېيىنگە سۈرۈلۈپ كەتكەنلىكىگە قاتتىق ئېچىندى......

دەرۋەقە بۇ قېتىم «بەخت ئاتا سۇ ئىنشائات تۈگۈنى قۇرلۇشى»دا يۈز بەرگەن ئىش ھەقىقەتەنمۇ كىشىنى ئېچىندۇراتتى، يەنى «بەخت ئاتا سۇ ئامبىرى» قۇرۇلۇشىغا بىۋاستە مەسئۇل قىلىنغان ×× ئاستىرتتىن بىر قىسىم كىشىلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ ۋىلايەتلىك مەھۇرى مەھكىمىگە، ‹بەخت ئاتا سۇ ئامبىرى قۇرۇلۇشىغا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى› غا جۆملىدىن ئابدۇراخمان قۇربانغا تۈيدۇرماي خىزمەتتە زور مەسئۇلىيەتسىزلىك ۋە خىيانەتچىلىك قىلغانىدى. كونكرېت

ئىيتقاندا ئۇ نەپسانىيەتچىلىك قىلىپ، ئۈرۈمچىدە قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى مەخپىي ھۆددىگە بېرىپ، دۆلەتنىڭ مەزكۇر قۇرۇلۇشقا بەرگەن مەبلىغىگە خىيانەت قىلغانىدى. ئۇنىڭ قىلغان مەسئۇلىيەتسىزلىكى ئاساسەن ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ «ئالاھىدىلىكى يەككە قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ ھەقىقىي ئەھلى بولمىغان شەخسىي شىركەتلەرگە ئىشلەشكە بېرىشكە بولمايدۇ. چوقۇم ئۇنى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى شىركەتلەرگە ئوچۇق خېرىدار چاقىرىش يولى بىلەن قانۇنلۇق بېرىشىمىز كېرەك» دېگەن كۆرسەتمىسىگە ئېغىر ھالدا خىلاپلىق قىلغان بولسا، دۆلەتنىڭ مەزكۇر قۇرۇلۇشقا بەرگەن پۇلىدىن نەچچە مىليون يۈەننى، يەككە قۇرۇلۇش تۈرىنى شەخسىي شىركەتلەرگە يەڭ ئىچىدە بېرىپ، ئىككى ئارىدىن نەپ ئۈندۈرۈش ئۇسۇلى بويىچە خىيانەت قىلغانىدى.

ئىلگىرى ×× نىڭ نەپسانىيەتچىلىكى ھەققىدە ئابدۇراخمان قۇربانغا ئىككى قېتىم جەمئىيەتتىن ئەرز كەلگەنىدى. ئابدۇراخمان قۇربان ×× نى چاقىرىپ سۆھبەتلەشكەندە ئۇ ئۆزىنى ئاقلاپ: «بىز قۇرۇلۇش تۈرىنى سۇ مىنىستىرلىقىنىڭ قارمىقىدىكى چوڭ شىركەتكە توختاملىشىپ بەردۇق، ماڭا يالغان بەتنام چاپلىغانلار قۇرۇلۇش تۈرىنى بىزدىن ئالالمىغان شەخسىي شىركەتلەرنىڭ غوجايىنلىرى، مەندە ھەرگىزمۇ مەسىلە يوق، سىز خاتىرجەم بولۇڭ، مەن ھەرگىزمۇ مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلمايمەن» دەپ ئۆزىگە سۇ يۇقتۇرمىغانىدى. ئابدۇراخمان قۇربان نەچچە قېتىم چوڭ - كىچىك يىغىنلاردا قۇرۇلۇشنىڭ سۈپىتىگە، سۈرئىتىگە، بىخەتەرلىكىگە، ھەممە تۈرلەرنىڭ ئۆلچەم ۋە توختام بويىچە پاك - دىيانەتلىك بىلەن ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىشنى قاتتىق تەلەپ قىلغانىدى. بىراق، ×× سۆز - ھەرىكەتتە بىردەك بولماي، كۆز بويامچىلىق بىلەن يۇقىرىنى ئالدىدى.

«ئەلنىڭ كۆزى ئەللىك» دېگەندەك، كېرىيەلىكلەر «بەخت ئاتا سۇ ئىنشائات تۈگۈنى قۇرۇلۇشى» پۈتكىچە، ×× جەننەتكە ياكى دوزاخقا چۈشىدۇ» دەپ يۈرۈشكەنىدى. ئابدۇراخمان قۇربانمۇ بۇ سۆزنى ×× كە كۆپ قېتىم يەتكۈزۈپ ئۇنى ئاگاھلاندۇرغان ئىدى. دېگەندەك، ئاخىرقى

نەتىجە ئۈلارنىڭ دېگىنىدەك بولدى. ھازىرغىچە تۆت نەپەر كىشى XX كە چېتىشلىق بولۇپ قانۇننىڭ تورىغا چۈشتى. بۇ يەردە شۇنداق پەرەز قىلىشقا بولىدۇكى، مۇبادا ئابدۇراخمان قۇربان ئۆزى مەسئۇل بولۇپ كېلىۋاتقان بۇ زور قۇرۇلۇشتىن نەپ كۆرەي دېگەن بولسا ئۇنىڭغا يول شۇنداق كەڭرى ھەم بىخەتەر ئىدى. ئەلۋەتتە مۇشۇ جەرياندا ئۇنىڭ ھېلىقىدەك پۇرسەتنى بىلمەيدىغان «ئەخمەقلىقى»دىن نەچچىلىگەن قۇرۇلۇش غوجايىنلىرى ئەپسۇسلىنىپ قالدىمۇ بىلىپ بولمايدۇ.

دەرۋەقە ئابدۇراخمان قۇربان گەرچە بۇ قۇرۇلۇشتا ئۆزىنى پاك تۇتۇپ چاك- توزان يۇقتۇرمىغان بىلەن يەنىلا ئازساندىكى پارىخور خىيانەتچىلەرنىڭ نەپسانىيەتچىلىكى بىلەن قۇرۇلۇش سۈرئىتىگە تەسىر يەتكىنىگە قاتتىق ئەپسۇسلىنىدۇ. ئەسلىدە ئۇنىڭ پىلانى ۋە ئويى بويىچە بۇ كاتتا قۇرۇلۇش 2014 - يىلى ئەسلىي پىلاندىكىدىن تۆت يىل بۇرۇن پۈتۈپ، كېرىيەلىكلەرگە بەخت يارىتىش، يەنى 2014- يىلى سۇ قاچىلاپ، 2015- يىلىدىن باشلاپ يېڭىدىن كۆپەيگەن سۇ بىلەن يېڭىدىن 250 مىڭ مودىن ئارتۇق بوز يەر ئېچىپ، نوپۇسقا بىر مودىن يەر كۆپەيتىش، كۆپەنگەن يەرگە مېۋىلىك دەرەخ تىكىپ ۋە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىپ، كېرىيە خەلقىنىڭ كىرىمىنى كۆپەيتىش مەقسىتىگە يېتەلەيتتى. ئۇ مۇشۇ مەقسەتنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشقان ۋە پۈتۈن كۈچىنى چىقارغان ئىدى. خەيرىيەت، بىز بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ھەر بىر كىشىنىڭ نەپسىگە ئىنساپ تىلەيمىز...... بىز پەقەت ئابدۇراخمان قۇرباندىن ئىبارەت توھپىكار كىشىنىڭ مۇشۇ قېتىملىق ئىككى ئارىدىن نەپ ئېلىش دېلوسىدا، بەئەينى چىرىندىلەرنىڭ ئارىسىدا ئۆزىنىڭ سۈپىتىنى يوقاتمىغان ئالتۇندەك پارقىراپ تۇرغانلىقىدىن ھەمدە نەپ ئالدىدا ھەرگىزمۇ نەپسانىيەتچىلەردەك خۇدىنى يوقاتماي، پاكىزلىك سۈپىتىنى ئاداققىچە قوغداپ كەلگەنلىكىدىن سۆيۈنۈپ قالىمىز. ئەلۋەتتە، بۇ خىل پەزىلەت ئابدۇراخمان قۇرباننىڭ شەرىپىگە مۇناسىپتۇر!

# تاشكەنتتىكى ئابدە

ئادەم ئۇ ئاخىرى بىر ئوچۇم تۇپراق،
كەتتىمۇ ئەبەدكە كەلمەيدۇ بىراق.
شۇ ئوچۇم تۇپراقتىن ئۇنەر قىزىلگۈل،
ۋە ياكى شۇمبۇيا ۋە ياكى يانتاق.

— سەيپىدىن ئەزىزى

كىشىلىك دۇنيا ئىنسانلارنىڭ هاياتلىق ئۈچۈن ئىلىپ بارغان ئاجايىپ كەچمىشلىرىگە تولغان. دانىشمەنلەرنىڭ هۆكمى بويىچە ئېيتقاندا، هەربىر ئادەم ئۆز هاياتىدىكى هەربىر كۈلپەت ۋە سائادەتنىڭ سەۋەبكارىدۇر. تەقدىر - ئىلاه ئادەملەرگە شۇنداق كەڭرى نېمەتنى ۋە ئەركىنلىكنى ئاتا قىلغان بولسىمۇ، قانداق ياشاش ۋە پانىي دۇنيادىن قايسى تەرىقىدە كېتىش هەر كىمنىڭ ئۆز نىيەت - ئىقباللىغا ۋە ئەمىلىگە باغلىقتۇر. مەرهۇم شائىر سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ يۇقىرىقى رۇبائىيسىدا ئىنسان هاياتىنىڭ شۇنداق بىر هەقىقەتنى قۇياشتەك پارلاپ تۇرىدۇكى، ئىنساننىڭ قىسقا هاياتى بەئەينى تىنىچ ئاسماندا ئۇشتۇمتۇت چاقماق چېقىپ يوقىغاندەكلا تېز ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئۇ گەرچە پانىي دۇنيانىڭ مەڭگۈلۈك قانۇنىيىتى بويىچە ئاخىرقى هېساپتا بىر ئوچۇم تۇپراققا ئايلىنىپ كەتسىمۇ، ئۇنىڭ روهىيىتى ئاشۇ تۇپراقتىن باش باهاردا ئۈنۈپ چىقىدىغان يېشىل كوكاتلاردەك ئۆز قىممىتىنى خەلقئالەمگە نامايان قىلىدۇ. قىسقىسى، هايات ۋاقتىدىكى كىچىككىنە نۇسرەتلىرىدىن تارتىپ، كىچىككىنە سەۋەنلىكلىرىگىچە پانىي دۇنيانىڭ پىنهانلىرىدا ئۇنتۇلمايدۇ، بەلكى كەلگۈسى ئەۋلادلارنىڭ دىققەت مەركىزىدە بولىدۇ. دەرۋەقە دۇنيادىكى هەربىر قەدەم - نەپەسلىرى

ئۆزگىلەرنىڭ كەچمىشلىرىگە بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدىغان زەردارلاردىن باشلاپ، كىشىلەرنىڭ نەزەرىدىن يىراق بۇلۇڭ - پۇچقاقلاردا تىپىرلاپ يۈرىدىغان ناتىۋانلارغىچە ھەممە كىشىنىڭ ئۆزىگە چۇشلۇق ھايات كەچمىشلىرى بولىدۇ. بەزىلەر يىراقتا قېلىۋاتقان ئاشۇ كەچمىشلىرىنى قايتا خىيال قىلغاندا ۋۇجۇدىنى قانداقتۇر بىر خىل ئېچىنىش ۋە سۆيۈنۈش ئىلكىگە ئالسا، بەزىلەر كەچمىشلىرىنى ھەر قېتىم ئەسكە ئالغاندا ئۇنىڭ ئەكسىچە پۈتكۈل جىسمىنى ئازابلىق تىترەك ئىلكىگە ئالىدۇ - دە، ھەسرەت ئىچىدە ئازابلىق تولغىنىدۇ. بىھۇدە ئۆتكۈزۈۋەتكەن كۈنلىرى ئۇچۇن يەتكۈچە ئىزتىراپ چېكىدۇ. بۇ خىلدىكى كىشىلەر ئالدىنقى خىلدىكىدىن تۈپتىن پەرقلىنىسىمۇ، ھەرھالدا ئۆتكەن ھاياتىدىن ھېچقانداق ئىزنا ۋە تەسىرات قالدۇرۇشقا مۇشەررەپ بولالمىغان كىشىلەرگە سېلىشتۇرغاندا يەنىلا قىممەتلىكتۇر. چۈنكى، ئادەم ئۇچۇن پانىي دۇنيادىن كېتىشتىن ئىلگىرى ئۆز كەچمىشلىرىنىڭ ۋەزنىنى دەڭسەپ بېقىش بەكمۇ قىممەتلىكتۇر.

ئەلۋەتتە، ھاياتنىڭ قىممىتى ئادەم ئۇچۇن ئۆزىنىڭ ئەمەس، بەلكى قوۋم- قېرىنداشلىرىنىڭ بەختى ۋە خۇشاللىقى ئۇچۇن مېھنەت قىلىش ۋە قۇربان بېرىشتىن كېلىدۇ. بۇ خىل ھېسسىياتقا چۆمۈلەلمىگەن ئادەملەر ئەڭ بەختسىزدۇر. دېمەك، قىسقا ھاياتىڭىزدا شۇنداق ياشاڭكى، ئۆتكەن ھەر بىر كۈنىڭىزنى ھەر قېتىم ئەسلىگىنىڭىزدە ئۆزگىلەرگە قىلغان ياخشى ئەمەللىرىڭىزدىن پەخىرلىنىپ سۆيۈنەلەيدىغان بولۇڭ...... ھەرگىزمۇ ئۆز نەپسىڭىزنىڭ قۇلى بولۇپ، پەقەت ئۆزىڭىز ئۇچۇنلا ياشىغانلىقىڭىزدىن، شۇنچە قىممەتلىك ھاياتىڭىزنى پەقەت ئۆزىڭىزنىڭ نەپسى ئۇچۇنلا سەرپ قىلىۋەتكىنىڭىزدىن ھەسرەتلىنىشكە مەھكۇم بولۇپ قالماڭ! كەمىنە مۇئەللىپ سىزگە ياخشىلارنىڭ روھىغا بېغىشلانغان ئۇشبۇ ئەدەبىي ئاخباراتنى ئارقىلىق خەيرلىك تىلەيدۇ...... ئىنشائاللا، ماڭغان يوللىرىڭىزدىن قىزىلگۈل ئۈنسۇن! قىزىلگۈللەرنىڭ خۇش ھىدى سىز قارا تۇپراقنىڭ ئاستىدا بىقۇۋۇل ياتقان ۋاقتىڭىزدا ياخشى نامىڭىزنى

ئەۋلادلارنىڭ سەمگە ئايان قىلسۇن! شۇندىلا سىز چەكلىك ھاياتىڭىزنى چەكسىزلىككە ئۇزارتقان ھەقىقىي بەختلىكلەردىن بولالايسىز.

## يېڭى مەنزىلدىكى گۈلخان

1991 - يىلى كەچ كۈزنىڭ بىر كۈنى. كېرىيەلىكلەرنىڭ كۆڭلى بەئەينى مۇشۇ كەچ كۈزنىڭ ھاۋاسىدەك يېقىمسىزلىنىپ كەتكەنىدى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئاتەش قەلب كۆيگۈچىسى، دەردىنىڭ دەرمانى، بەخت - سائادىتىنىڭ قۇرغۇچىسى بولۇش يولىدا توختاۋسىز چېلىشىۋاتقان يۇرت ئوغلى ئابدۇراخمان قۇربان تەشكىلنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن خوتەنگە — يېڭى خىزمەت ئورنىغا قاراپ يولغا چىققانىدى. بۈگۈن شەنبەبازار، توغرىغاز يېزىلىرىدىكى بىرقىسىم دېھقانلارنىڭ يول ئۈستىدە ئۇنى توسۇپ قېلىش ئۈچۈن قىلغان ئۇرۇنۇشلىرىنىمۇ چۈشىنىشكە بولاتتى. چۈنكى، ئەلمىساقتىن بۇيان مېھىر - شەپقەتنىڭ قەدرى، يەرلىك تىل بويىچە ئېيتقاندا، تۇزى ئۇلۇغ ئىدى. ئۇ ئۆز نۆۋىتىدە تالاي مېھرلەرنى مېھرلەرگە قەلب رىشتىسى ئارقىلىق مۇستەھكەم باغلايتتى. مانا، مۇشۇ رىشتىلەردىن بالقىغان نۇر ۋە ھارارەت بۇ پايانسىز ئالەمگە ئالەمچە سۆلكەت، ئالەمچە مېھىر - شەپقەت بەخش ئېتەتتى. ئەلۋەتتە بۇ ھىجران كېرىيە خەلقىنىڭ قەلبىگە ئوخشاشلا يۇرت ئوغلىنىڭمۇ قەلبىنى ئۆرتىمەي قالمىغانىدى. چۈنكى، كۆڭۈلدىن - كۆڭۈلگە يول بار دېگەندەك ئۇ ئەقلىگە كەلگەندىن بېرى ئانا يۇرتىدىكى دېھقانلار بىلەن كېرىيەنى قۇرۇش يولىدا قان قېرىنداشلارغا ئايلىنىپ كەتكەنىدى. جۈملىدىن كېرىيەدىكى قايسىبىر دېھقاننىڭ بېشىغا كەلگەن تاسادىپىي قىسمەت، قايسىبىر دېھقاننىڭ ئائىلىسىگە يەتكەن بەختسىزلىك، قايسىبىر دېھقاننىڭ يولىدىكى توسۇق دەل ئابدۇراخمان قۇرباننىڭ بېشىغا يەتكەن قىسمەت بولاتتى، يەنى ئۇ تۈرلۈك خىزمەتلەر بىلەن دېھقانلارنىڭ ئارىسىغا بارغاندا ئادىتى بويىچە ئاشۇنداق بەختسىزلىككە ئۇچرىغان دېھقانلارنى سۈرۈشتۈرۈشنى، ئۇلارنىڭ ھالىغا ھال بولۇشنى تەرك ئەتمەيتتى. ئۇنىڭ بۇ يولدا يەنە

كىشىنى ھەقىقەتەنمۇ سۆيۈندۈرىدىغان ئادىتى ــ يېزىلاردىكى ئاجىز، يېتىملارغا ،كۈچ - مادارىدىن قالغان مويسىپىتلارغا ئىز قوغلاپ شەپقەت يەتكۈزۈش ئىدى. ئۇ قايسى كەنتكە بارسا، ۋاقتى قانچە قىس بولۇشقا قارىماي ئاۋۋال كەنت كادىرلىرىدىن مۇشۇ كەنتتە كىمنىڭ كېسەل بولۇپ قالغانلىقىنى، كىمنىڭ تۇرمۇشتا قىيىنچىلىققا ئۇچرىغانلىقىنى ئۇجۇر - بۇجۇرغىچە سۈرۈشتۈرەتتى. ئەڭ قەدىرلەشكە تېگىشلىك يېرى ئاشۇنداق كۈنگە مۇپتىلا بولۇپ، نېمە قىلارىنى بىلمەي بويۇن قىسىپ تۇرۇشقان ئاجىز كىشىلەرنىڭ ئائىلىسىگىچە ئىزدەپ بېرىپ شەپقەت ياغدۇرغاندىن كېيىن، ئاندىن كەنتنىڭ باشقا خىزمەتلىرىنى تەكشۈرەتتى.

ئەمەلىيەتتە كەنت كادىرلىرىمۇ كۆپ ھاللاردا قىلىشقا ۋاقىت چىقىرالمايدىغان بۇ ئىشنى بىمالال قىلىدىغان مەزكۇر كىشى ئادەتتىكى ئادەم ئەمەس، بەلكى 180 مىڭغا يېقىن خەلقى بار چوڭ بىر ناھىيەنىڭ ھاكىمى، يەنى يۇرتبېشى ئىدى. باشقىلارنىڭ ئېغىزىدا كۆپ تەكرارلىنىدىغان «ۋاقتىم قىسقا» ياكى « ۋاقتىم يوق» دېگەن گەپلەر ئۇلاردىن كۆرە، بۇ كىشىگە تولىمۇ يارىشاتتى. چۈنكى، ناھىيەدىكى باشقىلار ئۆز تەۋەسىدىكى بىرنەچچە يۈز كىشىنىڭ خىزمىتىدە بولسا، ئۇ ناھىيەنىڭ بارلىق خىزمىتىدە بولمىسا بولمايتتى. ئەپسۇس، ئۇ ئۆزىنىڭ چامى يەتكەن دائىرىدىكى ھاجەتمەنلەرگە ھەرگىزمۇ «ۋاقتىم يوق» دېيەلمەيتتى. مۇبادا دېيىشكە مەجبۇر بولىدىغان تاسادىپىي ۋاقىت كېلىپ قالسىمۇ، ئۇ يەنىلا بىر ئامال قىلىپ ھاجەتمەنلەرنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىشقا ئۇرۇناتتى. ئۇ بۇ ئالاھىدە ئادىتى بىلەنمۇ دانالارنىڭ: «ياخشىلىقنى قىلالمىساڭمۇ قىلىشقا ئىنتىلىش يەنىلا ياخشىلىق قىلغانغا باراۋەر» دېگەن ھېكمىتىگە مۇناسىپ كېلەتتى. مانا، بۇ بىر رەھبەرنىڭ، بولۇپمۇ ئۆزىنى خەلقنىڭ چاكىرى دەپ پەخىرلىنىدىغان كىشىنىڭ ھەقىقىي خەلقچىللىقىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان خىسلىتى ئىدى. دەرۋەقە قىرىلىق مەنزىلى پانىي دۇنيادىكى ئۇزاق ئۆمۈر كۆرۈش نېسىپ بولغان ھەربىر ئىنساننىڭ ئاخىرقى بېكىتى. ھەربىر ئىنساننىڭ باقىيلىق سەپىرى مانا مۇشۇ بېكەتتىن باشلىنىدۇ. ئىنسان مانا مۇشۇ بېكەتتە موھتاجلىق ۋە غېرىبلىقنىڭ دەردىگە كۆپ مۇپتىلا بولىدۇ، قەدىرلىك

يىرى مۇشۇ بىكەتتە ئۆزىگە شەپقەت - مېھرىنى بەخش ئەتكەنلەرنى ئەبەدىي ئۇنتۇپ قالمايدۇ.

راست، ئابدۇراخمان قۇربان خوتەنگە قاراپ كېتىۋېتىپ ئۆزى كېرىيەدە قەرەللىك يوقلاپ تۇرىدىغان مويسىپىتلارنى خىيال قىلىپ كۆڭلى يېرىم بولۇپ قالدى. باشقىلارنى دېمىگەندىمۇ ئۇ دائىم يوقلاپ كۆندۈرۈپ قويغانلاردىن نەچچە ئۇنى بار ئىدى. «شەنبەبازار» بازىرىنىڭ سايباغ كەنتىدىكى نامرات دېھقان قاسىم ئاخۇن، دەرىيابويى يېزىسىدىكى سەيدى ئاخۇن بارات، مۇھىمى كېرىيەنىڭ سۇ ئىنشائات ئىشلىرىغا ئۇنتۇلغۇسىز تۆھپە قوشقان قاسىم يۈسۈپ، مەسۇم ئاخۇن، سوپى كېرەم، سەيداخۇن، مەمتىمىن پولات، ھەسەن سەلەي، تۇرسۇننىياز داۋاز، مەتسەيدى غوجا، ئابدۇقادىر ئىشان، مەمتىمىن سەيدى، ئاخۇنباي، مەتسەيدى روزى قاتارلىقلار ھېلىغىچە ئۇنىڭ يولىغا قاراپ قالدى بولغاي...... راست، ئۇ ئالدىنقى يىلى سايباغدىكى قاسىم ئاخۇننىڭ ئائىلىسىگە بالا - چاقىلىرى بىلەن بىر قىسىم لازىمەتلىكلەرنى ئېلىپ كەلگەندە قاسىم ئاخۇن ئايالى بىلەن كۆز يېشى قىلغان ھالدا ئۇنىڭ قولىنى سىقىپ تۇرۇپ رەھمەت ئېيتقان. مۇھىمى ئۇ بۇنىڭدىن كېيىن تىرىشىپ ئىشلەپ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش ئىرادىسىنى بىلدۈرگەن ئەمەسمىدى!؟ بەلكىم قاسىم ئاخۇننىڭ ساغلىقلىرى بۇ يىل تۆللىگەن، مېكىيانلىرى چۈجە چىقارغان بولۇشى مۇمكىن...... بۇنداق بەرىكەتلىك كۆرۈنۈشلەرنى كۆرۈپ قاسىم ئاخۇن بىلەن تەڭ شادلىنىش ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ بىردىنبىر خۇشاللىقى ئىدىغۇ! ئۇنى باشقا نەرسە ئەمەس، دەل دېھقانلارنىڭ ئۆز ئەجىرلىرىنىڭ مېۋىلىرىنى كۆرۈپ ئىچ - ئىچىدىن شادلانغاندىكى ھالىتىلا ھەقىقىي خۇشال قىلالايتتى ئەمەسمۇ!؟ ئۇ ھەر قېتىم بەللىرى يادەك ئېگىلگەن، ساقاللىرى ئۇچتەك ئاقارغان، چىرايلىرىنى دېگۈدەك يىللار ئىزى قاپلىغان مويسىپىتلارنىڭ چاۋاردەك يىرىك ئالقانلىرىنى مېھرىبانلىق بىلەن سىققان دەقىقىلىرىدە ۋۇجۇدىدا بەكمۇ ئىللىق ھاياجانىنىڭ مەۋج ئۇرۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلاتتىغۇ! ئۇ يەنە...... يەنە...... دېمىسىمۇ كېرىيەنىڭ بۈلۈڭ - پۇچقاقلىرىدىكى ئاشۇ مويسىپىتلار ئۇنىڭ ئەقىدىلىك ئىنسانلارغا خاس بولغان مېھرىگە

ھەر ۋاقىت تەشنا ئىدى.

بارا - بارا ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ ئويچان كۆزلىرى ياشلانماي تۇرالمىدى. كۆز ئالدىدا بارغانسېرى ئۆزىدىن يىراق قېلىۋاتقان كېرىيە، جۇملىدىن كېرىيەدىكى باغرى كەڭ سەھرالار، ئەجدادلارنىڭ قەدەم ئىزلىرىغا شاھىت قارلۇق ئۆستەڭ، تاختاكۆۋرۈك، بوغراقۇم، مۇھىمى ئۇنىڭ «يېتىم - يېسىرلار پاراۋانلىق ئورنى» دېگەن شەپقەت ھەمشىرىلىرىنىڭ قولىدا ئەتىۋارلىنىپ كۈتۈلۈۋاتقان 72 نەپەر بالىسى، «ياشانغانلار ساناتورىيەسى» ...... ئەينى ۋاقىتتا جەڭگىۋارلىق سىمپونىيەسى ياڭرىغان «شەرق قىزاردى سۇ ئامبىرى»، «توغراق سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسى»، «قازناق بوز يەر»، «باغقۇم»، «بوستان شالچىلىق رايونى» دېگەن، ئىشقىلىپ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئىنسانىي مېھىر - شەپقەتنىڭ نۇرلىرى تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان ھەر بىر مەۋجۇدات بىر- بىرلەپ زاھىر بولۇۋاتاتتى. شۇ ئەسنادا ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە تۇردى بىلەن ئابدۇغوپۇرنىڭ: «ھاكىم دادا، سىز راستىنلا خوتەنگە كېتەمسىز، سىز كەتسىڭىز ئەمدى بىزنى كىم باقىدۇ؟ بىزمۇ سىز بىلەن بىللە خوتەنگە كېتىمىز!» دېگەن چۈچۈك گەپلىرى ياڭرىدى. «ياق، مەن سىلەرنى ھەرگىزمۇ ئۇنتۇپ قالمايمەن، بەلكى بۇنىڭدىن كېيىن سىلەرگە ئوخشاش يېتىم - يېسىرلارنىڭ ۋە دېھقان قېرىنداشلىرىمنىڭ مۇشكۈلىنى ئاسان قىلىپ بېرىش ئۈچۈن تېخىمۇ زور غەيرەت بىلەن ئىشلەيمەن!» دېگەنلەرنى ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلىدى. ئۇنىڭ بۇ خىلدىكى خىياللىرى ئۈزۈلكسىز داۋام قىلىپ ماشىنا يۈرۈڭقاش دەرياسى كۆۋرۈكىگە يېتىپ كەلگەندىلا ئۈزۈلدى. مېنىڭچە ھەر قانداق كىشى ئۆزىنىڭ مېھرى تۆكۈلگەن، مۇنداقچە ئېيتقاندا ئۆزىنىڭ ئەجىر - تەرلىرى سىڭگەن مەۋجۇداتتىن ئۇنداق ئاسانلىقچە مېھرىنى ئۈزەلمەيدۇ. چۈنكى، مېھىر مېھرىنى ئاپىرىدە قىلىپ، يەنە تالاي مېھرلەرنى بىر - بىرسىگە مۇستەھكەم چاتقاچقا، ئىنسان ئۇنىڭ باغرىدا تاۋلىنىدۇ، شۇنداقلا مەڭگۈ داۋام قىلىدىغان ھاياتىي كۈچ بىلەن دەۋرنى دەۋرگە چاتىدۇ......

مانا، يۇرت ئوغلى ئابدۇراخمان قۇربان بۇگۈندىن باشلاپ يېڭى بىر مەنزىلگە، باشقىچە بىر خىل تەرتىپتىكى خىزمەت مۇھىتىغا كىرىپ

كەلدى. بۇ يېڭى تەرتىپنىڭ ئۆزگە يارىشا ئارتۇقچىلىقى بار ئىدى. ئەڭ گەۋدىلىك بولغىنى ئەمدى ئۇ تاپشۇرغان خىزمەتلەرنى بەجانىدىل ئورۇنلايدىغانلار كۆپ ھەم چېۋەر ئىدى. قىسقىسى ئۇ ئەمدى لايىقىدا ئارام ئالسا،كۆڭۈل ئاچسا، بالا -چاقىلىرى بىلەن قانغۇدەك بىللە بولسا، ئىلگىرى خىزمەتنىڭ ئالدىراشچىلىقى بىلەن قىلالمىغان ئىشلىرىنى قىلىۋالسا يوللۇق بولاتتى. ياخشى يېرى ئەمدى خىزمەتلەرنى ئىلگىرىكىدەك زىغىرلاپ كەتمىسىمۇ بولۇۋېرەتتى. چۈنكى، ئۇنىڭ قول ئاستىدا مۇشۇنداق قىلىشنى، يەنى ئىشلارنى ئۆز تەرتىپى بويىچە لاياقەتلىك قىلىشنى كۆتۈپ تۇرۇشقان كىشىلەر يېتەرلىك ئىدى. بىراق ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئەل بەختى ئۈچۈن بارلىقىنى تەسەددۇق قىلىشقا تەييار تۇرىدىغان ئالىيجاناب روھىدا، خەلقپەرۋەر رەھبەرلەرگە خاس ئىرادىسىدە، نىيەت ئىقبالىدا قىلچە تەۋرىنىش بولمىدى، بەلكى ئۇ تېخىمۇ تاۋلاندى ۋە تېخىمۇ مۇستەھكەملەندى.

دەرۋەقە ئۇنىڭ ئاپەتلىك يىللاردا بىلى يەتكۈچە مۈكچەيگەن كېرىيەنى قايتا قۇرۇش جەريانىدىكى، جۈملىدىن «شەرق قىزاردى سۇ ئامبىرى» ،«توغراق سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسى» ،« قازناق بوز يەر» دىكى ئاجايىپ جاسارىتى ھەم نەچچە ئون ئادەمنىڭ جاپاسىغا تەڭلىشىپ قالىدىغان جاپا -مۇشەققەتلىرى قەدىمىي يۇرت كېرىيەنىڭ يېقىنقى زامان تارىخ قامۇسىغا مەڭگۈلۈك نەقىش بولۇپ چېكىلگەنىدى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ كېرىيەدە نامراتلارنى يۆلەش بويىچە يولغا قويغان بىرقىسىم ئىجادىي تەجرىبىلىرى ئۆز ۋاقتىدا خوتەن ۋىلايىتىنىڭلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ، ھەتتا مەركەزدىكى مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەرنىڭمۇ ئالاھىدە دىققىتىنى تارتقانىدى. نامراتلارنى ھويلا - ئاران ئىگىلىكى ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىكنى ئاساس قىلغان ئىقتىسادىي گەۋدىلەر ئارقىلىق ھاللاندۇرۇش ئۇسۇلى ئۇنىڭ ئۆزى بىۋاستە ئىجاد قىلغان ئەڭ ياخشى تەجرىبىسى ئىدى.

كېيىنكى مەزگىللەردە كونىلارنىڭ:«ئىشچانغا ھەرقانداق يەردە ئىش تېپىلىدۇ» دىگەن ماقالى يەنە ئىسپاتلاندى. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ خاسىيەتلىك قەدەملىرىگە شاھىت بولغان ھەر بىر سەپداشلىرىنىڭ:

«ئۇنىڭ ئەمىلى ئۆستى. ئەمدى بۇرۇنقىدەك جاپالىق ئەمەس، بەلكى تۆۋەنگە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ خىزمەت قىلىدىغان، قىسقىسى بۇرۇن تارتقان جاپا - مۇشەققەتلەرنىڭ راھىتىنى سۈرۈپ ئۇھ دەيدىغان ۋاقتى كەلدى» دېگەن پەرەزلىرى خاتا بولۇپ چىقتى. راست، ئۇلار ھەقىقەتەنمۇ خاتا پەرەز قىلىشقانىدى. چۈنكى، ئەل ئوغلى ئابدۇراخمان قۇربان ۋىلايەتكە كېلىپ يېڭى خىزمەت ئورنىدا ئىشقا چۈشكەندىن كېيىن يېڭى جاسارەت ۋە يېڭىچە روھ بىلەن ئەل بەختى ئۈچۈن چېلىشىشنى داۋاملاشتۇردى. دېمىسىمۇ ئۇ ئۆزىنىڭ زىممىسىدىكى ئىنسانىي مەجبۇرىيەتنى ئاللىقاچان دەڭسەپ ئۈلگۈرگەنىدى. بۇ ئۇنىڭ كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپ كۆڭۈلكۈپ قالغان ئادىتى ئىدى، يەنى ھازىرقىسى ئىلگىرىكىسىدىن نەچچە ھەسسە ئېغىر ئىدى. چۈنكى ئۇ ئىلگىرى بىر كېرىيەنىڭلا، كېرىيەدىكى 180 مىڭ خەلقنىڭلا غېمىنى يېگەن بولسا، ئەمدى خوتەن ۋىلايىتىنىڭ، جۇملىدىن خوتەن ۋىلايىتىگە قاراشلىق يەتتە ناھىيە، بىر شەھەرنىڭ، خوتەن ۋىلايىتىدىكى بىر مىليون ئىككى يۈز نەچچە مىڭ خەلقنىڭ غېمىنى يېيىشكە مەجبۇر ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە خوتەننىڭ باشقا ناھىيەلىرىمۇ خۇددى كېرىيەگە ئوخشاش، ھەتتا بىر قىسمىلىرى كېرىيەدىنمۇ ئېغىر ھالدا نامراتلىقنىڭ ئىبلىس چاڭگىلىدا بۇرۇقتۇرما بولۇپ تۇراتتى. قىسقىسى، ئۇلار يەنىلا يۇرت سۆيەر پىداكارلارنىڭ، خەلق سۆيەر يول باشچىلارنىڭ، شۇنداقلا مۇشكۈلنى يەڭگۈچى باھادىرلارنىڭ مەيدانغا چىقىشىغا شۇقەدەر تەشنا ئىدى.

ئەلۋەتتە، بارلىقنى خەلقنىڭ بەخت - سائادىتىگە تەسەددۇق قىلغان يۇرت ئوغلانلىرى ئىلكىدىكى ئەمەلنىڭ، قولىدىكى كوزىرىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى بىلەن ئەسلا ھېسابلىشىپ ئولتۇرمايدۇ. ئۇلار ئۈچۈن ئادەتتىكى خىزمەت ئورنىمۇ خەلق ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشنىڭ ئەڭ ياخشى، ئەڭ قولاي پۇرسىتىدۇر. شۇنداق، خەلق بەرگەن ئەمەلنىڭ چوڭراقى يۇرت ئوغلانلىرىنىڭ خەلق ئۈچۈن كۆپرەك تۆھپە قوشۇشىغا ئەلۋەتتە ياخشى پۇرسەت يارىتىپ بېرىدۇ. بۇنداق ئالىيجاناب ھېسسىياتقا ئەمەلنىڭ پەيزىنى سۈرۈشنى ئەمەس، بەلكى ئەمەلنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى ئارقىلىق ئاۋامنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇشنى

كۆڭلىگە پۈككەن ئوت يۈرەك مەردانىلەرلا چۆمۈلەيدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە ئەمەلنى ئۆزىنىڭ بەخت - تالىيى، پېشانىسىنىڭ ئوڭلۇقى دەپ بىلگەنلەر ھەرگىزمۇ چۆمۈلەلمەيدۇ. ئۇلار ئەكسىچە ئەمەلنى ئاۋام خەلقنىڭ ئالدىدا غادىيىشىنىڭ، ئۆز - ئۆزىنى كۆز - كۆز قىلىشىنىڭ، ئۆز شەخسىيىتىنى بېيىتىشىنىڭ دەسمايىسى دەپ بىلىدۇ - دە، ئۇزاققا قالمايلا خەلقنىڭ ھۆرمەت تەختىدىن بىراقلا چۈشۈپ كېتىدۇ.

خوش، ئابدۇراخمان قۇربان ۋىلايەتكە يۆتكىلىپ كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ ھەيئىتى، قوشۇمچە ۋىلايەتلىك پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقلىقىدىن مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيلىق ۋەزىپىسىگە قويۇلدى. مۇئاۋىن ۋالىيلىق ئەمەل ئىلگىرىكىدىن چوڭ، بۇنىڭ جاپاسىمۇ ئىلگىرىكىدىن كۆپ ئىدى. بىراق، ئابدۇراخمان قۇربان خەلق بەرگەن بۇ ئەمەلنى خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى پۇرسىتى دەپ بىلدى. دېگەندەك، ئۇنىڭ خىزمىتىنىڭ چېتىشلىق دائىرىسى ئىلگىرىكىدىن كۆرۈنەرلىك كېڭەيگەنىدى. جۈملىدىن كۈندىلىك خىزمىتى ۋىلايەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىگە بىۋاستە چېتىلاتتى. مۇھىمى ئۇ ئىلگىرىكىدىكى مۇئاۋىن ۋالىيلىق ئەمەلى ئارقىلىقلا ئەمەس، بەلكى خەلقنىڭ بەختىگە ئۇل سالغۇچى بىر چاكارغا خاس پىداكارلىقى بىلەن ئۆز دائىرىسىدىكى خىزمەتلەردە ئىلگىرىكىدەكلا خەلقچىللىقىنى نامايان قىلدى. خەلقنى بېيىتىشنى، خەلقنىڭ يۈكىنى يىنىكلىتىشنى، خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاشنى ئالىي نىشان قىلدى، يەنىلا ئۇنىڭ مۇبارەك قەدەم - نەپەسلىرى دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ھۇزۇرىغا بېسىلىپ تۇردى. بېسىلىپ تۇردىلا ئەمەس، مۇھىمى ئۇلارغا مېھرىبانلىق بەخش ئەتتى. يېتىم - يېسىر، ئاجىز - ئورۇقلارنىڭ بېشىنى سىلاشقا، دەردىگە دەرمان بولۇشقا ئادەتلىنىپ كەتكەن ئابدۇراخمان قۇربان ئۆزىنىڭ ھەر بىر خاسىيەتلىك قەدەملىرىدە كونىلارنىڭ: «كۆنگەن خۇي، مىنگەن ئۇي» دېگەن تەمسىلىنى ئۆز ئەمەلىيىتى ئارقىلىق ئىسپاتلىدى. ئۇ دېھقان ئوغلى بولغاچقا دېھقانلارنىڭ جاپاسىنى، ئارزۇ - ئارمانلىرىنى ياخشى بىلەتتى. ئەمەلىيەتتىمۇ دېھقان بۇ دۇنيانى ئۆز ئەجرى بىلەن گۈل - گۈلىستان قىلىشقا بارلىقىنى

بىغىشلايتتى. بىر ئۆمۈر جاپانى ئۆزى ئىلىپ قىلىپ، راھەتنى باشقىلارغا بەخش ئىتەتتى. ھەممىدىن قەدىرلىك يىرى ئۇلار ئۆزىنىڭ تارتقان جاپاسىغا چۈشلۈق راھەت تەلەپ قىلمايتتى.

ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ قەلبىدە بۇ دۇنيانىڭ ئابادىغا ھەقدار بىردىنبىر رەھنەما ــ دىھقان - چارۋىچىلارغا ئالەمچە مۇھەببەت، سۆيگۈ پەۋەس ئىدى...... كىشلەر ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ دىھقانلارغا بولغان چوڭقۇر مىھرى بىلەن، بولۇپمۇ ئۇنىڭ دىھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك، چارۋىچىلىق كەسىپلىرىگە شۇ كەسىپنىڭ ئەھلىلىرىگە ئوخشاشلا ماھىر ئىكەنلىكى ئۇستىدە تالاش - تارتىش قىلىشىدۇ. بەزىلەر ئۇنى «ئۆزى بەكمۇ تىرىشچان بولغاچقا بۇ كەسىپلەرنى تىزلا ئۆگىنىۋالغان گەپ» دىسە، يەنە بەزىلەر بۇ خىل قاراشقا قوشۇلماي:« ئۇ دىگەن دىھقاننىڭ پۇشتى، جىسمىدا دىھقاننىڭ قىنى، ۋۇجۇدىدا دىھقاننىڭ ئىخلاسى، روھىدا دىھقاننىڭ روھى بار، شۇڭا دىھقاننىڭ قىلىدىغان ھەممە ئىشنى بىمالال قىلالايدۇ»دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ كىيىنكى باھا دەل توغرا ئىدى، يەنى ئەل ئوغلىنىڭ ھەر بىر نەپىسىدە دىھقانلارغا غەمگۇزار بولۇشنىڭ، بولۇپمۇ دىھقانلارغا خاس ئاق كۆڭۈللۈكنى، پىداكارلىقنى، ئالىيجانابلىقنى نامايان قىلىشى دەل ئۇنىڭ دىھقانىنىڭ ھەقدارى بولغانلىقىدىن ئىدى، شۇنداقلا ئەجدادىدىن باشلاپ مىھنەتنى ھەممىدىن ئەلا بىلىدىغان سىخىي، مەردانە دىھقانىنىڭ پۇشتى بولغانلىقىدىن ئىدى.

ئابدۇراخمان قۇربان قولى گۈل دىھقان ــ مەرھۇم ئاتىسى مەتقۇربان ھاجىنىڭ باقىي ئالەمگە رىھلەت قىلغۇچە بولغان ئۇزاق جەريانىدا، ئەجداد كەسپىگە ئاتىسى بىلەن بىللە ساداقەتمەنلىك بىلەن ۋارىسلىق قىلغانىدى. جۈملىدىن ئۇ كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپ ئاتىسىنىڭ دىھقانچىلىقىغا بىۋاستە قاتناشقانىدى. ساياتلا كەنتىدىكى بىنەملەردە، بوستان شالچىلىق رايونىدىكى پايانسىز يىشىللىق باغرىدا، قازناق بوزيەردىكى قومۇشلۇقتا دادىسىنىڭ مۇبارەك قولىدىكى كەتمەننى قولىغا ئالغان ھەمدە يۇرىكىنىڭ رىتمى بويىچە گۈپۈلدىتىپ چاپقانىدى. بۇ ئالاھىدە ئائىلە تارىخىدىن ئىلىپ ئىيتقاندا خوتەن ۋىلايىتىنىڭ بۇ چوڭ

ئىمتىيازلىق مۇئاۋىن ۋالىيسىنى «ئىنقىلابىي رەھبىرىي كادىرلارنىڭ شانلىق ئائىلىسىدە بەئەينى پاختىدا ساقلانغان چوغدەك ئەتىۋارلىنىپ چوڭ بولغان ئىزباسار» ياكى «جۈت - بوران كۆرمىگەن، ئالىقىنى پاختىدەك يۇمشاق ئاق ياقىلىقلار تائىپەسى» دېگىلى بولمايتتى، بەلكى ئۇنى ھالال ئەجىر - مېھنەت بىلەن پاك ئەقىدە بارلىققا كەلتۈرگەن ئاددىي مېھنەتكەش دەپ ئاتىغان دۇرۇس ئىدى. ئۇ كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپ دېھقانچىلىقنىڭ ئەلمى - تەلمىنى ئاتىسىنىڭ ئېتىزلىرىدىن، باغۋەنچىلىكنىڭ خاسىيىتىنى ئاتىسىنىڭ سەرخىل مېۋىلەر بىلەن كۆزلەرنى قاماشتۇرىدىغان بوك - باراقسان بېغىدىن، چارۋىچىلىقنىڭ رىسالىسىنى ئاتىسىنىڭ ئالاھىدە باقمىچىلىقىدىن ئۆگەنگەنىدى. چۈنكى، ئاتىسى يەرنى گۈل قىلىشتا ساياتلا كەنتىدىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن كېرىيە ناھىيەسىدىمۇ داڭقى بار دېھقانلاردىن ئىدى. ئۇ ھەر يىلى يىل ئاخىرىدا دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ۋە ئورمانچىلىقتىن ئالغان مول ھوسۇلى بىلەن شەرەپ سەھنىسىدە پەيدا بولاتتى.

قىسقىسى، ئاتىسى يۇقىرىقى كەسىپلەرنىڭ ئەڭ چېۋەر ئۇستازى بولۇپلا قالماي، بەلكى ئۇنىڭغا ئىنسانىيلىقنى، ئادىمىيلىكنى، ئاق كۆڭۈللۈكنى، ئەجىر- مېھنەتكە ھېرىسمەنلىكنى، باشقىلارغا مېھرىبان بولۇشنى ئۆزىنىڭ ئەمەلىيىتى ئارقىلىق ئۆگەتكەن بىردىنبىر مۇبارەك ئۇستاز ئىدى. ئەل ئوغلى ھەر قېتىم كېرىيەنىڭ ساياتلا كەنتىدىكى قەدىمىي مەھەللىسىگە، يەنى ئاتىسىنىڭ ھۇزۇرىغا كەلگەندە ئاتىسى چوقۇم ئېتىزدا ياكى بېغىدا مېھنەت قىلىش بىلەن بەند بولغان بولاتتى. ئۇ ئۇدۇل بارغىنىچە ئاتىسى بىلەن ئەجىر قىلىشقا كۆنۈك ئىدى. گېزى كېلىپ بۇ يەردە شۇنداق بىر قىستۇرمىنى قىستۇرۇپ ئۆتۈش ئەھمىيەتلىككى، بىرنەچچە پەرزەنتىنى ئەل خىزمىتىگە يارامىلىق قىلىپ قاتارغا قوشقان، مۇھىمى 80 نەچچە يىللىق ھاياتىنىڭ ھەممىسىنى دېھقانچىلىقنىڭ جاپا - مۇشەققىتىگە ئاياىماي سەرپ قىلغان مەتقۇربان ھاجىنىڭ ئەمدى ئارام ئېلىشى، ھېچبولمىغاندا خوتەن ۋىلايىتىگە مۇئاۋىن ۋالىي بولغان ئوغلىنىڭ ئىللىق «جۇۋىسىدا تەرلىنىپ» بۇ دۇنيانىڭ ئاز - تولا راھىتىنى كۆرۈشى ئەلۋەتتە ھەقلىق ئىدى. بۇ مۇشۇ

دۇنيانىڭ ھەرقانداق تەرتىپلىرىگە ئويغۇن كېلەتتى. ئۇنىڭسىزمۇ ئاتا - ئانىغا ۋاپادارلىق يەتكۈزۈشتە ھېچنېمىدىن ئايانمايدىغان پەرزەنتلەر ئۈچۈن ئۇ تولىمۇ قەدىرلىك ۋە تولىمۇ سۆيۈملۈك ئىدى. ئەپسۇس، مەتقۇربان ھاجى ئىسمى - جىسمىغا مۇناسىپ ھەققىي دېھقانىدى، يەنە كېلىپ بارلىق خۇشاللىقنى ئېتىزدىن، ئۆزىنىڭ ھالال ئەجرىدىن تاپىدىغان، تەييار تاپلىقنى، ھورۇنلۇقنى، ئالا كۆڭۈللۈكنى، باشقىلارنىڭ جۇۋىسىدا تەرلەشنى ئىنتايىن ئۆچ كۆرىدىغان مېھنەتكەش دېھقانىدى، يەنى دانالارنىڭ ئېغىزىدا نامى ئالاھىدە تىلغا ئېلىنىپ:«قىيامەتتە ئىككى ئالىقىنىدىن گۈل ئۈنىدۇ» دەپ تەرىپلىنىدىغان جاپاكەش دېھقانىدى. ئۇ باشقىلارنىڭ داستىخىنىغا قول سوزۇشتا ئەڭ پەرھىزكار، بىراق باشقىلار داستىخىنىغا قول سوزسا ھەممىدىن بەك خۇش بولۇپ جېنى يايرايدىغان مېھماندوست دېھقانىدى.

بۇ خىزىر سۈپەت مۆتىۋەر كىشى باشقىلارغا خەير - ساخاۋەت قىلىشنى ھەرگىزمۇ قازا قىلمايتتى. ئۆتكەن ھەر بىر كۈندە ئۇنىڭ مېھرىبان ۋە غەمگۇزار ئاتىلارچە، ئوت يۈرەك ساخاۋەتچىلەرچە قىلغان ياردىمىگە نائىل بولغانلار نەچچە ئونغا يېتەتتى. ئۇ يەنە ئەتراپىدىكى ئاجىز، يېتىملارنىڭ بېشىنى مېھرىبانلارچە سىيلاش بىلەن بىللە نامراتلىق دەستىدىن توي قىلالمىغان مەتنۇرسۇن ئاخۇن قاتارلىق بىرنەچچە ياشنىڭ توْيىنى قىلىپ قويغان. ئائىلىسىدە يەيدىغانغا ئاشلىقى، كىيىدىغانغا كىيىمى يوقلارغا ئۆز ئۆيىدىن ئاشلىق، كىيىم ئەكېلىپ بەرگەندىن باشقا، چارۋىسى يوقلارغا چارۋا ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ نامراتلىقتىن تېزرەك قۇتۇلۇشىغا بىۋاستە ئەجىر كۆرسەتكەنىدى. ساياتلا كەنتىدىكى ھاجەتمەنلەر ئىچىدە مەرھۇم مەتقۇربان ھاجىنىڭ ساخاۋىتىگە، مېھرىبان ئاتىلارچە غەمگۇزارلىقىغا مۇيەسسەر بولمىغانلار يوق دېيەرلىك ئىدى. مەرھۇم ئەينى چاغدا ئوغلى ئابدۇراخمان قۇربان كېرىيە ناھىيەسىگە ھاكىم بولغاندا: «بالام، ھاكىم بولغىنىڭ يۇرتنىڭ بېشى بولغىنىڭ، يۇرتبېشى دېگەن ھەر ۋاقىت ئەلنىڭ غېمىنى يېيىشى، ئۇنىڭ بېشىنى سىلىشى، ئۇتىدا كۆيۈپ، سۈيىدە ئاقمىقى جائىزدۇر. شۇنى مەڭگۈ ئۇنتۇپ قالمىغىنىڭكى، بىز ئاتا -

بوۋىمىزدىن تارتىپ يەرنى گۈل قىلىدىغان مېھنەتكەش دېھقانلىنىڭ پۇشتى. زامانىنىڭ ئىلتىپاتى يېتىپ مەندەك دېھقانلىنىڭ ئائىلىسىدىن ھاكىم چىقتى، بۇ ئەلنىڭ، يۇرتداشلارنىڭ ساڭا بولغان چوڭقۇر ئىشەنچىسىنىڭ ئىسپاتى. شۇڭا، بۇنىڭدىن كېيىن نەسلىڭنى ئۇنتۇماي، ئەلنىڭ خىزمىتىنى جايىدا قىل. ئەل سەندىن رازى بولسا مەنمۇ سەندىن رازى بولىمەن» دېگەنىدى.

بۇ يالقۇنلۇق نەسىھەت ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ ئادەتتىكى كادىردىن ئاخىردا ئەل ئوغلى بولۇپ يېتىلگۈچە بولغان ئۇزاق يىللاردا قۇلاق تۈۋىدىن ھەرگىزمۇ نېرى كەتمىدى، يەنى ئۇ ھاكىم، كېيىن مۇئاۋىن ۋالىي، مۇئاۋىن شۇجى، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى قاتارلىق رەھبەرلىك خىزمىتىنى ئىشلىگەندىن بېرى ئوتلۇق ۋۇجۇدىدا ھاياتىي كۈچىنى تېخىمۇ ئاشۇردى. ئۇ ھازىرغىچە ھەر قېتىم دېھقانلىنىڭ سىماسىنى كۆرگەندە دەرھال قولىدىن كەتمەن چۈشمەيدىغان مېھنەتكەش دادىسى مەرھۇم مەتقۇربان ھاجىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرىدۇ. قاچان دېھقانلىنىڭ جاپا دەستىدىن چاك-چاك يېرىلىپ چاۋاردەك يىرىكلىشىپ كەتكەن مۇبارەك قولىنى سىققاندا دەل مەرھۇم دادىسى مەتقۇربان ھاجىنىڭ قولىنى سىققاندەك ھاياجانغا چۈمۈلىدۇ......

دېمەك، مەرھۇم مەتقۇربان ھاجى ئۆزىنىڭ چىن ئىنسانلارغا خاس بولغان ئالىي پەزىلىتى ئارقىلىق ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە بىۋاستە تەسىر كۆرسەتكەنىدى. بىر ھېسابتا ئۇ ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان ئابدۇراخمان قۇربانغا ئۆز ئەمەلىيىتى ئارقىلىق ئۈلگە كۆرسىتىۋاتاتتى. بەزى كۈنلىرى ئۇ ئوغلى ئابدۇراخمان قۇربانغا دېھقانلارنىڭ ئارزۇ - ئۈمىدلىرى توغرۇلۇق سۆزلەپ بېرەتتى. بۇ سۆزلەر ئۆز نۆۋىتىدە ئەل ئوغلىنى دېھقانلارنى قەدىرلەشكە تېخىمۇ ئۈندەيتتى. قەلبىدە ئادىمىيلىكىنىڭ، ئالىيجانابلىقىنىڭ گۈلخانلىرىنى ياندۇراتتى. ئۇنى ئادىمىيلىك پەزىلەتلەر ۋە مەجبۇرىيەتلەر بىلەن تاۋلايتتى...... مانا مۇشۇ ئالاھىدە تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ ئاخىردا ئەل ئوغلى بولۇپ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە بىۋاستە تەسىر

كۆرسەتكەن ئىجتىمائىي سەۋەبلەرنىڭ قىسقىلا مىسالى ئىدى. مۇبادا ئەل ئوغلىنىڭ خالىس نىيىتىنى مۇخالىپ چۈشەنگەنلەر بولۇپ قالسا، جۈملىدىن ئۇنىڭ رەستىلەردە، يول ئۈستىدە، قايناق بازارلاردا، ئىتتىز - قىرلار ئۈستىدە، قىسقىسى ئارام ئېلىۋاتقاندىمۇ دېھقانلار ئۈچۈن قىلىۋاتقان ياخشى ئەمەللىرىنى «ئۆزىنى كۆز- كۆز قىلغانلىق»، «تۆھپىسىنى گەۋدىلەندۈرگەنلىك» دېگۈچىلەر بولۇپ قالسا، ئۇلارنىڭ قارىشىدىكى نادانلارچە خاتالىقنى تۈزىتىشكە بۇنىڭدىن ئارتۇق ئەمەلىي مىسال بولماسلىقى مۇقەررەر. چۈنكى، ھاياتىدا پىتنە - پاسات قىلىش بىلەنلا مەشغۇل بولۇپ، ھېچقانداق ياخشىلىق قىلمىغانلاردىن ياخشىلىقنى دوراپ بولىسىمۇ قىلغانلار يەنىلا قەدىرلىكتۇر...... يەنە شۇنىسى مۇقەررەركى، ياخشىلىقنىڭ مەنزىلى دەل ياخشىلىقتۇر.

× × ×

كۆپ كىشىلەرنىڭ سەمىگە ئايانكى، ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان مەزگىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ، جۈملىدىن خوتەن ۋىلايىتىنىڭ خەلقنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ بېيىتىشتىن ئىبارەت ئاساسىي نىشاندا چوڭ قەدەم بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقان، كونكرېت ئېيتقاندا، مەركەز ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ قىزغىن قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، كىيىنىش ۋە تويۇنۇش مەسىلىسى تېخىچە ھەل بولمىغان نەچچە مىڭلىغان كىشىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشتىن ئىبارەت ئەڭ شەرەپلىك خىزمەتتە كۈچ ئۇلاپ ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقان تارىخىي ئەھمىيەتلىك دەۋر ئىدى. بۇ دەۋردە گەرچە قولغا كېلىۋاتقان نەتىجىلەر كۆپ بولىسىمۇ ئۇنىڭغا يارىشا خەلقنىڭ چاكارلىرى تارتىۋاتقان جاپا - مۇشەققەتمۇ شۇنچە ئېشىپ چۈشۈۋاتاتتى. جۈملىدىن ئابدۇراخمان قۇربان مەسئۇل بولۇۋاتقان ۋىلايەتنىڭ مالىيە بېسىمىمۇ ئېغىر ئىدى. قىسقىسى، نامراتلارنى بېيىتىش يولىدا جاپالىق ئىشلەۋاتقان كادىرلارنىڭ تۇرمۇشىنىمۇ ئويلاش كېرەك ئىدى.

ئابدۇراخمان قۇربان كادىرلارنىڭ مائاشىنىڭ دەل ۋاقتىدا قولغا

تېگىشىنى قولغا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت مۇھىم خىزمەتكىمۇ مۇۋاپىق ئېتىبار بەردى. ۋىلايەتتىكە يۇقىرىدىن چۈشۈرۈپ بەرگەن تۈر قۇرۇلۇش مەبلىغىدىن باشقا، كەسپىي ۋە مەمۇرىي تارماقلارنىڭ خىزمەت راسخوتى ۋە باشقا چىقىملار ئۆچۈن كېتىدىغان راسخوتنى ئۆكسۈتۈپ قويماسلىق ئابدۇراخمان قۇرباننىڭ كۆڭۈل بۆلگەن مەسىلە بولۇپ، بۇ ئالاھىدە ئىش ئىدى. بۇ جەھەتتە ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى شۇكى، ئەينى ۋاقىتتا ئاپتونوم رايون مالىيەسىدىمۇ مۇئەييەن بېسىم بولغاچقا، كادىرلارنىڭ مائاشى ۋە بىر قىسىم راسخوتلارنىڭ ۋاقتىدا يېتىپ كېلىشىمۇ بەزىبىر توسالغۇلارغا دۇچ كېلەتتى. بىراق، ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە نازارىتى ئورگىنىدىكى ھەربىر كادىر خوتەن ۋىلايىتىنىڭ بويى ئالاھىدە ئېگىز، ئۇستىخانلىق، بىراق پوزىتسىيەسى ئادەتتىن تاشقىرى «جاھىل» مۇئاۋىن ۋالىيسىنىڭ ھەر ئايدا مالىيە نازارىتىگە كېلىپ نازارەت رەھبەرلىرىگە ئەھۋال دوكلات قىلىۋاتقانلىقىنى تەكرار ـ تەكرار كۆرۈپ ئادەتلىنىپ قېلىشقانىدى. ئەمەلىيەتتە ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدە بۇنداق مۇئاۋىن ۋالىيدىن نەچچىسى بولسىمۇ، بىراق ئۇلارغا خوتەن ۋىلايىتىنىڭ بۇ ئېگىز بويلۇق، كەڭ گەۋدىلىك مۇئاۋىن ۋالىيسى ئالاھىدە تونۇشلۇق بولۇپ قالغانىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىرى: «ئۇ كىشى ئۇ نازارەتكە ھەر ئايدا كېلىپ رەھبەرلىكتىن مەبلەغ ۋە كادىرلارنىڭ مائاشىنى ۋاقتىدا ھەل قىلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىشى خۇددى قۇياشنىڭ ھەر كۈنى شەرقتىن چىقىشىدەك قانۇنىيەتلىك ئىدى. ئېنىقراق ئېيتساق ئۇ ھەر ئاينىڭ 20 ـ كۈنلىرى ئەتراپىدا مالىيە نازارىتى ئورگىنىغا كېلىپ بولاتتى. گەرچە مالىيە نازارىتىنىڭ خوتەندىكى كادىر، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ مائاشىنى كېچىكتۈرسىمۇ چۈشۈرۈپ بېرىشى ئېنىق بولسىمۇ، بىراق ئابدۇراخمان قۇربان مائاشنىڭ ۋاقتىدا تارقىتىلىشىنى، بۇنىڭ خوتەندىكى كەڭ كادىر، ئىشچى ـ خىزمەتچىنىڭ قولىغا ۋاقتىدا تېگىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈنلا مۇشۇ ئادىتىنى قازا قىلماي كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ بۇنداق جان كۆيدۈرۈشىنىڭ ۋە ئالدىرىشىنىڭ كۆرۈنەرلىك پايدىسىمۇ بار ئىدى، يەنى بەزى ئايلاردا تاسادىپىي ۋەقەلەر، بولۇپمۇ تەبىئىي ئاپەتلەرنىڭ كاساپىتىدىن مالىيە نازارىتىنىڭ

مالىيە بىسىمى بىردىنلا كۆچىيىپ كېتىدىغان ئالاھىدە ئەھۋاللارمۇ كۆرۈلۈپ تۇراتتى. بۇنداق چاغدا كادىرلارنىڭ مائاشىنى ۋاقتىدا تارقىتىشقا ئامال بولماي قالاتتى. ھېچبولمىغاندا بىرقانچە ۋىلايەتنىڭ كەينىگە سۈرۈلەتتى. قىرىنداش ۋىلايەتلەرنىڭ مالىيەگە مەسئۇل رەھبەرلىرى بۇ ئىشتىن ئەمدىلەتىن خەۋەر تېپىۋاتقاندا، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ بۇ «جاھىل» مۇئاۋىن ۋالىيسى ئالللىقاچان مالىيە نازارىتىگە يېتىپ بارغان، يېتىپ بارغانلا ئەمەس، ئەڭ مۇھىمى مالىيە نازارىتىنىڭ رەھبەرلىرىگە خوتەننىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇپ بولغان، پىلاندىكى مەبلەغ ۋە ئىشچى- خىزمەتچىلەرنىڭ شۇ ئايلىق مائاشىنى ۋاقتىدا ھەل قىلىپ بېرىشنى ئۆتۈنۈپ بولغان بولاتتى......

ئەپسۇس، نازارەت رەھبەرلىرىنىڭ ئۇنىڭ تەلىپىنى ئاڭلىمايدىغان، مۇنداقچە ئېيتقاندا ھەر دائىم ئۇنىڭغا «چاپان» ياپمايدىغان ئالاھىدە ۋاقىتلىرىمۇ بولۇپ قالاتتى. بىراق، بۇنداق تاسادىپىيلىق ئالدىدا ئابدۇراخمان قۇربان ئۇسۇلىنى دەرھال ئۆزگەرتىپ، بەكمۇ مۇلايىم، ئەمما چاپلاشقاق بولۇۋالاتتى. بۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەر ئۇنىڭ ئۆزىگە يەنە يېلىمدەك «چاپلىشىۋېلىشى»دىن ئەنسىرەپ ئامال بار ھاجىتىنى ھەممىدىن بۇرۇنراق راۋا قىلىشىنىڭ، قىسقىسى ئۇنى نازارەت ئورگىنىدىن بىر كۈن بولسىمۇ بۇرۇنراق يولغا سېلىۋېتىشنىڭ كويىغا چۈشەتتى. باھارنىڭ زىمىستانى، خۇشاللىقنىڭ قايغۇسى بار دېگەندەك بىر قېتىم ئابدۇراخمان قۇرباننىڭ مالىيە نازارىتىدە دائىم قوللىنىدىغان ئامالللىرىنىڭ كۈتۈلمىگەندە ئۈنۈمى بولمىدى. قارىغاندا مۇناسىۋەتلىك رەھبەر ئالدىنقى مەزگىللەردە ئابدۇراخمان قۇربانغا بولۇشۇۋېرىپ كۆڭلى تالغاندەك قىلاتتى. ئۇنىڭسىزمۇ بۇ مەزگىلدە مالىيە نازارىتىنىڭ مالىيە بېسىمىمۇ كۆچىيىپ كەتكەندى. قائىدە بويىچە ھەممىگە تەڭ ئېتىبار بەرمەي بولمايتتى. ئاپتونوم رايوننىڭ ھەممە جايلىرىغا، جۈملىدىن تەكرىتاغنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىغا ئوخشاش نەزەر بىلەن قارىمايمۇ بولمايتتى.

بىر كۈنى ئابدۇراخمان قۇربان ئىلگىرى كۆنگەن ئادىتى بويىچە مالىيە نازارىتىنىڭ مۇناسىۋەتلىك رەھبىرىگە كانىدەك چاپلاشتى. ئۇ

رەھبەرنىڭ ئىشخانىسىدىكى كىرىسلودا ئولتۇرۇپ:
— مېنىڭ خوتەندىن كەلگىنىمگىمۇ بىرقانچە كۈن بولۇپ قالدى. شۇڭا...... بىزنىڭ ئىشىمىزنى...... — دېدى جاھىللىق بىلەن.
— سىزنى كەلمەك دېسەكمۇ كېلىۋېرىدىغان تۇرسىڭىز بىزدە نېمە ئامال؟ ئاۋۋال خوتەنگە قايتىپ تۇرۇڭ، بىز سىلەرنىڭ قىيىنچىلىقىڭلارنى ئالدىن ئويلىشىمىز، — دېدى رەھبەر ئابدۇۋاخمان قۇرباندىن بىزار بولغاندەك ئەلپازدا.
— ئىشقىلىپ مەن پۇل ئالمىسام بۇ ئىشخانىدىن چىقىپ كەتمەيمەن......
— بۇنداق جاھىللىق قىلماڭ، ئىلگىرىغۇ تەلپىڭىزنى ھەممىدىن بۇرۇن ئورۇنلاپ بەردۇق. بۇ قېتىم تاسادىپىي مۇشۇنداق بولۇپ قالدى، ئۇزاققا قالماي قىيىنچىلىق ھەل بولىدۇ......
— ئىشقىلىپ مەن قۇرۇق قول خوتەنگە قايتمايمەن!
— ئۇنداق جاھىللىق قىلماڭ!
— ياق، قايتمايمەن دېدىم قايتمايمەن.
— قايتمىسىڭىز قايتماڭ، ئەمما ھازىر چۈشلۈك تاماق ۋاقتى بولدى، مېنىڭغۇ ئۆيۈمگە بېرىپ تاماق يېگىلى قويارسىز؟
— ئىشقىلىپ مەن بۇ ئىشخانىدىن قۇرۇق قول چىقىپ كەتمەيمەن، مەن دېمىسەممۇ خوتەننىڭ ھازىرقى ئەھۋالى سىزگە ئايان. قىيىنچىلىقىمىز بەك كۆپ. بىر قىسىم كادىرلىرىمىز ئاساسىي قاتلاملاردا خىزمەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئۈچ پېشقەدەملەر...... مېيىپلار......
— بولدى، بولدى...... دېمىسىڭىزمۇ مەن ئوبدان بىلىمەن. سىز ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ماڭا مۇشۇنداق چۈشەندۈرگەنچە ئاخىردا بەشتە كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان كىشىلەرگىچە كېلىسىز. سىز قايسى ئايدا ماڭا بۇلارنى چۈشەندۈرۈشنى قازا قىلغان - ھە!؟
— مانا، بىزنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىمىز ھەر ھالدا ئېسىڭىزدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتمەپتۇ! شۇڭا......
— بۇ ئىشلارنى سىز ھەر ئايدا ماڭا مۇشۇنداق چۈشەندۈرۈپ

مېڭەمگە قۇيۇۋەتكەن تۇرسىڭىز ئۇنى قانداقمۇ ئېسىمدىن چىقىرىپ قوياي...... ــ ئىككىسى شۇ يوسۇندا بىردەم دېيىشكەندىن كېيىن ئاخىردا رەھبەرنىڭ جۇدۇنى تۇتتى - دە، ئابدوراخمان قۇرباندىن قۇتۇلۇشقا كۆزى يەتمەي ئۇنى ئەتەي قورقۇتماقچى بولدى،ــ بولدى ئەمسە، مەن سىزگە ۋەزىپەمنى بۇ ئىشخانا بىلەن قوشۇپ ئۆتكۈزۈپ بېرەي! مانا بۇ مۇشۇ ئىشخانىنىڭ ئاچقۇچى، سىز مېنىڭ ئورنۇمدا ئىشلەڭ!

رەھبەر شۇنداق دېگىنىچە ئىشخانىسىنىڭ ئاچقۇچىنى ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ قولىغا زەردە بىلەن تۇتقۇزۇپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. ئۇ ئائىلىسىدە تامىقىنى يەپ چۈشتىن كېيىن ئىشخانىسىغا كەلگەندە ئابدۇراخمان قۇربان بۇرۇن ئولتۇرغان ئورنىدا كۈتۈپ ئولتۇراتتى...... رەھبەر ئاخىردا ئۇنىڭ «جاھىللىقى» غا قايىل بولۇپ، ھاجىتىنى راۋا قىلىپ يولغا سېلىۋەتتى. مۇشۇ ئىشتىن كېيىن مالىيە نازارىتى ئورگىنىدىكى ھەر بىر خادىم ئابدۇراخمان قۇربانىنى ئوبدانلا تونۇۋالغانىدى. ئۇ ھەر قېتىم مالىيە نازارىتى ئورگىنىغا پەيدا بولسا خىزمەتچىلەر ئۆز ئارا: «بۇ ئېگىز بويلۇق ۋالىي باشلىقلىرىمىزغا يەنە قانداق چاپلىشىدىغان بولدى»دەپ پىچىرلىشاتتى. بەزىلەر ھەتتا قىزىقچىلىق قىلىپ ئابدۇراخمان قۇربانىنى: «مالىيە نازارىتىنىڭ ۋالىيسى» دەپ ئاتايتتى.

ئەمەلىيەتتە يۇقىرىدىن مەبلەغ تەلەپ قىلىش، مەبلەغنى سۈيلەش قائىدە بويىچە ئانچىمۇ كۆچەپ كېتىدىغان ئىشمۇ ئەمەس ئىدى. چۈنكى، تەشكىل پىلاندا بېرىشكە تېگىشلىكنى كېچىكتۈرسىمۇ، كېچىكتۈرمىسىمۇ ھامان بېرەتتى. بىراق، بۇ يەردىكى نېگىزلىك مەسىلە شۇكى، ھەر دائىم خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاشنى، قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشنى ئادەتكە ئايلاندۇرغان ئادەملەر ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ھاجىتىنى بىر ئاي، بىر ھەپتە، ھەتتا بىر كۈن، بىر سائەت بولسىمۇ تېز راۋا قىلىش شۇنچە قىممەتلىكتۇر. ئابدۇراخمان قۇربان مانا مۇشۇ ئارزۇنىڭ ھەلەكچىلىكىدە ھەر ئامال بىلەن كۈتۈش ۋاقتىنى قىسقارتىشقا تىرىشاتتى. مالىيە نازارىتىگە قاتىراشتىن باشقا، قولغا كەلگەن

مەبلەغنىڭ تۆۋەندە تېز ھەم پىلانلىق، تولۇق ئەمەلىيلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشمۇ ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ تۆۋەندە دائىم تەكىتلەيدىغان مۇھىم خىزمەتلىرىنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ مەزگىللەردە يەنە خوتەن ۋىلايىتىنىڭ مال باھاسىنىڭ مۇقىم بولۇشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن قەرەللىك ھالدا ناھىيە ۋە شەھەرلەردىكى چوڭ سودا بازارلىرىدىن باشلاپ يېزىلاردىكى كىچىك سودا بازارلىرىغىچە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى چىڭ تۇتتى. دېھقانلار ۋە سودا - سانائەتچىلەر بىلەن قەرەللىك سىردىشىپ، مال باھاسى ۋە بازارنىڭ ئوبوروت يوللىرىدا ساقلانغان مەسىلىلەرنى ئورتاق ھەل قىلىپ، ھەرقانداق پەسىلدە مال باھاسىنىڭ مۇقىم بولۇشىنى تەكىتلىدى. ئۇنىڭغا بىرلەشتۈرۈپ ئەمدىلا باھاردىكى مايسىدەك بىخلىنىشقا باشلىغان قول سانائەت ۋە يەككە ئىگىلىكتىكى ھۈنەر - كەسپ كارخانىلىرىنىڭ گۈللىنىپ روناق تېپىشىنى كۈچلۈك تۈردە قوللىدى. ئۇلارنىڭ كارخانا قۇرۇش قىزغىنلىقىغا يەر ھەم مەبلەغ ھەل قىلىپ بېرىش ئارقىلىق مەدەت، ئىلھام بەردى. يەنە ئۇلاردىن سودا- سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى ۋە باج تارماقلىرىنىڭ باشقۇرۇش ۋە باج ئېلىش نىسبىتىنى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرۈشنى تەكىتلەپ، كەڭ سودا - سانائەتچىلەرنىڭ ئۆز كەسپىنى كۈندىن - كۈنگە گۈللەندۈرۈشىگە ئاساس سالدى. بۇ يەردە مۇنداق بىر ئىشنى ئالاھىدە ئەسلەپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ:

ئەينى ۋاقىتتا ئابدۇراخمان قۇربان خىزمەت تەكشۈرۈپ لوپ ناھىيەسىنىڭ جىيا يېزىسىغا كەلگەندە بۇ يېزىدىكى كۆپ سانلىق كىشىلەرنىڭ ئەتلەس توقۇش كەسپىگە تايىنىپ ئۆزىنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشتىن باشقا يەنە بىر تۈركۈم ئىشسىز ياشلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ ئۇلارنىمۇ بېيىشقا يېتەكلىگەنلىكىنى كۆرۈپ بەكمۇ خۇش بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھەربىر ھۈنەرۋەن بىلەن بىرمۇبىر كۆرۈشۈپ ئۇلارنى مۇشۇ ياخشى يولدا داۋاملىق مېڭىش، ئۆزىنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرغاندىن باشقا مۇھىمى ئەتراپىدىكى ھۈنەر - كەسپسىز كىشىلەرنى يېتەكلەپ ئۇلارنىڭمۇ بېيىشىغا ھەسسە قوشۇشقا ئىلھاملاندۇردى. بىراق ئۇ پارىڭ ئارىسىدا گىلەم توقۇشنى كۆلەملەشتۈرۈپ تېخىمۇ زور

يۈكسىلىشىنى قولغا كەلتۈرۈشكە بەل باغلاۋاتقان بىرقانچە كىشىنىڭ قايسىدۇر بىر ئىشتىن تازا خاتىرجەم بولالمايۋاتقانلىقىنى، ھەتتا بۇ ئىشقا تازا رازى بولمايۋاتقانلىقىنى، مۇبادا بۇ ئىش ھەل بولمىسا گىلەمچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا دادىل قەدەم تاشلاپ ماڭالمايدىغانلىقىنى يۈزە ھالدا ھېس قىلدى.

خەلق كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان ئىشقا ئەڭ ئاۋۋال كۆڭۈل بۆلۈش ئابدۇراخمان قۇرباننىڭ ئادىتى بولغاچقا، دەرھال بىر مويسىپىت كىشىنى يانغا تارتىپ، ئۇلارنىڭ زادى قايسى ئىشتىن خاتىرجەم بولالمايۋاتقانلىقىنى تەپسىلىي سورىدى. مويسىپىت بىردەم ئىككىلىنىپ تۇرغاندىن كېيىن ئەتراپقا تويلانغانلارنىڭ كۆڭلىدىكى گەپنى دېدى. ئەسلىدە باج ئورۇنلىرىنىڭ بۇ ھۈنەرۋەنلەردىن باج ئېلىشى ئۇلارنىڭ روھىغا سوغۇق سۇ سەپكەنىدى. ئابدۇراخمان قۇربان بۇ ئىشنى بىلگەندىن كېيىن بەكمۇ خاپا بولدى، ھەرھالدا ئۆزىنى بېسىۋېلىپ دەرھال مۇناسىۋەتلىك يولداشلارنى نەق مەيدانغا چاقىرتىپ كېلىپ ئۇلارغا ئاپتونوم رايون ۋە مەركەزنىڭ يەككە ئىلگىلىكتىكى كارخانىلارغا، بولۇپمۇ ئىش ئورنى يوقلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ جەمئىيەتنىڭ يۈكىنى يېنىكلەشتۈرۈۋاتقان يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە ھۈنەر ـ كەسىپلەرگە كۆچلۈك مەدەت بېرىش، ئۇلاردىن كەلسە ـ كەلمەس باشقۇرۇش راسخوتى ئالماسلىق ھەمدە باجنى كەچۈرۈم قىلىش قاتارلىق ياخشى سىياسەتلىرىنى قايتا بىر قېتىم تەشۋىق قىلىپ، جىيا يېزىسىدىكى ئەتلەسچى ئائىلىلەردىن ئېلىپ كېلىنىۋاتقان باجنى بىكار قىلىشنى تەلەپ قىلدى. دېگەندەك باج ئورۇنلىرى بۇ ئىشنى ۋاقتىدا تۈزەپ كەڭ ئاممىنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلدى. دەرۋەقە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ياخشى ئىشلار ئابدۇراخمان قۇربانىنى خەلقچىللىقتىن ئىبارەت شەرەپلىك ئىستىلغا تولۇق ئىگە قىلغانىدى.

## سۇ ۋە بىنەم كۆپەيتىش يولىدىكى شانلىق ئىزلار

خوتەن ۋە خوتەن دېھقانلىرى ئۇستىدە گەپ ئېچىلغاندا چوقۇم

ئۇلارنىڭ ئەمگەك سۆيەرلىكى، باتۇرلۇقىنى تىلغا ئالماي بولمايدۇ. بىراق، مۇشۇنداق ئىشچان، باتۇر خەلقنىڭ 90 - يىللاردا ئاپتونوم رايونىمىز ھەتتا پۈتۈن مەملىكىتىمىز بويىچە نامراتلىق نىسبىتى جەھەتتە ئەڭ يۇقىرى رېكورتنى ساقلاپ تۇرۇشى ئەجەبلىنەرلىك، بۇنىڭ ئۈچۈن بۇ يەردە ئاۋۋال خوتەننى مۇشۇنداق تەتۈر تاناسىپلىق ھالەتتە قالدۇرغان تەبىئى شارائىت بىلەن قىسقىچە تونۇشۇش تولىمۇ ئەھمىيەتلىك.

مەلۇمكى ئىچكى قۇرۇقلۇقتا جايلاشقان يېشىل ماكان خوتەننىڭ شىمالىي چېگراسىدىكى تەكلىماكان چۆلى ئەڭ قەدىمكى دەۋرلەردە كۆزلەرنى قاماشتۇرىدىغان بوستانلىق ئىدى. ئۇ بۈگۈنكى كۈندە بىزگە ئەينى دەۋرلەردە قۇم تېگىگە كۆمۈلۈپ كەتكەن بوستانلىقلار ھەققىدە ئاجايىپ ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بېرىدۇ. قەدىمكى دەۋرلەردە تەكلىماكاندا مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئىزدىگەن ئېكسپېدىتسىيەچىلەر بىلەن، قەدىمكى يىپەك يولى ئارقىلىق ياۋروپاغا بارغان سەيياھلارنىڭ يازمىلىرىدا تەكلىماكان چۆلىنىڭ ئەسلىدە ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى ئەڭ چوڭ بوستانلىق ئىكەنلىكى ھەققىدە ئېنىق مەلۇماتلار بار. تەكلىماكاندىن ئەڭ دەسلەپتە ئۆتكەن بۇددا راھىبى شۈەنزاڭ، فاشيەن، سەيياھ ماركوپولو، يېقىنقى دەۋرلەردە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئىزدىگەن رۇسىيەلىك پىرجاۋىسكى، شۋېتسىيەلىك سۋېن ھېدىن، ئەنگلىيەلىك ستەين، گېرمانىيەلىك ئالبېرت فون لىكوك، ياپونىيەلىك گىراف ئوتانى، ئامېرىكىلىق لاڭدەن ۋارنېر قاتارلىقلار ئۆز يازمىلىرىدا تەكلىماكاننى ئەينى دەۋر كىشىلىرىنىڭ ئىسراپخورلۇقى بىلەن بىخۇدلۇقىنىڭ بارلىققا كەلتۈرگەنلىكىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقان، يەنى ئۇلار ئەينى دەۋر كىشىلىرى تەبىئي ئېكولوگىيەنى قوغدىغۇچى ئورمانلار بىلەن، يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنى قارىغۇلارچە ۋەيران قىلغاچقا تەبىئەت ئۇلاردىن قىساس ئېلىپ، بوستانلىق ئۈستىدە تەكلىماكان چۆلىنى شەكىللەندۈرگەن دەپ قارىغان.

تارىخي خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا تەكلىماكاندا قۇم ئاستىغا كۆمۈلۈپ كەتكەن شەھەرلەر 300 دىن ئاشىدىكەن، قۇم ئاستىغا كۆمۈلۈپ كەتكەن شەھەرلەر 300 دىن ئاشقاندا، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى سەھرالار

قانچە؟ بۇنى قىياس قىلىش مۇمكىنمۇ!؟ بۇ يەردە بىز نىيە خارابىسىدىن قېزىۋېلىنغان تارىشا پۈتۈكتىكى «ئورمان قانۇنى» دا دېيىلگەن: «بىر تۈپ ئورماننى نابۇت قىلغانلار بىر تۈگە تۆلەم تۆلەيدۇ» دېگەن بايانلارنىڭ ۋەزنىدىن ئەينى دەۋر كىشىلىرىنىڭ ئورمانلارنى نەقەدەر ۋەيران قىلغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالايمىز، چۈنكى ھەرقانداق دەۋردە تۈزۈلگەن قانۇن شۇ دەۋرنىڭ ئىجتىمائىي ھالىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. قىسقىسى ئەينى دەۋردە كىشىلەر ئورمانلارنى بىر تۈپ ئورماننى بىر تۆگە بىلەن باراۋەر ئورۇندا كۆرۈش دەرىجىسىدە نابۇت قىلمىغان بولسا كېيىنكى قىسمەتلەر ئۇلارنىڭ بېشىغا كەلمەس ئىدى.

بۇ پاكىتلار بىزگە قۇم ئاپىتىنى ئورمانلارنىڭ نابۇت بولۇشى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئالدىنقى ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تەكلىماكاننىڭ خوتەن تەۋەلىكىدىكى بۆلىكىدە مەدەنىيەت يادىكارلىقىنى قېزىش پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان بىر ئارخېئولوگ، تەكلىماكاندىكى قۇم - بوران ئاپىتىنى بوستانلىقلارغا قاراپ يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان ئەجدىھاغا ئوخشاتقانىدى. ئۇ قۇم - بوران ئەجدىھاسى خوتەننى ئۈزاققا قالماي يۇتۇپ كېتىدۇ دەپ قارىغان. تولىمۇ ئەپسۇس، كېيىنكى يىللاردا بۇ يەردىكى ئەقىل - پاراسەتلىك، مېھنەت سۆيەر، پىداكار خەلق ئۆزلىرىنىڭ ئانا ماكانىنى قۇم ئەجدىھاسىغا تاشلاپ بەرمەستىن، بەلكى قۇملۇقتا يېشىل سېپىل پەرپا قىلىپ قۇم ئەجدىھاسىنىڭ ئالدىنى ئۇنۇملۇك توستى. بۇ كىشىنى نەقەدەر سۆيۈندۈرىدىغان جاسارەت- ھە!

يېشىللىق ھەققىدە گەپ ئېچىلغاندا دوقالىسىز يېشىل ماكان خوتەننىڭ ئالدى بىلەن تىلغا ئېلىنىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس، چۈنكى خوتەن بۈيۈك تەبىئەت بىلەن مېھنەتكەش خوتەنلىكلەرنىڭ دۇنيادىكى ئىككىنچى چوڭ چۆللۈك تەكلىماكاننىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدا بارلىققا كەلتۈرگەن يەككە مۆجىزىسىدۇر. مىڭىنچە ئەقىل - پاراستى ۋە ئەمگەك سۆيەرلىكى بىلەن چۆلنى بوستان قىلىشتا، چىدامچانلىقى ۋە ياخشى نىيەتلىكلىكى بىلەن ئەۋلادلارغا بەخت يارىتىشتا خوتەنلىكلەر ئالاھىدە ئورۇن تۇتسا كېرەك. دەرۋەقە خوتەنلىكلەر «قۇملۇقنىكى زۇمرەت» دەپ

تەرىپلىنىدىغان بۇ مۇقەددەس تۇپراقنى بوگۈنكىدەك ھەممىنى جەلپ قىلىدىغان، ھەممە ۋىسالىغا يېتىشكە تەلپۈنىدىغان، نېسىپ بولمىغانلار يىراقتا تۇرۇپ ھىجران ئازابى چېكىدىغان يېشىل ماكانغا ئايلاندۇرۇشتا كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان مۆجىزىلەرنى ياراتتى. ئۇلار زامانىۋىلىقتىن،ھەتتا ئادەتتىكى ئىنېرگىيە كۆچىدىن سۆز ئاچقىلى بولمايدىغان ئەينى دەۋردىلا ئۆزلىرىنىڭ بۇ خاسىيەتلىك ماكانغا بولغا بىلەن مىتىندا تاغلارنى تېشىپ سۇ باشلاپ كەلگەن.

نىيە ناھىيەسىدىكى «18 - ئاۋغۇست سۇ ئىنشائات تەشمىسى»، چىرا ناھىيەسىنىڭ بوستان يېزىسىدىكى« بوستان سۇ يول تەشمىسى»، خوتەنىدىكى «يېڭىئېرىق سۇ ئامبىرى»، كېرىيەدىكى «لەڭگەر سۇ ئامبىرى» (ئەينى ۋاقىتتىكى «شەرق قىزاردى سۇ ئامبىرى)،« توغراق سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسى»، گۇمىدىكى«ياپچان سۇ ئامبىرى»،«سانجۇ سۇ ئامبىرى»،«ئاق شو سۇ ئامبىرى» قاتارلىق 36 سۇ ئامبىرى، 20 نەچچە سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسىدا خوتەنلىكلەرنىڭ كارامىتى نامايان بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. يەنە ئادەم كۈچى بىلەن ئىنېرگىيە كۈچى بىرلەشتۈرۈلۈپ قۇرۇپ چىقىلغان «ئۇلۇغ ئاتا سۇ ئىنشائات تۈگۈنى قۇرۇلۇشى»خوتەننىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى ئابىدە خاراكتېرلىك قۇرۇلۇش بولۇپ قالدى.

يۇقىرىدا نامى تىلغا ئېلىنغان ۋە ئېلىنمىغان نەچچە ئون سۇ ئىنشائات تۈگۈنى قۇرۇلۇشلىرى دۇنيادىكى باشقا دېھقانلارنىڭ قولىدىن ئاسانلىقچە كەلمەيدىغان مۆجىزىلەردۇر. چۈنكى، باشقىلار تاش ھەم تاغلارنى تېشىدىغان، نەچچە گەز ئېگىزلىكتىكى تۇغانلارنى ياسايدىغان زور قۇرۇلۇشلارنى ئىنېرگىيە كۈچى ئارقىلىقلا روياپقا چىقارغان بولسا، خوتەنلىكلەر پەقەت ئۆزلىرىنىڭ ئەقىل - پاراستى بىلەن، ئىككى قولىغا تايىنىپ، پەقەت كەتمەن - تاغارلار بىلەن ئاشۇنداق كاتتا مۆجىزىلەرنى بارلىققا كەلتۈرگەن. مانا مۇشۇ ئۇلۇغۋار كۆرەشلەردە خوتەنلىكلەر ئۆزلىرىنىڭ ئۈستۈن ئەقىل - پاراستىنى، باشقىلاردا كەم تېپىلىدىغان قەيسەرلىكىنى تولۇق نامايان قىلدى. مانا مۇشۇ دەۋلەردە خوتەن دىيارى ئابدۇراخمان قۇربانغا ئوخشاش نەچچىلىگەن ئەلسۆيەر

ئوغلانلارنى تاۋلاپ بىر - بىرلەپ قاتارغا قوشتى.
شۇڭا، گۈزەللىكتە دۇنيادا پەقەت بىرلا خوتەن بولغىنىدەك، ئەجىر- مېھنىتى بىلەن ئانا ماكانىنى گۈللەندۈرۈشتە، يېشىللىق قۇرۇلۇشىنى ھاياتلىق قۇرۇلۇشى بىلەن تەڭ تۇتۇپ، چۆلنى بوستانغا ئايلاندۇرۇشتا خوتەنلىكلەرنى دۇنيادا يەككە دېسەك ھەرگىزمۇ مۇبالىغە بولمايدۇ. بىراق، دۇنيا ئېكولوگىيەسىنىڭ تەسىرى، بولۇپمۇ دۇنيادىكى ئىككىنچى چوڭ قۇملۇق تەكلىماكان چۆلىنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بىنەملەرنىڭ قۇملىشىش سۈرئىتى تېز بولۇۋاتىدۇ. تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن قارىغاندا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 85 ناھىيە، شەھەر ۋە 172 بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش تۈەن - مەيدانلىرى ئىچىدە 80 ناھىيە، شەھەر ۋە 90 نەچچە تۈەن - مەيداندا چۆللىشىش مەۋجۇت. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئورۇنلاردىكى ئۈچتىن ئىككى قىسىم يەر ۋە 12 مىليون كىشى چۆللىشىشنىڭ بىۋاستە زىيىنى ۋە تەھدىتىگە ئۇچرىماقتا. ھەر يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدا قۇم - بوران كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان بىۋاستە زىيان 3 مىليارد يۈەندىن ئارتۇق بولۇۋاتىدۇ. تەگلەپ كۆرسەك چۆللىشىش نۆۋەتتە ئاپتونوم رايونىمىزدىلا ئەمەس، پۈتۈن دۇنيا دۇچ كېلىۋاتقان زور خىرىستۇر.
بۇ يەردە شۇنىمۇ تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇكى، مۇبادا پۈتكۈل يەر شارى ئورماندىن ئايرىلىپ قالسا نۇرغۇن جايلاردا بوراننىڭ سۈرئىتى%80 ئېزلىشىپ، نەچچە مىليون ئادەم بوران ئاپىتىگە ئۇچرايدۇ. يەر شارىدىكى %70 تاتلىق سۇ دېڭىزغا ئېقىپ كېتىپ ئىنسانلار تاتلىق سۇ كىرىزىسىگە دۇچار بولىدۇ. كۆمۈر زاپىسى %70 ئازلايدۇ. ئۆسۈملۈكلەر ۋە جانلىقلارنىڭ ئوكسىگېن چىقىرىشى %67 كە چۈشۈپ قالىدۇ. ئاتموسفېرادىكى كاربون تۆت ئوكسىدى زور مىقداردا كۆپىيىپ، يەرشارىنىڭ تېمپېراتۇرىسى ئۆرلەپ كېتىدۇ. قۇرۇقلۇقتىكى جانلىقلارنىڭ %90 ى يوقىلىپ، 4 مىليون 500 مىڭ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ %90 ى قۇرغاقچىلىق ئاپىتىگە ئۇچرايدۇ. ھاۋانىڭ بۇلغىنىشى، شاۋقۇننىڭ كۆپىيىشى، سۇ مەنبەسىنىڭ بۇلغىنىشى، قۇياش رادىياتسىيەسىنىڭ كۆپىيىشى تۈپەيلىدىن ئىنسانىيەت ياشاشقا ئامالسىز قالىدۇ. قۇملۇقلار

كېڭىيش، سۇ، تۇپراق زور دەرىجىدە ئېقىپ كېتىش، كەلكۈن، لاتقا، شېغىل ئاپىتى ۋە تاغ گۈمۈرۈلۈش قاتارلىق ئېغىر تەبىئىي ئاپەتلەر يۈز بېرىدۇ. بۇ خىل رېئاللىق يېشىللىق قورۇلۇشىنى مەڭگۈ ئۈزۈپ قويماسلىقىمىزنى ھەر دائىم سەمىمىزگە سېلىپ تۇرىدۇ. جۇملىدىن خوتەنلىكلەر بۇ خىل رېئاللىق ئالدىدا ھەرگىزمۇ سۇكۇت قىلىپ تۇرمىدى، بەلكى يېشىللىق قورۇلۇشىنى داۋاملىق ئېلىپ بېرىپ ئانا ماكانىنى ھاياتلىق كاپالىتىگە ئىگە قىلدى.

مەلۇمكى خوتەنلىكلەر ئۆزىنىڭ دېڭىز بويلىرىدىنلا ئەمەس، ئاسىيانىڭ ئىچكى قۇرۇقلۇق بوستانلىقلىرىدىن يىراق بولۇشىغا قارىماي، يېشىللىقنىڭ قىممىتىنى بالدۇرلا بىلگەن، يەنى ئورمان تىكىش، باغ ئەھيا قىلىش ئەمگەكلىرى ئۇلارنىڭ ئەنئەنىسىگە ئايلانغان بولۇپ، ئۇلاردا ئەتىياز پەسلى كەلگەندە بىرنەچچە تۈپ بولسىمۇ كۆچەت تىكمىگەن ئادەم قاتارغا ئېلىنمايدۇ. خوتەنلىكلەرنىڭ ئۆي سېلىشتىن ئىلگىرى ئۆي سالىدىغان يەرنىڭ ئەتراپىغا كۆچەت تىكىدىغان ئادىتى مانا مۇشۇ ئەنئەنىنىڭ مەھسۇلىدۇر. بۇ يەردە شۇنىمۇ تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇكى، 600 كىلومېتىرغا يېقىن چېگراسى بىۋاستە تەكلىماكانغا تۇتىشىدىغان خوتەن ۋىلايىتى ئۆتكەن تارىخىدا يېشىللىق قورۇلۇشىنى بىرچەتكە قايرىپ قويغان بولسا، خوتەندىن ئىبارەت بۇ زۇمرەت ماكان ئاللىقاچان چەكسىز قۇم دېڭىزىنىڭ تېگىدە نامى ئەل ئارىسىدا يادلىنىدىغان ئەپسانىگە ئايلىنىپ كەتكەن بولاتتى.

ئەپسۇس، خوتەنلىكلەر بوش كەلمىدى. بۇ يەردىكى ھەر مىللەت خەلقى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەتلەرنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە مۇرىنى مۇرىگە تىرەپ كۈرەش قىلىپ، چۆل باغرىدا ئالەمشۇمۇل مۆجىزە بەرپا قىلدى. بۇ نەقەدەر زور كارامەت - ھە! يۇقىرىقى شانلىق نەتىجىلەردىن كۆرە، كىشىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە ئالاھىدە تارتىدىغان شانلىق سېلىشتۇرمىلار ئەل ئوغلى ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ سەمىگە خېلى بۇرۇنلا ئېنىق ئىدى. بەلكى، ئۇنىڭ دادىسى مەرھۇم مەتقۇربان ھاجى ئۇنىڭغا بۇ ھەقتە، يەنى ئورمان ئەھيا قىلىپ، قۇم ئاپىتىدىن ساقلىنىشنىڭ ئەھمىيىتى ھەققىدە كۆپ سۆزلەپ بېرەتتى. مەرھۇم ھەر

يىلى ھېچبولمىغاندا ئون نەچچە تۈپ بولسىمۇ ئورمان تىكمىگەن ئادەم ياخشى ئادەم ئەمەس، دەپ قارايتتى. شۇڭا، ئابدۇراخمان قۇربان ھەر يىلى ئەتىياز پەسلىدە مەرھۇم دادىسى مەتقۇربان ھاجى بىلەن ئۆيىنىڭ ئەتراپىدىكى بوش يەرلەرگە نەچچە ئون تۈپلەپ ھەرخىل ئورمان تىكىشنى ئادەتكە ئايلاندۇرغانىدى. بۇ خىل ئائىلىۋى مۇھىت ئابدۇراخمان قۇرباننى ئولتۇرسا - قوپسا يۇرتنى كۆكەرتىش، سۇ ۋە بىنەمنى قوغداش، ھەرقانداق ئىشنى مۇشۇ مۇھىم ئۆتكەلدىن باشلاش، كۆكۈل بولۇشتە ھەممىدىن ئاۋۋال مۇشۇ ئەھمىيەتلىك ئىشقا كۆڭۈل بۆلۈش ئادىتىنى يېتىلدۈرگەنىدى......

خوتەن ۋىلايىتىنىڭ شەرق ۋە شىمالىي تەرىپى تەكلىماكان قۇملۇقى بىلەن تۇتىشىدۇ، يەر شەكلى جەھەتتىن جەنۇپ تەرىپى ئېگىز، شىمال تەرىپى پەس بولۇپ، غەربتىن شەرققە يانتۇ كەلگەن، ئەتراپىنى ئېگىز تاغلار ئوراپ تۇرغاچقا تىنچ ئوكياننىڭ شەرقىي جەنۇبىدىن كېلىدىغان پەسىللىك نەم ھاۋا كىرەلمەيدۇ، كۆپ چىقىدىغان غەرب بورىنىنىڭ تەسىرىمۇ كۈچلۈك بولمايدۇ،كىلىماتى مۆتىدىل چۆل كىلىماتى بولۇپ، كۈن نۇرى ۋە ئىسسىقلىق بايلىقى مول، تېمپېراتۇرا ئۆزگىرىشى چوڭ، ھۆل - يېغىن ئاز، پارغا ئايلىنىش كۈچلۈك، چوڭ ئاتموسفېراسى ئىنتايىن قۇرغاق، قۇم - بوران مىقدارى ئىنتايىن يۇقىرىدۇر. شۇڭا، سۇ بۇ يەرنىڭ ئەڭ قىممەتلىك بايلىقى ھېسابلىنىدۇ. سۇ خوتەن ۋىلايىتىنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق قاتارلىق تۈۋرۈك كەسىپلىرىنىڭ تەرەققىيات ئىستىقبالىنى بەلگىلەپلا قالماستىن، بەلكى سانائەتنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىغىمۇ بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. قۇم - بوران ئاپىتىگە دېگۈدەك ئۇچراپ تۇرىدىغان خوتەن ۋىلايىتى ئۈچۈن ئېيتقاندا، سۇ بۇ يەردىكى خەلقنىڭ قۇم - بوران ئاپىتىدىن مۇداپىئە كۆرۈشى بىلەنمۇ زىچ مۇناسىۋەتلىك.

خوتەن ۋىلايىتىدە ئارىلاپ سۇ كېلىدىغان سەل (كەلكۈن) جىلغىسىدىن توققۇزى، تاغ بۇلاق جىلغىسىدىن ئۈچى بار، ۋىلايەت سىرتىدىن كېلىدىغان سۇ تەخمىنەن 50 مىليون كۇب مېتىر، ۋىلايەت بويىچە دەريا سىغىم مىقدارى 7 مىليارد 770 مىليون كۇب مېتىر،

ۋىلايەت بويىچە دەريا ئومۇمىي سىغىم مىقدارى 8 مىليارد 820 مىليون كۇب مېتىر، ۋىلايەت بويىچە 1 مىليارت 473 مىليون كۇب مېتىر سۇ سىرتقا چىقىپ كېتىدۇ. خوتەن ۋىلايىتىنىڭ يەر كۆلىمى 247 مىڭ 800 كىۋادرات كىلومېتىر، مۇشۇ كۆلەم بويىچە ھېسابلىغاندا ھەر يىلقى ئوتتۇرىچە ھۆل - يېغىن 127.4 مىللىمېتىر، ئوتتۇرىچە سىرغىم چوڭقۇرلۇقى 6.36 مېتىر بولۇپ، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيەسىدىن خېلىلا تۆۋەن تۇرىدۇ. تۈزلەڭ رايونلاردىكى قۇرغاقچىلىق كۆرسەتكۈچ سانى 20 دىن، ئەڭ كۆپ بولغاندا 90 دىن ئاشىدۇ.

دېمەك، خوتەن تىپىك قۇرغاقچىلىق رايونى ھېسابلىنىدۇ. پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە ئالغاندا خوتەن ۋىلايىتىدىكى سۇ بايلىقىنىڭ پايدىلىنىش سەۋىيەسى تۆۋەن بولۇپ، مەلۇم دەرىجىدە ئېچىش ۋە پايدىلىنىش يوشۇرۇن كۈچىگە ئىگە. خوتەن ۋىلايىتىدىكى بارلىق دەريالار قاراقۇرۇم تېغىدىن باشلىنىدۇ. ۋىلايەت بويىچە تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان تۈرلۈك ئېنېرگىيە بايلىقى ئىچىدە سۇ ئېنېرگىيە بايلىقى نىسپىي ئۈستۈنلۈككە ئىگە، يەر شەكلى، يەر سۈپىتى، ئۇكلۇنى شارائىتى ئوخشىمىغاچقا سۇ ئېنېرگىيە بايلىقىنىڭ جايلىشىشى چەكلىمىگە ئۇچراپ كەلگەن. ۋىلايەتتىكى ئېچىشقا بولىدىغان سۇ ئېنېرگىيە بايلىقى ئىچىدە تەخمىنەن 90% ى تاغلىق رايونىدا،9% ى تاغ ئالدىدىكى تىنىمىدا،1% ى تۈزلەڭدە، ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان خوتەن، قاراقاش، لوپ ناھىيەلىرى 358 مىڭ كىلوۋات ئېچىشقا بولىدىغان سۇ ئېلېكتىر ئېنېرگىيە بايلىقىغا ئىگە بولۇپ، پۈتۈن ۋىلايەت ئومۇمىي سۇ ئېلېكتىر مىقدارىنىڭ 77% نى تەشكىل قىلىدۇ. غەربكە جايلاشقان گۇما ناھىيەسىنىڭكى 7.8% نى، شەرقتىكى نىيە ناھىيەسىنىڭ 2.7% نى، كېرىيە بىلەن چىرا ناھىيەسىنىڭكى 12.5% نى تەشكىل قىلىدۇ. جۇغراپىيەلىك جايلىشىشىدىن ئالغاندا ئومۇمەن ئوتتۇرا قىسمىدا كۆپ، ئىككى تەرەپتە ئاز.

قەدىمكى خوتەن بوستانلىقى سۇغىرىش خاراكتېرىنى ئالغان يېزا ئىگىلىكىگە تەۋە بولۇپ، سۇ بوستانلىقنىڭ جېنى ئىدى، بىراق ھەر يەسلىدىكى سۇ مىقدارى پەقەتلا تەكشى ئەمەس،7 - ۋە 8 - ئايلاردا

سۇ يامراپ كېلىپ كەلكۈن ئاپىتى پەيدا قىلىدۇ. ئەتىيازدا ۋە قىشتا سۇ تارتىلىپ كېتىدۇ. مەسىلەن، خوتەنىدىكى ئاساسلىق دەريالارنىڭ بىرى بولغان يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ سۇ تارتىلىش پەسلىدە سۇ مىقدارى پۈتۈن يىللىق سۇ مىقدارىنىڭ 5% نى تەشكىل قىلىدۇ. بىرقانچە مىڭ يىللاردىن بۇيان خوتەنلىكلەر يۇقىرىقى تەتۈر تاناسىپلىق ھالەتكە بويسۇنۇپ ياشاپ كەلدى، يەنى ئۇلار سۇنى ئۆزلىرى ياشاۋاتقان ماكانغا باشلاپ كەلمەي، بەلكى سۇ بار يەرگە كۆچۈپ بېرىپ ياشاشقا مەجبۇر بولغانىدى. كېيىنكى يىللاردا خوتەنلىكلەر ئەقلىنى ئۇرغۇتۇپ سۇنى ئۆزلىرى ياشاۋاتقان ئىقلىمى ياخشى ماكانلارغا باشلاپ كېلىشكە باشلىدى. بۇنىڭ بىلەن ئىلگىرىكى قالاقلىق تەدرىجىي يېڭىلىققا ئورۇن بوشاتتى.

بىراق، خوتەننىڭ شىمالىي تەرىپىدە يېيىلىپ ياتقان تەكلىماكان قۇملۇقى دۇنياۋى ئېكولوگىيەنىڭ ئۆزگىرىشى تۈپەيلىدىن خوتەننىڭ بىنەم يەرلىرىنى قۇم ئاپىتى ئارقىلىق يالماشنى توختاتقىنى يوق. بۇ ھالدا خوتەنلىكلەرنىڭ قۇم - بورانغا قارشى كۈرەشنى ئاداققىچە داۋاملاشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭغا بىرلەشتۈرۈپ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ تەرەققىياتقا يۈزلىنىش ئۈچۈن ئەڭ ئاۋۋال سۇ ۋە بىنەملەرنى قوغداش ۋە كېڭەيتىش ھەل قىلغۇچ ئېغىزدۇر. ئەل ئوغلى ئابدۇراخمان قۇربان خوتەننىڭ يۇقىرىقى ئالاھىدىلىكىنى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە تولۇق ئىگىلىدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلەردە ئۇ ھەر ۋاقىت يېشىللىق قۇرۇلۇشنى ئادەتكە ئايلاندۇرۇشنى، ئۇنىڭغا بىرلەشتۈرۈپ سۇ ۋە بىنەم كۆپەيتىشنى ئاساسىي نىشان قىلىشنى تەۋسىيە قىلدى. ئۇ رەھبەرلىك جەھەتتىن تەۋسىيە قىلىپلا بولدى قىلماي، بەلكى ئۆزىنىڭ كۈندىلىك خىزمەتلىرىدە مۇشۇ ئاساسىي مەۋقەنى چىقىش قىلدى.

مەلۇمكى، خوتەن ۋىلايىتىدە ئاھالە ئولتۇراقلاشقان بوستانلىق كۆلىمى ئومۇمىي يەر كۆلەمىنىڭ ئاران 3.7 نى تەشكىل قىلىدۇ. مۇشۇ ئاز كۆلەمدىكى بوستانلىقمۇ قۇملۇق، چۆللۈك ھەم تاغلارنى پاسىل قىلىپ 200 دىن كۆپرەك بۆلەكلەرگە بۆلۈنۈپ كەتكەن. كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان تېرىلغۇ يەر ئاران بىرمو نەچچە پۇڭغا يېتىدۇ. خوتەنلىكلەر

مانا مۇشۇ ئازغىنە يەرگە تايىنىپ هايات كەچۈرىدۇ. يەنە مۇشۇ ئاز تېرىلغۇ يەرگە تايىنىپ قوشۇمچە ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. دېمەك، خوتەنلىكلەرنى زامانىنىڭ، ماكانىنىڭ تەلىپى بويىچە بېيىتىشتا ئاۋۋال يېزا ئىگىلىك، چارۋىچىلىق ۋە ئورمانچىلىقنىڭ ئورگانىك بىرلەشكەن هالدىكى يۈكسىلىشىنى روياپقا چىقارماي بولمايتتى. ئۇنىڭسىزمۇ ئابدۇراخمان قۇربان ئاپتونوم رايون بويىچە نامراتلىق نىسبىتى ئەڭ يۇقىرى بولۇۋاتقان خوتەن ۋىلايىتىدە خەلقنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشتا دېهقانچىلىق بىلەن چارۋىچىلىقنى يۈكسەلدۈرۈشنىڭ مۇهىملىقىنى ياخشى بىلەتتى. يەنە ئۇنىڭغا خوتەن ۋىلايىتىنىڭ سۇ مەسىلىسى تۈپتىن هەل قىلىنمىسا دېهقانلارنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئەمەس، تېخىمۇ مۇهىمى ئۆلارنىڭ تويۇنۇش مەسىلىسىنىمۇ هەل قىلغىلى بولمايدىغانلىقى ئېنىق ئىدى. ئىلگىرى ئۇ كېرىيە دەرياسى سۈيىنىڭ دېهقانچىلىققا كېرەك بولغاندا تارتىلىپ، سۇ دېهقانچىلىققا بىكېرەك بولغاندا كەلكۈن بولۇپ كېلىدىغان، هەتتا خەلقنىڭ هاياتىغا، مال ـ مۈلكىگە ئېغىر تەهدىت سالىدىغان تەتۈر تاناسىپلىق هالىتىنى ئۆزگەرتىش جەريانىدا بىر قىسىم ئىلمىي تەجرىبىلەرگە ئىگە بولغانىدى.

بۇ يەردە شۇنداق هۆكۈم قىلىشقا بولىدىكى، ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ كېرىيە دەرياسىنىڭ قانۇنىيەتلىك هالىتى ئۈستىدە چىقارغان ئىلمىي يەكۈنى ئەمەلىيەتتە خوتەن ۋىلايىتىدىكى 36 دەريانىڭ ئەمەلىيىتىگىمۇ ئۇيغۇن كېلەتتى. كونكرېت ئېيتقاندا، خوتەندىكى بۇ 36 دەريانىڭ كېرىيە دەرياسىغا ئوخشاش هەم قەهرى، هەم مېهرى بار ئىدى. ئۇنىڭ قەهرىنى يوقىتىپ، مېهرىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئەلۋەتتە تىزگىنلەش خاراكتېرلىك سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشىنى پىلانلىق، سىستېمىلىق ئېلىپ بېرىشقا، سۇ ئامبارلىرىنى ۋە نۇقتىلىق ئۆستەڭلەرنى سۇ سىڭمەسلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى بويىچە ئۆزگەرتىشكە توغرا كېلەتتى. مۇشۇنداق قىلغاندىلا خوتەن ۋىلايىتىدە سۇ كۆپەيتىش بىلەن، سۇ تېجەشنى بىرلەشتۈرۈش، بۇ ئارقىلىق دېهقانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە ئورمانچىلىقتىن ئىبارەت تۆۋرۈك كەسىپلەرنى كۆزلىگەن نىشان بويىچە تەرەققىي قىلدۇرۇش مەقسىتىگە يەتكىلى بولاتتى. ئابدۇراخمان

قۇربانىنىڭ بىر قوللۇق ئەجرى بىلەن كېيىنكى ئىشلار مۇشۇ تەرتىپ بويىچە داۋام قىلىپ، خوتەن ۋىلايىتىدىكى 36 دەريا ـ ئېقىننىڭ كەلكۈن مۇداپىئە نۇقتىلىرى ۋە سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشلىرى قەدەممۇ قەدەم ئۆزگەرتىپ چىقىلدى ياكى يېڭىدىن ياساپ چىقىلدى. بۇ نەتىجە يەنە ئۆز نۆۋىتىدە خوتەننىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتىنى قوغداشتا يەنە بىر شەرەپلىك نەتىجە بولۇپ قالدى.

ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ ۋىلايەتنىڭ سۇ كۆپەيتىش، تىوك ھەل قىلىش، تېرىلغۇ يەرلەرنى كۆپەيتىش تەسەۋۋۇرى ئەمەلىيلىشىپ رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ ئۆزى بىۋاستە يېتەكچىلىك قىلىشى نەتىجىسىدە بۇ تۇردىكى خىزمەتلەردە زور ئۇتۇقلار قولغا كەلتۈرۈلدى. ئۇنىڭ دەسلەپ خوتەننىڭ سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشىنى پىلانلىق ئېلىپ بېرىپ، سۇ كۆپەيتىش ئارقىلىق ئاخىرىدا تېرىم يەرنى كۆپەيتىش تەسەۋۋۇرىنىڭ توغرىلىقى ئۇزاققا قالماي ئىسپاتلىنىشقا باشلىدى. ۋىلايەت تەۋەسىدىكى بارلىق سۇ ئامبارلىرىنى يېڭىلاش ھەم سىڭمەسلەشتۈرۈش، بۇ ئارقىلىق كەلكۈن مەزگىلىدە سۇ قاچىلاش نىسبىتىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرۇش، ئېرىق ـ ئۆستەڭ ئاساسىي قۇرۇلۇشىنى ئۆلچەملەشتۈرۈش تەدبىرلىرى ئارقىلىق سۇ كۆپەيتىلگەندىن كېيىن ئاۋۋال ئالدىنقى باسقۇچلاردا ئېچىلىپ، كېيىن سۇ يېتىشمەسلىك سەۋەبىدىن تاشلىنىپ قالغان نەچچە ئون مىڭ مو بوز يەر قايتا تېرىمغا ئۆزگەرتىلدى ياكى يېڭىدىن ئېچىلدى. نىيە ناھىيەسىنىڭ ئەندىر، ئايتاغ، سالغۇزەك؛ كېرىيە ناھىيەسىنىڭ قازناق بوزيەر، باغقۇم؛ لوپ ناھىيەسىنىڭ سوغۇق قۇم، بەشتوغراق؛ خوتەن ناھىيەسىنىڭ يېڭىئاۋات، سېسىق ئوت، ئۇزۇن شور،چىگىلىك، قاغاتۇز؛ قاراقاش ناھىيەسىنىڭ يېڭىيەر، ياۋا، قاراساي؛ گۇما ناھىيەسىنىڭ كۆكتېرەك، پىيالما، موجا قاتارلىق 22 ئورۇندا 400 مىڭ مودىن يۇقىرى،11 ئورۇندا 10 مىڭ مودىن يۇقىرى بوز يەر ئېچىلىپ بىنەمگە ئۆزگەرتىلدى.

شۇنداق قىلىپ، ئىلگىرى بىر مەھەل زاۋاللىققا يۈز تۇتۇپ تاشلىنىپ قالغان بوز يەر ئېچىش مەيدانلىرىدا قايتا گۈللىنىش بارلىققا كەلدى. ئۇنىڭغا بىرلەشتۈرۈلۈپ پىلانلىق ھالدا ئىھاتە ئورمان بەلباغلىرى ئەھيا

قىلىنىپ قوْم تىزگىنلەش ھەقىقىي كاپالەتكە ئىگە بولدى، شۇنداقلا بۇ يەرلەر دېھقانلارغا بۆلۈپ بېرىلىپ، دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك، چارۋىچىلىق بىلەن كەڭ دائىرىدە شۇغۇللىنىپ بېيىش يوللىرى كېڭەيتىلدى. ئابدۇراخمان قۇربان خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ئوبيېكتىپ ئەمەلىيىتىگە ماس كېلىدىغان مۇشۇ يولدا توختاۋسىز ئالغا ئىلگىرىلەشنى تولىمۇ ئەھمىيەتلىك قەدەم دەپ بىلەتتى. بۇ ئۇنىڭ كېرىيەنى قۇرۇش جەريانىدا ھاسىل قىلغان يەنە بىر ئىلمىي تەجرىبىسى ئىدى.

دەرۋەقە 1986 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى بويىچە تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى جەنۇبىي شىنجاڭنى ئاساس قىلىپ قەشقەردە ئېچىلغانىدى. مانا مۇشۇ يىغىندا ئابدۇراخمان قۇرباننىڭ نامراتلارنى يۆلەش ھەققىدە بويىچە كېرىيە ناھىيەسىدە بولغان قويۇپ سىناق قىلغان بىر قاتار ئىلمىي تەجرىبىلىرى «ئىشلىگەننىڭ يۈزى يورۇق» دېگەندەك، رەھبەرلەرنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشكەنىدى. ئۆز نۆۋىتىدە بۇ ئىلمىي تەجرىبىلەر خوتەننىڭ قىياپىتىنى ئۆزگەرتىشتە ھېلىھەم ئۆز رولىنى جارى قىلدۇراتتى. مۇشۇ كۈنلەردە ئابدۇراخمان قۇرباننىڭ ئوي - خىيالىدا ھەم خاتىرىسىدە خوتەن ۋىلايىتىنىڭ مۇھىت ۋە كىلىمات ئالاھىدىلىكى، جۈملىدىن سۇ، تېرىلغۇ يەر، ئېنېرگىيە ھازىرلىقلىرىدىن باشقا، قۇملىشىش ۋە تەبىئىي ئاپەتلەر ھەققىدىكى مۇناسىۋەتلىك سان - سىپىرلار جەم ئىدى.

ئىلمىي قانۇنىيەت نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ھەرقانداق ئادەم ئۆزى قىلماقچى بولغان ئىشنىڭ ماھىيىتىنى ئېنىق بىلىشى كېرەك. مۇبادا يارامىلىق بىر ئادەمدە ئالەمچە غەيرەت - شىجائەت بار بولۇپ، قىلماقچى بولغان ئىشنىڭ ماھىيىتىگە قارىتا توغرا ھەم ئىلمىي قاراش، جۈملىدىن پىلان ۋە لاھىيە بولمىسا ئۇنىڭ كۈچى بىكارغا زايە بولۇپ كېتىدۇ. تارىختا بۇنداق مىساللار ناھايىتى كۆپ. ئىشنى قارىسىغا قىلىپ خەلقنىڭ نۇرغۇن كۈچىنى، مەبلىغىنى، ئەقلى - زېھنىنى نابۇت قىلىۋېتىش ھادىسىسى يىراقتا ئەمەس، تېخى 30 نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا ئاپەتلىك «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دەۋرىدە بولۇپ ئۆتكەن. ئۇ چاغلاردا تەلۋىلەرچە ئېلىپ بېرىلغان پىلانسىز ۋە مەۋقەسىز كۆرەشلەردە نابۇت

بولۇپ كەتكەن كۆچ ۋە مەبلەغلەرگە كىشىنىڭ ئىچى سىيرىلماي قالامدۇ!؟ ئابدۇراخمان قۇربان ئاشۇ ئىشلارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن، شۇنداقلا ئىچى سىيرىلغانلارنىڭ بىرى بولغاچقا ئەقلىنى ئىشلىتىپ ئىشلارنى ئىلمىي قانۇنىيەت بىلەن قىلىشقا كۆنۈك ئىدى. خوتەننىڭ كېيىنكى مەزگىللەردىكى يېزا ئىگىلىك، باغۋەنچىلىك ۋە چارۋىچىلىق ئىشلىرىنىڭ تېز ھەم سىجىل تەرەققىي قىلىشى دەل ئابدۇراخمان قۇربان ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش كىشىلەرنىڭ زېرەكلىكلىكىنىڭ ئىسپاتى ئىدى.

1998 ـ يىلى 8 ـ ئايدا خوتەن ۋىلايىتىدىكى 36 دەريا ـ ئېقىندا، بولۇپمۇ سەككىز ئاساسلىق دەرياغا بىراقلا سەل كەلدى. بۇنداق غەيرىي ئەھۋال خوتەننىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا ئاز كۆرۈلەتتى. كەلكۈن بۇرۇن ئاساسلىق دەريالارنىڭ ھەممىسىدە ئەمەس، پەقەت بىرقانچىسىدە كېلەتتى. بۇنىڭغا ھەر ھالدا تاقابىل تۇرغىلى بولاتتى. بۇ قېتىم «توققۇز قىزنىڭ تولغىقى بىر كۈندە تۇتۇپتۇ» دېگەندەك ھەممە دەريا مېھرىنى ئېلىپ قېلىپ، قەھرىنى قويۇۋەتكەندى. ئابدۇراخمان قۇربان كەلكۈن سۈيى گويا ئۇدۇل ئۆزىنىڭ ئائىلىسىگە بېسىپ كىرگەندەكلا جىددىيلەشتى. جىددىيلەشمەي بولاتتىمۇ!؟ كەلكۈن ئاپىتى تارىختىن بۇيان ئىنسانىيەتكە ئاز كۈلپەت سالدىمۇ؟ بولۇپمۇ بىلىنى ئەمدىلا رۇسلاۋاتقان خوتەنلىكلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا كەلكۈن ئاپىتى بەكمۇ قورقۇنچلۇق ئەمەسمۇ!؟ مۇبادا كىشىلەر بۇ ئىشتا سەللا بىخەستىلىك قىلسا ياكى ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا سەللا ئېغىرلىق قىلسا كۆرۈلىدىغان زىياننى مۆلچەرلىگىلى بولامدۇ؟ مۇشۇ تاپتا خوتەن ۋىلايىتىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا كەلكۈن ئېغىرىدىكى، مۇنداقچە ئېيتقاندا كەلكۈن بىۋاسىتە زىيان سالىدىغان ئورۇنلاردىكى دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ ھاياتى ۋە مال ـ مۈلكىنى قوغداشتىن مۇھىم ئىش بارمۇ!؟

ئابدۇراخمان قۇرباننىڭ يىرىم كېچىدە كەلكۈننىڭ خەۋىرىنى ئاڭلاپلا جىددىيلىشىشىنىڭ مانا مۇشۇنداق ئارقا كۆرۈنۈشى بار ئىدى. ئۇ دەرھال مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرنى كېچىلەپ يىغىپ جىددىي يىغىن ئاچتى. كېيىن ئۇلارنى ھەرقايسى ناھىيەلەرگە تەقسىم قىلغاندىن كېيىن

ئۆزى بىۋاستە ئالدىنقى سەپكە چاقماق تېزلىكىدە يېتىپ باردى- دە، كەلگۈن ئاپىتىگە تاقابىل تۇرۇش قوماندانلىق ئىشتابىدىكى يولداشلارغا يېتەكچىلىك قىلىپ كەلگۈن ئاپىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش جېڭىگە كىرىشىپ كەتتى. ئۇنىڭ بىۋاستە قوماندانلىقىدا خەلق بىردەك ھەرىكەتكە كېلىپ دەل ۋاقتىدا ئاپەتكە قارشى ئاتلاندى. ئۇ بىر تەرەپتىن كەلگۈن يامراپ كېلىۋاتقان مۇھىم نۇقتىلاردىكى خىزمەتلەرنى جىددىي ماسلاشتۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن ھەرقايسى ناھىيەلەردىكى، جۇملىدىن سەل كېلىۋاتقان سەككىز ئاساسلىق دەريانىڭ بويلىرىدىكى كەلگۈن ئاپىتى يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان قوشۇمچە نۇقتىلارنىڭ مۇداپىئە خىزمىتىنىمۇ ئەتراپلىق تەكشۈرۈپ ئورۇنلاشتۇردى. مۇشۇ مەزگىلدە ئائىلىسىگە ئون نەچچە كۈنگىچە قايتالمىدى. بالا - چاقىلىرى سورۇشتۇرغەن بولسىمۇ بىرنەچچە كۈنگىچە ئالاقىلىشالمىدى. دېمىسىمۇ ئۇ «ئۇھ»دەۋېلىشقىمۇ چولىسى يوق ھالدا خوتەن ۋىلايىتىدىكى ئاساسلىق دەريالارنىڭ باش ئېقىن بويلىرىدا كەلگۈن ئاپىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا قوماندانلىق قىلىۋاتاتتى. بۇ ھالدا بالا - چاقىلىرىغا ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى مەلۇم قىلىشقا ھەپىلىسى يوق ئىدى. شۇنچىلىك غەنىمەت پۇرسەتنىمۇ خەلق جىددىي كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مۇھىم ئىشقا سەرپ قىلىۋاتاتتى. ئاخىر ئۇنىڭ ئاق كۆڭۈل ئايالى تۇرسۇنخانىم بىرنەچچە كۈندىن بېرى باش ئېقىندىكى كەلگۈن مۇداپىئە نۇقتىلىرىدا ئاپەتكە قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت ئەڭ مۇھىم ئىشقا قوماندانلىق قىلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ كۆڭلى ئارامىغا چۈشتى ۋە بالىلارغا دادىسىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى چۈشەندۈردى.

شۇ يىلقى كەلگۈن جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بەزى ۋىلايەتلەردە ئاپەت پەيدا قىلىپ بىرقىسىم يېزا - كەنتلەرنى ۋەيران قىلغانىدى. لېكىن، خوتەن ۋىلايىتىدە ئالدىنى ئېلىش ۋە تاقابىل تۇرۇش خىزمىتى ئەتراپلىق، پۇختا ئىشلەنگەچكە، زىيان ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرۈلدى، شۇنداقلا خەلقنىڭ ھاياتى ۋە جانجان مەنپەئەتى ساقلاپ قېلىندى. ئەجىر ئەزىم بولۇپ ئاخىرىدا بۇ قېتىمقى زور كەلگۈن ئاپىتىنىڭ ئالدى ئۇنۇملۈك ئېلىندى. خەلقنىڭ ھاياتىنى ۋە مال - مۈلكىنى يالماپ

كەتكۈدەك ئەلپازدا كەلگەن كەلكۈن خوتەن خەلقىنىڭ بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە كۈرەش قىلىشى بىلەن پەسكويغا چۈشتى.

بۇ قېتىمقى كەلكۈن ئاپىتىگە قارشى جەڭ غەلىبىلىك ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئابدۇراخمان قۇربان ئادىتى بويىچە يەنە بىر مۇھىم ئىشقا تۇتۇش قىلدى. ئۇ ھەر قېتىملىق كۈرەشتىن كېيىن ھاسىل قىلغان ئىلمىي تەجرىبىلەرنى، مەۋجۇت بولغان ئوبيېكتىپ مەسىلىلەرنى يەكۈنلەشنى چىڭ تۇتتى. بۇ قېتىممۇ شۇنداق بولدى، بەلكى ئىلگىرىكى ھەرقانداق قېتىمقىدىن ئىنچىكە ھەم تەپسىلىي، ئەمەلىي بولدى. چۈنكى خەلقنىڭ ھاياتىغا، مال - مۈلكىگە تاقىلىدىغان ئىشنىڭ ئىلمىي تەجرىبىسى مۇشۇنداق ئىنچىكە، تەپسىلىي بولۇشى كېرەك ئىدى. ساقلانغان مەسىلىلەر تولۇق تېپىپ چىقىلىپ ساۋاقلار يەكۈنلەنسە، بۇنىڭدىن كېيىنكى خەتەرنىڭ ئاپەتنىڭ ئالدىنى تولۇق ئېلىشقا پايدىسى تېگەتتى!

دەرۋەقە بۇ قېتىمقى كەلكۈن ئاپىتىگە قارشى جەڭدىن كېيىن ئۇ سۇ ئىنشائات تۈگۈنلىرىدىكى بىر قىسىم ئوبيېكتىپ مەسىلىلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئېنىقلاپ چىقتى، يەنى ھازىر ئىلگىرى قۇرۇلغان بىرقىسىم كەلكۈن مۇداپىئە نۇقتىلىرى كونىرىغان، بۇزۇلغان. بىر قىسمىنىڭ رولى تولۇق جارى بولمىغان، بىر قىسىم دەريالارنىڭ قىسمەن ھالدا ئېقىن يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىشى سەۋەبلىك بەزى نۇقتىلارنىڭ رولى تامامەن تۈگىگەنىدى. تېخىمۇ مۇھىم بولغىنى بۇ قېتىمقى جەڭدە بايقالغان يېڭى نۇقتىلار بولۇپ، بۇ يېڭى نۇقتىلاردا دەرھال كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش دامبىسى قۇرۇش كېرەك ئىدى. شۇڭا، ئۇ مۇتەخەسسىسلەرنى تەشكىللەپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، ئەمەلىي تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش ئارقىلىق ئاخىرى خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ئۇزاق مەزگىللىك سىناقلاردىن ئۆتەلەيدىغان كەلكۈن مۇداپىئە نۇقتىلىرىنى قۇرۇش پىلانىنى تۈزۈپ چىقتى. بۇ پىلان مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەرنىڭ قىزغىن قوللىشى بىلەن باسقۇچلۇق يولغا قويۇلۇپ خوتەننىڭ سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشىدا يەنە بىر نامايەندە بولۇپ قالدى. مۇشۇ كۈرەشچان يىللاردا بارلىقىنى خوتەننىڭ سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىشقا

بېغىشلىغان سان - ساناقسىز ئوت يۈرەك ئەزىمەتلەر مەيدانغا كەلدى. جاپالىق ئەمگەك ئۇلارنى تاۋلىدى. بىز ئۇلارنى ئىپتىخار بىلەن ئەسلىسەك سۆيۈنمەي، ھاياجانلانماي تۇرالمايمىز.

خوتەننىڭ سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشىدا يەنە بىر نامايەندە «ئۇلۇغ ئاتا سۇ ئىنشائات توگۈن قۇرۇلۇشى» دۇر. ئۇ خوتەننىڭ ھازىرقى زامان تارىخىدىكى ئابىدە خاراكتېرلىك قۇرۇلۇش ھېسابلىنىدۇ. نۆۋەتتە كېرىيەنىڭ ئاتچان يېزىسىدا «بەخت ئاتا سۇ ئىنشائات توگۈنى»مۇ جىددىي ئىشلىنىۋاتىدۇ. مانا مۇشۇ زور قۇرۇلۇشلارغىمۇ ئەل ئوغلى ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ بىر كىشىلىك تۆھپىسى قوشۇلدى. ئۆتكەن يىللاردا ئۇنىڭ قەدەم ئىزلىرى يۇقىرىدا نامى تىلغا ئېلىنغان ۋە ئېلىنمىغان نەچچە ئون سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشلىرىغا بېسىلدى. مۇشۇ جەريانىدا خوتەنلىكلەر ئاچارچىلىققا، ھېرىپ - چارچاشقا، تومۇز ئىسسىقتىكى كۆيدۈرگۈچ ئاپتاپقا، قەھرىتان قىشتىكى جۇدۇنلۇق شىۋىرغانغا پەقەت ۋە پەقەت ئۆزىدىكى ئاجايىپ چىدامچانلىق، سەۋر - تاقەتلىك، ئۈمىدۋارلىق روھىغىلا تايىنىپ تاقابىل تۇرغان. مانا مۇشۇ ئۇلۇغۋار كۈرەشلەردە ئابدۇراخمان قۇربانغا ئوخشاش يۇرت ئوغلانلىرى دېھقانلار بىلەن بىرلىكتە ئۆزلىرىنىڭ ئۈستۈن ئەقىل - پاراستىنى، باشقىلاردا كەم تېپىلىدىغان قەيسەرلىكىنى تولۇق نامايان قىلدى.

سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشى خوتەندىكى كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان ھەر بىر ئۆزگىرىشنىڭ ئانىسى. خوتەندە سۇ كۆپەيگەندىن كېيىن سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىلىرى ئارقا - ئارقىدىن قۇرۇلۇپ ئېنېرگىيە مەسىلىسىمۇ تەدرىجىي ھەل بولۇشقا باشلىدى. ئابدۇراخمان قۇربان ئەينى يىللىرى كېرىيەدىكى توغراق سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسىنىڭ توكىنى ئەجدادىدىن باشلاپ قارا چىراغنىڭ يورۇقىدا ياشاپ كەلگەن كېرىيەلىكلەرنىڭ ئائىلىلىرىگە يەتكۈزۈشتىن ئىبارەت ئەڭ ئەھمىيەتلىك ئىشقا ئۆزى بىۋاستە ئەجىر كۆرسەتكەنگە ئوخشاشلا ئىككىنچى باسقۇچتا يەنە بىۋاستە مەسئۇل بولۇپ دۆلەتتىن 800 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ ھەل قىلىپ خوتەن ۋىلايىتىدىكى ئاساسلىق كەنتلەرگە توك يەتكۈزۈش ئارقىلىق دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ كىرسىن چىراغ يېقىش تارىخىغا

خاتىمە بېرىش ۋە ئاساسلىق يېزا - كەنتلەردىكى ئېلېكتىر تورىنى قايتا ئۆزگەرتىپ يېڭىلاش قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت كاتتا ئىشقا ئاتلاندى. بۇ يولدىكى خىزمەتلەرمۇ ئەلنىڭ راھىغا ياققاچقا خەيرلىك بولدى.

ئېلېكتىر تورى ئۆزگەرتىلىشىنىڭ ئالدىدا خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ئېلېكتىر ئېنېرگىيە ئىشلىرى تولىمۇ تۆۋەن سەۋىيەدە ئىدى. توك بىلەن تەمىنلەش نورمىلىق بولۇپ، بىرقىسىملار بۇ يورۇقلۇقتىن بەھرىمەن بولالمىغانىدى. توكنىڭ باھاسىمۇ ھەددىدىن ئارتۇق يۇقىرى ئىدى، بولۇپمۇ چەت يېزىلاردىكى دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ توكقا بولغان ئېھتىياجى باشقا ھەرقانداق ئېھتىياجدىن يۇقىرى ئىدى. بەزى كەنتلەردە دۇنيا تەرەققىي قىلىۋاتقان مۇشۇ باسقۇچتىمۇ توكنىڭ قۇدرىتىنى كۆرۈپمۇ باقمىغان كىشىلەر تېخىچە بار ئىدى. بۇ مەزگىلدە توكقا بولغان ئېھتىياج باشقىلاردىن كۆرە، يامغۇردىن كېيىنكى باھار مايسىلىرىدەك يېڭىدىن قۇرۇلۇۋاتقان يېزا - بازار كارخانىلىرىدا ھەممىدىن ئۈستۈن ئىدى. چۈنكى، توك بولمىسا كارخانىنىڭ ھاياتىي كۈچى بولمايتتى. قىسقىسى، توك خوتەننىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشتىكىلا ئەمەس، مۇھىمى خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشتىكى ئەڭ مۇھىم ۋاستە ئىدى.

ئىلگىرى خوتەننىڭ توك تورى كىچىك دائىرىدە تورلاشقان بولۇپ، نۆۋەتتىكى تەرەققىياتنىڭ تەلىپىگە ماسلىشالمايتتى. ئۈنۈمسىزمۇ ھازىرغىچە تورلاشمىغان، مۇنداقچە ئېيتقاندا ھازىرغىچە توك ئەسلىھەلىرى ئۆلچەمسىز، خەتەرلىك ھالەتتە تۇرۇۋاتقان ئورۇنلارمۇ كۆپ ئىدى. ئەسلىھەلەرنىڭ كونىلىقى، ئۆلچەمسىزلىكى تۈپەيلىدىن ھادىسە كۆرۈلۈش نىسبىتىمۇ يۇقىرى ئىدى. ئابدۇراخمان قۇربان مۇشۇ ئوبيېكتىپ مەسىلىگە قارىتا كۆڭۈلدە سان تۇرغۇزۇپ، خوتەننىڭ توك تورىنى دۆلەتنىڭ بېكىتكەن ئۆلچىمى بويىچە تورلاشتۇرۇش، يېزا - كەنت سىم يوللىرىنى ئۆزگەرتىپ چىقىش، ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى يېڭىلاش ۋە تولۇقلاش قۇرۇلۇشىغا تولۇق ئەھمىيەت بەردى، بولۇپمۇ يىراق، چەت تاغلىق يېزىلارنىڭ توكقا بولغان ھاجىتىنى قاندۇرۇشنى تۈرتقا قىلغان ھالدا پۈتۈن ۋىلايەتنىڭ توك ئېنېرگىيە تورىنى زاماننىڭ تەلىپى بويىچە

ئۆزگەرتىش ۋە تولۇقلاشقا بىۋاستە ئەجىر قىلدى. ۋىلايىتىمىزنىڭ ئىلىكتىر - ئېنېرگىيە ساھەسىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە جاپالىق ئىشلىشى ئارقىلىق خوتەن ۋىلايىتىنىڭ توك تورى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئۆزگەرتىلىپ، ئاخىردا پۈتۈن ئاپتونوم رايون بىلەن تورلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت مۇھىم پىلان غەلىبىلىك ئورۇنلاندى. مۇشۇ ئەھمىيەتلىك قۇرۇلۇشنى ئىلىپ بېرىش جەريانىدا ئابدۇراخمان قۇربان تېخنىك خادىملار بىلەن خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ئاساسلىق يېزا- كەنتلىرىنى بىر - بىرلەپ ئارىلاپ چىقتى. نۇرغۇن قىيىن مەسىلىلەرنى ماسلاشتۇرۇپ ھەل قىلدى. قىسقىسى، ئۇنىڭ ئىزى قانچىلىغان توپىلىق يوللاردا، ئېدىرلىقلاردا، تۆپىلىكلەردە، سازلىق ھەم جىرالاردا قالدى......

× × ×

كىشىلەرنىڭ ھېلىمۇ ئېسىدە بار، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ئىچىملىك سۇ مەسىلىسى يەرلىكتىن باشلاپ، مەركەزگىچە بولغان رەھبەرلەرنىڭ دىققىتىنى ئالاھىدە تارتقان. ئۆز ۋاقتىدىلا مەملىكەتلىك خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ سابىق رەئىسى لى رۇيخۇەن خوتەنگە كەلگەندە خوتەن خەلقىنىڭ ئىچىملىك سۇ مەسىلىسىنىڭ ھازىرغىچە قىيىن ھالدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۆز يېنىدىن پۇل ئىئانە قىلىش ئارقىلىق ھەرقايسى ساھەلەرنىڭ خوتەننىڭ ئىچىملىك سۇ مەسىلىسىنى تېزدىن ھەل قىلىشتىكى تەشەببۇسكارلىقىنى قوزغىغانىدى. ئەمەلىيەتتىمۇ بۇ مەزگىلدە خوتەنلىكلەر ئاساسەن «قۇرتلاپ كەتكەن» كۆللەردىن سۇ ئىچەتتى. سۇنىڭ بۇلغىنىشى، مىكروبلىنىش نىسبىتى يۇقىرى ئىدى. گەرچە بۇ مەزگىللەردە خەلقنىڭ يۇقۇملۇق كېسەللىكلەردىن مۇداپىئە كۆرۈش ئېڭى ئۆستۈرۈلگەن بولسىمۇ، بىراق ئۇلار كۆندە ئىستېمال قىلىۋاتقان سۇنىڭ ساپلىقىغا ھۆددە قىلغىلى بولمىغاچقا، ئاخىرقى ھېسابتا يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ تارقىلىشىنى ئۈنۈملۈك كونترول

قىلغىلى بولمايتتى.

دېمەك، خوتەنلىكلەر ئۈچۈن ئەينى ۋاقىتتىكى يەنە بىر مۇھىم ئىش يولداش لى رۇيخۇەن ئوتتۇرىغا قويغاندەك: دەرھال خەلقنىڭ ئىچمىلىك سۈيىنى ياخشىلاش قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بېرىش ئىدى. بۇ ئىشنى ئەمدى كېچىكتۈرۈشكە بولمايتتى. «تەلەيلىككە ياخشى ئىش ئۇچرايدۇ» دېگەندەك ئابدۇراخمان قۇربان خىزمەت تەقسىماتى بويىچە يەنە مۇشۇ ئەھمىيەتلىك خىزمەتكە بىۋاستە مەسئۇل بولۇپ ئەجىر كۆرسەتتى. دەرۋەقە خوتەن ۋىلايىتىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىچمە- لىك سۈيىنى ياخشىلاش قۇرۇلۇشى زور داغدۇغا بىلەن ئېلىپ بېرىلدى. بۇنىڭغا ئەلۋەتتە مەركەز ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ بىۋاستە كۆڭۈل بۆلۈشى، يەرلىكنىڭ تولۇق ھەرىكەتكە كېلىشى تۈرتكىلىك رول ئوينىغانىدى.

يىراق، تارىختىن باشلاپ خوتەندە خەلقنىڭ ئىچمىلىك سۈيى تەبىئىي كۆل ۋە كەنت - مەھەللىلەردە پىلانلىق قېزىلغان كىچىك كۆللەرگە دەريا سۈيىنى قاچىلاش ئارقىلىق ھەل قىلىنىپ كەلگەن. بىرقىسىم ئورۇنلاردا قۇدۇق كولانغان بولسىمۇ، ئۇ ئېھتىياجنى قامداشتىن يىراق ئىدى. بىزدە ئادەملەر بىلەن چارۋىلار تەبىئىي كۆللەردىن باشقا، كەنت - مەھەللىدىكى كىچىك كۆللەردىنمۇ بىللە سۇ ئىستېمال قىلىش ئادىتى يىراق تارىختىن باشلاپ داۋام قىلىپ كەلگەن. بۇ يامان ئادەتنىڭ شۇنچە ئۇزاق داۋام قىلىشىمۇ خوتەندە كىشىلەرنىڭ ئىچمىلىك سۈنى ياخشىلاشقا بولغان تونۇشىنىڭ تۆۋەنلىكىدىن باشقا مۇھىمى ئىقتىسادنىڭ يار بەرمەسلىكىدىن ئىدى. بۇ قېتىم تونۇش مەركەز بىلەن بىردەك، ئىقتىساد يېتەرلىك ھەل بولغان ئەھۋالدا بىۋاستە خەلققە نەپ يەتكۈزىدىغان بۇ ئەھمىيەتلىك خىزمەتنى چوقۇم تەلەپكە لايىق ئورۇنلاش، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ۋاقتى بىلەن سۈپىتىگە چوقۇم ھەقىقىي تۈردە كاپالەتلىك قىلىش زۆرۈر ئىدى.

ئابدۇراخمان قۇربان خوتەن خەلقىنىڭ ئىچمىلىك سۈيىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى باشلانغاندىن تارتىپ مەۋقەسىنى يۇقىرىقى قاراش بىلەن مۇستەھكەملەپ، ئىشلەش بىلەن تەشۋىقاتنى بىللە ئېلىپ باردى،

يەنى بىر تەرەپتىن بۇ مۇھىم قۇرۇلۇشنىڭ سۇپەتلىك ياخشى ئىشلىنىشىگە يۇقىرى تەلەپ قويۇش بىلەن بەند بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن مۇناسىۋەتلىك تارماقلار بىلەن تېخنىك خادىملارنى تەشكىللەپ سۇ تەقسىملەش ئورۇنلىرىنى قۇرۇپ چىقىپ، قائىدە- تۈزۈملەرنى تۈزۈپ خەلقنىڭ پاكىز سۇ ئىچىشىگە كاپالەتلىك قىلىشنى چىڭ تۇتتى، شۇنداقلا يەرلىك بىلەن كەڭ خەلق ئاممىسىغا بولغان تەشۋىق - تەربىيەنى كۈچەيتتى. نەگە بارسا خەلققە ئىچىملىك سۇنى ئۆزگەرتىش- نىڭ تارىخىي ئەھمىيىتىنى تەپسىلىي چۈشەندۈردى. بۇنىڭ بىلەن ئاممىنىڭ تەشەببۇسكارلىقى ئاشۇرۇلۇپ قۇرۇلۇشنىڭ ۋاقتىدا، سۈپەتلىك تاماملىنىشىغا تولۇق كاپالەتلىك قىلىندى.

بۇ ئىشتا كىشىنى ھەقىقىي سۆيۈندۈرىدىغىنى شۇ بولدىكى، پاكىز تۇرۇبا سۈيى كىشىلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان شەھەر، بازارلاردىن تارتىپ، كىشىلەر شالاڭ ئولتۇراقلاشقان چەت سەھرالارغىچە يەتكۈزۈلدى. پاكىز دەريا سۈيى تۇرۇبا ئارقىلىق خوتەن ۋىلايىتىدىكى كەڭ دېھقان- چارۋىچىلارنىڭ ئۆيلىرىگە يېتىپ كەلگەندە ئۇزاقتىن بۇيان كۆلنىڭ بۇلغانغان سۈيىنى ئىچىپ كېلىۋاتقان خوتەنلىكلەر شادلىقىنى ئىچىگە سىغدۇرالماي قېلىشتى...... شۇ تاپتا شادلىقنى ئىچىگە سىغدۇرالماي قالغانلارنىڭ ئىچىدە ئابدۇراخمان قۇربان تېخىمۇ ئالاھىدە ئىدى. چۈنكى، تۇرۇبا سۈيى ئۇ ئۆمرىدە شادلاندۇرۇشنى ئارمان قىلىپلا كېلىۋاتقان دېھقان- چارۋىچىلارنى ھەقىقىي يوسۇندا شادلاندۇر- غانىدى......

## موھتاجلىقتىن قۇتۇلۇش يولىدا

بىر كىتابتا، ياپونىيەلىك سوڭ شىيا جىڭشۇ («Sungxia») شىركىتىنىڭ باش لىدىرى) «نامراتلىق جىنايەت» دەپ يېزىپتۇ، بۇ گەپ دەماللىققا كۆپ كىشىنىڭ ئىدىيەسىدىن ئۆتمەسلىكى مۇمكىن، جۈملىدىن

مەنمۇ باشتا بۇ قاراشقا قوشۇلمىغانىدىم. كېيىن چوڭقۇرلاپ تەھلىل قىلغانىدىن كېيىن، ئۇنىڭ تۇرمۇشتا خېلى ئاساسى بار يەكۈن ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. دەرۋەقە ئىنسانلارنىڭ ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن نامرات ھالدا قېلىشى ئۇلارنى نۇرغۇنلىغان كۈلپەتلەرگە، موھتاجلىقلارغا، ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ ئادىمىيلىك قىممىتىنى نامايان قىلالمايدىغان بۇرۇقتۇرمىلىققا مەھكۇم قىلىدۇ. بۇ دۇنيادا كىشىنىڭ قەلبىنى ئازاب تىغىدا تىلغايدىغان قانچىلىغان ئوڭۇشسىزلىق، قانچىلىغان ھەسرەت - نادامەتلەردە ئاشۇ نامراتلىقنىڭ كاساپىتى بولىدۇ. دېمەك، ھەرقانداق ئادەم ئۆزۈمنىڭ ئادىمىيلىك قىممىتىمنى نامايان قىلىمەن دەيدىكەن، ئۇ ئاۋۋال ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ئىقتىسادىي شارائىتىنى ياخشىلىشى كېرەك. ئىقتىسادىي شارائىت ياخشىلانغاندىن كېيىنلا ئادەم باشقا ئىشلارغا بىمالال يۈرۈش قىلالايدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئادەملەرنىڭ نامرات ھالدا قېلىشى ئەلۋەتتە ئۆزىنىڭ جىسمى ئالدىدا ئېغىر جىنايەت بولىدۇ. جۈملىدىن خوتەننىڭ قىياپىتىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىشتە ئاۋۋال خوتەن دېھقانلىرىنى نامراتلىق پاتقىقىدىن قۇتقۇزۇشقا توغرا كېلىدۇ. دېمىسىمۇ پۈتى پاتقاقتا تۇرغان كىشىلەردىن نېمىلەرنى كۈتكىلى بولىدۇ!؟

ئابدۇراخمان قۇربان ئانا يۇرتى كېرىيەدىن خوتەنگە يۆتكىلىپ كېلىپ ئۆتكۈزگەن ئەھمىيەتلىك يىللاردا ئۆزىنىڭ خەلقچىللىقىنى، جۈملىدىن دېھقان- چارۋىچىلارنىڭ غەمگۇزارى بولۇشتەك خاسلىقىنى تېخىمۇ ۋايىغا يەتكۈزدى. خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش باھار شامىلىغا تايىنىپ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش قەدىمىدە تارىخىي خاراكتېرلىك ئۆتۈۋقلار قولغا كەلگەن بۇ ئالاھىدە دەۋردە، خوتەن خەلقىنى نامراتلىقتىن قۇتقۇزۇش قورسىقى توق، كىيىمى پۈتۈن قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنى قەدەممۇقەدەم ھاللىق سەۋىيەگە يەتكۈزۈشتىن ئىبارەت ئەڭ شەرەپلىك خىزمەتلەرنىڭ بىرسى ئىدى. مۇشۇ يىللاردا، يەنى 90 - يىللاردا خوتەن خەلقىنىڭ ئاتمىش پىرسەنتىدىن كۆپرەكى نامرات ئىدى. ھەر خىل ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن خەلقنىڭ تۇرمۇشى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئەڭ تۆۋەن سەۋىيەسىدە تۇرۇۋاتقان،

مۇنداقچە ئېيتقاندا تېخىچە نامراتلىقتىن قۇتۇلمىغان، ئومۇمىي خەلقنىڭ ئارىسىدا قورسىقى توق، كىيىمى پۈتۈن بولمىغانلارنىڭ نىسبىتى ئاپتونوم رايونىمىزدىكىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ باشقا ھەرقانداق جايىدىكى نامراتلار نىسبىتىدىن كۆرۈنەرلىك يۇقىرى بولۇۋاتقان خوتەن ۋىلايىتىدە نامراتلارنى يۆلەش ھەم ئۇلارنىڭ جىددىي قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش ئۇنچىمۇ ئاسان ئىش ئەمەس ئىدى. دېمىسىمۇ بۇ مەزگىلدە خوتەن ۋىلايىتىدىكى ئەڭ ئاساسلىق خىزمەت خەلقنى نامراتلىقنىڭ ئىبلىس چاڭگىلىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاش ئىدى. باشقا تۈرلۈك خىزمەتلەر، چارە - تەدبىرلەر تاغدىن تارام بولۇپ چۈشكەن سۇ ئاخىردا سۇ ئامباردا جەم بولغاندەك مانا مۇشۇ بىرلا ئۆتكەلگە، يەنى خوتەن دېھقانلىرىنى نامراتلىقتىن قۇتقۇزۇپ باياشات تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرۈشتىن ئىبارەت بىرلا مەقسەتكە جەملىنەتتى.

ئەلۋەتتە بۇ شەرەپلىك خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىدىغانلاردا بارلىقىنى خەلق ئۈچۈن تەسەددۇق قىلىدىغان، جاپادا ئالدىدا، راھەتتە كەينىدە تۇرىدىغان، ئۆزىنىڭ بەختىنى باشقىلارنىڭ بەختى ئۈچۈن قۇربان قىلىدىغان، باشقىلارغا مېھىر - شەپقەت يەتكۈزۈشنى ئۇلۇغ ئارمان قىلىدىغان ئىنسانلىق روھىلا بولسا كۇپايە قىلماتتى. مۇھىمى ئۇنىڭدا خەلقىمىزنىڭ ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرىدىغان مىللىي ئەنئەنىسى، قولىدىكى ئاز مەبلەغكە تايىنىپ كۆپ ئۈنۈم يارىتىدىغان ئىجادچانلىق روھى بولمىسا زادى بولمايتتى. ئابدۇراخمان قۇربان مۇشۇ مەزگىلدە خوتەن ۋىلايىتىنىڭ سۇ ئېلېكتىر ۋە نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىگە كونكرېت مەسئۇل بولۇپ ئىشلىدى. ئۇ ئىلگىرى كېرىيەدىكى ۋاقتىدا كېرىيەنىڭ نامراتلىق قالپىقىنى چۈرۈۋېتىشتەك شانلىق يۈرۈشلەردە بىرقىسىم ئىلمىي تەجرىبىلەرنى ئىجادىي ھالدا يولغا قويۇپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغانىدى. جۈملىدىن ئاز مەبلەغ ئارقىلىق كۆپ ئۈنۈم ھاسىل قىلىش، خەلقنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش روھىنى ھەقىقىي يوسۇندا قوزغىتىش، باغۋەنچىلىك، ئالاھىدە تېرىقچىلىقنى يولغا قويۇپ، باقمىچىلىق ۋە ھويلا - ئاران ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە مىللىي قول ھۈنەرۋەنچىلىكنى ئاساس قىلغان ئىقتىسادىي گەۋدىلەر

ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش سالمىقىنى ئاشۇرۇش قاتارلىق ئىجادىي ئۇسۇللارنىڭ ئۈنۈمى ناھايىتى زور بولغانىدى. بۇ ئۇسۇللار خوتەن ۋىلايىتىنىڭ باشقا ناھىيە، شەھەرلىرىگە ئەلۋەتتە ماس كېلەتتى.

ئەمەلىيەتتە خوتەن ۋىلايىتىنىڭ بۇ مەزگىلدىكى خىزمەتلىرى بىر - بىرى بىلەن زەنجىرسىمان باغلانغانىدى، يەنى سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشى ۋىلايەتنىڭ يېزا ئىگىلىك، چارۋىچىلىق قاتارلىق مۇھىم ئىگىلىكىنىڭ ئاساسى بولۇپ، ئۇ تەرەققىي قىلمىسا خوتەننىڭ ئومۇمىي تەرەققىياتىدىن گەپ ئاچقىلى بولمايتتى. دەرۋەقە ئابدۇراخمان قۇربانغا خوتەننىڭ بۇ ئالاھىدىلىكى بەش بارماقتەك ئايدىڭ ئىدى. شۇڭا، ئۆزى مەسئۇل بولغان خىزمەتلەردە تۈرلەرنىڭ ئۆزئارا باغلىنىشىنى مۇھىم كۈنتەرتىپكە قويدى. ھەرگىزمۇ بىرنى دەپ، يەنە بىرنى نابۇت قىلمىدى، بەلكى بىرنى ئىلگىرى سۈرۈش ئارقىلىق باشقا بىرقانچىسىنى ئىلگىرى سۈردى. دەرۋەقە خوتەننىڭ يېزا ئىگىلىك ۋە چارۋىچىلىقتا كېرەك بولغان سۈيىنى كۆپەيتىش، دېھقانلارنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشتىن ئىبارەت ئاساسىي مەۋقەنىڭ يەنە بىر ئاساسى ئىدى.

خوتەندە سۇ كۆپەيدى دېگەنلىك دېھقانلارنىڭ تېرىم يېرى كۆپەيدى دېگەنگە تەڭ ئىدى. تېرىم يەر كۆپەيسە ئەلۋەتتە ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنى تېرىپ دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى كۆپەيتكىلى بولاتتى. ئابدۇراخمان قۇربان خوتەن دېھقانلىرىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشتا يىراققا نەزەر سالدى، يەنى ئۇ ۋىلايەت رەھبەرلىرىگە خوتەننىڭ سۇ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشىنى پىلانلىق ئېلىپ بېرىش، ئىلگىرى ياسالغان سۇ ئامبارلىرىنى رېمونت قىلىپ يېڭىلاپ ۋە يېڭىدىن سۇ كۆپەيتىش تۈرلىرىنى يولغا قويۇپ ئۇنىڭ رولىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش، بارلىق ئامال بىلەن تېرىم يەرنى كۆپەيتىپ ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىش كۆلىمىنى يىلمۇيىل ئاشۇرۇش تەكلىپىنى داۋاملىق بېرىپ تۇردى. بۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ كۈچلۈك قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ سىياسەت بىلەن مەبلەغنىڭ جىپسىلىشىشىنى ئەمەلگە ئاشۇردى. ئۇ مۇشۇ ئۇلۇغ ئارمانىنى قوغلىشىش جەريانىدا خوتەننىڭ تارىخىدا ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدىغان «ئۇلۇغ ئاتا سۇ ئىنشائات

توگۇنى»نىڭ خىزمەتلىرىگە قاتنىشىپ، خوتەنىدىكى بۇ مۆجىزە خاراكتېرلىك زور قۇرۇلۇشتا ئەھمىيەتلىك ئىز قالدۇردى. ئۇنىڭغا بىرلەشتۇرۇپ خوتەن ۋىلايىتىنىڭ سۇ ۋە تېرىلغۇ يەر كۆپەيتىش خىزمىتىدە يەنىلا كېرىيەدىكى جاسارىتى، كېرىيەدىكى ماھارىتىنى جارى قىلدۇردى.

ئەينى يىللىرى ئاپتونوم رايون ۋە مەركەزنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا، جۈملىدىن خوتەن ۋىلايىتىگە مالىيە جەھەتتىن بەرگەن مەدىتى كۆچلۈك بولغانىدى. قىسقىسى، ھەر يىلى يۇقىرىدىن چۈشۈرۈپ بېرىلىدىغان نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغىمۇ نەچچە يۈز مىليون يۈەنگە يېتەتتى. بىراق، مەبلەغ بولغان بىلەن ئۇنى جايىغا، پىلانلىق ئىشلىتىش يەنە بىر مەسىلە ئىدى. ئىلگىرىكى تەجرىبىلەردىن قارىغاندا يۇقىرىنىڭ نامراتلارنى يۆلەشكە چۈشۈرۈپ بەرگەن مەبلىغىنى ئۆز جايىغا ئىشلىتىش، ئىشلەتكەندىمۇ ئۇنىڭ دىرىنى يوقىتىۋەتمەي پىشاڭ ئورنىدا پايدىلىنىش مۇھىمنىڭ مۇھىمى ئىدى. ئىلگىرى بىر قىسىم ناھىيەلەر نامراتلارنى يۆلەشتە ئۆزلىرىنىڭ ئوبيېكتىپ ئەھۋالىنى تولۇق نەزەرگە ئالماي، قەدەمنى بەك چوڭ ئېلىۋەتكەن. كونكرېت ئېيتقاندا ئۇلار دۆلەتنىڭ نامراتلارنى يۆلەشكە چۈشۈرۈپ بەرگەن ياردەم مەبلىغىنى دەل جايىغا ئىشلەتمەي، ئۇنى ئۆز ئورنىنىڭ باشقا چوڭ تۈرلىرىگە ئىشلىتىۋەتكەن. نامراتلارنى يۆلەشكە ئىشلەتكەنلىرىنىڭمۇ ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولمىغان. قىسقىسى، نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغىنى باشقۇرۇش، ئىشلىتىش ۋە ئۇنىڭ ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش دۆلەتنىڭ كۆرسەتكەن تەلىپى بويىچە قىلىنمىغان. ئەڭ گەۋدىلىك بولغىنى نامراتلارنى يۆلەشتە يەنىلا كونا ئۇسۇل قوللىنىلىپ دەۋرنىڭ تەلىپىگە ماس كېلىدىغان يېڭى ئىجادىي يوللار ئېچىلمىغانىدى. ئابدۇراخمان قۇربان خوتەن ۋىلايىتىنىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىدىكى يۇقىرىقى ئالاھىدىلىكنى ئېنىق يەكۈنلەپ چىققاندىن كېيىن، بۇ خىزمەتنىڭ قەدەم باسقۇچلىرىدىن باشلاپ، نامراتلارنى يۆلەش تۈرى ۋە مەبلىغىنىڭ ئائىلىلەرگىچە ئەمەلىيلەشكىچە بولغان تۈرلۈك ھالقىلىرىنى يېڭىباشتىن تۈرغۇزۇپ چىقتى. بۇنىڭ بىلەن ئىلگىرىكى قالايمىقانچىلىق تۈگىشىلىپ، دۆلەتنىڭ

«مەخسۇس مەبلەغنى مەخسۇس ئورۇنغا ئىشلىتىش» پىرىنسىپى ھەقىقىي يوسۇندا جارى بولدى.
مانا مۇشۇ مەزگىلدە خوتەن ۋىلايىتىنىڭ تارىخىي شان - شەرەپى بولۇپ كېلىۋاتقان قول ھۈنەرۋەنچىلىكى، بولۇپمۇ گىلەمچىلىك، ئەتلەسچىلىك، يىپەكچىلىك، كەشتىچىلىك قاتارلىق ئەنئەنىۋى قول ھۈنەرۋەنچىلىك كەسىپلىرى بىر دىنلا جانلىنىپ تارىختىكى ئەڭ گۈللەنگەن دەۋرگە كىرىپ كەلدى. نامرات قول ھۈنەرۋەنلەردىن باجنى كەچۈرۈم قىلىش قاتارلىق يەتتە تۈرلۈك ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى يولغا قويدى. ئارقىدىنلا خوتەننىڭ ئۆز ئەۋزەللىكىنى ھەقىقىي يوسۇندا ئىپادىلەپ بېرىدىغان ئالاھىدە باغۋەنچىلىك، ئالاھىدە تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق، ھويلا - ئاران ئىگىلىكى پىلانلىق قوزغىتىلدى. بۇنىڭ بىلەن خوتەننىڭ قىياپىتىدە يېڭىچە بىر سۆلكەت بارلىققا كېلىشكە باشلىدى. مۇشۇ جەرياندا ئابدۇراخمان قۇربان تولىمۇ يىراقنى كۆرەرلىك بىلەن خوتەننىڭ تەبىئى ئەۋزەللىكىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشنىڭ بىر قىسىم ئىجادىي يوللىرىنى بىۋاستە ئۆزى ئاچتى. ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى تۆھپىلىرى خوتەننىڭ بۈگۈنكى كۈنلەردىكى تۈۋرۈك كەسىپلىرى ھېسابلىنىدىغان ئۆزگىچە ئەۋزەللىككە ئىگە باغۋەنچىلىكى، مىللىي تېبابەت دورا ئۆسۈملۈكلىرى، باقمىچىلىقى ۋە قول ھۈنەر - سەنئەت مىراسلىرىدا چاقناپ تۇرىدۇ......
بۇ مەزگىلدە يەنە ئابدۇراخمان قۇرباننىڭ ئىلگىرى كېرىيەدە نامراتلارنى بېيىتىش جەريانىدا ھاسىل قىلغان «نامرات كەنتلەرنى ئاساسىي جەڭ مەيدانى، نامرات ئائىلىلەرنى مۇھىم نۇقتا قىلىش، ئاساسلىق رەھبەر نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىنى بىر قوللۇق تۇتۇش، نامراتلارنى تۈرلەرگە بۆلۈپ بېيىشقا يېتەكلەش، نامراتلىقنى تۈگىتىشتە نەزەرنى يىراققا تىكىش، بېيىغانلارنىڭ خېمىغا يېنىپ كېتىشىنىڭ ئۈنۈملۈك ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئىز قوغلاپ يېتەكلەش، نامراتلارنى پىلانلىق ئىگىلىكنىڭ ئاسارىتىدىن ئۈزۈل - كېسىل ئازاد قىلىپ، بازار ئىگىلىكى ئارقىلىق ئۆلارنىڭ بېيىشقا بولغان تەشەببۇسكارلىقى بىلەن ئىچكى ئېھتىياج تەلىپىنى قەدەممۇقەدەم ئۆستۈرۈش، بۇ ئارقىلىق كەلگۈ-

سى ھالىق سەۋىيەنىڭ ئاساسنى پۇختا قۇرۇش نىشانىغا يېتىش»تىن ئىبارەت ئىلمىي تەجرىبىنىڭ رولىدىنمۇ ئۈنۈملۈك پايدىلاندى.

بەلكىم كىشىلەرنىڭ سەمىدە بولۇشى مۇمكىن، 1986 ـ يىلىدىن 1988 ـ يىلىغىچە نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى كېرىيە ناھىيەسىدە ئاپتونوم رايون بويىچە ياخشى ئىشلەندى دەپ قارالغانىدى، شۇنداقلا خوتەن ۋىلايىتى بويىچە نامراتلارنى يۆلەش بويىچە نەق مەيدان يىغىنى كېرىيەدە ئېچىلغانىدى. ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ نامراتلارنى كەسىپ ۋە ئىقتىسادىي گەۋدىلەر ئارقىلىق يۆلەش تەدبىرى ھەققەتەنمۇ كېرىيەنىڭ قىياپىتىنى يېڭىلىغانىدى. 1988 ـ يىلى مەركەزدە مەملىكەتلىك نامراتلارنى يۆلەش خىزمەت يىغىنى ئېچىلغاندا ئابدۇراخمان قۇربان مانا مۇشۇ ئىلغار تەجرىبىنى پۈتۈن مەملىكەتكە تونۇشتۇرغان. بۇ ئىلمىي تەجرىبىلەر ئەلۋەتتە خوتەن ۋىلايىتىنىڭ باشقا ناھىيە ـ شەھەرلىرىگىمۇ تازا ماس كەلدى. ئابدۇراخمان قۇربان دۆلەتنىڭ نامراتلارنى يۆلەشكە چۈشۈرۈپ بەرگەن مەبلىغىنى دەل جايىغا، يەنى نامرات ئائىلىلەرنىڭ كەسىپلەر بويىچە ئائىلىلەرنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشىغا قارىتىشنى چىڭ تۇتتى، ھەتتا ئۇنىڭ مۇناسىۋەتلىك يولداشلار بىلەن بىللە بۇ مەبلەغنى ئۆز قولى بىلەن دېھقانلارغا يەتكۈزۈپ بەرگەن ۋاقىتلىرى كۆپ بولدى...... بىرىپلا بولدى قىلماي، نامراتلارنىڭ دۆلەتنىڭ ياردەم مەبلىغىگە تايىنىپ كەسىپلەر بويىچە كىرىمىنى ئاشۇرۇشىغا ئىز قوغلاپ ھەيدەكچىلىك قىلدى.

ئابدۇراخمان قۇربان ئۆزىنىڭ نامراتلارنى بېيىتىش ئىرادىسىنىڭ دەسلەپكى شەكىللىنىش جەريانىنى ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ:«مەن ئەجدادىدىن باشلاپ يەر بىلەن ھەپىلىشىپ كەلگەن دېھقاننىڭ ئوغلى، ئەقلىمگە كەلسەم دادام مەتقۇربان ھاجى دېھقانچىلىق كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن، ئانام بۇرۇنلا قازا قىلىپ كەتكەچكە مەن بىر يېرىم ياشقا كىرگەندىن باشلاپ چوڭ ئانام(دادامنىڭ ئانىسى) سىپىلمىخاننىڭ ھۇزۇرىدا چوڭ بولدۇم. چوڭ ئانام سىپىلمىخاننىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىمۇ غورىگىل ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ تولىمۇ مېھرىبان پەرىشتە سۈپەت ئايال بولۇپ بىزگە بەكمۇ كۆيۈنەتتى. ئۆزى يېمەي يېگۈزۈپ، كىيمەي

كىيگۈزۈپ بەئەينى قارلىغاچ باللىرىنى ئاسراپ چوڭ قىلغاندەك ئاشۇ بۇرۇقتۇم زاماندا بىزنى ھەرھالدا سالامەت قاتارغا قوشقانىدى. چوڭ ئانام بىزنى ئاچ- يالىڭاچ قالدۇرماسلىق ئۈچۈن تىنىمسىز تىرىشاتتى. شۇنداقتىمۇ گاھىدا نامراتلىق ئۆزىنى خېلىلا كۆرسىتەتتى. قىسقىسى، ئۆز ۋاقتىدا دۇچ كەلگەن بۇ خىل مۇھىت مېنى دېھقانچىلىقنىڭ جاپاسى بىلەن، نامراتلىقنىڭ كۈلپىتىگە بىۋاسىتە دۇچار قىلغانىدى. ھەر قېتىم دادام بىلەن چوڭ ئانامنىڭ مەن ۋە باشقا قېرىنداشلىرىمنى ئاچ - يالىڭاچ قالدۇرماسلىق ئۈچۈن تارتىۋاتقان مۇشكۈلاتلىرىنى كۆرگىنىمدە تولىمۇ ئازابلىنىپ كېتەتتىم. «چوڭ بولغاندا سىلەرنى ياخشى باقىمەن. ئەجرىڭلارنى چوقۇم ئاقلايمەن» دەپ ئۆز - ئۆزۈمگە پىچىرلايتتىم. كېيىن چوڭ بولغانسېرى نامراتلىقنىڭ دەردىنى بىزلا ئەمەس، بەلكى قولۇم - قوشنىلىرىمىز، يۇرتداشلىرىمىزنىڭمۇ ئوخشاشلا تارتىۋاتقانلىقىنى بىلدىم. دەرۋەقە «نەگە بارساڭ قازاننىڭ قۇلىقى» تۆت دېگەندەك، موھتاجلىقنىڭ دەردىنى باشقىلارمۇ ئوخشاشلا تارتىۋاتاتتى...... تېخى ئۇلارغا قارىغاندا بىزنىڭ ھالىمىز خېلىلا ياخشى ئىدى. ھەرھالدا بىزنىڭ جەمەتىمىزدە ئاچارچىلىق دەستىدىن ۋە زىمىستان سوغۇقتا توڭلاپ ئۆلۈپ كەتكەنلەر يوق ئىدى...... ھەر قېتىم مەھەللىمىزدىكى نامراتلارنىڭ ئوزۇقلۇق يېتىشمەي چىرايلىرى سارغىيىپ كەتكەن باللىرىنى كۆرگىنىمدە يۈرىكىم قوقاسقا چۈشۈپ كەتكەندەك ئېچىشىپ كېتەتتى. مادارىم يەتسە ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى موھتاجلىقتىن بىر يولى قۇتۇلدۇرغان بولسام قانداق ياخشى بولاتتى دەپ ئارمان قىلاتتىم. ئارىدا يىللار ئۆتۈپ مەن كېرىيە ناھىيەسىگە ھاكىم بولدۇم. شۇ كۈنلا كۆز ئالدىمغا نامرات قېرىنداشلىرىمنىڭ ئىلگىرىكى ئېچىنىشلىق ھالىتى زاھىر بولدى. «ئىشنى نامراتلارنى بېيىتىشتىن باشلىشىم كېرەك» دېگەن ئىرادىنى ئۆز - ئۆزۈمگە ئەھدە قىلدىم. ئارزۇيۇمغا يارىشا بۇ يولدىكى مۇشكۈلچىلىك مېنى ئاخىردا كۆپكە مەنزۇر قىلدى. ئەمدى ئويلىسام ئەلنىڭ راھىغا ياققان خەيرلىك ئىشنىڭ ھامان قەدرى بولىدىكەن.»

دەرۋەقە ئابدۇۋاخمان قۇربان چوڭ بولغان ئائىلە مۇھىتى ئۇنىڭ كېيىنكى قۇچقان شەرەپلىرىنىڭ دەسلەپكى مەنبەسىدۇر، يەنى ئۇنىڭ

ۋۇجۇدىدىكى خەلقچىللىق، مېھرىبانلىق، ھەر دائىم نامرات، ئاجىزلارنىڭ غېمىنى يېيىش، قېرى، ئاجىزلارنىڭ، نامرات، مېيىپلارنىڭ ئوتىدا كۆيۈپ، سۆيىدە ئېقىشتەك قىممەتلىك پەزىلىتى ئەنە شۇ ئائىلىۋى مۇھىتىدىن، جۈملىدىن مېھرىبان چوڭ ئانىسى مەرھۇم سېلىمىخانىنىڭ باغرىدىن كەلگەن. دۇرۇس، مەرھۇم سېلىمىخان چوڭ ئانا ئەتراپىنى مۇشكۈلچىلىك قاپلاپ، دېھقانلار ئېغىر كۈندە قالغان ئاشۇ دەۋردىكى قانچىلىغان مېھرى ئاتەش ئانا ۋە چوڭ ئانىلىرىمىزنىڭ ئارىسىدىكى قەدىردانلارنىڭ بىرى ئىدى. ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ تىلى بويىچە ئېيتقاندا ئۇ بىر پەرىشتە رەھنەما ئىدى. كېيىن - تەمەننادىن، ھۇرۇنلۇقتىن يىراق بۇ چىدامىلىق ئايال بەئەينى مەتقۇربان ھاجىدەك يۇرتىنىڭ يەنە بىر چىرىغى، ھۆكەر يۇلتۇزى ئىدى. ئۇنىڭ يورۇقى ھەردائىم ئاجىزلارنىڭ، ھاجەتمەنلەرنىڭ يولىغا چۈشۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭدىن ساناقسىز كىشىلەر يورۇق ھەم ئوزۇق ئېلىشاتتى. ئۇنىڭ مېھرى يەنە شۇ ئاجىزلارنىڭ مۇزلىغان جىسمىنى ئىللىتاتتى. بۇ ئىللىقلىق كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا يەنە قانچىلىغان مېھرلەرنى ۋە ئىللىقلىقلارنى پەيدا قىلىپ روھىي دۇنياسىنى نۇرغا ھەم گۈزەللىككە بۆلەيتتى.

ئابدۇراخمان قۇربان دەل شۇ مەرھۇم چوڭ ئانىسى سېلىمىخانىنىڭ ۋۇجۇدىدىن نۇر ئېلىپ، ئاندىن بۇ نۇرنى باشقىلارنىڭ يولىغا تارقاتقانلارنىڭ تىپىك ئۆلگىسى ئىدى. شۇڭا ئۇ چوڭ ئانىسىغا بەكمۇ ئامراق ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ جاپالىق ھاياتلىق دۇنياسىدا يارامىلىق ئەل ئوغلى بولۇپ يېتىلىش ئۈچۈن خۇددى دادىسى مەرھۇم مەتقۇربان ھاجىنى ئۆزىگە ئۆلگە قىلغاندەك، مېھرىبانلىقنىڭ نۇرنى ھاجەتمەنلەرگە تارقىتىشتا دەل مەرھۇم سېلىمىخان چوڭ ئانىنى ئۆزىگە ئۆلگە قىلاتتى. سېلىمىخان چوڭ ئانا ھەردائىم نەۋرىسى ئابدۇراخمان قۇربانغا مېھرىنى بېغىشلاشقا ئىنتىلىپلا تۇرغاچقا، ئابدۇراخمان قۇربانمۇ ئۇنىڭغا ئۆز ئەجرى ئارقىلىق جاۋاب قايتۇرۇشقا ئىنتىلەتتى. ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ كىرىيە ناھىيەلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان مەزگىلى ئەڭ جاپالىق يىللار ئىدى. مەكتەپتە ئىككى ياكى ئۈچ كۈندە ئاران بىر ۋاق ئاق نان(موما، ياكى گىردە) بېرىلەتتى. ئابدۇراخمان قۇربان شۇنچە تەستە نېسىپ

بولىدىغان بۇ نېمەتنى سېلىمخان چوڭ ئانىنىڭ ئاغزىغا تەگكۈزۈش ئۈچۈن ئۆزى گاھىدا ئاچ قالسا، گاھىدا بىرەر بۇردا زاغرا ياكى جىگدە-قاق بىلەن نەپسىنى گولدايتتى. نەۋرە بىلەن چوڭ ئانىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بۇ مېھرىبانلىق بەكمۇ قىممەتلىك بولۇپ، ئۆز نۆۋىتىدە ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ ۋۇجۇدىدا ئىنسانىي پەزىلەت بىلەن ئالىيجانابلىقنى ئاپىرىدە قىلغان بىردىنبىر مەنبە ئىدى. شۇنىسى ئېنىقكى، ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ كېيىنكى مەزگىللەردە «يۇرت بېشى» بولۇپ كېرىيەدىكى 72 نەپەر يېتىمنىڭ، شۇنداقلا نەچچىلىغان ئىگە-چاقىسىز قېرى-ئاجىزەلەرنىڭ بېشىنى مېھرىبانلىق بىلەن سىلىغان ئىللىق قولى دەل مەرھۇم سېلىمخان چوڭ ئانىنىڭ مۇبارەك قولى ئىدى...... ياخشى ئائىلە مۇھىتىنىڭ كەلگۈسى ئەۋلادلارغا تەسىر كۆرسىتىشى پسىخولوگلار تەرىپىدىن ئاللىقاچان ئىسپاتلانغان. بۇ يەردە شۇنى تەسەۋۋۇر قىلالايمىزكى، مەرھۇم مەتقۇربان ھاجى، مەرھۇم سېلىمخان چوڭ ئانىنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ ۋۇجۇدىغا كۆچكەن ئېسىل ئىنسانىي پەزىلەت داۋام قىلىپ ئەمدى ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ ۋۇجۇدىغا كۆچكۈسى......

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلىرىم، ئەل ئوغلى ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ دادىسى، شۇنداقلا چوڭ ئانىسى ھەققىدە ئېيتقان يۈرەك سۆزىنىڭ تېخىمۇ يارقىن ئىپادىسىنى كېيىنكى بابتىن كۆرگەيسىز.

## تاشكەنتنى زالالەتتىن قۇتقۇزۇش يولىدا

مەلۇمكى، خەلقنى نامراتلىقتىن قۇتقۇزۇش مەسىلىسى بىرلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن دۇنيا جىددىي كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مەسىلە. 2000 - يىلىلا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى«مىڭ يىل خىتابنامىسى»دا 100 نەچچە دۆلەتنىڭ رەھبەرلىرى بۇ مەسىلە ئۈستىدە چوڭقۇر مۇھاكىمە ئېلىپ بارغان بولسىمۇ كىلىمات ئۆزگىرىشى، تەبىئىي ئاپەتلەر تۈپەيلىدىن ھازىر دۇنيادا نۇرغۇنلىغان كىشلەر يەنىلا نامراتلىقنىڭ كۈلپىتىنى تارتىۋاتىدۇ. جۈملىدىن بىزنىڭ دۆلىتىمىزمۇ بۇ ئالاھىدە ئىشقا

بۇرۇنلا ئەھمىيەت بېرىپ، خەلقنى نامراتلىقتىن قۇتقۇزۇشنى تۇرلۇك خىزمەتلەرنىڭ يادروسىغا ئايلاندۇرغان. يىراقتىن ئېغىز ئاچقاندىن كۆرە، يېقىنغا نەزەر سالساق، يېقىندا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئون يىللىق نامراتلارنى يۆلەش يېڭى پىلانى رەسمىي ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلدى. بۇ يىل شىنجاڭ 250 مىڭ نامرات نوپۇسنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرىدۇ. ئۆتكەن ئون يىلدا شىنجاڭدا جەمئىي 2 مىليون840 مىڭ نوپۇس شۇ يىللىق تۆۋەن كىرىم نامراتلىق چېكىدىن ئۆتۈپ، قورسقى توق، كىيىمى پۈتۈن بولۇش مەسىلىسى ھەل بولدى. نامراتلارنى تەرەققىيات ئارقىلىق يۆلەشتىكى نۇقتىلىق 30 ناھىيەدىكى دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ساپ كىرىمى 2000 - يىلىدىكى 980 يۈەندىن 3 مىڭ 426 يۈەنگە يېتىپ، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 13% ئېشىپ، شىنجاڭ بويىچە دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ساپ كىرىمىنىڭ ئوتتۇرىچە ئېشىش سەۋىيەسىدىن ئۈچ پوئېنت تېز بولدى.

ئاپتونوم رايونلۇق نامراتلارنى يۆلەش ئىشخانىسى بۇ يىل 380 نامرات كەنتنى كەنت بويىچە ئالغا ئىلگىرىلىتىش پىلانىنى يولغا قويۇپ، نامرات دېھقان - چارۋىچىلاردىن 160 مىڭ ئادەم ( قېتىم ) نى تەربىيەلەپ، نۇقتىلىق نامرات ناھىيەلەردىكى دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ساپ كىرىمىنى 400 يۈەن ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ. مېنىڭچە ھەرقانداق كىشى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئۆتكەن ئون يىلدىكى نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىدە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىدىن سۆيۈنمەي، كەلگۈسى ئون يىللىق تەرەققىيات پىلانىدىن ھاياجانغا چۆممەي قالمايدۇ. دەرۋەقە نەتىجىلەر تىلغا ئېلىنغاندا كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىغا ئاۋۋال نەتىجىلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈش يولىدىكى ئاشۇ شانلىق كۈرەشلەر زاھىر بولىدۇ......

× × ×

2000 - يىلى باھار، قاراقاش ناھىيە توخۇلا يېزىسى تاشكەنت

كەنتى تەبىئەتنىڭ دىمىق ئىسسىقىغا بولەنگەن سوقما تاملىق ئۆيلەر، ھەرەڭ - سەرەڭ چىتەنلەرنىڭ قورشاۋىدا كىشىگە تولىمۇ غېرىبانە تۇيغۇ ئاتا قىلىدىغان مەھەللە - كويلار قانداقتۇر بىر خىل بۇرۇقتۇرمىلىق ئىلكىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدۇ. مەھەللە يوللىرىدا، توپا بۇخسۇپ تۇرغان تار ھەم كۆرۈمسىز كوچىلاردا ئادەملەر شالاڭ بولۇپ، پەقەت ئۇيەر- بۇيەرلەردە قىيغىتىپ يۈرۈشكەن كىچىك باللارنىڭ ئاۋازىلا قۇلاققا ھاياتلىقتىن بېشارەت بېرىدۇ. ئۇسسۇزلۇق دەستىدىن يوپۇرماقلىرى سالپىيىپ كەتكەن پاخپاق ئۇجمە، كۆتمەك جىگدە ۋە سۆگەتلەرنىڭ سايىسىدا سۇنايلىنىپ يېتىشقان چاللارنىڭ روھىدىن كۆرە، قۇم تىنىپ ئىزناسى يوقلا دەپ قالغان غول ئېرىقنىڭ بويىدا مۈگدىشىپ ئولتۇرۇشقان يىگىتلەرنىڭ روھى بەكلا تۆۋەنىدى. قارىماققا ئۇلار بايىلا مۇشەققەتلىك ئۇزۇن سەپەردىن ئادەتتىن تاشقىرى ھېرىپ - ئېچىپ قايتىپ كېلىشكەندەك ئېزىلەڭگۇ كۆرۈنەتتى.

قىسقىسى، بۇ يوچۇن ماكان مۇشۇ كۈنلەردە دۇنيانىڭ نۇر تېزلىكىدە تەرەققىي قىلىۋاتقانلىقى، جۇملىدىن دۆلىتىمىزنىڭ، كونكېرىتراق ئېيتقاندا خوتەن ۋىلايىتىمىزنىڭ ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىش سىياسىتىنىڭ پارلاق نۇرىغا چۆمۈپ، تەرەپ - تەرەپتە غەلىبە تەنتەنىلىرى جاراڭلاۋاتقان قاينام -تاشقىنلىق دەۋرگە قەدەم قويغانلىقىدىن ھېچبىر خەۋەرسىزدەك، ھەتتا تەرەققىياتنىڭ قاراقاش ناھىيەسىنىڭ باشقا يېزا - كەنتلىرىنىڭ قىياپىتىنى يېڭىلاۋاتقانلىقىنى ئەسلا بىلمەيدىغاندەك غەيرىي ھالەتتە ئىدى. دەرۋەقە بۇ ئاي، بۇ كۈنلەردە پۈتۈن دۇنيا خەلقى ئەسىر ھالقىيدىغان تارىخىي ئەھمىيەتلىك پۇرسەتكە يۈزلەنگەن بولۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ، جۇملىدىن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەرەققىياتىمۇ كىشىنى ھاياجانغا سالماي قالمايتتى. ۋىلايىتىمىزنىڭ خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ ئىشىش نىسبىتىمۇ كۈندىن - كۈنگە يۇقىرى بولۇۋاتاتتى. ئاۋام خەلقنىڭ چىرايىدىكى سىرلىق يوقىلىشقا يۈزلەنگەن، ياماقنىڭ كۆپلۈكىدىن ئەسلىي رەڭگىنى پەرق قىلغىلى بولمايدىغان كىيىملەر يېڭى كىيىملەرگە ئالمىشىۋاتقان، قىسقىسى ھەممە كىشىنىڭ چىرايىنى بەختىيارلىق نۇرلىرى

قاپلىغان بۇ قۇتلۇق كۈنلەر خەلقنىڭ رايىغا ياققانىدى. مۇشۇنداق تارىخي شارائىتتا تاشكەنت كەنتىدە يەنىلا بۇرۇقتۇرمىلىق ھالەتنىڭ داۋام قىلىشى تەبىئىي شارائىتنىڭ كاشىلىسى ۋە تاشكەنتلىكلەرنىڭ ئىدىيەسىدىكى قاتماللىقتىن، بۇرۇقتۇرمىلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى.

ئېچىپ ئېيتساق، پىلانلىق ئىگىلىكنىڭ ئۇزاق مۇددەت ھۆكۈم سۈرگەن روھىي كىشەنلىرى بۇ يەردىكى كىشىلەرنى شۇ قەدەر بۇرۇقتۇرما، شۇقەدەر نامرات، شۇقەدەر بىكىنمە ۋە شۇقەدەر ھۇرۇن ھالدا قالدۇرغانىدى. ۋەھالەنكى، ئۇلارمۇ ئىلگىرى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەتلەرنىڭ قوزغىتىشىغا، ئىلھاملاندۇرۇشىغا، مەدىتىگە، مۇھىمى ئىقتىسادىي جەھەتتىن كۈچلۈك يۆلىشىگە مۇيەسسەر بولغانىدى. ئۆتكەن تارىختا قانچىلىغان يۇرت سۆيەر رەھبەرلەر باشقا ئورۇنلارغا ئوخشاشلا بۇ كەنتكىمۇ ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ جاپالىق ئەجىر كۆرسەتكەنىدى. ئەپسۇس، بىكىنمىچىلىك، بۇرۇقتۇرمىلىق تاشكەنتلىكلەرنىڭ قان - قېنىغا سىڭىپ كەتكەچكە كەنتنىڭ قىياپىتىدىلا ئەمەس، تېخىمۇ مۇھىمى ئاھالىسىنىڭ روھىي ھالىتىدىمۇ كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىش بولمىدى. ئەكسىچە ئالدىن بېيىغانلارمۇ خېمىغا يېنىپ نامراتلار سېپىگە قوشۇلۇپ كېتىشتى. ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ بۇ خىل تۇرغۇن روھىي ھالىتىنىمۇ چۈشىنىشكە بولاتتى. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش سىياستى يولغا قويۇلغاندىن بېرى تەرەققىياتنىڭ گۈدۈكلىرى تاشكەنتلىكلەرنى شېرىن ئۇيقۇدىن ئويغىتىۋېتىشكە ئۈلگۈرگەن، يەنى ئۇلارنىڭمۇ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش ئۈچۈن ئورنىدىن دەس تۇرۇپ بىلىنى مەھكەم باغلىغان، دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىپ نامراتلىق بىلەن چېلىشىپ باققان ئەھمىيەتلىك تارىخىمۇ بار ئىدى.

قىسقىسى، ئۇلارنىڭ ھازىرقى ھالىتىگە كەلسەك، ئىلگىرى كەتكەنلەرگە قاراپ روھى سۇنغان، ئورنىدىن قايتا تۇرۇشقا مادارى يەتمىگەن، بەردەم ۋۇجۇدلار ئۆزىگە ئەسلا ماس كەلمەيدىغان ھۇرۇنلۇق قورشاۋىدا قالغاچقا، پسىخىكىسىنى ئۆزگىچە بىر ھالەت ئىگىلىگەنىدى.

ئۇلارنىڭ بۇ كۈنلەردىكى گۇڭگۇر - مۇڭگۇر پاراڭلىرىدىمۇ كۆڭۈللەرنى ئاۋۇندۇرىدىغان ئىشلار تىلغا ئېلىنمايتتى، بەلكى ئۇنىڭ ئورنىغا كەنتتىكى كىمدۇر بىرسىنىڭ ئاتا - ئانىسىدىن مىراس قالغان سوقما تاملىق كونا ئۆيىنىڭ ئۆرۈلۈپ چۈشكەنلىكى، قايسىدۇر بىرسىنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ نەسىھەتىگە كۆنمەي ئۆيدىن چىقىپ كەتكەنلىكى، يەنە كىمدۇر بىرسىنىڭ ئوغلىغا قوشنا يېزىدىن قىز ئۇقۇشقان بولسىمۇ، قىزنىڭ ئاتىسى «تاشكەنتلىك بەكمۇ نامرات، قىزىمىز ئۇلارغا كېلىن بولۇپ بارسا ئېغىر كۈندە قالىدۇ» دەپ بولغۇسى توينى بۇزۇۋەتكەنلىكى....... ئىشقىلىپ مويسىپىتلارنىڭ ئېغىزلىرىدا بۇنىڭدىن ياخشىراق، مۇنداقچە ئېيتقاندا تاشكەنتنىڭ تارىخى شەۋكىتىنى جۇلالىتىدىغان پاراڭلار قىلىنماي كېلىۋاتاتتى. ياشلارنىڭ ئارىسىدىكى پاراڭ بۇنىڭدىنمۇ كۆڭۈلسىز ئىدى. مۇبادا كۆڭۈللۈك يەرلىرىمۇ بار دېيىلسە، ئۇلارنىڭ سىرتلارغا، يەنى باشقا يۇرتلارغا بېرىپ يەر تېرىش، مەدىكارچىلىق قىلىش، ئېلىم - سېتىم ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇشنى ئارزۇلاش ھەققىدە تىللىرىنى تامشىپ قىلىشقان پاراڭلىرىنى تىلغا ئېلىشقا بولاتتى. ئىشقىلىپ باشقىلارنىڭ يۇرتلىرىدا كۆزلەرنى قاماشتۇرىدىغان تەرەققىيات بولۇۋاتقان بۇ كۈنلەردە ئانا يۇرتى تاشكەنتتىن كۆڭۈللىرىنىڭ بارغانسېرى سوۋۇپ كېتىۋاتقانلىقى ئورتاق ھادىسە ئىدى.

بۈگۈن مويسىپىتلارنىڭ پارىڭى كۈتۈلمىگەن يەردىن باشلاندى:

— ئاڭلىسام، يېقىندا ۋىلايەتتىكى قايسىدۇر بىر باشلىق كەنتىمىزنىڭ نامراتلىق ئەھۋالىنى ئۇقۇپ: «ئۇلارنى مەن يېتەكلەپ بېيىتىمەن» دەپ مەيدىسىگە مۇشتلاپتىمىشقۇ؟

— مەنمۇ راست ئاڭلىدىم، ئېگىز بويلۇق بىرسى كەپتىمىش، — ساقاللىرى ئۇچتەك ئاقىرىپ چىرايىنى قېرىلىق سوۋغىلىرى يەتكۈچە بېزىگەن مويسىپىتنىڭ سوئالىغا ياغاق يۈزلۈك، كەككە ساقال كىشى جاۋاب بەردى.

ئۇنىڭغا ئۇلىشىپلا يانىدىكى قاپاق تېرەككە يۆلىنىپ ئولتۇرغان

تەمبەل كىشى ئىغىز ئاچتى:
— ئىككىنچىلار تالا - تۈزدە بولۇۋاتقان ئىشلارغا زەن سالماي ئەتىدىن كەچكىچە ئۆگزەڭلەردىكى پاساڭنىڭ ئۈستىدە سۇنايلىنىپ ياتقاچقا مۇشۇنداق كاتتا ئىشتىن خەۋەرسىز قالىسىلەر! بىرنەچچە كۈننىڭ ئالدىدا ۋىلايەتتىكى ئابدۇراخمان قۇربان شۇجى كەنتىمىزگە كېلىپ ئەھۋال ئىگىلەپتۇ. بۇنىڭدىن كېيىن ئۇ كىشى بىزنىڭ تاشكەنتنى نۇقتا قىلىپ تۇتىدىكەن.......
— مەنمۇ ئاڭلىدىم، ئابدۇراخمان قۇربان شۇجى دادۇينىڭ ئالدىدىكى قاسىم ئاخۇننىڭ ئۆيىدە ئۇماچ ئىچىپ ئولتۇرۇپ: «بىز بۇ ئۇماچنى قاچانغىچە ئىچىمىز، ئەمدى قەددىمىزنى كۆتۈرۈپ ئەتراپىمىزغا قاراپ باقىدىغان، چىرايلىق كىيىنىپ، ئىغىزغا تېتىغۇدەك تاماقلاردىن ھۇزۇر ئالىدىغان ۋاقتىمىز كەلدى، بۇنىڭ ئۈچۈن ئورنىمىزدىن دەس تۇرۇپ جان پىدالىق بىلەن ئىشلىشىمىز، ئىلگىرىكى بوشاڭلىق، ھورۇنلۇق ھالىتىمىزنى ئۆزگەرتىشىمىز لازىم» دەپتىمىش.......
— بۇ گەپنىغۇ تازا بەلەن دەپتۇ، ئەمما زە، بۇ تاشكەنتتە ئۇنداق ياخشى كۆنلەرنى كۆرگىلى بولاتتىمۇ؟ ھەممىمىزنى بىر يولى مائاشلىق كادىر قىلىۋەتسە ئاندىن ئۇماچتىن قۇتۇلارمىزمىكىنتاڭ.......
— ھورۇنغا تاغدەك ئالتۇننى ئەكېلىپ بەرسىمۇ ئۇ يەنىلا ھورۇنلۇقنى قىلىدۇ، تۇغقانلار! مېنىڭچە ئابدۇراخمان قۇربان شۇجىنىڭ قاسىماخۇنغا دېگەن ھېلىقى گېپىنىڭ ئىچىدە گەپ باردەك قىلىدۇ.......
راست دەيسىلەر، ئاڭلىسام ئابدۇراخمان قۇربان شۇجى ئىلگىرى كېرىيەدە ھاكىم ۋاقتىدا بىزدەك نامراتلارنى بېيىتىشتا باشقىلارغا ئۈلگە بولۇپتىكەن.......
— ھايتاڭەي! بىزنىڭ ھالىمىز قانداق بولاركىن!؟
دېھقانلار شۇ يوسۇندا پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇشقاندا ئۇلارنىڭ يېنىغا كەنت كادىرى يېتىپ كەلدى.
— توپىغا مىلىنىپ ئولتۇرۇشماي كەنت تەشكىلىگە بېرىڭلار،

بىردەمدىن كېيىن يىغىن ئاچىمىز! ــ دېدى ئۇ قوپال تەلەپپۇزدا.

ــ يىغىنىڭىزدا قۇلاققا ياقىدىغان گەپ بولمىسا يە! مەن قاتناشمايمەن!

ــ قۇلاققا ياقىدىغان نېمە بولماقچىدى؟ يەنە شۇ كونا گەپ ھەقىچان! مەن قانداق يىغىن بولسا بولسۇن كارىم يوق، بارمايمەن! ــ كەكە ساقالنىڭ بۇ كەسكىن گېپى كەنت كادىرىنىڭ ئۇغىسىنى قايناتتى.

ــ بارمىساڭلار جەرىمانە تۆلەيسىلەر شۇ......

ــ جەرىمانە؟ ئۇماچ قەرزىدىنمۇ قورقمىغان تۇرسام مەن! يىغىنىڭنىڭ جەرىمانىسىدىن قورقاتتىممۇ!؟ دەپتىرىڭگە قانچىلىك يازساڭ يېزىۋال، ئىشقىلىپ مەندە ساڭا بېرىدىغان نەرسە بولمىغاندىكىن پەرۋايىم پەلەك!

ــ سىلەرچۇ؟ سىلەرمۇ ماۋۇنىڭدەك مەيدەڭلىگە موشتلامسىلەر؟ ئەمما ئەزە سىلەرگە دېسەم، بۇگۈنكى يىغىنغا بارمىساڭلار زىيان تارتىپ قالىسىلەر......

كەنت كادىرى ياندا كۇسۇرلىشىپ ئولتۇرۇشقانلارغا مەنىلىك قاراپ قويۇپ شۇنداق دېۋىدى، ئۇلار سەل قىمىرلىشىپ قالدى. كەكە ساقال كىشى كىرلەش گەدىنىنى قاشلاپ بەخىرامان تۇراتتى. ئۇ شۇتاپتا كەنت كادىرىغا گەدەنكەشلىك قىلغىنىغا خۇشتەك قىلاتتى. يەنە كېلىپ ئۇ «ئاسمان يېپىنجا، يەر سېلىنجا» دەيدىغان «بەشتە كاپالەتلىك» ئائىلىگە تەۋە بولغانلىقىدىن سۆيۈنۈۋاتقاندەكمۇ قىلاتتى.

ــ گېپىڭىزدىن قارىغاندا ناھىيەدىن يەنە قۇتقۇزۇش بۇيۇمى چىقىپتۇ - ھە؟ ئۇنداق بولسا ئۇنى ماۋۇنىڭغا بېرىۋال، مەن بارمايمەن......

كەنت كادىرى ئەمدى تاقەت قىلىپ تۇرالمىدى.

ــ ناھىيەدىن ئەمەس، ۋىلايەتتىن ئابدۇراخمان قۇربان شۇجى كەلدى، ئۇ بىزنىڭ كەنتىمىزنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرىمەن دەپ ئۇتتۇرىغا چىقىپتۇ، ئەمدى بىلدىڭمۇ؟

ــ ئاپلا! چاتاق بوپتۇ...... ئۇ يۆلەشكە بىزنى تاللاپ يامان قىپتۇ...... يۆلىسە ئورنىدىن تۇرالايدىغان كەنتلەرنى تاللىسا

بولماسمۇ؟......

— راست دەيسەن، بىتەلەي ئادەم ئوخشايدۇ ئۇ......

— ياق، ئۇ دېھقانىنىڭ دەردىگە دەرمان بولىدىغان ياخشى كىشىكەندۇق، بۇ قېتىم ئۇ بىزدەك كۆك تۆش نامراتلارنى تاللاپ چاتاق قىپتۇ......

— تۇغقانلار، كونىلار «يا ئاۋۋال، يا ئاخىر دەپتىكەن»، ئابدۇراخمان قۇربان شۇجى قىلچە ئىككىلەنمەي بىزنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرىمەن دەپ مەيدىسىگە مۇشتلىغان بولسا ئۇنىڭمۇ ئۆزىگە يارىشا گالگۇكى يېرى بار ئوخشايدۇ، مېنىڭلار، ئاۋۋال يىغىنغا بېرىپ ئۇنىڭ گېپىنى بىر ئاڭلاپ باقايلى!

— هايتاڭەي! موزاينىڭ يۇگۇرۇشى سامانلىققىچە دەپ ئۇزاق ئۆتمەي كۆڭلى قالامدىكىن ئۇنىڭ......

— ئاۋۋال كۆرۈپ باقامدۇق......

بىر توپ كىشىلەر كەنت كادىرىنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ تاشكەنت كەنتىنىڭ هۆپۈپلەر ئۇۋا سالغان كونا تاملىق ئورگىنىغا قاراپ كېتىپ قېلىشتى. ئويلىمىغاندا، شۇ كۈندىن ئېتىبارەن تاشكەنت كەنتىنىڭ جىملىقى بىراقلا بۇزۇلۇپ كەتتى. بۇ يەردىكى نىسپىي جىملىقنى كىم بۇزدى؟ مۇهىمى بۇ يەردە زادى نېمە ئىشلار بولۇۋاتىدۇ؟ بىزنىڭ قىزىقىدىغىنىمىز دەل مۇشۇ......

× × ×

2000 - يىلى باهارنىڭ مەلۇم بىر ئارام كۈنى، خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان ئابدۇراخمان قۇربان ئادىتى بويىچە سەهەردىلا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. بۇنىڭدىن ئايالى ۋە بالا - چاقىلىرى ئاۋۋالقىدەكلا خورسىندى. چۈنكى، بۇ ئارام كۈنى ئۇلارغا ناسادىيې نېسىپ بولغان خاسىيەتلىك پۇرسەت ئىدى. ئاخشام بىر چاغ بولغاندا دادىسىنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ خۇش بولۇشقان باللار ئاۋۋالقىدەكلا مەيۈسلەندى. چۈنكى، ئۇلار كىشىلەر تەرىپىدىن «تىنىم تاپماس ئادەم» دەپ تەرىپلىنىدىغان

جاپاكەش دادىسىنىڭ بوۋغۇنىمۇ سىرتقا، ئېنىقراق ئېيتقاندا يېزىغا — دېھقان - چارۋىچى قېرىنداشلىرىنىڭ يېنىغا بارىدىغانلىقىنى جەزىم قىلىپ ئۆلگۈرۈشكەنىدى. ئۇنىڭسىزمۇ بۇ ئائىلىدىكى ئىككى قىز بىلەن بىر ئوغۇل ئەقلىگە كەلگەندىن بۇيان ئاتا - ئانىسىنىڭ، بولۇپمۇ دادىسىنىڭ مېھرىگە تولۇق قانماي كېلىۋاتاتتى. گەرچە دادىسى باشقا كۆيۈمچان دادىلارغا ئوخشاشلا ئائىلىسىگە مەسئۇلىيەتچان، بالا - چاقىلىرىغا مېھرىبان كىشى بولسىمۇ، ئۇنىڭ كۆپ ۋاقتى، كونكرېت ئېيتقاندا بالا - چاقىلىرى بىلەن بىر داستىخاندا غىزالىنىدىغان، ئۆزئارا مۇڭدىشىدىغان، مۇھىمى ئۆز ئارا مېھرىبانلىق يەتكۈزىدىغان قىممەتلىك ۋاقتى سىرتتا — يېزىدا، سۇ قۇرۇلۇش ئورۇنلىرىدا ئۆتەتتى. ئېچىنارلىقى بالىلار دادىسىنىڭ كۆيۈنۈشىگە، ئاتىلارچە مېھرىگە، ياردىمىگە ئەڭ موھتاج بولغاندىمۇ دادا يەنىلا يېزىدا، دېھقانلارنىڭ ئېتىز - قىرلىرىدا بولاتتى.

ئەلۋەتتە بالىلار كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپ دادىسىنى كۆرگەندە، مۇنداقچە ئېيتقاندا بەختىگە يارىشا دادىسى يېزىدىن قايتىپ كەلگەندە ئۇنىڭ قۇچىقىدا ئەركىلەپ ئولتۇرۇۋاتقاندىمۇ يەنىلا خاتىرجەم بولالمايتتى، قىسقىسى دادىسىنىڭ كۈتۈلمىگەندە ئورنىدىن تۇرۇپ قايسىدۇر زۆرۈرىيەت بىلەن سىرتقا چىقىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيتتى. دېمىسىمۇ بۇنداق كۆڭۈلسىز ئەھۋال، كىچىك يۈرەكلەرنى داۋاملىق تىترىتىپ تۇراتتى. يەنە بىر بالىلارنىڭ بالىلىق تارىخىنى ۋاراقلىساق ئۇلارنىڭ ئاتا - ئانىسىدىن بىرنەچچە كۈن ئەمەس، بىرنەچچە ئايلاپ ھەتتا يىللاپ ئايرىلىپ، تۇغقانلىرىنىڭ ھۇزۇرىدا تۇرغانلىقىنى بىلەلەيمىز.

ئابدۇراخمان قۇربان ئەينى يىللىرى «شەرق قىزاردى سۇ ئامبىرى» نى، «توغراق سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسى»نى قۇرۇش قاتارلىق ئەھمىيەتلىك ئىشلار بىلەن ئالدىراش ئۆتۈپ بالىلىرىغىمۇ قارىيالمىدى. تۇرسۇنخانىممۇ خىزمەت بىلەن ئالدىراش بولغاچقا چوڭ قىزى رابىيەمنى چوڭ ئانىسى — مەرھۇم سېلىمىخان، ئىككىنچى قىزى ئايىنۇرنى قېيىنئاتىسى ئىمىن ھاجىم، قېيىنئانىسى مەرەمخان، ئوغلى ئەزىزجاننى سىڭلىسى مەرەمخان ۋە يولدىشى مەتنۇرى ئاخۇنلار مەكتەپ يېشىغىچە

باقتى. بىراق، بۇنداق ئىشلارنىڭ جاپا - مۇشەققەتلىك 70 - يىللاردىن ھالقىپ، ھەممىمىز ئۆچۈن تىنچ - خاتىرجەم، ئاسايىشلىق دەۋر ھېسابلىنىدىغان 2000 - يىللاردىمۇ داۋام قىلىشى ئەجەبلىنەرلىك ئىدى. دەرۋەقە خەلقنىڭ بەختىنى ئۆز بەختىم دەپ ئادەتلىنىپ كەتكەن ئابدۇراخمان قۇربان ئۈچۈن مەرتىۋە بىلەن دېھقانلار ئۈچۈن تارتىدىغان جاپانىڭ پەرقى يوق ئىدى. ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئېيتقاندا خەلقنىڭ ھاجىتى، خەلقنىڭ خىزمىتى تۈگىمەيتتى، كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپ دېھقانلارغا مۇستەھكەم باغلانغان قەلب رىشتىسىنى ھەرقانداق بوران - چاپقۇن ئۈزۈۋېتەلمەيتتى.

«ئالتۇننىڭ قەدرىنى ئالتۇنچى قازغۇچى بىلىدۇ» دېگەندەك، دېھقانچىلىقنىڭ جاپاسىنى دېھقان ئائىلىسىدە، يەنە كېلىپ ئۆزىنىڭ بەردەم كۈچى بىلەن ئېتىزنى گۈل قىلىدىغان مەرھۇم مەتقۇربان ھاجىنىڭ ئائىلىسىدە قاتارغا قوشۇلغان ئابدۇراخمان قۇرباننىڭ دېھقانلارغا باغلانغان قەلب رىشتىسىنى باشقا ھەرقانداق كىشىنىڭكىگە ئوخشاتقىلى بولمايتتى. چۈنكى، ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ ھاياتىدا دېھقان قېرىنداشلىرىنىڭ تۇرمۇشىنىڭ ئادەتتىكى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، ئېنىقراق ئېيتقاندا قورسىقىنى غورىگىل بولسىمۇ نانغا تويدۇرۇش ئۈچۈن تارتقان ئېغىر جاپالىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن، ھەتتا بۇ قىسمەتلىك كۈنلەرنى ئۇلار بىللە ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەنىدى. بىر بۇردا نان ئۈچۈن ئانىنىڭ قۇچىقىدا زار - زار يىغلاۋاتقان نارەسىدە باللارنىڭ پەريادى گاھىدا ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا كېلىۋالاتتى، بولۇپمۇ نامراتلىقنىڭ، يوقسۇزلۇقنىڭ كۈلپىتى ھە دېگەندە ئۇيغا سالاتتى. شۇ تاپتىمۇ قۇلاق تۈۋىدە نامراتلىقنىڭ، موھتاجلىقنىڭ ئاشۇنداق پەريادلىرى جاراڭلايتتى. كۆز ئالدىدا بولسا ئۆزىگە تەلمۈرۈپ قاراپ تۇرۇشقان ئوماق پەرزەنتلىرىنىڭ سىيماسى ئەمەس، بەلكى دېھقانلارنىڭ، يەنە كېلىپ بېيىغان دېھقانلارنىڭ بەختىگە ھەۋەس بىلەن بويۇن قىسىپ قاراپ تۇرۇشقان نامرات دېھقانلارنىڭ سىيماسى زاھىر بولاتتى. دېمىسىمۇ ئۆزىنى ئاۋامنىڭ بەختىگە ئاتىغان كىشىلەر ئۈچۈن نامراتلارنىڭ ھالىغا يەتمەستىن، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۆز بەختىنىڭ پەيزىنى سۈرۈش تولىمۇ

ئازابلىق ئىش ئىدى. ئاڭغاۋ بولۇۋېلىش ئابدۇراخمان قۇربانغا تېخىمۇ ياراشمايتتى. ئاخىرى ئۇنىڭ بىلەن جاپانى تەڭ تارتىپ كېلىۋاتقان ئايالى تۇرسۇنخانىم تاقەت قىلالمىدى.

— بۈگۈن دەم ئېلىش كۈنى بولغاندىكىن يېزىغا بارماي، باللار بىلەن بىللە بولۇڭ، قاراڭ ئۇلارنىڭ ھالىغا، سىزنىڭ سىرتقا مېڭىشقا ھازىرلىنىۋاتقىنىڭىزنى كۆرۈپ جىمىپلا كېتىشتى...... بىلىسىڭىز ئۇلار سىزدىن رەنجىۋاتىدۇ......

راست، بۇ رەنجىشنى ئورۇنسىز دېگىلى بولمايتتى. كۈن - كۈنلەپ ئاساسىي قاتلاملاردا يۈرۈپ ئاران نېسىپ بولغان دەم ئېلىش كۈنىدىمۇ باللار بىلەن بىللە بولمىسا قانداق بولغىنى!؟ قايسى بالا ئاتىسىنىڭ بۇنداق قىلىشىغا تاقەت قىلالايدۇ؟

— باللارغا سىلى چۈشەندۈرۈڭلا، مەن بۈگۈن مۇھىم بىر ئىش ئۈچۈن يېزىغا بارىمەن. باللار بىلەن كېيىنچە بىللە بولارمەن - ھە......

— سىزنىڭ كېيىنچە دېگىنىڭىز زادى قاچان؟ سىز بۇ گەپنى دېگەن ۋاقتىڭىزدا ئاۋۇ باللار بوۋاق ئىدى، ئەنە قارىماسىز، ئۇلار ھازىر چوپچوڭ ئادەم بولدى. بۈگۈن يېزىغا بارماي باللار بىلەن بىر ۋاق تاماقنى بىللە يەڭ......

— مەن ھازىرلا ماڭمىسام بولمايدۇ، تاشكەنتكە بارىمەن......

— تاشكەنتكە؟ يېقىندىن بېرى ئۇ يەرگە كۆپ بارىدىغانسىز؟ خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويسىڭىز قالغان ئىشلارنى تۆۋەندىكىلەر قىلالمامدۇ؟

— بولمايدۇ، قىلىشقا تېگىشلىك ئىشنى ئۆزۈم قىلىمەن!......

ئانا بىلەن دادىنىڭ ئارىسىدىكى تالاش - تارتىش ئاخىر باللارنى جەلپ قىلدى. باياتىن بېرى ئۇلار ئانىسىنىڭ دادىسىنى توسۇپ قالالايدىغانلىقىغا ئۈمىد باغلاپ تۇرۇشقانىدى. بىراق، دادىسىنىڭ جاھىللىقى ئانىسىنى ئامالسىز قالدۇرۇۋاتاتتى. بۇ ھال ئۇلارنى ئىلگىرىكى ئىنتائىتمەنلىك ھالىتىگە خىلاپ ھالدا ئوتتۇرىغا چىقاردى.

— دادا، دوستلىرىمىزنىڭ دادىسىمۇ سىزدەك خىزمەت قىلىدۇ،

بىراق ئۇلار ئارام كۈنلىرىدە بالىلىرى بىلەن بىللە بولىدۇ. تېخى بالىلىرىنى باغچىلارغا، مەنزىرىلىك ساياھەت ئورۇنلىرىغا ئاپىرىپ ئوينىتىدۇ، بىز كىچىك ۋاقتىمىزدىمۇ سىز مۇشۇنداق ئالدىراش ئىدىڭىز، ئىبىتىگە، سىزنىڭ بۇ ئالدىراشلىقىڭىز زادى قاچان تۈگەيدۇ؟ — چوڭ قىزى بۇ گەپلەرنى دەۋاتقاندا كۆزلىرىدە ياش لىغىرلاپ قالدى. ئۇنىڭ ھەقىقەتەنمۇ «سەۋر قاچىسى» توشقاندەك قىلاتتى.

— مەن ھەقىقەتەنمۇ سىلەرگە كۆڭۈل بۆلەلمىدىم، بالىلىرىم. مېنى ئەپۇ قىلىڭلار، ئەسلىدە بۈگۈن سىلەر بىلەن بىللە بولسام بولاتتى، بىراق تاشكەنتكە ھازىرلا بارمىسام بولمايدۇ. كېيىنچە ئۇنداق كۈنلەرمۇ كېلەر......

— ئۇنداق بولسا بىزگە ئېنىق جاۋاب بېرىڭ! قاچان بىز بىلەن بىللە بولىسىز؟ ئېنىق ۋاقتىنى دەپ بەرمىسىڭىز سىزنى ماڭغىلى قويمايمىز! — ئاردا كىچىك قىزى بىلەن ئوغلى ئاچىسىنىڭ قارارىنى قۇۋۋەتلەپ دادىسىنى توسۇۋېلىش ئۈچۈن ئىشىكنى تاقاپ تۇردى. قارىغاندا ئۇلار بۈگۈن قەتئىي ئىرادىگە كەلگەندەك قىلىشاتتى.

ئابدۇراخمان قۇربان چوڭ قىزىنىڭ سوئالىغا دەرھال جاۋاب بېرەلمەي بىردەم ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى. ئەمەلىيەتتىمۇ بۇ كۈنلەردە ئۇ بالىلىرىغا ئېنىق جاۋاب بېرەلمەيتتى، چۈنكى تاشكەنت كەنتىنىڭ خىزمىتىنى ۋىلايەتنىڭ باشقا مۇھىم خىزمەتلىرىنىڭ سىرتىدا بوش ۋاقىت چىقىرىپ قىلىشنى پىلانلىغاچقا كەلگۈسى ۋاقتىغا يەنىلا ئىگە بولالمايتتى. ئاخىر ئۇ تولىمۇ ھاياجانلىق ئاۋازدا دېدى:

— تاشكەنتتىكى دېھقانلار نامراتلىقتىن قۇتۇلغاندا چوقۇم سىلەر بىلەن ئارام كۈننى بىللە ئۆتكۈزىمەن!

— نېمە؟ ھازىرمۇ يېزىلاردا نامراتلار بارمۇ؟ ئىلگىرى كېرىيەدە نامراتلارنى بېيىتىمىز دەپ چېپىپ يۈرەتتىڭىز، ھازىر دېگەن 2000-يىللار تۇرسا...... سىز ئۇ تاشكەنت دېگەن يەرنىڭ نامراتلىقىنى قانداق بىلدىڭىز؟

— سىز ئۇ تاشكەنت دېگەن جاينى قانداق تاپتىڭىز؟

— دادام يېزىغا بارغىلى باھانە تاپالماي شۇنداق دەۋاتىدۇ،ھازىر

دېگەن ھېچ يەردە نامرات ئادەم يوق! ــ كەم سۆز ئوغۇلمۇ پاراڭغا ئارىلاشتى.

بالىلارنىڭ گېپى ئابدۇراخمان قۇربانىنى چوڭقۇر ئويغا سالغانىدى. دېمىسىمۇ بالىلار ئارقا - ئارقىدىن ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇپ كۆزى ئېچىلىپ قالغانىدى. ئۇلارنىڭمۇ ئۆز ئالدىغا قارىشى، جەمئىيەت ۋە تەرەققىياتلار توغرۇلۇق ئۆز ئالدىغا بىلىمى بار ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار ۋىلايەت مەركىزىدە، يەنى تەشۋىقات ۋاستىلىرى تەرەققىي قىلغان شەھەر مۇھىتىدا ياشاۋاتقاچقا تۈرلۈك تەشۋىقات ۋاستىلىرى ئارقىلىق نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتتىن تولۇق خەۋەر تېپىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان يىگىرمە يىل تەبىئىي شارائىتى كۆرۈنەرلىك ناچار بولغان خوتەنگە زور تەرەققىيات پۇرسىتىنى ئېلىپ كەلگەنىدى. ھازىرقى ۋاقىتتا يەنىلا نامراتلىقنىڭ گېپىنى ئەمەس، تەرەققىياتنىڭ گېپىنى قىلىدىغان مەزگىل ئىدى. ئۇنىڭسىزمۇ گېزىت ۋە تېلېۋىزور قاتارلىق تەشۋىقات ۋاستىلىرىدا نامراتلىقنىڭ ئەمەس، دەل تەرەققىياتنىڭ گېپى يېتەرلىك قىلىنىۋاتاتتى. بىر مەزگىل ئەۋج ئالغان نامراتلىق ھەققىدىكى خەۋەرلەرنىڭ ئەمدى قىزىقى قالمىغاندەك، قىسقىسى نامراتلار بىر - بىرلەپ بېيىغاچقا يەنە بۇ كونا گەپنى دەۋەرمەي، ئەمدى ئۇنىڭ ئورنىغا تەرەققىياتنىڭ، كىشىلەرنىڭ ئېچكى ئېھتىياجى ۋە ئىستېمال سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشنىڭ گېپىنى قىلىش زۆرۈردەك قىلاتتى.

راست، بالىلار توغرا دەيدۇ. بىز پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ كۈچلۈك تەشەببۇسى ۋە سىياسەت جەھەتتىن كۈچلۈك يار - يۆلەك بولۇشى ئارقىسىدا ۋىلايىتىمىزدە نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىنى ئىشلەۋاتقىلى پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن ھېسابلىغاندا يىگىرمە يىلدىن ئاشتى. يىگىرمە يىل دېگەن ئاز ۋاقىت ئەمەس، يىگىرمە يىلدا بىر بوۋاق دۇنياغا كۆز ئېچىپ چوڭ بولۇپ تولۇق ئەقىلگە توشىدۇ. بىزنىڭ نامراتلارنى يۆلەش قەدىمىمىز ئاستا بولدىمۇ ياكى بۇنىڭدا باشقا سەۋەب بارمۇ؟ ئەمەلىيەتتە بۇ ئابدۇراخمان قۇربان مۇشۇ كۈنلەردە تالاي قېتىم ئويلانغان، مۇھاكىمە قىلغان سوئال ئىدى. تەگلەپ كەلسەك ئۇنىڭ «خوتەننىڭ تەبىئىي شارائىتى باشقا

ھەرقانداق ئورۇنغا قارىغاندا ناچار» دەيدىغان ئىلمىي جاۋابىمۇ بار ئىدى. بىراق، ئابدۇراخمان قۇربانىنى بۇگۈن بالىلىرىنىڭ ساددىلارچە دېگەن گەپلىرى ئويغا سىلىپ قويدى. ئۇنىڭ بۇ ھەقتىكى خىياللىرى داۋام قىلىپ، بارا - بارا يېقىندىن بۇيان ئېغىزىدىن چۈشۈرمەي كېلىۋاتقان تاشكەنت كەنتىگە ئۇلاندى......

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، بۇ يەردە سىز توختۇلا يېزىسىدىكى دېھقان شائىر ئادىل مەتقۇربانىنىڭ ئەينى ۋاقىتتا شادلىقىنى ئىچىگە سىغدۇرالماي پۈتكەن يازمىسى ئاساسىدا ۋۇجۇدقا چىققان تۆۋەندىكى مۇخەممەس بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىن تاشكەنتكە قاراپ ماڭسىڭىز بەكمۇ ئەھمىيەتلىك بولىدۇ......

## باشلىق كەلدى

باشلىق كەلدى كادىرلارنىڭ بەرناسىدىن،
مەيدە قېقىپ سەركىلەرنىڭ ئاراسىدىن،
قۇتقۇزۇشقا نامراتلىقنىڭ جاپاسىدىن،
بوشاڭلىقتىن، ھۇرۇنلۇقنىڭ تەمەسىدىن،
بىلىڭ ئۇنى ئوغلانلارنىڭ يەكتاسىدىن.

باشلىدى ئۇ دېھقانلارنى ئالغا ھەر چاغ،
بەرپا قىلىش ئۇچۈن كەنتتە يېڭىدىن باغ،
قەد كۆتۈردى ھەممەيلەن تەڭ يۈيۈلدى داغ،
باياشادلىق — قازانمۇ ياغ، چۆمۈچمۇ ياغ،
ئۇششاقۇچوڭ سۆيۈندى بۇ ئاتاسىدىن.

ئەۋج ئالدى تاشكەنتتە بورداقچىلىق،
ھۈنەر - كەسىپ — ياغاچچىلىق، ئۇلاقچىلىق،
گۈلچىلىك ھەم گىلەمچىلىك، ئورمانچىلىق،
كىرىم ئاۋۇپ ھەميان تولدى ئاقچىغا لىق،
بىلگەچ ئەلا دېھقانىنى كۆز قاراسىدىن.

بېيىدۇق تەڭ ھەممە مۇشۇ پۇرسەت بىلەن،
قەد كۆتۈردى يېڭى ئۆيلەر ھەيۋەت بىلەن،
ئىشلىگەچكە يەڭنى تۈرۈپ غەيرەت بىلەن،
كۈلدۇق بۈگۈن قۇچاق ئاچقان نۇسرەت بىلەن،
قۇتۇلغاچقا نامراتلىقنىڭ بالاسىدىن.

سالام سىزگە ئابدۇراخمان قۇربان ئاكا،
يوقتۇر ئەمدى كەنتىمىزدە يالقاۋ - ناكا،
بىز بۈگۈن ئالدىرايمىز تۇرماي باكا،
مېھنەتكەشكە غەمخانسىز، خالىس چاكا،
ئايرىمسۇن بىزنى سىزدەك سەفاسىدىن[1].

رەھمەت سىزگە ساددا دېھقان، كادىرلاردىن،
يېتىم ئوغۇل، تۇل خوتۇنۇ ئاجىزلاردىن،
مېھرىڭىزدە ھەممە ئىشقا قادىرلاردىن،
قولىرى گۈل خالۋاپلىققا ماھىرلاردىن،
دىل يايرىدى ئىسلاھاتنىڭ ساباسىدىن.

......

راست، تاشكەنت كەنتى دېگەن زادى قانداق جاي؟ تاشكەنت كەنتىنىڭ ئەھۋالى قانداق بولۇپ ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ نەزەرىگە ئېلىنىپ قالدى؟ بالىلارنىڭ دېگىنى بويىچە ئېيتقاندا ئابدۇراخمان قۇربان تاشكەنت كەنتىنى زادى قانداق تاپتى؟ ئۇ نېمە ئۈچۈن يېقىندىن بېرى «تاشكەنت» دېگەن ئىسمنى ئېغىزىدىن چۈشۈرمەيدىغان بولۇپ قالدى؟ نېمىشقا ئۇ ئاران نېسىپ بولىدىغان ئارام كۈنلىرىدىمۇ تاشكەنت كەنتىگە بېرىۋالىدۇ؟ بەلكىم بۇ بىر قاتار سوئاللار ئوقۇرمەنلەرنى

[1] سەفا — يېقىملىق، پاك مەنىسىدە.

ئاللىقاچان ئۇيغا سىلىپ قويغان بولۇشى مۇمكىن.

چۈشىنىشلىك بولسۇن ئۈچۈن بۇ يەردە گەپنى سەل باشتىن دېيىشكە توغرا كېلىدۇ. بىز يازمىمىزنىڭ باش قىسمىدا ئەل ئوغلى ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ كېرىيە ناھىيەسىدىن خوتەن ۋىلايىتىگە يۆتكىلىپ كەلگەندىن كېيىن ئەل بەختى ئۈچۈن ئىشلىگەن بىر قاتار خىزمەتلىرىنىڭ تەركىبىدە خوتەن ۋىلايىتىنىڭ 90 - يىللاردىكى نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى ئۈستىدە قىسقىلا توختىلىپ ئۆتكەنىدۇق. دەرۋەقە 2000 - يىللارنىڭ بېشىدا خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە رەھبەرلىرى نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىدە يېڭى بۇرۇلۇش، يېڭى نەتىجە ھاسىل قىلىش ئۈچۈن ۋىلايەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلىرىنى ئەقىل كۆرسىتىشكە، تۆۋەننى تەكشۈرۈپ نامراتلارنى بېيىتىشنىڭ ئىجادىي يوللىرىنى ئېچىشقا سەپەرۋەر قىلدى. ئۇنىڭسىزمۇ بۇ مەزگىلدە خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان ئابدۇراخمان قۇربان نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىنىڭ يېڭى دەۋردىكى يېڭىچە يولىنى تېپىش ئۈستىدە چوڭقۇر ئىزدىنىۋاتاتتى. ئۇ نامراتلارنى بېيىشقا يېتەكلەشتە تەشكىلىي رەھبەرلىك، تۇر، مەبلەغ، تېخنىكا، مۇلازىمەت بىر گەۋدىلەشكەن خىزمەت فۇنكسىيەسىنى يولغا قويۇشتا مۇۋاپىق بىر تەجرىبە مەيدانىنىڭ بولۇشىنى ئارزۇ قىلاتتى. دېمىسىمۇ دېھقانلارنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئىلگىرى كېرىيەدە بارلىققا كەلتۈرۈلگەن تەجرىبىلەرنى پۈتۈن خوتەن ۋىلايىتىگە تەتبىقلاشتا يېڭىچە يول ئېچىشقا توغرا كېلەتتى.

ئابدۇراخمان قۇربان مۇشۇ مەۋقە ئاساسىدا چوڭقۇر ئىزدىنىشنى داۋاملاشتۇردى. ئاۋۋال ئۇ خوتەن ۋىلايىتىگە قاراشلىق يەتتە ناھىيە، بىر شەھەرنىڭ چەت، ياقا كەنتلىرىگىچە بېرىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. ئۆزئارا سېلىشتۇردى. ھەربىر ناھىيەنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكىنى كونكرېت تەھلىل قىلىپ يەكۈنلىدى. مۇناسىۋەتلىك سان - سىپىرلارنى بىرمۇبىر سېلىشتۇرۇپ چىقتى. ئاخىرىدا قاراقاش ناھىيەسى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا باشقىچىرەك گەۋدىلەندى...... دەرۋەقە ئەينى ۋاقىتتا قاراقاش ناھىيەسىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە كىرىمى خوتەن

ۋىلايىتى بويىچە ئەڭ تۆۋەن چەكتە ئىدى. ئۇ ئىشنى مانا مۇشۇ تۆۋەن ئورۇندىن باشلىماقچى بولدى. بۇ يەردە شۇنى قىستۇرۇپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، ئۇنىڭ ئۆزى بىۋاستە باش بولۇپ يۈلەشتە قاراقاش ناھىيەسىنىڭ نامراتلىقتا ئالاھىدە «داڭقى» بار تاشكەنت كەنتىنى تاللىشى خەلقچىللىق ئىدىيەسىنىڭ يەنە بىر ئىسپاتى ئىدى. ئۇ تاشكەنت كەنتىنىڭ ئالاھىدە نامرات ھالىتىنى مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللاردىن كۆرۈۋاتقاندا كۆز ئالدىدا بۇ يەردىكى جاپاكەش خەلقنىڭ موھتاجلىقى ئاللىقاچان زاھىر بولغان. مۇشۇ كۇنلەردە ئۇ قاراقاشقا ئارقا-ئارقىدىن كېلىپ ھەرقايسى يېزىلارنىڭ شۇ يىللىق كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە كىرىمىنى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلاردىن سورۇشتۇرۇپ كۆردى. ئايان بولدىكى، قاراقاش ناھىيەسىگە قاراشلىق بارلىق يېزا، بازارلارنىڭ ئىچىدە توخۇلا يېزىسىنىڭ ئەڭ تۆۋەن بولۇپ چىقتى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ نامرات ناھىيەنىڭ نامرات يېزىسىنى تېپىۋالدى. كېيىن توخۇلا يېزىسىغا كېلىپ مۇناسىۋەتلىك سان - سىپىرلاردىن بۇ يېزىدىكى تاشكەنت كەنتىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە كىرىمىنىڭ ھەممىدىن تۆۋەنلىكىنى كۆرۈپ چوڭقۇر ئويلىنىپ قالدى. «چىراغ تۈۋى قاراڭغۇ» دېگەندەك، ناھىيە مەركىزىگە بىرنەچچە كىلومېتىرلا كېلىدىغان بۇ كەنتنىڭ ۋىلايەت بويىچە ئەڭ ئارقىدا قېلىشى ھەقىقەتەنمۇ كىشىنى ئويغا سالماي قالمايتتى.

ئابدۇراخمان قۇربان كۆز ئالدىدىكى ئىستاتىستىكا ماتېرىياللىرىغا ئىشىنەلمىگەندەك ئۇلارنى قايتا - قايتا تەپسىلىي كۆرۈپ چىقتى. ئەمەلىيەتتە ئىستاتىستىكا ماتېرىياللىرى توغرا بولۇپ، تاشكەنت كەنتى ھەقىقەتەنمۇ پۈتۈن خوتەن ۋىلايىتى بويىچە ئەڭ نامرات، ئەڭ قالاق، ئەڭ بېكىنمە ھالدا قالغانىدى. ئۇ تۆۋەندىكى قۇرلارنى كۆرۈپ تېخىمۇ ئەجەبلەندى......

«تاشكەنت كەنتى قاراقاش ناھىيە مەركىزىدىن بەش كىلومېتىر نېرىدىكى توخۇلا يېزىسىنىڭ جەنۇبىغا، يەنى 315 - دۆلەت يولىنىڭ بويىغا جايلاشقان. ئومۇمىي يەر كۆلىمى 1709 مو بولۇپ كىشى بېشىغا ئوتتۇرىچە 1.2 مودىن تېرىلغۇ يەر توغرا كېلىدۇ. كەنتتە ئۈچ ئاھالە

گۇرۇپپىسى، 354 ئائىلە، 1420 نوپۇس بار. بۇنىڭ ئىچىدە 256 ئائىلە، 1153 نەپەر كىشى نامرات ھالەتتە تۇرۇۋاتىدۇ. ھالبۇكى، نامراتلار ئائىلىنىڭ 72% نى، نوپۇسنىڭ 81% نى ئىگىلەيدۇ. 1999 ـ يىلى كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە كىرىمى 539 يۈەن بولغان. كەنتتىكى 75% ئائىلىدە بىرەرمۇ چارۋا يوق. كەنتنىڭ ئۇل ئەسلىھەلىرى ئارقىدا، تېرىقچىلىق قۇرۇلمىسى بىر خىل، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيەسى ئىنتايىن تۆۋەن. نامراتلىق دائىرىسىمۇ نىسبەتەن چوڭ، دېھقانلار نامراتلىق دەستىدىن ماجالىدىن كەتكەن......»

مانا بۇ 1999 ـ يىلىنىڭ ئاخىردىكى قاراقاش ناھىيە توخۇلا يېزىسى تاشكەنت كەنتىنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى ئىدى. تاشكەنت كەنتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى قىسقىلا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن يۇقىرىقى قۇرلارنى يېنىشلاپ بىرقانچە قېتىم ئوقۇپ چىققان ئابدۇراخمان قۇربان كۆڭلى ئارام تاپماي ئاخىر مۇناسىۋەتلىك يولداشلارنى ئەگەشتۈرۈپ تاشكەنت كەنتىگە قاراپ يول ئالدى. كۆز ئالدىدا بايا ئۇ توخۇلا يېزىلىق ھۆكۈمەت ئورگىنىدا ئىستاتىستىكا جەدۋىلىدىن كۆرگەن نامرات كەنت غېرىبانە ھالدا نامايان بولدى......

شۇ كۈندىكى يۈزەكى تەكشۈرۈشتىنلا مەلۇم بولدىكى، تاشكەنت كەنتى ھەقىقەتەنمۇ خوتەن ۋىلايىتى بويىچە نامراتلار نىسبىتى ئەڭ يۇقىرى كەنتلەرنىڭ بىرى ئىكەن. دەرۋەقە كەنتنىڭ ئۇل ئەسلىھەلىرى ئارقىدا، تېرىقچىلىق كونا ئەندىزە بويىچە بىر خىللا ئېلىپ بېرىلغاچقا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيەسى ۋىلايەت بويىچە تۆۋەن ئورۇندا ئىدى. گەرچە تاشكەنت كەنتى ناھىيە مەركىزىگىلا ئەمەس، بەلكى ۋىلايەت مەركىزىگىمۇ يېقىن كەنتلەرنىڭ بىرى بولۇشىغا قارىماي، ئۇنىڭ قالاق، نامرات ھالىتىنى خوتەن ۋىلايىتىنىڭ چەت، ياقا كەنتلىرىگىمۇ سېلىشتۇرغىلى بولمايتتى.

تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇكى، نامراتلىق ھۆكۈم سۈرگەن ئورۇندا باشقا ئىجتىمائىي ئىشلارنىڭ ئارقىدا قېلىشى ئەقەللىي ھادىسە. جۈملىدىن تاشكەنت كەنتى بەئەينى دۇنيانىڭ سىرتىدا، مۇنداقچە ئېيتقاندا نۆۋەتتىكى تەرەققىيات ۋە گۈللىنىشتىن خەۋەرسىز ھالدا

بارغانسېرى غۇربەتچىلىك قوينىغا شۇڭغۇۋاتقاندەك قىلاتتى. غۇربەتچىلىك، نامراتلىق، موھتاجلىق تاشكەنت كەنتىنى يىراق تارىختىن باشلاپ ماكان قىلىپ كېلىۋاتقان كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىدىلا ئەمەس، بەلكى سۆز - ھەرىكىتىدىن باشلاپ كىشىلىك مۇناسىۋىتىگىچە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقانىدى. چىتەنلەرنىڭ، پاكار جىگدە، پاخپاق سۆگەتلەرنىڭ قورشاۋىدا مۇڭلىنىپ تۇرغان مەھەللە، ماگسا پۈت چۆكلۈپ كەتكۈدەك توپىلىق يوللار كىشىنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلسا، كىشىلەرنىڭ چىرايىدىكى سېرىقلىق، ئىسەنگىرەش ھەم موھتاجلىقلار كىشىنىڭ يۈرىكىنى ئېزەتتى. ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كەنتتىكى كىشىلەرنىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋىتى، يەنى باللار بىلەن ئاتا - ئانىلارنىڭ، ئۇرۇق - تۇغقانلارنىڭ بىر - بىرسىگە بولغان مېھرىمۇ شۇنچە سۇسلىشىپ كەتكەنىدى. بىرى بىلەن بىرىنىڭ كارى يوق ئىدى. ئېغىر كۈندە قالغانلارغا ياردەم بېرىش، ئۆزئارا بارنى تەڭ كۆرۈشتەك ئىنسانىي قائىدىلەر بىلەن، قىيىنچىلىقنى ئورتاق يېڭىپ بىرلىكتە يېڭىچە تەرەققىيات مەنزىرىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈش دېگەنلەردىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى.

ئابدۇراخمان قۇربان تاشكەنت كەنتىنىڭ يۇقىرىقى ئالاھىدە ئەھۋالىنى بىر قۇر تەكشۈرۈپ كۆرگەندىن كېيىن ئۆزى تاشكەنت كەنتىنى نۇقتا قىلىپ، بىۋاستە ھالدا پىلانلاپ بېيىتىش، بۇ ئارقىلىق خوتەن ۋىلايىتى بويىچە نامراتلارنى ئومۇميۈزلۈك بېيىتىشنىڭ ئىجادىي يولىنى ئېچىش نىيىتىگە كەلدى.

ئەلۋەتتە ئابدۇراخمان قۇربانىڭ تاشكەنت كەنتى ھەققىدىكى دەسلەپكى تەسىراتىغا ئاساسلانغاندا بۇ كەنت بىرقانچە جەھەتتىن ئالاھىدە ئىدى. كونكرېت ئېيتقاندا، جۇغراپىيەلىك ئورنى ئالاھىدە بولۇپ، تېرىم يەرنى كۆپەيتىش ئىمكانىيىتى يوق، جەمئىيەت ئەھۋالى ئالاھىدە بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ئىدىيەسى مۇرەككەپ، دېھقانلارنىڭ روھىي ھالىتى ئالاھىدە بولۇپ، چۈشكۈن ھەم ئۈمىدسىز ئىدى. دېمەك، تاشكەنت كەنتىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشتا قىيىنچىلىق زور ئىدى. بىر ھېسابتا ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاش بىلەنلا كەنتنى ئۆزاقتىن بۇيان

قورشاپ تۇرۇۋاتقان بۇرۇقتۇرمىلىقنى ئۈزۈل - كېسىل يوقاتقىلى بولمايتتى. ئەڭ گەۋدىلىك بولغىنى نامراتلىق تاشكەنتلىكلەرنىڭ تۇرمۇشىدىلا ئەمەس، بەلكى روھىدىمۇ ناھايىتى چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ كەتكەنىدى. بۇ تەرىپى كىشىگە قايسىدۇر بىر چۆچەكتىكى «ياخشى كۈننى كۈتۈپ - كۈتۈپ ئاخىرىدا يىلتىز تارتىپ دەرەخكە ئايلىنىپ كېتىپتۇ» دېگەن بايانلارنى ئەسكە سالاتتى، يەنى باشقىلار تۇرمۇشىنى يۇقىرى ئىستېمال سەۋىيەسىگە كۆتۈرۈۋاتقان بۇ كۈنلەردە تاشكەنتلىكلەر ئىلگىرىكى غورىگىل تۇرمۇشقا ئادەتلىنىپ قالغاندەك، شۇنچە تىرىشىپمۇ نامراتلىقتىن قۇتۇلالمىغاچقا ئەمدى بارغا شۈكرى قىلىپ ئۆتۈشكە كۆنۈكۈپ كەتكەندەك قىلاتتى.

دەرۋەقە پاتقاققا چۈشۈپ كەتكەن بىرسىگە سەن ئۇنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن قولۇڭنى سوزساڭ، ئۇمۇ ھاياتقا بولغان ئۈمىدۋارلىق بىلەن ساڭا قولىنى سوزسا ئەجرىڭ زايە بولمايدۇ. ئەكسىچە، پاتقاقتا تۇرغۇچى ساڭا قولىنى سوزمىسا، بىر ھېسابتا ئۇ پاتقاق بىلەن «چىقىشىۋالسا» سېنىڭ ئۇنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىڭنىڭ ھېچقانداق نەتىجىسى بولمايدۇ. ئابدۇراخمان قۇربان بۇ قائىدىنى ئوبدان بىلەتتى. شۇڭا، ئاۋۋال تاشكەنتلىكلەرنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشقا بولغان روھىنى ئۇرغۇتۇشنى مۇھىم ئورۇنغا قويدى. دېمىسىمۇ ئۇلاردا ئۆزلىرىنى نامراتلىق پاتقىقىدىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن قولىنى سوزغان ئابدۇراخمان قۇربانغا تەشەببۇسكارلىق بىلەن قولىنى سۇنۇپ بېرىدىغان روھ بولمىسا بولمايتتى. كېيىنكى ئىشلار مۇشۇ مەۋقە ئاساسىدا جىددىي ھەم پىلانلىق ئىشلىنىشكە باشلىدى.

ئابدۇراخمان قۇرباننىڭ تاشكەنتلىكلەرنى جەم قىلىپ تۈنجى قېتىم «نامراتلىقنى چۆرۈۋېتىپ، باي - باياشات ياشاش سىلەرگىمۇ يارىشىدۇ» دېگەن مەزمۇندا قىلغان تەسىرلىك سۆزى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا كۈچلۈك تەسىر پەيدا قىلدى. مۇشۇ كۈنگىچە ئۇلار «تىرىشىپ ئىشلەپ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش»، «كېيىنىش ھەم تويۇنۇش مەسىلىسىنى ئۈزۈل-كېسىل ھەل قىلىش»، «تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش نىشانىغا يېتىش» دېگەندەك قېلىپلىشىپ كەتكەن بۇ خىلدىكى گەپلەرنى كۆپ ئاڭلاپ

قاشاڭلىشىپ كەتكەچكە ھەر قېتىم يىغىنلارغا قاتنىشىپ، ئاتالمىش چاقىرىقلارنى ئاڭلىغاندا«كۆن يەنە شەرقتىن چىقىدۇ، ئاينىڭ ئون بەشى يورۇق، ئون بەشى قاراڭغۇ، بىزنىڭ نامراتلىقىمىزمۇ پېشانىمىزگە پۈتۈلگەن، ئۇنىڭ دەردىنى تارتماي ئامال يوق»دەپ قارىشاتتى. بىراق بۇ قېتىم ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ ئاچقان يىغىنى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش ئاساسىدا تاشكەنت كەنتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىغا، خەلقنىڭ ئارزۇ - ئارمانىغا ئويغۇن ئىدى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ دېھقانلارنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ تاشكەنت كەنتىنىڭ پۈتكۈل قىياپىتىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىش ئىرادىسى كىشىلەر ئارىسىدا غۇلغۇلا قوزغىدى. يەنە كېلىپ بۇ ھەقتىكى غۇلغۇلىلار ئائىلىلەرگىچە، ئائىلىلەردىن ئەتراپتىكى كەنت- مەھەللىلەرگىچە تارقىلىشقا باشلىدى.

بىراق، قۇلاقتىن قۇلاققا كۆچۈۋاتقان: «ئابدۇراخمان قۇربان شۇجى بۇنىڭدىن كېيىن تاشكەنت كەنتىنى نۇقتا قىلىپ تۇتۇپ، دېھقانلارنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرىدىكەن» دېگەن پاراڭغا ئىشەنگۈچىلەر بىلەن ئىشەنمىگۈچىلەرنىڭ نىسبىتىمۇ تەڭ ئىدى. دەرۋەقە بۇ گەپكە ئىشەنگۈچىلەر ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ شۇ كۈنى يىغىندا سۆز قىلغان چاغدىكى قىياپىتىگە ئاساسلىناتتى. ئۇ كۈنى ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ چىرايىدا بىرخىل قەتئىيلىك بىلەن تولىمۇ چوڭقۇر مېھرىبانلىق مۇجەسسەملەنگەنىدى. بۇ گەپكە ئىشەنمىگۈچىلەر بولسا «تاشكەنتنى يېزا باشلىقى نۇقتا قىلىپ بېيىتىدىكەن دېسە ئىشىنەرمىزمىكىن، ئەممازە ئابدۇراخمان قۇربان شۇجىغا ئانچە ئىشىنەلمەيمىز، چۈنكى ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى دېگەننىڭ قىلىدىغان ئىشى بېشىدىكى چېچىدىن تولا، ئېغىزدا شۇنداق دەپ قويغان بىلەن ئۇنىڭ بۇ يەرگە كېلىشۋەرگىلى چولىسى تەگمەيدۇ، قاراپ تۇرۇڭلار، بىرنەچچە ئاي ئۆتە - ئۆتمەي ئابدۇراخمان قۇربان شۇجىنىڭ كۆڭلى سوۋۇپ بۇ يەردىن غىپپىدە كېتىپ قالىدۇ»دەپ قارىشاتتى.

قىزىق يېرى ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ بىۋاستە تاللىشى بىلەن ئىلگىرىكى پىنھاندىن ئەمدىكى رەستىگە چىقىپ قالغان تاشكەنت كەنتى بۇ كۈنلەردە باشقىلارنىڭمۇ دىققىتىگە نائىل بولۇۋاتاتتى. يەنە كېلىپ

«موزاينىڭ يۇگۇرۈشى سامانلىققىچە» دېگۈچىلەر خاس تاشكەنت كەنتىدىكى بىرقىسىم ئامما بىلەن چەكلىنىپ قالماستىن، بەلكى ئۆلارنىڭ تەركىبىمۇ تەدرىجىي يۇقىرى تەبىقىلەرگە قاراپ سىلجىۋاتاتتى. ئۆزلىرى بىر ئىشنى ھەقىقىي ئەجىر - مېھنەت بىلەن كۆيۈنۈپ قىلمايدىغان، ئەمما باشقىلار قىلسا دەرھال ئۇنىڭ ئۈستىدە پىتنە - پاسات توقۇشقا باشلايدىغان يامان ئادەتنىڭ بىزدە يىلتىزى قۇرىدى دېگىلى بولامتىمۇ!؟ ئىشقىلىپ قانداق بولۇشتىن قەتئىينەزەر ئابدۇراخمان قۇربان ئۆزىنىڭ ئەقىل ئىدراكى، بولۇپمۇ نامرات دېھقانلارنى بېيىتىشقا بولغان كۈچلۈك ئىرادىسىگە تايىنىپ تاشكەنت كەنتىنى تاللىۋالدى. بىركىم ئۇنى ئۆزىگە ھۆددە قىلىپمۇ بەرمىگەن، پەقەت ئۆزى كەلگۈسىدە تارتىدىغان جاپا - مۇشەققەتلەرگە غالىبلارچە يۈزلىنىپ تۇرۇپ مەردانىلارچە تاللىۋالغان ئەھۋالدا قىيىنچىلىقنى، توسقۇنلارنى يېڭىپ داۋاملىق ئالغا مېڭىشى كېرەك ئىدى. ئۇ شۇنداق قىلدى. شۇ ھەپتىسىلا ۋىلايەتتىكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلاردىن ئابباس مۇدىر، رىن شاۋنەن، يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ باشلىقى ۋە قاراقاش ناھىيەلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئابدۇۋاقى غېلىمەتشا، توخۇلا يېزىسىنىڭ باشلىقى توختى مۇھەممەت قاتارلىق يولداشلاردىن تەركىب تاپقان ئوتتۇز نەچچە كىشىدىن بىر گۇرۇپپا تەشكىللىدى. گۇرۇپپا ئەزالىرى ئالدىن تەييارلانغان تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش لاھىيەسىگە ئاساسەن تاشكەنت كەنتىدىكى ھەربىر ئائىلىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى ئىز قوغلاپ تەكشۈرۈپ چىقتى.

بۇ قېتىملىق پائالىيەت نامراتلارنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەش بىلەنلا چەكلەنمىدى، گۇرۇپپا ئەزالىرى ھەربىر ئائىلىگە كىرگەندە ئابدۇراخمان قۇربانىڭ تەلىپى بويىچە شۇ ئائىلىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى تەپسىلىي ئىگىلىگەندىن سىرت، ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ئىدىيەۋى ئالاھىدىلىكى ۋە ھۈنەر - كەسىپ ئالاھىدىلىكىنى تولۇق ئىگىلىدى، شۇنداقلا نامرات-لىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشتا كەسىپ تاللىشىنى ئۆزلىرىنىڭ رايىغا قويۇپ ئەل رايىغا ئېتىبار بەردى. ھەر بىر كىشىدىن: « بىز سىزگە قايسى مۇلازىمەتنى قىلىپ بەرسەك تېز ھەم ئۈنۈملۈك بېيىيالايسىز» دېگەن

ئورتاق سوئالنى بىر - بىرلەپ سورىدى. بۇ سوئال تاشكەنت كەنتىدىكى دېھقانلار ئۈچۈن ئالاھىدە يېقىنلىق بولغان بىلەن، ئەمەلىيەتتە پارتىيەمىزنىڭ ئۇزاق سىناقلاردىن ئۆتكەن «خەلقتىن ئېلىپ خەلققە قايتۇرۇش»، «تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلمىغانىنىڭ پىكىر بايان قىلىش سالاھىيىتى يوق» دېگەن پىرىنسىپلىرىنىڭ يەنە بىر ۋارىيانتى ئىدى. بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش كۆلەم جەھەتتىنلا ئەمەس، مۇھىمى مەزمۇن جەھەتتىنمۇ يۇقىرىقىدەك ئۆزگىچىلىككە ئىگە ئىدى. دېگەندەك، بۇ ئۇسۇلنىڭ دېھقانلارنىڭ روھىنى ئۇرغۇتۇشتا ئۈنۈمى مۆلچەردىكىدىن ياخشى بولدى، بولۇپمۇ دېھقانلارنىڭ روھىدا چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ كەتكەن «يۆلىنىۋېلىش»، «بارغا شۈكرى قىلىش»، «ھۇرۇنلۇق قىلىش» قاتارلىق روھىيەت مەسىلىلىرىنى يىلتىزىدىن ھەل قىلىشتا قوزغاتقۇچلۇق رول ئوينىدى. ئۇلار ئىلگىرى يېزا - كەنت كادىرلىرىنىڭ ئۆزلىرىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش توغرىسىدىكى ھەيدەكچىلىك ۋە چاقىرىقلىرىنى كۆپ كۆرگەن ۋە ئاڭلىغان. ھەر قېتىمقىسىدا ئىلگىرىكىسىگە ئوخشاشلا چاقىرىق ئاساس، يېتەكلەش قوشۇمچە ئىدى. بىراق، بۇ قېتىمقىسىدا يېتەكلەش بىلەن مۇلازىمەت ئاساس، چاقىرىق قوشۇمچە بولدى. ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرىدىكى تۈگۈنلەر بىر - بىرلەپ يېشىلىشكە باشلىدى. مۇھىمى «ئاينىڭ ئون بەشى قاراڭغۇ، ئون بەشى يورۇق»، «نەگە بارساڭ قازاننىڭ قۇلىقى تۆت» دېگۈچىلەرنىڭمۇ گۇمانلىرى ئايدىڭلاشتى.

دەرۋەقە ئادەملەر خىلمۇخىل بولغاندەك، ئۇلارنىڭ ئارزۇ ۋە ھەۋەسلىرىدىن باشقا، مىجەز - خۇلقىمۇ ئوخشاشمايدۇ. تاشكەنتلىك دېھقانلار گۇرۇپپا ئەزالىرىنىڭ سوئاللىرىغا تولىمۇ قىزغىن ھالدا جاۋاب بېرىشتى. شۇنداق قىلىپ ئۇلارنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى گۇرۇپپا ئەزالىرىغا، جۈملىدىن ئابدۇراخمان قۇربانغا بەش قولدەك ئايان بولدى. بۇلارلا ئەمەس، مۇھىمى تاشكەنتلىكلەرنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، باغۋەنچىلىك، كۆكتاتچىلىق، ھويلا - ئاران ئىگىلىكى قاتارلىق كەسىپلەردىكى يەككە ئالاھىدىلىكى نامايان بولۇپ، ئابدۇراخمان قۇرباننىڭ پەرىزىنىڭ توغرىلىقى ئىسپاتلاندى. ئۇ تاشكەنت

کەنتگە دەسلەپتە کېلىپ بۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ بۇرۇقتۇرمىلىقنى كۆرگەنىدە مەيۈسلىنىپ كەتمەستىن، بەلكى «ئۇلار ھەر قانداق ئەھۋالدىمۇ جاپا - مۇشەققەتكە چىدامچان ۋە ئەقىل - پاراسەتلىك ئەجدادلىرىمىزنىڭ ۋارىسلىرى. گەرچە نامراتلىق ئۇلارنىڭ بېلىنى، قەددىنى بۈنچە ئېگىۋەتكەن بولسىمۇ، قېنىدا يەنىلا ئەجدادلىرىمىزنىڭ ۋۇجۇدىدا بار بولغان ئەقىل- پاراسەت، كۈچ - قۇۋۋەت بار، ئۇ پەقەت جىسمىغا كۆمۈلۈپلا قالغان، خالاس. مۇبادا مەن ئاشۇ ئەقىل - پاراسەت بۇلىقىنىڭ ئېغىزىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاچالىسام ئۇلار يەنىلا ئەجدادلىرىمىزنىڭ روھىغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئانا ماكانىنى گۈل - گۈلىستانغا ئايلاندۇرالايدۇ...... نامراتلىق قالپىقنى مەردانىلىك بىلەن چۆرۈپ تاشلاپ، قەددىنى رۇسلىغان ھالدا گۈزەل كېلىچەككە قاراپ توختاۋسىز ئالغا باسىدۇ......» دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزگەنىدى.

مانا، تاشكەنتلىكلەر ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ ئويلىغىنىدەكلا ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىدە باشقىلارغا ئوخشاشلا ئەجىر - مېھنەتنى قەدىرلەيدىغان، يەرنى گۈل، تۇرمۇشنى پاراۋان قىلىش قولىدىن كېلىدىغان ئىشقا پىششىق دېھقانلىقىنى، پەقەت بىر مەھەل ھۆكۈم سۈرگەن بۇرۇقتۇملۇقلا ئۆزلىرىنى شۇنچە بېكىنمە، شۇنچە بىچارە، شۇنچە سۆرەلمە ھالغا كەلتۈرۈپ قويغانلىقىنى بىلىپ يېتىشتى...... شۇنداق قىلىپ تاشكەنت كەنتىدە ئۇزاق مۇددەت ھۆكۈم سۈرگەن بۇرۇقتۇملۇققا خاتىمە بېرىلدى. بۇنىڭ بىلەن مەھەللىدە بىكارچىلىقتىن لاغايلاپ يۈرىدىغانلار،كونا تام تۈۋىدە، پاساڭ، پىچان دوۋىلىرىدە سۇنايلىنىپ ياتىدىغانلار، دوقمۇشلاردا غەيۋەت قىلىشىدىغان ئاياللار، ھەر خىل سەۋەبلەر بىلەن ئۆز ئارا ئارازلىشىپ قاش - قاپاقنى يارىدىغان ياشلار كۆزگە چېلىقمايدىغان بولدى. ئەمەلىيەتتە ئۇلار تاشكەنت كەنتىدىن باشقا جايلارغا كەتكىنى يوق، بەلكى ئىلگىرىكى بەتقىلىقلىقتىن بىراقلا قول ئۈزۈشتى، خالاس.

دەرۋەقە ھالاللىققا، ياخشىلىققا يۈزلەنمىگەن ئادەم چوقۇم ناپاكلىققا يۈزلىنىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، بەزى ئادەملەردىكى يامان ئادەتلەر ئەسلىدە ئۇلارنىڭ نادانلىقىدىنلا ئەمەس، بەلكى بىكارچىلىق،

ھۆرۈنلۇق ۋە لايىغەزەللىكتىن پەيدا بولىدۇ. ھالال ئەجىر قىلىشتىن، ھالال كۈچىگە تايىنىپ تىرىشىپ ئىشلەپ تۇرمۇشىنى بەختلىك ئۆتكۈزۈشتىن يالتايغان ئادەم چوقۇم كۆڭلى ناپاكلىق بىلەن ئۆتكۈزۈشكە ئادەتلىنىدۇ. تاشكەنتلىكلەر ئۆز تارىخىدا بۇنداق ئىشلارنى ناھايىتى كۆپ كۆردى. قىسقىسى، نامراتلىق ئۇلارنى ئۆزلىرى ئەسلا خالىمايدىغان تالاي ئىشلارنى قىلىشقا مەجبۇر قىلمايمۇ قالمىدى. مانا ئەمدىلىكتە تاشكەنت كەنتىدە دېھقانلار ئۆزلىرىنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتى بولغان ئىشچانلىققا، خالىسلىققا، پاكلىققا يۈزلەندى. كىشىنى سۆيۈندۈرىدىغىنى، بۇ ئۇسرەتنى تاشكەنتلىكلەر ئېغىزىدىلا ئەمەس، مۇھىمى روھىي جەھەتتىن چوڭقۇر ئېتىراپ قىلدى. ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ تەكرار چۈشەندۈرۈشى كىشىلەرنى روھىي جەھەتتىن بىردەكلىككە ئىگە قىلدى. نەتىجىدە ئۆزلىرىنىڭ ئارزۇ - ئۈمىدلىرىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئابدۇراخمان قۇربان باشچىلىقىدىكى گۇرۇپپا ئەزالىرىغا بىر - بىرلەپ ئىزھار قىلىشقا باشلىدى......

— مېنىڭ بۇرۇندىن چارۋا بورداشقا ئېپىم بار ئىدى. بىراق، قولۇم قىسقا بولغاچقا ئامال قىلالمىدىم...... — دېدى مەتكېرىم مەتىسىدىق گەدىنىنى قاشلاپ تۇرۇپ. ئۇنىڭ بۇ گەپنى قىلغاندىكى روھىي ھالىتىدىن ھەقىقەتەنمۇ قولىدا پۇل بولمىغاچقا چارۋا بورداشتەك بېيىشنىڭ شۇنداق ياخشى يولىدا ماڭالمىغانلىقىغا يەتكۈچە ھەسرەت چېكىۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولاتتى.

— چارۋا بورداش قولىڭىزدىن كەلسە سىزگە مەدەت بېرەيلى، ھازىردىن باشلاپ چارۋا بورداڭ، بورداقچىلىق ئارقىلىق نامراتلىق قالپىقىنى چۆرۈۋېتىڭ، شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى چارۋا بورداش كۆزگىچە پايدىسىنى كۆرۈسىز...... — دېدى ئابدۇراخمان قۇربان خۇشال ھالدا مەتكېرىم مەتىسىدىقنىڭ قولىنى سىقىپ تۇرۇپ.

— مېنىڭمۇ چارۋا بوداشتا ئېپىم بار، بىراق قولۇمدا پۇل يوق......— دېدى نۇراخۇن تارتىنچاقلىق بىلەن ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ گېپىدىن ئىلھام ئېلىپ. ئۇنىڭ خۇشاللىقتىن ئورنىدا ئولتۇرالماي قىمىرلاۋاتقىنىغا قارىغاندا ھەقىقەتەنمۇ بورداقچىلىققا ھەۋىسى

ھەم ھەپسىلىسمۇ باردەك قىلاتتى.

— تاشكەنتنىڭ تۇپرىقىغا ياڭاق بەكمۇ ماس كېلىدۇ. بۇنىڭ ئىسپاتى سۈپىتىدىكى ئەنە ئاۋۇ قىر بويىدىكى بىر تۈپ ياڭاققا قاراپ باقايلى، ھەر يىلى مەھەللىدىكى باللارنىڭ تاكى كۈزگىچە ۋاشاڭ قىلىپ (پاساڭداپ) يېيىشىگە يەتكۈدەك ياڭاق بولىدۇ، مۇبادا كەنتىمىزدە ياڭاق كۆچىتى ئۆستۈرسەك......

— نېمە، راستتىنلا كەنتىڭلارنىڭ تۇپرىقى ياڭاق كۆچىتى ئۆستۈرۈشكە ماس كېلەمدۇ؟ بۇ...... بۇ...... تازا بەلەن گەپ بولدىغۇ! مانا، ئاممىنىڭ كۈچى زور، ئەقلى ھەممىدىن ئۈستۈن دېگەن مۇشۇ ئەمەسمۇ! ياڭاقنىڭ ئىقتىسادىي قىممىتى يۇقىرى، يەنە كېلىپ ساقلاشقا، يىراقلارغا يۆتكەشكە تولىمۇ ئەپلىك، بىز بۇ ئىشنى ياخشىراق مەسلىھەتلىشەيلى......

ئابدۇراخمان قۇربان خۇشال بولۇپ ماخمۇت مەخسۇتنىڭ گېپىنى قۇۋۋەتلىدى. ئەمەلىيەتتە تاشكەنت كەنتىدە ئىقتىسادىي قىممىتى بىلەن كەلگۈسى ئىستىقبالى پارلاق بولغان ياڭاقچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۇنىڭ خېلىدىن بېرىقى ئويى ئىدى.

— قىزىم گىلەمچىلىك ھۈنىرىنى بىر ئوبدان ئۆگەنگەندى. بىراقزە دەسمايىگە پۇلنىڭ ئامالىنى قىلالماي تاشلىنىپ قالدى...... ئىسىت! دەسمايە بولسا گىلەم توقۇغان بولساق......

— مانا، مەن ئارزۇ قىلغان ئىشلار مۇشۇ ئەمەسمۇ!؟ بىزنىڭ تاشكەنتتە ئەسلىدە گىلەمچى قىزلارمۇ باركەنغۇ! قىزىڭىز نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشنىڭ يەنە بىر ياخشى يولىنى بىلىدىكەن ئەمەسمۇ! سىزدە غەيرەتلا بولسا بىز دەسمايە سېلىپ بېرەيلى، گىلەم توقۇپ ئائىلە كىرىمىڭىزنى ئاشۇرۇڭ...... — ئابدۇراخمان قۇربان مەمنۇنىيەت بىلەن يېنىدىكى ياغاق يۈزلۈك كىشىگە مەدەت بېرىپ ئېيتتى.

— گىلەم توقۇيدىغانغا چوقۇم يۇڭ يىپ كېتىدۇ، ئېغىلىمدا قويۇم بولغان بولسا، يۇڭىدا يىپ ئېگىرىپ ماۋۇ ئەمەت ئاخۇنغا سېتىپ بەرگەن بولسام...... ھەي، مەن يىپ ئېگىرىشكە بەكمۇ ئۇستا ئىدىم بولمىسا...... — دەيتتى ھاۋاخان كۆڭلى يېرىم بولۇۋاتقاندەك روھسى

ھالەتتە.

— ھاۋاخان ئورۇنلۇق گەپنى قىلدى، گىلەم توقۇش ئۈچۈن ئەلۋەتتە يۇڭ يىپ بولمىسا بولمايدۇ. ئەمەت ئاخۇن يۇڭ يىپنى ھاۋاخاندىن سېتىۋالسا بىز بىر چالمىدا ئىككى پاختەك سوققان بولمايمىزمۇ! بوپتۇ، ھاۋاخان، بىز سىزگە قوي ئېلىپ بېرەيلى، سىز قوينى بېقىپ كۆپەيتىپ يۇڭىدا يىپ ئېگىرىڭ......

— سوت - قايماقنىڭ پۇلىمۇ ئوبدان ئىدى بولمىسا......كالام بولغان بولسا، موزايلىتىپ، سېغىپ قېتىق ئۇيۇتۇپ قاراقاشنىڭ بازىرىدىكى دوغچىلارغا ساتقان بولسام...... — بۇخەدىچەخانمۇ قاتاردىن قالماي كۆڭۈل سۆزىنى ئېيتتى.

— راست، سوت - قايماقمۇ بەك ئوبدان پۇل بولىدۇ، ئەجەب بۇنى ئويلىماپتىمىزغۇ! ئۇنداقتا سىزگە كالا ئېلىپ بېرەيلى بۇخەدىچەخان، بۇ ئىشتا ئېپىڭىز بولغاندىكىن سوتچىلىك قىلىڭ...... قاراقاشنىڭ بازىرى يىراق بولمىغاندىكىن سوتىڭىزنى چوقۇم پۇل قىلالايسىز، — ئابدۇراخمان قۇربان بۇخەدىچەخاننىڭ جۈرئىتىگە قايىل بولدى.

شۇ ئەسنادا باياتىن بېرى ياندا چوڭقۇر خىيالغا پېتىپ ئولتۇرغان مويسىپىت كىشى ئاپپاق ساقىلىنى يېنىك سىپاپ قويۇپ:

— توختاڭلار، باللىرىم، مەن ئىككى كەلىمە گەپ قىلاي، — دېۋىدى، ئابدۇراخمان قۇربانىنى چۆرىدەپ ئولتۇرغان كىشىلەر چىپپىدە جىم بولۇشتى. قارىغاندا ئۇلار مويسىپىتنى بەكمۇ ھۆرمەتلەيدىغاندەك قىلىشاتتى. ئۇنىڭسىزمۇ مويسىپىتنىڭ چىرايىدىكى يول - يول قورۇقلار ئۇنىڭ مۇشۇ يېشىغىچە ھاياتنىڭ تالاي مۇشكۈلچىلىكلىرىنى، ئىسسىق - سوغۇقىنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەنلىكىنى روشەن ھالدا ئىسپاتلاپ تۇراتتى. مويسىپىت ئەتراپقا تەكشى قارىۋەتكەندىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — قارىغاندا ئۇستىمىزدىكى بۇ كونا چاپاننى يىراققا چۆرۈۋېتىدىغان ۋاقتىمىز كەلگەن ئوخشايدۇ. يېشىم ھەممىڭلاردىن چوڭ، كۆرگەن - بىلگەنلىرىمۇ بېشىمدىكى چېچىمدىن تولا ئادەممەن. مۇشۇ بىرنەچچە كۈندىن بېرى نەۋرە - چەۋرىلىرىمدىن: «ۋىلايەتتىن

ئابدۇراخمان قۇربان شۇجى كەپتۇ، ئۇ بىزنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرىدىكەن» دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ تازا ئىشىنەلمىگەنىدىم. نېمىشقا دېسەڭلار بۇنداق گەپلەر ئىلگىرىمۇ كۆپ بولغان. كەنت كادىرلىرى بىرنەچچە كۈن جار سېلىپ قويۇپ يوقاپلا كېتىشەتتى. يۇقىرىدىن كەلگەن كادىرلارمۇ باينىڭ ئۆيىدە قورساقنى توقلاپ كېتىپ قالاتتى. ئاڭلىسام ئابدۇراخمان قۇربان شۇجى ماۋۇ بۇخەدىچىخانىنىڭ، قاسماخۇنىنىڭ ئۆيىدە ئۇلار بىلەن ئوخشاش ئۇماچ ئىچىپتۇ. قاتتىق - قۇرۇق زاغرا يەپتۇ. دېمەك، بۇ كىشىنىڭ نىيىتى بىز بىلەن ئوخشاش ئىكەن. ئۇنىڭ بىزنى «نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرىمەن» دېگەن ۋەدىسى چىن پىششىق گەپكەن. شۇڭا، مەندەك قېرىنىڭمۇ كۆڭلىدە ئۈمىد چاقنىدى، ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىدا بولسىمۇ موھتاجلىقتىن قۇتۇلغۇدەكمەن. مېنىڭ بىرلا تەلىپىم بار، مۇشۇ تەشكىل يەرلىرىمىزگە پۇلغا يارايدىغان نەرسىلەرنى تېرىشىمىزغا يول قويغان بولسا...... بىزمۇ بازارغا قاراپ پۇلغا يارايدىغان نەرسىلەرنى تېرىغان بولساق.......

— ناھايىتى بەلەن گەپ بولدى. بۇغداي، قوناقتا قورساقنى تويدۇرغان بىلەن، بازاردا خەجلەيدىغان پۇل بولمىسا بولماس......

— راستىنى دېگەندە بىر تۇتاش دېھقانچىلىق قىلىش ئۇسۇلى بىزنىڭ پۇت - قولىمىزنى چۇشەپ قويىدى......

ئاردا ھەممەيلەن بۇ ئىشقا بولغان قارىشىنى بايان قىلىشتى. ئۇلارنىڭ يۈرەك سادالىرىغا قۇلاق سېلىۋاتقان ئابدۇراخمان قۇربان تولىمۇ خۇشال كۆرۈنەتتى. شۇ تاپتا تاشكەنتلىكلەرنىڭ پىلانلىق ئىگىلىكتىن تولىمۇ بىزار ئىكەنلىكى ئالاھىدە دىققىتىنى تارتىۋاتاتتى. ئۇ دېھقانلارنى بۇ ھەقتە كەڭ - كۇشادە پىكىر بايان قىلىشقا، كۆڭلىگە پۈككەن ھەرقانداق گېپىنى تارتىنماي دېيىشكە ئۈندەيتتى. دېھقانلارمۇ مۇشۇنداق بىر كۈننى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈۋاتقىلى ناھايىتى ئۇزاق بولغاندەك بىرسىنىڭ كەينىدىن بىرسى كۆڭلىدىكىنى ئوتتۇرىغا تاشلايتتى. ئابدۇراخمان قۇربانىنى ھېلىقى مويسىپىتنىڭ دېھقانچىلىقتا پۇلغا يارايدىغان نەرسىلەرنى تېرىشقا يول قويۇش ھەققىدىكى تەكلىپى چوڭقۇر ئويغا سالغانىدى. ئەمەلىيەتتە بۇ كىچىك ئىش ئەمەس ئىدى.

«بىرتوتاش تېرىش، بىرتوتاش پەرۋىش قىلىش، بىر توتاش يىغىۋېلىش» قاتارلىق «بىرتوتاش» تېرىقچىلىق ئۇسۇلى خوتەن ۋىلايىتىدە يولغا قويۇلۇۋاتقان سىياسەت خاراكتېرىدىكى تېرىقچىلىق ئۇسۇلى ئىدى. ئۇنىڭغا خالىغانچە چېقىلغىلى، ئۇنى خالىغانچە ئۆزگەرتكىلى بولمايتتى. بۇ ھەقتە ئويلىغانسېرى ئابدۇراخمان قۇرباننىڭ خىيالى قاناتلىنىشقا باشلىدى.

«راست، — دەيتتى ئۇ كۆڭلىدە ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلاپ، — ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش سىياسىتى چوڭقۇرلاشقانسېرى بىز پىلانلىق ئىگىلىكنىڭ دېھقانلارغا ئېلىپ كېلىۋاتقان زىيىنىنى ئېنىق كۆرۈۋاتىمىز. مەركەز ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ دېھقانلارنى بازار ئىگىلىكىگە يۈزلەندۈرۈش چاقىرىقىنىڭ ئەھمىيىتى ھەقىقەتەن چوڭ ئەمەسمۇ!» راست، ئابدۇراخمان قۇرباننىڭ ئويى توغرا ئىدى. پىلانلىق ئىگىلىكنىڭ تۇغۇندىسى بولغان « بەش بىرتوتاش» تېرىقچىلىق ئەندىزىسىدە ھەممە بىر تاياقتا ھەيدىلەتتى. بۇنىڭدا بوستانلىقلاردىكى يېزىلار بىلەن، تاغلىق يېزىلارنىڭ تەبىئىي ئالاھىدىلىكى، جۈملىدىن تېمپېراتۇرا، كىلىمات، تۇپراق، نەملىك قاتارلىق ئۆزگىچە خاس ئالاھىدىلىكى نەزەردىن ساقىت قىلىناتتى. تېخىمۇ كونكرېتلاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، بوستانلىقلاردىكى يېزىلاردا پىشقان بۇغداي - قوناق تېمپېراتۇرا پەرقى زور بولغان تاغلىق يېزىلاردىمۇ ئوخشاش ۋاقىتتا پىشىشى كېرەك ئىدى. بايا مويسىپىت كىشى گەپنى ئېنىق ئېيتماي، ناھايىتى سىلىق - سىپايىلىك بىلەن ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ ئابدۇراخمان قۇربان دەرھاللا «بەش بىرتوتاش» دېھقانچىلىق ئەندىزىسىنىڭ يوقىرىقى زىيانلىرىنى مۆلچەرلەپ ئۈلگۈرگەنىدى. ئۇ مويسىپىتنىڭ روھىنى كۆتۈرۈپ:

— بىز سىلى دېگەن بۇ مەسىلىنى ئوبدان مەسلىھەتلىشىپ كەنتىمىزنىڭ تېرىقچىلىق پىلانىنى بازار ئارقىلىق قايتا تەڭشەيمىز. سىلەرگە شۇنداق ۋەدە بېرىمەنكى، بۇنىڭدىن كېيىن بىز ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش پرىنسىپىدا ئاداشماي چىڭ تۇرۇپ، خەلقنىڭ مەنپەئەتىنى ھەقىقىي يوسۇندا قوغدايمىز...... بۇنداق بولغاندا

دېھقانلارنىڭ رايى تولۇق نەزەرگە ئېلىنىدۇ، — دېدى ئىشەنچ بىلەن.
بۇ گەپ باشقىلارنىڭ روھىغا كۈچلۈك ئىلھام ئاتا قىلدى بولغاي، ھەممەيلەن تۈشمۇتۈشتىن ئۆزلىرىنىڭ تەلەپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا باشلىدى:
— مېنىڭ سەي - كۆكتات ئۆستۈرۈشكە ئېپىم بار ئىدى......
— ئوغلۇم رېمونتچىلىقنى بىلەتتى.......
— قىزىمنىڭ تىككۈچىلىك ھۈنىرى بار ئىدى......
— ياغاچچىلىقنى بىلەتتىم......
— ئايالىم بورا توقۇشنى بىلەتتى.......
ھەممە بەس - بەستە ئۆزلىرىنىڭ ھۈنەر - كەسپىنكى ئالاھىدىلىكىنى ئوچۇق - يورۇق ھالدا ئوتتۇرىغا تاشلاشتى. ئابدۇراخمان قۇربان باشقا يولداشلار بىلەن بىللە ئۇلارنىڭ روھىغا مەدەت بېرىپ، تېخىمۇ ئەتراپلىق ئىزدىنىشكە رىغبەتلەندۇردى. ئەل رايى ئەنە شۇنداق تەرتىپلەر بىلەن ئىنچىكە ئىگىلەنگەندىن كېيىن ئابدۇراخمان قۇربان بىرنەچچە كۈن ئىچىدە بۇ قېتىملىق ئەل رايىنى ئېنىقلاشتا ئوتتۇرىغا چۈشكەن تەكلىپ - پىكىرلەرنى رەتلەپ چىقتى. تەكشۈرۈش خۇلاسىسىدىن مەلۇم بولدىكى، تاشكەنتلىكلەردە دەرھال جانغا ئەسقېتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ بېيىتىشقا يۈزلەندۈرەلەيدىغان كەسپلەردىن بىرقانچىسى باركەن. ئابدۇراخمان قۇربان ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئومۇملاشتۇرۇپ تاشكەنت كەنتىنىڭ بۈگۈندىن كېيىنكى ماڭىدىغان، قىلىدىغان ئىشلىرىنىڭ لايىھەسىنى ئېنىق تۈزۈپ چىقتى. تۆۋەندىكى تۆت تۈرلۈك تەرەققىيات تەدبىرى ئەنە شۇلارنىڭ جۈملىسىدىن ئىدى:
1) ئاشلىق ۋە پارنىكتا سەي - كۆكتات ئۆستۈرۈشنى چىڭ تۇتۇش، مىللىي تېبابەت دورا ئۆسۈملۈكلىرىنى تېرىشنى ئاساس قىلغان ئۆزگىچە دېھقانچىلىققا ئەھمىيەت بېرىش؛
2) ياڭاق ۋە سورتلۇق ئۆرۈكنى ئاساس قىلغان ئۆزگىچە باغۋەنچىلىك؛
3) بورداقچىلىق ۋە خوتەن قويىنى كۆپەيتىشنى ئاساس قىلغان

ئۆزگىچە چارۋىچىلىق؛

4) گىلەمچىلىك ۋە باشقا تۈردىكى ھۈنەر - كەسپلەرنى ئاساس قىلغان ئۆزگىچە قول ھۈنەرۋەنچىلىك.

تۇت ئاساسىي تەرەققىيات تەدبىرىنىڭ يادروسى خەلقنى بېيىتىش ئىدى. دېمەك، ئابدۇراخمان قۇربان بۇ قېتىملىق ئىنچىكە تەكشۈرۈش ئارقىلىق تاشكەنت كەنتىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشتا يۇقىرىقى تۆت تۈرلۈك كەسىپنىڭ قوزغاتقۇچ رول ئوينايدىغانلىقىنى يەكۈنلەپ چىقتى. تۆت تۈرلۈك كەسىپ تورغۇزۇلغاندىن كېيىن تاشكەنتلىكلەر كەسىپي ئالاھىدىلىكى بويىچە مۇشۇ تۆت كەسىپنىڭ تەركىبىگە ئايرىلدى. تەركىبلەرگە ئايرىشتا دېھقانلارنىڭ رايى بىلەن، بازارنىڭ ئەھۋالى تولۇق نەزەرگە ئېلىندى. شۇنىڭ بىلەن ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ كۆز ئالدى سەل يورۇغاندەك بولدى. كېيىن ئۇ ئۆزى بىۋاستە تاشكەنت كەنتىدىكى نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇش تۈرىنى ۋە تاشكەنت كەنتىنىڭ ھازىرقى ۋە كەلگۈسى تەرەققىيات پىلانىنى يۇقىرىقى يەكۈن ئاساسىدا پۇختا تۈزۈپ، ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمىدىكى ئاساسلىق رەھبىرىي يولداشلارغا يەتكۈزدى. پىلان ئەمەلىيەتكە، مۇھىمى ئىلمىي قانۇنىيەتكە ۋە خەلقنىڭ جانىجان مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن بولغاچقا، ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى دەرھال قوشۇلدى. قوشۇلدىلا ئەمەس، بەلكى ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ روھىغا مەدەت بەردى. شۇنىڭ بىلەن تاشكەنت كەنتىدىكى نامراتلارنىڭ جىددىي قىيىنچىلىقىنى ئۈنۈملۈك ھەل قىلىش ئاساسىدا يىراق مۇساپىلىك تەرەققىيات پىلانى ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ ئىنچىكە، تەپسىلىي ھېساباتى ئارقىلىق ئەتراپلىق تەييارلاندى.

مانا، ئابدۇراخمان قۇربان مۇشۇ جەريانلاردىن كېيىنلا تاشكەنت كەنتىنى نۇقتا قىلىپ تاللىۋالدى. ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ قانداق بولۇپ تاشكەنت كەنتىنى تاللىۋالغىنىنى، مۇھىمى تاشكەنت كەنتىنىڭ ئۇنىڭ دىققەت نەزەرىگە ئېلىنىپ قېلىش تارىخىنى قايتا ئەسلىسەك، بىز يەنىلا «ئەل ئوغلى»نىڭ ۋۇجۇدىدا كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپ مەرھۇم چوڭ

ئانىسى سىلىمخان بىلەن، مەرھۇم دادىسى مەتقۇربان ھاجىنىڭ بىۋاسى-تە تەسىرى بىلەن يېتىلگەن خەلقچىللىق ئىدىيەسى بىلەن ئۇچرىشىمىز. مەلۇمكى، خەلقچىللىق — شۇنداقلا ئېيتىشقا بەكمۇ ئاددىي ئاتالغۇ بولغاچقا، بۇنى ھەرقايسى قاتلاملاردىكى رەھبىرىي يولداشلار ھەر خىل سورۇنلاردا كۆپ تىلغا ئېلىشىدۇ. يەنىمۇ چوڭقۇرراق كۆزەتسەك بۇ ئاتالغۇنى ئاڭلاشقا يەنىلا جەمئىيەتنىڭ تۆۋەن قاتلىمىدىكى كىشىلەر بەكمۇ تەشنادۇر. بىراق، ئىغىزدا ئاددىيلا ئېيتىلغان بۇ ئاتالغۇغا مۇناسىپ ئىش قىلىش ياكى ئۇنى ئۆزىنىڭ خىزمەت ئەمەلىيىتىدە ئىسپاتلاش ھەممە كىشىنىڭ قولىدىن كېلىۋەرمەيدۇ. ھالبۇكى، بۇنداق كاتتا شەرەپكە ئېرىشكۈچى چوقۇم شەخسىيەتسىز ھالدا خەلق بىلەن بىر تەن، بىر جان بولالىشى، شۇنداقلا ئەمەلىيەتنىڭ سىناق مەيدانىدا خەلقنىڭ ھەقىقىي ئېتىراپ قىلىشىغا مۇيەسسەر بولالىشى لازىم.

بۇ يەردە يەنە شۇنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇكى، ئەينى ۋاقىتتا ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ خوتەن ۋىلايىتىنى ئومۇميۈزلۈك نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشتا ئۆلگە تىكلەش ئۇچۇن ۋىلايەت بويىچە ئەڭ نامرات بولغان تاشكەنت كەنتىنى تاللىشى بىر ھېسابتا ئاجايىپ قاراملىق ۋە تەۋەككۈلچىلىك ئىدى. چۈنكى، ئۆلگىنى تىكلەشتە مۇشۇ مەزگىللەردە ئالدىن بېيىغان، نۆۋەتتىكى ھالىتى خوتەن ۋىلايىتىنىڭ باشقا ئورۇنلىرىغا ئۆرنەك بولىدىغان كەنتلەردىن بىرەرسىنى تاللاش ئەقىلگە سىغاتتى. «مەيدىسىگە مۇشتلىغان بىراقلا ئاق يەرگە چۈشۈپتۇ» دېگەندەك، ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ كۆز ئالدىدىكى قىيىنچىلىق ھەم جاپا - مۇشەققەتلەرنى قىلچە ئويلىمايلا تاشكەنت كەنتىنى تاللىشى دەل ئاق يەرگە چۈشكىنى، يەنى ئىشلارنى يېڭىباشتىن ئىشلەشكە بەل باغلىغانلىقىنىڭ ئىپادىسى ئىدى. مانا، مۇشۇ جەريانلاردىن كېيىن ئۇ ۋىلايەتتىكى خىزمىتىدىن قولى سەل بوشىسىلا ھېچ تەرەپكە قارىمايلا تاشكەنت كەنتىگە كېلىۋالىدىغان بولدى. ئۇ ھەتتا بىرەر ئايدا بىرەر قېتىم ئاران نېسىپ بولىدىغان ئارام كۈنلىرىدىمۇ تاشكەنت كەنتىگە قاراپ ماڭاتتى......

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، بىز يەنە دېھقان شائىر ئادىل مەتقۇربانىنىڭ تۆۋەنـدىكى شـېئىرىنى ئوقۇۋېتىـپ، بىردەسـتە قىزىلگـۈل بىـلەن ئۇچرىشايلى......

## ئەل ئوغلى

تاشكەنت كەنتى دىيارىدا توي بوگۇن،
بېيىغان دېھقان قولىدا «كوي» بوگۇن،
ئۆيمۇئۆيدە سويۇلماقتا قوي بوگۇن،
كەلدى «دېھقان ئوغلى» ئىشنى قوي بوگۇن،
ئۇندىگەچ دېھقانغا ئامراق خوي بوگۇن.

كۆرسە ھەر كىم شۇ دېھقان ئوغلانىنى،
دائىما ئاپتاپ كەبى چىرايىنى،
ئايىمايدۇ ئۇ دېھقاندىن بارىنى،
شەنىگە سايرات راۋابنىڭ تارىنى،
ئاڭا ئاتاپ پاقلىنىڭنى سوي بوگۇن.

بۇ ئوغۇل شۇنداق سېخىي - ھاتەم كەبى،
تۆكۈلۇر بال ئاغزىدىن ئاچسا لەبى،
ئۆمرىگە دۇئا قىلار دېھقان نەبى،
ھەممىگە تەڭ مېھرى قۇياشتەك سېخى،
گەپنى ئاز قىل، ئىشنى تەۋرەت «ئوي» بوگۇن.

باللار قانداق قىلغىنى بىلەنمۇ ئاخىرقى ھېسابتا دادىسىنى توسۇپ قالالمايدىغانلىقىنى ياخشى بىلىشەتتى. شۇنداقتىمۇ تىرىشىپ بېقىشنى خالايتتى. بىر تەرەپتىن دادىسىنىڭ ئۆزلىرىگە تاسادىپىي ئىچى ئاغرىپ قېلىشىنىمۇ تەمە قىلىشاتتى. بىراق، ئابدۇراخمان قۇربان بايا باللىرىنى تەئەججۈپتە قالدۇرۇپ جىم بولۇپ قالغان قىسقا ۋاقىتتا يەنىلا تاشكەنت

كەنتى ئۇستىدە بىر قۇر خىيال سۈرۈپ ئۆلگۈردى. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ مۇنداق خىيال سۈرۈشكە بالىلار سورىغان: «تاشكەنت كەنتى دېگەن قەيەر؟ سىز ئۇنى قانداق تېپىۋالدىڭىز؟ 2000 - يىللاردىمۇ يەنە نامراتلار بارمۇ؟» دېگەن ساددىلارچە سوئاللار سەۋەب بولغانىدى. ئابدۇراخمان قۇربان ئاخىردا بالىلىرىغا تەكشى قاراپ:

— ياخشىسى بۈگۈن مەن سىلەرنى تاشكەنتكە بىللە ئېلىپ بارسام بولغۇدەك، ئەھۋالنى ئۆزۈڭلار كۆرۈڭلار، بولامدۇ؟ — دېدى.

ئۇنىڭ ئاخىرقى قارارى بالىلارنى بەكمۇ خۇش قىلىۋەتتى. ئۇنىڭسىزمۇ بالىلار ئارام كۈنلىرىنى ئاساسەن ئۆيدە دادىسىنىڭ خىزمەتتىن قايتىپ كېلىشىنى تەققەززالىق بىلەن كۈتۈپ ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر بولغاچقا، سەھراغا بېرىش ئۇلار ئۈچۈن ھەقىقەتەنمۇ خۇشاللىق بېغىشلايدىغان ئىش ئىدى. دېگەندەك، ئۇلار ھەش - پەش دېگۈچە تەييارلىقنى پۈتكۈزۈپ دادىسىنى تېزرەك مېڭىشقا ئالدىرىتىشتى. خوتەن شەھىرىدىن قاراقاش ناھىيەسىنىڭ توخۇلا يېزىسى تاشكەنت كەنتىگىچە بولغان يىگىرمە نەچچە كىلومېتىرلىق مۇساپە ئۇلار بۈگۈن قىلىدىغان ئىشلارنى ئۆزئارا مەسلىھەتلىشىپ بولغۇچە تاماملاندى. بالىلار سەھرانى ئوبدانلا بىلىشەتتى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئۆسمۈرلۈك چاغلىرى كېرىيە ناھىيەسىنىڭ جاي يېزىسىدىكى باش سايائلا كەنتىدىكى، شۇنداقلا سىيەك يېزىسىدىكى چوڭ ئانا، چوڭ دادىلىرىنىڭ قوشلار يېقىملىق بەزمە قۇرىدىغان بۈك - باراقسان باغلىرىدا ئۆتكەنىدى. قىسقىسى، ئۇلار ئۈچۈن سەھرا ئاجايىپ يېقىملىق ئىدى.

بىراق، بۈگۈن ئۇلارغا ئەنە شۇنداق سەھرالارنىڭ بىرسى بولغان تاشكەنت كەنتى دەسلەپكى دىدارلىشىشتىلا باشقىچىرەك تەسىرات بەردى. بۇنىڭغا ئەلۋەتتە تاشكەنت كەنتىدە داۋام قىلىۋاتقان بۇرۇقتۇرمىلىق سەۋەبچى دېيىشكە بولاتتى. دېمىسىمۇ يىگى تۈرلەر ئەمدىلا يولغا قويۇلۇۋاتاتتى. گەرچە ئۆزگىرىشنىڭ بىخلىرى ئۇيەر - بۇيەرلەردە كۆرۈلۈشكە باشلىغان بولسىمۇ، بالىلارنىڭ تەسىراتىنى يېڭىلاشقا يەتمەيتتى. قائىدە بويىچە ئابدۇراخمان قۇربان بالىلارنى ئۇلارنىڭ ئارزۇسىدىكىدەك مەنزىرىلىك جايلارغا باشلاپ بارسا يوللۇق

بولاتتى. بىراق، بالىلار تاشكەنت كەنتىنىڭ تەۋەسىگە كىرگەندىن بىرى ئەتراپتىكى سوقما تاملىق پاكار ئويلەرگە، توپىلىق يوللارغا ئەجەبلىنىش ئىلكىدە قاراپ كېلىشىۋاتاتتى. ئارىلاپ دادىسىغا قاراپ قويۇشاتتى. ئۇلارنىڭ بۇ قارىشىدا «بۇ يەر ھەققەتەنمۇ بىز ھازىرغىچە كۆرگەن سەھرالارغا ئوخشىمايدىكەن. قارىغاندا بۇ يەرگە تەرەققىياتنىڭ گۇدۇكلىرى تېخى يېتىپ كەلمەپتۇ» دېگەن مەنە بار ئىدى. يوللاردا، ئېتىزلاردا ئۇچراپ قالىدىغان كىشىلەر ئۇلارغا ھەۋەس بىلەن قارىشاتتى. مۇشۇ ھالدىمۇ ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ كۆنۈپ كەتكەن قەدەملىرى يەنىلا ئۇلارنى دېھقانلار ئىشلەۋاتقان ئېتىزغا باشلاپ كەلدى. ھەش - پەش دېگۈچە ئۇلارنى دېھقانلار ئورىۋالدى. ھەممەيلەن ئابدۇراخمان قۇربانغا رەھمىتىنى ئىزھار قىلىشقا ئالدىرىشاتتى. ئاردا بىرنەچچەيلەن پولۇق، قاچىلاردا سارغىيىپ پىشقان ئۆرۈكلەرنى ئېلىپ كېلىپ ئابدۇراخمان قۇربان ۋە ئۇنىڭ بالىلىرىنىڭ ئېغىز تېگىشىنى ئۈمىد قىلىشتى.

دېھقان دېگەن مۇشۇنداق ساددا. ھەرقانداق گېپى بولسا تۈزۈت قىلىپ ئولتۇرمايلا ئۇدۇللا ئوتتۇرىغا تاشلايدۇ. ئەجىر مېۋىسىگە ئۆزگىلەرنىڭ ئېغىز تېگىشىنى ئۆزلىرى ئۈچۈن زور بەخت ھېسابلىشىدۇ. بىراق، بۈگۈن ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ ئەتراپىغا توپلانغانلارنىڭ ۋۇجۇدىدا قوش خۇشاللىق جەملەنگەن بولۇپ، تاشكەنت كەنتىدە ئابدۇراخمان قۇربان بەئەينى ئۇلارنىڭ چۈشىدەكلا باشلىغان نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ھەرىكىتى ھەممەيلەننىڭ دىلىغا ياققانىدى. مۇھىمى ئىلگىرىكى بىرنەچچە قېتىملىق يىغىندا بېرىلگەن تەنتەنىلىك ۋەدىلەر بىر - بىرلەپ ئەمەلىيەتكە ئايلىنىۋاتاتتى. ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ: «سىلەر چوقۇم نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىيسىلەر، باشقىلارغا ئوخشاشلا تۇرمۇشنىڭ ھالاۋىتىنى كۆرۈسىلەر» دېگەن گېپى ھازىرغىچە قۇلاق تۈۋىدە يېقىملىق كۈيدەك ياڭراپ تۇراتتى.

— ئۆرۈككە ئېغىز تەگسىلە......

— يەپ باقسىلا، بۇ يەرلىك ئاق ئۆرۈك، بەكمۇ تاتلىق.......

— ياق مېنىڭكىنى......

ئەتراپقا ئولاشقانلار پولۇق، قاچىلاردىكى ئۆرۈكلەرنى ئابدۇراخمان

قۇربانغا ۋە باللىرىغا سۇناتتى. ھەممەيلەننىڭ چرايىدا ئاپتاپتەك شادلىق جىلۋە قىلاتتى، گەرچە ئۇلارنىڭ توپا باسقان چرايلىرىدا نامراتلىقنىڭ، موھتاجلىقنىڭ قالدۇرغان ئىزنالىرى غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇرسىمۇ، بىراق روھىدا ئۈمىدۋارلىقنىڭ، قايتا قەد كۆتۈرۈشنىڭ يېڭىچە ئىپادىسى ئېنىق گەۋدىلىنەتتى.

— بۇ چىرايلىق قىزلىرىمىز كەنتىمىزگە ئۆرۈك پىششىقدا كېلىپ قاپتۇ، ھازىرچە بۇ ئۆرۈكلەرگە ئېغىز تەگكەچ تۇرسۇن، خۇدايىم بۇيرۇسا كېلەر يىلى......

— ئابدۇراخمان قۇربان شۇجىنىڭ دېگىنى بويىچە ئىشلىسەك كېلەر يىلى بەللىرىمىز تۈزلىنىپ تېخىمۇ قەد كۆتۈرىمىز، ئۇ چاغدا بۇ قىزلىرىمىزنى بۇنداق ئۆرۈكلەر بىلەن ئەمەس، پاقلان كاۋىپىدا كۈتۈۋالىمىز......

— راست دەيسىز ئاكا، ئابدۇراخمان قۇربان شۇجىنىڭ بىزگە قىلغان ئەجرىگە قوي ئەمەس، تۆگە ئۆلتۈرسەكمۇ كەملىك قىلىدۇ.

— باغلىرىمىزنى ئۆزگەرتىۋاتىمىز، بىرنەچچە يىلدا ياڭاق بىلەن سورتلۇق ئۆرۈكلىرىمىزنىڭ داڭقى ئەتراپقا تارايدۇ.

— بۇ يىل ئابدۇراخمان شۇجىنىڭ كەنتىمىزگە ئايىغى ياراشقاچقا بۇغدايلىرىمىزمۇ ھەر يىلقىدىن ئوخشىدى ئەمەسمۇ......

— راست، نەچچە يىلدىن بېرى قاچقان تەلىيىمىز ئەمدى كەلدى......

گەپ يەنە بىرىپ ئابدۇراخمان قۇرباننىڭ ئۆتكەن بىرنەچچە ئايدىن بۇيان تاشكەنت كەنتىدە قىلىۋاتقان بىرقاتار ئەھمىيەتلىك ئىشلىرىغا ئۇلىناتتى. بۇ چاغدا ئابدۇراخمان قۇربان ئۇلارنىڭ رەھمەتىگە ئۆزرە ئېيتىپلا پۈتۈن دىققىتى بىلەن ئەتىيازدا ئۆزى قىر بويلىرىغا سالدۇرغان قىزىلگۈل كۆچەتلىرىنىڭ تۈتۈش - ئايىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈۋاتاتتى. ئۇ كۆزدىن كەچۈرۈۋېتىپ خۇشاللىقىنى ئىچىگە سىغدۇرالماي قالدى. دەرۋەقە قىزىلگۈل كۆچەتلىرى تولىمۇ سوختا ئۆسۈۋاتاتتى.

ئەسلىدە تاشكەنت كەنتىدىكى ئېتىز قىرلىرىنىڭ بوش يەرلىرىگە

قىزىلگۈل كۆچىتى تىكىپ ئۆستۈرۈش ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ كىچىككىنە بىر ئىجادىيىتى ئىدى. ئۇ ئەتىيازدا زاۋۇ يېزىسىنىڭ جايتېرەك كەنتىدە خىزمەتلەرنى تەكشۈرگىلى كەلگەندە ئاردا كەنت پارتىيە ياچېيكا سېكرېتارى مەمتىمىن ئاخۇننىڭ بەش مو يەردىكى بۇغدايغا قىزىلگۈل كۆچىتى كىرىشتۈرۈپ ئۆستۈرۈپ موبېشى كىرىمىنى 5000 يۈەنگە يەتكۈزگەنلىكىنى ئاڭلاپ بۇ ئىشقا قىزىقىپلا قالدى. تاشكەنت كەنتىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ھەر خىل چارە ـ ئاماللار ئۈستىدە تىنىمسىز ئىزدىنىۋاتقان ئابدۇراخمان قۇربان بۇنداق ياخشى ئىشقا قىزىقماي قالاتتىمۇ! ئەينى چاغدا بىر مو يەردىن 5000 يۈەن كىرىم قىلىش كىچىك ئىش ئەمەس ئىدى. باشقىلار ئۆزئارا پاراڭلىشىۋاتقان ئارىلىقتا ئابدۇراخمان قۇربان كۆڭلىدە تاشكەنت كەنتىدىكى بۇغداي ئېتىزلىرى قىرلىرىنىڭ بوش يەرلىرىگە قىزىلگۈل كۆچىتى تىكىش پىلانىنى تۈزۈپ بولدى. يەنە كېلىپ كەنتتىكىلەرنىڭ بۇ ئىش ئارقىلىق ئائىلە كىرىمىنى قانچىلىك ئاشۇرالايدىغانلىقىنىمۇ ئىنچىكە ھېسابلاپ ئۈلگۈردى...... بۇ كۆيۈمچان، ۋاپادار بىر ئاتىنىڭ ئىلكىگە تاتلىق ـ تۇرۇم كىرگەندە دەرھال بالىلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، گېلى سىقىلغانلىقىغا ئوخشايتتى. بۇنداق ئادەتنى مۇشۇ ئاي، مۇشۇ كۈنلەردە ئابدۇراخمان قۇربان كۆپ تەكرارلاۋاتاتتى. ئۇ ئولتۇرسا ـ قوپسا، سىرتلارغا خىزمەتكە بارسا ھەتتا كىچىلىرى ياستۇققا باش قويغاندىمۇ تاشكەنت كەنتىدىكى دېھقانلارنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ چارە ـ ئاماللىرى ئۈستىدە باش قاتۇراتتى، ئىزدىنەتتى. «تىلىسەڭ تاپارسەن» دېگەندەك، بەزى كۈنلەردە مۇشۇنداق ياخشى «نېسىۋە»لەرمۇ قولغا كىرىپ قالاتتى. بۈگۈنكى قىزىلگۈلنىڭ ئىشى دەل شۇلارنىڭ جۈملىسىدىن ئىدى.

شۇنداق قىلىپ، خىيال رېئاللىققا ئايلاندى. ياندۇرقى يىلى ئەتىيازدىلا ئابدۇراخمان قۇربان تاشكەنت كەنتىدىكى 300 نەچچە مو بۇغداي ئېتىزلىرىنىڭ قىر بويلىرىغا قىزىلگۈل كۆچىتى تىكتۈردى. بۇ كۈنلەردە خوتەن ۋىلايىتىدە بۇغداي، قوناق، پاختىدىن باشقا قىزىلگۈل ۋە مىللىي تېبابەت دورا ئۆسۈملۈكلىرىگە ئوخشاش ئىقتىسادىي

زىرائەتلەرنى تېرىش پىلانلىق ئېگىلىكنىڭ ھەيۋىسى بىلەن قاتتىق چەكلىنىپ كېلىۋاتقاچقا، ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ تاشكەنت كەنتىدە يولغا يارايدىغان قىزىلگۈل كۆچىتىنى كۆلەملىك ئۆستۈرۈشى ئەتراپتىكىلەرنى دەرگۇماندا قويدى. بەزىلەر: «بۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولار» دەپ ئەنسىرىمەيمۇ قالمىدى. ئەمما، ئەمەلىيەت شۇنى ئېنىق ئىسپاتلىدىكى، تاشكەنت كەنتىنىڭ تۇپرىقىمۇ دېھقانلارنى نەپكە ئېرىشتۈرەلەيدىغان ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنى تېرىشقا باب كېلىدىكەن. مانا، ئەتىيازدا قىر بويلىرىدىكى بىكار يەرلەرگە تىكىلگەن قىزىلگۈل كۆچىتى شۇنداق ياخشى ئاينىغانىدى، مۇشۇنداق بولغاندا تاشكەنتلىكلەر كۈز كەلگەندە، يەنى نۇرغۇن سېلىنما بىلەن تېرىغان كېۋەزلىرى ئېچىلىپ پاختا سېتىلغاندا قولى پۇل كۆرۈشتىن باشقا، باھار كېلىپ قىزىلگۈللەر ئېچىلغان ۋاقىتلاردىمۇ قىزىلگۈلنى قەرەللىك سېتىپ پۇل قىلالايتتى. بۇنىڭ نېمىسى گۇمانلىق بولسۇن!؟ ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ تەشەببۇسى بويىچە ئېيتقاندا خەلققە ھەقىقىي نەپ يەتكۈزىدىغان، خەلقنىڭ مەنپەئەتىگە ھەقىقىي ۋەكىللىك قىلالايدىغان، دېھقانلارنى نامراتلىق پاتقىقىدىن بىر كۈن، ھەتتا بىر سائەت بولسىمۇ بالدۇر قۇتۇلدۇرالايدىغان چارە - تەدبىرنىڭ ئىلمىي قىممىتى بار ئىدى. ئۇنى «ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش»تىن ئىبارەت ئەنئەنىمىزگە تايىنىپ سىناپ بېقىشقا بولاتتى.

قىزىلگۈل كۆچىتىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى بىلەن تېخىمۇ غەيرەتكە كەلگەن ئابدۇراخمان قۇربان ئەمدى خېلىدىن بېرى ئويلاپ كېلىۋاتقان يەنە بىر ئىشنى تاشكەنت كەنتىدە ھازىردىن باشلاپ يولغا قويۇشنى كۆڭلىگە پۈكتى. بۇ «يېڭى ئىش» مۇشۇ مەزگىلدە خوتەننىڭ باشقا ناھىيە - شەھەرلىرىدە كەسكىن چاقىرىق بىلەن مۇستەھكەم داۋام قىلىۋاتقان پىلانلىق ئېگىلىككە مۇخالىپ كېلەتتى...... ھېچبولمىغاندا ئۇ پىلانلىق ئېگىلىك ئەندىزىسىدىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق قاتارلىق ئاساسلىق تۈۋرۈك كەسىپلەرگە ئوبدانلا سۈركۈلۈپ ئۆتەتتى. تاشكەنت كەنتىدىكى 1709 موغا يېقىن بىنەم يەرنىڭ بىر قىسمىغا دېھقانلارنىڭ ئوزۇقلۇقىغا يەتكۈدەك ئاشلىق زىرائىتى تېرىپ،

قالغان 100 نەچچە مو يەردىكى كېۋەز تېرىش پىلانىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، خەلق رايى بويىچە نۆۋەتتە ئىقتىسادىي قىممىتى يۇقىرى بولغان سەي ـ كۆكتات، مىللىي تېبابەت دورىلىق ئۆسۈملۈكلىرىنى تېرىش ئىدى.

شۇ كۈنى ئابدۇراخمان قۇربان باللىرىنى تاشكەنت كەنتىگە «ئوينىتاقىلى» باشلاپ كېلىپ، يەنە ئۆز ئىشى بىلەن بەند بولۇپ كەتتى. ئېنىقراق ئېيتقاندا، ئۇ يېزا ۋە كەنت مەسئۇللىرى بىلەن جىددىي يىغىن ئېچىپ، تاشكەنت كەنتىنىڭ ئىلگىرىكى پىلانلىق ئىگىلىك ئەندىزىسىگە «رىقابەت» پەيدا قىلىدىغان بىرقاتار ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ تەدبىرلەرنىڭ ئىچىدە دېھقانلار دەرھال نەپ كۆرەلەيدىغان پارنىكتا سەي ـ كۆكتات ئۆستۈرۈش، مىللىي تېبابەت دورا ئۆسۈملۈكلىرىنى تېرىش، باقمىچىلىق، هويلا ـ ئاران ئىگىلىكى ۋە ئالاھىدە باغۋەنچىلىكنى يولغا قويۇش ئۇچۇن ئائىلىلەرنىڭ ئەتراپىدىكى ئىقتىسادىي قىممىتى تۆۋەن بولغان تېرەك، سۆگەت، جىگدە قاتارلىق دەل ـ دەرەخلەرنى تەلتۆكۈس چىقىرىۋېتىش بار ئىدى، ھەتتا ئابدۇراخمان قۇربان پەن ـ تېخنىكىنى كەنتكە كىرگۈزۈپ، مىللىي تېبابەت دورا ئۆسۈملۈكلىرىنى تېرىش ۋە باشقۇرۇشتا تېخنىكا جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىشقا ماڭلاي يېزىسىدىكى مەمەت ئۆمەر ئاخۇننى، پارنىكتا سەي ـ كۆكتات ئۆستۈرۈشكە يېتەكچىلىك قىلىشقا خوتەن شەھىرىدىكى جېلىل ئاخۇننى دېيىشىپمۇ قويغانىدى. مەمەت ئۆمەر ئاخۇن مىللىي تېبابەت دورا ئۆسۈملۈكلىرىنى تېرىپ ئۆستۈرۈش جەھەتتە مول تەجرىبىگە ئىگە كىشى بولسا، جېلىل ئاخۇن پارنىكتا سەي ـ كۆكتات ئۆستۈرۈش تېخنىكىسىنى ئاتايىتەن شەندۇڭغا بېرىپ ئۆگىنىپ كەلگەن چېۋەر تېخنىك ئىدى.

يىغىنغا قاتناشقان مۇناسىۋەتلىك يولداشلار ئەجەبلىنىش ئىلكىدە بىر ـ بىرىسىگە مەنىلىك قارىشىپ قويىدى. قارىغاندا ئۇلار ناھىيە ۋە يېزىدىن چۈشۈرۈلۈپ بەرگەن تېرىقچىلىق پىلانىنى ئورۇنلاپ بولالماسلىقىدىن ئەنسىرەپ ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ بۇ يېڭى ئورۇنلاشتۇرۇشىنى دەرھال قوبۇل قىلالمايۋاتاتتى. ئەمەلىيەتتە

ئابدۇراخمان قۇربان تاشكەنت كەنتىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنى ئۈستىگە ئېلىپ ئىشلەۋاتقاندىن بۇيان هازىرقىغا ئوخشاش «قاراملىق»نى كۆپ قىلىپ ئۇلارنى ئەجەبلەندۈرۈپ كېلىۋاتاتتى. ئابدۇراخمان قۇربان بۇ خىل ئىسلاهات تەدبىرلىرىنى ئىلگىرى ئېچىلغان يىغىنلاردا تىلغا ئالغاندا يېزا، كەنت مەسئۇللىرى: «بۇ ئابدۇراخمان قۇرباننىڭ كەلگۈسىدە، ئىمكانىيەت يار بەرسە يولغا قويىدىغان تەسەۋۋۇرى بولسا كېرەك» دەپ ئويلاشقانىدى. ۋاھالەنكى، بۈگۈنگە كەلگەندە بۇ «تەسەۋۋۇر» شۇنچە تېز رېئاللىققا ئايلىنىشقا يۈزلەندى. بىر هېسابتا بۇ يىغىنغا قاتناشقان يېزا، كەنت مەسئۇللىرىنىڭ هودۇقۇشىنىمۇ توغرا چۈشىنىشكە بولاتتى. چۈنكى، ئۇلار ئۇزاقتىن بۇيان پىلانلىق ئىگىلىكنىڭ تېرىقچىلىق ئەندىزىگە ئادەتلىنىپ كېتىشكەن تۇرسا! ئابدۇراخمان قۇرباننىڭ بۇ مۇستەھكەم ئەندىزىگە هوڭدىن پوڭ چىققاندەكلا خىرىس پەيدا قىلىشى نېمە دېگەن چوڭ يۈرەكلىك - ھە!؟ ئۇنىڭ بۇ خىل تەۋەككۈلچىلىكى ئالدىدا مۇشۇنداق ئىككىلەنمەيمۇ بولمايتتى. مۇبادا بىرەر كۈتۈلمىگەن ئىش چىقىپ قالسا هەممەيلەن بۇنىڭ كاساپىتىگە كېتىشى ئېنىق ئىدى......

ئابدۇراخمان قۇربان ئۇلارنىڭ چىرايىدىكى ئىككىلىنىش ئالامەتلىرىنى سەزگەندىن كېيىن، پىلانىنى يەنە قايتا بىر قېتىم چۈشەندۈردى. ئۇنىڭ ئورۇنلۇق سۆزلىرىدىكى تولىمۇ قەتئىي ئىنتوناتسىيەدىن بۇ ئىشنى چوقۇم قىلىش ئىرادىسىگە كەلگەنلىكىنى، هەر نېمە قىلىپمۇ توسۇپ قالغىلى بولمايدىغانلىقىنى جەزملەشتۈرۈشكە بولاتتى. هەممەيلەن ئاخىر باشلىرىنى ئىتائەتمەنلىك بىلەن لىڭشىتتى. بۇ ئۇلارنىڭ ئابدۇراخمان قۇربان هېلىلا تاپشۇرغان ۋەزىپىلەرنى بەجانىدىل ئورۇنلاش نىيىتىگە كەلگەنلىكى ئىدى. بۇنداق قىلمايمۇ بولمايتتى. چۈنكى، تاش هامان ياڭاقنى چېقىۋېتەلەيتتى. ئېنىقراق دېگەندە، ئابدۇراخمان قۇربان بەئەينى تاشكەنت كەنتىنىڭ مۇدىرىدەك دېھقانلار بىلەن ئوخشاش توپىغا مىلىنىپ يۈرگەن بىلەن، يەنىلا خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ئىدى، مەنسەپ جەھەتتە بىرىنىڭ كەينىدە بولسا، نەچچە ئونىنىڭ ئالدىدا ئىدى......

مۇنداقچە ئېيتقاندا ئۇنىڭ تاشكەنت كەنتىدە ئوتتۇرىغا قويغانلىرى بەلگىلىك كۆچكە ئىگە سىياسەت، يەنىمۇ ئېنىقراق ئېيتقاندا چاقىرىق ئىدى. تاشكەنت كەنتىدە بازار ئىگىلىكىنىڭ تەلىپى بويىچە ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، پىلانلىق ئىگىلىككە ئوت ئاچماقچى، بۇ خىل بېيىش تەجرىبىسىنى پۈتۈن ۋىلايەتكە كېڭەيتمەكچىدى، قىسقىسى ئۇنىڭ ھەربىر جۈملە گېپى ۋە ھەربىر ئورۇنلاشتۇرۇشى ئەلۋەتتە خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكومغا ۋەكىللىك قىلاتتى. دېمەك، كىچىككىنە بىر يېزا بىلەن، ئالىقانچىلىك بىر كەنت مەسئۇللىرى ئۇنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بويۇنتاۋلىق قىلالمايتتى. ياخشى يېرى يىغىنغا قاتناشقۇچى مەسئۇل يولداشلار بۇ قائىدىنى، شۇنداقلا مۇشۇنداق قىلىشنىڭ پايدىسىنى ئوبدان بىلىشەتتى. پەقەت ئۇلار ئاتالمىش پىلانلىق ئىگىلىك ئەندىزىسىنىڭ قارغىشىغا كېتىشتىنلا قورقۇشاتتى. ئاخىر ئۇلار ئۆزلىرىگە تېگىشلىك ۋەزىپىلەرنى ياخشى ئورۇنلاش ئىرادىسىنى بىلدۈرۈشۈپ ئۆز ئورۇنلىرىغا كېتىشتى. ئابدۇراخمان قۇرباننىڭ كۆڭلى شۇندىلا ئارامىغا چۈشۈپ، بالىلىرىنى ئېسىگە ئالدى. راست، ئۇ بۈگۈن تاشكەنت كەنتىگە بالىلىرىنى باشلاپ كەلگەن ئەمەسمىدى! باللار قېنى؟ ئادەم ھەرقانچە قىلغان بىلەنمۇ يەنىلا ئۆزىنىڭ كۆنگەن ئادىتىنى تاشلىمايدۇ. دەرۋەقە ئابدۇراخمان قۇربان بۈگۈن بالىلىرىنى تاشكەنت كەنتىگە باشلاپ كېلىپ ھەرھالدا بىردەم بولسىمۇ بىللە بولۇشنى، مۇھىمى كەنتنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى، دېھقان قېرىنداشلارنىڭ ئېتىزدىكى جاپاسىنى كۆرسىتىشنى، بۇ ئارقىلىق ئۇلاردا دېھقانلارغا بولغان ئىنسانىي ھېسداشلىق تۇيغۇسىنى ئويغىتىشنى ئويلىغانىدى. بىراق، كۆنگەن ئادەت يەنىلا بۇنىڭغا مۇمكىنچىلىك بەرمىدى. راست، ئۇ بايا بالىلىرىنى ئېتىز ئۇستىدىكى باراقسان ئۆرۈكنىڭ يېنىدا — دېھقانلارنىڭ ھوزۇرىدا قالدۇرۇپلا كەنت ئورگىنىغا كېلىپ مۇھىم يىغىن ئاچقانىدى.

ئابدۇراخمان قۇربان يىغىندىن تاراپ بالىلىرىنىڭ يېنىغا كەلگەندە ئۇلار ھاۋاخان قاتارلىق نامرات ئائىلىلەرنىڭ ئۆيىگە كىرىپ تاشكەنت كەنتىنىڭ ھەقىقەتەنمۇ نامراتلىقىنى، دادىسىنىڭ بۇلارنى بېيىتىش يولىدا ياخشى ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىشكەنىدى. ئۇلار ھاۋاخاننىڭ

ئۆتمىتۆشۈك ۋادەك ئۆيگە كىرگەندە بىر ئائىلىدىكى بەش جان ئادەم بىر پارچە كونا كىگىز ئۈستىدە بەش كونا چاپاننى يېپىنچا قىلىپ ياتقانىكەن. بۇنى كۆرگەن باللارنىڭ كۆڭلى بۇزۇلغان ھەمدە دەرھال يانچۇقلىرىدىن پۇل چىقىرىپ ئۇلارغا بەرگەن. باللارنىڭ چېھرىدىكى ئەجەبلىنىش، ھېسداشلىق، سۆيۈنۈش ئىپادىلىرىدىن تاشكەنت كەنتى توغرۇلۇق مۇئەييەن چۈشەنچىگە، تاشكەنت كەنتىدىكى دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشى ھەققىدە مۇئەييەن قاراشقا ئىگە بولغانلىقىنى، ئىنسانىي ھېسداشلىق تۇيغۇسىنىڭ ئىلگىرىكىدىن نەچچە ھەسسە كۈچەيگەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولاتتى. ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ باللارنى بۇ يەرگە باشلاپ كېلىشتىكى كۆتكىنىمۇ دەل مۇشۇ ئىدى. دەل شۇچاغدا ئويلىمىغان بىر ئىش يۈز بەردى. 50 ياشلارغا يېقىنلاپ قالغان بىر دېھقان ئايال مەھەللە تەرەپتىن ئۇلارنىڭ يېنىغا ئالدىراش كېلىپلا قولىدىكى قىزىل، يېشىل ۋە سېرىق رەڭدىن تەركىب تاپقان بىر دەستە گۈلنى ئابدۇراخمان قۇربانغا سۇندى...... ئەسلىدە بۇ مۇشۇ كەنتتىكى بوخەدىچىخان ئىدى. ئابدۇراخمان قۇربان ئۇنىڭ قولىدىن گۈلنى ئېلىپ تولىمۇ مېھرىبانلىق بىلەن:

— ماڭا نېمىشقا گۈل تۇتىلا؟ — دەپ سورىدى.

شۇئان بوخەدىچىخاننىڭ كۆزلىرىدىن تارام - تارام ياش تۆكۈلدى. توپلىشىپ تۇرۇشقان كىشىلەر بىر - بىرىگە قاراپ قېلىشتى.

— سىلى...... ئارىمىزدىكى كېسەلمەن - ئاجىزلارنىڭ بېشىنى سىيلىدىلا...... يەنە بىزنى باي بولۇشقا يېتەكلىدىلە...... ھازىر تۇرمۇشىمىز ياخشىلىنىشقا يۈزلەندى. سىلىگە كۆپ رەھمەت! — دېدى ئۇ تولىمۇ ھاياجان بىلەن.

— بۇ مېنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشىم، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش كۈرىشىمىز تېخى ئەمدىلا باشلاندى. بۇنىڭدىن كېيىن تۇرمۇشۇڭلار تېخىمۇ ياخشىلىنىدۇ. نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ باشقىلارغا ئوخشاش بېيىيسىلەر، ماڭا رەھمەت ئېيتمىسىلىمۇ بولىدۇ......

— سىلىگە تۇتقان بۇ ئاددىي گۈلدەستەمنىڭ چوڭقۇر مەنىسى بار......

ــ راست، قارىسام بۇ گۈللەر ئۈچ خىل رەڭدە ئىكەن...... بۇنىڭ قانداق مەنىسى بار؟ــ ئابدۇراخمان قۇربان كۈلۈمسىرىگىنىچە شۇلارنى دەۋېتىپ قولىدىكى گۈلگە سىنچىلاپ قاراپ كەتتى. دېمىسىمۇ بۇ بىر دەستە گۈل قىزىل، يېشىل، سېرىقتىن ئىبارەت ئۈچ خىل رەڭدىن تەركىب تاپقانىدى.

ــ سىلى كەنتىمىزدىكى تۇرسۇننىيازكام بىلەن ئۇنىڭ قىزى بۇسەيدىخانىنىڭ كېسىلىنى داۋالاتتىلا...... ئۇ بىچارىلەرنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىدىغان ھېچقانداق تۇغقىنى يوق ئىدى. يەنە مېنىڭ يېقىن ئادىشىم ئوغالنىساخانىنىڭ بېشىنى سىيلاپ كېسىلىنى داۋالاتتىلا...... يەنە بىزنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرىمەن دەپ بۇگۈنكىدەك ئارام ئالىدىغان كۈندىمۇ كەنتىمىزگە كېلىۋاتىلا...... مەن...... مەن بۇ گۈلنى ...... شۇڭا ...... سىلىگە تۇتتۇم...... بىزدەك نامراتلارنىڭ بېشىنى سىيلىغانلىقلىرى ئۈچۈن خۇدايىم دۆلەتلىرىنى زىيادە، ئۆمۈرلىرىنى ئۇزۇن قىلسۇن...... ــ بۇخەدىچىخان ھەددىدىن ئارتۇق ھاياجانلىنىپ كەتكەچكە گېپىنىڭ ئاخىرىنى دېيەلمىدى. ئەتراپتىكىلەر شۇندىلا بۇخەدىچىخانىنىڭ ئابدۇراخمان قۇربانغا گۈل تۇتۇشىنىڭ سەۋەبىنى بىلىشتى. راست، بۇنىڭدىن بىرنەچچە ئاي ئىلگىرى شۇنداق ئىشلار بولغانىدى......

× × ×

ئۇ كۈنى ئابدۇراخمان قۇربان ئىلگىرىكى ئادىتى بويىچە كەنت مەسئۇللىرىدىن مۇشۇ كۈنلەردە كەنتتە ئەڭ ئېغىر ئەھۋالدا تۇرۇۋاتقان مويسىپىتلار، يېتىم ـ يېسىرلار، مېيىپ ـ ئاجىزلارنى سۈرۈشتۈردى. ئەلۋەتتە سۈرۈشتۈرمەيمۇ بولمايتتى. تاشكەنت كەنتىنىڭ ئەھۋالى ۋىلايەت بويىچە ناچار بولۇۋاتقان ئەھۋالدا، قېرى، ئاجىزلار، تۇل خوتۇن، يېتىم باللارنىڭ كۈنى تېخىمۇ ناچار بولۇشى ئېنىق ئىدى. ياشنىپ تېنى ئاجىزلاپ قالغان تۇرسۇننىياز ئاخۇن بىلەن، ئۇنىڭ قىزى بۇسەيدىخانىنىڭ ئەھۋالى ھەممىدىن خاراب ئىدى. «بالا كەلسە قوش

كېلىدۇ» دېگەندەك، نامراتلىقنىڭ دەردىدە تولىمۇ غورىگىل ئۆتۈۋاتقان
ئاتا بىلەن قىز ئارقا - ئارقىدىن كېسەل بولۇپ يېتىپ قالغانىدى.
تەگىلەپ كەلسەك گەپ يەنە نامراتلىققا بېرىپ تاقىلىدۇ. ئەسلىدە
بۇسەيدىخان دادىسى تۇرسۇننىياز ئاخۇننىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىۋاتقان
كۈنلەردە زۇكام بولغان، زۇكامنى داۋالىتالمىغاچقا تېنى ئاجىزلاپ باشقا
كېسەلگە گىرىپتار بولغانىدى.

نامرات ئائىلىدە ئاتا بىلەن بالا بىر - بىرسىنىڭ ھالىدىن خەۋەرمۇ
ئالالماي تولىمۇ ئېچىنىشلىق ھالدا ياتقاندا يوقلاپ كەلگەن ئابدۇراخمان
قۇربان ئەھۋالنى كۆرۈپلا بەكمۇ ئازابلاندى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىكى
كۆرۈنۈش ھەقىقەتەنمۇ ئېچىنىشلىق ئىدى. تام - تورۇسلىرى ئۆتمىتۆشۈك
بولۇپ كەتكەن، ۋەيرانە ئۆيدىكى جىمى تەئەللۇقات تىتىلىپ كەتكەن
بورا ئۈستىدىكى توپىغا مىلىنىپ تۇرغان يىرتىق كىگىز، تورى بۆلۈنۈپ
كەتكەن كونا يوتقان، توپا - چاڭ بېسىپ تۇرغان قازان - چۆمۈچلا
ئىدى. ئېغىر بىتاپ ئاتا - بالىنىڭ كۆڭلى تارتقۇدەك يېمەك -
ئىچمەككە زار بولۇشى ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ قەلبىنى تولىمۇ ئازابلىدى.
ھاياتى خەۋپ ئىچىدە قالغان بۇ ئىككى بىچارە نامراتلىقنىڭ،
غۇربەتچىلىكنىڭ سوغۇق قوينىدا ئىڭراپ ياتاتتى.

كۆپ كىشىلەرگە ئايانكى دۇنيادا نامراتلىقنىڭ خىللىرى كۆپ
بولىدۇ. ئادەتتىكى تۇرمۇشنى ئەمەس، بەلكى يۇقىرى ئىستېمالدىكى
ئالاھىدە تۇرمۇشنى قامدىيالمىغانلارمۇ يۇقىرى ئىستېمال سەۋىيەسىدىكى
كىشىلەرگە سېلىشتۇرغاندا نامرات ھېسابلىنىدۇ. بىراق، بۇ خىلدىكى
نامراتلارنىڭ ھەرھالدا يەيدىغىنى، پاناھلىنىدىغان تۇرار جايى، كېسەل
بولۇپ قالسا دوختۇرغا كۆرۈنۈشكە يېتەرلىك پۇلى بولغان بولىدۇ. بىز بۇ
ئەدەبىي ئاخباراتتا تىلغا ئېلىۋاتقان نامراتلارنىڭ تولىسى «كۆك نامرات»
تېپىغا مەنسۇپ ئىدى. ھەرھالدا ئاچلىقتا ئۆلۈپ كەتمىگەن بىلەن،
ئالىمادىس مۇشۇنداق كېسەل قىسمىتى ئۇلارغا يوپۇرۇلۇپ كەلگەندە كۆك
نامراتلىق ئۆز كۈچىنى كۆرسىتەتتى. تېخىمۇ چوڭقۇرلىساق يېزىلاردا
ھەمكارلىشىپ داۋالىنىش سىياسىتى تېخى يولغا قويۇلمىغان ئاشۇ
مەزگىلدە كۆك نامراتلار ئىچىدە كېسەل بولۇپ داۋالىنىش شارائىتىغا

ئېرىشەلمىگەنلەرنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى ئېنىق ئىدى.

ئابدۇراخمان قۇربان تاشكەنت كەنتىدە ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈۋاتقان نامرات بىمارلارنىڭ ئەھۋالى ھەقىقەتەنمۇ ئېچىنىشلىق بولۇپ، تۇرمۇشىلا ئەمەس، بەلكى ھاياتى خەۋپ ئىچىدە قالغانىدى. دادىسىنىڭ كىچىك تەرىتى توختاپ جىسمى - بەدىنى سارغىيىپ كەتكەن بولسا، قىزىنىڭ چىرايى كۆكەرگەن، پەريادى پەلەككە يەتكەنىدى. بۇ كۆرۈنۈشكە قاراپ باغرى يۇمشاق ئابدۇراخمان قۇربانلا ئەمەس، بەلكى باغرى تاشتىن پۈتۈلگەن ھەرقانداق كىشىمۇ ياش تۆكمەي قالمايتتى. ئەھۋال شۇنداق تۇرسا يەنە كۈتۈپ تۇرۇشقا بولاتتىمۇ؟ ئابدۇراخمان قۇربان دەرھال بۇ ئاتا - بالىنى ناھىيەلىك دوختۇرخانىغا يۆتكەشنى ئورۇنلاشتۇردى. ۋىلايەتلىك ۋە ناھىيەلىك خەلق ئىشلىرى ئىدارىسى ئارقىلىق ئۇلارنىڭ زۆرۈر قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىپ بەردى. يېزىدىن ئىككى ئايال كادىرنى دوختۇرخانىدا ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشقا بەلگىلىدى. رونىمۇھەممەت سېكرېتار مۇشۇ كۈنگىچە ئۇلارنى نەزەرىدىن چەتتە قالدۇرغانلىقىغا ئۆكۈندى بولغاي، كېيىنكى ئىشلارغا ئىگە بولىدىغانلىقى توغرۇلۇق ئىپادە بىلدۇردى. شۇنداقتىمۇ ئابدۇراخمان قۇربان ۋاقىت ئاجرىتىپ ناھىيەلىك دوختۇرخانىغا كېلىپ تۇرسۇننىياز ئاخۇن بىلەن ئۇنىڭ قىزى بۇسەيدىخاننى يوقلاپ تۇردى ھەمدە ئۇلارنىڭ خاتىرجەم داۋالىنىشى ئۈچۈن ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم بەردى.

تاشكەنت كەنتىدە سادىر بولغان بۇ ئىش چاقماق تېزلىكىدە ئەتراپقا تارقالدى. دېمىسىمۇ بۇ ئاي، بۇ كۈنلەردە تاشكەنتلىكلەر يۇقىرىقىدەك قىسمەتلەرگە ماگدامىدا بىر ئۇچراپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ھەممىدىن بەك ئەنسىرەيدىغىنى ئاچ - يالىڭاچ قېلىش ئەمەس، بەلكى تاسادىپىي كېسەل بولۇپ قېلىش ئىدى. دەرۋەقە بۇ دۇنيادا نامراتلار ئۈچۈن كېسەل بولۇپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قېلىش ئەڭ مۇشكۈل ئىش بولۇپ، بۇنىڭغا ئەگىشىپ ھەممە كەلگۈلۈك كەينى - كەينىدىن يوپۇرۇلۇپ كېلىدۇ. دوختۇرغا كۆرۈنۈشكە، دورا سېتىۋېلىشقا پۇل بولمىغاچقا ئۆيىنىڭ بۇلۇڭىدا ئىڭراپ ياتماقتىن باشقا ئامال يوق. ئادەم مانا مۇشۇنداق بىقۇۋۇل ۋاقىتتا ئاتەش قەلب كىشىلەرنىڭ ياردىمىگە

ئېرىشىشنى ھاياتلىقتىكى بىردىنبىر بەختىم دېسە بولىدۇ. تۇرسۇننىياز ئاخۇن بىلەن قىزى بۇسەيدىخان قاراقاش ناھىيەلىك خەلق دوختۇرخانىسىدا كېسىلى ئېنىقلىنىپ تېخنىكىسى يۇقىرى دوختۇرلار تەرىپىدىن ئوبدان داۋالاندى ۋە تۇرمۇش جەھەتتىن ياخشى كۈتۈلدى. زىمىستان قىشنى پار بىلەن ئىسسىتىلغان دوختۇرخانا ياتىقىدا، پاكىز يوتقان - كۆرپىلەردە يېتىپ، ئۈچ ۋاق ياخشى غىزالىنىپ غەمسىز ئۆتكۈزدى. ئىنسانىي مېھرىبانلىق مۇزلىغان قەلبنى ئىللىتتى. گەرچە ئۇلار ۋاقتىدا داۋالىنالماسلىق تۈپەيلىدىن ئۇزۇل - كېسىل شىپا تاپالماي ئارقا- ئارقىدىن ئۆلۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ھەرھالدا ھاياتنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىنى ئىنسانىي خىسلەتكە ئىگە غەمگۇزارلىرىنىڭ ئىللىق باغرىدا خاتىرجەم ئۆتكۈزۈپ كۆز يۇمدى.

مەرھۇملارنىڭ ۋاقىتسىز ئۆلۈمى ئابدۇراخمان قۇربانىنلا ئەمەس، بەلكى تاشكەنت كەنتىدىكى قېرى -ياش ھەممىنىڭ قەلبىنى يەتكۈچە ئۆرتىدى. يۇرتداشلارنىڭ قەلبىگە ۋەزنى ئېغىر سوئاللارنى قويدى. كېيىنكى بىرنەچچە يىلدا مەرھۇم بۇسەيدىخاننىڭ قاقاس دالىدا مۆجىزە بولۇپ ئايىنغان قىزىلگۈلدەك ھۆسن - جامالى، سەرۋىدەك جەلپكار قامىتى، ھەقىقىي سەھرا گۈزىلىگە خاس شەرم - ھايا بېرىنگەن قىسقا ھاياتى ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ يۈردى. «مۇبادا مەرھۇملار ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ نەزەرىگە بۇرۇنراق ئېلىنغان بولسا...... بۇرۇنراق ئېلىنىپ، ۋاقتىدا داۋالىنىش شارائىتىغا ئېرىشكەن بولسا...... بۇرۇنراق ...... بۇرۇنراق...... »دېگەندەك پۇشايمانلىق ئارمانلار ھەربىر كىشىنىڭ كۆڭلىدە ئۇزاققىچە ساقلاندى. بۇ خىلدىكى ئارمانلار ئۆزىنى خەلقىنىڭ بەختىگە ئاتىۋەتكەن ئابدۇراخمان قۇرباندەك كىشىلەر ئۈچۈن نەقەدەر ئازابلىق - ھە! بەلكىم بۇخەدىچىخاننىڭ ئابدۇراخمان قۇربانغا سۇنغان بىردەستە گۈلىدىكى قىزىل رەڭ دەل مەرھۇم بۇسەيدىخاننىڭ ياشلىق باھارىغا سىمۋول قىلىنغان بولسا كېرەك......

گۈلدەستىدىكى يېشىل رەڭنىڭ بۇخەدىچىخان بىلەن مۇناسىۋەتلىك مۇنداق بىر ھېكايىسى بار ئىدى. ئەسلىدە بۇخەدىچىخاننىڭ ئۇستۇن مەھەللىدە ئوغالىنىساخان ئىسىملىك بىر دىلكەش دوستى

بولۇپ، ئىككىسى بالىلىق ۋاقىتلىرىدىن باشلاپ ئىجىل - ئىناق ئۆتۈشكەن ھەم دوستلۇق رىشتىسى بەكمۇ مۇستەھكەم ئىدى. ھەقىقىي ئاداشلار بىر نان تاپسا تەڭ يېگەنگە ئوخشاش بىرسىنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈن ھەر ئىككىلىسىنىڭ بېشىنى تەڭ ئاغرىتاتتى. بىرسىنىڭ ئۆيىدە كۆيگەن ئوتتا ھەر ئىككىلىسىنىڭ چېيى قايناتتى. ئەلۋەتتە ئىنسانلار ئارىسىدىكى دوستلۇقنىڭ خىللىرى كۆپ بولىدۇ. بەزىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق مەلۇم مەقسەت - مۇددىئا ئۈستىگە قۇرۇلغان بولۇپ، ۋاپادارلىق مېھرىدىن سۆز ئېچىش تەس، بىرسى يەنە بىرسىگە مەنپەئەت يەتكۈزەلمىسىلا بۇ خىل دوستلۇقنىڭ رىشتىسى شۇئان ئۈزۈلۈپ كېتىدۇ. يەنە بەزىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇقنىڭ قەلب رىشتىسى ئۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، بىرى يەنە بىرسىگە خالىس ۋاپادارلىق يەتكۈزۈشنى ئاساس قىلىدۇ. بۇخەدىچىخان بىلەن ئوغۇلنىساخاننىڭ دوستلۇقى ساددا دېھقانلار ئوتتۇرىسىدىكى غۇبارسىز پاك دوستلۇق بولۇپ، كېيىنكى خىلغا مەنسۇپ ئىدى.

2000 - يىلى ئەتىيازدا مۇدھىش قىسمەتنىڭ قارا قولى كۈتۈلـ- ـمىگەندە ئوغۇلنىساخانغا سوزۇلدى...... «بالا ياتقۇ ئۆسمىسى» دەپ ئىسىم قويۇلغان قاباھەتلىك كېسەللىك ئوغۇلنىساخاننىڭ ھاياتىغا ئېغىر تەھدىت ئېلىپ كەلگەندە بۇخەدىچىخان ئوغۇلنىساخانغا ئوخشاشلا ئازابلاندى...... ئازابلىنىش بىلەنلا ئىش پۈتمەيتتى. ئوغۇلنىساخاننىڭ داۋالىنىشنى خاتىرجەم داۋاملاشتۇرۇشى ئۈچۈن ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم بەرمىسە بولمايتتى. بۇخەدىچىخان شۇنداق قىلدى، يىغقان - تەرگەنلىرىنى دوستىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن سەرپ قىلدى. ئۆتكەن بىرنەچچە ئايدا ئوغۇلنىساخان يېزا ۋە ناھىيەلىك دوختۇرخانىلاردا داۋالىنىپ ئىلكىدىكى بېساتتىن تەلتۆكۈس ئايرىلغاچقا بۇخەدىچىخاننىڭ بەرگەن ياردىمى خۇددى دەرياغا تاللقان چالغاندەكلا بىر ئىش بولدى. دېمىسىمۇ بۇ كۈنلەردە دوختۇرخانىلار بەكمۇ ئىشتىھالىق بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ چىقىمىغا غورىگىل تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان تاشكەنت كەنتىدىكى دېھقانلار تۈگۈل، قاراقاشنىڭ ناھىيە بازىرىدا تىجارەت قىلىۋاتقان ھۆپىگەرلەرمۇ بەرداشلىق بېرەلمەيتتى. بىر كۈنى كەچلىكى

بۇخەدىچەخان داۋالىنىشنى داۋاملاشتۇرۇشقا ئامال قىلالماي ئۆيدە بىقۇۋۇل ھالدا ئەجەلنى كۈتۈپ ياتقان دوستى ئوغۇلنىساخاننى يوقلاپ كەلدى.

— كەنت تەشكىلىگە ئەھۋالنى ئېيتايلى، ئۇلار ياردەم قولىنى سۇنسا ئەجەب ئەمەس، — دېدى بۇخەدىچەخان كېسەللىك ئازابىدا تولغىنىپ ياتقان دوستى ئوغۇلنىساخاننىڭ بېشىنى يۆلەپ چوڭقۇر ھېسداشلىق قىلغان ھالدا.

— مۇشۇ كۈنگىچە ئۇلارغا ئەھۋال ئېيتماي قالامدىم، خېنىم!؟

— ئەمىسە يېزا مەسئۇللىرىغا ئەھۋالنى دەيلى......

— ئۇ...... ئۇلارغىمۇ دېدىم ...... خېنىم......

بۇخەدىچەخاننىڭ يۆلىشى بىلەن ياستۇقتىن بېشىنى تەستە كۆتۈرگەن ئوغۇلنىساخان شۇنداق دېگىنىچە ئۆزىنى كۆرپىگە لاسسىدە قويۇۋەتتى - دە، بوغۇلۇپ يىغلاپ كەتتى...... ئۇنىڭ چەكسىز ئازاب ئىچىدىكى يىغىسىدا يوقسۇزلۇقنىڭ، ئامالسىزلىقنىڭ، موھتاجلىقنىڭ چوڭقۇر ھەسرىتى مۇجەسسەم ئىدى. ئۇ يىغلايتتى، تەقدىرنىڭ ئۆزىگە شۇنداق ئېغىر كېسەلنى بېرىپ، داۋالىتىشقا پۇل بەرمىگەنلىكىگە، ئۆزىنى مۇشۇنداق ئامالسىز ھالدا قالدۇرغانلىقىغا ئېچىنىپ يىغلايتتى. ئۇنىڭ يىغىسىغا قاراپ تاقەت قىلىپ تۇرالمىغان بۇخەدىچەخان دوستىغا قوشۇلۇپ يىغلاپ كەتتى. ئۇ شۇ تاپتا ئۆزىنىڭ ئەجەل ئېغىزىغا كېلىپ قالغان دوستىنى قۇتۇلدۇرۇشقا ھېچ ئامال قىلالمىغانلىقىغا ئېچىنىپ يىغلايتتى. شۇ ھالدا يىغلاۋېتىپ ئۇشتۇمتۇت كۆز ئالدىغا بىركىشىنىڭ يېقىملىق سىيماسىنى كەلتۈردى. يېقىندىن بۇيان تاشكەنت كەنتىگە كۆپ كېلىدىغان بۇ كىشى ئۆزىدەك نامراتلارغا، ئوغۇلنىساخاندەك كېسەلمەنلەرگە ئالاھىدە ئىلتىپات كۆرسىتىۋاتاتتى. بۇ دەل ئابدۇراخمان قۇربان بولۇپ، ئۇ يېقىندىن بۇيان تاشكەنتتە قىلىۋاتقان بىر قاتار ئىشلىرى ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ رازىمەنلىكىگە ئېرىشىپ كېلىۋاتاتتى. دەرھال كاللىسىدىن «مۇبادا ئوغۇلنىساخاننىڭ ئەھۋالىنى ئابدۇراخمان قۇربان شۇجىغا مەلۇم قىلىپ ئىلتىماس سۇنسام قانداق بولار» دېگەنلەرنى ئۆتكۈزۈپ ئۆلگۈردى، ئاندىن بۇ ئويىنى

ئوغۇلنساخانغا ئېيتىپ ئۇنىڭ ئاجىز قەلبىدە ئۇمىدنىڭ خىرە شولىسىنى پەيدا قىلدى. ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ نامىنى ئاڭلاپلا ئوغۇلنساخاننىڭ تاتىراڭغۇ چىرايى سەل ئېچىلىپ، بوغۇلۇپ يىغلاشتىن توختىغانىدى......

شۇ كۈنى ئاخشىمى بۇخەدىچىخان دوستى ئوغۇلنساخاننىڭ ھازىرقى كېسەللىك ئەھۋالىغا ئۇنىڭ داۋالىنىشقا ئامالسىز قالغان ئېچىنىشلىق ئەھۋالىنى قوشۇپ ئابدۇراخمان قۇربانغا ئىلتىماس يېزىپ، ئەتىسىدىن باشلاپ ئابدۇراخمان قۇربانغا بىرىشىنىڭ ئەپلىك پۇرسىتىنى ئىزدىدى. ئەمەلىيەتتە بۇخەدىچىخانغا ئەپلىك پۇرسەت كۆپ ئىدى. چۈنكى، ئابدۇراخمان قۇربان بۇ كۈنلەردە تاشكەنت كەنتىگە كۆپ كېلەتتى. ھەر قېتىم كەلگەندە ماشىنىسىنى كەنت ئورگىنىدا قالدۇرۇپ ئۆزى كەنت كادىرلىرى بىلەن ئېتىزدا، دېھقانلارنىڭ باغلىرىدا، يولدا، كوچىدا، ئىشقىلىپ تاشكەنت كەنتىنىڭ قىياپىتىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ئۆزى بىۋاستە تۈزۈپ يولغا قويغان پىلاننى ئورۇنلاش ھەلەكچىلىكىدە چېپىپ يۈرەتتى. بۇ ھالدا بۇخەدىچىخاننىڭ قولىدىكى ئىلتىماسنى ئۇنىڭغا بېرىشكە قولاي پۇرسەت كۆپ ئىدى. بىراق، بۇخەدىچىخان ھەرقېتىم ئابدۇراخمان قۇرباننىڭ يېنىغا كەلگەندە نېمىشقىدۇر قولىدىكى ئىلتىماسنى بېرىشكە جۈرئەت قىلالماي ئىككىلىنىپ قالاتتى - دە، ئاستا كەينىگە ياناتتى. ئەلۋەتتە ئۇنىڭ بۇنداق ئارىسالدى بولۇشىنىڭ سەۋەبى بار ئىدى، يەنى بىرتەرەپتىن ئابدۇراخمان قۇربان تاشكەنت كەنتىنى تەرەققىي قىلدۇرىمەن دەپ پايپېتەك بولۇپ يۈرگەندە ئۇنى ئاۋارە قىلىپ قويۇشتىن ئەنسىرىسە، يەنە بىرتەرەپتىن باشقىلارنىڭ ئۆزىنى خاتا چۈشىنىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئاخىرقى قېتىم تولۇق غەيرەتكە كېلىپ ئىلتىماسنى ئابدۇراخمان قۇربانغا بەردى. ئابدۇراخمان قۇربان ئىلتىماسنى ئېلىپلا دەرھال كۆرۈپ چىقتى ۋە:

— كېسەل بولۇپ قالغان دوستىڭىزنىڭ ئۆيى قەيەردە؟ — دەپلا بۇخەدىچىخاننى ئېلىپ ئوغۇلنساخاننىڭ ئۆيى تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى. بۇخەدىچىخان ئەسلىدە .قىلىدىغان ئىشلىرى بېشىدىكى چېچىدىنمۇ كۆپ

بولۇۋاتقان ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ ئوغۇلنىساخاننى شۇنچە تېز يوقلاپ بېرىشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى. ئابدۇراخمان قۇربان شۇ كۈنىلا ئوغۇلنىساخاننى يوقلاپ ئۇنىڭ كېسەللىك ئەھۋالىدىن تولۇق خەۋەردار بولدى، ئاندىن يېزا - كەنت مەسئۇللىرىنى چاقىرتىپ كېلىپ ئوغۇلنىساخاننى دەرھال ناھىيەلىك خەلق دوختۇرخانىسىغا يۆتكەشنى ئورۇنلاشتۇردى، ئارقىدىنلا ئۇنىڭ داۋالىنىش راسخوتىنى ئۆزى بىۋاستە ۋىلايەتلىك خەلق ئىشلىرى ئىدارىسىدىكى مۇناسىۋەتلىك يولداشلار بىلەن كۆرۈشۈپ ھەل قىلىپ بەردى. شۇنداق قىلىپ بۇخەدىچىخاننىڭ تىلىكى ئەمەلگە ئېشىپ، دوستى ئوغۇلنىساخان خاتىرجەم ھالدا داۋالىنىش شارائىتىغا ئېرىشتى. بەلكىم بۇخەدىچىخاننىڭ ئابدۇراخمان قۇربانغا سۇنغان گۇلدەستىدىكى يېشىل رەڭ داۋالىنىش شارائىتىغا ئېرىشىپ ھاياتى كاپالەتكە ئىگە بولغان ئوغۇلنىساخانغا سىمۋول قىلىنغان بولسا كېرەك...... ئەمدى گۇلدەستىسىدىكى نىسبەتى ھەممىدىن كۆپ بولغان سېرىق رەڭ نېمىگە سىمۋول قىلىنغان؟ بۇنىڭ جاۋابى ناھايىتىمۇ ئېنىق. ئۇ ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ تاشكەنت كەنتىدىكى نامرات كىشىلەرنى ئىجادىي يوللار ئارقىلىق قىسقا ۋاقىتتا بېيىتىشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىرادىسىگە سىمۋول قىلىنغان...... چۈنكى سېرىق رەڭ ئەزەلدىن تىنچ - خاتىرجەملىكنىڭ، بەخت - ئاسايىشلىقنىڭ سىمۋولى بولۇپ كەلمەكتە......

× × ×

بۇخەدىچىخاننىڭ ئابدۇراخمان قۇربانغا تۇتقان گۇلدەستىسىنىڭ يۇقىرىقىدەك تەسىرلىك ھېكايىلىرى بولغان بىلەن، بىراق ئۇلارنى ئابدۇراخمان قۇربان ئۇنتۇپ كەتكەنىدى. بۈگۈن ئۇ باللىرىنى تاشكەنت كەنتىگە «ئويناتقىلى» ئېلىپ كەلگەندە بۇ ئىش كۆڭلىگەندە جاراستانغا چىقىپ قالدى. ئۇنىڭدىن باشقا بۈگۈن كىشنى تېخىمۇ ھاياجانغا سالىدىغىنى، ئۆزلىرىنىڭ تېرىم يەرلىرىدە ئىشلەۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ قارىسىنى كۆرۈپلا ئەتراپىنى

ئورنۇبلىپ رەھمەت ئېيتىشى ئىدى. باللار بۇنداق تەسىرلىك مەنزىرىلەرنى ئىلگىرى كۆرۈپ باقمىغانىدى. كۆرگەنلىرىمۇ پەقەت كەنتتىكى قايسىدۇر تەڭسىزلىك ئۇستىدىن دادلاۋاتقان، كىمدۇر بىرسىنىڭ ئۆزىنى ئانى تېپىۋاتقانلىقىدىن شىكايەت قىلىۋاتقان ئىشلار بولۇپ چىقاتتى. بۈگۈنكى كۆرۈنۈش تولىمۇ تاسادىپى، تولىمۇ كۈتۈلمىگەن پۈرسەتتە يۈز بەردى. شۇ كۈنى ئابدۇراخمان قۇربان ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن باللىرى بىلەن بىر مەھەللىچە تاشكەنت كەنتى ھەققىدە مۇڭداشتى. ئېنىقراق ئېيتقاندا بۇ قېتىم گەپنى باللار ئۆزلىرى تەشتى.

— دادا، — دېدى چوڭ قىزى رابىيەم تولىمۇ ھاياجان بىلەن، — مەن بۈنىڭدىن كېيىن سىزنى بىز بىلەن بىللە بولمىدىڭىز دەپ ھەرگىزمۇ ئەيىبلىمەيمەن! تاشكەنت كەنتىدىكى دېھقانلار ھەقىقەتەنمۇ نامرات ئىكەن. ئۇلارنى يېتەكلەپ باي قىلماقچى بولغانلىقىڭىز بەكمۇ ياخشى ئىش بولۇپتۇ....... سىز خاتىرجەم تاشكەنت كەنتىگە بېرىۋېرىڭ، ئائىلىنىڭ ئىشلىرىنى ئانامغا ياردەملىشىپ ئۆزۈم قىلىمەن، بىزدىن ھەرگىزمۇ ئەنسىرىمەڭ.......

دەرۋەقە چوڭ قىزى رابىيەم كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپ نامراتلارغا، ئاجىز، كېسەلمەنلەرگە مېھرىبانلىق قىلىدىغان، كىچىك پېئىل، چىقىشقاق، مۇلايىم ھەم سەممىي ئادەم بولۇپ ئۆسكەنىدى. ئۇنىڭ خىزمەتتىكى ئۆزگىچە ئىقتىدارىمۇ كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ئالاھىدە تىلغا ئېلىناتتى. بۈگۈن تاشكەنت كەنتىدە كۆرگەنلىرى ھەقىقەتەنمۇ ھاياتىدىكى ھاياجانلىق، تەسىرلىك ئىشلار بولۇپ، ئۇ بىر تەرەپتىن تاشكەنت كەنتىدىكى نامرات كىشىلەرگە ھېسداشلىق قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن دادىسىنىڭ تاشكەنت كەنتىدە قىلىۋاتقان ئىشلىرىدىن سۆيۈنۈۋاتاتتى. ھالبۇكى، بايا دادىسىغا دېگەنلىرى ھەقىقەتەنمۇ قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىكى يۈرەك سۆزلىرى ئىدى.

— بىزنى تاشكەنت كەنتىگە بۇرۇنراق ئاپارغان بولسىڭىز، بىز بىلەن كارى بولمىدى دەپ سىزنى بۇنچە ئەيىبلەپ يۈرمەيتتۇق، — دېدى كىچىك قىزى ئاينۇر دادىسىغا باتناپ. ئابدۇراخمان قۇربان

ھەممىدىن بەك بۇ تاۋىنازۇك كىچىك قىزى ئايىنۇرنىڭ بوگۇنكى ئىپادىسىگە قىزىقاتتى. شۇڭا، ئايىنۇرنىڭ سۆزلىرىگە ھەممىدىن بەك ئېتىبار بېرىپ ئۇنىڭ تەسراتىغا قۇلاق سالدى. ئايىنۇر تولىمۇ ھاياجان بىلەن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — كۆڭلۈمدىكىنى دېسەم بوگۇن سىزدەك دادامنىڭ بولغانلىقىدىن بەكمۇ پەخىرلەندىم، بولۇپمۇ ھېلىقى دېھقان ئاچام ئېتىز ئۇستىدە سىزگە ئاۋۇ گۇلدەستىنى تۇتقاندا ھاياجىنىمنى بېسىۋالالماي قالدىم. ئەمدى بىلدىمكى، ئادەم باشقىلارنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشكەندىلا ھەقىقىي بەختنىڭ تەمىنى تېتىيدىكەن. بولدى دادا، مەنمۇ بۇنىڭدىن كېيىن سىزنىڭ بىز بىلەن بىللە بولالماسلىقىڭىزنى ئەيىبلەشنىڭ ئورنىغا: «مېنىڭ دادام تاشكەنت كەنتىدە ئۇلۇغ ئىشلارنى قىلىۋاتىدۇ» دەپ پەخىرلىنىمەن......

ئايىنۇرنىڭ بۇ سۆزلىرى ئابدۇراخمان قۇربانىنى بەكمۇ تەسىرلەندۈردى. ئايىنۇر گەرچە كىچىك ۋاقتىدا چوڭ دادا،چوڭ ئانىسىنىڭ ھۇزۇرىدا ئەتىۋارلىنىپ چوڭ بولغان بولسىمۇ، يەنىلا ئۇنىڭ ئەقىل تېپىپ كۆرگەنلىرى دادىسىنىڭ ھەر ۋاقىت دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ غېمىنى يېيىش، مۇشكۇلىنى ئاسان قىلىپ بېرىش ئۇچۇن تىنىمسىز خىزمەت قىلىشى بولدى. مۇشۇ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشتىن ئېيتقاندىمۇ ئايىنۇرنىڭ بوگۇنكى تەسراتى ھازىرقى يېشىدىن، ھەتتا يېتىلىۋاتقان ئەقلىي ئىقتىدارىدىن ئەلۋەتتە ئارتۇق ئىدى. كېيىن ئابدۇراخمان قۇربان تەبىئىي ھالدا يانىدا خىيالغا چۆكۈپ ئولتۇرغان ئوغلى ئەزىزجانغا:« قېنى ئوغلۇم. سىزمۇ تەسراتىڭىزنى سۆزلەپ بېقىڭ» دېگەن مەنىدە قاراپ قويدى.

— تاشكەنت كەنتى دېسە شۇنداق يىراق ھەم چەت يەر ئوخشايدۇ دەپتىمەن. يېقىنلا يەركەنغۇ! بىراق، «چىراغ تۈۋى قاراڭغۇ»دېگەندەك، دېھقانلىرى بەكمۇ نامرات ئىكەن. سىلى ئۆرۈك يەۋاتقاندا مەن يانىدىكى دېھقاننىڭ ئۆيىگە كىرىپ كۆردۈم. ئۆيىدە پۇلغا يارىغۇدەك تۈزۈكرەك نەرسىمۇ يوق ئىكەن...... ئۇلارنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ھەقىقەتەنمۇ زۆرۈر بولۇپ قاپتۇ...... — دېدى ئەزىزجان خىيالغا پاتقان ھالدا.

ئەزىزجان ئادەتتە كەم سۆز ئىدى. ئۇ ئۆزىنى دوختۇرلۇق كەسپىگە بېغىشلىۋەتكەچكە جەمئىيەتتىكى كۆپ ئىشلار ئۇنىڭ ئۈچۈن سىر ئىدى. قارىغاندا بۇ قېتىم ئۇنىڭ كۆزى ئېچىلىپ قالغاندەك قىلاتتى. ئابدۇراخمان قۇربان تولىمۇ مەنىلىك قىلىپ:

— ئوغلۇم، بۈگۈن ئەھۋالنى ئۆز كۆزىڭىز بىلەن كۆردىڭىز. بۇنىڭدىن كېيىنكى ئارام كۈنلىرىدە تاشكەنت كەنتىگە بارسام پىكرىڭىز چىقامدۇ؟ — دېدى.

ئەمەلىيەتتە ئابدۇراخمان قۇرباننىڭ ئەزىزجاندىن ئاتايىن بۇ سوئالنى سورىشىنىڭ كىچىككىنە بىر ئارقا كۆرۈنۈشى بار ئىدى. ئېنىقراق ئېيتقاندا ئوتكەن ئون نەچچە يىلدىن بۇيان ئابدۇراخمان قۇربان يېزا - كەنتلەردە قاتراپ يۈرۈپ ئوغلىنىڭ ئوقۇش، خىزمەت ۋە باشقا ئىشلىرىغا تازا كۆڭۈل بۆلەلمىگەنىدى. قائىدە بويىچە ئېيتقاندا ئوغلىنىڭ رەنجىشكە ھەققى ۋە ئاساسى بارئىدى. چۈنكى، ھەرقانداق بىر ئائىلىدە ئوغۇل ئۈچۈن ئاتا بىۋاستە ئۇستاز ھەم بىۋاستە ئۆگىنىش ئۈلگىسى ھېسابلىنىدۇ. مىللىي ئەنئەنە جەھەتتىن ئېيتقاندىمۇ بىزدە ئوغۇللار ئۆز ئاتىسىنى بىۋاستە ئۈلگە قىلىدۇ. گەرچە ئۆتكەن يىللاردا ئابدۇراخمان قۇربان بىرتاللا ئوغلىنى يېتەكلەپ ھاياتنىڭ باشقا ئاچاللىرىدا چېنىقتۇرۇشقا مۇۋەپپەق بولالمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئوغلىنىڭ دوختۇرلۇق كەسپىگە بارلىقىنى بېغىشلىغانلىقىدىن رازى ئىدى. شۇنداقتىمۇ گاھىدا ئوغلىنىڭ رايىنى، كېيىنكى ئارزۇ - ئارمانلىرىنى بىلىپ بېقىشقا، كىچىككەن بولسىمۇ ئۇنىڭ يوللۇق تەلەپلىرىنى ئورۇنلاپ بېرىشكە ئىنتىلەتتى. گەرچە ئەزىزجاننىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك تولۇق كۆڭۈل بۆلەلمىگەن بىلەن، بىراق ئۇنىڭ كەسپىتىكى ئىقتىدارىنىڭ، بولۇپمۇ باشقىلارغا ئۆزىنى بېغىشلاش روھىنىڭ يېتىلىشىگە ئىزچىل كۆڭۈل بۆلۈپ كەلدى. بۇ يەردە بىز ئابدۇراخمان قۇرباننىڭ ئۆتكەن يىللاردا ئېزىزجان ئىشلەۋاتقان ۋىلايەتلىك خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈمىگە بىرقانچە قېتىم خالىس بېرىپ، ئەزىزجاننىڭ كېسەللەرگە قىلىدىغان مۇئامىلىسىنى كۆزەتكەنلىكىنى، ھەرقېتىم كەلگەنىدە ئەزىزجاننىڭ

سەممي، ئاق كۆڭۈللۈكلىكىدىن، كىسەللەرگە قىلىۋاتقان غەمخورلۇق ھەم مېھرىبانلىقىدىن تولۇق رازى بولۇپ قايتقانلىقىنى تىلغا ئالساق كۇپايە. بۈگۈنكى بۇ پۇرسەتمۇ دەل مۇشۇ زۆرۈرىيەتكە توغرا كەلگەندى.

— مەنمۇ ئاچىلىرىمغا ئوخشاش سىزدىن پەخىرلىنىمەن، دادا! يەنە دېھقانلارغا يار - يۆلەك بولۇشتا سىزنى ئۈزۈمگە ئۈلگە قىلىمەن! بۈنىڭدىن كېيىن خاتىرجەم ھالدا تاشكەنت كەنتىگە بېرىۋېرىڭ، ئائىلىنىڭ ئىشلىرىنى ئۈزۈم بىر قوللۇق قىلىمەن.

راست، دېھقانلارغا يار - يۆلەك بولۇش ھەققىدە ئابدۇراخمان قۇربان بالىلىرىغا، بولۇپمۇ دوختۇرلۇق كەسپى بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقان ئەزىزجانغا كۆپ تاپىلايتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ بالىلىرى دادىسىنى تېخىمۇ رىغبەتلەندۈرۈش، شۇنداقلا ئۈزلىرىنىڭ ئەتىگەندىكى بالىلارچە گەپلىرىنى دادىسىنىڭ دىلىدىن كۆتۈرۈۋېتىش ئۈچۈن خۇددى كېلىشىۋالغاندەكلا دېھقانلارنىڭ تەرىپىنى قىلىشقا باشلىدى...... ئەمەلىيەتتە بالىلارغا شۇنداق قىلىشنى ئابدۇراخمان قۇربانىنى پەقەت دېھقانلارنىڭ تەرىپى ھەققىدىكى گەپلا ھەقىقىي خۇشال قىلىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلىدىغان ئايالى تۇرسۇنخانىم ئۆگەتكەنىدى......

— دېھقان دېگەن شۇنچە نامرات بولسىمۇ يەنىلا مېھماندوست كېلىدىكەن......

— ئۇلار ئۈزلىرىنىڭ ئەجىر مېۋىلىرىگە باشقىلار ئېغىز تەگسە بەكمۇ خۇش بولىدىكەن........

— ھېلىقى دېھقان ئاچىمىزنىڭ دادامغا گۈل تۇتۇپ رەھمەت ئېيتقانلىقى پەقەت كۆز ئالدىمدىن كەتمىدى......

— تاشكەنت كەنتىدىكى ھەربىر دېھقان بۇ قېتىم نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشقا ھەقىقىي بەل باغلاپتۇ......

ئەلۋەتتە مايسىنى سۇ ياشناتقاندەك دېھقان ھەققىدىكى ھەر بىر مەدھىيە ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ قەلبىنى ياشناتتى. بۇ ئۇنىڭ بالىلىق چاغلىرىدىن باشلاپ داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان ئادىتى ئىدى. بۈگۈن ئۇ بالىلىرىنىڭ ئېغىزىدىن ئۆزىنى خۇش قىلىدىغان گەپلەرنى ئاڭلىغاندا

يەنىلا ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى ئادىتى غالىب كېلىپ دېھقانلارنى تەرىپلەشكە باشلىدى.

— بالىلىرىم، دۇنيادا دېھقان دېگەن بەكمۇ ساخاۋەتلىك بولىدۇ. ئۇلار پۈتكۈل ھاياتلىقنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلىسىمۇ ئۆزىنى ئالاھىدە ئورۇنغا قويمايدۇ. ئاددىي - ساددا ياشايدۇ. ئۇلار ئەتىدىن كەچكىچە ئېتىزدا چىلىق - چىلىق تەرگە چۆمۈلۈپ ئىشلىگەندىكىن ياخشى كۈن كۆرۈشكە ھەقلىق...... بۇنىڭ ئۈچۈن بارلىق ئامال - چارىلەر بىلەن ئۇلارنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشىمىز كېرەك........

ئابدۇراخمان قۇربان ھاياجانلىنىپ سۆزلىگەنسېرى چوڭقۇرلاپ كەتتى. ئۇنىڭ بۇ ھەقتىكى سۆزلىرى شۇ تاپتا بالىلىرىنىڭ قەلبىگە گۈزەل نەقىش بولۇپ چېكىلىۋاتاتتى...... دېگەندەك كېيىنكى يىللاردا بالىلىرى تەلەپچان دادىسىنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويمىدى. ئۇلار ھەرھالدا جاھاننىڭ، ھاياتنىڭ ئاچچىق - چۈچۈكىدىن خەۋەرسىز ھالدا ئاتا - ئانىسىنىڭ جۇۋىسىدا تەرلىنىپ، تەييارغا ھەييار بولۇپ لاغايلاپ يۈرىدىغان تەييارتاپ ئاق نانچىلاردىن ئەمەس، بەلكى ئاتا - ئانىسىدەك ئاددىي - ساددا، ئەجىر - مېھنەتنى ئەلا بىلىدىغان، خىزمەتنى ئىرىشىپ ياخشى ئىشلەپ يۈزىنى يورۇق قىلىدىغان، نامرات، ئاجىزلارغا خەيرخاھلىق قىلىپ بىچارىلەرنىڭ غېمىنى يەيدىغان ئېسىل پەزىلەتلىك ئىزباسارلاردىن بولۇپ قاتارغا قوشۇلدى. ئۇلار ھازىر ئوخشىمىغان خىزمەت ئورۇنلىرىدا دادىسىغا ئوخشاش ئاۋامنىڭ بەختى ئۈچۈن ئەجىر قىلىۋاتىدۇ، بولۇپمۇ خوتەن ناھىيەلىك سەھىيە ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان چوڭ قىزى رابىيەم ئۆزىنىڭ خىزمەتتىكى يۇقىرى ئىقتىدارى، خەلقنىڭ ساقلىقنى ساقلاشتا بولغان يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىقى، كىشىلىك مۇئامىلىدىكى سەممىي، كىچىك پېئىللىقى، قىزغىنلىقى بىلەن كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە نائىل بولۇپ كېلىۋاتىدۇ. يېقىنقى يىللاردا خوتەن ناھىيەسىنىڭ سەھىيە ۋە ساقلىقنى ساقلاش، بولۇپمۇ دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ يېڭىچە ھەمكارلىشىپ داۋالىنىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش خىزمىتىدە زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى، شۇنداقلا بۇ يولدا باشقىلارغا ئۆرنەك بولىدىغان، دېھقان -

چارۋىچىلارغا بىۋاسىتە نەپ يەتكۈزۈپ، ئۇلارنىڭ تارىختىن بۇيانقى داۋالىنىش قىيىن بولۇش مەسىلىسىنى ئۈزۈل - كېسىل ھەل قىلىدىغان ئىجادىي تەجرىبىلەرنى ياراتتى. بىرقىسىم ئىلغار تەجرىبىلىرى ۋىلايەت، ئاپتونوم رايوندىكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ ماختىشىغا ئېرىشىپ باشقا ئورۇنلاردا كېڭەيتىلىشكە باشلىدى. ئىشقىلىپ، بۇ ئائىلىدىكى پەرزەنتلەر ئاتا- ئانىسىدىن، ئاتا - ئانىلار پەرزەنتلىرىدىن سۆيۈنىدىغان ئۆزگىچە مۇھىتنى بەرپا قىلىش يولىدا ئۈزۈلكىسىز ئەجىر سىڭدۈرمەكتە. ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، ئەمدى يەنە شۇ دېھقان شائىر ئادىل مەتقۇربانىنىڭ مۇنۇ شېئىرىنى ئوقۇۋېتىپ، ئاندىن ئۆز مەنزىلىمىزگە — تاشكەنت كەنتىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى كۆرۈشكە بارايلى......

## سالام

ئەسسالامۇئەلەيكۇم يۇقىرى - تۆۋەن جامائەت،
باي بولۇشقا ئاتلاندۇق بەلنى باغلاپ كارامەت،
ئۆزگىرىشلەر زور بولدى تاشكەنتتە ئالامەت،
خۇش بولىدۇ كۆرسە گەر رەھبەر تۆمۈر داۋامەت،
«بەختىڭلارنى تېپىپسىلەر »دەيدۇ كەلسە سالامەت.

«تاشكەنت» بىمىز چىللىدى ئابدۇراخمان قۇربانىنى،
كۈيلىسەكمۇ ئاز كېلۇر ئەل ھالىنى سورىغانىنى،
باي بولۇشقا باشلىدى يول تاپالماي تۇرغانىنى،
چىڭ يېپىشتۇق پېشىگە ھاسىل قىلىپ قورغانىنى،
قىلغاچقا ئۇ بىزلەرنى ھۆر ھاياتقا دالالەت.

ھەمدەم بولۇپ ناھىيەدىن شۇجى، ھاكىم، مۇدىرلار،
كۆرۈپ مانا ئۇلارنى كۆپلەپ چىقتى باتۇرلار،
كېلىپ تۇرار ئۈزۈلمەي «سانتانا» ھەم «بازور» لار،
ھاياجاندا يۈرەكتىن ئۇرغۇپ چىقتى كۈي - شېئىرلار،
ئەمدى كېتەر كەلمەسكە نامرات ئاتلىق كاساپەت.

گۈلقەنت بىلەن مۇرابىا كەم ماغدۇرنىڭ دورىسى،
سىركىنىڭ خام ئەشياسى سايۋا ئۈزۈم غورىسى،
يالقاۋلىق ھەم بوشاڭلىق ئەزەل ۋاقىت ئوغرىسى،
ئىشلىگەنلەر چىشلەيدۇ بۇدۇر گەپنىڭ توغرىسى،
يېڭىلاندى كەنتتە روھىيەت ۋە قىياپەت.

يېڭى يوللار ياسىلىپ ماي قۇيۇلۇپ تۈز بولدى،
رەڭگارەڭ گۈل ئېچىلىپ ھەممە ياقلار ئۈز بولدى،
مەمۇرچىلىق باشلاندى تومۇزدا سۇ مۇز بولدى،
دېھقان قىزى ياسىنىپ،بەك چىرايلىق توز بولدى،
كۆلەملەشكەن باغلاردىن كەلدى بايلىق - دارامەت.

رەت - رەت سالا ئېتىزنىڭ ئۇ چېتىگە كۆز يەتمەس،
قىرلىرىدا قىزىلگۈل ئايىنىپ كەتتى يەل ئۆتمەس،
ھوسۇل ئالساق توننىلاپ ئۇنى ھېچكىم ئەپكەتمەس،
ھۆرۈنلارغا بەختىيار تۇرمۇش ئۆزىنى كۆرسەتمەس،
كۆلسۇن ئەلگە نەپ بەرگەن تېپىپ دائىم ھىدايەت.

پولات جازا ئۇستىگە تارتىلدى يىپ گىلەمگە،
يەتتى رەڭدار گىلەملەر سان - سۇپەتكە، ئۆلچەمگە،
مەدەنىيەت جانلاندى، چۇشتۇق ئۇسسۇل سەنەمگە،
يېزىڭ دېدى تەسرات بۇيرۇق بېرىپ قەلەمگە،
كۆردۇق بۇگۈن كەنتتە ھەر خىل ھۇنەر - ماھارەت.

تاشكەنتكە كەلسىڭىز كۆرۈپ كېتىڭ ئېتىزنى،
ئۇسسۇلۇققا چاي تەييار، مەيلى ئىچىڭ قىمىزنى،
مېھمان قىلىپ كۈتىمىز سويۇپ پاقلان سېمىزنى،
كۆرۈپ خۇشال بولۇسىز ياخشى خىسلەت، ئىش ئىزنى،
ئۆزى كەمتەر، چىقىشقاق، دىلدا قاينار پاراسەت.

ھەممە مىللەت ئىتتىپاق، ئۆزئارا ھېچ جېدەل يوق،
پىتنە - پاسات، ھورۇنلۇق، ئەبگارلىقلار تۇگەل يوق،
ئىناق بولسا جەمئىيەت توسقۇنلۇقلار ئەزەل يوق،
قۇچاق ئاچتى ھۆر دەۋران، كۆڭلىمىزدە «كېسەل» يوق،
ئەمدى نامرات - قالاقلىق كەلتۈرەلمەس پالاكەت.

رازى دېھقان چىن دىلدىن ئابدۇراخمان قۇربانىدىن،
كېچە - كۈندۈز ئاۋام دەپ ئەلگە قالقان بولغانىدىن،
ھەقىقەتتۇر ھەممىسى كۆيلىمىدىم يالغانىدىن،
شاھىتىدۇر ئادىلمۇ، بازار - كەنتتە دېھقانىدىن،
شۇڭا يازدىم بۇ شېئىرنى تولغاچ دىلدا جاسارەت!

## تاشكەنت كەنتى «تاپتىن چىقتى»

2001 - يىلى كىرىش بىلەن تەڭ تاشكەنت كەنتى تاپتىن چىقـ-ـتى! كەنتتە ئۇزاق مۇددەت ھۆكۈم سۈرگەن پىلانلىق ئىگىلىكنىڭ تېرىقچىلىق ئەندىزىسى بىراقلا بۇزۇۋېتىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا بازار ئىگىلىكىگە ماس تېرىقچىلىق ئەندىزىسى دەسسىدى، باغ ۋە ھويلا - ئارانلاردىكى مېۋىسىز دەرەخلەر چىقىرىپ تاشلىنىپ ئورنىغا ياڭاق كۆچىتى تىكىلدى، قول ھۈنەرۋەنچىلىكنى كۆلەملەشتۈرۈش، ئەسلىھەلىك يېزا ئىگىلىكىنى كەڭ تۈردە يولغا قويۇش، ئۆزگىچە تېرىقچىلىق، باغۋەنچىلىك، چارۋىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇش كۈچەپ تەشەببۇس قىلىندى. تاشكەنت كەنتىنى بۇنداق يۈرەكلىك ھالدا «تاپتىن چىقارغۇچى» دەل ئابدۇراخمان قۇربان ئىدى...... بەزى كىشىلەرنى جىددىيلەشتۈرۈۋەتكەن، بەزى كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرغان، يەنە بەزى كىشىلەرنى ئىككىلەندۈرگەن ۋە يەنە بەزى كىشىلەرنى دەرگۇماندا قويغان بۇ ئىش ھەش - پەش دېگۈچە پۈتۈن خوتەن ۋىلايىتىگە پۇر

كەتتى. بۇ شۇنداق چوڭ ئىش تۇرسا پۇركەتمەي قالاتتىمۇ!؟ خوتەن ۋىلايىتىنىڭ باشقا ناھىيە، شەھەرلىرىدە پىلانلىق ئىلگىلىك تېخىچە ئۆزىنىڭ ھەيۋىسىنى بىمالال كۆرسىتىپ كېلىۋاتقان ئەھۋالدا قاراقاش ناھىيەسىنىڭ توخۇلا يېزىسىدىكى تاشكەنت كەنتىدىن ئىبارەت بىر «ئالاھىدە رايون» باش كۆتۈرسە ئەلۋەتتە ئۇنىڭ تەسىرى ئەتراپقا پۇر كېتىشى تۇرغان گەپ! قىزىق يېرى، بەزىلەر ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ كىيىنكى ئىستىقبالىدىن ئەنسىرىمەيمۇ قالمىدى. ئالدىنقى يىلى تاشكەنت كەنتىدە ئارقا - ئارقىدىن ئېچىلغان يىغىنلاردا ئابدۇراخمان قۇربان مۇشۇ ئىشلارنى قەدەممۇقەدەم يولغا قويىدىغان پىلانلار تەركىبىدە ئالاھىدە تىلغا ئالغاندا ئۇلار بۇنىڭ بۇنچە تېز ئەمەلىيلىشىشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈشمىگەنىدى. ئۇلارچە ئابدۇراخمان قۇربان سەل قارامىلىق قىلىۋاتقاندەك، مۇنداقچە ئېيتقاندا قەدەمنى بەك چوڭ ئېلىۋەتكەندەك قىلىسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ بۇ قارامىلىقى يەنىلا پىلانلىق، سىستېمىلىق كېتىۋاتاتتى. ئالدى بىلەن تاشكەنت كەنتىنىڭ كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنى قايتا تەشكىللەپ، ياش، قابىلىيەتلىك كادىرلارنى كەنت تەشكىلگە تاللاپ قويۇشى ئۇنىڭ ئىشلارنى بىردەملىك ھاياجانغا تايىنىپ ئىستىخىيەلىك ھالدا ئەمەس، بەلكى يىراقنى كۆرەرلىك بىلەن پىلانلىق ئالغا سىلجىتىۋاتقانلىقىنىڭ ئىسپاتى ئىدى. مۇتەللىپ مەتنىياز بۇ قېتىملىق تەڭشەشتە تاشكەنت كەنتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ سېكرېتارلىقىغا قويۇلۇپ، كەنت تەشكىلىنىڭ يادرولۇق رولى كۈچەيتىلدى. تارىختىن بۇيان بۇغداي، قوناق، شال، كېۋەز قاتارلىق تۆت خىل زىرائەتلا تېرىلىپ كېلىۋاتقان بىنەملەردە ئەمدى ئىقتىسادىي قىممىتى يۇقىرى ھەم بازىرى ئىتتىك بولغان زىرائەتلەر تېرىلىشقا باشلىدى.

ئالدىنقى يىلى ئابدۇراخمان قۇربان تىلغا ئالغان مىللىي تېبابەت دورىلىق ئۆسۈملۈكلىرىنى تېرىش تېخنىكى مەمەت ئۆمەر ئاخۇن بىلەن، پارنىكتا سەي - كۆكتات ئۆستۈرۈش تېخنىكى جېلىل ئاخۇنلار ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ بىۋاسىتە تەكلىپى بىلەن تاشكەنت كەنتىگە

كېلىپ ئەسلىدىكى 100 مو يەرگە كېڭەيتىش پىلانىنى بۇزۇپ، ئۇنى تېبابەت دورا ئۆسۈملۈكى ۋە پارنىكتا سەي - كۆكتات ئۆستۈرۈشكە ئۆزگەرتىپ ئىشنى باشلىۋەتكەنىدى. بۇنىڭ بىلەن بىرقىسىم ناھىيە رەھبەرلىرى ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ كەينىدە پىكىر قىلىپ «جۇڭگودا بىر ئالاھىدە رايون بار، ئۇ بولسىمۇ شېنجېن، خوتەندە بىر ئالاھىدە رايون بار، ئۇ بولسىمۇ تاشكەنت كەنتى» دېيىشكەن.

بۇ كۈنلەردە تاشكەنت كەنتىنىڭ «تاپتىن»چىققانلىقىنى ئەڭ يارقىن ئىپادىلەۋاتقان يەنە بىر ئىش ھويلا - ئاران ئىگىلىكى ۋە ئۆز-گىچە باغۋەنچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن بىرقىسىم مۇنبەت يەرلەرنى ئىگىلەپ تۇرغان مېۋىسىز دەرەخلەرنى چىقىرىپ تاشلاش بولدى. دوڭغاق جىگدە، پورلاشقان سۆگەت، تېرەكلەرنى تەلتۆكۈس قومۇرۇپ تاشلاپ، ئورنىغا ئۆلچەملىك ياڭاق كۆچىتى تىكىشنى مەقسەت قىلغان، بۇ ئىش باشلىنىش بىلەن ھەر خىل دوقاللارغا دۇچ كەلدى. كونكرېت ئېيتقاندا بۇ ئەھمىيەتلىك پىلانىنىڭ كەلگۈسىدىكى پايدىسىنى ئالدىن كۆرۈپ يېتەلمىگەن بىر قىسىم دېھقانلار ئۆيىنىڭ ئەتراپىدىكى تومۇز ئاپتاپتا ئەتراپقا سايە تاشلاشتىن باشقا ھېچقانداق ئىقتىسادىي قىممەت يارىتالمايدىغان مېۋىسىز دەرەخلەرنى قومۇرۇپ تاشلاپ، ئورنىغا ئىقتىسادىي قىممىتى ئەڭ يۇقىرى بولغان ياڭاق كۆچىتى تىكىشكە قوشۇلمىدى. قوشۇلمىسىمۇ مەيلىتى، يامان بولغىنى ئۇلار «بۇ تېرەكنى رەھمەتلىك ئانام كۆرگەن» ،«بۇ سۆگەتنى رەھمەتلىك دادام ئۆز قولى بىلەن تىككەن» ،«بۇ سۆگەتنىڭ مۇنداق خاسىيىتى بار» ،« بۇ جىگدىنىڭ ئۇنداق خاسىيىتى بار»دېگەندەك ئوخشاش باھانە - سەۋەبلەرنى كۆرسىتىشتى.

ئەمەلىيەتتە بۇنىڭدىكى ئەڭ ئىنچىكە ھېساباتنى ئابدۇراخمان قۇربان خېلى ئىلگىرىلا ئۇجۇر - بۇجۇرغىچە قىلىپ بولغانىدى. ئالايلۇق، بىر تۈپ تېرەك نورمال ئۆسسە 20 يىلدا كارغا كەلگۈدەك بولىدۇ، ئەينى ۋاقىتتىكى بازار نەرخىدە بىر تۈپ تېرەك يۇقىرى بولغاندا 200 يۈەنگە يارايدۇ. بىر قېتىم كېسىلىپلا تۈگەيدۇ. سۆگەت بىلەن، جىگدىنى يۇقىرىقى پەرەز بويىچە ھېسابلىغىلى بولمايدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ

تەننەرخى باشقا ھەرقانداق دەرەخ تۈرىدىن تۆۋەن بولۇپ، كۆپ ھاللاردا ئۆتۈن بولۇشقىلا يارايدۇ. بىراق، ئىگىلەيدىغان يەر كۆلىمى ھەممىدىن كۆپ بولىدۇ. مېۋىسىز دەرەخلەرنىڭ يارىتىدىغان كىرىمى يىلىغا ئون يۈەنگىمۇ يەتمەيدۇ. مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ كىرىمىچۇ؟ ئەلۋەتتە مېۋىسىز دەرەخلەرنىڭكىدىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق بولىدۇ. بۇ يەردە شۇنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش كېرەككى، ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ كۈچلۈك تەشەببۇسى بىلەن تىكىلىدىغان مېۋىلىك دەرەخ ئادەتتىكى مېۋىلىك دەرەخ بولماستىن، كەلگۈسى ئىستىقبالى پارلاق بولغان ياڭاق ئىدى. ياڭاقنىڭ ئوزۇقلۇق قىممىتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى ئىكەنلىكىنى، شۇنىڭغا ماس ھالدا بازىرىنىڭمۇ ياخشى ئىكەنلىكىنى ھەممە كىشى ياخشى بىلىدۇ. دەرۋەقە ئادەتتىكى بىر تۈپ ياڭاق يىلىغا نەچچە يۈز يۈەن، ھەتتا نەچچە مىڭ يۈەن كىرىم قىلالايدۇ. ئۇ ھەر يىلى مېۋە بېرىدۇ. مۇبادا تاشكەنت كەنتىدىن ئىبارەت بىر نامرات كەنتنى بەئەينى ئۇلارنىڭ روھىدىكى بۇرۇختۇملۇقتەكلا قورشاپ تۇرۇۋاتقان پاخپاق سۆگەت، دوڭغاق جىگدىلەرنى قومۇرۇپ تاشلاپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئىقتىسادىي قىممىتى ئەڭ يۇقىرى بولغان ياڭاق كۆچىتى تىكىلسە كەلگۈسىدە قانچىلىك زور ئۈنۈم يارىتىدۇ - ھە!

ئابدۇراخمان قۇربان مۇنداق دوقاللار ئالدىدا بەل قويۇۋەتمىدى، بەلكى ئاممىغا تەشۋىقاتنى كۆچەيتىپ مېۋىلىك دەرەخلەر بىلەن مېۋىسىز دەرەخلەرنىڭ پەرقلىق بولغان ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى زېرىكمەي، تېرىكمەي چۈشەندۈردى. ئۇنىڭ بۇ يولدىكى ئەجرىنىڭ پايدىسى بولدى. دېگەندەك بىرقىسىم دېھقانلار پايدا بىلەن زىياننى ئوبدان دەڭسەپ بېقىپ ئۆيىنىڭ ئەتراپىدىكى ھەم ئېتىز بويلىرىدىكى بىنەملەرنى ئىگىلەپ تۇرغان مېۋىسىز دەرەخلەرنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن قومۇرۇپ، نۆۋەتتىكى چوڭ ئېقىنغا ئەگەشتى. ئەمما بۇ زور قۇرۇلۇشنى ئۆز ۋاقتىدا ئىشلەپ تۈگىتىشكە تاشكەنت كەنتىنىڭ ئەمگەك كۈچى يېتىشمىدى، بۇنىڭغا ئاساسەن ئابدۇراخمان قۇربان قوشنا يېزا ۋە كەنتلەردىن بىر تۈركۈم دېھقانلارنى ياردەمگە قوزغاپ تېرەك، سۆگەت، جىگدە قاتارلىق مېۋىسىز دەرەخلەرنى بىردەك قومۇرۇپ تاشلاپ

تاشكەنتلىكلەرنىڭ مۇھىم ئىشىنىڭ ئۆز ۋاقتىدا ئورۇنلىنىشىغا ئالاھىدە كاپالەتلىك قىلدى. مۇشۇ بىر قېتىمدىلا تاشكەنت كەنتىدىكى چىڭگىلىك گىرەلەشكەن باغ ۋە مېۋىسىز دەرەخلەر ئىگىلەپ تۇرغان 280 مو بىنەم يەر ئۆزگىچە باغۋەنچىلىككە قايتۇرۇلدى. چىقىرىۋېتىلگەن دەرەخلەردە ئۆزگىچە باقمىچىلىق ئۈچۈن ئۆلچەملىك قوتان ۋە سەي - كۆكتات پارنىكى ياسىدى. يەنە بىر قىسمىدا دېھقانلار ئۆي سېلىۋالدى. كەنتتىكى يوللار ۋە سۇغىرىش ئېرىقلىرى قايتا بىر قېتىم ئۆلچەملەشتۈرۈلۈپ كەنتنىڭ قىياپىتىدە يېپيېڭى قىياپەت بارلىققا كەلگەن بولسا، ئۆلچەملىك ھەم يۇقىرى تېخنىكا تەلەپ بويىچە تىكىلگەن ياڭاق ۋە سورتلۇق ئۆرۈك كۆچەتلىرى كەلگۈسى تەرەققىياتنىڭ ئالتۇن دەۋرىدىن بېشارەت بەردى. مانا، ئەمدى ھېلىقى مېۋىسىز دەرەخلەرنى قومۇرۇۋېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ياڭاق ۋە سورتلۇق ئۆرۈك كۆچىتى تىكىشنى ئىدىيەسىدىن دەماللىققا ئۆتكۈزەلمىگەن ئاز ساندىكى كىشىلەر ئۆز كەنتىنىڭ كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان مەنزىرىسىگە زوقمەنلىك بىلەن نەزەر سېلىشىپ باشلىرىنى رازىمەنلىك بىلەن لىڭشىتىشتى.

بۇ كۈنلەردە يەنە كىشىنى تېخىمۇ جەلپ قىلىدىغىنى كەنت ئورگىنىغا كىرىپ - چىقىۋاتقان كىشىلەرنىڭ تارىختىكى ھەرقانداق چاغدىكىدىن كۆپلۈكى ئىدى. دېمىسىمۇ تاشكەنت كەنتىدىكى قېرى - ياش ھەممە كىشى ئىلگىرىكى بوشاڭلىقنى، ھۇرۇنلۇقنى، قاتماللىقنى نەگىدۇر چۆرۈۋەتكەن بولۇپ، كەيپىياتىدا خۇشاللىق، روھىي ھالىتىدە ئالدىراشلىق ھۆكۈمران ئىدى. بۇ ھال كىشىگە بۇنىڭدىن يىرىم ئەسىر ئىلگىرى ئازادلىق تېڭى ئېتىپ، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان قاينام تاشقىنلىق مەنزىرىنى ئەسلەتمەي قالمايتتى. ئىلگىرى ناھىيەدىكى قايسىدۇر ئورگاننىڭ قۇتقۇزۇش، يۆلەش ماددىي ئەشيالىرىنى تارقىتىشتىن باشقا يىغىلىشلارغا ئېرىنىپ - تېرىنىپمۇ كېلىپ قويمايدىغان كىشىلەر ئەمدىلىكتە كەنت تەشكىلىنىڭ ئەتراپىدا پايپېتەك بولۇپ يۈرۈشەتتى. ئېنىقكى، ئابدۇراخمان قۇربان ئۇلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشقا بولغان ئىرادىسىنى يېتىلدۈرگەندىن سىرت، تېخىمۇ مۇھىمى تەشەببۇسكارلىقنى ھەسسىلەپ ئاشۇرۇۋەتكەندى. تاشكەنت

كەنتىدىكى دوقمۇشلاردا بىكارچىلىقتىن ئىچى پۇشۇپ ئۆز ئارا قاش - قاپاقنى يېرىشىدىغان ياشلاردىن تارتىپ، پاكار تاملارنىڭ دالدىلىرىدا توپىغا مىلىنىپ يېتىشىدىغان مويسىپىت چاللارغىچە ھەممەيلەننىڭ تەۋرەپ كېتىشى ئەلۋەتتە تاسادىپىيلىق بولماستىن، ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ قەدىمى تاشكەنت كەنتىگە تاشلانغان كۈندىن باشلانغانىدى.

بۇ قېتىمقى ئالاھىدە ئۆزگىرىش، ئىنقىلاب ئىتتىپاقىدا، ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ بىرنەچچە ئاي ئىلگىرى تاشكەنت كەنتىدە زەربىدارلىق بىلەن ئىشلىگەن خىزمەتلىرىنىڭ دەسلەپكى مېۋىسى ئىدى. مۇبادا بۇ يەردە مۇئەييەن پەرق بار دەپ قارالسا، ئۇ پەقەت بىرقىسىم كىشىلەرنىڭ ئۆز ۋاقتىدا ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ ئىلمىي تەسەۋۋۇرىنى تولۇق چۈشىنىپ يەتمىگەنلىكىدىنلا شەكىللەنگەن، خالاس.

سەممىزدە باركى، ئابدۇراخمان قۇربان بىرىنجى باسقۇچتا تاشكەنت كەنتىدىكى دېھقانلارنى ئۆزىنىڭ تەبىئىي ئالاھىدىلىكى ۋە قىزىقىشى بويىچە بېيىتىشتا: ئاشلىق بىلەن پارنىكتا سەي - كۆكتات ئۆستۈرۈش؛ مىللىي تېبابەت دورا ئۆسۈملۈكلىرىنى تېرىشنى ئاساس قىلغان ئالاھىدە تېرىقچىلىق؛ بورداقچىلىق ۋە خوتەن قويىنى كۆپەيتىشنى ئاساس قىلغان ئالاھىدە چارۋىچىلىق؛ ياڭاق ۋە سورتلۇق ئۆرۈكنى ئاساس قىلغان ئالاھىدە باغۋەنچىلىك؛ گىلەم ۋە تىككۈچىلىكنى ئاساس قىلغان ئالاھىدە قول ھۈنەرۋەنچىلىك قاتارلىق تۆت تۈۋرۈك كەسىپنى تاللاپ چىققان. ئارقىدىنلا بۇ كەسىپلەرنى يولغا قويۇشقا كېتىدىغان مەبلەغنى تەپسىلىي ھېسابلاپ تۇر تۇرغۇزۇپ، ئۇنى تاشكەنت كەنتىدىكى ھەربىر ئائىلىگىچە كونكرېت تەقسىملەپ باڭ چىقىرىش ئۇسۇلى ئارقىلىق دەسلەپكى لايىھەنى ئامىمغا ئېلان قىلغان. بۇنىڭدىن كېيىن كىم نېمە ئىش قىلىدۇ؟ كىم قىلغان ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن تولۇق چىقالايدۇ ۋە كىم چىقالمايدۇ؟ كىمنىڭ تاللىغان كەسپى مۇۋاپىق بولدى ۋە كىمنىڭ مۇۋاپىق بولمىدى؟ دېگەن مەسىلىلەر بويىچە ئەتراپلىق، كەڭ - كۇشادە ئورتاق مۇھاكىمە قىلىش ئارقىلىق تاشكەنت كەنتىدىكى ھەربىر كىشىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش

ئۇچۇن شۇغۇللىنىدىغان مۇقىم كەسپىنى بېكىتىپ چىققان، ئاندىن ئۇنى يېزىلىق ۋە ناھىيەلىك ھۆكۈمەتكە يوللاپ پىلانغا كىرگۈزگەن. ئاخىرىدا قاتلاممۇ قاتلام تەھقىقلەپ بېكىتىلگەن كەسپلەرگە تۆۋر مەبلىغى تەلەپ قىلىپ مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا دوكلات سۇنغان.

دوكلاتتىكى كەسىپ ۋە تۆۋرلەر ئەقىلگە مۇۋاپىق، يەنە كېلىپ ئۇنىڭ تاشكەنت كەنتىدىكى دېھقانلارنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ بېيىتىشقا بىۋاستە تۆۋرتكە بولۇشى ئېنىق بولغاچقا تۆۋرلەر تەستىقلانغانىدى. مۇشۇ جەريانلاردىن كېيىن تاشكەنت كەنتىگە يۇقىرىدىن 700 نەچچە مىڭ يۈەن نامراتلارنى يۆلەش تۆۋر مەبلىغى كەلتۈرۈلدى. گەرچە بۇ 700 نەچچە مىڭ يۈەننىڭ 400 نەچچە مىڭ يۈەنى نامراتلارنى ھەقسىز يۆلەش مەبلىغى، 300 نەچچە مىڭ يۈەنى ئۆسۈمسىز قەرز بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا تاشكەنت كەنتى ئۈچۈن ئاز پۇل ئەمەس ئىدى. يەنە كېلىپ بۇ پۇل تاشكەنت كەنتىدىكى ھەر بىر كىشىنىڭ شۇغۇللانماقچى بولغان كەسپىگە ئالدىن تەقسىملىنىپ بولۇنغاچقا، ئۇ چاغقىچە ئادەم بۇلاقتا يولۇققاندەك ھەممە كىشىگە بەكمۇ ياقتى. 700 نەچچە مىڭ يۈەن ئابدۇراخمان قۇربان ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك مەسئۇل يولداشلارنىڭ بىۋاستە يېتەكچىلىك قىلىشى بىلەن ئۆز جايىغا ئىشلىتىلدى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، بۇ 700 نەچچە مىڭ يۈەن تاشكەنت كەنتىگە نىسبەتەن نامراتلىقتىن ئىبارەت قۇرۇتقۇچى «ۋابا» تۈپەيلى سولىشىشقا يۈزلەنگەندە ياغقان خاسىيەتلىك يامغۇرغا ئوخشايتتى. ئۇ تاشكەنت كەنتىنىڭ تومۇز ئاپتىپىدا قاغجىراپ كەتكەن زېمىنىغىلا ئەمەس، بەلكى تاشكەنتلىكلەرنىڭ چاڭقاپ كەتكەن ۋۇجۇدىغىمۇ سىڭىشكە باشلىدى.

سولغان مايسا خاسىيەتلىك يامغۇردا قانداقمۇ ياشنىماي تۇرالسۇن!؟ بۇ ئەلۋەتتە تاشكەنت كەنتىنىڭ سىياقىغا يېڭىچە سۈلكەت بېغىشلاشقا باشلىدى. ئەسلىدە تاشكەنت كەنتىنى شۇنچە جۇرئەتلىك، شۇنچە جۇشقۇن، شۇنچە «قاپ يۈرەك» قىلىپ بىراقلا «تاپتىن» چىقىرىۋەتكەن نەرسە بىرەر غايىۋى كۈچ بولماستىن، بەلكى مۇشۇ 700 نەچچە مىڭ يۈەن تۆۋر مەبلىغى ئىدى...... تۆۋر مەبلىغى ئائىلىلەرگە

ئەمەلىيلەشكەندىن كېيىنلا ئابدۇراخمان قۇربان ئۆزى باش بولۇپ مۇلازىمەتنى ئائىلىلەرگە بىۋاستە كىرگۈزدى. «مۇلازىمەتنى ئائىلىلەرگە كىرگۈزۈش» دېگىنىمىز رەھبەرلىك ئىلگىرى ھەربىر دېھقاننىڭ كەسپىي ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ئەمەلىيلەشتۈرگەن مەبلەغنى پىلان بويىچە ھەرقايسى كەسپلەرنىڭ سىلىنمىسىغا ئايلاندۇرۇشقا بىۋاستە يېتەكچىلىك قىلىشنى كۆرسىتەتتى. ئۇ ئۆز نۆۋىتىدە دېھقانلارنىڭ بېيىشقا بولغان تەشەببۇسكارلىقىنى ئىلگىرىكىدىن نەچچە ھەسسە ئاشۇردى.

مانا مۇشۇ كۈندىن باشلاپ تاشكەنتلىكلەردە نامراتلىق تۈپەيلى تاشلىنىپ قالغىلى ئۇزاق بولغان گىلەمچىلىك، باقمىچىلىق، بورداقچىلىق، ياغاچچىلىق، بورىچىلىق، رېمونتچىلىق، تىككۈچىلىك، كۆكتاتچىلىق، ساتىراشلىق، بىناكارلىق قاتارلىق ھۈنەر - كەسپلەر قايتىدىن جانلىنىشقا باشلىدى، بۇ كەسپلەرنىڭ ئۆينىڭ بۇلۇڭلىرىغا، ئۆگزىلەرگە، باغلارغا، ئاللىقانداق پىنھانلارغا تاشلىنىپ دات بېسىپ كەتكەن سايمان - ئەسلىھەلىرى قايتىدىن رەتلىنىپ، تولۇقلىنىپ قۇ-راشتۇرۇلدى ھەمدە ئارقا - ئارقىدىن ئىشقا كىرىشتۈرۈلۈپ ئۆي - ئۆيلەردىن ئەجدادلارنىڭ تەۋەررۇكى بولغان رەڭدار قول ھۈنەرۋەنچىلىكىنىڭ ياڭراق سىمپونىيەسى جاراڭلىق ياڭراشقا باشلىدى. ئىلگىرى تاشكەنت كەنتىنىڭ كوچىلىرىدا قىلىدىغان ئىش تاپالماي بىكار لاغايلاپ يۈرىدىغان يىگىتلەر ۋە سىرتلاردىكى گۇدۇك ئاۋازلىرىغا تېڭىرقاش ئىلكىدە قۇلاق سالىدىغان قىزلار ئەمدى شۇنچە تېتىك، شۇنچە روھلۇق، شۇنچە خۇشخۇي، شۇنچە جەلپكار بولۇپ كېتىشكەندى. ھەر كۈنى تاڭ سەھەردە ئۆسمۈرلەر خۇشال ھالدا مەكتىپكە قاراپ يول ئالسا، ئارقىدىنلا توپ - توپ قىزلار قايسىدۇر كاسىپنىڭ ئائىلىسىگە گىلەم توقۇش، تىككۈچىلىك قىلىش، بورا توقۇش ئۈچۈن ۋىلىقلاپ كۈلۈشكىنىچە مېڭىشاتتى. يەنە نەچچىلىغان ئوغۇللار توپى ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ياغاچچىلىق، رېمونتچىلىق، بىناكارلىق، ساتىراشلىق قاتارلىق ھۈنەرلىرىنى قىلغىلى شۇنچە روھلۇق ئاتلىنىشاتتى.

كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى كەنتتىكى قىرىسال موماي- بوۋايلارنىڭمۇ شۇنچە جانلىنىپ كەتكىنى ئىدى. دېمىسىمۇ ئىلگىرى توپىغا مىلىنىپ ياتىدىغان بو مويسىپىتلارمۇ ئۆز لايىقىدا تىرىكچىلىكنىڭ يولىنى تۇتقان بولۇپ، بالىلىرىنىڭ ئىشلىرىغا ياردەملىشىش بىلەن پايپېتەك ئىدى. تاشكەنت كەنتىدىكى بۇ يېڭىلىقلارغا قاراپ كىشىنىڭ زوقى كەلمەي قالمايتتى. مويسىپىتلار بۇ ئۆزگىرىشلەرنى «زىمىستاننىڭ باھارى بار» دېگەندەك، «كەنتىمىزنىڭ زىمىستانى تۈگەپ، ئەمدى نەۋ باھارى كەلگەن ئوخشايدۇ» دەپ تەرىپلىسە، ياشلار تېخىمۇ مەنىلىك قىلىپ «ئابدۇراخمان قۇربان شۇجى بىزگە زىمىستانى يوق باھارنى چىللاپ بەردى، بىشىمىزغا بەخت قۇشى قوندى» دەپ تەرىپلىشەتتى. دېمىسىمۇ تاشكەنت كەنتىدە ئەڭ قىسقا ۋاقىتتا بارلىققا كېلىۋاتقان بۇ غايەت زور ئۆزگىرىشلەر ئىلگىرى ئۆلارنىڭ ئۇخلىسا چۈشىگىمۇ كىرمەيتتى.

تاشكەنت كەنتىدىكى دېھقانلار ئابدۇراخمان قۇرباننىڭ بىر قوللۇق ئەجرى بىلەن نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش سەپىرىنى باشلىغاندىن كېيىن تەرەققىيات ناھايىتى تېز بولۇپ، ئىككى يىلغا يەتمىگەن قىسقا ۋاقىتتا كەنتنىڭ قىياپىتىدە كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىش بارلىققا كېلىش بىلەن، دېھقانلارنىڭ روھىي ھالىتىدىمۇ ئۆزگىرىش بولدى. ئاۋۋال ئۆلارنىڭ چىرايىدىكى موھتاجلىق، سىرىقلىق يوقىلىشقا يۈزلەندى. ئارقىدىنلا كەنتنىڭ ھەر تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئىشلىرى بەئەينى يامغۇردىن كېيىنكى باھار مايسىلىرىدەك جانلىنىشقا باشلىدى. ھەرتەرەپتە قايىنام - تاشقىنلىق تەرەققىيات مەنزىرىسى ھاسىل بولدى. كوچا - كويلاردا ئىلگىرىكىدەك قىلغىلى ئىش تاپالماي لاغايلاپ يۈرىدىغان بىكار تەلەپ ئادەملەر قالمىدى، بەلكى كوچىلاردىكى، ئېتىزلاردىكى، ئائىلىلەردىكى ھەربىر كىشى نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشنىڭ قايىسدۇر ئەپلىك كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىش ھالەكچىلىكىدە ئالدىراش بولۇپ كەتتى. بۇنداق ئۆزگىچە ھالەت قوشنا كەنتلەردىكى كىشلەرنىمۇ جەلپ قىلماي قالمىدى. ئۇلار يىراقتا — ئىھاتە ئورمان بەلبېغى پاسىل قىلىنغان داللاردا تۇرۇپ قوشنىسى تاشكەنت كەنتىدە بولۇۋاتقان ئاجايىپ

ئىشلارغا دىققەت قىلىشقا، جۇشقۇن سادالارغا قۇلاق سېلىشقا باشلىدى. كېيىن تاشكەنت كەنتىگە بىر- بىرلەپ كېلىپ كۆردىكى، بۇ يەردىكى كىشىلەر ھەقىقەتەنمۇ ئىلگىرىكىگە ئوخشىماي قالغانىدى. ھەممە ئادەم ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ قوماندانلىقىدا نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش سەپىرىگە ئاتلىنىپ كەتكەن بولۇپ، دەسلەپكى ئۈنۈم قولغا كەلگەن، مۇھىمى كەلگۈسى تەرەققىياتقا بولغان ئىشەنچ ھەممە كىشىدە مۇستەھكەم تۇرغۇزۇلغانىدى.

2001 - يىلى 9 - ئايدا تاشكەنت كەنتىنىڭ بۇ نەتىجىلىرى پۈتۈن ئاپتونوم رايونىمىزغا نامايان بولدى. شۇ ئاينىڭ مەلۇم كۈنى ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرى ئاپتونوم رايون بويىچە «نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇشتا تەشكىلىي رەھبەرلىكنى، تۈرنى، مەبلەغنى، مۇلازىمەتنى، پەن- تېخنىكىنى ئائىلىلەرگىچە كىرگۈزۈش» خىزمىتى بويىچە نەق مەيدان يىغىنى ئاچتى. يىغىندا ئاپتونوم رايون مەسئۇللىرى تاشكەنت كەنتىنىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىنى قانات يايدۇرغان قىسقا ۋاقىتتا كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ياراتقانلىقىغا، بولۇپمۇ نامراتلارنى يۆلەشنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ باشقا ۋىلايەت، ئوبلاستلىرىدا قوللىنىشقا بولىدىغان ئىجادىي يولىنى ئاچقانلىقىغا يۇقىرى باھا بەردى. شۇ كۈنى قېرىنداش ۋىلايەتلەردىن كەلگەن رەھبىرىي يولداشلار تاشكەنت كەنتىدىكى بىر قىسىم ئائىلىلەرنى زىيارەت قىلىپ چوڭقۇر تەسىرات ئېلىشتى. 2002 - يىلى ئابدۇراخمان قۇربان خەلق قۇرۇلتىيى خوتەن ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىغا يۆتكەلگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ تاشكەنت كەنتىگە بولغان مېھرىدە، دېھقانلارنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ بېيىتىشقا بولغان ئىرادىسى ۋە ئىشەنچىدە قىلچە ئۆزگىرىش بولمىدى، بەلكى ئۇ تاشكەنت كەنتىنى ئۆزى مەسئۇل بولۇپ كېلىۋاتقان خەلق قۇرۇلتىيى ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ يۆلەش نۇقتىسى قىلىپ ئىلگىرىكىدىنمۇ كۈچلۈك بولغان رەھبەرلىك مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلىدى.

بىز بۈگۈن بۇ يەردە ئىپتىخار بىلەن كەينىمىزگە بۇرۇلۇپ تاشكەنت كەنتىنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسىنى ئەسلىسەك، 2001 - يىلىدىكى دەسلەپكى نەتىجە،2001 - يىلىدىن 2004 - يىلىغىچە بولغان

گۈللىنىش، 2004 ـ يىلىدىن 2010 ـ يىلىغىچە بولغان بۆسۈش خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش قاتارلىق تەرەققىيات باسقۇچلىرىنى بېسىپ ئۆتكەنلىكىنى كۆرەلەيمىز. دەرۋەقە 2010 ـ يىلىغا كەلگەندە تاشكەنتنىڭ تەرەققىياتىدا زور يۈكسىلىش بارلىققا كېلىپ، ئابدۇراخمان قۇربانىڭ 2000 ـ يىللاردىكى تەسەۋۋۇرى بىر ـ بىرلەپ رېئاللىققا ئايلاندى. 2001 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ئاپتونوم رايوننىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە تاشكەنت كەنتىدە نەق مەيدان يىغىنى ئاچتى. ئاخىرىدا «تاشكەنت كەنتىنىڭ تەجرىبىسىنى پۈتۈن شىنجاڭدا كېڭەيتىشكە بولىدۇ» دەپ تەستىق سېلىپ، باشقىلارنى ئۆگىنىشكە چاقىردى. شۇنداق قىلىپ تاشكەنت كەنتى پىنھاندىن بىراقلا رەستىگە چىقتى. ئاپتونوم رايوننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن تەجرىبە ئۆگىنىش ئۈچۈن كېلىدىغان ئۆمەكلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى. ئابدۇراخمان قۇربان تاشكەنت كەنتىنىڭ تەجرىبىسىنى ئاۋۋال توخۇلا يېزىسىنىڭ باشقا كەنتلىرىدە كېڭەيتىشنى ئورۇنلاشتۇرۇپ يەنىلا ئۆزى باشلامچىلىق قىلدى. كېيىن خوتەن ۋىلايىتىنىڭ باشقا ناھىيە ـ شەھەرلىرىدىكى مۇناسىۋەتلىك رەھبىرىي يولداشلارنى تاشكەنت كەنتىگە جەم قىلىپ ھەر بىر ناھىيە بىر كەنتتە تاشكەنت كەنتىنىڭ تەجرىبىسىنى ئۆگىنىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. بۇ ئارقىلىق تاشكەنت كەنتىنىڭ تەجرىبىسى خوتەن ۋىلايىتىنىڭ باشقا جايلىرىدا ئومۇملاشتۇرۇلۇشىنىڭ شەرت ـ شارائىتى ھازىرلاندى.

خوش، ئۆز گېپىمىزگە كەلسەك، تاشكەنت كەنتىدە ئىقتىساد تېز تەرەققىي قىلدى. كەنتنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ساپ كىرىمى 2000 ـ يىلىدىكى 539 يۈەندىن، 2010 ـ يىلى 4160.6 يۈەنگە ئۆسۈپ 6.7 ھەسسە كۆپەيدى. بۇنىڭ ئىچىدە كەنتنىڭ ئالاھىدە تېرىقچىلىق كىرىمى 839.81 يۈەنگە يەتتى. ئاشلىق 36 ھەسسە، ئىقتىسادىي زىرائەت كىرىمى 5.7 ھەسسە، پارنىك كىرىمى 21.9 ھەسسە، باغ ـ ئورمانچىلىق كىرىمى 71.6 ھەسسە، خاس ياغاچىلىق كىرىمى 153.4 ھەسسە، ئۆرۈك كىرىمى 100 ھەسسە، چارۋىچىلىق كىرىمى 5.21 ھەسسە، ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ يۆتكىلىپ ئىشلەش كىرىمى 23.7

ھەسسە، ئۆز جايىدا يۆتكىلىش كىرىمى11 ھەسسە، تىرانسپورت كىرىمى 27.8 ھەسسە، بىناكارلىق كىرىمى 18.6 ھەسسە، سودا ۋە يېمەك - ئىچمەك كىرىمى14 ھەسسە، مۇلازىمەت كىرىمى4.5 ھەسسە، گىلەمچىلىك كىرىمى28.7 ھەسسە، يىپ ئىگىرىش كىرىمى 25 ھەسسە، بورىچىلىق كىرىمى4.8 ھەسسە، تىككۈچىلىك كىرىمى 1.1 ھەسسە، ياغاچچىلىق كىرىمى4.1 ھەسسە، تۆمۈرچىلىك كىرىمى 6.2 ھەسسە، باشقىلار 7.9 ھەسسە، سىرتقا يۆتكىلىش كىرىمى197 ھەسسە، باشقا كىرىم36.7 ھەسسە ئاشتى. كەنت بويىچە نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ قورساق توق،كىيىم پۈتۈن بولۇش مەسىلىسى ئاساسەن ئەمەلگە ئاشتى، شۇنداقلا ئۇ كەلگۈسى تەرەققىياتنى تېزلىتىشكە پۇختا ئاساس سالدى.

ئىجتىمائىي ئىشلار تېز يۈكسەلدى. تاشكەنت كەنتى «ئۈچ ئۆي، بىر مەيدان» نى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەنت مەمۇرىيىتىنىڭ خىزمەت ئورگىنىنى قايتا سالغاندىن باشقا، ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ ئىلگىرىكى تەسەۋۋۇر پىلانىغا ئاساسەن يەنە باللار باغچىسى، باشلانغۇچ مەكتەپ ۋە كەنت ساقلىقنى ساقلاش ئورنىنىمۇ زامانغا لايىق ھالدا بارلىققا كەلتۈردى. بۇنىڭ بىلەن كەنتتىكى ئوقۇش يېشىدىكى ئۆسمۈرلەرنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتىنى 100% كە يەتكۈزدى. كەنت بويىچە ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىنىپ، زور نەتىجە قولغا كەلتۈرۈلدى. قىش كۈنلىرى«يەر - تېخنىكا قىشلىق پائالىيىتى» پىلانلىق ئېلىپ بېرىلىپ، ئىلمىي تېرىقچىلىق، باغۋەنچىلىك، باقمىچىلىق، كۆكتاتچىلىق قاتارلىق كەسىپلەر بويىچە تەربىيەلەش كۇرسلىرى ئېچىلدى. دېھقانلارنىڭ مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى جانلاندۇرۇلدى.

دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى. كەنتنىڭ قىياپىتىنى ئۆزگەرتىش پىلانى ئىچىدە كەنتتىكى كونا، خەتەرلىك ئۆيلەر بىردەك ئۆزگەرتىلىپ، پىششىق خىش قۇرۇلمىلىق ئۆيلەر ئارقا - ئارقىدىن بارلىققا كەلتۈرۈلدى. 315 ئائىلىنىڭ ئۆيلىرى قايتا يېڭىلاپ سېلىنىپ كەنتنىڭ ھۆسنىگە ھۆسن قوشۇلدى. كەنتتە ئىچىملىك سۇنى ياخشىلاش، يېزا ئېلېكتىر تورىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشلىرى دۆلەتنىڭ

سۈپەت ئۆلچىمى بويىچە تەرتىپلىك ئېلىپ بېرىلىپ، مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنلاندى. يۇقىرىقى تەدبىرلەر ئارقىلىق كەنتنىڭ قىياپىتى تۈپتىن ئۆزگەرتىلدى، بۇنىڭغا يارىشا دېھقانلارنىڭ بازار ئىگىلىكىگە ۋە يۇقىرى ئىستېمالغا بولغان ئىنتىلىشى يېتىلدۈرۈلدى. بەش ئائىلىدە چوڭ تىپتىكى يۈك ئاپتوموبىلى، 28 ئائىلىدە كىچىك ماشىنا، 27 ئائىلىدە تىراكتور، 265 ئائىلىدە موتوسىكلىت،335 ئائىلىدە تېلېۋىزور، 185 ئائىلىدە كىر ئالغۇ، 93 ئائىلىدە توڭلاتقۇ، 24 ئائىلىدە مۇقىم تېلېفون، 520 ئائىلىدە يان تېلېفون، 147 ئائىلىدە ئېشەك ھارۋىسى بار بولدى. يەنە 343 ئائىلىگە تۇرۇبا سۈيى، 385 ئائىلىگە توك يەتكۈزۈلدى. بۇ نىسبەتلەرنى 2000- يىلىدىكىگە سېلىشتۇرساق پەرقىنىڭ ناھايىتمۇ چوڭلۇقىنى بىلەلەيمىز. مەسىلەن، 2000 - يىلى بۇ كەنتتە بىرمۇ چوڭ - كىچىك ماشىنا، بىرمۇ توڭلاتقۇ يوق ئىدى. ئاران 10 ئادەمدە موتوسىكلىت، 42 ئائىلىدە رەڭسىز تېلېۋىزور بار بولۇپ، باشقا ئەسلىھەلەرنى تىلغا ئالغىلى بولمايتتى. كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن چارۋا ئاران 2.1 تۇياق ئىدى. يەر تەۋرەشكە چىداملىق ئۆيدىن بەھرىمەن بولغانلار يوق، ئۆيلىرىنى يېڭىلاپ سالغانلار ئاران ئۈچ ئائىلە ئىدى.

كەسىپ قۇرۇلمىسى دادىل ئۆزگەرتىلدى. «بازار نېمىگە ئېھتىياجلىق بولسا شۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، تېرىقچىلىق جەھەتتە بازاردا نېمىنىڭ كىرىمى ياخشى بولسا شۇنى تېرىش» تەدبىرى ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ تاشكەنت كەنتىنى يۈرەكلىك ھالدا «تاپتىن» چىقىرىشىنىڭ يادروسى ئىدى. بەزى كىشىلەرنى ئەندىشىگە سالغان بۇ ئىش تاشكەنت كەنتىدە ئۆزىنىڭ ئىلمىي تەدبىر ئىكەنلىكىنى تېزلا ئىسپاتلىدى. دەرۋەقە تاشكەنت كەنتىدىكى دېھقانلار ئەڭ ئاۋۋال ئەسلىھەلىك يېزا ئىگىلىكىنىڭ پايدىسىنى كۆردى. بۇمۇ ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ ئىلمىي تەسەۋۋۇرى ئىدى. ئۇ تاشكەنت كەنتىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ بېيىتىشنىڭ تۈۋرۈك كەسىپلىرىنىڭ بىرى بولغان ئۆزگىچە باغۋەنچىلىك، ئۆزگىچە باقمىچىلىق، ئۆزگىچە قول ھۈنەرۋەنچىلىكنىڭ ئۈنۈمىنى كۆرۈپ بولغۇچە؛ ئاۋۋال «ئۇسسىغانغا سۇ بەر» دېگەن قائىدە بويىچە، قولغا تېز پۇل كىرىدىغان كۆكتاتچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشنى

ئىلگىرى سۇردى. دېگەنىدەك، تاشكەنتلىك دېھقانلارنىڭ قولى پۇل كۆردى. بۇ پۇل ئۇلارنىڭ مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن ئۇنۇم كۆرۈنىدىغان كەسپلىرىنى بىمالال يۈرۈشلەشتۈرۈشىگە ئەسقاتتى. يەنە بۇ پۇل ئۇلارنىڭ ياڭاق، سورتلۇق ئۆرۈك قاتارلىق مېۋىلىك كۆچەتلىرى مېۋىگە كىرگۈچە بولغان ئېھتىياجىنى قامدىدى. 2010 - يىلى يىل ئاخىرغىچە پارنىكتىن قىلىنغان ئومۇمىي ساپ كىرىم 825 مىڭ 500 يۈەنگە يېتىپ، خاس پارنىكتىنلا كەنت بويىچە كىشى بېشى كىرىمى 307.97 يۈەنگە يەتتى. ئېشىش نىسبىتى 6.39 ھەسسە بولدى. ئۇنىڭدىن باشقا بوغداي ئېكىزىغا سەۋزە، زاغۇن قاتارلىق ئىقتىسادىي زىرائەتلەر تېرىلىپ ئۇنىڭدىنمۇ ھەسسىلەپ كىرىم قىلىندى.

ئۆزگىچە باقمىچىلىق چارۋىچىلىقنىڭ ئۇنۇمى يۇقىرى بولدى. 2000 - يىلىنىڭ بېشىدا تاشكەنت كەنتىدە ئاران 1390 تۇياقلا چارۋا بولۇپ، %75 ئائىلىدە بىرمۇ چارۋا يوق ئىدى. كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن چارۋىچىلىق كىرىمى ئاران 20.38 يۈەن ئىدى. 2001 - يىلى تاشكەنت كەنتىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش پىلانى بويىچە دېھقانلارغا 700 تۇياق خوتەن قويى، 1300 باشقا تۈردىكى چارۋا ئېلىپ بېرىلىپ، كۈچلۈك مەدەت بېرىلدى. ئەمەلىيەتتە بۇ ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ تاشكەنت كەنتىدە داغدۇغىلىق يولغا قويغان«ئۈچنى ئۆزگەرتىش» تەشەببۇسىنىڭ ئىچىدىكى«چارۋا نەسلىنى ياخشىلاش» پىلانىنىڭ داۋامى ئىدى. 2010- يىلى كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن چارۋىچىلىق كىرىمى 457.85 يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلىدىكىگە قارىغاندا 21.5 ھەسسە ئاشتى.

ئۆزگىچە باغۋەنچىلىك - ئورمانچىلىق يۈكسەلدى. ئىلگىرى تاشكەنت كەنتىنىڭ باغۋەنچىلىك كەسپىنى تىلغا ئالغىلىمۇ بولمايتتى. ئەينى يىللىرىدىكى پىلە بېقىش دەۋرىدىلا كەنتتىكى باغلار ۋەيران بولۇپ، ئەتراپ ئاساسەن ئۈجمە بىلەن قورشالغانىدى.2001 - يىلى ئاپتونوم رايون مەسئۇللىرى تاشكەنت كەنتىدە نەق مەيدان يىغىنى ئاچقاندا ئابدۇراخمان قۇربان ئاپتونوم رايوننىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرىگە بىر تۈپ ئۈجمە بىلەن، بىر تۈپ ياڭاقنىڭ ئىقتىسادىي قىممىتىنى

ئىنتايىن تەپسىلىي، ئەمەلىي تونۇشتۇردى. رەھبەرلەر شۇندىلا ئۈجمىنىڭ ئىقتىسادىي كىرىمىنىڭ ئىنتايىن تۆۋەنلىكىنى، ياڭاقنىڭ بولسا ئۇنىڭ ئەكسىچە ئىنتايىن يۇقىرىلىقىنى بىلىپ دەرھال ئۈجمىنى قومۇرۇپ تاشلاپ ئورنىغا ياڭاق كۆچىتى تىكىشنى تەكىتلىدى.

ئابدۇراخمان قۇربان لايىھەلىگەن تەرەققىيات پىلانىغا ئاساسەن تاشكەنت كەنتىگە 23514 تۈپ ياڭاق (كىشى بېشىغا 15 تۈپتىن توغرا كېلىدۇ)، 22783 تۈپ سورتلۇق ئۆرۈك كۆچىتى (كىشى بېشىغا 14 تۈپتىن توغرا كېلىدۇ) تىكىلدى. تاشكەنت كەنتىدىكى ھەربىر كىشىگە 29 تۈپتىن مېۋىلىك دەرەخ توغرا كېلىپ، بۇ مېۋىلىك دەرەخلەر تولۇق مېۋىگە كىردى. بۇ يەردە كەنتتىكى ياڭاق كۆچەتلىرىنىڭ ئۆلنىپ تېز مېۋىگە كىرگەنلىكىنى ئالاھىدە تىلغا ئالماي بولمايدۇ. ياڭاق ئىنسانلارنىڭ ساغلاملىقىغا پايدىلىق تەركىبلىرى ئىنتايىن كۆپ ئالاھىدە مېۋە بولغان بىلەن، بىراق ئۇنى مېۋىگە كىرگۈزۈش ئۇنچە ئاسان ئەمەس. دېمىسىمۇ ياڭاق ئەزەلدىن كۆچىتى تىكىلىپ ئون نەچچە، ھەتتا 20 — 30 يىلدىن كېيىن مېۋىگە كىرىدۇ. كىشىلەر ياڭاقنىڭ مۇشۇ خىل ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن «دادىسى كۆچىتىنى تىكسە، باللىرى مېۋىسىگە ئېغىز تېگىدۇ» دەپ قاراپ كەلگەن. ئەمما، تاشكەنت كەنتىدە ئۆلچەملىك تىكىلگەن ياڭاقلار تۆت يىلدىن، ئاز بولغاندا ئىككى- ئۈچ يىلدىن كېيىنلا مېۋىگە كىردى. ئەمەلىيەتتە بۇ ئابدۇراخمان قۇربان تاشكەنت كەنتىنى ئۆزگەرتىشتە باشتىن - ئاخىر ئىزچىل تايىنىپ كەلگەن پەن - تېخنىكىنىڭ كۈچى ئىدى.

كونكرېتراق ئېيتقاندا، ئابدۇراخمان قۇربان ئالدىنقى باسقۇچلاردا تاشكەنت كەنتىدە پىلانلىق يولغا قويغان دېھقانلارنىڭ كەسپىي ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن «تۈرنى تۇرغۇزۇش»، تۈرگە ئاساسەن «مەبلەغنى ئائىلىلەرگە كىرگۈزۈش»، مەبلەغكە ئاساسەن «مۇلازىمەتنى ئائىلىلەرگە كىرگۈزۈش»، مۇلازىمەتكە ئاساسەن «پەن - تېخنىكىنى ئائىلىلەرگە كىرگۈزۈش» لايىھەسىنىڭ تەركىبىدىكى كىچىككىنە بىر تۈر بولۇپ، ئۇ ئەينى ۋاقىتتا تاشكەنت كەنتىدە يولغا قويغان ئالاھىدە كەسپلەرگە سىرتتىن تېخنىك تەكلىپ قىلغاندا ياڭاق كۆچىتىنى تېز

مىۋىگە كىرىدىغان ئەلا سورتلارغا ئۆلاشنىمۇ نەزەرىدىن ساقىت قىلمىغانىدى. 2001 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئورمانچىلىق ئاكادېمىيەسىدىن تەكلىپ قىلىنىپ، تاشكەنت كەنتىدىكى ياڭاق كۆچەتلىرىنى ئەلا سورتلارغا ئۆلاش ئۈچۈن كەلگەن مۇتەخەسسىس زورەم خانىم دەل شۇ تېخنىك خادىملارنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ تاشكەنت كەنتىدىكى بىر قىسىم ياشلارنى تەشكىللەپ بىرنەچچە ئاي ئىچىدە نەچچە مىڭ تۈپ ياڭاق كۆچىتىنى ئەلا سورتلارغا ئۆلاپ چىقتى. بۇ جەرياندا ئۇ يەنە دېھقانلار ئارىسىدا بىر تۈركۈم تېخنىكلارنى تەربىيەلەپ قاتارغا قوشتى.

2006 ـ يىلىنىڭ ئاخىرغىچە تاشكەنت كەنتىدىكى 80% ياڭاق ۋە ئۆرۈك كۆچەتلىرى ئەلا سورتلارغا ئۆلىنىپ مىۋىگە كىرىپ، ئۆلارنىڭ كۆپ قىسمى بولاق دەۋرىگە قەدەم قويدى. 2010 ـ يىلى كەنتنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن باغۋەنچىلىك ساپ كىرىمى 1044.3 يۈەنگە يېتىپ 2000 ـ يىلدىكىدىن 71.6 ھەسسە ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە خاس ياڭاقتىنلا قىلىنغان كىشى بېشى ساپ كىرىم 985 يۈەنگە يېتىپ، 153.4 ھەسسە ئاشتى. مۆلچەرلىنىشچە تاشكەنت كەنتىنىڭ خاس ياڭاقتىنلا قىلىنغان كىشى بېشى ساپ كىرىمى2011 ـ يىلىغا بارغاندا 1500 يۈەنلىك ئۆتكەلنى بۆسۈپ ئۆتىدىكەن.

ئۈچىنچى كەسىپنىڭ تەرەققىياتى تېز بولدى. 2000 ـ يىلىنىڭ ئالدىدا تاشكەنت كەنتىنىڭ ئۈچىنچى كەسىپتىن قىلغان كىرىمىنى تىلغا ئالغىلى بولمايتتى. قولىدا گۈلدەك ھۈنەر ـ كەسپى بار دېھقانلاردا دەسمايە قىلغىلى نەق پۇل بولمىغاچقا، گۈلدەك ھۈنىرى تاشلىنىپ قالغانىدى. بۇ قېتىم ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ ئۈچىنچى كەسپىنى قوزغىتىش ئۈچۈن مەبلەغنى، تېخنىكىنى، مۇلازىمەتنى بىۋاسىتە ئائىلىلەرگىچە كىرگۈزۈشتىن ئىبارەت ھەل قىلغۇچ تەدبىرى ئارقىلىق گىلەمچىلىك، بورىچىلىق، تىكىمچىلىك، ياغاچچىلىق قاتارلىق قول ھۈنەرۋەنچىلىك كەسىپلىرى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن باشقا يەنە بىر تۈركۈم يېڭى تۈرلەر ئېچىلدى. ھازىرغىچە پۈتۈن كەنتتە ئۈچىنچى كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغان كىشىلەر 347 نەپەرگە يەتتى. بۇنىڭدىن ـ

2006 ـ يىلىلا 40 كىشى قاتناش ـ تىرانسپورت كەسپى بىلەن، 38 كىشى بىناكارلىق كەسپى بىلەن، 82 كىشى سودا، يېمەك ـ ئىچمەك كەسپى بىلەن، 59 كىشى مۇلازىمەت كەسپى بىلەن، 46 كىشى گىلەمچىلىك بىلەن، ئالتەر كىشى تىككۈچىلىك كەسپى بىلەن، 21 كىشى ياغاچچىلىق كەسپى بىلەن، يەتتە كىشى تۆمۈرچىلىك كەسپى بىلەن، 23 كىشى باشقا كەسپلەر بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ. 2006 ـ يىلى بۇ كەنتنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن قوشۇمچە كەسىپ ساپ كىرىمى 634.8 يۈەنگە يېتىپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن 566.7 يۈەن كۆپىيىپ، 8.3 ھەسسە ئاشتى. ئومۇمىي ساپ كىرىمنىڭ 31.5% نى قوشۇمچە كەسىپ كىرىمى ئىگىلىدى. 2010 ـ يىلى بولسا بۇ نىسبەت زور دەرىجىدە ئاشتى.

2000 ـ يىلدىن ھازىرغىچە بولغان جەرياندا تاشكەنت كەنتىنىڭ تەرەققىياتىدا بۆسۈش خاراكتېرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كېلىپ، ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ 2000 ـ يىلىلا ئوتتۇرىغا قويغان تەرەققىيات تەسەۋۋۇرىنىڭ توغرا ھەم ئىلمىيلىكىنى تولۇق ئىسپاتلىدى. ھازىر بۇ كەنت خوتەن ۋىلايىتى بويىچە تۇنجى بولۇپ سانائەتلىشىش قەدىمىنى باستى، ئالدىنقى يىللىرى كەنتتە ئارقا ـ ئارقىدىن قۇرۇلغان ياڭاقنى پاكىزلاپ قاچىلاش، سورتلۇق ئۆرۈكنى سۇيەتلىك قۇرۇتۇپ قاچىلاش قاتارلىق يېنىك تىپتىكى كارخانىلارنىڭ مەيدانغا كېلىشى، شۇنداقلا «روزىنىساخان گىلەمچىلىك كارخانىسى» نىڭ قۇرۇلۇشى كەلگۈسىدىكى يىرىك سانائەتلىشىشنىڭ دەسلەپكى قەدىمىدۇر. تەرەققىياتنىڭ كۈچ ئۇلاپ داۋاملىشىشىغا ئەگىشىپ ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ بۇ كەنتكە بولغان مېھرى بارغانسېرى يالقۇنجىدى. گەرچە ئۇنىڭ يېشى چوڭايغان، چېكە چاچلىرى ئاقارغان، يورغا يىللار چىرايىغا ۋاقىتسىز «نەقىش» چەككەن بولسىمۇ، تاشكەنت كەنتىنىڭ تېخىمۇ گۈزەل كېلەچىكىنى بارلىققا كەلتۈرۈش ئىرادىسى قىلچە بوشاشمىدى، بەلكى كۈندىن ـ كۈنگە ئاۋۇلاندى...... ئۇ خەلققە پايدىلىق ھەرقانداق بىر ئىشقا يۈزلەنگەندە خۇددى كۆيۈمچان ئاتا ئۆز پەرزەنتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەندەك، غىزانى كۆرگەندە گېلى سىقىلغاندەك ئاۋۋال تاشكەنت

كەنتىنى ئويلىدى، ياخشى شارائىتتىن ئاۋۋال تاشكەنت كەنتىدىكى دېھقان قېرىنداشلىرىنى مەنپەئەتلەندۈرۈشنى ئارزۇ قىلدى.

2010 ـ يىلى بۇ كەنتنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ساپ كىرىمى 4160.6 يۈەنگە يەتتى. بۈگۈنكى كۈندە تاشكەنت كەنتى بەئەينى ياڭاقزارلىق باغقا ئايلىنىپ، كەلگۈسى تەرەققىياتىنىڭ ئالتۇن دەرۋازىسىنى ئۆلۈغ ئېچىۋەتتى. خوتەنگە كەلگەن ھەربىر ساياھەتچىنىڭ مۇبارەك قەدەملىرى بۇ گۈزەل باغقا يەتكەن ۋاقتىدا بەلكىم ھەربىر تۈپ گىياھ ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ ئوتلۇق مېھرىنى شىۋىرلاپ بېرىدۇ......

2000 ـ يىلىدىن بۇيان تاشكەنت كەنتى مەركەز ئوتتۇرىغا قويغان «نامراتلىقنى ئاساسىي جەڭ مەيدانى، نامرات ئائىلىلەرنى ئوبيېكت، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، رەھبەرلىك، تۈر، مەبلەغ، تېخنىكا، مۇلازىمەتتىن ئىبارەت بەشنى كەنتكە، ئائىلىلەرگىچە كىرگۈزۈشنى يولغا قويۇش»تىن ئىبارەت نامراتلارغا يار ـ يۆلەك بولۇش خىزمەت فاڭجېنىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاممىغا تولۇق ئىشىنىپ ھەم تايىنىپ ئالەمشۇمۇل نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. بىز بۈگۈنكى كۈندە تاشكەنت كەنتىنىڭ بېسىپ ئۆتكەن 10 يىللىق تارىخىي مۇساپىسىنى ئېچىنىشلىق ھېس قىلىمىزكى، تاشكەنت كەنتىنىڭ تەرەققىياتى ئۆز نۆۋىتىدە خوتەن ۋىلايىتىنىڭ نامراتلارنى يۆلەپ بېيىتىشتىن ئىبارەت شەرەپلىك خىزمىتىنىڭ ھەقىقىي نامايەندىسى ھەم شانلىق ئۆلگىسىدۇر. بىز يازمىمىزنىڭ بۇ قىسمىدا تەنتەنىلىك ھالدا شۇنداق دېيەلەيمىزكى:

تاشكەنت كەنتى خوتەن ۋىلايىتىنىڭ پىلانلىق ئىگىلىكتىن بازار ئىگىلىكىگە ئۆتۈشتىكى سىناق مەيدانى؛

تاشكەنت كەنتىنىڭ تەرەققىيات تەجرىبىسى خوتەن ۋىلايىتىدىكى نامرات دېھقانلارنىڭ پەن ـ تېخنىكىغا ۋە ئۆز كۈچىگە تايىنىپ بېيىشىنىڭ يارقىن ئىسپاتى؛

تاشكەنت كەنتى خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ھويلا ـ ئاران ئىگىلىكىنى يۈكسەلدۈرۈشنىڭ سىناق مەيدانى؛

تاشكەنت كەنتى خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ئەسلىھەلىك يېزا ئىگىلىكىنى يۈكسەلدۈرۈشنىڭ سىناق مەيدانى؛

تاشكەنت كەنتى خوتەن ۋىلايىتىنىڭ كۆلەملەشكەن ئۆزگىچە باغۋەنچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ سىناق مەيدانى؛

ئەڭ مۇھىمى، تاشكەنت كەنتى رەھبەرلىك مۇلازىمىتىنىڭ يارقىن ئۈلگىسى ھەمدە ئابدۇراخمان قۇربانغا ئوخشاش خەلقپەرۋەر چىن ئىنسانلار ئەجرىنىڭ يىمىرىلمەس پاكىتى!

# ئاخىرقى سۆز

ھەش - پەش دېگۈچە 10 يىل ئۆتۈپ كەتتى. ئۆتكەن ئون يىلدا تاشكەنت كەنتى قاسىراق تاشلاپ ئىلگىرىكى بۇرۇقتۇم، نامرات، قالاق ھالىتى بىلەن بىر - بىرلەپ خوشلاشتى. بۈگۈنكى كۈندە بۇ قەدىمىي تۇپراقتا يېپيېڭى، زامانىغا، ماكانىغا لايىق كۆركەم بىر تاشكەنت كەنتى، ياڭاق ۋە سورتلۇق ئۈزۈملەرنىڭ ئارىسىغا يوشۇرۇنغان باغۇبوستانلىق، گۈل - گۈلىستانلىق بىر تاشكەنت كەنتى بارلىققا كەلدى. ئىلگىرىكى توپىلىق يوللارنىڭ ئورنىنى ئاسفالت يوللار ئىگىلىدى، پاكار سوقما تاملىق ئۆيلەر ئورنىغا زامانىغا لايىق خىش قۇرۇلمىلىق چىرايلىق ئۆيلەر قەد كۆتۈردى. مۇھىمى تاشكەنتلىكلەرنىڭ روھىي ھالىتىدىكى ئىلگىرىكى يالقاۋلىق، بوشاڭلىقلار تۈگەپ، جۇشقۇنلۇق جاسارەت ئاتا قىلدى، موھتاجلىق - ئېچىرقاش ئورنىنى تويۇنۇش ئىگىلىدى. ئىلگىرىكى نامراتلىققا خاتىمە بېرىلىپ، دۆلىتىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى ئىستېمال سەۋىيەسىگە تەڭلەشكەندىن پاراۋان تۇرمۇش قۇچاق ئاچتى، كىشىلەرنىڭ چىرايىدىكى خۇنۈكلۈكنىڭ ئورنىنى بەختىيارلىقنىڭ كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان نۇرلىرى ئىگىلىدى. ئىلگىرى نامراتلىق ۋە قالاقلىق تۈپەيلىدىن كىشىلەر كۆزگە ئىلمايدىغان، سورۇنلاردا نامىنى تىلغا ئېلىشقىمۇ رايى بارمايدىغان، تىلغا ئالغان تەقدىردىمۇ ياخشى تەرىپىنى ئەمەس، نامراتلىقىنى سۆكىدىغان تاشكەنت كەنتىگە ئەمدى ھەممە كىشىنىڭ نەزەرى چۈشتى. ئۇ بۈگۈنكى كۈندە بەئەينى رەسىدە بولغان ساھىبجامال قىزدەك ھەممەيلەننىڭ دىققىتىنى تارتماقتا.

مۇشۇ يىللاردا تاشكەنت كەنتىدىكى تەرەققىيات مەنزىرىلىرىنى كۆرۈش ھەم ئۇنىڭدىن ھوزۇر ئېلىش مەقسىتىدە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن، ھەتتا ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن كەلگەن كىشىلەرنىڭ سانىنى مۆلچەرلىگىلى بولمايدۇ. دەرۋەقە ئۆتكەن يىللاردا

خوتەندە ناھايىتى كۆپ ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى. تاشكەنت كەنتى شۇ ئۆزگىرىشلەرنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك ئۈلگىسى بولۇش سۈپىتىدە خوتەندىن ئىبارەت جەلپكار زېمىندا باشقىچە گۈزەل سىياقتا جۇلالاپ تۇرماقتا. ئۆزگىرىشلەر تىلغا ئېلىنىۋاتقان مۇشۇ سائەتتە تاشكەنت كەنتىنىڭ بۈگۈنى ئۈچۈن جاپالىق ئەجىر كۆرسەتكەنلەرنىڭ سەردارى ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ ئۆزگەرمىگەنلىكىنى ئالاھىدە تىلغا ئالماي بولمايدۇ. گەرچە ئۆتكەن ئون يىل مابەينىدە ئۇنىڭ يېشىغا ئون ياش قېتىلىپ يىللار ئۇنى مويسىپىتلار سېپىگە قوشۇشقا ئالدىراۋاتقان، شۇنداقلا ۋەزىپىسى خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە ئالماشقان بولسىمۇ، بىراق ئۇلىكىدىكى بىر نەرسە قىلچە ئۆزگەرمىدى. ئۆزگەرمىگەن ئۇ نەرسە زادى نېمە؟ ئۇ تاشكەنت كەنتىگە، تاشكەنت كەنتىدىكى دېھقان قېرىنداشلارغا بولغان چوڭقۇر مېھىر - مۇھەببەتتىن ئىبارەت! راست، ئەتراپتا قانداق ئۆزگىرىش يۈز بېرىشتىن قەتئىينەزەر ئابدۇراخمان قۇربانىڭ خەلقچىللىققا بولغان سەممىي ساداقىتىدە قىلچە ئۆزگىرىش بولمىدى، بەلكى ئۇ بارغانسېرى تاۋلاندى، بارغانسېرى تاكامۇللاشتى ۋە بارغانسېرى پىشىپ يېتىلدى. گەرچە ھازىر تاشكەنت كەنتىدىكى دېھقانلار نامراتلىقتىن قۇتۇلغان بولسىمۇ، ئۇ ئۇلارنى ھازىرقىدىنمۇ بەختلىك تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرۈش يولىدا توختاۋسىز ئىزدەنمەكتە، يەنىلا تاشكەنت كەنتىدىكى دېھقان قېرىنداشلىرىنىڭ غېمىنى يەپ، ئۆزىنىڭ ئەل ئوغلىغا خاس پەزىلىتى بىلەن جاپاكەش دېھقانلارنىڭ سۆيىدە ئېقىپ، ئوتىدا كۆيۈۋاتىدۇ......

بۇ يەردە تېخىمۇ چۈشىنىشلىك بولسۇن ئۈچۈن بىز تاشكەنت كەنتىدىكى بىرقانچە كىشىنىڭ يۈرەك سۆزىنى ئاڭلايلى.

ئەخمەت تۇرسۇن: بۇ يىل 55 ياشقا كىردىم، تاشكەنت كەنتىنىڭ 3 - مەھەللىسىدە ئولتۇرىمەن، ئائىلەمدە تۆت نوپۇس بار. 2000 - يىلى يىللىق كىشى بېشى كىرىمىم ئاران 660 يۈەن ئىدى. 2010 - يىلى 7225 يۈەنگە يېتىپ 10 ھەسسىدەك كۆپەيدى. بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ ئۆسىدۇ، چۈنكى يېرىمدە يىلدىن - يىلغا كۆپلەپ مېۋىلەيدىغان نەچچە ئون تۈپ ياڭىقىم بار......

قاسىم پاسار: مەن 2- مەھەللىدىن، 2000 - يىلىدىكى كىشى بېشى كىرىمىم ئاران 476 يۈەن ئىدى. 2010 - يىلى 4580 يۈەنگە يېتىپ ئىلگىرىكىدىن 8.6 ھەسسە ئاشتى. تۇرمۇشۇم باياشات ئۆتۈۋاتىدۇ، بۇنىڭدىن كېيىن كىرىمىم يەنىمۇ ئاشىدۇ. چۈنكى، يېرىمىدە يىلدىن - يىلغا مېۋىسى ئوخشايدىغان نەچچە ئون تۈپ ياڭىقىم بار.......

ھاۋاخان: بۇ يىل 45 ياشقا كىردىم، تاشكەنت كەنتىنىڭ 3 - مەھەللىسىدە تۇرىمەن، مەن ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ غەمخورلۇقىغا ئەڭ بۇرۇن ئېرىشكەنلەرنىڭ بىرى. 2000 - يىلى ھال كۈنۈم بەكمۇ تەس ئىدى. كىشى بېشى كىرىمىمنى تىلغا ئالغىلى بولمايتتى. ئاران 258 يۈەن ئىدى. 2010 - يىلى 3880 يۈەنگە يېتىپ ئىلگىرىكىدىن 10.3 ھەسسە كۆپەيدى. بۇنىڭدىن كېيىن كىرىمىم يىلمۇيىل ئاشىدۇ. چۈنكى، يېرىمدە يىلدىن - يىلغا مېۋىسى ئوخشايدىغان نەچچە ئون تۈپ ياڭىقىم بار.......

ياسىن قۇربان: مەن تاشكەنتنىڭ 3 - مەھەللىسىدىن. ئائىلەمدە يەتتە نوپۇس بار، ئىلگىرى دادامدىن كىچىك قالغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئائىلىمىز نامرات بولغاچقا كۆرمىگەن كۈنلىرىم قالمىغان. 2000 - يىلىدىن باشلاپ تۇرمۇشۇمدا ئۆزگىرىش بولۇشقا باشلىدى. ئۇ چاغدا كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن يىللىق كىرىمىم ئاران 720 يۈەن ئىدى. 2010 - يىلى 8562 يۈەنگە يەتتى، ئالدىنقى يىلى خاس باغۋەنچىلىكتىن قىلغان كىرىمىم 5000 يۈەن، دېھقانچىلىقتىن قىلغان كىرىمىم 3000 يۈەن، باقمىچىلىقتىن قىلغان كىرىمىم 2000 يۈەن، ئېلىم - سېتىم تىجارەتتىن قىلغان كىرىمىم 15000 يۈەن، ئۆرۈك قۇرۇتۇش كارخانىسىدىن قىلغان كىرىمىم 30 مىڭ يۈەن، باشقا كىرىمىم 5000 يۈەنگە يەتتى. جەمئىي 60 مىڭ يۈەن كىرىم قىلدىم. بۇنىڭدىن كېيىن كىرىمىم يىلدىن - يىلغا ئاشىدۇ. چۈنكى، يېرىمدە يىلدىن - يىلغا مېۋىسى ئوخشايدىغان نەچچە ئون تۈپ ياڭىقىم بار......

نۇرمۇھەممەت نۇرى: بۇ يىل 38 ياشقا كىردىم، تاشكەنتنىڭ 2- مەھەللىسىدىن. ئائىلەمدە بەش نوپۇس بار. 2000- يىلىنىڭ ئالدىدىكى

تۇرمۇشۇمنى ئۈيلىسام كۆڭلۈم يېرىم بولىدۇ. يىللىق كىشى بېشى كىرىمىم ئاران 480 يۈەن ئىدى. ئولتۇرۇۋاتقان ئۆيۈممۇ كونا ھەم تار ئىدى. ھازىر 150 نەچچە كىۋادرات مېتىرلىق يېڭى ئۆيدە ئولتۇرۇۋاتىمىز، ئۇنىڭدىن باشقا 170 نەچچە كىۋادرات مېتىرلىق ئۆلچەملىك قوتىنىمىز بار، باقمىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىمەن. 2010 - يىلىدىكى كىشى بېشى كىرىمىم 6258 يۈەنگە يەتتى. خاس چارۋىچىلىقتىنلا 22 مىڭ يۈەن كىرىم قىلدىم، دېھقانچىلىقتىن 5000 يۈەن، باغۋەنچىلىكتىن 4000 يۈەن كىرىم قىلدىم، بۇنىڭدىن كېيىنكى كىرىمىم تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. چۈنكى، يېرىمدە يىلدىن - يىلغا مېۋىسى ئوخشايدىغان نەچچە ئون تۈپ ياڭىقىم بار......

توختىباقى ئابدۇرېھىم: مەن تاشكەنتنىڭ 2- مەھەللىسىدە تۇرىمەن. ئائىلەمدە ئالتە نوپۇس بار. ئىلگىرى نامراتلىقنىڭ دەردىنى كۆپ تارتتىم، 2000 - يىلى كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن كىرىمىم ئاران520 يۈەن ئىدى، 2010 - يىلى 5826 يۈەنگە يەتتى.خاس ياڭاقچىلىق كىرىمىم 22 مىڭ يۈەنگە يەتتى. باغۋەنچىلىكتىن 2000 مىڭ يۈەن، دېھقانچىلىقتىن 4000 يۈەن، باقمىچىلىقتىن 3000 يۈەن كىرىم قىلدىم. باشقا كىرىمىم 4000 يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭدىن كېيىن كىرىمىم يىلدىن - يىلغا ئاشىدۇ. چۈنكى، يېرىمدە يىلدىن - يىلغا مېۋىسى ئوخشايدىغان نەچچە ئون تۈپ ياڭىقىم بار......

ئاپپيەتخان: بۇ يىل 56 ياشقا كىردىم، تاشكەنتنىڭ 1- مەھەللىسىدىن، ئائىلەمدە ئالتە نوپۇس بار. ئىلگىرى تاشكەنت كەنتىدىكى ھاللىق ئائىلىلەردىن ھېسابلانساقمۇ تۇرمۇشىمىز غورىگىل ئىدى. 2000 - يىلى يىللىق كىشى بېشى كىرىمىمىز ئاران 1250 يۈەن ئىدى، كىشىلەرنىڭ نەزەرىدە تاشكەنت كەنتىدىكى ئەڭ باي ئائىلە ھېسابلىناتتۇق. 2010 - يىلى كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ساپ كىرىمىمىز 10 مىڭ 996 يۈەنگە يەتتى. خاس باغۋەنچىلىكتىن قىلغان كىرىمىمىز 23 مىڭ يۈەنگە، ماشىنىدىن قىلغان كىرىمىمىز 25 مىڭ يۈەنگە، ئىقتىسادىي كۆچەتتىن قىلغان كىرىمىمىز. 16 مىڭ يۈەنگە، باشقا كىرىم 1800 يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭدىن كېيىن يىللىق كىرىمىمىز

يىلدىن- يىلغا ئاشىدۇ. چۈنكى، يېرىمىزدە يىلدىن - يىلغا مېۋىسى ئوخشايدىغان نەچچە ئون تۈپ ياڭئىقىم بار......

ئىنىقكى، تاشكەنتلىكلەر بۈگۈنكى كۈندە ئۆزگىچە دېھقانچىلىقنىڭ، ئۆزگىچە چارۋىچىلىقنىڭ ۋە ئۆزگىچە باغۋەنچىلىكنىڭ پايدىسىنى ھەقىقىي ھالدا كۆرۈشكە باشلىدى، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ياخاقچىلىقا بولغان ئىشەنچىسى ھەممىدىن ئۈستۈن بولۇۋاتىدۇ.

بىز ئەمدى تاشكەنت كەنتىدىكى يەنە بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ يۈرەك سۆزلىرىنى ئاڭلايمىز......

بارات ساۋۇت مۇنداق دەيدۇ:

— ئابدۇراخمان قۇربان شۇجى كەنتىمىزگە كېلىپ ئىشنى دېھقان- چارۋىچىلارنىڭ ئىدىيەسىدىكى قاتماللىقنى ئۆزگەرتىشتىن باشلىدى. شۇ مەزگىللەردە كەنتىمىزدىكى كىشىلەر يېزا، ھەتتا ناھىيەدىن كەلگەن كادىرلارغا ئىشەنمەيتتى، ئۇلارنىڭ دېگىنىنى ئىجرا قىلمايتتى. ئابدۇراخمان قۇربان شۇجى ئالدى بىلەن كەنتتىكى پارتىيە ۋە ئىتتىپاق ئەزالىرىنىڭ باشلامچىلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇشنى چىڭ تۇتتى. ئەل رايىنى توغرا ئىگىلەپ، خەلقنىڭ دەردىگە يەتتى. بۇنىڭ بىلەن كىشىلەر ئاستا - ئاستا ئۇنىڭ ئەتراپىغا توپلىنىشقا باشلىدى. باغۋارانى ئۆزگەرتىش ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، مېۋىسىز دەرەخلەر كېسىلگەندە بۇ ئىش مېنىڭ ئىدىيەمدىنمۇ ئۆتمىگەن. مانا ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتە- ئۆتمەيلا باغ ئۆزگەرتىشنىڭ پايدىسىنى كۆردۇق.

غاپپار جاپپار ( ئەسلىدە تاشكەنت كەنتىنىڭ سېكرىتارى ئىدى، كېيىن بۈغۈچى كەنتىنىڭ سېكرېتارى بولغان) مۇنداق دەيدۇ:

— ئىلگىرى تاشكەنت كەنتىمىزنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى شارائىتى بەكمۇ ناچار ئىدى. ئابدۇراخمان قۇربان شۇجى كەلگەندىن كېيىن ھەممە ئىشلار بىراقلا ئۆزگەردى. باشقا ئىشلارنى تىلغا ئالمىغاندىمۇ تېرىقچىلىق قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتىشنى، ئۆزگىچە باغۋەنچىلىكنى كۈچەپ تەشەببۇس قىلىپ، تاشكەنت كەنتىنىڭ قالاق ھالىتىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىشتە يېڭى يول تۇتتى. ئۇ باغ ئۆزگەرتىشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، مېۋىسىز دەرەخلەرنى قومۇرۇۋېتىشنى ئورۇنلاشتۇردى، ئاندىن

ياغاچچىلاردىن پايدىلىنىپ سەي- كۆكتات ئۆستۈرۈش ئۇچۇن پارنىك ياساش، ئۆيىنى يېڭىلاپ سېلىش، ئېغىل- قوتانلىرى ئۆلچەملىك ئۆزگەرتىپ چىقىش، مۇزخانا كولاپ سەي- كۆكتات ساقلاش قاتارلىق ئىشلارنى تەشەببۇس قىلغاندا ھەممىمىز شۇنچە خۇش بولدۇق. ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش دېگەن مۇشۇ ئەمەسمۇ!

پېشقەدەم دېھقان باكىر ئىسمايىل مۇنداق دەيدۇ:

— ئابدۇراخمان قۇربان بىزنىڭ كۆيۈمچان يول باشچىمىز، ئەينى ۋاقىتتا ئۇ بىزنى يېتەكلەپ تاشكەنتنى ئۆزگەرتىش، مۇھىمى خەلقنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ پاراۋان تۇرمۇشقا ئىگە قىلىشقا ئاتلانغان چاغدا مەن تاشكەنتنىڭ ئۆزگىرىپ بۈگۈنكىدەك ھالغا يېتىشىگە ئىشەنمىگەنىدىم. مانا، بۈگۈنكى كۈندە ئابدۇراخمان قۇرباننىڭ ئۆز ۋاقتىدا دېگەنلىرى بىر- بىرلەپ ئەمەلگە ئېشىپ تاشكەنت كەنتىلا ئەمەس، بەلكى بىزنىڭ روھىي ھالىتىمىزمۇ ئۆزگەردى. مەن ئۇنىڭ يىراقنى كۆرەرلىكىگە، ئىشنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلىدىغان ئادىتىگە بەكمۇ قايىل.

قاسىم ئاخۇن تولىمۇ ھاياجان ئىچىدە مۇنداق دەيدۇ:

— ئابدۇراخمان قۇربان مۇدىر دەسلەپتە تاشكەنت كەنتىگە كەلگەندە بىزنىڭكىدە يېتىپ - قوپقان. بىز بىلەن ئوخشاش ئۇماچ ھەم سۆيۈقئاش ئىچكەن. ئۇ چاغدا ئۆيىمىز تار ھەم قاراڭغۇ ئىدى. مانا ئەمدى ئۆيىمىزنى زامانغا لايىق يېڭىلاپ سېلىۋالدۇق. مۇنچىمىزمۇ بار، يەنە ئۆي سەرەمجانلىرىمىزمۇ يېڭى ھەم تولۇق بولدى. ئائىلىمىزدىكى بۇ مەمۇرچىلىققا قارىساملا ئابدۇراخمان قۇربان مۇدىرنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرىمەن. ھازىر خاس ياغاچتىنلا بىرنەچچە مىڭ يۈەن كىرىم قىلىمەن. ئۇنىڭدىن باشقا چارۋىلىرىمۇ بۇرۇنقىدىن نەچچە ھەسسە كۆپەيدى.

پېشقەدەم بېيىش ماھىرى ئەخمەت تۇرسۇن مۇنداق دەيدۇ:

— مەن 60 ياشلارغا بېرىپ قالدىم. مۇشۇ يېشىمغىچە نۇرغۇن ئىشلارنى كۆردۇم. كەنتىمىزنىڭ ئۆتكەن ئون يىل ئىچىدىكى ئۆزگىرىشى مەن كۆرگەن ئىشلارنىڭ ئەڭ قالتىسى ھېسابلىنىدۇ. 2000- يىلى

ئەتىيازدا ئابدۇراخمان قۇربان مۇدىر ئائىلىمىزنى بىر - بىرلەپ تەكشۈرۈپ، ئاشلىقىمىزنىڭ يېتىدىغان - يەتمەيدىغانلىقىنى ئىگىلىگەن چاغدا: «بىرنەچچە يىلدىن كېيىن كىيىنىش، تويۇنۇش مەسىلىڭلار تولۇق ھەل بولغاندىن باشقا يەنە پاراۋان تۇرمۇشقا ئېرىشىسىلەر» دېگەنىدى. دېگەندەك، بۈگۈنكى كۈندە نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ راستتىنلا پاراۋان تۇرمۇشقا ئېرىشتۇق، مۇشۇ جەرياندا ئابدۇراخمان قۇربان مۇدىر كۆپ جاپا چەكتى، بولۇپمۇ باغلارنى ئۆزگەرتىش باشلانغاندا بىر قىسىم ئامما يىراقنى كۆرەلمەي كەنت كادىرلىرى بىلەن تاقاشتى. مۇشۇ چاغدا ئابدۇراخمان قۇربان مۇدىر ئاممىغا پايدا- زىياننى زېرىكمەي - ئېرىنمەي چۈشەندۇردى. ئۇنىڭ تەشەببۇسى بىلەن يەرلىرىمىزگە ياڭاق كۆچىتى تىكتۇق، دېگەندەك بىرنەچچە يىل ئۆتمەيلا قولىمىزغا پۇل كىردى. بىز ئۇنىڭ ئەجرىنى ھەرگىزمۇ ئۇنتۇپ قالمايمىز...... كەنتىمىزدىكى بىر قىسىم كىشىلەر تۇرمۇشى ياخشىلىنىپ ئۆيلىرىنى يېڭىلاپ قايتا سالغاندا ئىلگىرىكى كۈنلىرىنى ئۇنتۇپ قالماسلىق ئۈچۈن كونا ئۆيلەردىن بىرەر ئېغىزنى چېقىۋەتمەي قالدۇرۇپ قويۇشتى......

ھاۋاخان مۇنداق دەيدۇ:

— ئەينى ۋاقىتتا ئابدۇراخمان قۇربان مۇدىر ماڭا ئۈچ تۇياق قوي ئېلىپ بەرگەنىدى. قويلارنى كۆپەيتىپ، ئەركەك قوزىلىرىنى بورداپ سېتىپ خەج - خىراجىتىمنى قامدىدىم. ئۆلچەملىك قوتان سېلىپ قوشۇمچە باقمىچىلىق بىلەن شۇغۇللاندىم. ھازىر باغلىق ۋە كۆكتات يەرلىرىمىزدىكى كۆچەتلەر بولۇققا كىردى. يىلدىن - يىلغا كىرىمىمىز ئېشىپ بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ھاللىق ئائىلىلەردىن بولۇپ قالدۇق. ئۆيىمىزنى يېڭىلاپ سالغان بولساقمۇ ئەينى ۋاقىتتا ئولتۇرغان كونا ئۆينى ئىلگىرىكى كۈنىمىزنى ئۇنتۇپ قالماسلىق ئۈچۈن ساقلاپ قويدۇق.

بۇ يىل 70 ياشلارغا بېرىپ قالغان مەتكېرىم مەتسىدىق مۇنداق دەيدۇ:

— ئۆتكەن كۈنلەرنى خىيال قىلسام بەكمۇ ھاياجانلىنىمەن. ئون نەچچە يىل ئىلگىرى ھال كۈنىمىز بەكمۇ ناچار ئىدى. قاچان ئابدۇراخمان قۇرباننىڭ قەدىمى كەنتىمىزگە يەتتى، شۇنىڭدىن بۇيان

تۇرمۇشىمىز كۈندىن - كۈنگە ياخشىلىنىشقا باشلىدى. ئالدىنقى يىللاردا ئۆيىمىزنى زامانغا لايىق يېڭىلاپ سېلىۋالدۇق. ھازىر مەن ھاللىق باقمىچى ئائىلىلەردىن بولۇپ قالدىم. قوتاندا يىگىرمە نەچچە قوي، ئۈچ كالا، بىر ئېشەك بار. سەي - كۆكتات پارنىكىدىن يىلىغا ئون نەچچە مىڭ يۈەن كىرىم قىلىمەن. ئۈنىڭدىن باشقا ئېتىزلىرىمىزنىڭ ئەتراپىدىكى ياڭاق بىلەن سورتلۇق ئۆرۈكلەردىن كىرىدىغان نەچچە مىڭ يۈەن كىرىمىمىزمۇ يىلدىن - يىلغا ئېشىپ بېرىۋاتىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا نامرات بولغاچقا قىز ياتلىق قىلىش، ئوغۇل ئۆيلەش ئىشلىرىدا بەكمۇ موھتاجلىق تارتاتتۇق. ھازىر ئوغۇللىرىمنىڭ ھەممىسىنى ئۆي - ئوچاقلىق قىلىپ بولدۇم. ئۇلار ياغاچچىلىق، قۇرۇلۇش - بىناكارلىق، كۆكتاتچىلىق، گىلەمچىلىك قاتارلىق كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ.

تەرەققىيات ھەممىنى ئۆزگەرتىدۇ، بۇ تارىخىي قانۇنىيەت. مانا تاشكەنت كەنتى قەدەممۇقەدەم نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ كەنتنىڭ قىياپىتىدە زور تەرەققىياتلار بارلىققا كەلگەندىن كېيىن، ئاۋۋال كىشىلەرنىڭ روھىي ھالىتىدە تۈپتىن ئۆزگىرىش بولدى. تاشكەنتلىكلەر ئەمدى ئىلگىرىكىدەك تاشكەنتلىك بولغانلىقىدىن نومۇس قىلمايدىغان، بەلكى پەخىرلىنىپ، مەيدە كېرىپ ماڭىدىغان بولدى. بۇ ھال دۇنيانىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن، ئادەم نامرات بولسا دىلى سۇنۇق، بېشى تۆۋەن بولىدۇ، ھەرقانداق ئىشى ئوڭدىن كەلمەيدۇ، كاج قىسمەت ئەگىپلا يۈرىدۇ. بېيىغاندا قەددى رۇسلىنىپ، روھىي كەيپىياتى ئۈستۈن بولىدۇ. مانا بۇ ئوبيېكتىپ قانۇنىيەت بۈگۈنكى كۈندە تاشكەنتلىكلەرنىڭ تۇرمۇشىدا ئىسپاتلىنىپ ھەممىنى جەلپ قىلدى.

ئارىدىن ئون نەچچە يىل ئۆتۈپ كەتتى. تاشكەنت ئەينى ۋاقىتتا ئابدۇراخمان قۇربان ئېيتقاندەك زور تەرەققىيات مەنزىرىسىنى كۆتۈۋالدى. مانا ھازىر تاشكەنتلىكلەر دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ باشقىلارغا ئوخشاش ئۆز بەختىنى نامايان قىلماقتا. ئارىدا نۇرغۇن كىشىلەر ئالەمدىن ئۆتتى، نۇرغۇن باللار تۇغۇلدى. يېڭىدىن دۇنياغا كەلگەنلەر بىز ئىشتىراك قىلغان يۇقىرىقى ھېكايىلەرنى چوقۇم ياقتۇرىدۇ، بەلكىم ئۇلارمۇ كەلگۈسىدە بالىلىرىغا سۆزلەپ بېرىدۇ. ئۇلار چوقۇم ئابدۇراخمان

قۇربانىنىڭ ھازىرمۇ ئالدىنقى سەپتە ئەل بەختى ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالايدۇ. توغرا، دەۋر ئۆزگەرگەن، ھەتتا بەدەنلەر، چىرايلار ئۆزگەرگەن بىلەن ھەقىقىي تۆھپىكارلارنىڭ روھى مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدۇ.

كېرىيە ناھىيەسىنىڭ تاغلىق رايونىدىكى ئاتچان يېزىسىدا ئۆز ۋاقتىدا ئابدۇراخمان قۇربان كېرىيە دەرياسىنىڭ قەھرىنى يوقىتىپ، مېھرىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن قوشلاش دېگەن جايدا سۇ ئامبار ياساپ دەريا سۈيىنى تىزگىنلەش تەسەۋۋۇرىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. بىراق، ئەينى ۋاقىتتا بۇ زور قۇرۇلۇشنىڭ شەرت - شارائىتى پىشىپ يېتىلمىگەچكە ئىشلەنمىگەنىدى. ھازىرقى «بەخت ئاتا سۇ ئىنشائات تۈگۈن قۇرۇلۇشى» ئەنە شۇ تەسەۋۋۇرنىڭ ئورنىنى ئالدى. ئەسلىدە بۇ قۇرۇلۇشنىڭ ئالدىنقى تۇت باسقۇچلۇق تەييارلىق خىزمىتىنى ئىشلەشكە پىلان بويىچە بەش يىل ۋاقىت كېتەتتى. ھازىر پەقەت ئۈچ يىلدىلا سۈپەتلىك ئورۇنلىنىپ بولدى. 2009 - يىلى پىلاندىكى تۆت چوڭ ئىش، يەنى ئىش ئورنىنىڭ توك، سۇ، ئۆي، يول قاتارلىق مۇھىم ئەسلىھەلىرى پۈتۈپ ئاساسىي قۇرۇلۇش باشلاندى. ئابدۇراخمان قۇربان بۇ قېتىم نەق مەيدانغا بېرىپ «جىمى ئەلنىڭ كۆزى تىكىلىۋاتقان» بۇ زور قۇرۇلۇشنى دۆلەتنىڭ سۈپەت ۋە تېخنىكا تەلپى بويىچە غەلىبىلىك تاماملاشقا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن تۆۋەندىكىدەك «ئالتىگە كېپىللىك قىلىش» تەدبىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى: (1) سۈپەتكە كېپىللىك قىلىش؛ (2) سۈرئەتكە كېپىللىك قىلىش؛ (3) بىخەتەرلىككە كېپىللىك قىلىش؛ (4) توختامنىڭ قانۇنلۇق بولۇشىغا كېپىللىك قىلىش؛ (5) قۇرۇلۇش قىلىشتا پاك - دىيانەتلىك بىلەن ئىشلەشكە كېپىللىك قىلىش؛ (6) قۇرۇلۇشنىڭ ئىناق، خاتىرجەم تاماملىنىشىغا كېپىللىك قىلىش. ئېنىقكى بۇ ئالتە تەدبىر قۇرۇلۇشنىڭ غەلىبىلىك تاماملىنىشىغا تۈرتكە بولىدۇ.

بۇ قېتىم ئابدۇراخمان قۇربان بۇ قۇرۇلۇشنىڭ كېيىنكى باسقۇچلۇق مەبلىغىنى غەملەش ئۈچۈن سۇ ئىشلىرى مىنىستىرلىقى مىنىستىرىنىڭ ئائىلىسىگىچە بېرىپ ئۇنى تەسىرلەندۈرۈپ مەبلەغنى ھەل قىلىپ

كەلدى. بۇنىڭ بىلەن قۇرۇلۇشنىڭ كېيىنكى باسقۇچلۇق ئىشلىرى ئۆز قەرەلىدە باشلىنىپ كەتتى. «بەخت ئاتا سۇ ئىنشائات تۈگۈن قۇرۇلۇشى» پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلسە يېڭىدىن 200 مىڭ مو تېرىلغۇ يەر كۆپىيىدۇ. كىشلەرنىڭ ئەتىياز پەسلىدىكى سۇ قىيىنچىلىقى ھەل بولىدۇ. سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىلىرى قۇرۇلۇپ توك ئېنېرگىيە كۆپەيتىلىدۇ. قىسقىسى، «بەخت ئاتا سۇ ئىنشائات تۈگۈن قۇرۇلۇشى» خەلققە بەخت كەلتۈرىدۇ، شۇنداقلا ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ نامىمۇ بۇ زور قۇرۇلۇشقا كۆرسەتكەن ئەجرى بىلەن خەلقنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ يادلىنىدۇ. تۇلپار چېپىشتىن توختىمىدى. تۆھپىكارنىڭ قەدەم ئىزلىرى داۋاملىق ئالغا قاراپ تاشلانماقتا. ئۇ بۇنىڭدىن كېيىن قايسى مەنزىللەرگە يېتىپ بارمىسۇن ھازىرغىچە قىلغان ياخشى ئىشلىرى ئۇنى ئەلگە مۆھتەرەم قىلىدۇ. بىز بۇ يەردە ئۇنىڭغا ئاق يول، تېخىمۇ زور غەيرەت - شجائەت، ئامانلىق ھەم خاتىرجەملىك تىلەيمىز.

خوش، تاشكەنت ھەققىدىكى ھېكايە ئاخىرلىشاي دەپ قالدى. ئابدۇراخمان قۇربان بىر قوللۇق ئەجرى بىلەن بۇ قەدىمىي يۇرتنىڭ شانلىق تارىخىنى قايتا يېزىپ چىقتى. بۈگۈنكى كۈندە تاشكەنت كەنتىنىڭ تەرەققىياتى ئەنە شۇنداق كىشلەرنىڭ روھىنى كۆتۈرۈش بىلەن بىللە، مەدەنىيەت سەۋىيەسىنىمۇ ئەتراپتىكىلەردىن كۆرۈنەرلىك ئۆستۈردى. تۆۋەندىكى شېئىر ئەنە شۇلارنىڭ ئىسپاتىدۇر. بىز ئەمدى بۇ يازمىمىزنى توخۇلا يېزىسىدىكى دېھقان شائىر تۇرسۇنجان ناسىرنىڭ مۇنۇ شېئىرى بىلەن تاماملايمىز.

## تاشكەنتنىڭ يېڭى قىياپەت

قەسىدە ئوقۇغۇلۇق چاۋاك چېلىپ،
ھەركىمنىڭ ماختىغۇدەك ئىشى بولسا.
تەرىپىنى قىلغۇلۇق كۈيگە قېتىپ،
يۇرتنىڭ تۆھپىكارى ــ بېشى بولسا.

تۆھپىنىڭ ۋەزنى ئېغىر، شەرىپى كۆپ،
شۇڭا ئۇ لايىق مىڭنىڭ بىرىگىلا.
تۆھپىكار سانالمايدۇ سۆزلەپ قويۇپ،
باشلىسا سۇنى بىر ئۆز يېرىگىلا......

غەلبىگە ئېرىشىدۇ جەڭدە قوشۇن،
ئۇرۇشقا ماھىر بولسا سەركەردىسى.
خەلقنىڭ بولغۇسىدۇر كۆڭلى پۈتۈن،
تەدبىرلىك بولسا ئەگەر يۇرتنىڭ بېشى.

ئەزەلدىن ئىدى تاشكەنت نامرات ماكان،
يىل - يىللاپ چېقىش يولى تاپالمىغان.
باشقا يوق گەر ئۈستىگە تاپسا چاپان،
ماغدۇر كەم ئورنىدىن دەس تۇرالمىغان......

يەر تېرىپ مىڭ تەسلىكتە قورساق باققان،
ئۆستۈرگەن باغلىرىدا جىگدە، تېرەك.
سەي - كۆكتات، مېۋىلەرنى پۇلغا ئالغان،
ئۈندۈرمەي بىر تۈپ چامغۇر، ھەتتا پىلەك.

شۈمشەيگەن ئۈچىسىنى ياپالماستىن،
ئەقىلنىڭ كۆزلىرىنى تۇپا باسقان.
بېيىشنىڭ يوللىرىنى تاپالماستىن،
بەختتىن يىراقلاشقان، يول ئاداشقان......

شۇڭلاشقا دېھقان نامرات، كەنت ھەم نامرات،
نامراتلىق ۋۇجۇدلاردا قېتىپ قالغان.
بېيىشنىڭ مەنزىلىگە سالسىمۇ ئات،
بولغاچقا ئورۇق يولدا يېتىپ قالغان.

بىركۈنى كەلدى بىرسى ۋىلايەتتىن،
تاشكەنتكە دېھقانلارنى يوقلىغىلى.
يوقسۇزلۇق چەككە يەتكەچ، خىجىل بولماي:
«ئاش!» دېدى دېھقان قورساق توقلىغىلى.

ئازابتىن كېسىلدىمۇ رەھبەر دېمى،
سېزىلدى توڭلىغاندەك يازدا يۈزى.
ئورنىشىپ ۋۇجۇدىغا دېھقان غېمى،
«ئاھ دېھقان! ھەي، نامراتلىق» بولدى سۆزى.

كۈن ـ تۈنلەپ ئىزدىنىشلەر بەردى ئۈنۈم،
بېيىشنىڭ لايىھەسى پۈتتى ئاخىر.
«پىلانلىق ئىگىلىك» كە باشلاپ ھۇجۇم......
قىلدى بىر نۇرلۇق يولنى بىزگە زاھىر.

تاشكەنتنىڭ پىراقىدا كۆيدى رەھبەر،
يۈركى يالقۇنلىنىپ، گۈلخان بولۇپ،
پارلىدى كەنت كۆلىدە يېڭى ئەختەر،
چاقنىتىپ كۆزنى نۇرلۇق چولپان بولۇپ.

ئىشلەندى پىلانلىنىپ ھەممە ئىشلار،
باغباران ئۆزگەرتىلدى سورت تاللىنىپ.
ياز كەبى ئۆتەر ئەمدى بۇندا قىشلار،
پارنىكتا كۆكتات تېرىپ يۈرت جانلىنىپ.

ياسالدى رەت ـ رەت پارنىك ئېتىز بويلاپ،
تاشكەنتتە يېڭى ھايات قۇچاق ئاچتى.
ھارمىدى رەھبەر يېڭى ئامال ئويلاپ،
تەدبىرى يۇرتقا خۇشبۇي ئىپار چاچتى.

كۆكتاتنىڭ بازىرى تېز، كىرىمى كۆپ،
جانلاندى يەنە بۇندا گىلەمچىلىك.
دېھقانلار كۆچتى يېڭى ئۆيلەر پۈتۈپ،
يانچۇقنى تولدى كار - ئىشلەمچىلىك.

جانلاندى يەسلى - مەكتەپ، كۆڭۈل ئېچىش،
قۇرۇلدى كەنتىمىزدە كۇتۇپخانا.
تۈگىدى ئەمدى يۇرتنى تاشلاپ قېچىش،
ئۆي - ئۆيدە تېلېۋىزور - كىنوخانا.

تاشكەنت كەنت كىردى يېڭى قىياپەتكە،
قەددىنى رۇسلاپ بۈگۈن يېڭى بايدەك.
چىللىدى باياشاتلىق زىياپەتكە،
كەلگۈسى كۈتەر يەنە يېڭى ئامەت.

تاشكەنتلىك بېيىغاچقا كۈلدى رەھبەر،
قوشۇلدى كۈلكە دېھقان كۈلكىسىگە.
تەسەۋۋۇر مېۋە بېرىپ قۇچقاچ زەپەر،
كەنتىمىز ئايلاندى يۇرت ئۈلگىسىگە......

تاشكەنتلىك ۋۇجۇدىدا يېڭى ھالەت،
يۇرتىغا مېھرى ئاتەش گويا گۈلخان.
تىللاردىن قەسىدە ھەم ئاقار ھۆرمەت،
ئەڭ ئاقىل سەركەردىمىز ئابدۇراخمان!

قەسىدە ئوقۇلماقتا قەلبلەردىن،
تۆكۈلەر كۆز - كۆزلەردىن شادلىق يېشى.

نه ئارمان ئابدۇراخمان قۇربان كەبى
ياشىسا بۇ دۇنيادا ھەربىر كىشى!......

راست، ئەلگە قىلغان خىزمەتنىڭ مۇقەددەسلىگى ھەققىدە مەرھۇم شائىر جاپپار ئەمەتمۇ مۇنداق يازغان:

ئۆلچەنمەس قەدرى- قىممەت مەنسەپ بىلەن،
ئۆلچىنەر ئەلگە قىلغان خىزمەت بىلەن.
بولمىسا ۋەتەن ئۇچۇن تۆھپەڭ سىنىڭ،
سىنى كىم تىلغا ئالار ھورمەت بىلەن.

شائىرلارنىڭ يۇقىرىقى شېئىرىي دۇردانىلىرىدىن شۇنى چوڭقۇر ھېس قىلىشقا بولىدۇكى، چىن ئىنسان ھاياتىنىڭ ئاخىرىدا خەلق تەرىپىدىن ھەقىقىي چىن باھاغا ئېرىشىدۇ. گەرچە ئۇ قانداق يوسۇندا ياشىسۇن، ھايات قالغانلار ئۇنىڭ ئەمىلىنى ھامان توغرا باھالاپ چىقىدۇ. بىزنىڭچە ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ ئۆتۈپ كەتكەن ئون نەچچە يىلدا تاشكەنت كەنتىدىكى دېھقانلار ئۇچۇن قىلغان ئەجىرلىرى كەلگۈسىدە تارىخنىڭ ئالتۇن بەتلىرىگە ئۆچمەيدىغان سىيادا پۈتۈلىدۇ، بەلكى ئۇ ئەسىرلەر قوينىدا تاشكەنت خەلقى بىلەن تەڭ ئەۋلادلارنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ يادلىنىدۇ.

本书以主人公阿布都热合曼·库尔班在建设社会主义新农村过程中的模范事迹为缩影，反映出自治区“扶贫样板村”之一的墨玉县塔什干村改革开放前落后的面貌和改革开放30年来所取得的辉煌成就。

**图书在版编目（CIP）数据**

人民的好儿子 ：维吾尔文 / 吾布里卡斯木·麦提尼牙孜，克尤木·斯马依著. -- 喀什 ：喀什维吾尔文出版社，2012.10

ISBN 978 — 7 — 5373 — 2023 — 8

I. ①人… II. ①吾… ②克… III. ①阿布都热合曼·库尔班一先进事迹一维吾尔语（中国少数民族语）IV. ①K828.1

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2012)第 241877 号

责任编辑： 图尔迪·库尔班·亚米古尔
责任校对： 坎拜尔古丽·吾斯曼


# 人民的好儿子

（报告文学）

作著： 吾布里卡斯木·麦提尼牙孜
克优木·斯马依

喀什维吾尔文出版社出版发行
（喀什市塔吾古孜路 14 号 邮编：844000）
各 地 新 华 书 店 经 销
喀什维吾尔文出版社印刷厂印刷
880×1230 毫米 1/32 开本 13 印张 8 插页
2012 年 10 月第 1 版 2012 年 10 月第 1 次印刷
印数： 1 — 3500 定价：35.00 元

如有质量问题，请与我社联系调换 电话：0998－ 2653927



مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: **غەيرەت خالىق**

ISBN 978-7-5373-2023-8

9 787537 320238 >

（民文）定价：35.00 元